- بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى ( http://www.bostan.cn/Default.asp )
-- ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە تارىخى ( http://www.bostan.cn/ShowForum.asp?forumid=6 )
--- قانغا بويالغان سايرام ( http://www.bostan.cn/ShowPost.asp?id=7418 )

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 13-12-2006 16:18:54

[size=6] [size=4][color=Blue] قانغا بويالغان سايرام [/size]

[center]ئاپتورلرى : مۇھەممەتئلى ھېلم ، روزى مراپ ياسن [/center]
[center] مۇقەددىمە قسمى [/center]
بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا يوروۇق بىر تاڭ ئۈچۈن قان تۆكۈپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىغانلارمۇ بولغان . تارىخ بۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. ئانا زىمىنىنىڭ ھەر سقىم تۇپرىقىدا ئۇلارنىڭ سىماسىنى ۋە يارقىن ئىزلىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى ئەسىرلەر قوينىدا مەڭگۈ تاشلاردەك ئەبەدىي يالتىراپ تۇرىدۇ.
شۇنداق ، زىمىستان قىشتا مۇزلىغان دەريا ئاستىدا بىر ئېقىن ھامان يوروۇق بىر تاڭنى كۈيلەپ تۇرىدۇ. خىسلەتلىك باھارنى چىللاپ تۇرىدۇ. قەدىمىي ئىزلارنىڭ جانلىق شاھىدى بولغان بۇ ئانا زېمىن ئۆزى پەيلەپ ئۆستۈرگەن ، ئۆزى ئۈچۈن قان تۆككەن باھادىر ئوغلانلىرىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ ، ئۇلار ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ .
تارىخ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ قۇربانى بولغانلارنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە مەڭگۈل يالتىراپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مېھرىبان ئاتا - ئانىلىرىدىن ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن ، شېرىن سۆزلۈك يارىدىن ... ئايرىلىپ ۋەتەن ، ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلغۇچىلار ئەمەسمۇ ؟!.... بۇلارنى ئۇنتۇشنى تارىخ خائىنلىق دەپ بىلىدۇ. نى ، نى مەرد ئەزىمەتلىرىمىز ، شىر يۈرەك ئوغلانلىرىمىز قەبرىسىز كەتكەن بولسىمۇ ، تارىخ ئۇلارغا ئالتۇندىن يوپۇق يېپىپ ، ئۆز قەلىب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويلىماي ، خەلق ئازادلىقى ، يوروۇق تاڭ ، يېڭى ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا ، دۈشمەنلەرنىڭ پوتەي ، ئاكوپلىرىغا ئاتقانلار ئىدى.
بۇلارنىڭ زەپەر ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان قەدىردان ئاتا - ئانىلىرى ، باللىرى ، سۆيۈملۈك يارى بار ئىدى. ئۇلار بۇلارنىڭ يوللىرىغا زارىقىش ئىلكىدە قاراپ كۆزلىرى تېشىلگىدەك بولاتتى. ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.
ئۇ نېمىدېگەن ۋەسۋەسلىك قارا كۈنلەر ، تاڭ ئاتماس تۈنلەر ئىدى- ھە . ئاھ ، باھارغا چاڭقىغان يۈرەكلەر !
تاڭ تېخى ئاتمايۋاتاتتى. زىمىستان قىش ئۆز كۈچىنى كۆرستىپ ، زېمىننى مۇزلاتقانىدى . مۇز قاتقان بىر دەريا ئاستىدا شىلدىرلاپ ئاققان سۇلار مۆڭلۈق بىر كۈيدە باھارنى چىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈيىدىن زېمىندىكى ھەممە قايغۇ ، ئازابلار تېمىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېڭقىلغان يۈرىكى ئاخىر ناخشىسىنى ئۆزگەرتتى. ... مۇزلار غاراسلاپ يېرىلدى. ئانا دەريا شىددەت بىلەن مۇزلارنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ قاچتى . لەرزان شامال يۈزلەرنى سىپاپ ئۆتۈپ ، باھاردىن شەپە بەردى. لېكىن باھار كەلمەيۋاتاتتى. باھار ئۈچۈن قان - قان بولغان يۈرەكلەر تەشنالىقتا قاغجىرايتتى.
قاراڭغۇلۇق بارا - بارا تارىيىپ ، سۇبھى ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. لېكىن قۇياش چىقمايۋاتاتتى. سۇبھىگە تەلمۈرگەن كۆزلەرنىڭ قۇياشنىڭ چىقىشىغا ئۈمىدى بار ئىدى. شۇ ئۈمىد ئۇلارغا قايتا جان ئاتا قىلىپ ، سولغان ، روھسىز ۋۇجۇدىنى يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن ياشارتماقتا ئىدى.
زېمىن سىلكىندى ! قارا بۇلۇتلار باسقان ئاسماننىڭ بىر تەرىپى سۈزۈلۈشكە باشلىدى.
مۇزلىغان تەنلەر ، مۇزلىغان زېمىن ، چېڭقىلغان تاغلار، ئېغىر ھەسرەتلەردە ئېغىر ئاققان دەريا ئەمدى ئۆزگىچە سەل كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تونۇۋاتاتتى.
باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ھەممە يەرلەردە توپا توزۇتۇپ ئۆتۈۋاتاتتى.
چاقماق دەھشەتلىك چېقىلىپ ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. زېمىن لەرزىگە كەلدى. مۆگدىگەن كۆزلەر چۆچۈپ ئويغىنىشتى. زېمىن مۆگدەك باسقان كۆزىنى ئۈۋۈلىماقتا ئىدى. [/color][/center][/size]

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك ، دەردىڭ تولا ،
داۋالغۇيسەن ، ساھىللاردىن تاشالمايسەن .
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار ،
ئۆمىتۈلسەن ، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن .

مەمتېلى (تەۋپىق ) ئەپەندى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2006-12-13 16:29:17 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2006-12-13 16:32:57 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2007-5-9 9:37:38 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2007-5-14 19:01:23 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: karakqi
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 16:34:26

پاھ، پاھ، قالتىس يېزىلىپتىكەن جۇمۇ بۇ ئەسەر، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ.

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 17:00:28

بەكمۇ ئوتلۇق سوزلەر ئىكەن بۇ! ئەسەر مۇقەددىمىسىنىڭ بۇ قەدەر سويۇملۇك ئىبارىلەر بىلەن باشلانغانلىقىغا قارىغاندا ئەسەر خېلىلا كوپ تارىخى ۋەقەلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك!

ئاپتورنىڭ سوزلىرى يۇرەكنى لەرزىگە كەلتۇرىدۇ! تەشەككۇر!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 17:23:30

[size=4][color=Blue]بىرىنجى باب ئىگىرىغان تۇپراق
[center][size=5]1 [/size][/center]
1943 - يىلى ، قىش . تەڭرىتاغ ئۇستىگە ئاق لىباستىن كىمخاپ كيگەن بولۇپ ، ئۇ ئېغىر غەم - قايغۇلارغا ئەسىر بولغاندەك قىلاتتى. تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۇزۇك سۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام - تارام ياشلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ نېمىگىدۇر ھەسرەتلىنىپ، ئىچ- ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. ئاچچىق - ئاچچىق ئىگرايتتى. شۇنداق ! ئۇ تالاي - تالاي كەچمىشلەرنىڭ جانلىق شاھىدى. ئۇ ئۆز قويىندا ياشاپ كەلگەن مۆمىن ، ئاق كۆڭۈل خەلقىنىڭ رەزىللەرنىڭ قارا قوللىرىدا دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ، ئۆز باغرىنىڭ تىلغانغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئېغىر ئۇھ تارتاتتى ، ئەلەملىك ئۆكۈنەتتى.
ئۇ ئېغىر ھەسرەتتىن پارتلاي دەۋاتاتتى. ئۇ بۇ ھەسرەتلەرگە ، زېمىندىكىلەرنىڭ ئاھ - پەريادلىرىغا ، قانلىق ياشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھەممىنى بىلەتتى..... ئۇ زېمىندىكىلەرگە ھەممە تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن . ئۇلارنى ئۆزىنى تونۇشقا ئۈندىگەن .
ئۇنىڭ ئېتىكىدە بىپايان سوزلۇپ ياتقان ، خورلانغان زېمىن تەڭرىتاغ ئاتىغا يىغلامسىراپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يىگانە ھېس قىلاتتى. رەزىللەرنىڭ شۇم نىيەت بىلەن ئۆز باغرىغا رەھىمسىزلەرچە دەسسەشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. داللاردىكى قوي ، كالا ، ئاتلارمۇ ، يېشىل ئوتلاقلارمۇ ، بۈك- باراقسان توقايلىقلارمۇ مۇڭلۇق سۈكۈتلەردە مۇزلاپ ، تىترەپ ياتاتتى.
بۇ زېمىندىكى كىشلەر تەئەججۇپ ئىلكىدە ياقلىرىنى چىشلىدى، گاڭگىراشتى. << زامان بۇزۇلۇپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟>> دېيىشىپ ، ئۆز ئارىسىغا قاچانلاردا قارا تىكەندەك ئۈنگەن گومىنداڭ جاللاتلىرىغا ھاڭۋېقىپ قارىشاتتى. يەنە ، ئامالسىزلارچە لېۋىنى چىشلەپ ، ئۈن - تىنسىز ئۆز ئىشلىرىغا مىڭىشاتتى. ئۇلار بۇ گومىنداڭچىلارنى بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا ، ئۇلارغا مىلتىق تەڭلىنەتتى. ئۇستىدە سىم قامچا ، كالتەك ئوينايتتى. << خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكرى ، پىشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ . قانداق قىلىمىز ئەمدى، قولىمىزدا يا..... >> بەزىلەر شۇنداق دېيىشىپ ئېغىر خۇرسىنىشاتتى. ئاللادىن مەدەت تىلەپ ، ھەر نامىزىدا ئاللاغا ئاھ- پەريادلىرىنى تۆكەتتى. يەنە بەزىلەر ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللارغا بېرىلەتتى. زۇلۇم ئۇلارنى قارشىلىق قىلىشقا بارغانچە قىستاۋاتاتتى.
[size=5][center]2[/center] [/size]
داۋۇت پالۋان تال باراڭنىڭ ئاستىدا ياغاچچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تۇردىئاخۇن ، ناسىراخۇن ، قارا قاۋان ، ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇرلارنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۆزىدىن بىر نەچچە ياشلا كىچىك بولسىمۇ، گاھىدا ئاكا - ئۇكىلاردەك ، گاھىدا يېقىن ئاغىنىلاردەك ئۆتىشىدىغان ياسىنجان ، قاسىم ، مۇھەممەت ، قۇربانلارمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولمايتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى بۇلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان ، كۆڭلىدە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ باقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

خەلقنىڭ ئاھ- پەرياد بىلەن ئۆتكۈزۋاتقان جاپالىق كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئۇ ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تېپىرلايتتى. ئۆزىگە بىر نىجاتلىق يۈلتۈزىنىڭ يول باشلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا دوستلىرى بىلەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سىردىشىپمۇ كېتەتتى. ئۆز ئارا دەردلىرىنى قانغىچە تۆكىشەتتى. كىينچە ئۇ ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى ، تەۋرىنىپ بىرەر ئىش قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، تۇرسىمۇ ، ياتسىمۇ ئارام بەرمەيتتى. شۇغىنىسى ئۇنىڭغا ئىشنى نەدىن باشلاش تەس كېلىۋاتاتتى.
سىرتتىن ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىرگەن ئوتتۇرا بوي ، ئىنچىكە بۇرۇت ، قارا كۆز ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن قۇربان داۋۇت پالۋاننىڭ ئالدىغا باردى - دە ، دېمى سىقىلغىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي تۇرۇپ قالدى.
- نېمە بولدۇڭ ؟ بىرەر چوڭ ۋەقە بولدىمۇ نېمە ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە .
- ئۇرايىم پالۋاننى .... بۈگۈنكى ھۆكۈمەت تەرەپ .... ئۆتكۈزگەن ... چېلىشتا ... ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ... بىر ئادىمى يىقتىۋەتتى...
-تىلىڭنى چاينىماي ، ئوغۇل بالىدەك گاچ- گاچ سۆزلىمەمسەن ؟ نېمە ئۇ چوڭ بىر بالا - قازا بولغاندەك ... ئوغۇل بالا دېگەن بالا ئىشتىمۇ ھودۇقمايدىغان .
- ھۆكۈمەت تەرەپ بۈگۈن چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن ، ئۇلارنىڭ بىر ئادىمى ئۇرايىم پالۋاننى يىقتىۋەتتى. ئۇرايىم پالۋان يىغلىغۇدەك بولۇپ ، يەنە چېلىشىمەن ، دېسە ئۇلار : بىر چېلىشقاندىكىن بولدى، دەپ ئۇنىمىدى . ئۇلار چىدىماسلىق قىلدى... - ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەيلا ، چايخانىدىكى كۈپ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، نوگايدا سۇ ئېلىپ ، گۈپپىلدىتىپ ئىچىپ ، << ئۇھ >> دېدى .
داۋۇت پالۋاننىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ ، قولىدىكى رەندىنى قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ توغرىسىغا يوغىنىغان گەۋدىسى ، بىلەكلىرىدىكى بۈلجۈڭ گۆشلىرى چىڭقالدى. ئۇ گەۋدىسىنى كېرىپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان ، مەزمۇت بەستى يېنىك تەۋرەندى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى چېلىشىش مۇسابىقىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن ئىشنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.
- ئۇرايىمنى يىقتقان بولسا، ئۇ خېلى يامان نېمە ئوخشايدۇ.
- ئۆزى يوغان ، ئۆكۈزدەك نېمىكەن ، << نوچاڭ بولسا قېنى چىقمامسەن ؟>> دەپ ھەيۋە قىلىپلا قالدى.
- يۇر شۇ ئۆكۈزدەك نېمىنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى ،- داۋۇت پالۋان مېڭىشقا تەمشەلدى ، - قانداقراق نېمىكەن ئۇ ؟
- شۇنداق قارىسا ئادەم يەيدىغاندەك كۆرىنىدۇ. ئەلپازى بۇزۇق .
- دادا، مەنمۇ بايىمەن ...- دېدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئوغلى .
- مەنمۇ بايىمەن ... - دېدى قىزى باھارگۈل .
- ئۇ يەرگە كىچىك بالىلار بارسا بولمايدۇ . مەن سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن - ھە . سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار .
- نەگە بارىسىز ؟ - سورىدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئايالى نۇرخان ئۆيدىن چىقىپ قۇربانغا سالام بەرگەندىن كىيىن .
- بازارغا بېرىپ كېلەي ، ئازىراق ئىش چىقىپ قالدى. ماۋۇ بالىلارنىڭ ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەت . ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن - ئۇ شۇنداق دەپ كۆڭلىكىنى قولىدا سىقىمدىغىنىچە قۇربان بىلەن چىقىپ كەتتى. نۇرخان ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە گەپ قىلماي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

داۋامى بار ..

ئادالەت تۈگىگەن جايدا كىشلىك ھاياتنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھېچنىمە بولمايدۇ . - ئى.كانت [size][/color/]

[ بۇ يوللانما sahraogli تەرىپىدىن 2006-12-13 17:31:24 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-14 10:48:48 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: paruh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 19:43:40

تازا ياخشى ئىش قىلىپسىز رەخمەت سىزگە!مەن بۇنى قانداق يوللاشنى بىلمىگەندىن كىيىن،مەن يولليالمىغان!رەخمەت!

---

يوللىغۇچى: koktugh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 20:21:15

داۋامىغا تەشنا مەن تىزراق يوللارسىز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 10:08:09

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار كۆپ رەھمەت ! مۇشۇنداق قىزغىنلىقىڭلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم . شۇنداقلا داۋامىنى تەپسىلىي ھالدا ھەر كۈنى سۇنۇپ تۇرىمەن .
بەزىدە خىزمەت ئالدىراشچىلىقتا يېزىپ تەھرىرلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن . دوستلار يېقىندىن ياردەمدە بولغاي !!!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 10:40:14

[color=Blue] [size=6]داۋامى [/size] [/color]
[color=Blue][size=4]مەيدىسىگە ئۆرۈپ يۇرت كېزىپ يۈرگەن خېلى - خېلى نوچىلارمۇ داۋۇت پالۋان بىلەن كۈچ سىنىشىپ كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قول بەرگەنىدى ، داۋۇت پالۋان ئۆزىمۇ يۇرت كېزىپ داڭدار چېلىشچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ چېلىشىپ ، ھېچقايسىسىغا يېڭىنى يەرگە تەگكۈزمىگەنىدى . شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى يۇرت- يۇرتلارغا تارقىلىپ
<< پالۋان >> دەپ ئاتالدى. كېيىنچە ئۇنى يۇرت ئاتالاپ ئىزدەپ كېلىدىغان نوچىلارنىڭ قەدىمىمۇ بىر ئاز تىنجىپ قالدى.
بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئالتايدىن يوغان ، بەستلىك بىرى داۋۇت پالۋاننى ئىزدەپ كەلدى .
- سىنىڭ نامىڭنى ، - دېدى ئۇ داۋۇت پالۋان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ،- قەشقەر ، ئىلى ، ئاتۇش ، ئاقسۇلاردا يۈرۈپ ئاڭلاپ كېلىشىم ، قېنى بىر تۇتۇشۇپ باقمامدۇق ؟
- سەن بىزگە مېھمان ، چاي ئىچىپ بولۇپ قالغان پاراڭلارنى قىلىشمامدۇق ...
- چاي ئىچىشكەندىن كېيىن دوستلىشىپ قالىدىغان گەپ ، - دېدى ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ ، - ھازىرلا تۇتىشايلى .
- بىز ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ نېمە پايدا ئالىمىز ، بۇنداق قازانغان شۆھرەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش نام چىقىرىشنى ئويلاپ ، ئىزدىمىگەن نوچىلار قالمىغان ، ئاخىردا مەن نېمىگە ئېرىشتىم . نېمە ئىشلار ھەل بولۇپ كەتتى ؟
ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار : << داۋۇت پالۋانغا نېمە بولغاندۇ ياكى ئۇ ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتامدۇ - يا ... >> دېيىشىپ ھەيران بولغىنىچە پىچىرلاشتى .
- مەندىن قورقۇۋاتامسەن ؟ - دېدى ھېلىقى ئادەم ھېجىيىپ قويۇپ .
- ئۇنداق دېمە ، سەن يۇرت ئاتلاپ كەپسەن ، سەن بىزگە مېھمان ، ئەڭ ياخشىسى چېلىشمايلى .
- قورقۇپسەن - دە .
- بىرلا ئاللادىن قورقىمەن .
- ئۇنداق بولسا چېلىشىپ كۆرمەمدۇق ! - دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي .
- ياق، چېلىشمايمەن ، سەن مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس .
- ياغلىق ئارتىۋالساڭ بولغۇدەك ، سېنىڭ نەرىڭ پالۋان ، قۇيرۇقىڭنى ئىچىڭگە تىقىپلا تۇرىسەن ، - ئۇ قەستەن داۋۇت پالۋاننىڭ زىتىغا تېگىپ ، ئۇنى چېلىشىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.
توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى .
- داۋۇت پالۋانغا نېمە بولغاندۇ ؟ ئەجەپ ئېغىر - بېسىق بولۇپ قاپتۇ .
- قورقۇۋاتامدۇ - يا ...
- ياق ، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ . ئۇ بۇ كۈنلەردە چېلىش مەيدانلىرىغىمۇ بارماس بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدا بىر گەپ بار.
- بەلكىم .
- بوپتۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ ، - تەلپىڭ يەردە قالمىسۇن ، ئاخىر بىز باشقىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان بولدۇق .
- ئويۇن قويىمىز دەپ چېلىشمىساق ، نېمە قىلىمىز خۇدا بەرگەن بۇ كۈچ - قۇۋۋەتنى .
- شۇ كۈچنى دەل جايىغا ئىشلىتەلىسەك نېمە ئارمان ئىدى ؟
- ئىشلىتىمىز ، مەيدانغا چۈشكەندە بىلىسەن .
داۋۇت پالۋان بۇ نادان نوچىغا گەپ يىگۈزەلمەي ، جىلى بولۇپ ، دەرغەزەپكە كەلدى.
سورۇن تۈزۈلدى. كىشىلەر چەمبەر شەكلىدە دائىرە پەيدا قىلىپ قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ھېلىقى كىشى داۋۇت پالۋاننى تۇتۇپ تارتىپ باقتى . يانپاشقا ئالماقچى بولۇپ ، پۇتلىرىغا تېپىپ ، سىلكىپمۇ باقتى . لېكىن ، داۋۇت پالۋاننى قىمىرلىتالمىدى . ئۇ بەدىنىگە كۈچ يىغىپ ، جىم تۇراتتى.
- ھۈنىرىڭ تۈگىدىمۇ ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان قاپىقىنى تۈرۈپ .
- ھېلى كۆرىسەن ، - دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ .
- مانا ئەمدى كۆر ! - داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ قولىنى چاققانلىق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن قامالاپ تۇتتى- دە ، يۆگەپ - يۆگەپ << يا ھەزرىتى ئەلى >> دەپلا ئۇنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ، ئاچچىق غەزەپ بىلەن نېرىغا تاشلىۋەتتى. ھېلىقى كىشى بوش


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

خرقراپ هوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرۈپ داۋۇت پالۋاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى- دە ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى قولىغا ئالدى .
- تۇداخۇن سۇ ئەكەل ، - دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ .
ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ ، ئاران هوشىغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارىدى - دە ، قاتتىق خىجىل بولغان هالدا :
- سەن قالتىس پالۋانكەنسەن ، خەق دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن ، بۇگۈن كۆردۈم ، سەندەك پالۋاننى مەن كۆرمىگەن ، بولمىسا نى، نى پالۋانلارنى كۆرگەن ... - دېدى كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاننىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ .
- ئۇنداق دېمە ، هازىر بىزنىڭ ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ كۈچ سىنىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس ... - ئۇ ئۆز مۇددىئايىنى ئېنىق دېيەلمىدى .
- بىز دوست بولۇپ قالايلى ، - دېدى هېلىقى كىشى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ .
- بولىدۇ ئەكەل قولۇڭنى ، - ئۇلار قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .
داۋۇت پالۋان ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئويىنتىپ يولغا سېلىپ قويىدى . ئۇ شۇ كۈنلەردە چېلىش مەيدانلىرىغا بارماس بولغانىدى . بارسا چېلىشۋاتقانلارنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى بارا _ بارا ئۆزگىرىپ ، خىيالچان ، كەم سۆز بولۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە هەممە كىشلەر ئۆزلىرىنى ئالداپ ، ئامالسىز هالدا ياشاۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. يۈرىكى نېمىدىندۇر ئېزىلىپ ، دېمىقىپ هەسرەت چېكەتتى. خەلقنىڭ نالە - پەريادلىق تۇرمۇشى ، بىغەم چېلىشىپ يۈرگەن << پالۋان >> لار ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجايتتى. [/size] [/color]

[size=4][color=Blue]داۋامى بار ...... [/color][/size]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-14 10:45:53 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 11:01:23

ئۇلۇغ خۇدانىڭ بىزگە ئەمدى نازاكەت خانىمنى بېرىشى بىلەن خېلىدىن بېرى داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان << قانغا بويالغان سايرام>> ناملىق تارىخنىمۇ ئوقۇپ چىقامدىم نىمە؟؟ مۇشۇ رومانىنى ئوقۇپ بولغۇچە تارەت ئېلىپ نازاكەت خانىمنىڭ تېنچ ئامانلىقىغا دۇئا قىلغاچ تۇراي... يا ئاغرىپ قېلىپ، يا هېرىپ قېلىپ يا قولى تېلىپ قېلىپ رومانىنى يېرىمىدا توختىتىپ قويىسا قانداق قىلغۇلۇق هە؟ دوستلار هەممىمىز بەس - بەستە نازاكەت خانىمغا رەهمەت ئېيتايلى جۇما! كۈلۈبىمىزدىن سويگۇ خانىم، مۇلايىم خانىم، نازاكەت خانىملار بىرلىشىدىغان بولسا قارىغاندا هەر قايسىمىزدەك هورۇنلار ئوقۇشقىمۇ چىدىمايۋاتقان نادىر ئەسەرلەرنى كۈلۈبىمىزغا توكۇپ بولىدىغان ئوخشايدۇ! خەير... كۈلۈبىمىزنىڭ يېڭى باش بېكىتى ئېلان قىلىنسا مۇشۇنداق نۇقتىلىق ئېلان قىلىنغان پۈتۈن- پۈتۈن ئەسەرلەرنى توپلام قىلىپ ئايرىم، يوللىغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىشقا تەۋسىيە قىلساق بولغىدەك!

ئەسەرنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ بولدۇم. دىمەك پەممىچە ئەسەر ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلانغاندەك قىلىدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورۇشكە تەقەززامىز!

---

يولىغۇچى: tarim123
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 11:29:52

داۋاملىق ئاخىرغا تەشنامىز [em11]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 18:56:07

كۆپتىن- كۆپ رەهمەت توورداشلار ! كۆسەن ئەپەندى دۇئايىڭىغا كۆپ رەهمەت ، سىلەر ئوقۇشنى ياقتۇرساڭلار خۇدايىم تېنىمنى سالامەت قىلسىلا چوقۇم ئاخىرىغىچە توختىماي يوللايمەن .
هەممىڭلارنىڭ قوللىغىنىڭلارغا رەهمەت !!!!

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 18:59:47

ئەلۋەتتە ياقتۇرىمىز دوستۇم! يۇرتتا بولساقمىغۇ، ئەسەرنىڭ ئوزىنىلا سېتىۋېلىپ ئوقۇۋساق... بىراق بىزدەك يۇرتتىن ئايرىلغانلار، ھەم سىرتتىكىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئەمگىكىڭىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دوستۇم! ھارماڭ! داۋامىغا تەقەززامىز!

---

يوللىغۇچى: koktugh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 21:06:32

نازاكەت خانىم قارىغاندا مىنى مەھلىيا قىلىۋالغان داۋۇت پالۋان ھەققىدىكى بۇ يىرىك ئەسىرىڭىز قۇرۇپ كىتىۋاتقان ئەركەكلىگىمىز ،باتۇرلىغىمىز...نى ئويغۇتۇشتا ،ئەسلىگە كەلتۇرۇشتە تۇلىمۇ زۇرۇرۇ بولغان روھى زەم زەم ئىكەن دەپ قارىدىم سالامەت بولغايسىز مەن بۇ ئەمگىگىڭىزنىڭ بالدۇرراق مۇۋە بىرىشىنى ..چىن دىلىمدىن ئۈمۈت قىلىمەن

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:34:49

[color=Blue][size=4] بۇگۈن قۇربانىنىڭ << ھۆكۈمەت تەرەپ ئادىمى...>> دىگەن سۆزى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ ، چېلىش مەيدانىغا ئالدىراتقانىدى .
_ ئۇرايىم ھازىر نەدە ؟- دېدى داۋۇت پالۋان يولدا كېتىۋېتىپ .
_ ۋاڭ لوخەنىنىڭ شوپاڭخانىسىدا ھاراق ئىچىپ ، دەردىنى بوشىتىۋاتىدۇ.
_ شۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىمۇ ؟ ئاچچىققا چىدىماپتۇ - دە .
_ چىدىمىغۇدەك ئىش بولدى.
چېلىشىش دائىم دەريا بويى تەرەپتە بولاتتى. بۇگۈن شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ئالدىدا ئالامان قايناۋاتاتتى. دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ، شاۋقۇن- سۈرەنلىرى يىراق- يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. دەرەخ شېخىغا ئولتۇرۋالغان بايخان بىردە ناخشا ئېيتىپ ، بىردە ھەر خىل قۇشلارنى دوراپ زوق- شوخ بىلەن سايراپ كېتەتتى.
ئۇلار يېتىپ بارغاندا ، كىشلەر تېخى تارقاشمىغانىدى . توپىلىق مەيدان ئوتتۇرسىدا زەنجىرلەنگەن سېمىز ، قارا بىرى توپىلارنى قاماللاپ ئۆزىگە چېچىپ ، ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازدا كىشلەرگە ھەيۋە كۆرستىۋاتاتتى. ئۇ گويا غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى .
_ داۋۇت پالۋان كەلدى ! - دېدى توپ ئىچىدە تۇرغان سېرىق يۈزنى چېچەك باسقان ، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن ھاپىز قارى ئۈنۈملۈك ۋارقىراپ .
كىشلەرنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدكە تولۇپ ، چىرايلىرىدا شادلىق نۇرلىرى ئوينىدى. ئۇلار داۋۇت پالۋانغا قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى.
_ داۋۇت پالۋان كەلدى ! - دەپ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىدى ئۇدۇل ئىككى ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇرغان ، يوغان كۆزلۈك ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئاسىم دوختۇر .
_ ئەمدى بۇ مۇتتەھەم ئەدىپىنى يەيدىغان بولدى . ھۆركىرىگىنى بىر يەرلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ- دە ، ۋاھ ... ھە ناسىراخۇن ،- دېدى ئۈستىخانلىق كەلگەن ، قاڭشارلىق ، يۈز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان تۇردىئاخۇن .
_ ھەي تۇداخۇن ، - دېدى ئېگىز بوي ، قارامتۇل كەلگەن ناسىراخۇن ،- داۋۇت مۇشۇ كۈنلەردە چېلىشىش مەيدانلىرىغا كەلمەيتتى . بۈگۈن ئەجەپ كەپتا ...
_ ئاۋۇ ھۆكۈمەت ئادىمى بولغاچقا كەلگەن گەپ - تە .
_ توغرا ، توغرا ، شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمىگىنىنى .
_ ئېغىزىمىزغا ئاگاھ بولايلى ، ئەتراپتا قۇلاق كۆپ ، - دېدى ئاق سېرىق يۈزنى سەپكۈن باسقان ، ئېگىز بوي ياسىنجان ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ .
كىشلەرنىڭ روھى بۆلەكچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . مەسچىتنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا ئولتۇرغان بورتالا گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن داۋۇت پالۋاننى كۆرۈپ، تاتىرىپ كېتىشتى . ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئەمدى يەرگە ئۇرۇلدىغانلىقنى پەملەپ بولغانىدى. چۈنكى ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوي - خىياللىرىنى بىلەتتى . ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىپ قوياتتى. ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ چېلىش مەيدانلىرىغا بارمايدىغان بولغانلىقنى زاكىر قۇلاقتىن ئاڭلىغاندىن كيىن ، بۇ يۇرتتىكى پالۋانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ، ئۆزلىرىگە بېقىندى قىلىش ئۈچۈن ، ئىزدەپ سۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ ، پالۋان ئاتالغان ، گومىنداڭغا سادىق بىرىنى تېپىپ كېلىشكەنىدى . بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن << چېلىشىش پائالىيتى >> ئۆتكۈزۈپ خەلققە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلىغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ، ھەيۋە كۆرستىپ قويۇشنىمۇ مەقسەت قىلغانىدى .
ئەمدى قاراڭ ، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ قارىداپ ، رەڭگىنىڭ ئۆچكىلى تۇرغىنىنى ؟
كىشلەر ئىككى تەرەپكە داجىشىپ يول بېرىشتى . داۋۇت پالۋان مەيدانىغا مەيدىسىنى كېرىپ كىرىشكە لەنشىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولدى .
_ سىنىڭ چېلىششىڭغا رۇخسەت يوق . چىقىپ كەت ! - دېدى ئۇ ئۇيغۇرچە ۋارقىراپ سۆزلەپ .
_ نېرى تۇر ، چاتىقىڭ بولمىسۇن ! - دېدى داۋۇت پالۋان چەكچىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي ، ئورۇق لەنشىڭغا غەزەپ بىلەن گۆلىيىپ .
_ چىقىپ كەت ! - دېيىشتى بىر قانچە ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ .
_ بۇلار نېمانداق قىلىپ يۈرىدۇ. ھېلى ئۇلار چېلىشىدىغانلار بارمۇ دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتىغۇ ؟ ئاناڭنى ! - دېدى قاسىم كۆكۆش كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ . ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى.
_ ئۇلار چېلىششقا چۈشسۇن ! - دەپ بوم ئاۋازدا قوپال ۋارقىرىدى دوغىلاق كەلگەن ، يۈزلىرى قىپقىزىل ، قاپىقى تۈرۈلۈپلا تۇرىدىغان قارا قاۋان .
كۆپچىلىك تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىرىغىلى تۇردى. مەيداننىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇشقا باشلىدى.
_ ۋەن سىلىڭ ، قانداق قىلىمىز ؟ - دېدى بېشى يوغان پۈتى تەرىپى ئىنچىكە كەلگەن ساقچى باشلىقى ۋۇ ئەنسىز ھالدا ئۇيان - بۇيان قاراپ .
_ چېلىشمىسۇن ، داۋۇت بەك يامان نېمە ، - دېدى يولۋاسبەگ قىرقىم ساقاللىرىنى تۇتاملاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ پارقىراق كۆزلىرىدىن خۇشامەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.
_ ئۇلار چېلىشمىسۇن سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى ياغاق يۈز ، ئورا كۆز ، كەكە ساقال ھېكىمباي .
_ بۇ قانداق پەيدا بوپ قالدى ؟ - دېدى ۋەن گوتەي ياپما قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە تىترەپ تۇرۇپ .
_ قارا ، بۇ خەقنى ! - دېدى شالاڭ ساقال ، ئوزۇنتۇرا كەلگەن موللا شائىيۇ ۋەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرۇپ ، - سىلى بېشىنى سىلاۋاتسىلا يەنە داۋۇتنى ئالقىشلاپ كېتىپ بارغىنىنى ، نېمدېگەن يۈزسىزلىك بۇ ...
ۋەن گوتەينىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ تاتىرىپ، بۇ خەلىققە ئىچ- ئىچىدىن ئۆچلىكى كېلىپ كەتتى.
_ شائىيۇم توغرا دېدى ، بۇ بەكمۇ غەرەز ئۇقمايدىغان ھايۋاندەكلا خەق.
_ شۇنداق ، شۇنداق ، - دېيىشتى يولۋاسبەگە بىلەن ھېكىمباي .
_ ۋەن سىلىڭ ، - دېدى باياتىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان ياڭ ھاكىم ، - بىز ئۇلارنى چېلىشتۇرايلى ، بولمىسا خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ، كېيىن ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.
ۋەن گوتەي ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەندەك قارىدى. ئۇ ياڭ ھاكىمنىڭ خەلقنىڭ تەرىپىنى ئالغان سۆزلىرىگە بەكمۇ ئۆچ ئىدى . << خەپ سېنى بىر كۈنى باپلايمەن . شۇ چاغدا ئاشۇ ئېغزىڭمۇ تۇۋاقلىنار ...>> دەپ ئويلىدى ۋەن گوتەي . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ دېگىنىدەك يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ نېمە قىلىشنى ئۇقماي ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى.
_ ۋەن سىلىڭ ، ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەيلى ، - دېدى ياڭ ھاكىم ، - ئۇلارنى چېلىشتۇرمىساق خەلق بىزنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ...
_ بوپتۇ ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن ! - دېدى ۋەن گوتەي ئاچچىق تىنىپ ، - جاكارچى ئېلان قىل !
_ نېمە دەيمەن ؟
_ ئاناڭنى ! چېلىش باشلانسۇن دېمەمسەن دۆت ئېشەك .
_ ھازىر چېلىش باشلانسۇن ، پالۋانلار مەيدانغا چۈشسۇن !
كىشلەر توپى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. لەنشىڭ چىشىرىنى غۇچىرلىتىپ داۋۇت پالۋانغا ئالىيىپ قويدى - دە ، مەيدان سىرتىغا ماڭدى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر بالىنى سىلكىشتۇرۇپ ئىتتىرىۋەتتى.
_ نېرى تۇر ، ساراڭ !
_ ئۆزى ساراڭ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ بۇ ساراڭ ، - دېدى بالىنىڭ ئانىسى بۇۋىخەلچەم .
_ تولا سۆزلىمە قانجۇق !
_ قانجۇق دېگەن سەندەك بولىدۇ. ئۆزەڭگە قاراپ باقە ، نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن ، - دېدى بۇۋىخەلچەم ئۇنىڭغا سەسكىنىش بىلەن قاراپ .
لەنشىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ، تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، << خەپ >> دېدى - دە توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.
_ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بۇ نېمىنىڭ قارا ئەمدى نوچىلىقىنى ، دادىسى ياخشى ئادەم ئىدى ، بۇ دادىسىنى دورىماي قالغان ئوخشايدۇ، - دېدى ئاق ساقاللىق بىر كىشى .
_ ئالدىرىماڭ ئاكا ، بۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ .
_ ئادەم خورلۇق ھېس قىلىدىكەن ئۇكام .
_ خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلار بىر كۈنى بۇلارنى يۇتىدۇ، - دېدى ھاپىز قارى.
_ روناق تاپالمىغان ، ئۆزىنى تونۇمىغان قەۋمىگە بەخت ئاتا قىلمايدۇ ، - دېدى ناسىراخۇن بوغۇنۇقۇپ تۇرۇپ .
_ گەپكە پەخەس بولايلى قۇلاق كەلدى ... ھە ، چېلىش باشلاندى . ئەمدى ئويۇننىڭ قىزىقى چىقىدىغان بولدى... - دېدى قۇربان ئاشپەز ئۇستاملارنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ .
ھەممىسى شۈك بولۇپ ، چېلىش مەيدانىغا جىددى قاراشتى . زەنجىردىن يېشىنگەن ھېلىقى پالۋان داۋۇت پالۋانغا ھۆركىرەپ كېلىپ ئېتىلدى - دە ، ئۇنىڭ بېلىدىن قارماقلاپ ، ئۇيان - بۇيان تولغاپ مىدىرلىتالمىدى. داۋۇت پالۋان قىلغۇلۇقىنى قىلىپ باق ، كۆرەي قېنى ، دېگەندەك بەدىنىگە كۈچنى يىغىپ جىم تۇراتتى. ھېلىقى پالۋان داۋۇت پالۋاننى چاققانلىق بىلەن يانپاشقا ئالماقچى بولدى - يۇ ، يەنە ئالالمىدى . داۋۇت پالۋان شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتىۋالدى - دە ، بەلۋاغنى يۆگەپ - يۆگەپ تارتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ قىزىرىپ كەتتى. داۋۇت پالۋان ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر قولى بىلەن دەس كۆتۈرۈۋالدى.
_ بولدى ، مېنى ... ئاتما ... ساڭا ... نوچى ئاتتىن ... بىرنى ... بېرىمەن ...
ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇ زەردە بىلەن ئۇنى ئەمەلدارلار تەرەپكە ئەسكى پالاسنى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تاشلىغاندەك تاشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى . ياڭ ھاكىم چىرايىنى بۇزماي تەمكىن ئولتۇراتتى.
_ ياشاپ كەت داۋۇت پالۋان ! - كۆپچىلىك ۋارقىراشتى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى .
_ تونىنى داۋۇت پالۋانغا كىيگۈزەيلى ! - دېدى ياڭ ھاكىم .
_ نېمە دەيسىز ؟ - دېدى ۋەن گوتەي ئۆڭگەن ، تەرى تۆرۈلگەن ھالدا .
_ تونىنى داۋۇتقا كىيدۈرمىسەك خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىمىز ، ياخشىسى تونىنى داۋۇتقا كىيدۈرۈپ ، خەلقنىڭ ئاغزىنى ئېتىش كېرەك . بۇلارغا كىچىككىنە ياخشى ئىش قىلىپ قويساق تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنى قاتتىق قول بولۇپ باشقۇرساق قىلغان ئىشىمىزدىن خەتەر چىقىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا چارە - تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
_ بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى- ھە ۋەن سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى يولۋاسبەگ قىزىل يۈزلىرىنى ئۆگلاپ .
_ ھەر ئىككىلىسىگلا تون كىيدۈرەيلى ! - دېدى خېلى كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ۋەن گوتەي خاپىلىغان ھالدا .
_ بولىدۇ ، ئىختىيارىڭلار ... - دېدى ياڭ ھاكىم نارازى بولغان ھالدا .
[/color][/size]

[size=4][color=Blue]داۋامى بار .....
بۇ ئەسەرنى باشقا جايغا كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. [/color][/size]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-15 11:38:49 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:45:41

اھاھاھاھا.... ھەيييييييييييي نىمدىگەن تەسىرلىك!!!!!
كىچىكىمدە < خويەنجىيا> ناملىق فىلىمدە بىر كورۇۋېدىم نەق مۇشۇنداق كورۇنۇشنى! مۇشۇنداق پەيتلەرنى بىزدە كىنو قىلىپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر قاچان چىقار ھە؟؟؟ ھەي...... ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم شۇ ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئەشۇ لەنشىدەك قانجۇقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتىكەن! ئاللاھقا شۈكۈر!

دوستۇم Nazakat0909 ھارماي يېزىڭ ئوقۇشقا بىز ئىنتىزار!

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:50:06

يەنە بىر ئىش :

<< ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى>> ناملىق يازمىدا توۋەندىكىدەك قۇرلار بار:
<< شۇ كۇنى گومينداڭنىڭ بورتالا ناھىيىلىك ھوكۇمىتىنىڭ مال- مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە ئوتكۇزۇۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئۇرايىم، نامجىل، ئومەر ئاخۇن، خەلىپ، ئايىمەمەت، دورجىلاردىن تەركىپ تاپتى. ئۇرايىم كومىتېتنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولدى.>>
بۇ يەردىكى << ئۇرايىم >> مۇشۇ ئەسەردىكى ئۇرايىم شۇمىدۇ؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 12:30:33

ئەسسالام كۆسەن بۇ ئەسەردىكى ئۇرايىمنىڭ ئەسلى << ئىبراھىم >> دىگەن ئىسمىنىڭ بۇزۇلۇپ ئاتىلىشى ئىكەن . ئەگەر سىز يازغان ئەسەردىمۇ شۇنداق ئەسكەرتىلگەن بولسا ، مېنىڭچە چوقۇم شۇ بولۇشى مۇمكىن .

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 17:47:14


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]داۋامى
پەشتاقتا جاكارچىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ جىم بولۇشتى .
_ خالايىق تىنىچلىنىڭلار ، ھازىر ۋەن سىلىڭ جانابلىرى سۆز قىلىدۇ، دىققەت !
ۋەن گوتەي ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ، دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ سۆز باشلىدى. غاپپار بەگە ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.
_ بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن . بۇ
ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلىق ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان زور كۆلەملىك چېلىش پائالىيتى . بۇ بىزنىڭ خەلققە بولغان ئىشەنچىمىزنى بىلدۈرىدۇ.
ھەممىمىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەك ، ئىناق - ئىتىپاق ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ ...
داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەسكىنىپ كېتىۋاتاتتى.
_ يالغانچىلىقنى قارا ، نېمىدېگەن ھىيلىگەر ، - دېدى زەردىسى قايىنىغان ناسراخۇن .
_ بىزنى ئالداۋاتىدۇ... - دېدى تۇردىئاخۇن پىچىرلاپ سۆزلەپ .
_ ئىتىپاقلىقنى كۆچەيتىش ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى . بىز بۈنىڭدىن كېيىن بۇنداق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بۈگۈنكى چېلىش مۇسابىقىسىدە تاللىنىپ چىققان ھەر ئىككى پالۋانغا تون كىيدۈرۈشنى قارار قىلدۇق . قېنى داۋۇت پالۋان بىلەن چېلىشىپ باقىدىغانلار بارمۇ ؟
_ يوق ! ! !
كۆپچىلىكنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق سادالىرىدىن ۋەن گوتەي چۆچۈپ كەتتى.
_ قېنى تون كىيدۈرۈلسۇن ! - دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۇ سۆزلىرىنىڭ زورمو زور قىلىنغانلىقىنى ، تازا قاملاشمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ قالدى.
_ ۋەن سىلىڭ بەك ئوبدان ئادەم جۇمۇ، - دېدى توپ ئارىسىدىكى ئايسىخان ئوسما قويغان ئىنچىكە قاشلىرىنى ئوينىتىپ .
_ ماۋۇ سەت جالاپ نېمە دەيدىغاندۇ ؟ - دېدى قۇربان بوش شىۋىرلاپ ، - ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندەك ....
مەيداندا تۇيۇقسىز كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كىشلەر كۈلكە كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى.
_ تۇننى كىيمەيمەن ! - دېدى داۋۇت پالۋان ناسراخۇنغا پىچىرلاپ .
_ كىيمىسەڭ بولمايدۇ . كىيگەنگە نېمە بولاتتى. كىيمىسەڭ بۇلارنىڭ گۇماننى قوزغاپ قويىسەن .
_ نېمىدىن قورقاتتىم . خۇدا بار.
_ جاھىللىق قىلما ، كىيىپ قويۇپلا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ياپىمىسەن .
شۇ ئارىدا دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى :
بۈركۈت ئالدى تۈلكىنى ،
تۈلكە ئۇنى جىمقتى .
كاككۇك ، كاككۇك ، نەدە سەن كاككۇك .
_ ياشا بايخان ، ناخشاڭنى ياڭرات ! - دېدى قۇربان خۇشال ھالدا ۋارقىراپ .
_ كاككۇكنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيۋاتسا قانداق ياشايدۇ ئۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ .
ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كەتتى.
_ نېمە دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. ئاۋۇ ...- دېدى ۋەن گوتەي غاپپار بەگكە قاراپ .
_ يارىم كەلمەمسەن ، ساڭا تەشنا بولدۇم ، - دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.
_ ئەجەپمۇ جىم تۇرمايدىغان نېمىكەن ئۇ . نەدە ئادەم ئولاشسا شۇ يەردە ناخشا ئېيتىپلا يۈرگەن ... - دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى سىلىپ ،
- ساراڭمۇ نېمە ئۇ ؟
_ ساراڭ نېمە ئۇ ، - دېدى ھېكىمباي ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاران چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن ، - ئۇ يا يوقالمىدى ، يا ئۆلۈپ قالمىدى.

ۋەن گوتەي دەرەخ ئاچىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بايخانغا غەزەپ بىلەن قارىدى. موللا شاڭيۇ ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، موللا نىياز ئاخۇنۇملار بايخانغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. چۈنكى ، بايخان ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتاتتى. ئۇلار يا بىر نېمە دېيەلمەگەن . شۇ تاپتىمۇ ئۇلار بايخاننىڭ تىلىنى كەسكۈدەك بولۇشۇۋاتاتتى. << خەپ >> دېيىشەتتى ئۇلار ئىچىدە .
ھەزەر قىلىپ ياشايلى ،
خۇشامەتچى ئادەمدىن .
كاككۇك ، كاككۇك .....
ئۇلار ئىككى پالۋانغا تون كىيدۈرۈشتى . كۆپچىلىك ئۈنلۈك ھالدا :
_ ياشا داۋۇت پالۋان ! - دەپ توۋلاشتى.
داۋۇت پالۋان نېمىدىندۇر بىئارام بولۇپ ، كەڭ مەيدىسىنى كېرىگىنىچە مەزمۇت ھالدا ، يىراقلارغا تىكىلىپ ئويچان تۇراتتى.
خەلىق ئۆز ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۇنى ئالقىشلىماقتا ئىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل خىجىللىق ئوتى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. [/
[size][/color

[color=Blue][size=4]داۋامى بار ......[/color][/size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 20:16:23

چىدىماسلىق دىگەن شۇ دە! يېڭىلىپمۇ يەنە پالۋان بولىۋالغىنىنى...... ھوقۇقنىڭ كۈچىدە! توۋا دەيمەن...... ھەممىسى ئۆزىنى ئاق دەيدۇ، ئاڭلىشىمچە قاغىمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئاپپاق بالام دەيمىش!

خوش ئەسەرنىڭ ئاخىرى قەيەردىن چىقىدۇ قېنى دىققەتتە بولايلى دوستلار!

---

يوللغۇچى: raja
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-16 13:42:44

قانغا بويالغان سايران دېگەن رومانىنى مەن ئوقۇپ تۈگەتكەن..بۇ رومان بەك ياخشى..تورداشلارنىڭمۇ كۆرەلىگىنىگە مەن بەك خۇشال. ھارمىغايسىز بولسا مۇشۇنداق ياخشى تېمىلارنى توختىماي يوللىغايسىز..مەن سىزنى قوللايمەن.[em3]

---

يوللغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-16 17:33:23

[color=Blue][size=4][size=5][center]3[/center][/size]
ناھىيلىك ھۆكۈمەتتە جىددى يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. بازار مەسچىتنىڭ ئىمامى موللا نىياز ئاخۇنۇم ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، ۋە موللا شاكىۋۇلار كۆكۈش ئىسلار قاپلىغان يىغىن زالىدا غاپپار بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاران چۈشىنىپ ئولتۇراتتى.

_ بىز بۇ قېتىم يۇقىرىنىڭ يولىيۇرۇقى بىلەن ئەسكەر ئېلىش ئىشىنى ناھايىتى ئەستايىدىل بېجىرىشىمىز كېرەك ، - دېدى ۋەن گوتەي ئۈيان - بۇيان قاراپ قويۇپ ، - بۇ ئىشقا ھەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم . بىزگە بېرىلگەن بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇنلىمىساق يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز - ھە ، شۇنداقمۇ ئىمام ئاخۇنۇم ....

_ توغرا ، توغرا .... - ئۇنىڭ پاكار بويى تېخىمۇ تۈگۈلۈپ ، كىچىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى. غاپپار بەگ ئۇنىدىن يىرگىنىپ كەتتى.

_ ھەممىڭلار جەمئىيەتكە بىزنىڭ سىياستىمىزنى توغرا يەتكۈزۈشىڭلار زۆرۈر . يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچ توپلاش ھەممىدىن مۇھىم . ئەسكىرى يوق پادىشاھ نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلارچۇ ؟

_ شۇنداق ، ۋەن سىلىك ناھايىتى ئەتراپلىق سۆزلىدى ، - دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇشاۋتەن سۆز قىستۇرۇپ ، - ئەسكەر كۈچى دۆلەت ئامانلىقىنىڭ ئاساسى ... ھېلىقى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن نېمىلەر ئاخىر نېمە بولدى ؟ ئۆزى كولىغان ئورەككە ئۆزى چۈشتى . ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتقاننىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇ. زاكىر سەنمۇ ئوبدانىراق كۆز - قۇلاق بول . كىم قانداق گەپ قىلىۋاتىدۇ... - ۋۇ شاۋتەن ئۆزىنىڭ باشلىقلىقىنى پەش قىلغاندەك ھەممىسگە قاراپ قويۇپ سۆزلەيتتى. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تاقىا - تۇققا سۆزلىرىدىن بىزار بولىۋاتاتتى، - بۇ قېتىمقى ئەسكەر ئېلىش ئىشىدا خەلققە ئوبدان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر . بىز سلەرنىڭ باللىرىڭلارنى ئەسكەرلىككە ئالمايمىز، سلەرمۇ بۇ ياخشىلىمىقىزغا جاۋابەن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىڭلار . ئىئانە ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي پۇل - مالنى يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار.

_ ئەگەر سلەر بۇ ئىشتىن باش تارتىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىش ئىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويساڭلار ، كېيىن بىزدىن ئاغرىنماڭلار ، - ۋەن گوتەي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا ۋەھىملىك قاراپ قويىدى ،- يەنە بىر گەپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلارش زۆرۈر. ھەر بىر ئائىلىگە نان ياقتۇرىدىغان ئىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمايلى . قىش كىرگۈچە ھارۋىكەشلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوتۇنلارنى ئوبدان بېسىۋالايلى . ئاتلارنىڭ خەشەكلىرىنى تولۇقلىۋالايلى ، - ئۇ تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ ھەممە گەپنى دەۋالاي دېگەندەك ئالدىرىماي سۆزلەۋاتتى. - لەنشىك سەن ئەسكەر ئېلىش ئىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئوبدان مەسئۇل بول. سەن بۇ خەقنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىسەن ، باشقىلار ساڭا ھەمدەمدە بولىدۇ. ھېكىمباي ، يولۋاسبەگ، سلەرمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلار ، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىدىغان ئىشلار بار تېخى ، سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي ....

ياڭ ھاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. موللا نىياز ئاخۇنۇم بىر نەچچە ئېغىز خۇشامەت سۆزى قىلىشقا ئالدىرايتتى . يولۋاسبەگ ، ھېكىمبايلار ۋەن گوتەينىڭ سۆزلىرىگە << خۇش، خۇش >> دېگىنىچە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى. ھەم يۈرەكلىرىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار : << بايلارغىمۇ كۈن يوقمۇ نېمە >> دېگەننى ئويلاپ قالاتتى. قولىدىن مال - دۇنيالىرىنىڭ كۆپرەك چىقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئامالىرىنى ئىزدىشەتتى. بەرمەي دېسە ، بىر كېچىدىلا .....

_ لەنشىك سەن بۇ قېتىمقى خىزمەتتە تۆھپە ياراتساڭ ، سېنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، - دېدى ۋەن گوتەي لەنشىڭنىڭ مۈرىسگە ئۇرۇپ قويۇپ ، ئۇ لەنشىڭنىڭ رەھىم - شەپقەتسىز پەيلىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى...

_ ئەسلى ئۆستۈرۈشكە لايىقتى ، - دېدى ما تۈەنجاڭ ئاچچىق قىلىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ـ شۇنداق ، شۇنداق ، لەنشك بالام ئوبدان بالا ، دادىسى بىلەن مەن بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتكەن ، - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم خىقىراپ سۆزلەپ ، - مەنمۇ لەنشك بالامغا ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىرىمەن . جېنىم بالام ... خەلققە ياخشى تەشۋىق قىلىپ .
ـ ناھايىتى ياخشى ، دېدى ۋەن گوتەي ، - سېنى چاغاندا مۇكاپاتلايمەن ، بىز بۇ يىلقى چاغاننى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىمىز لازىم .
ـ چاغاننى بىزنىڭ ئۆيدىلا ئوينىسىلا ، - دېدى ھېكىمباي بىچارىلارچە ھىجىيىپ .
ـ بىزنىڭ ئۆيگىلا بارامىلا ، يا ....- دېدى موللا شاكىيۇ ئالدىراپ .
ـ ھازىرقى ئاساسىي مەسىلە ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ، يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 250 ئەسكەر ئېلىشىمىز لازىم . ۋەزىپە ئېغىر .
ـ غەم قىلمىسىلا ، بىز بار ، - دېدى لەنشك قەددىنى تىك تۇتۇپ .
ـ بىزمۇ بار ، - دېدى موللا شاكىيۇ .
ـ ئەلۋەتتە بىزمۇ بار ... - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم .
ـ مېنى بۇ قېتىمقى ئىشتا ئوبدان بىر كۆرۈپ قويۇڭلار ، - دېدى لەنشك تىك تۇرۇپ ، - بۇ ئىشلارنى جان - دىلىم بىجىرىمەن ، ئەگەر بۇ خىزمەتنى لايىقىدا ئورۇنلىيالمىسام سىلىك جانابلىرىغا كاللام بىلەن جاۋاب بېرىمەن . مەن پىرقە ھۆكۈمىتىمىزگە سادىقلىق بىلەن ياشايمەن ، بۇ يولدا ئۆلۈشكە رازى !
ـ ئوغۇل بالا ، يارايسەن ، ئەزىمەت ، - دېدى ۋەن گوتەي قاتتىق ھاياجانلىنىپ .
ياڭ ھاكىم ئۆز ئادەملىرىگە خىيانەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ھارام تاماق ، تۆز كورلارغا قاراپ ئېغىر خىياللارغا چۆكتى . غاپپار بەگ :
<< خۇدا جاجاڭلارنى بېرەر >> دېدى ئىچىدە ئۇلاردىن يىرگىنىپ .
ـ ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، ما تۆەنجاڭ ، سىلەرنىڭ باشقا گېپىڭلار بارمۇ ؟ _ دېدى ۋەن گوتەي ياڭ ھاكىمغا مەسخىرە نەزەرىدە قاراپ .
ـ يوق ! - دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ تەمكىن ھالىتىنى بۇزماي ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆزىلا باشقۇرۇپ كېتىۋاتقان ۋەن گوتەيگە ئۆچلىكى كېلىۋاتاتتى.
ـ مېنىڭمۇ پىكرىم يوق ، - دېدى ما تۆەنجاڭ . ئۇ ھەر قانداق چاغدا ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ئىدى. ئىشنىمۇ ئوبىلىنىپ قىلاتتى. مەنسەپ ، ئەمەللەرگە ئانچىمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتى.
ـ ئۇنداق بولسا ھەممىمىز ئىشنى پۇختا قىلايلى ، - دېدى ۋەن گوتەي ، - داۋۇت دېگەن نېمە ئىشىمىزنى بۇزدى ، - ئۇ ياڭ ھاكىمغا ئالىيىپ قويدى .
ـ ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمۇ ؟ - دېدى لەنشك .
ـ ياق ، ياق، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەگمەي تۇرايلى . تىنىچ ياتقان يىلانغا چېقىلىپ نېمە قىلىمىز . ئەمدى ھەممىمىز تارقىلىپ ئۆز ئىشىمىزغا ماڭايلى ... - ۋەن گوتەي بىر خىل ناخۇشلۇق بىلەن كۆرسەتمە بەردى .
يىغىندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، سىرتقا قاراپ مېڭىشتى .
ـ ۋۇ جۇيجاڭ ، سىلىگە چىرايلىق قىزدىن بىرنى ئەكەلدۇرۇپ قويغان ، ئۆيگە بارسىلا ... مېھمان بولۇپ كەتسىلە ، - دېدى ھېكىمباي خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ ۋۇ شاۋتەننى يېنىغا تارتىپ .
ـ بولىدۇ ، سېنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭ ياخشى دە ، ۋەن سىلىڭغا ماللىرىڭغا چېقىلماسلىقنى دەپ قويىمەن ، خاتىرجەم بول - ھە .
ھېكىمباي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولدى. بۇ ئۇنىڭ نەق يۈرىكىدىكى سۆز ئىدى .
لەنشك كۆزىگە قان تولغان ھالدا ، بىر نەچچە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ، ھارۋىكەشلەرنى سەيسىگە تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ھارۋىنى ئاستا ھەيدەپ دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغان سىدىق كۆككۆزنىڭ دولىسىغا قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى.
ـ بولمامسەن چەنتۇ ، ھارۋىنى چاققان ھەيدىمەمسەن !
سىدىق كۆككۆز ئاچچىقىدا لېۋىنى چىشلەپ ، ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن ئالايدى.
ـ ئادەمگە ئالايماي ، ھەيدە ھارۋاڭنى سېسىق چوشقا .
<< خەپ ماڭىمۇ خۇدايىم ئاشۇ قورالنى بېرەر، خەپ ، شۇ چاغدا بۇنى قانداق قىلىۋېتىدىكەنمەن >> سىدىق كۆككۆز شۇلارنى ئويلاپ ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇ ئادەم خۇدادىن پاك روھىدا نېمىنى تىلىسە ، بىر كۈنى شۇ تىلىگەن نەرسىگە ئېرىشىدۇ ، دەپ قارايتتى.
لەنشك ھارۋىكەشلەرگە ھەيۋە قىلىۋېتىپ ، كۆزى ھېلىقى كۈندىكى چېلىش مەيدانىدا ئۆزىنى تىللىغان بۇۋىخەلچەمگە چۈشۈپ قالدى - دە ، ئۇنىڭ قورۇسىغا ئات بىلەنلا كىرىدى. بۇۋىخەلچەم بىر تونۇر ناننى يېقىپ بولۇپ ، ئەمدىلا تونۇش بېشىدىن چۈشۈۋاتاتتى. لەنشك ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ناننى ملتىق ئىشتىكى بىلەن سانجىپ ئالدى .
ـ ناننى مۇشۇنداق خام ياقامسەن ، سەن بىزنى بۇنى يەپ نېمە بولسۇن دەيسەن ! - دېدى ئۇ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ .
ـ سېنى ئەمدى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ نان چايناپ بېرىپ باقسام بولامتى ؟ ھېلىمۇ سەنلەرنى باقمىز دەپ خۇنىمىز قالمىدى .
لەنشك ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ملتىق پاينىكى بىلەن ئۇنى بىرنى سالدى. بۇۋىخەلچەم كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى .
ـ گەپ قىلمىسا نېمە ھەددىن ئاشىدۇ ماۋۇ ھارام چوشقا ، جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم بۇنىڭغا ، بۇنداق ياشىغۇچە ، - بۇۋىخەلچەم ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى - دە ، ياقىسىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەختەم تۆگمەن باققىلى چىقىپ كەتكەنىدى . نان ياقماي دېسە ، ھەر بىر ئائىلىگە سېلىق قىلىپ تارقاتقان يۈز جىڭ ئۇن << مېنى ياقمىساڭ تاياققا قالىسەن >> دېگەندەك تۇرغان ...
بۇۋىخەلچەم ئۇنى ئەسەبىيلەرچە تىللايتتى ، لەنشك ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى، تېپەتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە كۈچۈنۈپمۇ ئۇنىڭ قولىدىن ياقىسنى ئاجرىتالمىدى . يۈگۈرۈپ كىرگەن بىر نەچچە ئەسكەر بۇۋىخەلچەمنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ياتقۇزۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى .
بۇۋىخەلچەم بۇرنىدىن ئاققان قانلارنى يېڭىدە ھالسىز ئېرتىپ ، ھۆركىرەپ يىغلىدى.
ـ نېمە كۈن خۇدايىم بۇ ، بۇلارنىڭ جاجىسنى قاچان بېرىسەن ...
ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى .
ـ مەن بۇلاردىن قىساق ئالىمەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئېچى قارىلار ، بۇنى يامان ئۆرۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ - دېدى كىرگەن ئاياللاردىن بىرى .
بۇيرۇق بويىچە ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانلار ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن جان - جېنى بىلەن خىزمەت قىلماقتا ئىدى. موللا شاكىيۇ سۇنجاڭ ، بوجاڭلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. تورۇق ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ ، قوللىرىنى ھاۋادا قالايمىقان پۇلاڭلىتاتتى.
موللا نىياز ئاخۇنۇم مېھراپتا ئولتۇرۇۋېلىپ ، جامائەتكە ۋەن گوتەي ، ۋۇ شاۋتەن ، ياڭ ھاكىملارنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.
_ بۇلار بولمىسا ، پىرقە ھۆكۈمەت بولمىسا ، بىز بۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيتتۇق . شۇڭا بۇلارغا ھەممىمىز ھەمدەمدە بولۇپ تۇرمىقىمىز لازىم . مەيلى باللىرىمىزنى ئەسكەرلىككە بېرىشتە بولسۇن ، باج تاپشۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن .... - ئۇ بۇلارنى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ھالدا ئۆزۈپ - ئۆزۈپ ئېيتاتتى.
داۋۇت پالۋان ، تۇردىئاخۇن ، قۇربانلار ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تۆكى تەتۈر ئۆرۈلۈپ چايناپ پۈركىۋەتكۈسى كېلەتتى. پەقەت << خەپلا >> دېيىشەتتى ئىچىدە .
ھېكىمباي ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەننى ئەركەك قوينىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، چىرايلىق بىر چوكاننى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويىدى. بۇ چوكاننىڭ ئىسمى ئايىسخان ئىدى. خاس ھۇجرىدا بۇلارنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەممە ئۆيىقۇغا كەتكەن بىر كەچ ئىدى.
ھېكىمباي ئۆز ئىشىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى- دە ، مال - دۇنياسىدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، ئۇيقۇغا كەتتى.
قەيەردىندۇر بايخاننىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
[center] ئىگىردى ئەزىز تۇپراق ،
يۈركنى چۇلغىدى پىراق
كاككۇك ... كاككۇك .... [/center]
داۋامى بار ......[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 12:14:40

ھەي نىمە دېگەن ئېچىنىشلىق!!!

مۇناپىق ئەزەلدىن بار نىمە! ئۇ مەڭگۇ ئاخىرلاشماسمۇ؟ نىمە دېگەن يىرگىنىشلىك ھە! نىمە دىگەن يىرگىنىشلىك!!!

ھارماڭ دوستۇم! ئەسىرىڭىزنى ھارماي يېزىڭ! داۋاملىق ئوقۇشقا ئىنتىزارمەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 12:19:04

[size=5][center][size=4][color=Blue]ئىككىنجى باب تۇتقۇنلار [/center]1[/center][center][/size]
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ ، سىپپىلارنى ياساشقا جىددىي كىرىشتى. ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ باللىرى، يېتىم باللار بولۇپ ، يىگىرمە ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغانلارنى ئۆلچەم قىلىپ ئېلىۋاتاتتى.
بۇ يۇرتتا بۇ ئىش ناھايىتى تادىپىيلا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا ھەممىسنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. كوچا - كوچىلاردىن يىغا- زارە ، نالە - پەريادلار ئەنسىز كۆتۈرۈلدى.
_ نېمانچىلا قىلىپ كېتىسلەر ، - دېدى ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان موللا شاكىيۇ، - ئۇلۇغ شېڭ دۇبەننىڭ ئەسكىرى بولۇپ ۋەتەننى قوغدىسا يامان ئىش بولامدىكەن ، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ھەممىدىن مۇھىم ئەمەسمۇ ...
_ توغرا دېدىلە ، - دېدى پەستە تۇرغان موللا نىياز ئاخۇنۇم ، - بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كىلىپ كەتمەۋلۈك . شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا ئەسكەر بولۇش ئەلۋەتتە شەرەپلىك ئىش . بىز ئۇنىڭ سادىق پۇقرالىرى بولۇشىمىز كېرەك . پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان . ئەسكەر بولۇش يامان ئىشمىتى ؟
قۇربانىنىڭ ئاتا - ئانىسى مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. يۈرەكلىرى لەختە قان بولۇۋاتاتتى.
ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بايخاننىڭ قۇلقىغا موللا نىياز ئاخۇنۇمنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاندى- دە ، ناخشىسنى توختىتىپ :
_ سىلەر شۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئەسكىرى بولۇشقا نېمىشقا باللىرىڭلارنى بەرمەيسلەر ، سەن بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا ياشاپ تۇرۇپ ، جەننەتتە ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟- دېدى ئورۇق بېلىگە باغلىۋالغان قارا بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان قولىنى چىقىرىپ .
_ بىزنىڭ باللار ئىلى تەرەپكە سودا ئىشى بىلەن كەتكەن ، - دېدى موللا شاكىيۇ تىلىنى چايناپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۆيلىرىگە بېرىپ تېپىپ كېلەيمۇ ؟ سەندەك تېگى پەس ساتقۇنلار ئازغىنە نەپنى كۆزلەپ ، نىمە ئىشلارنى قىلمىدىڭلار ... قىزنىڭلارنىڭ قانچە ئېرى بار ، ئۆزۈڭلارنىڭچۇ ؟ ئاڭلىسام خۇتۇنىڭلار توي قىلمىدىكەنغۇ ؟ ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئادەم ئاخرى خورلۇقتا ئۆلىدۇ.

_ يوقال ، ساراڭ ئاشىق !

_ مەن قىزنىڭنىڭ ئاشىقى ئەمەس ، زېمىننىڭ ئاشىقى .

_ لەنشىك !- موللا شائىيۇ زەردە گۆش بولۇپ ۋارقىرىدى ،- قېنى ئۇ ئەيسا سۈنجاڭ ، ئېلى بوجاڭلار ، خەپ سېنى ! - ئۇ شۇنداق دەپ بايخانغا قامچا شىلتىدى. بايخان قامچىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ، قاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى. ئۇنىڭ غايىب بولۇشىغا ئەتراپتىكىلەرمۇ ھەيران بولۇشۇپ ، ئۇ كەتكەن تەرەپنى جەزىم قىلالماي قېلىشتى.

شۇ ئارىدا لەنشىك ئەسكەرلىرى بىلەن قاسىم جودا ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ... لارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار بەتلەنگەن قوراللار ئاستىدا ئاچچىق يۇتۇۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن قەھرى - غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

_ لەنشىك ئۇكام ، - دېدى موللا شائىيۇ ، - ماۋۇ بايخان دېگەن ساراڭ ئادەم تىللاپ ...

_ قېنى ئۇ ؟

_ باياتىنلا بارتى .... غايىب بولدى... - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم ئۇيان - بۇيان قاراپ .

_ ئۇچقۇر ئاياغ بايخان بوۋنى تېخى بىلمەمتىڭلار ، - دېدى قۇربان ئۇلارغا قاراپ ئىستىھزالىق كۈلۈپ .

_ تولا سۆزلىمە - ھە ، - دېدى لەنشىك قاپىقىنى تۈرۈپ .

_ سۆزلىگەنگە سېلىق بارما ؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇزلىغان چىرايى سەل ئېرىگەندەك بولۇپ يۈزلىرىگە كۈلكە يامرىدى .

لەنشىك دەر غەزەپ بولۇپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە ، قۇربانغا قاراپ ئېتىلدى. قۇربان قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭغا ئاچچىق ئالايدى.

_ كېلە قېنى بۇركۇت بىلەن تەڭ بولماقچى بولساڭ .

لەنشىك قۇربانغا يېقىنلاپ بېرىپ توختاپ قالدى.

_ كېلىڭلار ، بۇنى ئۇرۇڭلار !- ۋارقىرىدى ئۇ جەھلى بىلەن .

ئەسكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، قۇرباننى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. قۇربان بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرۈۋاتاتتى.

_ قولۇڭنى تارتىش ! - دېدى قاسىم جودا ئۇلارغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، - بىز ئەسكەر بولمايمىز دېسەڭ مەجبۇرىي تۇتۇشتۇڭ ، ئەمدى ئۇرۇشامسەن ...

_ ئۇنىڭغا تېگىشمە - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ گۆشلۈك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ كېلىپ .

_ بىزلەرنى نېمە كۆرۈۋاتىسلەر ، - دېدى ياسىنجان غەزەپ بىلەن بوغۇلۇپ .

قۇرباننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئېلىپسپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

_ ۋارقىراشما ، بىزگە چىقىلساڭلار جاجاڭلار بىر پاي ئوق ، -دەپ كاكىرىدى لەنشىك مىلتىقنى ئۇلارغا تەڭلەپ .

_ ئوق ، ئوق، ئوق .... قورال .... ئەجەپ .... - دېيىشتى ئۇلار جېنى ئىچىگە پاتماي .

_ نىمە ئىش بولدى ؟ نىمە غەۋغا بۇ ؟- دېدى ئەھۋالنى كۆزىتىپ يۈرگەن ۋەن گوتەي قوغدىغۇچىلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىپ .

_ بۇلار بۇيرۇقتا بوسۇنمايۋاتىدۇ .

_ بۇيرۇقتا بويسۇنمىسا ئۇرامسىلەر ؟ بۇلار ئەسكەر بولدىغان ئادەملەر سىلەرگە ئوخشاش... بۇلارنى باشلاپ ، باش شتابقا ئېلىپ بېرىڭلار ، ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرسۇن .

قۇربان ئاتا- ئانىسى بىلەن تەسلىكتە خوشلىشىپ ، خىيالچان ھالدا ئاستا ماڭدى. ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ يېقىندىن بېرى تولا قىلىدىغان ۋە كىشىنى ئويغا سالىدىغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، ئۇنى باشقىدىن چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولدى. << ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاغقا ياغاچ ئەكەلگىلى كەتسەممۇ بوپتىكەن ، نېمىشقىمۇ چىمەنگۈل بىلەن بىر كۆرۈشۇالىمەن دەپ ئويلاپ قالغانىدىمەن ... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئېغىر خۇرسىندى .

داۋامى بار............ [/color][/size]

[size=4][color=Blue]قەتئىي بولۇڭ ، بىز ئۇچۇن ھەققەت ۋە پەقەت ھەققانىيەت كېرەك ....[/color][/size]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2006-12-17 12:23:33 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 12:52:34

يەنە مۇناپىقلارنىڭ گېپى!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى كوردۇم! مەسلەن ئاۋۇ ئۇ بۇ دىگەنلەر، يەنى ئوز مىللىتىمىزنىڭ پۇشتلىرى قۇربانىنى ئۇردى! ئاندىن ئاۋۇ گومىنداڭ مىللىتى كېلىپ قۇربانىنى ئۇرماقلار دىگەن بولدى! ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا بۇيرۇق چۇشۇرگىنى ئاشۇ، بىراق ئۇ پەردە ئارقىدا، ئاۋۇ بىچارە مۇناپىقلار پەردە سىرتىدا! ئىرەتنى نىمىشقا ئالمايدۇ بۇ مۇناپىقلار ھە!؟

بۇ يەردىكى << بايخان >> نى زادىلا چۇشنەلمىدىما؟ باشتا << بايخان >> نى بىر خىل سوزلىيەلەيدىغان ئۇچار قۇش، ياكى شاتۇتى ئوخشايدۇ دەپ چۇشىنىپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ << بايخان بوۋا >> دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ... زادى نىمە بۇ؟

داۋامىغا تەقەززامەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 13:51:29

<< بايخان >> ئەمەلىيەتتە بىر مويىسپىت ، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكنىڭ دەستىدىن زېمىن ئاشقى بوپ ياشىغان .
<< سېھىرلىك ئالما >> دېگەن كىنونى كۆرگەن بولغىتىڭىز ، شۇنىڭدىكى ھېلىقى بىرى بار ، تۇرۇپلا پەيدا بوپ ، تۇيۇقسىز غايىپ بولىدىغان ، بۇنىڭدىكى بايخان ئەنە دەل شۇ ئوبراز . ئۇ زېمىن ئاشقى بوپ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئادەلەتسىزلىكنى ۋە ئەنە شۇنداق زۇمىگەرلەرنى ئۆز قوشىقىغا قوشۇپ ئوقۇيدىغان ، ھەقنى ياقلايدىغان ، خەلقپەرۋەر بىر زات .
ئەستايىدىل ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت !!

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 11:03:24

ئوزىمىزنىڭ تارىخى ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ چىقسام دىگەن ئارزۇيۇم شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق دوستۇم ئوزۇم يىراق ياقا يۇرتلاردا بولغاچقا بۇ ئىمكانىيەتكە ئۇنچە كەڭ ئىگە ئەمەسمەن.... سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزدىن ئىنتايىن سويۇنىمەن! قولىڭىزغا ھامان خاتىرجەملىك تىلەيمەن.. شۇ ئارقىلىق بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىۋالالىسام ناھايىتى خۇرسەن بولغان بولار ئىدىم... ھارماڭ دوستۇم ئاخىرىغا ئىنتىزارمەن!

---

يوللىغۇچى: SoyGu
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 13:06:10

ئەسسالام Nazakat0909 خانىم ، نەچچە كۈندىن خىزمەت ئالدىراشلىقىدا بۇ ئەسەرنى كۆرگەن بولسامۇ تەپسىلىي كۆرۈشكە ۋاقتىم يار بەرمىگەن ئىدى ، مانا ھازىر قايتا كۆرۈپ چىقتىم ، ياخشى يېزىلغان ئەسەر ئىكەن ، مۇنبىرىمىز ئۈچۈن قىلغان ئەجرىڭىزگە كۆپ رەخمەت !
داۋامىغا تەشنامىز دوستۇم !!![em40]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 16:12:47

رەھمەت سىلىگە SoyGu خانىم ، مەنمۇ بۇ مۇنبەردىن سىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل تېمىلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن .
ئىش ئۈملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە ، ھەممىمىز بۇ مۇنبەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشساق دىگەن ئۈمۈتتىمەن . [em34]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 16:38:09


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[=color=Blue][size=4][font] داۋۇت پالۋان قۇرباننى ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ ، ئۇنىڭغا ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىشۋاتاتتى. قۇرباننىڭ ھۈنەرگە بولغان قىزىقىشى ، زېرەكلىكى ۋە خۇش چاقچاقلىقى داۋۇت پالۋانغا يېقىپ قالغانىدى . بۇلار ئاكا- ئۇكىلاردەك ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى. بولۇپمۇ قۇربان داۋۇت پالۋانغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. گاھىدا ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ چىشىغا تېگىپ ، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ قوياتتى.

داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن تېرىكىپ ، ئۆزىچە قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى. كىچىك بالىدەك خۇيىلىنىپمۇ قالاتتى. قۇربان ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى...

ئۇلار باش شتابقا يېتىپ بارغاندا ، ئەسكەرلىككە ئالغانلارنى يېزا- يېزىلاردىن سۈنجاڭ ، بوجاڭلار ھەيدەپ كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۋاتاتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى ياخشى كۆڭۈل كۆرۈشنى ئويلاپ ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەسكەر بولۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى . بۇنى تەشۋىقاتنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

_ ياسنجان بىز قاچان قايتىپ كېلەرمىز ؟- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ غەمكىن ھالدا .

_ كىم بىلىدۇ . ئۈچ ئاي دېدى ئۆزلىرى ، قۇربان ، داۋۇتكام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

_ ياغاچ ئەكەلگىلى تاغقا چىقىپ كەتكەن .

_ ئۇ ئاجايىپ ۋىجدانلىق ئادەم جۇمۇ ، ناھەقچىلىق بولسا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ .

_ ھەممە ئادەم شۇنداق بولسا .

شۇ ئارىدا ئۇستىۋاشلىرى تۈكۈلۈپ تۇرغان ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال يىغلىغىنىچە قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. قاسىم جودانىڭ يۈرىكى ئېزىلدى.

_ سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، بۇ مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم ئىدى. ئەسكەرلىككە بارمىسا، ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق ، ئۆيدە يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى . بالام ئىشلەپ مېنى باقاتتى . ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ ...]

_ قاسىم قانداق قىلارسەن ئەمدى ؟ - دېدى قۇربان .

_ بۇلار مېنى قويىۋەتمەيدۇ ، ئۇلار ئاپامنىڭ شۇنچە يېلىنىشلىرىغا قارىماي ، مېنى ئەكىلىشتى ، مەن ئاپام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي .

ئۇ ئاپىسى يېنىغا بارغاندا ، موللا شاكىيۇ ئاپىسىغا ناھايىتى مۇلايىم ھالدا سۆزلەۋاتاتتى.

_ بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ، بىزدىمۇ ئامال يوق ، ئاز ۋاقىت ئۆتمەي ، ھەربىي تەلىم ئېلىپ قايتىپ كېلىپ ، مۇش يەردە خىزمەتتە بولىدۇ، بۇ دېگەن شەرەپلىك ئىش. سىزنىڭ ھالىڭىزدىن بىز خەۋەر ئالىمىز، سىز خاتىرجەم بولۇپ قايتىڭ .

_ ئاپا ، بۇلار مېنى قويىۋەتمەيدۇ ، مەن ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن . مەندىن خاتىرجەم بول !- دېدى قاسىم جودا كۆزىگە ياش ئېلىپ .

_ ئوغلىڭىز توغرا ئېيتىدۇ...

_ بالام ....- ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتى .

_ بولدى،سەۋر قىل ئاپا ...

_ قاسىم ئورۇنىڭغا قايتىپ كەت !- دېدى موللا شاكىيۇ تەرىنى تۈرۈپ .

_ كۆرمەيۋاتامسەن ئاپام بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىمنى .... _ قاسىم جودا ئۇنىڭغا گۆلەيدى.

_ خوش بالام ، خۇداغا ئامانەت ، سالامەت قايتىپ كېلەرسەن .

_ خۇداغا تاپشۇردۇم ئاپا .

دەرۋازا ئالدىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ يىغا - زارلىرى كۆچىسىپ كېتىۋاتقاچقا ، ۋەن گوتەي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

_ ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار ، سىلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ئەسكەرلىككە بەرگىنىڭلارغا ھۆكۈمەت نامىدىن كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز . بالىلىرىڭلار جىڭدا بىر ئاي تەربىيە ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ئائىلەڭلەردە قىيىنچىلىق بولسا ، بىز ئاستا- ئاستا ھەل قىلىمىز . ھازىرچە سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار . ..

ئۇ خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن ، كىشلەر ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى . قۇرباننىڭ سۆيگۈنى چىمەنگۈل قۇرباننىڭ يۈز- كۆزلىرىدىكى قان داغلىرىغا قارىغىنىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى . ئۇنىڭ قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئالمىدەك مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. قۇرباننىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى - دە ، يۈرىكى كۆيگەندەك بولۇپ ، تولغىنىپ كەتتى.

چىمەنگۈل توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، قۇرباننىڭ يېنىغا باردى.

_ خۇداغا ئامانەت ! -دېدى ئۇ قولىدىكى خالتا بىلەن قەغەزگە ئورالغان قولياغلىقنى قۇربانغا سۇنۇپ .

_ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، - دېدى قۇربان يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ .

_ خوش ! - ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇنىڭغا قاراپ قالغان قۇربان قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ، غېرىب ھېس قىلدى.

_ ئەجەپ جۈرئەتلىك قىزكەن ، خەقنىڭ گەپ - سۆز قىلىشىدىنمۇ قورقماي كەپتۇ .

_ بىچارىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ.

_ كۆيۈك ئوتى دېگەن ئادەمنى جىنىدىنمۇ كەچكۈزىدۇ.

قۇربان ئۈن چىقارمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاستا سىرغىپ چۈشمەكتە .

داۋامى بار..... [font][/size][/color/]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: yar
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 19:05:57

بەك ئوبدان يېزىپسىز رەھمەت سىزگە

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 22:00:13

ئايرىلىش مىنۇتلىرى ناھايىتى تەسىرلىك بولدۇ!

قاراڭلار بۇ گومىنداڭ دىگەن ئالۋاستىلار... نەدىنمۇ پەيدا بولغاندۇ دەيمەن دۇنياغا! خەلقىمىزنىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەتلەرنى سېلىۋەتتى!
ئادەم ئەمەس ھايۋانلار! تۆل خوتۇننىڭ يالغۇز بالىسىنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتسا! توۋا قىلدىم خۇدايىم توۋا!

ئىشقىلىپ كىم زۇلۇمنى ئاشۇرسا جاجىسىنى خۇدا بېرىدۇ! مانا ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئىش- ئىزلىرى ھەققىدە ئەمدى باشلانسا كېرەك!

---

يوللىغۇچى: karakqi
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 22:22:31

پاھ، پاھ، قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن جۇما نازاكەت ، ................[em28]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 12:09:00

[color=Blue][size=4]داۋامى
_ بىر ئايدىن كىيىن راست قايتىپ كېلەرمىزمۇ ؟- دىدى قاسىم جودا پەرىشان ھالدا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ .
_ قايتىپ كەلمەي نەگە باراتتۇق ؟_ دىدى ياسىنجان .
_ مەجبۇرىي ئەسكەر قىلىدۇرغان قانداق ئىشتۇ بۇ ؟ ئەسكەرلىككە ئادەم دىگەن ئۆتتەك قىزىقىش بىلەن كىرسە -ھە !- دىدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ ئالىمادىس ئۇرۇش بولۇپ قالسا ...
_ كىم بىلەن ئۇرۇشىمىز ؟
_ بىزنى ئەزگۈچىلەر بىلەن ، _ دىدى قۇربان ئاچچىق ئاربىلاش.
بۇلار بۇ يەردە پاراڭلىشىپ بۆيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا ، ۋەن گوتەي ئادەملىرىگە جىددى مەجلىس ئېچىۋاتاتتى.
_ بۇ قېتىمقى ۋەزىپە نەھايىتى ياخشى ئورۇندالدى،- دىدى ۋەن گوتەي تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ، - ھەممىڭلار كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار ، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئىشتا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان موللا شاكىيۇ ، موللا نىياز ئاخۇنۇم ، لەنشىڭلار كېيىن كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ. ما تۇەنجاڭمۇ قاراپ تۇرمىدى . ئەمدىكى گەپ ، ئەسكەرلىككە ئالغانلارنى ساق - سالامەت جىك قوماندىلىق شتابىغا ئاپىرىشتا قالدى. بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس . بۇلارنى ئاپارغۇچە سىلىق سۆزلەش كېرەك . بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاقساقلا بولدى.
_ ئوتتۇن توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەرنىمۇ قوشۇپ ئاپرايلى ، - دىدى لەنشىڭ ئالدىراپ ، ئۇ بايىقى ماختاشتىن كېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆز ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ ، باشقا ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش ئۇنىڭغا مەدەت بولۇپ قالغانىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا پىتىنىپ بىر نەرسە دىيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچ ئالىدىغان مىجەزىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەن گوتەي ئۇنىڭغا قانات يىيىپ تۇراتتى.
_ ئۇلار كەتسە بىزگە ئوتۇن ، ئاتلارغا يەم - خەشەك ، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كىم توشۇيدۇ ؟- دەپ سورىدى ئارىدىن بىرى .
_ توغرا ، ھارۋىكەشلەردىن بىر قىسمىنى ئەۋەتىپ ، بىر قىسمىنى بۇ يەردە ئېھتىياجىمىزغا قالدۇرايلى ، - دەپ مەسلھەت بەردى يەنە بىرى .
_ قورۇدا ئىش قىلىدىغان سىدىق دىگەن قاپقى يامانىنى قوشۇپ ئەۋەتىۋېتەيلى .
_ ئۇنىڭ كىنىچە قاپقى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتقان ، بىز ئېھتىياجلىق ئادەم . ئەمدىكى گەپ ، ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنى ناھايىتى ئېھتيات بىلەن يۆتكەشتە . بۇنىڭغا ما تۇەنجاڭ مەسئۇل بولسا قانداق ، ھە ، ۋۇ جويجاڭ جانابلىرى ؟
_ بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز ، ما تۇەنجاڭ پاراسەتلىك ئادەم ، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىدا گەپ يوق .
_ ۋۇ جويجاڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئادەم چىقىرىپ ، بىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولدى . بۇرادەرلەر ، بىز خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن زىممىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىمىز - دە ، دىدى ما تۇەنجاڭ كىنايە بىلەن . ئۇ شۇنداق دەپ ياڭ ھاكىمغا قاراپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قويدى . ياڭ هاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ۋۇ شاۋتەن :
_ ياڭ جانابلىرى گەپ قىلمايدىلىغۇ ؟ مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە ؟ بىرەر چوكان تېپىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىۋالسىلا بولامدىكىن ... هايت دېسىڭىزلا بۇنىڭغا ھېكىمباي تەييار... - دېدى خىرىلداپ كۈلۈپ .
_ بولدى ، يىغىندا چاقچاقنى قويۇڭلار ، - دېدى ۋەن جىددىي تۇستە ، - يەنە بىر ئەسكەرتىپ قوياي : بۇ ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارغا ۋارقىراشقا ، ئۇرۇشقا بولمايدۇ. بىز بۇيرۇققا ئاساسەن بۇلارنى جىڭغا يەتكۈزۈپ بەرسەكلا بولدى. بۇ قېتى قىزىق خەق . قان قىزىسا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان خەق . قان قىزىسا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان گەپ ، شۇڭا ئەڭ ياخشى چارە سىلىق سۆزلەش ، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى جايلاش . مەن بۇ ئىشتا قانداق قىلدىم. موللا نىياز ئاخۇنۇم ، موللا شاكىرلارنى ئىشقا سالدىم ، ئۇلار خەلققە تەشۋىق قىلدى. قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشقا سالدى . ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى يامان بولۇشتى. مىڭ ئالىم بىر ئادەمگە سۆزلىسە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. بىر موللا مىڭ ئادەمگە سۆزلىسە ئۆتىدۇ. ئۇلار ھازىرمۇ تەشۋىق قىلماقتا، بۇنىڭ جاجىسى ئېغىزنىڭ يېلى ۋە ئازغىنە پۇل...ـ ئۇ ئۆزىنىڭ تاپقان چارىلىدىغان سۆيۈنگەندەك ھەممىسگە تەكشى قاراپ چىقتى.
_ سىز ئاجايىپ ئەقىللىق جۇمۇ ، - دېدى لەنشىڭ يېقىمسىز كۈلۈپ تۇرۇپ .
_ ئانچە ئەمەس، ئانچە ئەمەس، - دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ ،- قېنى مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار ، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىڭلار . ۋەن گوتەي ھەممىنى ئۆزۈم باشقۇرسام ، ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ << خوش ، خوش >> دەپ تۇرسا دەپ ئويلايتتى. يىغىندىمۇ ھېچكىمگە سۆز بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق ، نوپۇزلۇق ئادەم ھېسابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك پەم - پاراسەتلىك ھېسابلاپ ، بۇ يېزا ئوتتۇرىسغا جايلاشقان كىچىككىنە شەھەرنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ باشقۇرىمەن، دەپ خىيال قىلاتتى. شۇڭا ئۇ گاھىدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقسىز بەزىبىر ئىشلارنى قىلىۋېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالىي قوماندان ساناپ ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، ھەربىي فورمىنى قىرلاپ كىيىپ قېتىپ يۈرەتتى. ياپما قاپاقلىرى ھامان تۇرۇك ئىدى. ئۇ يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا تىرىشاتتى.

داۋامى بار ..... [size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-19 15:52:15 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: manggu~kut
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 13:25:46

ناھاتى ياخشى يېزىلىپتۇ .نازاكەت سىز تارىخى ئەسەرلەرگە قىزىقامسىز؟[em12] [em12]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 15:43:18

شۇنداق مەن تارىخىي ئەسەرلەرگە قىزىقىمەن . بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىمىزگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەرنى ...
مېنىڭچە ھەر بىر ئادەم ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلىپ قويۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن ... [em2]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 16:26:21

داۋامى
[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئەسكەرلىككە ئېلىپ مېڭىلغان 250 ياش ئەزىمەتنى جىك ناھىيىسىگە ئاپىرىپ ، ئالاھىدە ياسىلىغان ئېگىز، قېلىن ئالتە مۇداپىئە سېپىلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، كەڭ قورۇغا چۈشۈردى. بۇ 1944- يىلى 5- ئاي مەزگىلى ئىدى.
_ نېمە ئىش قىلارمىز بۇ يەردە، راستلا ھەربىي مەشىق ئۆگىتەرمۇ ؟_ دېدى قاسىم جودا ئاپىسىنى خىيال قىلغان ھالدا . ئۇ ئۇستىخانلىق ئىككى مەڭزى سەل بۆرتۈپ چىققان ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرىدىغان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا غەم - قايغۇ ، ئەلەم ئەلەڭگىيتتى.
_ئاۋۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتقىنىنى ، كۈلكىسى ئۆزىگە ياراشسا كاشكى... ۋاي ئاناڭنى ئۆلۈمتۈك گۈيلار ، - دېدى سەل سېمىزرەك كەلگەن ، ئوتتۇرا بويى ، تۇرقىدىن بىر خىل مەردلىك چىقىپ تۇرىدىغان مۇھەممەت گاڭگۈڭ ئۇلارنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئاشۇ قوراللار مەندە بولسا ، ئۇلارغا نېمە كۈنلەرنى كۆرستەر بولغيتتىم ... خەير، خۇدا بىر كۈنى تىلىكىمىزگە يەتكۈزەر...- دېدى قاسىم جودا ئاچچىق يۇتۇپ .

_ شۇنداق بولسا نېمە ئارمان ، خەپ !- دېدى قۇربان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ .

_ خۇدا كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىمىزنى كۆرۈۋاتقاندۇ ، - دېدى ياسىنجىن ئويچان ھالدا كۆزلىرىنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكىپ .

_ خۇدا چوقۇم بىزگە بىر پۇرسەت بېرىدۇ، ئۇ قولدىن كەتسە ئىش چاتاق .

_ پاراڭ قىلماڭلار. ھازىر سىلەرنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىمىز ، ھەممىڭلار تىزىلىپ رەتلىك تۇرۇڭلار ، - دېدى قاپىقى يامان بىر ئۇيغۇر ئوفىتسېر .

باشقىلار ئۇنى << قولىدا ئەملى بار ئوخشايدۇ >> دەپ ئويلاشتى.

_ بۇلار ئەمدى بىزنى نېمە قىلار، ھەي بۇلارنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىغاندا بىر شۇملۇق بار.

_ نېمە شۇملۇقتۇ ؟

_ نېمە بولسا ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆردۇق - تە .

_ نېمانداق سۆرلۈك يەر بۇ ؟

_ كېينچە ئاستا- ئاستا كۆنۈپ قالارمىز.

_ ئاۋۋال نېمە ئىشلار بولىدۇ، كۆرۈپ باقمامدۇق .

ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەسۋەسە ، بىئارامچىلىق ، قىزىقىش ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى. نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقاتتى. يېنىك - يېنىك تىنىق ئالاتتى.

شۇ ئارىدا ھېلىقى ئوفىتسېر بۇلارنى يەنە قايتىدىن تىزىلدۇرۇپ ، ياتاقلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.

_ ئىدلىنقى قاتار بىرنجى ياتاققا مېڭىڭلار .

_ بىز ماۋۇ يەتتىمىز بىر يەردىن ئىدۇق. بىر ياتاققا كىرگەن بولساق ، - دېدى ھېلىقى ئوفىتسېرنىيڭ مۇلايىملىقىدىن كۆڭلى تىنغان قۇربان .

_ بولىدۇ . ئالدىرماي تۇرۇڭلار - ھە !

<< بۇ بىزگە باشلىق بولسا ياخشى بولىدىغان بولدى >> دەپ ئويلاشتى ئۇلار.

_ سىلەر توققۇزىنجى ياتاققا بېرىڭلار ! _ دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر .

_ مانا ، ياخشى بولدى، - دېدى قۇربان خۇشال بولۇپ ،- يۈرۈڭلار.

_ ھوي ، تىزىلىپ مېڭىڭلار ، تىزىلىپ....

ئۇلار زەي پۇراپ تۇرىدىغان ياتاقلارغا ئون نەچچىدىن بولۇپ ئورۇنلاشتى.

_ ئاھ ، خۇدا ، ياتار يېرىمىز مۇشۇ بولىدىمۇ ئەمدى.

_ ئەسكى يوتقان ، ماۋۇ كارىۋاتلارغا سېلىنغان كىگىزلەرگە قاراڭلار.

_ كىيىمنى سالمايدىغان گەپكەن - دە .

_ نېمە كۆرگۈلۈكتۇ بۇ ؟

_ باشقا كەلگەننى كۆرىمىز - دە.

_ ھېرىپ كەتتۇق ، ياتايلى ، كەچمۇ بولۇپ قالدى، يول ئازابى گۆر ئازابى دەپ ، يەتكۈچە ھاردۇق.

ئۇلارنى ئوي - خىيال بېسىپ جىممىدە بولۇپ كېتىشتى . قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئۆي ئىچىدە ئېغىر ئۇھ تارتىشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ ئۆپكىلىرىگە ئاچچىق موخۇركىنىڭ ئىسلىرى ئۇرۇلۇپ قېقىلىپ - قېقىلىپ يۆتىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يىغا- زارە قىلىپ قالغان ئاتا- ئانىلىرى ، تۇغقان - قېرىنداشلىرى نېرى بولمايتتى. ئۇلارنى ئەسلىگەنسېرى يۈرەكلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ ، ئۆزلىرىنى يېگانە ، غېرىپ ھېس قىلاتتى. قۇربان چىمەنگۈل بەرگەن ياغلىقنى يۈزلىرىگە سۈرتتى. باغرىغا باستى . ئىچىگە ئوت چۈشكەندە تولغاندى. چىمەنگۈلنىڭ غەمكىن ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، يۈرىكىنى پارە_ پارە قىلدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايغاندەك بولدى. كېيىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ، داۋۇت پالۋاننى خىيال قىلدى. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ھېچ چېكى چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كېچە ھەرخىل خىياللار قاينىمىدا توختاۋسىز ئۈزۈپ چىقتى.....

داۋامى بار .....

[size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-19 16:27:26 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 17:28:33

ئوزىنىڭ گوشنى ئوزىنىڭ يېغىدا قورۇشنى قەيەردىن، كىمدىن ئوگىنىۋالغان بولغيتتى بۇ بەدبەخت باسقۇنچىلار!؟؟؟ قارا تېخى دىيىشىپ كەتكەن گېپىنى.... قارا ئۇزۇن قالماي كورىسەن، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ئاز قالدىغۇ دەيمەن جىڭغا كەلگىلى ھە!

قېنى دوستۇم داۋامىغا تەشنامىز!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 14:44:35

ئەسەرنىڭ بۇگۇنكى سانى قاچان چىقار؟؟؟
تەقەززا بوپ كەتتىم مەن~~

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 17:23:31

[color=Blue][size=4]داۋامى
تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ، ياتاق ئىشكلىرى ئەنسىز چېكىلدى .
_ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ سەپ بولۇپ تىزىلىڭلار ، ھازىر ھەربىي مەشىق باشلىنىدۇ!- دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر ئۈنلۈك ۋارقىراپ .
_ نېمانچىلا ۋارقىرايسىناۋا، ئادەمنى چۆچۈتۈپ ، - دېدى قاسىم جودا تەرىنى تۈرۈپ ، _ قانداق دېگەن بۇ .
_ تولا سۆزلىمە ، گېپىڭ چوڭغۇ سېنىڭ !
_ چوڭ بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟... ئادەمنى يەيدىغاندەك قارايسەنغۇ ؟
_ پاھ ، پاھ ، ماۋۇنى قارا !- ئۇنىڭ مۇلايىم چىرايىغا غەزەپ تولدى، - بىز خەق دېگەننىڭ گېپى يوغان، شۇڭا تاياقنى كۆپ يەپ ، دەشنامدىن قۇتۇلالماي ، ئېشەكتەك سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ.
_ ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ تۇرغىنىمدا چىشىمغا تەگمىگىنە ، ھېلى بىكار نېمە كۆرسەم كۆرىمەن دەپ ... _ قاسىم جودانىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالغاندى.
_ قانداق قىلاتتىڭ ، ۋارقىرايسەنغۇ ؟ سەن نېمانداق يوغانچى نېمە ؟ _ ئۇ سىرتقا چىقىپ ۋارقىرىدى. : _ بۇياققا كېلىڭلار !
قۇربان << ھەي ئەمدى قاسىمغا چاتاق بولدىغان بولدى، قانداق قىلارمىز . >> دېگەننى ئويلاپ ، ياسىنجانغا قارىدى. ئۇمۇم ئەندىشە ئىچىدە تېپىرلاۋاتاتتى.
بىر نەچچە ئەسكەرلەر قوراللىق ھالدا ، ياتاققا باستۇرۇپ كىردى.
_ ئاۋۇ يىرتىق چاپان كىيىۋالغان رەزىگىنى باغلاڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى رەڭگى ئۆچكەن ئوفىتسېر .
ئۇلار ئېتىلىپ كېلىشىپ قاسىم جودانى ئاران باغلاشتى .
_ خاپا بولماڭ ، - دېدى قۇربان سىلىق سۆزلەپ ، _ ھەممىمىز مۇسۇلمان ، ئۇيغۇر ... ئۇنى قويۇپ بەرسىڭىز .
_ قوي ئۇنداق گېپىڭنى ، بۇ خەققە ياخشىلىق ياراشمايدىغان خەق ، ئۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار .
قاسىم جودا يېنىدا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەرلەرنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ئاغىنىلىرىگە :
_ ئۇنىڭغا يېلىنماڭلار ، مۇناپىق دېگەنگە سۆز كار قىلمايدۇ، بۇنداقلار پۇل ، مەنسەپ ئۈچۈن ئاتىسىنىمۇ تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ ، - دېدى ئاچچىقى بىلەن .
ئۇلار قاسىم جودانى ئېلىپ چىقىپ پۇت- قولىنى قايتىدىن مەھكەم باغلىدى.
_ ماڭا گەپ ياندۇرغىنىڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قوي !- دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ .
_ قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل ، مېنى ئاپام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ، مەن ئۆلسەممۇ ۋىجدانىم بىلەن ئۆلۈشنى خالايمەن . مەن سەندەك باشقىلارنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ ، پەسكەشلىك بىلەن ياشمايمەن ....
_ ئۇرۇڭلار ئۇنى! - ۋارقىرىدى ئوفىتسېر جەھلى بىلەن، قاسىم جودانىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
بىر نەچچە ئەسكەر ئۇنى پالاق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. قاسىم جودا ھەر بىر پالاق تەگكەندە چىشىنى چىشلەپ ئاچچىق تولغىناتتى... ئۇ ئاخىر بولالماي ھوشىدىن كەتتى. يول - يول تىلىنغان بەدەنلىرىدىن قان تامچىلاۋاتاتتى.
_ ئۇنى ئاپىرىپ سۇغا چىلاڭلار ، - دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر مەيۈس ھالدا . ئۇ قاسىم جودانى : << ماڭا يالۋۇرۇپ خاتا قىپتىمەن >> دەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغانىدەك چىقمىغانلىقى ئۇنى ئېغىر ئويلارغا سېلىپ قويىدى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران قالدى.
مەيداندا سەپ بولۇپ تىزىلغان ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنغانلار بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشكە قاراپ باغرى ئېزىلگەن ھالدا تۇرۇشاتتى.
بۇنىڭدىن بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرسە ، بەزىلىرىنىڭ يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتلىرى قايتىدىن يالقۇنجايتتى. كۆزلىرىگە قەھرى - غەزەپ تولاتتى. ئەپسۇسكى ، ئۇلار تەڭلەنگەن مىلتىقلار ئالدىدا ئامالسىز ئىدى، << خەپلا >> دەيتتى پەقەت لېۋىنى چىشلىشىپ .
بۇلارنى ھېلىقى ئوفىتسېر قايتىدىن رەتلىگەندىن كېيىن ، بۇلارنىڭ ئالدىدا تەلەتى ناھايىتى يامان ، ئۇدۇل چىشلىرى ھېڭگىيىپ تۇرغان بىر كىشى پەيدا بولدى.
_ بۇ خۇ تۆەنجاڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ، سىلەرگە مۇشۇ خۇ جانابلىرى مەسئۇل بولىدۇ، - دەپ ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېگىز بوي ، دۇمچەكرەك كەلگەن ، پاناق بۇرۇن بىر ئادەمنى ، -بۇ لى فۇگۇەن جانابىرى ، - دەپ تونۇشتۇردى.
بۇ ئىككەيلەن ئالدىدا تۇرغانلارنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك ، ئۇلاردىن يىرگىنىۋاتقاندەك ئەلپازدا ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى.
_ ھازىر سىلەرگە بۇ ئىككىيلەن مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ، تۈزۈملەرنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ، مەن تەرجىمە قىلىپ بېرىمەن ، ئوبدان ئاڭلاڭلار ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولمسا سلەرمۇ ئاۋۇنىڭدەك كۈنگە قالسلەر ، - دېدى . ئاندىن ئۇ خۇ تۆەنجاڭغا قاراپ ، _ مەن سلەرنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم ، قېنى ئەمسە سلەر سۆزلەڭلار ، دىققەت، ھازىر خۇ تۆەنجاڭ سلەرگە سۆز قىلىدۇ، - دېدى .

ئۇ قەددىنى بىر كېرىۋېلىپ ، سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

_ بىز سلەرنى ئۈچ ئاي مۇددەت بىلەن ئەسكەرلىك تەلىمنى بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدۇق ...

بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى غۇدۇراشقا باشلىدى.

_ بىر ئاي دېگەن ئىدىغۇ ؟

_ بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ؟

_ بىزنى ئالداپتۇ !

_ تىنىچ ، تىنىچلىنىڭلار ، گەپ قىلماڭلار !- دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر بويىنىنى سوزۇپ . خۇ تۆەنجاڭ دېگىنى گېپىنى داۋام قىلدى :

_ سلەر ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىقتىن كېيىن ، جىڭدىكى چوڭ سېپىلنى رېمونىت قىلسلەر ، ئون سائەت ئەمگەك قىلسلەر ، جەمئىي ئون بىر سائەت مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمگەك قىلىشنىڭمۇ ئۆزى ھەربىي مەشىق ... تاماق ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ. ئەتىگەندە سەي ، موما ، كەچتە سۈيۇقئاش ، تويۇڭلار ، تويماڭلار ئارتۇق بېرىلمەيدۇ. چوڭ - كىچىك تەرەت ئەتىگەندە تۈگىتىلىدۇ. ئەمگەك ۋاقتىدا چوڭ تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ. كىمدە - كىم ئەمگەك ۋاقتىدا تەرەت قىلسا << قاچتى >> ھېسابلىنىپ ، كاللىسىدىن تۈتۈن چىقىرىلىدۇ. دەرۋازا ئالدىدا قوغداش بۆلۈمىنىڭ قوراللىق ئادەملىرى پوست تۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئىشقا چىققاندىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يولدا ماڭغاندا ئۆيان - بۇيان قارىماي ئۇدۇل ماڭىسلەر ، قوراللىق ئەسكەرلەر سلەر بىلەن بىرگە بېرىپ ، بىرگە قايتىدۇ. ئەمگەكتە سۇسلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. سىرتتىن غەيرىي كىشى ياكى تۇغقانلار ئىزلەپ كەلسە، ئۇلارغا ئىختىيارىي قاراشقا ، سۆزلەشكە بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ، ئىناۋەتلىك ئادەملەرنىڭ رەسمىيەتلىرى بولسا كۆرۈشكە بولىدۇ. كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ يەنە تۈزۈملەر ئورنىتىلىدۇ. شۇ تۈزۈم بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە ، ئەھۋالغا قاراپ تاپىنىغا ۋە كاسىسىغا 50 ياكى 100 دەررە ئۇرىلىدۇ. پۇتىغا << ئۆلۈك ئات >> ئاتىنىڭ تاقىسى سېلىنىدۇ. ۋەھاكازالار ... ئەتىدىن تارتىپ رەسمىي ئىشقا چۈشىسلەر ، سۆزۈم تۈگىدى.

ئۇ سۆزىنى مىك تەسلىكتە تۈگەتكەندىن كېيىن ، لى فۇگۇەن بىر قاتار مەسىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئاندىن بۇلارنى پەيلەرگە بۆلۈپ ، ئۆزلىرى ئىچىدىن باشلىقلارنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ئاشپىزى جىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاشپىزى سېمىز، گەۋدىلىك كەلگەن 50 ياشلاردىكى ماموتئاخۇن ئىدى.

داۋامى بار..........

[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 17:33:37

يا پاناھا!!!!!! مۇنداقمۇ ئىشلەتكەن بارمۇ ھە؟؟؟؟؟ ئىشەكنىمۇ ئادەتتە كۈندە بىر ئىككى ۋاق سۇغۇرۇپ، قورسىقىغا تويغۇچە بىر نىمە بېرىپ، قوناق بېرىپ كۈچلەندۈرۈپ ئىشقا سالىمىز!!! بىچارىلەرنى رودىپاي قىلىۋېتىدىكەندە! ھەي ئۇلۇغ خۇدا.... خەلقىمىز تارتقان كۈلپەتلەر نىمانچە كوپ!!!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 16:24:14

[color=Blue][size=4]داۋامى

بۇلار تارقالغاندىن كېيىن ، قۇربان ئۆزلىرىگە باشلىق بولغان ساۋۇتنىڭ يېنىغا باردى - دە :

_ قاسىمنى بىزنىڭ قاتارىمىزغا ياندۇرۇپ كەلسەك بوپتىكەن ، - دېدى بوش شىۋىرلاپ .

_ بولىدۇ ، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي ، سلەر تامىقىڭلارنى ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كېتىڭلار ، - دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ .

_ ماقۇل ئەمسە بىر ئامالىنى قىلارسەن - ھە .

_ بولىدۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي ...

ساۋۇت ھېلىقى ئۇيغۇر ئوفىتسېرنىڭ يېنىغا باردى - دە ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى .

_ نېمە گەپ ؟- دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماي .

_ بايا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بىزنىڭ يۇرتلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇنى مېنىڭ پېيىمگە قېتىپ قويىسىڭىز..._ ئۇ بۇ سۆزلەرنى قورۇنۇپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئېيتتى.

_ ئۇنى مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوقتى ... بىر ئۇ بەك يوغانچىلىق قىلىپ ، ئاچچىقىمنى كەلتۇرۇپ قويدى . بىز ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم ، سەن قايتىپ تۇر، مەن ئويلىشىپ باقاي....

بولىدۇ، بولىدۇ ، ئويلىشىپ باقارسىز ... _ ساۋۇت كەينىچىلەپ مېڭىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كەچقۇرۇن ساۋۇت ھېلقى ئوفتسېر بىلەن كۆرۈشۈپ ، قاسىم جودانى شۇ يەردىكى ھەربىي دوختۇرخانىغا كۆرسەتتى. كۆزەينەكلىك دوختۇر ئۇنى كۆرۈپ :

_ ھەي مۇشۇنداقمۇ ئۇرۇۋەتكەن بارمۇ ؟ _ دېدى ئېچىنىش بىلەن بېشىنى چايقاپ ۋە قاسىم جودانىڭ يارىسىغا ئاز- تولا دورا سۈركەپ تېڭىپ قويدى. قاسىم جودا غەزەپتىن تىترەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنجايتتى. كۆزلىرى قەھرلىك چاقنايتتى.

ساۋۇت ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتاققا ئېلىپ كىردى- دە :

_ بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار ، - دەپ جىلكىلىگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار قاسىم جودانى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇشتى.

_ بۇلار ئادەم ئەمەس ، يىرتقۇچلاركەن ، ھېلقى نېمىنى خېلى ياخشى نېمە ئوخشايدۇ دېسەم ، ئۇمۇ جاللاتلارنىڭ شېرىكى ئوخشايدۇ ، - دەپ ئاچچىقلاندى مۇھەممەت گاڭگۇڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ .

_ بۇلارنى بىزنى ئالداپتۇ ، بىر ئاي دەپ ئەكەلگەن ، ئەمدى ئۈچ ئاي دېدى ، بۇلارنىڭ مەقستى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش ئەمەس، ئەمگەك قىلدۇرۇش ئىكەن ! - دېدى ياسىنجان قايناپ سۆزلەپ .

_ ھازىرچە ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ تۇرايلى . ئاچچىقلىنىش بىلەن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. - دېدى قۇربان غەمكىن ھالدا .

_ ھەي نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان ، بىز قاچانغىچە بۇلارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ ياشايمىز. خۇدا بۇيرۇسا بۇ يەردىن قۇتۇلسام ، بۇلاردىن قىساس ئالماي قويمايمەن ..._ دېدى قاسىم جودا ئىنىجىقلاپ تۇرۇپ .

_ ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت دېگەن سۆز بار ، ئالدىرىمساق بىزگىمۇ كېلىدۇ، كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرنىڭ ئالدىدا خار بولمىغان ، - دېدى قۇربان كەسكىن قىلىپ .

_ توغرا دېدىڭ ، - دېيىشتى باشقىلار بىردەك باش لىڭشىتىپ .

ئۇلار ئۆز ئارا دەردىنى تۆكۈشكەندىن كېيىن شۈكلەپ ، مۈڭلۈق خىياللارغا ئەسىر بولۇشتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل غېرىبلىق ئوتى كۆيدۈرۈپ ، ئاچچىق - ئاچچىق نىدا قىلدۇراتتى. ئۇلار ئايىغى چىقماس ئوي - خىياللاردا پۇچىلىناتتى. بۈگۈن قانداق ئىش سەۋەب بولدىكى ، بۇلارغا بىر كۈن دەم ئېلىش بەرگەنىدى .

ئەتىسى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇش پۈشتىكى چېلىنىپ ، ياتاق - ياتاقلارنىڭ ئىشىكلىرى ئەنسىز قېقىلدى.

_ نېمىدىگەن سەھەردە ئويغانغان گەپ بۇ ؟- دېدى قۇربان كۆزىنى ئاران ئېچىپ ، كىيىملىرىنى ئىزدىگەچ .

باشقىلارمۇ غودۇرىغىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

_ قاسىمنى قانداق قىلىمىز ؟ - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ قۇربانغا قاراپ .

_ مەن ساۋۇتقا دەپ باقاي .

ئۇلار سىرتقا چىققاندا ، تاڭ تېخى يورىمىغانىدى . سالقىن شامال يۈزلەرنى يېنىك سىپاپ ئۆتەتتى. قەيەردىندۇر ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

_ ساۋۇت قاسىمنى بۈگۈنگىچە ...

_ بولدى ئۇ بۈگۈن دەم ئالسۇن ، مەن دەپ قويدۇم ، سەپكە تىزىلىڭلار ، ھەربىي مەشىنقى تۈگىتىپ تاماق يەيسلەر ، ئاندىن ئەمگەككە بارىمىز، مېنى گەپكە قويىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار .

_ ئۇنداق ئىشنى قىلمايمىز، خاتىرجەم بول ، ياخشى سەن بىزگە باشلىق بولۇپ قاپتىكەنسەن ، بىر يۇرتلۇق دېگەن .

_ تېز بولۇڭلار ھەربىي مەشقنى باشلايمىز !- بىرى ئەنسىز ھالدا كانىينى كېرىپ ۋارقىرىدى .

داۋامى بار......

[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 16:36:44

رەھمەت سىزگە دوستۇم نازاكەت! سىز يوللاپ كېلىۋاتقان بۇ ئەسەر ھەر كۈنى بىر سان، كوپ بولسا ئىككى سان چىقىدۇ! مەن ھەربىر سانى چىققان زاماتلا ئوقۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن... بولسا سانلىرى تېزرەك چىقسا دوستۇم[em50] بەك ساقلاپ كېتىدىكەنمەن.........[em79]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 17:43:53

ئەسسالام كۇسەن ئەپەندىم ، مېنىڭمىغۇ تېزرەك يوللاپ سىلەرنىمۇ تېزرەك بۇ ئەسەردىن تولۇق خەۋەردار قىلغۇم بار، ئەمما ئامال يوقكەن ، خىزمەتىنىڭ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپلا چىقىرالايدىكەنمەن . خۇدايىم بۇيرىسا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تېزرەك يوللاپ تۇرىمەن . سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت!!!![em72]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 18:08:40

[color=Blue][size=4]داۋامى
ھەربىي مەشىق باشلاندى. يۈگۈرۈش، ئۆمىلەش، سەكرەش ...
كىم مەشىقتە سەل بوشاڭلىق قىلسا ، شۇنىڭغا جازا تايىقى تېگەتتى.
_ ھەرىكەت تېز بولسۇن ، چەبدەس بولۇڭلار، ھەي ھاڭۋاقتىلىق قىلما ، ھېلى بىكار هارام تاياق يەيسەن ...
بۇ جاپالىق مەشىق ئۆلارنىڭ ھالىنى قويمىدى. ئىككى كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھەممىسى ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ھەربىي مەشىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئاتنىڭ كۆزىدەك موما بىلەن گۆشسىز سەي بېرىلەتتى.
_ ھەي مۇشۇ تاماق بىلەن قانداقمۇ ئەمگەك قىلارمىز ،ئەجەپمۇ تۇتۇلۇپ قاپتىكەنمەن ، شۇ ۋاقىتلاردا بىر يەرلەرگە كەتسەمچۇ ؟ ئىسست..._دەپ ھەسرەت چەكتى ئەمەت دېگەن بىر يىگىت .
_ بۇ پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلىكىمۇ ھامان بىر كۈنى ئوڭلىنىدۇ ، چىداش كېرەك ، بىز ھەقىقەتنى بىر كۈنى تاپىمىز، - دېدى قۇربان چوكا بىلەن سەينى قىسىۋېتىپ .
_ ھەربىي مەشقنى ئۆگىنىپ قويغىنىمىزمۇ ياخشى ، بىر كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالىدۇ، - دېدى ياسىنجان .
_ ھەربىي مەشىق قىلسامۇ ھەممىگە تەييار ئىدىم ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ مۇشۇ تاماق بىلەن قانداقمۇ كەچ بولار ؟- دېدى ئەمەت يەنە .
_ روزى تۇتتۇق - دە، - قۇربان مىيىقىدا كۈلدى.
ئۈچىنچى كۈنى چۈشلۈك تاماق يەۋاتاتتى. ئوفتسېرنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.
_ بولۇڭلار ، تاماقنى تېز يەڭلار، ماڭىمىز.
ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تەسلىكتە تۇرۇشتى . قورالالانغان ئەسكەرلەر ئۇلارنى قورشاپ ئېلىپ مېڭىپ ، چوڭ دەرۋازىدىكى پوستلار ئالدىدىن ئۆتتى. گومىنداڭچىلار بۇلارنىڭ بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا خىللانغان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ ماڭاتتى.
ئۇلار جىگنىڭ چوڭ سېپىل تۈۋىگە كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈندى . بىر قىسمى كېسەك قويۇشقا ، يەنە بىر قىسمى سېپىلنىڭ ئۈستىنى تەكشىلەپ تام ئېتىشكە بۇيرۇلدى.
بۇ سېپىل مىڭ مودىن ئوشۇقراق دائىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، 24 ئورۇندا پوتىيى بار ئىدى. سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز مېتىردىن ئارتۇقراق ئىدى. مۇشۇنداق ئۇزۇنلۇق ئۈستىگە يەنە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ، يېرىم مېتىر كەڭلىكتە تام ئېتىش، تۆت تەرەپكە ، دەرۋازا ئۈستىگە تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە پوتەي ياساش، سېپىل سىرتىدىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر ، كەڭلىكى ئىككى مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ مېتىردىن ئوشۇقراق قىلىپ خەندەك كولاش ئۆز يۇرتىدا غېرىبلىق تارتىپ يۈرگەن پېقىرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.
ئىش باشلىنىپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى كوكىراپ كەتتى. كەچ كىرىشكە تېخى بالدۇر ئىدى.
<< نېمە ئىش بۇ ؟ بۇلارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ >> دېگەننى ئويلىدى كېسەك قويۇۋاتقان قۇربان .
_ تېز ، تېز ئىشلىمەمسەن چەنتۇ !- دېدى مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەسكەر قۇربانغا ۋارقىراپ .
_ ئىشلەۋاتىمەنغۇ ؟- دېدى قۇربان توڭلۇق بىلەن .
_ ۋاقىرايسەنغۇ ؟- ھېلىقى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مىلتىق پاينىكى بىلەن قۇرباننىڭ كۆكرىكىگە بىرنى سالدى. قۇربان كەينىگە داجىپ ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ ، ئۆز ئىشى بىلەن بولدى . يەنە بىر نېمە دېسە تاياق يېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.
ئۇدەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، چوڭقۇر تىنىدى.
_ ھوي سەن ئولتۇرسەنغۇ ؟
_ تەرىتىم قىستاپ كەتتى.
_ ئەتىگەن نېمە ئىش قىلغان ؟
_ كەلمىسە قانداق قىلىمەن .
_ تۇرە ، ئاناڭنى چەنتۇ !- ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ھېلىقى بالىنى توقماق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرىۋەتتى. ئۇ ئىشتان بېغىنى تۇتۇۋېلىپ ، ھەر تەرەپكە دومىلاپ ۋارقىرايتتى. بۇ تەرەپكە كەلگەن بەش ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشەتتى. ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپەتتى. ئۇنىڭ قولى ئىشتان بېغىدىن چىقىپ كېتىشكە ئەسكەرلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
_ ئاۋۇنى قارا يالىڭاچ ... ھا... ھا... ھا...
ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنىلغانلار بۇنىڭغا قاراپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەشتى. غەزەپ - نەپرەتتىن تەنلىرى چايقالدى. ئاخىرى ئامالسىز ھالدا غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشتى .
كەچ كىرگەنسېرى ئۇلار دەرمانسىزلىنىپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. باشلىرى قايدى . شۇ ئارىدا بىر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.
_ ماۋۇ ھارامزادىنى ئۇرايلى كېلىڭلار !- دېدى شەپكىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈۋالغان بىر ئەسكەر ئەتراپقا قاراپ ۋاقىراپ .
بىر نەچچە ئەسكەر كېلىپ ، ھېلىقى بالىنىڭ ئالىقىنىنى ئاچقۇزۇپ ، تاياق بىلەن ساۋىدى . ئاندىن تاپان ۋە كاسىسىغا توختىماستىن ئۇرغىلى تۇردى. پىچىلغان يەرلەردىن قىپقىزىل قانلار توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. ھېلىقى بالا ئاچچىق ۋارقىرايتتى . نالە بىلەن ئىڭرايتتى.
_ ۋايجان ! بولدى قىلىڭلار . يامان ئاغرىپ كەتتى... بولمىدى ...


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بىر ئادەم ئۆلگەنگە ھېچ ئىش بولمايدۇ ، - خىرىلداپ كۈلدى چىرايىدا قان دىدارى يوق بىر ئەسكەر .
_ ئۇ ھوشىدىن كەتتى. بولدى قىلىڭلار ، بولار بولمىسا كىم ئىشلەيدۇ بىزگە ، بولدى قىلىڭلار ، ئۇ بىردەم ئارام ئالسۇن .
_ ئۇ ئاشۇنداق يالىڭاچ ياتامدۇ ...
_ ياتسۇن ، تاشلاپ قويۇڭلار .
ئۇلار كۈلۈشكىنىچە تارقاپ كېتىشتى . ئەتراپتا ئىشلەۋاتقانلار بۇنى كۆرۈپ ، يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى- دە ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.
_ ئاھ خۇدا بىزنى كۆرۈۋاتامسەن ؟ بىز قانداق كۈندە ياشاۋاتىمىز، بىز نېمە بولغاندا بەندە ؟- دەپ نىدا قىلدى ئەمەت .
ئۇلار ئىشتىن يانغاندا ، ھېلىقى بالىنى بىر نەچچەيلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئەسكەرلەر ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كېتىپ بارغان تۇتقۇنلارنى ئىتتىرىپ ، سىلكىپ تېپەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي كۈلۈشەتتى.
تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ، ئىچ- ئىچىدىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى.<< ئىھ، خۇدا بىزگە ھېچ نەرسە ئاتا قىلمىساڭمۇ ، قورال بەرگەيسەن ... >> دەپ نىدا قىلىشاتتى. ۋۇجۇدىنى چىرماۋاتقان خورلۇق ، قايغۇ - ئەلەملەر دەستىدىن بوغۇلۇپ ، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى.
داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 21:59:42

تووۋا... مۇشۇنداق كۈنلەرنى ساپتىكەن ھە ........... شۇنداق تۇرۇپ نىمىشقا ئىشىنىدۇ بۇلارغا؟؟؟؟ نىمىشقا تىنچلىق بېتىمى تۈزۈلىدۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ ئاز.... بىزگىمۇ ئاز.... شۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جەنۇپتا ئاقسۇنى، شىمالدا ئۈرۈمچىنى بېسىۋەتكەن بولسا غىلىك قىلالامتى بۇ جاللاتلار!!! ھەي تەقدىر ھەي تەقدىر!!!

جىك بىر كورۇپ كەلگىچىلىكى بار ناھىيەدەك قىلامدۇ نىمە؟ شۇ قەدەر سىپىللارنىڭ ھازىر ئىزى بولمىسمۇ باردۇ ھە؟ جىگدىن توردا شلار بارمۇ؟؟؟؟؟؟؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 11:50:38

[color=Blue][size=4]ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ بارغاندا ، بىر قاچىدىن بېرىلگەن سۇيۇقئاش ئۇلارغا شۇنداق تېتىپ كەتتى. بىراق ، ئىككىنجى قاچا يوق ئىدى . ماموتئاخۇن ئاشنى بالدۇرراق سىلىپ سۇيۇقئاشنى قۇيۇقراق قىلغانىدى . ئۇ بىر قاچا ئاشنى ئىچىپ بولۇپ ، يەنە ئۈمىدتە تەلمۈرگەن كۆزلەرگە قاراپ ، ئىچى سىرىلىپ كەتتى. نېمە ئامال ؟ قازان بېشىدا كۆزىتىپ تۇرغان كۆزلەر تۇرسا ، << ھەي بۇلارغا ئۇۋال بولدى >> دەيتتى ئۇ ئىچىدە .
ئۇلار ياتاققا كىرىپ ، ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئېزىلىپ يېتىپ كېتەتتى.
_ قانداقراق بولۇپ قالدىڭ قاسىم ؟- دېدى قۇربان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ .
_ ھازىر ئازىراق ياخشى ، ھەي ، ئۇ گۇيلار بەك ئۇرىۋېتىپتىكەن ، خېلى قىينالدىم . ئاناڭنى ، خەپ ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن !- ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق ياشلار پەيدا بولدى،- مۇشۇنداق ياشايمىزمۇ ئەمدى...
_ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، خۇدا بىزگىمۇ ئاسانلىق بېرىدۇ، - دېدى ياسىنجان ئوڭدىسىغا يېتىپ .
_ ئادەم ئۆزى چارە قىلىپ يول تېپىشى كېرەك ، - دېدى قۇربان پەرىشان ھالدا .
_ بىز بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق ھارام ئۆلۈپ كېتىمىز، - دېدى قاسىم جودا .
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئېغىز ئاچتى :
_ شۇنداق قىلايلى ، نېمە كۆرسەك كۆرمەمدۇق ، قاچايلى .
_ ئېغىزىمىزغا ئاگاھ بولايلى ، تۆت تامنىڭ قۇلىقى بار ، - دېدى قۇربان .
ئۇلار چوڭقۇر تىنىشىپ ، ئېغىر خىياللارغا چۆككىنىچە ئۇيقۇغا كېتىشتى .
قاسىم جودا ئاپىسىنىڭ سولغۇن ھالىنى ئەسلەپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى... << ئۇ كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟ داۋۇتكام شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ، چوقۇم بىر ئىشنى پىلانلاۋاتىدۇ ، بۇ يەردىن قېچىپ كەتسەم... ئاپام قانداقراق تۇرغاندۇ ؟>> ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر تۈرلۈك خىياللار ئەگىيتتى...
كۈندە تەكرار - تەكرار داۋام قىلىۋاتقان ئېغىر ئەمگەك تۇتقۇنلارنىڭ مادارىنى كەتكۈزۈپ ، ھالسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئۇلارنى تىللاپ ، دۈشكەلەپ ، مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇراتتى. ئىش مەيدانىدا ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەنلەرنىڭ بەل ، پۇت ، ئالىقانلىرىغا ۋەھشىيانە ھالدا پالاق بىلەن ئۇراتتى. تاياق تەگكەن يەرلەردىن قانلار تىرىڭلاپ ئاقاتتى. تاياق زەربىسىدىن لېۋىنى چىشلەپ تولغىنىپ كېتىپ بارغان باللار جېنىدىن جاق تويياتتى||ئەسكەرلەرگە ئۆچلىكى كېلىپ ، مېڭىلىرى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئەسكەرلەر بولسا ئۇرۇپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

هالىدىن كەتكۈزۈەتكەنلەرنى يەنە تېپىپ :
_ ئۆلە هارامزادە ئېشەك !- دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى.
مۇشۇنداق هالسىزلىنىپ يىقىلغانلارنى ئۇرۇش زەربىسىدە تەمشتەك بالا كارغا كەلمەس بولۇپ يېتىپ قالدى. دوختۇرلار ئۇلارنى داۋالاپ كۆرگەن بولسىمۇ ، چوڭ ئۈنۈم هاسىل قىلالمىدى . بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى. بۇلارنى ئۇلار بىر كېچىدىلا جىمجىتلا كۆمۈۋېتىشتى. كېيىن ئۇلار بۇلارنى ياتاقداشلىرىغا : << سالامەتلىكى ياخشى بولماي ئائىلىسىگە يولغا سېلىۋەتتۇق >> دەپ ئۇقتۇرۇپ قويىدى. سالامەتلىگى سەل ئەسلىگە كەلگەنلەرگە ئىككى چوڭ هاجەتخانا سېلىش بۇيرۇلدى. بۇلار ئامالسىز هالدا ، يەنە يارىلانغان تېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئىشقا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى تىنىمسىز يالقۇنجايتتى.
داۋامى بار.....[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 12:02:06

هەر كۈنى كۈلۈبقا كېلىپ تۈنجى قىلىدىغان ئىشىم مۇشۇ ئەسەرنىڭ يېڭى سانىنى كورۇش بولۇپ قالدى!.... رەهمەت سىزگە قارامايلىق دوستىمىز نازاكەت![em72]
قولىلىرىڭىز هارمىسۇن!

مەن بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئوز ۋاقتىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان زور - زور سېپىلارنىڭ، قورغانلارنىڭ قانداق قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.... بۇرۇن ئەسەرلەردە ئاجايىپ مۇستەهكەم قورغانلار دېيىلسە ئانچە ئېرەنشىمەيلا، شۇنداق مۇستەهكەم قورغىنى، سېپىلى باركىنا دەپلا ئوتۇپ كېتەتتىم، بۇ سېپىلارنىڭ قانداق بەرپا قىلىنغانلىقى هەققىدە بىر نەرسە بىلمىگەنىكەنمەن.... ئەسلىدە ئۇ يىگىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن ياسالغانىكەندە!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 12:32:29

ئاپلا كۇسەن ئەپەندى ، مەن قارامايلىق ئەمەس جۇمۇ قارامايىنىڭ رايونى نومۇرى 0990، مەن بورتالادىن (0909) ...
كۆپ رەهمەت !!![em80]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 13:10:48

ئو......... ۋاي ئاللا!!!!!!!! قارا قارا يۇرتۇمنىڭ هەربىر ئوي- دوڭلىرىنى پىششىق بىلىمەن دەپ يۇرۇپ مانا هالىمنى كورۇڭ! ئەپۇ قىلىڭ دوستۇم نازاكەت خاتالىشىپتىمەن.... ئىشقىلىپ مەن پەقەتلا كورۇپ باقمىغان، ئەمما كورۇشنى هەر ۋاقىت ئارزۇ قىلىدىغان يۇرتلارنىڭ بىرىدىنىكەنسىز! ئاللاه شادلىق يار قىلسۇن! قەلىمىڭىز هارمىغاي دوستۇم!

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 12:32:27

ئەسسالام دوستۇم... ئەسەرنىڭ ئاخىرقى سانلىرىنى ساقلاپ قالدىم.... قاچان چىقار؟
ئۇلارنىڭ ئەهۋالى كېيىن قانداق بولغاندۇ؟ ئۇلار بۇ جوهۇتلار قولىدىن قۇتۇلغانمىدۇ؟؟؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 15:12:50


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]قاسم جودا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ، ئىغىر << ئۇھ >> تارتتى- دە :
_ بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ - دېدى .
_ شۇنداقتەكمۇ تۇرىدۇ. پىتمۇ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ . بەزىلىرىمىز قوتۇرلىشىپمۇ كەتتۇق ، - دېدى ئەمەت خۇيلانغان هالدا .
_ بۇلارنىڭ زۇلمى هەددىن ئېشىپ كەتتى. ئاڭلىساق بۇلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بالىلارنى مەخپى كۆمۈپلا جىمىقتۇرۇۋېتىپتۇ ، ساۋۇت شۇنداق دەيدۇ ، - دېدى ياسىنجان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .
_ ئۇششۇك هەرىسى ئۆلەر ۋاقتىدا يامانلىشىپ كېتىدۇ، - دېدى قۇربان .
_ بىزى ئەتە جىگدە كەسكىلى ئېلىپ چىقىدىغان گەپ بارغۇ ؟ ئەجەپمۇ ئىشى تولا خەققەن بۇ ، بىز قۇل بولدۇققۇ ئەمدى ، بۇنداق ياشىغاندىن بىرىنى بولىسمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلگەن ياخشى ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، - ئادەمگە هامان بىر ئۆلۈمغۇ ؟
_ توغرا دېدىڭ ، شۇنداق قىلايلى ، ئۇلارنىڭ بىرىنى بولىسمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلسەك ئارمان يوق ، - قاسم جودا غەزەپ بىلەن مۇشتىلىرىنى تۈگدى.
_ هازىرچە ئۆزىمىزنى بېسىپ تۇرايلى ، ئاچچىق ئەقلىنى كېسىدۇ . شۇڭا ئوبدان ئويلىنىپ بىر ئىش قىلايلى ، - دېدى قۇربان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .
_ قاچانغىچە ئاچچىقىمىزغا هاي بېرىپ ياشايمىز ؟
_ شۇنداق ، ئۆلسەك ئېلىشىپ ئۆلەيلى ، جاندىن تويدۇق
_ قانغان قان ، جانغا جان ئالىمىدۇق !
_ قىزىق قانلىق قىلمايلى ، ئەتىگىچە بىر ئويلىشىپ كۆرەيلى ، ئۇلاردا قورال بار، بىر نېمە دېسەكلا ئېتىپ تاشلايدۇ . هازىرغىچە چىدىدۇق . يەنە ئاز ۋاقىت چىداپ تۇرايلى . بىكار ئۆز پۇتىمىزغا ئۆزىمىز پالتا چېپىۋالمىز. بۇگۈنچە ئۇخلاپ ئارام ئالايلى ....
_ بوپتۇ ، شۇنداق قىلايلى . ئەمىسە ئۇخلىدۇق . ئەي خۇدا بۇ دوزاخ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن ...
ئەتىسى راست دېگەندەك يىگىرمە ئادەمنى باجاڭجۇغا جىگدە كەسكىلى ئېلىپ چىقتى . بۇلارنىڭ يىگىرمە كۈنلۈك ۋەزىپىسى مىڭ هارۋا ئوتۇن ئىدى . ئۇلار بۇلارغا ئىتتىك پالتا بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، تامەدەك گال پالتا بېرىشتى .
ئەسكەرلەر نېرىدا تۇرىۋېلىپ ، مىلتىقلىرىنى بەتلىگىنىچە تۇتقۇنلارغا هەيۋە قىلاتتى.
_ هە تېز ، تېز بولۇڭلار ، ۋەزىپە ئورۇندالمىسا ، قانداق بولىدىغانلىقىڭلار ئۆزەڭلارغا مەلۇم . تېز ئىشلەڭلار ، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن .
قاسم جودا گال پالتىنى جىگدە شېخىغا بار ئۆچىنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك زەردە بىلەن ئۇراتتى. قۇربان كەسلەنگەن ئوتۇنلارغا هارۋىغا بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . باشقىلارمۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتاتتى. بۇلار شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ كېشى بېشىغا بىر هارۋىدىن ئوتۇننى ئاران كەسلىدى.
قۇياش تاغ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، زېمىنغا گۇگۇم پەردىسى بارا - بارا يېپىلىپ كەلمەكتە ئىدى . مەيىن شامال يۇزلەرنى سىپاپ ئۆتەتتى. نەلەردىندۇر مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشا ئېيتىۋاتقان بايخاندەك قىلاتتى. تۇتقۇنلار ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، بىرىدىنلا ئىشتىن توختاپ قېلىشتى. << بايخان ...>> دەپ پىچىرلىدى قۇربان .
_ بولۇڭلار تېز، ئەمدى قايتىمىز - دېدى جۇدىنى ئۆرلەپ قالغان بىر ئەسكەر قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى .
ئەسكەرلەر بۇلارنى قورۇ ئىچىگە هەيدەپ كىلىشكە ، هېلىقى ئەسكەر ئۇنلۇك ۋارقىرىدى.
_ بۇلارنىڭ هەممىسنى دەرەخلەرگە ئېسىڭلار !
_ بىز نېمە گۇناھ قىلغان ؟ - دېدى ياسىنجان خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەپ .
_ ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنلىمىدىڭلار ، يەنە گەپ ياندۇرىسەنغۇ ؟
بىر نەچچە ئەسكەر بۇلارنى بىر - بىرلەپ ، دەرەخكە ئاستى .
_ جىگدە ياغىچى بىلەن ئۇرۇڭلار .
_ سىلەر بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسلەر !- دەپ ۋارقىرىدى ، قۇربان جان ئاچچىقىدا .
_ سەن دېگەن هارام تاماق ، ئۇرۇڭلار !
جىگدە شېخىنىڭ هەر بىر تىكىنى سانجىلغاندا ، ئۇلار ئاچچىق ئىڭراپ تولغىناتتى. لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ قان چىقىرۋېتەتتى.
_ قاتتىق ئۇرۇڭلار ! ياخشى ئىشلىمگەننىڭ جازاسىنى تارتسۇن بۇ جەنتۇلار .
يالىڭاچ بەدەنگە سانجىلىۋاتقان تىكەن ، زەهەردەك تىل - هاقارەت ئۇلارنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتمەكتە ئىدى . تۇتقۇنلار بۇلارغا قاراپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ باشلىرىنى يەرگە سىلىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ئۆز سەپداشلىرىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىغا چىدىمايۋاتاتتى...
_ كىمكى ياخشى ئىشلىمىسە ، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، ئاڭلاشتىڭمۇ ؟
ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى ئۈندىمىدى .
_ ئاڭلاشتىڭمۇ دەۋاتىمەن !؟
ئاندا - ساندا << هە >>دېگەن سادالار ئاڭلاندى .
_ ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈپ ، سۆرىگىنىچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بۇلارغا كۆنۈپ قالغان دوختۇر بۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تىكەنلەرنى تېرىپ ئېلىۋېتىپ تېڭىپ قويدى . ئۇ ئەسكەرلەرگە ئالىيىپ قارىدى - دە ، يەنە بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى .
داۋامى بار ... [/color][/size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 17:12:46

خۇدايا مىلى توۋا دىمىسە ................ نە ئىنساب نە رەھىم بۇ ئىتلاردا ھە؟؟؟؟؟ پۇشتى نەدىن پۈتكەن جان باقتى ھارامتاماقلىدۇ بۇ دەيمەن شۇنداقمۇ قىينىغان بارمۇ؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-24 13:57:57

[color=Blue][size=4]ئۇلار تاماقلانغاندىن كېيىن ، ياتاقتا ، ۋايىسغىنچە ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا ئاستا تاشلاشتى.
_ بۇ ئىش بولمىدى، - دېدى قۇربان ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ، _ ئەمدى قېچىشنىڭ يولىنى ئىزدەيلى . ئىزدەنسەك چوقۇم قېچىشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.
_ شۇنداق قىلايلى ، بولمىسا بۇلارنىڭ قولىدا هارام ئۆلۈپ كېتىمىز ، - دېدى قاسىم جودا ئېغىر پۇشۇلداپ تۇرۇپ .
_ ئۇنداقتا قانداق قاچىمىز ؟- ئەمەت شۈبھە بىلەن سورىدى .
_ ئاۋۋال بىز ماھۇتئاخۇنكامدىن يول سورايلى ، ئۇ ئادەمنىڭ نىيتى دۇرۇستەك قىلىدۇ ھەم بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ توغرا شۇ ئادەمدىن سورايلى ،- دېدى بۇلارنىڭ ئارىسغا يېڭىدىن قېتىلغان ئاۋۇت دېگەن بىرى .
_ بۇ ئىش ناھايىتى مەخپىي بولسۇن ، ئاشكارىلىنىپ قالسا ، هالىمىز خەتەر ، ھەممىمىز تەقدىرداش ئادەملەر ، شۇڭا بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىپ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇۋاتىمىز ...- دېدى قۇربان چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ .
_ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ، ھەممىمىز سىر ساقلايمىز . ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلالمىساق قانداقمۇ بىر ئىش قىلالايمىز ؟
_ ئەمدى قورقىدىغان يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇلاردىن شەپقەت كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تىلىگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالدى.
_ ئەتە بىزنى يەنە ئىشقا ئاچىقارمۇ ؟
_ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ .
_ مۇشۇ ھالىمىز بىلەن قانداقمۇ ئىشلەرمىز ؟
_ ساۋۇتنى يالغاندىن باشلىق قىلىپ قويۇپتىكەن بۇلار .
_ ۋاي ، ۋاي ئەجەپ ئاغرىدى . شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ ؟ جاللاتلار ...
ئۇلارنى ئاغرىق ئازابى قىيىناقتا ئىدى. جاراھەتلەنگە يەرلىرى ئېچىشىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇلار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، چوڭقۇر تىناتتى.
سەھەر ، ھەربىي مەشقتىن كېيىن، جىددىي يىغىلىشقا بۇيرۇق قىلىندى. ھەممە ئەسكەرلەر پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى .
خۇ تەۋەنجاڭ ، لى فۇگۇەنلەر چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ بۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .ھېلقى ئۇيغۇر ئوفىتسېرمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇراتتى .
_ بىزنىڭ تۈزۈممىزگە رىئايە قىلماي ،- دېدى خۇ تەۋەنجاڭ ئۇنلۇك قىلىپ ،- بىر قىسىم كىشلەر قاچماقچى بولۇپ ، يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن ...
قۇربان ، قاسىم جودا ، ياسىنجانلارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى- دە : << ھەي ئىچىمىزدىن خائىن چىقىپتۇ >> دېگەننى خىيال قىلىشىپ ، گۇماننى ئاۋۇتقا مەركەزلەشتۈردى. رىست، دېگەندەك قاچماقچى بولغانلارنىڭ تىزىملىكى ئىچىدە ئاۋۇتنىڭ ئىسمى چىقمىدى . خۇ تەۋەنجاڭ ئالدىنئالا ھەر بىر ياتاقتا بىردىن جاسۇس ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى .
_ قېنى ئىسمى ئاتالغانلار ئالدىغا چىقىڭلار ، - دېدى لى فۇگۇەن توپ ئارىسغا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ .
يىگىتلەر << نېمە قىلىساڭ قىلىشمامسەن ؟ >> دېگەندەك چىرايىرىنى تۇرۇپ ئالدىغا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ مەغرۇر ھالىتى خۇ تەۋەنجاڭ بىلەن لى فۇگۇەننىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. << ماڭا باش ئەگمىگىنىڭنى بىر كۆرەي >> دەپ ئويلىدى خۇ تەۋەنجاڭ .
تۇتقۇنلار ئۆز سەپداشلىرىغا قاراپ ، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. << ئۇلارنى ئەمدى قانداق قىلىۋېتەر ؟>> دېگەن ۋەسۋەسىلىك خىياللاردا پۇچۇلاندى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، خۇدادىن ئۇلارغا ئاسانلىق تىلىدى.
_ سىلەر نېمىشقا قاچماقچى بولدۇڭلار ؟- غەزەپ ئارىلاش سورىدى خۇ تەۋەنجاڭ .
_ بىزنى بىر ئايلى ھەربىي مەشىق قىلدۇرىمىز دەپ ئېلىپ كەلگەن . هازىر ئىككى ئاي بولۇپ كەتتى. بىز بۇ يەرگە ئەمگەك قىلغىلى كەلمىگەن ، بۇ تۈگىمەس ئېغىر ئىشلار ھالىمىزنى قويمىدى ، بىز بۇ يەرنىڭ ئىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدۇق ، - دېدى ياسىنجان خۇ تەۋەنجاڭغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ .
_ سىلەر بىزنىڭ تۈزۈممىزگە رىئايە قىلمىدىڭلار ، تۈزۈمنى بىز سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتقان ... تېخى سىلەر بىزگە قارشى گەپلەرنىمۇ قىلىپسىلەر ...
_ سىلەر ئادەم تىللاۋاتساڭلار، ئۇرۇۋاتساڭلار ، بىز بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمىز.
_ بۇلارنى دەرھال دەرەخكە ئېسىڭلار ! قاچماقچى بولغاننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكىن ، كۆرۈپ قويسۇن !
قۇياش قان رەڭ ئۇپۇقتىن سۇزۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى زېمىنغا ئاستا- ئاستا چېچىلىشقا باشلىدى. لەرزان شامال دەردمەن يۈزلەرنى يۇمشاق قوللىرىدا سىلاپ ئۆتەتتى. زېمىن ئانا ئېغىر ئازاب ، ئارمانلىق ھەسرەتلەرگە بۆلەنگەنىدى.
دەرەخكە ئىككى قولىدىن ئېسىلغان قۇربان ، ياسىنجان ، قاسىم جودا ، مۇھەممەت گاڭگۇڭلار خۇ تەۋەنجاڭ ، لى فۇگۇەنلەرگە قەھرلىك


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قادىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۇرلۇك قاراشلىرىدىن خۇ تۇەنجاڭ ۋە لى فۇگۇەننىڭ تەنلىرى شۇركۇنۇپ كەتتى- دە كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئېلىپ قاچتى. قاسىم جودا ئاۋۇتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خىيال قىلدى.

_ ئۇرۇڭلار !

يالىڭاچلانغان بەدەنگە چۇبۇقلار دەھشەتلىك تېگىشكە باشلىدى. ئۇلار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ چىشىنى باساتتى. چىۋىق تەگكەن يەرلەردىن يول - يول ئىزلار پەيدا بولۇپ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار بارا- بارا ھالسىزلىنىپ باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى.

_ ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈپ پۇت ۋە ئالىقانلىرىغا ئۇن پالاقتىن ئۇرۇڭلار، بۇ ئىش كۈندە داۋاملاشسۇن !

ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولۇپ كەتتى.

زەردە بىلەن تەگكەن پالاقلاردىن ئۇلار خۇدىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى ، پۇت - قوللىرى ھەرىكەتتىكە كەلمەي قالدى.

_ بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قويۇڭلار ، كۈنىگە بىر ۋاخ تاماق بېرىلسۇن ! كىمدە- كىم يەنە قېچىشقا ئۇرۇنىدىكەن ، بىز ئۇلارغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلمايمىز، ھازىر بۇلارنى ئاپىرىپ سۇغا چۆكتۈرۈڭلار .

بۇلارنى ئۇن كۈن ئەنە شۇنداق قىينىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يەنە قاچماسلىق توغرىسىدا ھۆججەت ئېلىشىپ ، ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇۋېتىشتى . بۇلارنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەت ئېغىزلىرى تېخى ساقايماي تۇرۇپلا، ئەمگەك قىلىشقا ھەيدىدى . ئۇلارنىڭ پۇت، قوللىرى تۈزۈك ھەرىكەتتىكە كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىنى تەسلىكتە ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، مېڭىشقا ، ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇلار ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە ئەمگەكنى ئاستا قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئاچچىق تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ ، ۋەھشىيلەرچە ئۇراتتى. ئۇلار كېچە- كۈندۈز ئۆزلىرىگە ئاللادىن مەدەت تىلەپ ، نالە- پەرياد قىلاتتى. << ھەي ، ئۇلۇغ تەڭرىم ، بىزگە نىجاتلىق بەرسەڭچۇ ؟ بىز زادى نېمە گۇناھ قىلدۇق ؟ بەختىسىز ھامان بىزگە تەتۈر قارامدۇ ؟ ....>>

بۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئاۋۇت قاتارلىق بىر قانچىسى قولىدا سىم قامچا ئوينىتىپ ، ئۇلارنىڭ بېشىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنى كىيىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ گىدىيىپ مېڭىشلىرى قاسىم جودا، قۇربانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى.

_ خائىن ، تۇفى ، نىجاسەت چوشقا !

_ بۇ مۇناپىقلار بىر كۈنى خەلق ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ، بىزنى سېتىپ قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەر.

_ مۇناپىق دېگەن ئاخىر ئىتتىنمۇ بەتتەر كۈن كۆرىدۇ.

_ قارا ئۇنىڭ ھېجىيىۋاتقىنىنى ، ئاناڭنى !

ئۇلار يەنىلا غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى.

داۋامى بار.... [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-24 15:05:49

ئەزەلدىن ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىنى جوھۇت، خائىنلار ۋەيران قىلىپ كەلگەن...... مۇشۇنچىلىك كىچىك بىر ئىشتىمۇ يەنىلا خائىن! تۇۋا دەيمەن... بىز شۇنداق خاس خائىن چىقىدىغان مىللەتمۇ؟؟؟

ھەي.... ئەسەرنىڭ داۋامىغا بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-25 11:24:32

[color=Blue][size=4][center]3[/center]

1944- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ، ئۇرۇمچىدىن ئىلىغا قاراپ ھەر كۈنى نەچچە ئون ماشىنا كۆك ۋە سېرىق فورما كىيگەن قوراللىق ئەسكەرلەرنى توشۇيدىغان بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇتقۇنلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قالدى . بەزىلەر : << سوۋېتتە ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ ، شۇ يەرگە ئاپىرىدىغان ئوخشايدۇ >> دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى. بىر كۈنى قۇربان زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، تاماق ئېلىش ئارىلىقىدا ماموتئاخۇندىن سورىدى .

_ ماموتئاخۇنكا ، نېمە ئىش بوپتۇ ، ئۇرۇمچىدىن ئىلىغا توختىماي ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدىغۇ ؟

_ ئىلىنىڭ نىلقا دېگەن يېرىدىن بۇلارغا قارشى ئالتە ئوغرى چىقىپتۇ ، ئۇلارنى بەكمۇ يامان نېمىلەر دەيدۇ ...- دېدى ئۇ ئەتراپقا پات- پات قاراپ ، بوش شىۋىرلاپ .

بۇنى ئاڭلىغان قۇربان خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەرنى تاپالماي قالدى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، زەخمىلەنگەن تېنى جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى دەرھال سەپداشلىرىغا ئېيتتى.

_ پاھ ، ئەجەپ ياخشى ئىش بوپتۇ . بىز ئىككىمىز بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقۇپ ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشايلى ، - دېدى قاسىم جودا قاتتىق ھاياجانلىنىپ .

_ ئاھ ، خۇدا ، ئاخىر بىز كۈتكەن كۈنلەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ ، - دېدى ياسىنجان چوڭقۇر تىنىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ مېنىڭ ھازىرلا قاچقۇم كېلىۋاتىدۇ ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ماڭغاچ .
_ بىز ئاۋۋالقى ئىشتا بۇرنىمىزغا يېدۇق ، بۇ قېتىم نىھايىتى سەگەك بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان بىرنى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرسىمىز قاچايلى . كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارمىز ، - دېدى قۇربان تەمكىن ھالدا .
_ شۇنداق قىلايلى ، خائىنلاردىن ناھايىتى پەخەس بولايلى جۇمۇ ؟ ئاۋۋت دېگەن ئادەم ئەمەس، ھايۋانكەن ، دېدى ياسىنجان ئاچچىقلاپ .
_ مېنىڭ ، - دېدى قۇربان ، - ئامانبەگ دېگەن بىر تونۇشۇم بار، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەلگەن . ئۇ بۇ يەرنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرگىچە ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇپ قاسىمنى قاچۇرۇۋېتەيلى .
_ ئۇ كىشى ئىشەنچلىكمۇ ؟- ئالدىراپ سورىدى ئەمەت .
_ خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇ ئىشەنچلىك ، مەن ئەتە ئەمگەكتىن قايتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قوياي ، ھەممىمىز ئېغىزىمىزغا دىققەت قىلايلى .
بۇ كېچە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ شېرىن بىر كېچە بولدى. سۈرە- ئايەتلەرنى يادلاپ ، ئاللادىن ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىشنى ، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدى. بۇ كېچە ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي << ئالتە ئوغرى >> نىڭ چىراي - شەكلى ، تەقى - تۇرقىنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خىيال قىلىشتى. خىيالدا ئۇلار بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، جەڭلەردە بىللە بولدى. ئۇلار يەنە داۋۋت پالۋاننى ئەسكە ئېلىشىپ ، << داۋۋتكام بۇ كۈنلەردە نەدىدۇ ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ .... >> دېگەنلەرنى ئويلىدى...
قۇربان يانچۇقىدىن چىمەنگۈل بەرگەن قول ياغلىقنى ئېلىپ مەيدىسىگە بېسىشىغا تېنىگە ئىللىق بىر سېزىم يامرىدى - دە ، ئىتتىك - ئىتتىك سوقۇپ كەتتى، سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئارامسىزلاندى.
ئاسماندا ئاي غەمكىن پارقىراپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار تىنىماستىن كۆز قىسىپ جىمىرلايتتى.
ئەتىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، قاسىم جودا ، ئامانبەگ ماۋزۇتئاخۇن ئۇستامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سېپىلنى ياقىلاپ ، دەريا تەرەپكە قاچتى ، بىر جۈپ كۆز بۇلارنى كۆرۈپ قالدى.
بىردىنلا قورۇ ئىچى پاتپاراق بولۇپ ، ئەسكەرلەر جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى - دە ، قوراللىرىنى بەتلىگىنىچە دەريا بويى تەرەپكە چېپىشتى . خۇ تۆەنجاڭ بىلەن لى فۇگۇەن بىئارام بولۇپ ، قورۇ ئىچىدە تاماكىنى ئۇزمەي چېكىپ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. [/size][/color]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-25 11:30:23

ھەي.......... يەنە شۇ خائىننىڭ بىر جۈپ كوزى كورۇپ قالدىغۇ دەيمەن ھە!!!! خائىن!!!!! نىمانداق پەس ئىنسان بۇ!!!

دىمەك بۇ ئىككىسىنى ئولتۇرۇۋېتىدىغان بولدى -دە!
ھارماڭ دوستۇم!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 10:47:59

[size=4][color=Blue]داۋامى
_ نېمىدېگەن چۆچىمگەن نېمىلەر بۇ ؟ يۈرىكىنىڭ چوڭلىقنى قارا... ئاۋۇ ئوغرىلارنىڭ ئادەمنى ساراسىمگە سالىغىنى ئازدەك ... - دەيتتى خۇ تۆەنجاڭ جىلى بوۇپ .
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، قاسىم جودانى ئۇرۇپ سوقۇپ ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئامانبەگ قېچىشقا ئۈلگۈرگەندى . قاسىم جودانىڭ باش- كۆزلىرىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى.
_ بۇ ھارامزادە ئېشەكنى دەرەخكە ئېسىپ جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار ، ئىشلەمچىلەرمۇ ئۈچ پاقالتىن ئۇرسۇن ! - دېدى خۇ تۆەنجاڭ كەسكىن قىلىپ .
قاسىم جودانى يالىڭاچلاپ ، دەرەخكە ئاستى - دە، چىۋىق بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ قان تەپچىپ ئېقىشقا باشلىدى. چىۋىقلار يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭرايتتى. ھەر بىر چىۋىق تەگكەندە ، ئايانچلىق ۋارقىرايتتى. ئۇ ئاخىر بولالماي ھوشىدىن كەتتى.
ئەتراپتا قاراپ تۇرۇشقان تۇتقۇنلار يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ ، ئىچلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراشقا چىدىماي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، ئاچچىق تىنىشتى .
_ ھەر بىرىڭلار ، - دېدى لى فۇگۇەن ، - بۇنى ئۈچ پالاقتىن ئۇرۇڭلار ، تاپان ۋە ئالقىنىغا ... ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.
تەرجىمان ئوفتسېر قاسىم جوداغا قاراپ ئىچى كۆيگەندەك بولدى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا تاڭ قالدى. << مەندە نېمە ئامال مۇشۇنداق قىلىپ جېنىمنى باقمىسام قانداق قىلىمەن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
_ ئۇرۇڭلار !- ۋارقىرىدى لى فۇگۇەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ مەن ئۇرمايمەن ،- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ قۇربانغا قاراپ .
_ ھەي ھەممىمز نابۇت بولۇپ كەتمەيلى . يالغاندىن ئۇرۇپ قويساق بولدى ئەمەسمۇ ؟
_ ئادەمنىڭ قولى بارامدۇ ؟
_ ئامال يوق ، كېچىدە ئۇلار بىلمەيدۇ .
قاسىم جودانى قورقۇپ كەتكەن ئاز ساندىكىلىرى راست ئۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپىنچىسى پالاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بوشقىنە تەگكۈزۈپ قويىد. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلاپ ، يەنىلا ئازابلاندى. قۇربان ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭلار ئىپسەدەپ يىغلاپ كەتتى. كۆپىنچىسى قاسىم جودانىڭ بىھوش ھالىغا قاراپ ، ئۇنى << ئۆلدى >> دەپ ئويلاشتى. بۇ ئىش ئەمدىلىكتە ، ئازاب ئىچىدە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن :
_ ئۇنى كۆلچەكتىكى سۇغا چۆكتۈرۈڭلار ، - دېدى خۇ تۇەنجاڭ قاپىقىنى تۈرۈپ . ئۇ مۇشۇنداق قىلسا ، سۇ زەرنى تارتىدۇ . بىزگە يەنە ئىشلەشكە ئادەم كېرەك دېگەننى ئويلاپ قالغانىدى .
ئەسكەرلەر قاسىم جودانى مەيدىسىگىچە سۇغا چۆكۈردى . خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن قاسىم جودانى سۇدىن سۇزۇپ ئېلىشتى. ئىككى ئەسكەر ئۇنى سۆرەپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى. خۇ تۇەنجاڭ تۇتقۇنلارغا بىر ھازا پوپوزا قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا تارقىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. تۇتقۇنلار ئۈن - تىنسىز تارقىلىشتى .
ئىككى ئەسكەر قاسىم جودانى ياتاققا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى . قۇربان بىلەن ياسىنجان ئۇنى دەرھال يۆلەپ ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى. قاسىم جودا يىنىك - يىنىك ئىڭرايتتى. گەپ قىلىشقا مادارى يوق بولۇپ ، ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى.
_ ئەمەت ، سۇ ئەكەل !- دېدى قۇربان .
_ مانا سۇ ... _ ئۇ ھايالشمايلا سۇ ئېلىپ كەلدى.
_ بۇلار ئادەم ئەمەس ، يىرتقۇچ ھايۋانلاركەن ، مەن ئەمدى بۇلارغا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم . مۇشۇنداقمۇ ئادەم بوزەك قىلغان بارمۇ ؟- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ .
_ بوشراق گەپ قىل ، بۇلار ئاران تۇرىدۇ، بىر نېمە دېسەك بىزنى قىرىپ تاشلاشتىن يانمايدۇ . - دېدى قۇربان .
_ يانمايدۇ ، يانمايدۇ دەپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق ، نېمىدىن قورقىمىز ؟ جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ.
_ توختاڭلار ، قاسىم گەپ قىلىۋاتىدۇ، - دېدى ياسىنجان .
_ مەن .... ئۆلۈپ ... كېتىپ قالسام .... ئاپامغا سالام ... ئېيتىپ ... قويۇڭلار ....
_ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما... ھەرگىز يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما ... - قۇرباننىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى ،- سەن ياخشى بولۇپ كېتىسەن .
بۇ كېچە ئۇلار ئۇچۇن بەكمۇ ئازابلىق بىر كېچە بولدى. ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە ئاچچىق خىياللارغا چۆمۈشتى.
ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، قاسىم جودا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. ياتاقداشلىرى بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى.
مۇشۇ كۈنلەردە ھەر خىل گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر :
_ ھەممىمىزنى مەشىق قىلدۇرىمىز دەپ بىراقلا قىرىپ تاشلايدىكەن ، - دېيىشسە ، بەزىلىرى :
_ بىزنى شىخو ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدىكەن ، ھازىر جىڭغا ئوتتۇز ھارۋا سەيسە ساپتۇ ،- دېيىشەتتى.
دېمىسىمۇ جىڭدىكى ئائىلىلەرگە نان ياقتۇرۇش ، ھارىۋىلارنى سەيسگە تۇتۇش ئىشلىرى جىددى ئېلىپ بېرىلىپ ، خەلىق بېشىدا ، گومىنداڭنىڭ قانلىق قامچىسى ئويناپ ، خەلقىنىڭ ئاھۇ - زارلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى .
بىر كۈنى خۇ تۇەنجاڭ تۇيۇقسىز جىددى يىغىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ بەكمۇ خاپا كۆرۈنەتتى. ياپما قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى .
_ ھازىر سىلەرگە خۇ تۇەنجاڭ سۆز قىلىدۇ ، - دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر ئوفىتسېر .
خۇ تۇەنجاڭ گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى :
_ بىز سىلەرنىڭ ئاتا- ئاناڭلارنى ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ ، يۇرتتىكى چوڭلارنىڭ تەلىپى بويىچە سىلەرنى قويۇۋېتىشنى ، ئائىلەڭلارگە قايتۇرۇشنى ئويلاشتۇق . شۇڭا ئائىلەڭلارگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىمىزنى ، سىلەرگە ياخشى قارىغانلىقىمىزنى ، ھەربىي مەشىقنى ئوبدان ئۆگەتكەنلىكىمىزنى ئېيتىڭلار ھەم سىلەر يامان كىشىلەرگە ئارىلاشماي ، ئىش- ئوقەتىڭلارنى قىلىڭلار .
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن تۇتقۇنلار خۇشال بولۇشۇپ ، چاۋاك چېلىشىپ ، سەكرىشىپ كەتتى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، تەنلىرىگە قايتا جان كىرگەندەك بولدى.
_ ئوڭمىزمۇ ، چۈشىمىزمۇ بۇ ؟
_ بۇلارنىڭ ئەجەپ بىزگە رەھمى كېلىپ قاپتۇ .
_ ئۆمرۈمدە بۇنداق خۇشال بولۇپ باقماپتىكەنمەن .
_ ئاھ خۇدا ، رازىمىز ساڭا يېتىپتۇ .
خۇ تۇەنجاڭ ئەسلى ھەممىسنى قىرىپ تاشلاشنى پىلانلىغان ، كېيىن پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىمەكچىمۇ بولغان . لېكىن يۇقىرىدىن بۇلارنى دەرھال قويىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەچكە ئۇ ئامالسىز قالدى. شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنى رەھىمدىل كۆرستىپ ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى.
تۈن كېچە ، ئاچ قورساق يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان تۇتقۇنلار پاتراق يۇرتقا بېرىپ ، قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. قۇربان ، قاسىم جودا ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، ئەمەتلەر داۋۇت پالۋان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئىنقىلاب ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ ، قىساس ئېلىشنى خىيال قىلىشاتتى. شۇ خىيال ئۇلارغا روھى ئوزۇق بولۇۋاتاتتى.
ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بۇلارغا ئاق يول تىلىگەندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى....
داۋامى بار ... [size][/color


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 11:06:04

رەھمەت سىزگە دوستۇم،،،، مۇناپىق، خائىنلارنىڭ رەزىللەرچە جانباقتىلىقى ئۆز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا تارىختىن بۇيان نىمە كۈنلەرنى كەلتۈرمىدى دەيمىز؟

ئاخىرى قۇتۇلدى بۇ بىچارىلەر... ئەمدى خەلقىمىز ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ بۇ باسقۇنچىلارنىڭ كاللىسىدىن تۇتۇن چىقىرىدىغان بولدى دە.... داۋامىغا تەشنامەن... ئۇلارنىڭ ئارمىيىمىزدە قانداق باتۇرلۇقلارنى كورسەتكەنلىكىنى، ئىش- ئىزلىرىنى بىلسەك دەيمەن...

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:10:16

سىزگىمۇ رەھمەت كۇسەن ئەپەندىم ! قارىغاندا بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىغا سىزلا قىزىقۋاتقان ئوخشايسىز - ھە !
باشقا تورداشلارنىڭمۇ بولسا ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولسا .. ئەسەردىن ئالغان تەسىراتلىرىنى قالدۇرۇپ تۇرسا دېگەن ئۈمىدتىمەن .

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:19:00

بوستانغا قانداق شەخسلەر كىرىدىكىن بىلمىدىم، كورىدىغانلار ناھايىتى كوپ، بىراق كورۇپ بولۇپ ئىككى ئېغىز پىكرىنى قالدۇرۇپ قويىدىغانلار كەمدىن كەم! لېكىن دوستۇم، بىزنىڭ مەقسىتىمىز باشقىلار كورۇۋالسا، بىلىۋالسا ئەڭ كاتتىسى شۇ... مېنىڭچە نۇرغۇن دوستلارمۇ ئوخشاشلا ئەسەر داۋامىغا قىزىقىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن! ئۇنداق ئەمەسمۇ يا دوستلار؟؟؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:35:47

ئۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا كۇسەن ئەپەندىم ، لېكىن يوللىغان تېمىلارغا ھېچقانداق ئىنكاس قالدۇرۇلمىسا ئادەم قۇرۇقتىن قۇرۇق ئاۋارە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن . باشتا بۇ ئەسەرگە خېلى كۆپ تورداشلار ئىنكاس يېزىپتىكەن . خېلىلا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ ھەر ھالدا ئەجرىم يەردە قالمىغۇدەك دەپ ئويلىغان . ھازىر قارىسام ئاخىرىغىچە ئوقۇپ ، بۇ ئەسەردىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولۇۋاتقان سىزلا بار ئىكەنسىز ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن .
بەلكىم باشقا تورداشلارمۇ ئۈن - تىنسىز كۆرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن !
مۇمكىن بولسا كۇسەن ئەپەندىمدىن ئۆگىنىپ تەسىراتىڭلارنى قالدۇرۇپ تۇرساڭلار !!! [em37]

---

يولىغۇچى: alturuk
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 13:44:55

بۇ بەك ياخشى ئەسەر مۇمكىن بولسا ھەممىڭلار ئوقۇپ قۇيۇڭلار.

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 13:54:10


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

**بىزنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇمىز بار ئىدى دوستۇم... بىراق مۇشۇ نازاكەت خانىم جاپادىن قورقماي ئەسەر كىرگۈزۈۋاتسا شۇنىڭغا رەھمەت دەپ قويغۇدەك ئادەم چىقمايۋاتامدا توۋا......**

---

**يوللىغۇچى: Nazakat0909**
**يوللىغان ۋاقتى: 26-12-2006 16:50:54**

**[center][size=5][size=4][color=Blue]ئۈچىنچى باب . بىخلانغان ئىسيان [/size][/center]**

**_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋان ئاغىنە ، - دېدى قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەلگەنلەر ئارىسىدىكى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ .**

**_ ۋۇي... كېلىڭلار ، كېلىڭلار ... - دېدى ئېغىر خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈۋاتقان داۋۇت پالۋان قولىدىكى رەندىنى قويۇپ ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى.**

**_ نېمە ياساۋاتىسەن ، بىكار تۇرماپسەن - دە ؟ - دېدى ھاپىز قارى .**

**_ قوشنا - قولۇملارنىڭ ياسايدىغان ئىشىك ، دېرىزىلىرى باركەن ، شۇنى بىر نېمە قىلىپ قوياي دەپ ، بىكار تۇرسا ئادەمنى غەم بېسىپ قالىدىكەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان دوپپىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ غەمكىن ھالدا ، - ھە ناسىراخۇن يوقاپ كەتتىڭغۇ ؟**

**_ ئالۋاڭ - ياساق ، باج - سېلىقنىڭ دەردىدە مۈكچىيىپ يۈردۈق ، - دېدى ناسىراخۇن قويۇق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىگە غەم پەردىلىرى تارتىلدى.**

**_ ئاسىم ، داۋۇتقا قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ ھەۋەسىڭ كېلىۋاتامدۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .**

**_ نېمىدېگەن قامەتلىك ئادەم بۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر قارا كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاندىن ئۈزمەي .**

**_ قارا قاۋان سەنمۇ قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ تاختاي قىلىپ تىلىپ باققۇڭ كېلىۋاتامدۇ ؟**

**_ قانچىلىك تاختاي چىقار دەپ ئويلاۋاتىدۇ - دە ... - دېدى ھاپىز قارا قارا قاۋاننىڭ ئۇستىخانلىق مۈرىسىگە ئۇرۇپ . ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋاننىڭ ئايالى نۇرخان يۈگۈرۈپ چىقتى - دە :**

**_ ھوي سىلەرمىتىڭلار ، ئۆيدىن تۇردۇڭلارمۇ ؟- دېدى ئىللىقلىق بىلەن .**

**_ ئۆيدىن ، ئۆزىڭىز قانداقراق تۇردىڭىز ؟**

**_ ياخشى ، خۇداغا شۈكرى ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، ھوي داۋۇت ، بۇلارنى ئۆيگە باشلىماي نېمە قاراپ تۇرىسىز ؟**

**_ بۇلار يامان كۆپكەن ، مۇشۇ يەردىلا يولغا سېلىۋېتەيمىكىن دەيمەن .**

**ئۇلار يەنە كۈلۈشتى . داۋۇت پالۋان زورىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دېمەتلىك بولۇپ ، ئوتتۇز ياشلاردىكى قىران ئەزىمەتلەر ئىدى. بۇلار ئاندا - ساندا يىغىلىپ تۇرمىسا ، كۆڭلى سىقىلىپ ، ئۆزلىرىنى ئارامسىزلانغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ ، جاپانىمۇ ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا ، بىر - بىرىگە شۇنداق ئىچەكىشىپ كېتىشكەنىدى . ئۇلار ئانچە - مۇنچە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ تۇرسا ، ئۆزلىرىنى كۆڭلى ئېچىلىپ ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىناقلىقىغا يۇرت ئەھلىمۇ قايىل ئىدى.**

**ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.**

**_ ئامىن ... ياخشى تۇردىڭلارمۇ ، ھە ئۆي ئىچى تىنچ - ئامان ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ، ئاندىن بىردىنلا غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن قۇربان ، قاسىم جودا ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، ياسىنجانلار نېرى بولمايۋاتاتتى. ئۇلاردىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئەندىشە ئىچىدە ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ، بىر نەچچە قېتىم جىڭغا بېرىپ ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەنىدى .**

**_ جىڭغا كەتكەنلەردىن ئەجەپ خەۋەر يوققۇ ؟ قۇربان ، قاسىملارنى ئەجەپمۇ سېغىندۇق . ئۇلارغا بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر ئويچان ھالدا.**

**جىڭغا كەتكەنلەرنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن تەڭ ئولتۇرغانلارنى خىيال بېسىپ ، جىمىپ كېتىشتى . ئۆي ئىچىنى سۈكۈت باستى.**

**_ ئۇلار ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسە بولاتتى،- دېدى قارا قاۋان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .**

**_ ئەسكەرلىككە تۇتتۇلغانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھۆكۈمەتكە ياردەم سوراپ بېرىپتىكەن . ئەسكەرلەر ھەيۋە قىلىپ قوغلىۋېتىپتۇ . بەزىلىرىنى قاتتىق ئۇرغانمۇ گەپ بار ، ئادەم زۇمىگەر بولغانسېرى ، باشقىلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە ؟ - دېدى ناسىراخۇن ئاچچىق قىلىپ .**

**_ بۇ گومىنداڭدا ئىنساپ دېگەن نېمە قالمىدى ؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ ؟ بىردەم سەيسە دەۋاتقان ، بىردەم سېلىق سېلىۋاتقان ، نېمىدېگەن تۈگمىگەن ئىشلار بۇ ، ھېلىمۇ بىز چىداۋاتىمىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئېسىلىپ سۆزلەپ . ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق بىلەن مۆلدۈرلىدى ، - بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە ياشايمىز ؟**

**_ بىز ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكۈچە شۇنداق ياشايمىز . قايسى خەلقتە ئۆزىنى تونۇش ئېڭى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ ئېزىلىش ئىچىدە ياشايدۇ . مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىمىز ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . بىز تولىمۇ نادانلىقتا ئۆتۈپتىمىز . مەن ئىلىم ئۆگەنمەي بېھۇدە ئۆتكەن ھاياتىمغا ئېچىنىمەن،- دېدى ناسىراخۇن چوڭقۇر ئويلىنىش ئىلكىدە، ئۇ كۆپنى كۆرگەن ، ئورۇنلۇق پىكىر قىلىدىغان ، كەمتەر ئادەم ئىدى.**

**_ گېپىڭىزغۇ توغرا . لېكىن ئادەمدە قورقماس يۈرەك بولۇشى كېرەك ، بىلىم ئېلىش بىلەن قورقماس روھ بولۇش ئادەمنى خارلىقتىن خالاس قىلىدۇ. بىزدە ھازىر نەق مۇشۇ نەرسىلەر كەم ... خوجىنىياز ھاجىمدا قورقماس يۈرەك بار . شۇڭا ئۇنىڭ ئىنقىلابى راۋاج تاپتى . لېكىن ئۇنىڭدا بىلىم يوق . شۇڭا ئۇ شېڭ دۇبەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىق تىنىپ .**

**_ شۇ ئىنقىلاب قانداق قوزغالغان بولغىيتتى؟- دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاندىن ئۈزمەي .**



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ قانداق قوزغىلاڭتى. ھۆكۈمەت خەلققە ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپلەپ سالغان ، ئەزگەن ، ئۆلتۈرگەن ، كاللىسنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئاسقان ... خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي قوزغىلىپ چىققان . خوجىنىياز ھاجىم باش بولغان . مەن ئاشۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە تۇرپاندىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم . قارىسام تاغامنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ناچاركەن . شۇنىڭ بىلەن مەن تۇرپان ، قۇمۇل ئارىلىقىدا ھارۋىكەشلىك قىلدىم . كېيىن ئۆزۈمنى باسالماي بۇ قوزغىلاڭغا قېتىلىپ ئۇرۇشلاردا بولدۇم . ھازىر ئويلىسام ، شۇ ۋاقىتلاردا شۇ ئۇرۇشنىڭ قەدرىگە تازا يەتمەپتىمەن . بىلگەن بولسا تازا بىر پۇخادىن چىقىۋالىدىكەنمەن . ئەپسۇس ...

_ ئالدىرىما ، ئىش تېخى ئالدىمىزدا ... - دېدى ناسىراخۇن .

_ ئۇغۇ شۇنداق ...

_ داۋۇت سەن ئۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانما ؟ بىزگە ئەجەپ دېمەپتىكەنسەن . بۇ نېمە ئىشلىك !- دېدى ھاپىز قارى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كەتكەنىدى .

_ ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدىكەن ، كىينچىرەك دەرمەن دەپ ئويلىغان .

_ شۇ چاغدا سەن تۇرپانغا كېتىپ كەلمىسەڭ ، ئىش - ئۇقەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن . ئەسلى سەن ئاۋۇ ئۇقەتنى قىلىپ كەپتىكەنسەن - دە ، ئەجەپمۇ ئاغزىڭ چىڭ نېمىكەنسەن ، قېنى ئېيتە ، ئۇرۇشتا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ ؟... - دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

كىمنىڭ يۈرىكى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا ، ئۇ ئادەم ھەقىقي بۈيۈكتۇر . ( ر. روللان )

داۋامى بار ..... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: SoyGu

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 19:33:25

ھەي مۇشۇ كۈندە خىزمەت ئىشلىمەكمۇ تەس بولۇپ كەتتى دىسە ، بىردىنلا ئىدارىدا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدىكى كومپىيوتېرىم بۇزۇلۇپ قېلىپ ، بۇ تېمىنىڭ باش قىسمىنى ئازراقلا ئوقۇيالىدىم ، ھەم ئازراق ۋاقىت چىقسىلا مۇنبەرگە كىرسەممۇ ئانچە - مۇنچە ئىنكاس يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىمەن . ئاللاھ خالىسا سەل بىكار بولسام بۇ ئەسەرنى باشتىن - ئاخىر تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىمەن ، شۇنچە كۆپ ئەسەرنى كىرگۈزۈشنىڭ تەسلىكىنى ياخشى بىلىمەن Nazakat0909 خانىم ، ئاللاھ قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن !!! مۇنبىرىمىز ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتىۋاتىسىز ! كۆپ رەخمەت سىزگە !!![em35] [em35]

[ بۇ يوللانما SoyGu تەرىپىدىن 2006-12-26 19:36:27 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-27 21:44:34

داۋۇت پالۋاننىڭ ئاغزىدىن خوجنىياز ھاجى ئىنقىلابىي ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلار بوپتۇق.... ئاخىرىغا تەقەززامىز دوستۇم...

ئەسەرنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ كاللام ئىنتايىن گادىرماچ بولۇپ قالدى زادى نىمىشقىلىقىنى بىلەلمىدىم! ئۇلار نىمە ئۈچۈن خەلققەشۇنچە زۇلۇم قىلىشىدۇ؟؟؟ نىمە ئۈچۈن خەلقنىڭ كوڭلىنى ئاۋايلىمايدۇ؟؟؟ ئەجەبا خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشسە خۇدانىڭ نەزىرىدىن چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟؟؟ قاچانمۇ شۇنداق بولار؟؟؟ .... رومانىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيلى قېنى...

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 11:40:38

ئەتىگەندىن بېرى ساقلىسام بۈگۈنكى سانى چىقمايۋاتىدۇيا...... نازاكەت خانىم ئاغرىپ قالمىغاندۇ ھە ئادەمنى ئەنسىرىتىپ... بېرىپ يوقلاپ كېلەيمۇ يا ئويىگە بېرىپ...[em58]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 28-12-2006 12:15:56

[color=Blue][size=4]_ هارۋىكەشلىك قىلىپ قۇمۇلغا كېتىپ بارسام ، - دەپ سۆز باشلىدى داۋۇت پالۋان ئويچان هالدا ، - يىگىرمە ئەسكەر ئات - هارۋامنى تارتىۋالماقچى بولۇشتى . << هاي ئۇنداق قىلماڭلار ، جان باققىلى قويۇڭلار >> دېسەم زادى ئۇنىمىدى . ئاخىر نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ ئالدىمغا كەلگەننى ئۇردۇم . ئۇرغانسېرى قىزىپ كېتىپتىمەن ، ئاخىر ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى ماڭا باش قويدي . ئاچچىقىمدا ئېگىكگە تېپىپ ئۇچۇرۇۋەتتىم . غەزىپىم شۇنداق كەپتىكەن ، كۆزۈمگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي ، ئېتىلىپ كەلگەنلەرنى ئۇرۇۋۇەردىم . لېكىن ئۇلار كۆپ بولغاچقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ ئارىلىقتا ئاتنى هارۋىدىن چىقاردىم - دە ، قېچىپ كەتتىم . ئۇلار ئارقامدىن ئوق ئېتىشىپ قالدى. مەن شۇ قاچقىنىمچە قۇمۇلغا باردىم . بۇ قۇمۇلدا يېڭىلا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان چاغلار ئىدى. مەن ئىككىلەنمەي بۇ قوزغىلاڭغا قوشۇلدۇم . هوجۇمغا ئۆتكەندە ئالدىدا ماڭدىم . يامغۇردەك ئوقلار توكۇلۇپ تۇرىدۇ. تووا خۇدايىم . ئادەمنىڭ رىسقى تۈگىمىسە ئۆلمەيدىغان گەپكەن . بىر قېتىم پوستتا تۇرغان ئىككى ئەسكەرنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، پوتەينى گىرانات تاشلاپلا پارتلىتىۋەتكەنىدىم . ئاندىن قوزغىلاڭچىلار ھېلىقى يەرنى << هۇررا >> سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئىشغال قىلدى. خوجنىياز هاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ : << يارايدىغان ئەزىمەتكەنسەن !>> دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويغان ، ئۇنىڭ ماختىشى مېنى تېخىمۇ روھلاندۇردى. يەنە بىر قېتىم ئىككى يۈزدەك دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر قانچىمىزنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ قويۇپ ، هارغۇچە ئۇردى. كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن . كۆزۈمنى ئاچسام ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ياتىمەن . ئۇلار مېنى ئۆلدى دەپ مۇش يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەتراپ جىمجىت ، پۈتۈن بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىيدۇ . بىردەم ئولتۇرۇۋېلىپ ئەسلىمگە كېلىۋالدىم . ئاندىن ئېغىر قەدەم ئېلىپ يولغا چىقتىم . تەلىيىمگە مەن بىلەن بىللە هارۋىكەشلىك قىلغان بىر ئاغىنەم كېتىپ بارىمىدۇ . ئۇنى توۋلاپ توختاتتىم . ئۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. << مەندىن گەپ سورىماي ، ئاۋۋال هارۋاڭغا چىقىرۋال . بولغان ئىشنى كېيىن سۆزلەپ بېرەي >> دېدىم . ئۇ مېنى هارۋىسىغا سېلىۋالدى. كېيىن تاغامنىڭ ئۆيىدە يېتىپ بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن ، بۇ ياققا قايتىپ كەلدى. دېسەم گەپ تولا ...
ئارمان بىلەن ياشايدىغان جاهانكەن بۇ . شۇ چاغدا قوزغىلاڭغا يەنە قاتنىشىمەن دەپ ماڭغان چېغىمدا ، تاغام قەتئىي ئۇنىماي : << يۇرتقا بېرىپ نېمە قىلساڭ قىل ، بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلۈپ بەرسەڭ ئاكامغا نېمە دەيمەن؟ >> دەپ رازىلىق بەرمەي تۇرىۋالغانىدى.
_ هەي بىزمۇ قاتناشقان بولساق نېمە ئارمان ئىدى !- دېدى قارا قاۋان مۇشتىنى تۈگۈپ .
_ شۇنى دېگىنە .
_ ئادەمنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدىغۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر بىردىنلا .
_ هەي ، دېسەڭ گەپ تولا ، - دېدى تۇردىئاخۇن يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، بىز نېمە كۈن كۆرۈۋاتىمىز. ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئاچقان يەرلەرگە زىرائەت تېرىپ ، زومىگەرلەرنى بېقىۋاتىمىز. مال - چارۋىلارچۇ تېخى ... نېمە كۈن بۇ بىزگە ...
_ بۇ زۇلۇممۇ بىر كۈنى تۈگەر !- دېدى هاپىز قارى .
_ ئاچچىقنى دائىم ئىچىگە يۇتۇپ ياشاش مەرد ئوغلانلارنىڭ ئىشى ئەمەس . ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇشنىڭ پەيتى بولىدۇ، مېنىڭچە هازىر ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قۇلاق يوپۇرۇپ ياشايدىغان زامان ئەمەس ،- دېدى ناسىراخۇن سەل ئاچچىق قىلىپ .
_ توغرا دېدىڭ ، بىزنىڭمۇ ئەمدى كاللىنى سىلكىۋېتىپ يۈرىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. كىشلەر مېنى پالۋان دېيىشىدۇ . خەلققە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ شۆھرەت قازانماي ، پالۋان ئاتالغاننىڭ نېمە ئەھمىيتى ، خۇدا بۇ جىسمىمىزنى ئىت تالاشقاندەك بىر - بىرىمىز بىلەن چېلىشىش ئۈچۈنلا ياراتمىغان ، خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياۋلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ياراتقان ، ئۇنداق جەڭلەردە قۇربان بولغان ئادەملەرنىڭ هېچقانداق ئارمىنى قالمايدۇ .
_ شۇنداق ، - دەپ تەستىقلىدى هاپىز قارى.
_ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلۇغ پاراڭلارنى قىلماي، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆرستىش مۇهىم !- دېدى ناسىراخۇن كەسكىن هالدا . بۇ گەپ ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىگە تەگدى.
_ قېنى ، چاينىمۇ ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى نۇرخان شىرەنى قويۇپ .
سىرتتا باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
_ مۇشۇ باللارغا قارىغانسېرى ئادەمنى غەم باسىدۇ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ .
_ داۋۇت بىز يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپ ، بىر ئىش قىلمامدۇق ؟- دېدى قارا قاۋان غەزەپتىن تىترەپ .
_ ئەمدى شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى. يەنە بىر مەزگىل ئويلىشىپ پۇختا تەييارلىق قىلايلى ، بۇ قىلمەن دەپلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. جىڭدىكلەرمۇ كەلسۇن ... لېكىن بۇنى قىلماي بولمايدۇ !
شۇ ئارىدا بايخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ ، بارا- بارا يېقىنلاپ كەلدى.
بوۋام ئاچقان ئېتىزغا ،
تېرىپ قويدۇم مەن بۇغداي.
تۇرسا بېشىمدا قاراقچى ،
مەن ئۇنى قانداق ئوراي.
كاككۇك ، قايدىسەن كاككۇك ...
_ بايخان ئاجايىپ ئادەم ، ئۇنىڭ يۈرىكى يۇرتنىڭ يۈرىكى ، تىنىقى خەلقىنىڭ تىنىقى ، - ناسىراخۇن داۋۇت پالۋانغا قاراپ .
_ توغرا دەيسەن،- دېدى داۋۇت پالۋان چىڭقىلىپ تۇرۇپ ، - ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلقنى ئويغىتىشقا چاقىرۋاتقان ئەركىنلىك مۇزىكىسى ، بىز ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى زۇلۇم زەنجىرى بوينىمىزغا سېلىنغاندا ، پىچاق سۆڭەككە تاقاشقاندا چۈشىنىۋاتىمىز. بولمىسا ئۇ ئەزەلدىنلا ئەركىنلىك كۈيىنى ياڭرىتىپ كەلگەن . تېخى ئۇنى چۈشەنمەيۋاتقانلار ، چۈشەنسىمۇ يۈرەكسىز هالدا ياشاۋاتقانلار سامانمەدەك ...
_ رۇستەم سۈپەت ئوغلان داۋۇت پالۋان بارمۇ ؟- دېدى بايخان قورۇغا كىرۋېتىپ ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىنى قورۇقلار باسقان بولۇپ ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئىككى قۇلقىغا گۈل قىستۇرۋالغانىدى.
_ ئۆيگە كىرسىلە ، ئۇ بار، دوستلىرى كەپتىكەن ، - دېدى نۇرخان .
_ بايخان دادا، بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە ،- دېدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى ئەزىمەت ئۇنىڭغا ئېسىلىپ .
_ كېيىن ئېيتىپ بېرەي ، ھە بالام .
_ ماقۇل ، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە باللارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. بايخان ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.
_ ئۆيگە كىرسىكە ، مۇشۇ بالىنزە .
_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، باتۇر ئوغلانلار يىغىلىپتىغۇ ؟ نە كارامەت بۇ ؟ ياخشىمۇ سىلەر ؟
_ ۋا ئەلەيكۇم ئەسسالام . ياخشى ، ئۆزلىرى قانداقراق تۇرىدىلا ... قېنى ، قېنى ، يۇقىرى ئۆتسىلە .
ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
_ ئولتۇرۇڭلار ، ئولتۇرۇڭلار ، نەدە ئولتۇرماي يەنىلا دەردمەن ئانا زېمىننىڭ قۇچقىدا ئولتۇرىمەن ،- ئۇ شۇنداق دەپ سۇپا لېۋىدىلا ئولتۇردى.
_ بۇياقا ئۆتۈپ كەتسىلە ، سەت بولدى ماۋۇ ئىش ...- دېدى داۋۇت پالۋانى ئۇنى تۆرگە زورلاپ .
_ بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي ، قېنى سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار .
ئۇلار قورۇنۇپ ئولتۇرشقاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.
- ھە، تېنىچ- ئامان تۇردىڭىزمۇ ؟
_ خۇداغا شۈكرى ، رىسقىمىزنى يېيەلمەي كېتىپ بارىمىز ، ئۆزۈڭلارچۇ ؟
_ تىچ- ئامان ...
_ زېمىن يىغلىغاندا ، ئادەم - تېنىچ - ئامان يۈرگىلى بولمايدۇ ، سەركە چۈش كۆرسە قويلارنى غەپلەت باسىدۇ، مەن دەرمانسىز قولۇمدىن كەلگىننى قىلىۋاتىمەن ...
نۇرخان چاي ئەكىرىپ بايخاننىڭ ئالدىغا قويدى.
_ ھە ، ئوغلانلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار ، ياخشى ، بىر - بىرىدىن كېلىشكەن ئەزىمەتلەر ... خەلق نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ، زېمىن يىغلاۋاتىدۇ ، تۇتقۇن قىلىنغانلار ئاجايىپ قىين كۈن ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۆلۈش ، يارىلىنىش ... مەن ھەممىنى بىلمەن ، بارمايدىغان يېرىم يوق ، شۇنداقمۇ داۋۇت ؟
_ شۇنداق ...- دېدى داۋۇت پالۋان ئۆپكىدەپ تۇرۇپ .
_ بۈگۈن ناھايىتى ئوبدان يىغىلىپسىلەر ، مەن سىلەرگە بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ بېرەي ، بەزىلەر مېنى ساراڭ ، ئاشىق دەيدۇ ، لېكىن مېنىڭ نېمگە ساراڭ ، نېمگە ئاشىق بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلشمەيدۇ، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم بايخان ئەمەس ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە قويغان لەقىمى ، ئەسلى مەن باي ئىدىم ، ئەمدى گاداي بولدۇم ، ۋىجدانى ئويغاق ئادەملەرنىڭ روھى ھەر زامان جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ... ئەسلىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن شۇنداق لەقەم قويىۋالدىم . ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداش بىلەن ئۆتۈۋاتقان ھاياتتا، بۇنداق ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان تېپىۋالغان ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس... بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى .
ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار بايخاننىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەكمۇ قىلاتتى. ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مۇڭ ، ھەسرەت تۆكۈلەتتى.
_ ئەسلى بۇ يۇرت يامان كۆزلەردىن خېلى ۋاقىتلارغىچە نېرى تۇرغان گۈزەل بىر ماكان ئىدى . يۇرتنىڭ پۈتۈن يەرلىرى قويۇق بوستانلىق - توقايلىق بولۇپ ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار چېپىشىپ يۈرەتتى. سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ تىنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەرنى ئەڭ دەسلەپتە بوۋىلىرىمىز مۇنداق ئاچقان : ئاتۇش بۇيامەتتىن مۇھەممەت بەزگەك ، ئەيسا كۆنچى ، ۋەلىئاخۇن ، سېلىمئاخۇنلار مەزلۇملىرىنى ئېلىپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ، بۇ يۇرت ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ ، ماكانلىششى ئۈچۈن ماڭغان ، ئۇلار بۇ يۇرتقا كېلىپ قارىسا ، گۈزەل بىر دۇنيا ، ئادىمىزات يوق ، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ، بۇغا - ماراللار سەكرىشىپ يۈرگەن ، تەبئىي ئورمانلىق ۋە چەكسىز قىلىن چاتقاللىق ، مۇنبەت بىر زېمىن ... ئۇلار بۇلارنىڭ كۆرۈپ تاڭ قاپتۇ ھەم بۇ گۈزەل ماكاندا بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى ئويلاپتۇ . ئۇلار نەچچە ئادەمنىڭ قۇچقى يەتمەيدىغان يوغان بىر توغراقنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىشىپتۇ . ئۇ خۇددى كەپىگىلا ئوخشايدىكەن ، كېيىن بۇلار كېچەش قىلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ . ئاندىن بۇ يەرنى << بوز دالا >> دەپ ئاتاپتۇ . ئىشقا كىرىشىپ ، غۇلجىدىن ساپان ئەكىلىپ ، يەر ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىپتۇ ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپتۇ . قارا سۇنىڭ بىر قانچە يەرلىرىگە تۈگمەن قۇرۇپتۇ . يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ . ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شوغۇللىنىپ ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە باشلاپتۇ . باشقا يەرلەردىن ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋات قىپتۇ . خەلق ئۆم ، ئىناق ، باياشات ياشايدىكەن ... ئەمدىلىككە كەلگەندە قانداق بولدى ؟- ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولدى ، - مەن بايخان تېخى ھايات جۇمۇ ؟ ئۆلمىدىم !- ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. شالاڭ ساقاللىرى يېنىك سىلكىنەتتى. . ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ، غەمكىن ھالدا چىقىپ كەتتى- دە ، ئاز ئۆتمەي ناخشىسى ياڭرىدى.
ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ھەممىسى باشلىرىنى يەرگە چۆكۈرۈپ ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا چۆككەنىدى .
_ نېمە گەپ بۇ ، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار !- دېدى داۋۇت پالۋان كەسكىن ھالدا ، - بىز ئەمدى قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ياشىشىمىز كېرەك . بايخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ئۇ چۆچەك ئېيتمىدى ، رىۋايەت سۆزلىمىدى ، ئۇ تارىخ سۆزلىدى . تارىخ قان بىلەن يېزىلىدۇ، - ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ھاياجان بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى، - بىز ھازىر تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ قوزغالىغىنىمىز بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ . ئاۋۋال بۇنىڭ يولىنى قىلىپ ئۆزىمىزگە كۈچ توپلىمىقىمىز لازىم . گومىنداڭچىلار ھازىر غالجىرلىشىپ كەتتى. ھەممە يەردە خائىنلار تىمسىقلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلەر بار. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلايلى . ھەممىمىز ھازىرچە بۇ ئىشنى كۆڭۈلدە ئويلىشىپ ، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرايلى . بۇ جاننى تىكىپ مەيدانغا چۈشىدىغان ئىش . بۇنىڭغا سەل قارىماڭلار ، ھەممىمىز ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەزىيەتنى ئوبدان كۆزىتىپ بىر نېمە دېيىشەيلى . قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلار ، - داۋۇت پالۋان بىر مەزگىل ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، ئىشنى قانداق باشلاش ھەققىدە ئوي - خىياللىرىنى پىشۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغان ، خەلىققە بوغلان بىر خىل مېھىر- مۇھەببەت ئوخچۇپ ، زوراۋان ، ئەزگۈچى كۈچلەرگە
ئاچچىق غەزەپ ئارىلاش يېگى بىر ئىسيان بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇناراق مۇشۇ خىل تۇيغۇغا كەلمەي ، خامۇش ئۆتكەن بىچارە
ھاياتىغا ئېچىندى... شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە يورۇق بىر تاڭغا يېتەكلەيدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يانغاندەك بولدى...
داۋۇت پالۋان بۇ كۈنى كەچ ئىشنى نەدىن باشلاش، قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئۆزىنىڭ جاڭگاللىق ئارىسدا
ئۆسكەن باللىق ھاياتىنى ، ئاتا- ئانىسنى ئەسلىدى . بەڭۋاشلىق كوچىلىرىدا نوچىلىق تالىشىپ يۈرت كەزگەن چاغلىرىنى خىيال قىلىپ ،
ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئېچىندى.
ناسىرابۇنىنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى ، بايخاننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قايتا مۇجىدى . ئۇنىڭ ۋىجدانى خورلانغاندەك بولۇپ ، ۋۇجۇدى
ئويغىنىش يالقۇنىدا كۆيدى . قېنى قىزىدى...
داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 12:32:40

شۇنداق بولىدۇ دە....... شۇنداق بولىدۇ... يۈرەكلەر مۇجۇلىدۇ.... دەملەر سقىلىدۇ.... نومۇسلار ئادەمنى قىينايدۇ!!! ئېھ ھەسرەت.... قېنى
قانچىلىك داۋام قىلارسەن؟؟؟

قېنى بۇلارنىڭ مەسلەھەتلىرىنى ئاڭلايلى! ئازراق بولسىمۇ پۇخادىن چىقمامدۇق! ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جاجىسىنى خۇدا ئۆزى بېرىدۇ...
ھارماڭ نازاكەتگۇل ھە

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 15:55:24

كۆپ رەھمەت ! ئەمدى بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى يەنى << تۆتىنچى باب >> ھېيتلىق دەم ئېلىشتىن كىيىن داۋاملىشىدۇ ، كەچۈرۈڭلار !
ئاخىردا ھەممىڭلارنىڭ ھېيتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشڭلارنى يېڭى بىر يىلدىكى قۇربان ھېيتتا يېڭىچە خۇشاللىق ، ئامەت ، بەخت مەڭگۈ يار
بولسۇن ! [em37]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 17:56:34

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى ئەمدى ھېيتتىن كېيىنگە قويۇپ قويىدىڭىزمۇ دوستۇم؟؟؟ ۋاي ئىسىت ھېيتنى قانداقمۇ ئوتكۈزەرمەن
ئەمدى؟

---

يولىغۇچى: mulayim
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 18:43:11

سىزگە كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن، نازاكەت. شۇنداق بىر ئېسىل ئەسەرنى يوللاپ ناھايىتى ياخشى قىپسىز. مەن ئىلگىرى بۇ ئەسەرنى
ئوقۇغاندەك قىلىمەن. ئاشۇ قانخور جاللاتلارنىڭ قىلغان -ئەتكەنلىرىنى ئويلىسا،ئادەمنىڭ ئۇلارنى قىيما-جىيما قىلىۋەتكىسى كېلىدۇ،
خەيرىيەت.......ئامال يوق! ھازىرقى كۈنلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەيلى. ئاللا قوللىرىڭىزغا دەرت بەرمىگەي،تۇرمۇشىڭىز بەختلىك،تېنىڭىز
سالامەت بولسۇن![em34] [em34]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-6 14:51:49


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[center][/size][/color/] تۆتىنچى باب جىددىيلىشىش [color=Blue][size=5][center]
[color=Blue][size=4][center]1[/center][/center]]
فاتىخ ، ئەكبەر ، سىپىت ، غېنى قاتارلىق شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۈلاستاي تاغلىق رايونىدا پارتىلىغان ئىنقىلاپ پۈتۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئىنقىلاب ئوتلىرى ھەممە ياقلارغا تۇتۇشۇپ ، توسۇۋالغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالدى.
جاراھەتلەنگەن خەلق قەلبىدە ئۆچمەس قىساس ئوتى يالقۇنجىدى . تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلار قىزىپ ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي قېلىشتى.
ئىنقىلاب ئوتىنى ياققان مەرد ئوغلانلار چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى . ئۇلاردىن سۆيۈنۈشتى .
ئوت بارا - بارا ئۇلغايماقتا ئىدى. ...
8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ ، جاللات شېڭ شىسەيىتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ ، ۋۇجۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى . ئۇ يېتىپ كەلگىچە جۇ شياۋلياڭنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردىغانلىقىنى جاكارلىدى .
<< ئالتە ئوغرى >> نىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دەككە- دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورۇندا تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ ، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئالاقىزادە بولۇشۇپ ، بار ئېغىرچىلىقنى خەلققە يۈكلەپ ، دەردىنى شۇلاردىن ئېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھېلى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قورقۇشۇپ ، ھەممە كىشىگە گۇمان بىلەن قارىشاتتى. شۇڭا بىرەر خەۋپ چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، خەلق ئىچىگە كۆپلەپ جاسۇسلارنى سېلىۋەتتى. خائىنلار ھەممە جايدا قۇلاق يېقىپ ، بىرەر << يېڭى ئەھۋال >> بىلىش ئۈچۈن ھارماي تىڭتىڭلايتتى. كىشىلەر ئۇلارغا سەسكىنىش بىلەن قارىشاتتى.
بۈگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە باش شتاب بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ ، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى توغرۇلۇق جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىن كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي ھالەتتە ئىدى . يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. قويۇق ئىس- تۈتەكلەر بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرەتتى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ، سۇرلۇك بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.
_ ئالتە ئوغرى نەدىن ، قاچان پەيدا بولدى، شۇندىن باشلاپ بىزگە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ قىسىممىز ناھايىتى شىددەتلىك ، جاپالىق جەڭ قىلىۋاتىدۇ . بىز ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك ، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرمىساق ، ئۇلار ئۇرۇشتا قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن ؟ ئۇلار بىزنىڭ بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشىشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ . بىز تىنىچ ، ئامان ياشايمىز دەيدىكەنمىز ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلىشىمىز ، ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم ، - ۋەن گوتەيىنىڭ ياپما قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆشىسىز ، ياغاق يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى ، - بىز ئۇلارغا ئون مىڭدىن ئارتۇق نان ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قوي ئاپىرىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە، بۇلارنى نەدىن ھەل قىلىمىز ؟ خەلقتىن ، باي - غوجاملاردىن ئالىمىز. بۇ دېگەن خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئىنقىلابى ، شۇنداقمۇ يولۋاسبەگ ...
_ شۇنداق ، شۇنداق .... _ دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈپ ئىچى بولسا ئېچىشىپ كۆيگەندەك بولۇۋاتاتتى.
ھېكىمباي ، موللا شاكىيۇ ، ئىسرائىلبايلارمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆۋۈلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قولىدىن چىقىپ كېتىدىغان ماللىرىنى ئويلىغىنىدا ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايغاندەك بولدى. چىرايلىرى ئۆڭۈپ ، ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ كەتتى.
_ ھە ، يولۋاسبەگە ، ھېكىمباي ، ئىسرائىلباي سىلەرنىڭ مال - چارۋاڭلار قەيەردە ؟- دېدى ۋەن گوتەي ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، سۇرلۇك قاراپ قوشۇملىرىنى تۈرگەن ھالدا .
_ بونجىلاقتا ... - دېيىشتى ئۇلار ئىنجىقلاپ .
<< بۇنداق يەرگە كەلمەيتتىم . نەدىنمۇ كېلىپ قالدىم . قاراپ تۇرۇپ بۇ زىياننى قارا ... ھەي... نەس باستى. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى ؟ ... ھېلىقى ئىسمائىل دېگەن نېمە نەدىنمۇ باردى . ئاھ خۇدا ماڭا ئاسانلىق بەرگەيسەن . بۇلارنىڭ دىلىغا ئىنساپ ... >> ئىسرائىلباي شۇلارنى ئويلاپ تولغىنىپ كەتتى.
_ ئۇنداق بولسا مەن ئىككى ئادەمنى ھازىرلاپ ، قويلارنى ھەيدەپ ئېرتەيدىكى ئەسكەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىشنى قىلاي... ئۇلار قورسىقى توق ھالدا جەڭگە كىرسۇن ، ماغدۇرسىز قانداقمۇ ئۇرۇش قىلالايدۇ . ھازىر ئەلتە ئوغرى نىلقىنى بېسىۋالغىلى تۇرۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ، سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلە ، شۇڭا ھەممىمىز بىردەك ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك . يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، ھە ئىسرائىلباي قانداق ؟- ۋەن گوتەي ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .
_ بولىدۇ، بولىدۇ ، - ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ قىزىرىپ كېتىشتى : << تۈگەشتۇق ، ئالتە ئوغرى نەدىنمۇ پەيدا بولدى . تىنىچ ياتسا بولمامدۇ . ئادەمنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇپ ... نېمە قىلالايتتى ئۇلار ، شۇنچە زور قوشۇن ئالدىدا ... قۇرۇق قول بىلەن ....>> دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى . بەرمەي دېسە ، ئۆزلىرىنى نېمە كۈنلەرنى كۆردىغانلىقىنى ئويدانلا بىلەتتى. << سايىم خۇيجاڭدىن ، ھاجىمبايدىن نىمىشقا ئالمايدىغاندۇ >> دەپ ئويلىدى ھېكىمباي .
_ سايىم خۇيجاڭ بىلەن ھاجىمبايدىن مال ئالساڭلار كۆپ ... - دېدى ھېكىمباي ئىنجىقلاپ .
_ ئۇلاردىنمۇ ئالىمىز . ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ . سايىم خۇيجاڭ باجنى تولۇق تاپشۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئاۋۇ ھاجىمباي دېگەن ھازىر تاغدىكەن ، ئۇنىمۇ تاپىمىز ، سەن خاتىرجەم بول . ھەممە بايلاردىن ئالىمىز، ھازىرقى جىددىي ۋاقىتتا سىلەردىن ئېلىپ تۇرايلى . كېيىن ھۆكۈمىتىمىز سىلەرنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ.
داۋامى بار ....

ياۋۇز ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەمىشە خاتىرجەمسىز . _ د . دېدىرو


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[size][/color/]

---

يولغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-6 14:53:04

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توراداشلار مەن ھېيتلىق دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن . يەنە داۋامنى ۋاقتىدا ئوقۇۇشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىت قىلىمەن . [em30]

---

يولغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-6 22:34:49

داۋامنى تىزراق يوللىغان بولسىڭىز مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىشلارغا بەك بەك ئامراق
ھارمىغايسىز!!!!!!!!!![em36] [em28]

---

يولغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 0:03:55

ئالامەت پاراڭلاردە....... ئاۋۋىنىڭدىنمۇ شۇنداق ئالسىڭىز ياخشى بولىدۇ بۇنى بۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى ئۇنداق قىلسىڭىز، بۇنى بۇنداق ئۆرسىڭىز ئۇنى ئۇنداق...... قىپقىزىل مۇناپىقلار تارىختىن بۇيان مەۋجۇد بوپ كەلگەندە.... توۋا دەيلى...

ئەسەرنىڭ داۋامنى يېزىشقا باشلىغىنىڭىزدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم دوستۇم! ھارمىغايسىز.... داۋامىغا تەقەززامەن!

---

يولغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 11:34:00

[size=4][color=Blue]ياڭ ھاكىم بىلەن ما تۈەنجاڭ تاماكا چەككىنىچە جىممىدە ئولتۇرشاتتى. ياڭ ھاكىم ئۆز ئورنىنىڭ قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ ، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيگە ئىچ- ئىچىدىن ئۆچلىكى كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئىلىپ قويمىغانلىقى غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. بۇنى ئويلاپ - ئويلاپ ئازابلىناتتى.
_ ھە ، ۋۇ جۇيجاڭ ئىشلار قانداق كېتىپ بارىدۇ ؟ ئۆتكەنكى يىغىندا تاپشۇرغان ئىشلار قانداقراق بولىۋاتىدۇ ؟!- دېدى ۋەن گوتەي تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ .
_ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، ھەممە يەرگە ئادەم سېلىۋەتتىم ، - دېدى ئۇ گۆشلۈك يازىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى ، - سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، ناھايىتى ئىشەنچلىك .
_ ياخشى ، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلاڭلار ، ھارۋىكەشلەرنى ئىشقا سېلىپ ئوتۇنلارنى كۆپلەپ بېسىۋېلىڭلار ، ھە ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، شۇنداق بولسۇن .
_ بولىدۇ سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى ئۇ ئاچچىق قىلىپ .
_ بۇ گېپىڭىز بولىدۇ ، - ۋەن گوتەي سوغۇق كۈلدى ، - ئاشلىقلارنى تولۇقلىۋالايلى ، شۇنداقمۇ موللا شاڭيۇ ...
_ شۇنداق ، شۇنداق بولمامدىغان ....
_ بىز ئالتا ئوغرىنى يوقاتساقلا ، بىزنىڭ خاتىرجەملىكىمىز ئەسلىگە كېلىپ ئىشلىرىمىز ئىزىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنى ھەممىمىز توغرا چۈشىنىپ ، بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنى ، ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەيلى .
غاپپار بەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلغاچ ھەممىگە زەن سالاتتى. كۆڭلىدە ئۇلارغا باھا بېرەتتى.
_ ۋەن سىلىڭ ناھايىتى دانا پىكىر قىلدى، - دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، - ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسى ئۆزىمىزدە، بۇ يولدا بىز ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماسلىقىمىز ، پىرقە ھۆكۈمىتىمىزگە سادىقلىقىمىزنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئىسپاتلىشىمىز كېرەك !- ئۇ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ يوغان تاقىر بېشىنى سىلاپ ، ئەتراپقا قاراپ قويدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇ يەردە مۇئاۋىن هاكىم ، پىرقە باشلىقى شى ، يىنلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋەن گوتەينىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بىرەر سۆزدىن قېپىپ كېتىپ ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۈندىمەي ئولتۇرشاتتى. ۋەن گوتەيمۇ بارا- بارا ئۇلارنىڭ مۇنداق مىجەزىگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ بۇ يۇرتتا مېنىڭ گېپىم گەپ دەپ يۈرگەچكە ، ئۇلارنىڭ جىم ئولتۇرغىنى ياخشى دەپ قارايتتى.

_ موللا شاڭيۇ جىمىپ كەتتىلغۇ ؟- دېدى ۋەن گوتەي .

_ سىلى ئۆچۈن جېنىمىز پىدا ، ئالتە ئوغرىنى يوقىتىدىغانلا ئىش بولسا قولىمىز كۆكسىمىزدە ، بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك ، - دېدى ئۇ بىچارىلەرچە كۈلۈپ ، ئۇنىڭ چىرايى غورا يېگەندەك قورۇلۇپ كەتتى.

_ ياخشى ، ياخشى ، ناهايىتى ياخشى .

ۋەن گوتەي ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە چېقىلماي ، خەلقتىن سېلىق يىغىشتا ئۇنىڭدىن ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى . بۇنىڭدىن موللا شاڭيۇمۇ خوش بولۇپ ، ئۇ تاپشۇرغان ئىشلارنى جان - دىلى بىلەن بىجىرەتتى. موللا شاڭيۇ بۇگۈن سەل ئەندىشە قىلغان . لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئەندىشىسىدەك بولمىدى . بۇ ئىش ھېكىمباي بىلەن يولۋاسبەگ، ئىسرائىلبايلارنى ھەيران قالدۇرماي قالمىدى .

_ ۋۇ جۇيجاڭ ، يەنە تەكىتلەپ قوياي ، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، جەمئىيەتنى ئوبدان كۆزىتىشكە سېلىڭ . ۋەزىيەت كەسكىن ، ئوغرىلارنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە كېلىپ خەلققە قۇترىتقۇلۇق قىلمىسۇن .

_ خوپ، سىلىڭ جانابلىرى ،خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ھەممە ئىشلارنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردۇم ، خاتىرجەم بولۇڭ .

_ ياخشى ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، يىغىن ئېچىپ ، ئۇلارغا ۋەزىيەتنى توغرا چۈشەندۇرۇڭ ، ۋەزىپىسىنى ئېغىرلىتىڭ ! خىزمەت كۆرسەتسە مۇكاپاتلاڭ ، خىزمەت كۆرسەتمىسە تۇرمۇش خىراجىتىنى قىسقۇپلىڭ ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟

_ ئۇقتۇم .

_ خوش ، يىغىن توگىدى ، باشقا گەپ سۆز بارمۇ ؟

_ يوق .

_ تارقىلىڭلار ! موللا شاڭيۇ بۇياققا كېلىڭ .

موللا شاڭيۇ ۋەن گوتەينىڭ ئۆزىنى چاقىرۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلقىغا يەتتى. ئۇ خوشامەت قىلغىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

_ نېمە ئىشكىن ، سىلىڭ جانابلىرى ؟- دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ .

_ ئەتە ئىككى مىڭ قوينى ئالدىنقى سەپكە ھەيدەپ بارىدىغانغا ئىشەنچىلىك ئىككى ئادەم تېپىڭ . تاپقان ئادىمىڭىزنىڭ بالا - چاقىسى ، ئائىلىسى بولغان بولۇشى كېرەك . ئۆزى تېمەن بولسۇن ، تاپقاندىن كېيىن ئالدىمغا باشلاپ كېلىڭ .

_ بولىدۇ ، ئاسان ئىشكەنغۇ ؟ قاچانلاردىن باشلاپ كېلىمەن .

_ چۈشتىن كېيىن .

_ بولىدۇ ، خوش سىلىڭ جانابلىرى .

غاپپار بەگ تەرجىمانلىق ئىشىنى تۈگىتىپ ، موللا شاڭيۇغا ئەگەشتى - دە ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى ، ئاندىن غاپپار بەگ ئۇدۇل داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى.

داۋامى بار ....
[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 11:42:53

ماۋۇ لالمىلىنى................. ئالتە ئوغرى دەپ كېتىشكىنىنى دەيمىنا... ئوزى شۇنچە يىراقلاردىن كېلىپ خەلقنى تالان- تاراج قىلسا.... توغرى، زۇلۇمغا چىدىمىغانلار ئوغرى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمدى؟

غاپپار بەگ دىگەن بۇ ئادەم ئوزگىچە كورۈنىدۇ. قېنى ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ ئويىگە نىمدەپ ماڭدىكىن؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 15:51:24

[color=Blue][size=4]ۋەن گوتەي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ھېكىمباي ئاستا ئۇنىڭغا سۈكدىشىپ ماڭدى .

_ سىلىڭ جانابلىرى .

_ ھە نېمە ئىش ؟- دېدى ۋەن گوتەي توڭلۇق بىلەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بىرىپ مېھمان بولۇپ كەتسلە ، چىرايلىق قىزلارنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم ... - دېدى ئۇ خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ .

_ نېمە دەيدىغانسىز ، ھازىر ئوينايدىغان چاغمۇ ؟ بىرىپ مال باققۇچىلارغا خەۋەر بىرىدىغان ئىشنى قىلىڭ !- ئۇ شۇنداق دەپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى.

ھېكىمباي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان ما تۆەنجاڭ ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى .

يولۋاسبەگ بىلەن ئىسرائىلباي ۋەن گوتەينىڭ ھېكىمبايغا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە كۆرسە تەڭ كۆرسە، ئۆزلىرىنى سەل خاتىرجەمدەك ھېس قىلىشاتتى. ئىسرائىلباي ھېكىمباينىڭ قىلىقلىرىدىن نەپرەتلەنگەندەك قىلدى . كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئويلاپ : << مال - دۇنيا دېگەن ئادەمنىڭ جېنى تۇرسا ....>> دەپ پىچىرلىدى .

ياڭ ھاكىم دەرۋازىدىن غەمكىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە ۋەن گوتەينىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپ ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئازابتىن قىينىلىپ ، كېچىچە كىرپىك قاقماي ، تاماكا چېكىپ چىقاتتى.

موللا شاكىيۇ كۆن چۈشتىن قايرىلغاندا ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى باشلاپ ۋەن گوتەينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى .

_ ۋەن سىلىڭ سىز دېگەن ئادەملەرنى باشلاپ كەلدىم .

_ ياخشى ، - دېدى ۋەن گوتەي ئۇيان - بۇيان ماڭغاچ ، - سىز ئەمدى قايتىسىڭىز بولىدۇ.

_ خوش سىلىڭ ، ئىش بولسا بىز تەييار ، چاقىرسىلا دەررۇ كېلىمەن ، - موللا شاكىيۇ شۇنداق دېگىنىچە كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

_ غاپپار بەگ ، سەن بۇلارغا سۆزۈمنى ئېنىق ، ئېنىق تەرجىمە قىلىپ بەر.

_ بولىدۇ ، -دېدى غاپپار بەگ ۋەن گوتەينىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ .

ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىگە ، يىرتىق كىيىملىرىگە شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرۈتۈپ قويۇپ ، سىلىق مۇئامىلىدە سۆزلەشكە باشلىدى .

_ سىلەرگە ناھايىتى جىددىي ، ناھايىتى شەرەپلىك بىر ۋەزىپە چۈشۈپ قالدى. بۇنى ئورۇنلىساڭلار ، سىلەرنى مۇكاپاتلايمىز . ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كاتتا خىزمەت بېرىمىز ...

غاپپار بەگ ئۇلارغا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

_ ئەجەپ ياخشى ئىشكىنا ، - دېدى تۇردىئاخۇن قوشۇملىرىنى تۈرۈپ .

_ ئەگەر ۋەزىپىنى ئورۇنلىماي كەلسەڭلار جېنىڭلارغا ھېزى بولساڭلار بولىدۇ . ئائىلەڭلەردىكىلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ .

ئۇنىڭ سۆزى بۇلارنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ ئەندىكتۈرۈۋەتتى. << ئەجەپ يامان يەردىن تۇتتى بۇ كاساپەت ، بوپتۇ . قېنى كۆرمەيمىزمۇ . بۇ ئىشقا بىزنى داۋۇت سايا قىلغاندىكىن چاتاق چىقماس ، خۇدا ئاسانلىق بىرە ... >> دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇلار .

_ سىلەر بونجىلاق دېگەن يەرگە بېرىپ ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، ئىسرائىلباي غوجاملارنىڭ قويلىرىدىن ئىككى مىڭنى تاللاپ ئېرتەيگە ئاپىرىپ بەرسەڭلار بولىدى. ۋەزىپەڭلار مۇشۇ ، ئىشقا پۇختا بولۇڭلار ، ساختىلىق قىلماڭلار ، بولمىسا كاللاڭلار كېتىدۇ .

_ بۇ دېگەن زور ئىنئام بىرىدىغان ، ھۆكۈمەت خادىمى بولىدىغان ئىش تۇرسا ساختىلىق قىلامدىغان ، بۇ ۋەزىپىنى جان - دىلىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز ، - دەپ قەددىنى تىك تۇتتى تۇردىئاخۇن . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غاپپار بەگ بىلەن ناسىراخۇن كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى .

_ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، - دېدى ۋەن گوتەي ئۇلارغا زور ئىشەنچ بىلەن قاراپ ھەۋەسلەنگەن ھالدا .

_ سىلىڭ جانابىلىرى بىز قاچان يولغا چىقىمىز ؟

_ ياخشى !- ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇننىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، - سىلەر ئەتە سەھەردە يولغا چىقسىلەر ، سىلەرگە بىز ياخشى ئاتتىن ئىككىنى ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەق قىلىپ بېرىمىز.

_ ۋەن سىلىڭغا كۆپ رەھمەت !

_ ۋاقتنى چىڭ تۇتۇڭلار ، بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرىمىز بار .

_ ۋەن سىلىڭ ، - دېدى ناسىراخۇن تەمكىن ھالدا ، - بىزگە ۋاقتنى ئۇزۇنراق بەرسىڭىز .

_ سىلەر ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ قانچىلىك ۋاقتتا كەلسەڭلار مەيلى ، گەپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ، ئەمدى قايتىپ ئەتە سەھەردە كېلىڭلار .

_ خوش سىلىڭ ، بىزنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت ، ئەتە سەھەردە كۆرشەيلى .

ئۇلار پىخلداپ كۈلۈشكىنىچە قورۇغا چىقىۋاتقاندا ، ھارۋىدىن ئوتۇن چۈشۈرۈۋاتقان سىدىق كۆككۆز ئىشنى توختىتىپ ، بۇلارغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غودىراپ قويدى . تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە قورۇدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ ئەۋەتلىشىدە مەلۇم سەۋەب بار ئىدى . ئەسلىدە غاپپار بەگ ئۆزى ئادەم تېپىپ بېرىشنى موللا شاكىيۇغا ۋەدە قىلغانىدى ، ئۇ داۋۇت پالۋانىڭكىگە باردى - دە ئەھۋالنى ئېيتتى. داۋۇت پالۋان كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئەۋەتىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى . غاپپار بەگ بۇنى توغرا تاپتى . ئۇ غاپپار بەگنىڭ بۇنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈزگىنىگە رەھمەت ئېيتتى.

كەچتە ناسىراخۇن ، تۇردىئاخۇن ۋە بىر قانچە يېقىن - يورۇقلار داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە يىغىلدى . سورۇن ئەھلى ناسىراخۇن تۇردىئاۇنغا قوينى ئېرتەيگە ئامال قىلىپ ئاپارماسلىقنى ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا بولىدىغانلا بولسا ئالاقىلىشىشنى تاپىلىدى . داۋۇت پالۋان ئۆزى بۇ يەردە باشچى بولۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىردا ھەممەيلەننى سەگەك بولۇپ ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ، بىر مەزگىل يىراقتىن قارشى تۇرۇپ ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ، ئاندىن ئۇيۇشۇش كۈچىگە قاراپ رەسمىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئۇقتۇردى .

ئەتىسى سەھەر ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ، كېلىشىپ قويغان يارالىق ئىككى يىگىتنى ئېلىپ بونجىلاققا قاراپ يولغا چىقتى . تاش كۆۋرۈككە چىقىپ ساقلاپ تۇرغان داۋۇت پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ قايتىدىن خوشلاشتى . داۋۇت


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

پالۋان ئۆلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. كىيىن ئىتنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ قامچا سالدى . ئەمدى بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغاندى . ئۇ ئىنقىلاب قاينىمىغا بارا- بارا ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 23:44:47

داۋامىنى تىزراق ئەۋەتكەيسىز
قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن
رەھمەت سىزگە
نىمە دىگەن تەسىرلىك ھەي.....................

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 0:06:44

پاھ.... ئاخىرى تۇتىشىش پەيتى كەپ قالدى ھە... قېنى قانداق پاجىئەلىك قۇربانلىقلار ۋە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر چىقاركىن؟

ھارماڭ نازاكەت خانىم ھە! سىزگە خەپ سىزنى تىپىۋالسام ئالاھىدە بىر رەھمەت ئېيتىمسام[em63] [em79]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 12:42:10

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
تۈن قاراڭغۇ ، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ ، سوغۇق شامال ھوشقۇيتاتتى. ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ئەنسىز قاۋاشلىرى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ كىچىگە ئاجايىپ سۈر بېغىشلايتتى. كوچا بويلىرىدىكى دەرەخ شاخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سارغايغان ياپراقلار سوغۇق شامالدا ھەر يان ئۇچاتتى. ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ يىنىك شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەر بىقىنىغا جايلاشقان غېرىبلىق باسقان باغدىن بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئىلى ۋادىسى سىلكەندى ،
زېمىن ئەمدى ئويغاندى .
ئۇخلاپ ئەمدى ياتمايدۇ ،
يۇرتىمىزنىڭ ئوغلانى .
كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك ....
_ ئاڭلىدىڭمۇ قاسىم ، بىزنى ئويغىنىڭلار دەۋاتىدۇ ، ئاجايىپ ئۇلۇغ ئادەم - دە ئۇ ، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ تاڭنى چىللايدىغان بۇلبۇلى ، - دىدى قۇربان ئەتراپقا تويماي قاراپ .
_ ئاڭلىدىم . ئۇنىڭ ناخشىسى ماڭا ئەمدى باشقىچە ئاڭلىنىۋاتىدۇ .
_ ئۇ چىللاۋاتقان باھار چوقۇم كىلىدۇ ، - دىدى ياسىنجان .
_ ئەمدى قاياققا بارىمىز ، ئۆيگە كېتەمدۇق - يا ، - دىدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ مەن ئۆيگە قايتاي ، ئانامدىن ئەنسىرەپلا تۇرۋاتىمەن ، - دىدى قاسىم جودا .
_ بىز شۇنچە ۋاقىت ئۆيدىكىلەرنى كۆرمەي چىدىدۇق ، بۇ كېچىدە ئۆيگە بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى بىسەرەمجان قىلماي ئەتىلا بارايلى . ھازىر بىز داۋۇتكامنىڭ ئۆيىگە باراساق ، ئۇ ئادەم نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ ، ئەھۋالىنىشىپ كەلمەمدۇق ، - قۇربانىنىڭ بۇ گىپى ھەممىسىگە مايدەك ياقتى . ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ ، لىكىن بىر خىل ئەركىنلىككە ئىنتىلدۈرگۈچى ئۇمىد قەلبلىرىدە يالقۇنجىغا قىساس ئوتلىرى ئۇلارغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.
_ قۇربان ، سەن چىمەنگۈل بىلەن كۆرۈشمەمسەن ؟
_ ئۇ قاچاندا بولمىسا بارغۇ ؟ يۇرۇڭلار ، ئاۋۋال مۇھىم ئىشلارنى قىلايلى .
ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئالدىراش مېڭىشتى .
_ ئاۋۇ كىلىۋاتقانلار كىملەر ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئەسكەرلەركەن .
_ ساقال ياسغاندەك بىر ياساپ قويايلى .
_ بۇ بولىدىغان گەپ . ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنى كۆرۈپ قويسۇن ، - دېدى قاسىم جودا مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ .
تاماكا چېكىشىپ پاراڭلاشقاچ كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەر تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت ، پەشۋالاردىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى .
_ بىزگە رەھىم قىلىڭلار !- دەپ ياماشتى ئۇلار بۇلارنىڭ پۇتىغا .
_ مانا رەھىم قىلىش دېگەن ، - قاسىم جودا زەردە بىلەن بىرىنىڭ ئىڭىكىگە تەپتى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن شۇ هامان قان كېلىپ ، كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.
_ مانا شەپقەت دېگەن ، - دېدى قۇربان بىر ئەسكەرنى كۆچەپ تېپىپ .
مۇھەممەت گاڭگۇڭ بىلەن ياسىنجان يىقىلغان ئەسكەرلەرنى تېپىپ ، دەسسەپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتى . كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ بىردىنلا ئۈنى ئۆچى .
_ بولدى قىلايلى ، ھېلىمۇ يەتكۈچە ئۇردۇق ، - دېدى قۇربان تەلۋىلەرچە تېپىپ دەسسەۋاتقان ياسىنجانلارغا قاراپ .
_ بۇنى ئۆلتۈرۋېتىمىز ، - دېدى قاسىم جودا ئېغىر پۇشۇلداپ .
ئۇلار ئىككى ئەسكەر هوشىدىن كەتكەندىن كېيىنلا ئۇرۇشتىن توختاپ داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى .
_ ئۇ گۇيلار بىزنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى . مانا ئۇلارنىمۇ ئۇرىدىغان كۈن كەلدى ، - دېدى قۇربان ، - ئۆزۈمنى يەڭگىل ھېس قىلىۋاتىمەن . قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. تازا بىر پۇخادىن چىقتىم .
_ ھەمىشە مۇنداق ئوڭ كېلىۋەرمەيدۇ - دە ، دېدى قاسىم جودا .
_ ئوڭ كەلمىسە ، تەتۈرىنى ئوڭلاپ تۈرىدىغان قۇربان ئاكاڭلار بارغۇ ؟ خاتىرجەم بولۇڭلار ، بۇلاردىن بېرەرسى بىر نېمە دەپ قالسا ، مەن قۇرباننىڭ ئاغىنىسى دېسەڭلار ئۇلار سىلەرگە چېقىلالمايدۇ ، - قۇربان قىزىقچىلىق قىلدى .
_ قارا ماۋۇنىڭ يۈرتقا كېلىپلا پوچى بولۇپ كەتكىنىنى .
_ يۈرۈڭلار ، باشقا گەپ نى قويۇپ ، تېز- تېز ماڭايلى .
ئۇلار تۈن قاراڭغۇسى قوينىدا كۆزدىن غايىب بولۇشتى .
داۋۇت پالۋانغا مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيقۇ يوق ئىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بارسا ، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتىكى پىلان ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇ سىرتتىن بايىلا كىرگەنىدى ، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى ئۇنى چۆچۈتىپ ئورنىدىن ئىرغىتىپ تۇرغۇزۋەتتى. ئۇ ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىپ قورۇغا چىقتى .
_ كىم ؟
_ مەن قۇربان !
داۋۇت پالۋان بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي دەرۋازا تۈۋىگە باردى .
_ بىز جىڭدىن قايتىپ كەلدۇق . ئۇلار بىزنى قويىۋەتتى ،- دېدى ياسىنجان ئەتراپقا قاراپ قويۇپ .
_ هوي مۇنداق دەڭلا ، - داۋۇت پالۋان هوددۇققىنىچە ئىشىكنى ئاچتى ، - قانداقراق ئەھۋالىڭلار ، سالامەت تۇردىڭلارمۇ ؟- داۋۇت پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.
_ داۋۇتكا ، قانداقراق تۇرۋاتىسىز ؟ جاھان ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟
_ قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ،- داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى .
_ دوست- بۇرادەرلەر سالامەت تۇرغاندۇ ؟ ناسىراخۇنكاملارچۇ ؟
_ ھەممىسى سالامەت ، بىز ھەر قېتىم يىغىلىپ قالغاندا سىلەرنىڭ پاراڭڭلارنى قىلىشىمىز .
_ ياخشى ، بىزنى ئۇنتۇپ كەتمەپسىلەر .
_ ئۇنتۇپ كېتەمدىغان .
ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئۆيگە كىردى . نۇرخان ئىللىق چىراي بىلەن بۇلارنى كۈتىۋالدى . ئۇ سىرتتىكى ۋاڭ - چۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى .
_ كېلىڭلار ، هوي سىلەركەنسىلەرغۇ ، قېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىڭلار ، سالامەت كەلدىڭلارمۇ ؟- ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .
_ ئۆزىڭىز سالامەت تۇرغانسىز ؟
_ سالامەت ... قېنى ئۆيگە كىرىڭلار .
_ سەن چاي قىلىۋېتىپلا تاماققا تۇتۇش قىل ،- داۋۇت نۇرخانغا چېكىدى .
ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، دۇئا قىلىپ ، قايتىدىن تېنىچ - ئامانلىق سوراشتى .
_ نۇرخان ، سەن چىقىپ چاي ئەكىرۋېتىپلا تاماق قىل !- دېدى داۋۇت پالۋان نېمە قىلىشنى بىلمەي پىرقىراپ يۈرگەن ئايالىغا ئەسكەرتىپ .
_ ماقۇل ،مانا هازىر .
_ بولدى داۋۇتكا ، ئاۋارە ، بولماڭلار ، چاي بولسىلا بولدى ، - دېدى ياسىنجان .
_ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، سىلەر جاپا چەكتىڭلار ، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىڭلار ، ئەسلى بولسىغۇ قوي سويسام بولاتتى.
_ تاماق يېمىسەك ، قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، - دېدى قاسىم جودا كۈلۈپ تۇرۇپ .
_ سەن گەپنى تۈزلا قىلسەن ، مۇشۇ يەرلىرىڭ بەلەن - دە سېنىڭ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ .
_ يەيدىغانىنىڭ گېپى چىقسا ، ئويناپ كېتىدىغۇ بۇ ، ئەگەر تاماق بەرمىسىڭىز جودالىق قىلىشتىن يانمايدۇ ، - دېدى قۇربان قاسىم جوداغا قاراپ .
ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ قارىدىغان ، ياداڭغۇ يۈزلىرىگە ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ، ئېغىر


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئازابتىن ئاچچىق يۇتتى. كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولۇپ ، زالىم ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا غەزىپى تاشتى .
جىن چىراغ غۇۋا پىلىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ھەممىسى يانلىرىغا قىيسىيىپ ، يېتىپ كېتىشتى . ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك ئەركىن ھېس قىلىشىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارغا بەكمۇ ھارغىنلىق يەتكەنىدى .

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 17:11:17

[size=4][color=Blue]بىر چاغدا نۇرخان چاي كۆتۈرۈپ كىردى .
_ شىرەنى قويۇڭ ، نان دېرىزىدە .
ئۇلار چاينى كۆرۈپ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى - دە ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ شىرەگە يېقىنلاپ كەلدى .
_ قېنى چاي ئىچىڭلار ، قورساقنى ئازىراق ئەسترلىۋېلىپ ئاندىن پاراڭنى باشلايلى ...
ئۇلار قاتتىق ناننى چايغا چىلاپ ئىچىشكە باشلىدى. قاتتىق نان ئۇلارغا شۇنچىلىك مەززىلىك بىلىندى . ئۇلار ئىشتىها بىلەن چايناشتى .
داۋۇت پالۋان ئۇلارنىڭ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىغا قاراپ تېخىچە ئازابلانماقتا ئىدى .
_ ھوي قاسىماخۇن ناننى چايناپ يۇتۇڭلار ، گېلىڭلاردا تۇرۇپ قېلىپ ئۆلۈپ قالماڭلار يەنە ، - دېدى قۇربان .
_ مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ ؟- دەپ خاپا بولدى قاسىم جودا .
_ مەن ئەمدى ساڭا كۆيۈنمىسەم كىمگە كۆيۈنىمەن دوستۇم .
ئۇلار چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈردى .
_ ئالدىراپ قول كۆتۈرمەيلى ، ماۋۇنىڭ كەينىدىن تاماق بار ، - دېدى قۇربان .
_ يائاللا قۇربان ، يائاللا ... بۇنىڭ دۇئاسى باشقا ، ئۇنىڭ دۇئاسى باشقا ، - دېدى ياسىنجان .
_ بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسىلەر ، نېمە ئىشلار بولدى ؟ ئەمدى ئاڭلايلى قېنى . مەن بىر نەچچە قېتىم بارسام ئاپارغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى قويمىدى .
_ سىز بارغانما ؟
_ بىلمەمسىلەر ، مەن ئاپارغان نەرسىلەرنى سىلەرگە بەرمىدىمۇ ؟
_ ياق .
_ بوپتۇ ، سالامەت قايتىپ كەپسىلەر ، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى كۆپ يېگەن ئىدۇق . قېنى ھېكايەڭلارنى ئاڭلايلى .
_ بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ... - قۇربان ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى .
ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى . قۇرباننىڭ تىترەپ قايغۇلۇق چىقىۋاتقان ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. داۋۇت پالۋاننىڭ گاھ قوشۇملىرى تۈرۈلسە ، گاھ غەزەپتىن بەدەنلىرى چىڭقىلىپ كېتەتتى. يۈرىكى سىقىلىپ نەپسى بوغۇلاتتى.
قۇربان باشتىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى . داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ سۆز قاتتى. :
_ سىلەر بەكمۇ ئازاب چېكىپسىلەر ، باتۇرلۇق كۆرسىتىپسىلەر ، ھازىر بۇلارنىڭ پۇتىغا پىت چۈشتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ، پۇتى كۆيگەن توخودەك يۈرىدۇ . بۇنىڭدىن بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غېنى باتۇرلار ئالامەت ئىش قىپتۇ .
_ بىز ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلىساق بولار ؟- دېدى ياسىنجان .
_ بايىقىدەك يولدىن باشلىمامدۇق . بۇزۇلغان ئەسكەرلەرنى ئانچە - مۇنچە ياساپ ... - دېدى قۇربان ھەييارلىق قىلىپ .
_ نېمە ئىش بولغان ؟- دېدى داۋۇت پالۋان .
ياسىنجان بوغلان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ قارامليقىدىن ئەنسىرىگەندەك بولدى - يۇ ، يەنە ئارقىدىنلا ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا نۇرخان تاماق ئېلىپ كىردى ، چامغۇر ، ئاشكۆكلەرنى سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ مېزىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى .
_ سىزنى ئاۋارە قىلدۇق - دە ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئوڭايسىزلىنىپ ، - بۇ كېچىدە ...
_ ئاۋارە بولدىغان نېمە ئىش بار ؟ قېنى ئوخشىمىغان بولسىمۇ ئېلىڭلار ...
_ قېنى تاماققا بېقىڭلار ، تاماقتىن كېيىن يەنە پاراڭلىشارمىز .
ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ گېپىگە قىزىقىپ ، تاماقنى تېز - تېز يېيىشكە باشلىدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتاتتى.
ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئۆز سۆزىنى باشلىدى .
_ ھازىر بۇ يەردە خائىن ، مۇناپىقلار كۆپىيىپ كەتتى، ھوشۇر ، زاكىر ، تۇرسۇن ، ئايىسخانلار ھەممە يەرلەردە قۇلاق يېقىپ تىڭتىڭلاپ يۈرىدۇ . ئايىسخاننى ھەممىسى جۇيجاڭ دەپ ئاتىشىۋالدى . ...
_ پاسكىنا سەت جالاپنى قارا ... دەپ ئاچچىقلاندى قاسىم جودا ، - ئادەم ئەمەس ، ھايۋانلار !
_ ئۇلار خەلق ئالدىدا بىر كۈنى شەرمەندە بولىدۇ. خەلق ئۇلارنى جازالايدۇ .
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېزىلىۋاتقان خەلق ، ئاھۇزارلىق تۇرمۇش، بىچارە ھايات ... بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ بونجىلاققا كەتكەنلىكىنى ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....

[/color/][color/][size/][ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2007-1-9 17:39:17 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 22:06:38

داۋامىنى تىزراق ئەۋەتكەيسىز
قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن خانىم
سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت!!!!!!!!!!!!!![em72] [em36]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-9 18:11:44

[size=4][color=Blue]_ ۋاھ ، بەكمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ بۇ ؟- دېيىشتى ئۇلار ھاياجانلىنىپ ، - بىزمۇ ئەمدى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قېتىلىپ كېتىدىكەنمىز - دە .
_ بىز ھازىرچە بۇلارنى ھۇركۈتۈپ تۇرايلى . شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن باشقا ئىشنى كۆرەمىز ، گەپ بۇلارغا قارشى ھەرىكەتنى توختىتىپ قويماسلىقتا .
_ جېنىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ ، - دېدى قاسىم جودا .
ئۆيىقۇغا قانالمىسەن ،
يىراقنى كۆرەلمەمسەن .
ئېشىكنى بۇلاپ يېسە ،
بىر مۇشتمۇ ئاتالمامسەن .
_ قارا ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ مەزمۇنىنى ...
_ بايخان بۇ كۇنلەردە ئىشكىنىڭ ئالدىدا تولا ناخشا ئېيتىدىغان بولىۋالدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇنىڭ ناخشىلىرى ناھايىتى مەزمۇنلۇق ، ئاڭلىسام ، ئاڭلىغۇم كېلىدۇ ، گاھىدا كۆزلىرىمگە قان تولۇپ ، ئېتىلىپ چىقىپلا ، بىر قانچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋالىمەن . ئۇ تېپىلغۇسىز بىر ئىنسان ، يۇرتىمىزنىڭ قەيسەر ئوغلانى ، ئەگەر ئۇ بۇ يۇرتتا بولمىسا، بۇ يۇرت قانداق بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن .
_ چوڭلار ئۇ بۇ يۇرتتىن يوقالسا ، بۇ يۇرتنى بالايىئاپەت باسىدۇ ، دېيىشىدىكەنغۇ ؟
_ بەلكىم راستتۇ؟
_ ئۇنى بەزىلەر بۆرە بېقىپ چوڭ قىلىپتىكەن دېيىشىدىكەن .
_ يەنە بەزىلەر ئۇنى ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچىدىكەن ، ھەممە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن دېيىشىدىكەن ، ئۇ گۈللەرگە ، باغۇ - بوستانلارغا ئەجەپ ئامراق - ھە !
_ داۋۇتكا ئۇنى ئۆزىمىزگە خەۋەرچى قىلىۋالساق بولمامدۇ ؟ - دېدى قۇربان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ .
_ ئېسىمدە يوق نەرسىنى ئەجەپ سالدىڭ ، بۇ بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى . ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي ، ئۇ چوقۇم ياق دېمەيدۇ .
_ ئۇ ھەققەتەن ئۇلۇغ ئادەم ، بىر كىشىگە شۇنداقلا قاراپ ئاتا- ئانىسىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ ؟ئۇ كىرگەن دۇكاننىڭ تىجارىتىمۇ باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ .
_ شۇنداق ، ئۇ ئەۋلىيادەك ئۇلۇغ ئادەم ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇ ئورمانلىقلار ئىچىدە چوڭ بولغان ، ئۇ زېمىن بىلەن تەڭ نەپەسلىنىدۇ . بۇ زېمىننىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئۇ چىداپ تۇرالمايدۇ . ئۇنىڭ يۇرت ھەققىدە ئېيتقان ھېكايىسىنى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي ...
ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى . بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەتتى.
سەھەر ، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى داۋۇت پالۋاننى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. باشقىلار تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى .
_ كىم ؟- چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان داۋۇت پالۋان قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ مەن ئىسمائىل شەنگەن ، ئىشكىنى تېز ئاچ .
<< بۇ يالاقچى نېمە دەيدىغاندۇ ؟>> دېگەننى ئويلىغان داۋۇت پالۋان بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا باردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ـ نېمە ئىش بولدى بۇ قاق سەھەردە ؟- دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن . ئاندىن ئىشكنى شاراقشتىپ ئاچتى .
ـ ۋەن سىلىك سېنى چاقىرۋاتىدۇ ، مۇھىم گەپ باركەن . ئىلى ئوغرىلىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشايدۇ... - دېدى ئۇ بىر خىل ئالاقىزادىلىك ئىچىدە .
بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋاننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بىر تۇرۇپ يەنە ئىشەنگۈسى كەلمىدى .
ـ قاچان كەپتۇ ؟- دېدى ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن .
ـ ئاخشام كەلگەن ئوخشايدۇ ، ۋەن سىلىك تۈزۈك ئۇخلىمىغاندەك قىلىدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ قاپتۇ .
ـ ئىلى ئوغرىلىرى كەلسە مېنىڭ نېمە ئىشىم ؟
ـ بىلمىدىم . مېنى شۇ چاقىرىپ كەل دېگەن ... - دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ .
ـ مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن، سەن كېتىۋەر .
ـ تېزرەك ... ھە ، ۋەن سىلىك ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە . مەن دەشنام يەپ قالماي ...
ـ ئاچچىقلىسا ئاچچىقلىسۇن ، مەن ئاچچىقلىمامدىكەنمەن .
ـ ئاچچىقلىمايسەن ... مەن ... بارارسەن - ھە... - ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ تۈرۈلگەن چىرايىدىن قورقۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۇەن ناھىيلىك ھۆكۈمەتتە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر مەنسەپدار ئىدى . خەلق ئۇنى << ئىسمائىل شەنگەن >> دەپ ئاتىۋالغانىدى .
ـ كىمكەن ئۇ ؟ - دېدى نۇرخان ئەنسىز ھالدا ، ئۇ بۇ كۈنلەردە داۋۇت پالۋاندىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ بىر قېتىم داۋۇت پالۋانغا << سىز مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ كەچ كېلىۋاتىسىز . گاھى كۈنلىرى سەھەر چىقىپ كەتكەنچە كەلمەيمۇ قويىسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولىۋالدىڭىز ، دىققەت قىلىڭ >> دېگەنىدى . داۋۇت پالۋان تەرىنى تۈرۈپ ئاچچىقلاپ : << خوتۇن خەق دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماي ، ئۆيىنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان >> دەپ كايىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ بۈگۈن قورقۇمسىراپ سورىدى .
ـ ئىسمائىل شەنگەن ۋەن سىلىك چاقىرۋاتىدۇ دەيدۇ .
ـ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟
ـ كىم بىلىدۇ، سەن چاي قاينات ، مەن چاي ئىچىپ بېرىپ باقاي .
ـ بولىدۇ، - ئۇي داۋۇت پالۋاننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە ئارتۇقچە گەپ قىلماي ، چايخانا تەرەپكە ماڭدى .
داۋۇت پالۋان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگىنىدە ، قۇربان ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇراتتى. ئۇ داۋۇت پالۋانغا ئەنسىز ھالدا قارىدى .
ـ نېمە ئىش بولدى؟
ـ بۈگۈن مېنى ۋەن سىلىك ئالاھىدە چاقىرتىپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئىسمائىل شەنگەن دەپ قويۇپ كەتتى.
ـ نېمىگە چاقىرتقاندۇ ؟ سىزنى بىرەرسى چېقىپ قويىدىمۇ - يا ...
ـ بىلمىدىم ، ئۆتكەندە سايىم باي بىلەن بەزىبىر گەپلەرنى قىلىشقان ... ياق ، ئۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ، ئەمىسە كىم ؟
ـ ئاخشام تاياق يېگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىشىمىكىن دەيمەن .
ـ ئەسكەرلەر بىزدىنمۇ تاياق يەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەس .
ـ سىزدىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ - يا .
ـ ھېچ بىلمىدىم ، بارغاندا بىلەرمەن .
ـ بارسىڭىز قانداق بولار ؟
ـ ھېچ ئىش بولمايدۇ .
باشقىلارمۇ ئويغىنىپ ، ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىشتى - دە :
ـ نېمە ئىش بوپتۇ ؟- دەپ سوراشتى .
ـ ئىسمائىل شەنگەن ۋەن سىلىك داۋۇت پالۋاننى چاقىرۋاتىدۇ دەپ كەپتۇ .
ـ نېمە ئىش بولغاندۇ ؟
ـ ئاخشامقى ئىشمىدۇ - يا ، يامان ئۇرۇۋېتىپ قالدۇق ئەمەسمۇ ....
ـ سىلەر يۈز - كۆزۈڭلارنى يۇيۇپ چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار . مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلەي .
ـ بولىدۇ ، مەشەدە كۈتۈپ تۇرايلى . سىز كەلگەندىن كېيىن بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئۆيلىرىمىزگە بارايلى .
ـ بىرەر ئىش بولماس داۋۇتكا ؟
ـ خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھېچ ئىش بولمايدۇ ، سىلەر قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇپ ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار كۈتۈڭلار ، ئىش ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ ، سالامەتلىكىڭلارنى ئوبدان ئاسراڭلار ، بەكمۇ ياداپ كېتىپسىلەر ، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ، نېمە ئىشلىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ چايمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتتى. قالغانلار ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-9 22:05:16

ئەجەپ يامان يېرىگە ئەكەپ توختىتىپ قويىدىكەنسىز ئادەمنى تەقەززا قىلىپ..... ۋاي ئاللا.. شۇنداق قىزىپ ئوقۇۋاتسام تۇگەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كەتكىننى دەيمنا...

داۋامنى تىزرەك يازسىڭىز دوستۇم!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-10 12:18:24

[size=4][color=Blue][center]3[/center]
گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي ئىككى ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچىدى- دە ، كېچىنى كېچە دېمەي ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، ياڭ ھاكىم قاتارلىق ئەمەلدارلارنى يىغىپ جىددىي يىغىپ ئاچتى .
_ بۇ نېمە ئىش ئەمدى ؟ << ئالتە ئوغرى >> بۇ يەردىمۇ پەيدا بولدىمۇ نېمە ؟ بۇنى تېزدىن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . ھەممىڭلار نان قېپىلار ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان .... - ئۇ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۈرلۈك تەلەتىدىن قورقۇشتى .
_ ۋۇ جۈيجاڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟
_ ھەممىسنى ئورۇنلاشتۇرغان ... يىغىن ئاچقان ... - دېدى ۋۇ شاۋتەن دۇدۇقلاپ چىرايى تاتارغان ھالدا .
_ بۇ ئىشقا سەل قاراپ ، بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ ، ئاپەتنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قۇرتىتىۋېتىش كېرەك . ھە ، ياڭ جانابلىرى ئۆزلىرىمۇ سەگەك بولۇپ يۈرسلە ، سىلنى بىكارغا ھاكىم قىلىپ سايلىمىغان بىز ، بۇ خەققە كۆلۈپ قويغان بىلەن باشقا چىقمىدۇ. ئاز- تولا ئۇچۇقداپ ، يۈرىكىنى مجىپ تۇرۇش كېرەك .
ياڭ ھاكىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈككىدە ئولتۇراتتى.
_ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالغا قېلىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ، ئەسكەر دېگەن دۆلەتنى قوغدىغۇچى ! ئۇنىڭ كىشلەر ئالدىدا ئابرويى بولۇشى كېرەك . بىلىۋاتامسىلەر ، ئەمما ، ھازىر نېمە بولۇۋاتىدۇ ؟ بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر قوللانمىساق بولمايدۇ ، ھەر قايسى تۈگمەنلەرنى ، زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرىنى پۇختا قوغدىشىمىز لازىم . ئەگەر ئاشلىق قولدىن چىقىپ كەتسە، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ .... كەچتە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ چارلاش ئېلىپ بېرىشى خەۋپكە دۇچ كەلدى . بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ بىر نەچچە قېتىم ئەسكەرلىرىمىز زەربىگە ئۇچىرىغانىدى . ئەمدى ئۆلۈم ئىشى چىقتى . << ئالتە ئوغرى>> پەيدا بولماستىن بۇرۇن بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغان ؟ ئەمدى قاراڭلار ، نېمە بولۇۋاتىدۇ ؟
بۇنىڭ چوقۇم ئوغرىلار بىلەن باغلىنىشلىقى بار ، ئەسكەرلىرىمىز خاتىرجەم كوچا چارلاش ئېلىپ بارالمىسا ، ھە ، بۇنى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟!- ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى .
_ مېنىڭچە ، - دېدى ياڭ ھاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ، << ئۆزۈمنى ئەمدى بىر كۆرستىپ قويمىسام >> دېگەندەك ۋەن گوتەيگە قاراپ ، - بۇلارنى ئۆزى بىلەن ئۆزىنى باپلاش كېرەك .
_ قانداق باپلاش ؟- ئالدىراپ سورىدى ۋۇ شاۋتەن .
_ كۈندۈزدە بىزنىڭ ئەسكەرلەر كوچا چارلىسا ، كەچتە يەرلىك خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوغدىغۇچىلارنى كوچا چارلاشقا قويساق ... بۇ خەق كىچىككىنە مەنسەپنى كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ ، نەپكە ئامراق . قوپاللىق بىلەن قارشى تۇرماي، سىلىق ، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك . ياغاچنى پالتىغا ساپلاپ تېرەك كەسكۈلۈك ... جوگى لىياڭدەك پەم - پاراسەت بىلەن ئىش تۇتمىساق يۇرتنى قانداق باشقۇرىمىز. قېنى بۇنى ئويلىشىپ كۆرسلە ، سىلىك جانابلىرى .
ئۇنىڭ سۆزى ھەممىگە تەسىر قىلدى . ۋەن گوتەينىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆچلىكى كەلدى . << مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇراشتۇرۇپلا دېگەن گېپىنى قارا ... ئۆزىچە كېرىلىپ كەتكىنىنى ... >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
_ ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى قانداق تەشكىللەش كېرەك ؟ ئەگەر ئۇلار ئىشەنچىلىك بولماي قالسىچۇ ؟- دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى سېلىپ .
_ بۇنىڭغا ئامال بار ، - دېدى ياڭ ھاكىم ، ھېلىقى چاغدا چېلىشقا چۈشكەن داۋۇت پالۋان دېگەن بۇقىنى پەم بىلەن كۆندۈرۈش كېرەك . ھەر قانداق يىرتقۇچ ھاۋاننىمۇ ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ كۆندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ ياۋايىنى كۆندۈرۈپ ، بۇ ئىشقا سېلىش كېرەك . ئۇنىڭ بۇ يەردە خېلى ئابرويى بار ، كىشلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاسانلىقچە يىرمايدۇ .
_ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ . بىزنىڭ ئەسكەرلەرمۇ ئانچە - مۇنچە چارلاپ تۇرۇشى كېرەك .
_ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ پەم - پاراستىگە باغلىق .
ۋەن گوتەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. << بۇنى رەت قىلىۋەتسەم ، ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ . ھە دەپ قويۇپ بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي قېنى ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قويغانغا نېمە بولاتتى. بۇنىڭدىن ھازىرچە پايدىلىنىپ ، كېيىن ئەسكى پايپاقنى چۆرىگەندەك چۆرىۋەتسەم بولدى ئەمەسمۇ ؟ قېنى بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي . ئەگەر قاملاشماي قالسا ، ئۇنىڭغا گۇناھنى يۈكلەپ قويىدىغانغا ئاسان بولىدۇ >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئۆزىگە تەسەللى بەردى .
_ ئەتە داۋۇت دېگەننى چاقىرتىپ كېلىڭلار، سۆزلىشىپ كۆرەي ، - دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ئاندىن، _ ھېلىقى سايىم، ھاجىم دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئۇلار پات - پات كۆرۈنۈپ تۇرسا بولاتتى،- دېدى قەستەنگە . ئۇ شۇ سوئال ئارقىلىق ياڭ ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدى .
_ ھاجىمباي تاغدا مالغا قاراۋاتىدۇ ، سايىمباي سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ، - دېدى ياڭ ھاكىم ئۇلارنى ئاقلاپ . ئۇ بۇلار بىلەن ھەر ھالدا ياخشى ئۆتەتتى. بۇنىڭ ياڭ ھاكىمنىڭ ئۇلاردىن ئاز - تولا نەپ ئېلىپ تۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ھەر ھالدا دىققەت بىلەن نازارەت قىلىپ تۇرۇڭلار ، بۇلارغا ئانچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى . ئۇلار ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ تۇرسا كۆڭۈل توق تۇرىدۇ . ئالمادىس ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەمدە بولسا قانداق قىلغۇلۇق -ھە ؟ ....
ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ . ئۇلار ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، - دېدى ياڭ ھاكىم .
_ خاتىرجەم بولۇڭ دەپ ، نېمە ئىشلار چىقىۋاتىدۇ . قاچان جاھان تىنجىسا مەن شۇ چاغدا خاتىرجەم بولىمەن . ۋۇ جۇيجاڭ سىزمۇ ئادەملىرىڭىزنى بېقىپ ياتماي ئىشقا سېلىڭ . ئىتنى بېقىپ ئوۋغا سالمىغاننىڭ نېمە پايدىسى - ھە ! ھازىر ئۆزۈڭلارغا پۇختا بولۇپ ، ئەھۋالنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇڭلار ، يۇز بەرگەن بۇ ئىشقا قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدۇ ، ھە ... باشقا گەپ سۆز بارمۇ ؟
_ يوق .
_ يىغىن تۈگىدى !
ۋەن گوتەيىنىڭ بۇگۈنكى ئەلپازىدىن ھەممىسى قورقۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە دادىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغان مىجەزىنى ھەممىسى ئوبدان بىلگەچكە ئۈن - تىنسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تارقىلىشتى . ئۇلار سىرتقا چىقىپلا ئۆزلىرىنى يېنىك ھېس قىلىشتى . ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ << ئاقىلانە تەدبىرى >> نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى قايىل قىلغانلىقىغا خۇشال ئىدى . << ئەگەر گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەرسەم ، ئۇ مېنى نېمە چاغلايدىكىنا .. ھەي مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ قالمىسام بولاتتىغۇ ؟ ۋاي ، ۋۇي ئۆچەكىشىپ قالسام قالارمەن ... >> شۇلارنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلەشتى .
ئۆتكەنكى بىر ئىش ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويغانىدى . ئۇلار بۇ ئىشنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايتتى. فەن فامىلىلىك بىرى ۋەن گوتەي ئوتتۇرىغا قويغان << ئىشەنچلىك ئادەملەرنى خەلق ئىچىگە سېلىپ ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، خەلقنى قوزغىتىش ، ئاندىن ئۇلارنى بىر يولىلا قىرىپ تاشلاش ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش >> دېگەن پىكىرىنى رەت قىلىپ ، << ھېلىكىمۇ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرى يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ ، ئالۋاڭ - ياساقمۇ يەتكىچە بار ، ئۇلار بىزنى ئۈن - تىنسىز بېقىۋاتسا ، يەنە ئۇلارنى قىرىپ نېمە قىلىمىز >> دېگەنلىكى ئۈچۈنلا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى .

داۋامى بار ... [color][/size/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-10 12:46:02

پاھ.... ئەمدى ئىشنىڭ قىزىقى چىقىدىكەندە! ھاھاھاھا... داۋۇت پالۋانغا قورال بەرسە ئىش كاتتا ئوخشاپ كەتمەمدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورۇپ باقايلى!

ماۋۇ لالمىلارنىڭ ئاۋۇ ئاخىرقى سوزى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدۇ دە! << ئوزى جاسۇس كىرگۈزۈپ خەلقنى ھوكۇمەتكە قارشى قۇترىتىپ ئاندىن ئوزى يىغىپ سولاپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش!!! >>. قالتىس تەدبىرغۇ بۇ ھە! دۇنيادا ئىنسان، ئادەم قىلمايدىغان دانا ھايۋانى پىكىركەن بۇ!

---

يوللىغۇچى: yasenjan123
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-10 14:01:20

ياخشى يېزىلىپتۇ .مۇشۇنداق ياخشى تىملارنى داۋاملىق يوللاپ تۇرۇڭ.

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-10 22:20:24

داۋامىغا تەشنامىز
تازا قىززىق يېرىگە كەلگەندە ھەي.............................

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 12:24:27


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]سەھەردە ۋەن گوتەي داۋۇت پالۋاننى ساقلاپ خېلى ئولتۇردى .
_ نېمنداق كەلمەيدۇ ، - دەپ ئاچچىقلاندى ئۇ .
_ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، - دېدى ئىسمائىل شەنگۇن تىترەپ تۇرۇپ ، - مەن قاراپ باقاي ، - ئۇ شۇنداق دەپ ئىشكنى ئاچتى ، - ئەنە ئۇ كېلىۋاتىدۇ ....- ئۇنىڭ سىيدام يۈزلىرىگە كۈلكە يامىرىدى .
داۋۇت پالۋان مەغرۇر قەدەم تاشلىغىنىچە كىرىپ كەلدى . ۋەن گوتەي ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقانىدەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. << ئەجەپ قامەتلىك نېمكىنا بۇ ، بۇنداق گەۋدىلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
_ كېلە داۋۇت كەل !- دېدى ۋەن گوتەي ساختا كۈلۈپ ، - نەدىكى بىر نېمىلەرنى ئىشلىتىپ يۈرۈپتىمەن . سەندەك ئەزىمەتلەر تۇرغان يەردە ... سېنى ئەتىگەندە ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم - ھە ...
_ يوغسۇ ... ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار ، - دېدى داۋۇت پالۋان خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەپ .
_ پاھ ، پاھ ، قالتىسقۇ !- دېدى سىلىك داۋۇت پالۋانغا يېقىنلاپ كېلىپ ، - خەنزۇ تىلىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسەن .
_ داۋۇت ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ئەزىمەت، - دېدى ئىسمائىل شەنگۇن گەپ قىستۇرۇپ .
_ نېمە ئىش بىلەن چاقىرتقانلىكىن ...- دېدى داۋۇت پالۋان ئىچىدىكى ۋەسۋەسىنى تۆگىتىش ئۈچۈن .
_ داۋۇت ، مەن سېنى ناھايىتى باتۇر، پالۋان دەپ ئاڭلىدىم . يۇرتتا خېلى ئابرويۇڭ باركەن ، بىز ساڭا زور ئىشەنچ باغلاپ ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن چاقىرتتۇق ،- ئۇ بۇ سۆزلەرنى دادىنىڭ بالىغا دېگەن سۆزىدەك ناھايىتى سەممىي ئېيتتى.
_ ماڭا تاپشۇرغىدەك قانداق خىزمەتلىرى باركىن ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ غەرزىنى بىلىشكە ئالدىراپ .
_ سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنچلىك ئادەمدىن ئوننى تاپسەن ، بىز سىلەرگە قورال بېرىمىز . سەن شۇلارغا باشلىق بولۇپ ، تاش كۆۋرۈكنى ، ئىسرائىلباي ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي تۆگمەنلىرىنى قوغدايسەن ، ئوغرىلارنىڭ يۇرتىمىزنى پاراكەندە قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىسەن ، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ساقلايسەن . خىزمىتىڭلار كەچتە بولىدۇ. بۇ يەرلەرنى پۇختا ساقلاش زۆرۈر . ئوغرىلارنىڭ ئىشى بارغانچە كېڭىيىپ ، ئادەمگە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ ، ئەگەر ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭ ، جاھان تىنجىغاندىن كېيىن ، سېنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايمىز ، خىزمەت بېرىمىز . بىز سىلەرگە ئىشىنىپ بۇ خىزمەتنى تاپشۇرۇۋاتىمىز . ئەگەر ياخشى ئىشلىمەي ھاڭۋاقتىلىق قىلساڭلار، ئۇ چاغدا كاللاڭلار بىلەن جاۋاب بېرىسلەر...
بۇنى ئاڭلاپ داۋۇت پالۋان ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . << بۇ ئىشنى قىلسام خەلق ماڭا قانداق قارايدۇ ، ئۇلار نېمە دەر... بولمىسىغۇ بۇ ناھايىتى ياخشى ئىشكەن . بۇ بىزگە كەلگەن بىر پۇرسەت . ئىچكى جەھەتتە ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ماسلاشسام ، سىرتقى كۆرۈنۈشتە بۇلارغا ئىشلىگەندەك بولۇپ ، بۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىماي ھەرىكەت قىلسام .... خەلق ...ئۇلار كېيىن چۈشىنىپ قالار ، بۇ بولىدىغان ئىشكەن ...>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاندىن كېيىن ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى.
_ بولىدۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ۋەن گوتەيگە يۈزلىنىپ ، - بۇ ناھايىتى شەرەپلىك ئىشكەن . جېنىمنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن ... - ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ ئازابلىنىپ كەتتى. بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ياماشتى .
_ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، قەيسەر ئەزىمەتكەنسەن !
_ ئۇنداق بولسا مەن ئەتە سەھەردىلا ئون ئادەمنى باشلاپ كېلەي ، كۆرۈپ بېقىڭ .
_ مەن ئەتە سىلەر ئۈچۈن مەخسۇس زىياپەت تەييارلاپ ، يولۇڭلارغا قاراپ تۇرىمەن ،- دېدى ۋەن داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاندىن كۆڭلى سەل تىنىغاندەك بولدى . << بۇنى ئۇنىماسمىكىن دېسەم ، قارا بۇ قىران بۈركۈتنىڭ كۈچمەيلا قولغا كەلگىنىنى ... خەنزۇ تىلىنى ئەجەپ ياخشى سۆزلەيدىكىنا ....>>
_ مەن قايتتىم ئەمسە .
_ خوش !- ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى .
_ ئىسمايىل .
_ خوش سىلىك ، نېمە گەپلىرى باركىن ؟
_ ئۇيغۇر ئاشپەزلەرگە خەۋەر قىل ، ئەتىكى زىياپەتنى كاتتا قىلسۇن !
_ خوپ !
داۋۇت پالۋان قورۇدىن چىقىپ كېتىپ بارغىنىدا ، ئوتتۇن كەسلەۋاتقان سىدىق كۆككۆز ئۇنىڭغا قاراپ :
_ داۋۇتكا ، سەھەردە بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ ؟ سىزمۇ بىرەر خىزمەت كۆرستەي دېدىڭىزمۇ نېمە ؟- دېدى مەنىلىك قىلىپ .
_ بۇلار چاقىرتىپتىكەن ... _ دېدى غەزەپتىن بوغۇلۇپ . سىدىقنىڭ گېپى داۋۇت پالۋاننىڭ جان - جېنىدىن كەتكەنىدى . ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى . << مانا ھېلىتىن مەندىن گۇمانلانغىلى تۇردى .. بوپتۇ ، كېيىنچە چۈشىنىپ قالار ، ھازىرچە ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، چىداپ تۇراي ....>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ سىدىق كۆككۆزگە ئالىيىپ قويۇپ ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىچە ئېچىشىۋاتاتتى. سىدىق كۆككۆز << ھەي ، نەپسى بالا ... >> دەپ غودۇرىدى . ئۇ يەنە بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :<< بەلكىم بۇنىڭغىمۇ ئويلىغىنى باردۇر . ئۇ بۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ... ھەي ... >> دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بەردى .

داۋامى بار ....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: aziza
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 13:26:34


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

Nazakat0909بەك ياخشى ئىشتىن بىرنى قىپسىز،مەن ئەسلىدە بۇ رومانىنى كۆرۈشنى بۇرۇنلا ئويلىغان بولساممۇ ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن پۇرسەت چىقىرالمىغان ئىدىم.سىزگە كۆپ تەشەككۇر.قۇلىڭىزغا دەرت كەلمىگەي.داۋامىنى كۆرۈشكە تەشنا بۇلۇۋاتىمەن.بىزنى تەشنا قىلماي تىزراق يوللىسىڭىز بۇپتىكەن.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 17:39:56

شۇنداق قىلىپ خەلقىمىز ئەزىمەتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن قورالاندۇرار بولدى دە ھە بۇ بەدبەختلەر... خۇدانىڭ ئۇرغۇسى كەلسە شۇنداق يوللار بىلەن ئۇرىدۇ،،، چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ... ھاھاھا... رەھمەت سىزگە دوستۇم! قالدىسىنى كورۇشكە تەشنامىز!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 17:49:59

[size=4][color=Blue]ئەتىسى داۋۇت پالۋان ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇر ، قۇربان ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇك ، قارا قاۋان ، قاسىم جودا ، ئەمەت قاتارلىق ئون ئادەمنى باشلاپ ۋەن گوتەينىڭ ئىشخانىسىغا باردى ، ۋەن گوتەي بۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى . ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ سەل چۆچىگەندەك بولدى ... ئالدىدا ساقال باسقان ھەر بۇرۇتلۇق يوغان ئادەملەر چەكچىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ ، يەنە كۆزىنى يۇمۇشلاپ قاربدى ، ئالدىدا يىرتىق كىيىملىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ، كۆزلىرى بۇركۇتنىڭكىدەك چاقنىغان گەۋدىلىك ئادەملەر .
_ ياخشى ، ياخشى ، سىلەرنى قارشى ئالىمىز ، - دېدى ئۇ ئورنىدىن قوزغالماي ، - سىلەر بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتسەڭلار ، كاتتا مۇكاپات بېرىمەن ...._ ئۇ دەيدىغان سۆزلىرىنى تاپالماي قالدى ، - مەن سىلەرنى راسا بىر مېھمان قىلاي ، دوست بولۇپ قالايلى ، - ئۇ يېنىدىكى كانۋېيى تەرەپكە بۇرۇلدى، - سەن چىقىپ ئاشپەزلەرگە خەۋەر قىل ، جوزىلارنى راسلاپ سەي كەلتۈرسۇن ! قېنى داۋۇت بىز زىياپەت زالىغا چىقايلى .
ئۇلار مېھمانخانا زالىغا چىقىپ تۇرشىغا ، ياڭ ھاكىم ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، پىرقە باشلىقى قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى . ۋەن گوتەي ئۇلارغا شۇنداقلا بىر قاراپ :
_ كېلىڭلار ، - دېدى تىلىنىڭ ئۇچىدا . ئاندىن داۋۇت پالۋانغا قاراپ ، _ ئولتۇرۇڭلار ئەزىز مېھمانلار ، - دېدى .
زىياپەت باشلانغاندا ، لەنشىك ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەممىسىگە ۋەھىملىك قادىلاتتى.
_ لەنشىك يوقاپ كەتتىڭمۇ ؟ نەلەردە يۈرىسەن ؟- دەپ خاپا بولغاندەك قىلدى ۋەن گوتەي .
_ مەن بارغۇ ؟- دېدى لەنشىك سەل قورقۇمسىراپ ، ئۇ داۋۇت پالۋانغا ئالىيىپ قويدى .
جوزا ھەر خىل سەيلەر بىلەن تولدى . شورپا ئېلىپ كېلىندى .
_ قېنى داۋۇت ، ئېلىڭلار ، بىز سىلەر بىلەن بارا- بارا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن .
_ ئىلتىپاتىڭلارغا رەھمەت، بىز سىلەرنىڭ كۈتكەن يېرىڭلاردىن چىقىپ ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىمىز، - دېدى داۋۇت پالۋان تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ .
_ سىلەر ، - دېدى ۋەن گوتەي مۇلايىم تۇسكە كىرىپ ، - كېچىدە چارلاش ئېلىپ بارىسىلەر ، بىر ئىش كۆرۈلسە ، ماڭا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرسىلەر ، يامان ئادەملەرنى كۆرسەڭلار تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكىلىسىلەر ، بىز سىلەرگە ئىشەنچ قىلىپ ، بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۋاتىمىز، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىساڭلار ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىمەن، ئەگەر ياخشى ئىشلىمىسەڭلار جازالايمەن ... ھەممىڭلار داۋۇت پالۋانغا بويسۇنىسىلەر ، ئۇنىڭ گېپىنى يىرمايسىلەر ، ئۇ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار ... مەن سىلەرگە ئىككى قارا ملتىق بېرىمەن . ناھايىتى ئىنتىزامچان بولۇشۇڭلار كېرەك...
_ خاتىرجەم بولۇڭ سىلىك ، بىز كۈتكەن يېرىڭىزدىن چىقىپ ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىمىز. بىزنى مۇشۇنداق مېھمان قىلىپ تۇردىغانلا بولسىڭىز ئوغرى تۇرماق قاراقچىنىڭمۇ كاللىسىنى دارغا ئاسىمىز، - دېدى قۇربان قاپاقلىرىنى يالغاندىن تۇرۇپ قويۇپ .
_ ئوغۇل بالا ، ئىسمىڭ نېمە ؟- دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلانغان ۋەن گوتەي .
_ قۇربان ، -دېدى ئۇ لەنشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ .
_ ۋەن سېلىك ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بىزنى تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسىڭىز ، يول يۈرۈشكە ئەپلىك بولسا...
_ بولىدۇ ، بولىدۇ ، ياخشى گەپ ، - ئۇ شۇئان كانۋېينى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا داۋۇتلارنىڭ سالاھىيتىنى تونۇشتۇرۇپ ئىسپات يېزىپ بېرىشنى تاپشۇردى . كانۋېيى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجا كەلتۈردى .
زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى .
_ ۋەن سىلىك ، - دېدى داۋۇت پالۋان بۇ يەردە قىسىلغاندەك بولۇپ ، - بىز قايتايلى . كەچتە خىزمەتكە چۇشىمەك ، ئائىلنى خاتىرجەم قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بوپتۇ ، جۇ فۇگۇەن سلەرگە ئىككى تال ملتىق ، ئوق بېرىدۇ. ئۇنى ئېلىۋېلىپ كېتىڭلار .
<< ئەمدى ياخشى بولدىغان بولدى . بىز ئەمدى ئىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ كېتەلەيمىز ... ھەرىكەتنى بارغانچە تېزلىتىش كېرەك >> دەپ ئويلىدى داۋۇت پالۋان .
ۋەن كانىۋيى ئاچىقتان ملتىقلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۇلارغا بەردى .
_ مانا قورال ، دېققەت قىلىڭلار ... - ئۇ يەنە بىر مۇنچە ئىشلارنى تاپىلىدى .
_ بولىدۇ ، خوش ئەمسە .
_ خوش ، - ۋەن گوتەي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا قاراپ قالدى . يۈرىكى بىر خىل ئەنسىز تۇيغۇدىن تېز - تېز سوقۇپ كەتتى.
ئۇلار قورۇغا چىققاندا ، سىدىق كۆككۆز يەر سۈپۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئىشتىن توختاپ بۇلارغا قارىدى .
_ داۋۇتكا بۇ يەرگە ئامراق بولۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟ تۈنۈگۈن ئۆزىڭىزلا كەلگەن ئىدىڭىز، بۈگۈن كۆپىيىپ قاپسىلەرغۇ ؟ تېخى قولۇڭلاردا قورالمۇ باركەن ، بۇ يەر سىلەرنى ئۆگىتىۋالدىمۇ نېمە ؟- دېدى سىدىق كۆككۆز پەرىشان ھالدا.
_ ۋەن سىلىڭ ئىسسىتقۇ قىلغان ئالمىلارنى يەپ ساپتۇق ئەمەسمۇ .- دېدى قۇربان ھەييارلىق بىلەن .
ئەتراپتىكىلەر تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى . بۇ كۈلكە ئاۋازىدىن ئەنسىز ھالدا يۈگۈرۈپ چىققان لەنشىڭ ئەتراپقا قارىۋېتىپ :
_ ھەي كۆككۆز نېمە ئىش بولدى !- دەپ ۋارقىرىدى .
_ بايىقىلار كۈلدى .
_ ئىشىڭنى قىل تولا سۆزلىمەي ... _ لەنشىڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.
<< خەپ ئاناڭنى بىر كۈنى جېنىڭنى ئالىمەن >> سىدىق كۆككۆز شۇنداق دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. داۋۇت پالۋاننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قارا تۇمان يايماقتا ئىدى .

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 18:03:58

ھەي.... << ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ ئەڭ ئازاپلىق ئىش ئوزى خالىمىغان ئىشنى قىلماسلىققا ئامالسىز قېلىشتۇر >> دەپ يازغانىكەنمەن 1999- يىلى يازدا كۈندىلىك خاتىرەمگە.....

شۇنداق قىلىپ داۋۇتلار قوراللاندى ئەمدى نېمە كارامەت؟ قېنى مەرھەمەت!

---

يولىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 19:29:32

Nazakat0909نىڭ بۇ خالىسانە ئەمگىكى مېنى تۇلىمۇ سۆيۈندۈردى . ئەگەر بۇ رومان تولۇق يوللىنىپ بولسا ، ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىنغان رومان بولغۇسى ھەم Nazakat0909 مۇ تۇنجى رومان يوللىغۇچى بولۇش شەرپىگە ئېرىشقۇسى .
Nazakat0909نىڭ بۇ كاتتا ئىشىغا ئالقىش ياڭرىتىمەن ھەم توردashلارنىڭمۇ Nazakat0909 كە مەدەت ، ئىلھام بېرىشىنى ، ئىجابىي ئىنكاسلىرىنى ئايىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 15:37:41

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھەممىڭلارنىڭ مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگىنىڭلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ! سىلەر ئوقۇشنى خالىساڭلار بۇندىن تېخىمۇ ياخشى تېمىلارنى داۋاملىق ھوزۇرۇڭلارغا سۇنۇشقا تەييارمەن ! ھەممىڭلارغا سالامەتلىك ، خۇشاللىق ، ئامەت يار بولغاي !!!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 16:11:51

[center][size=5][size=4][color=Blue][font=]بەشنجى باب ئېتقاد يولدا[/size/] [center]

بارا - بارا سوغۇق چۈشۈۋاتاتتى. بازار ئىچىدىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقالغان بولۇپ ، كىشلەر بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىلكىدە يۈرشەتتى . ئەسكەرلەرنىڭ پۇقرالارنى سىلكىشتۇرۇپ ، قوپال ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىشلىق غەم خىياللىرى ھەممىلا كىشىنى ۋەسۋەسە ئىچىدە قالدۇرغانىدى . سوغۇق شاماللار غېرىبسىنىپ ياتقان كوچىلاردىكى ، يوللاردىكى خازان ۋە ئەخلەت چاۋارلارنى ھەريان ئۇچۇراتتى. توپ - توپ قارا بۇلۇتلار قاپسلىپ تۇرغان ئاسمان ھەر كۆڭۈلگە غەشلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى. يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئېغىر غەملەرگە يەم بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇ يۈرتنى شۇنچىلىك بىر غېرىبلىك باسقان ئىدىكى ، تۇرۇلگەن چىرايلاردىن كۈلكە ئاختۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
تۇرمۇش غېمىنى قىلىش ئۈچۈن بازارغا ئوتتۇن ئەكىرگەن ئوتتۇنچى باللار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىپ ، ئوتتۇنلىرىنى تارتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇيان - بۇيان قارىشاتتى. << نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئۇلارغا توشۇدۇق ، ئەمدى گەپ قىلماس ....>> دەپمۇ ئويلىشاتتى.
شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئۇلارنى بىئارام قىلىپ ئوتتۇنلىرىنى تېزرەك سېتىشقا ئالدىرىتاتتى. قېرىشقاندەك بىرەر خېرىدارنىڭ يوقلىقى ئۇلارنى تىت- تىت قىلاتتى. ئۇلار يالاڭ كىيىملەردە دۈگدىيىپ تىترەيتتى.
بايخان ئوتتۇنچىلارنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتىپ ماڭدى .
ھەي ئوتتۇنچى باللار ،
ياخشى باللار ، دەردى بار باللار .
بارىكاللا ، كاككۇك ، دەردى بارنى تاپتۇق .
ھەقىقەتنى ياپتۇق .
ئاتنى ھارىدۇغا قاتتۇق،
يەيدىغان ھېچ نەرسە يوق .
بار- يوقنى ساتتۇق ، كاككۇك ، كاككۇك ...
ياش باللار .
ئوتتۇننى ئېلىشقا ساتساڭلار ،
ئۆيگە بېرىپ بەخۇدەك ياتساڭلار .
تەلەي سىناپ باقساڭلار ... كاككۇك ، كاككۇك ...
كەلسە - كەلمەس ماڭماڭلار ،
قىلغان ئىشتىن يانماڭلار .
ئۇ بىردە ناخشا ئېيتىپ ، بىردە كاككۇكتەك سايراپ ئوتتۇنچى باللار يېنىدىن كېتىپ قالدى . ئوتتۇنچى باللار ئۇنىڭ كەينىدىن مۆڭلانغىنىچە قاراپ :
_ ئاجايىپ ئادەم جۇمۇ ئۇ ... - دېيىشتى . كۆڭۈللىرىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەكمۇ بولۇشتى .
بايخان داۋۇت پالۋانلارنىڭ خەۋەرچىسى بولغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلانغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جانلىنىپ ، سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ نەلەردىن ئاڭلايدىكىن - تاڭ ؟ يېڭى - يېڭى << ئىلى خەۋەر>> لىرىنى داۋۇت پالۋانغا ، يۈرتنىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە بىر خۇش خەۋەرنى ھەممەيلەنگە يەتكۈزدى .
_ نىلقا پارتىزانلىرى نىلقىنى ئېلىپ ، غۇلجا شەھىرىگە ھوجۇم قىپتۇ . غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ئاستى تاشكىلاتلار ئۇلارغا ماسلىشىۋېتىپتۇ ، غۇلجا پات ئارىدا ئازاد بولغۇدەك ...
بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋان ۋە باشقا كىشلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي قانلىرى قىزىپ كېتىشتى - دە ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن كېڭەش ئېلىپ باردى . ئۇلار تېزرەك چوڭراق ئىش قىلىشقا ئالدىرايتتى. ناسخۇن ۋە تۇردىئاخۇندىن تېخىچە خەۋەر يوقلىقى ئۇلارنى بىئارام قىلاتتى. نەق مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھېكىمباينىڭ قويچىسى ناسراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى . ۋەن گوتەي جىلە بولغان ھالدا ، نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن دەرھال بىر ئادەم ئەۋەتىشنى قاراق قىلدى . غاپپار بەگ بۇنىڭغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ۋەن گوتەيگە بىلدۈردى. ۋەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن غاپپار بەگ داۋۇت پالۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، قارا قاۋاننى ئەۋەتىشكە لايىق تاپتى . بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يورىغاندەك ئىشلىرى ئوڭغا تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى .
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولدا ئاتلىق بىر كىشى ناخشا ئېيتقىنىچە ئاستا كېلىۋاتاتتى.
ئاچىل ، ئاچىل گۈل ئاچىل ،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ، ئاچىل
ئۇ بۇ ناخشىنى ئاھاڭى ، رېتمى بويىچە ، ناھايتى يېقىملىق ئېيتىۋاتاتتى. بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەيرىي كىشىگە ھەممەيلەن قىزىقىش ئىچىدە قارىشاتتى. ئۇ شۇنداق تەمكىن ، مەغرۇر ھالدا ناخشا ئېيتماقتا ئىدى .بۇ كىشىنى كۆرگەن ئىسمائىل شەنگۇەن ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە ئاتنىڭ بوجىسنى تۇتتى .
_ نېمە ئادەم سەن ؟- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .
_ مېنىڭ نېمە ئادەم بولۇشۇم بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ ؟ سەن ئۆزۈڭ كىم ؟
_ مەن سەندىن سوراۋاتىمەن ، سەن كىم ؟ بۇ يەرگە نەدىن كەلدىڭ ؟- بىرەر خىزمەت كۆرستىپ بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ۋەنىنىڭ ئالدىدا ئابرويلۇق بولۇشقا ئۇندەۋاتقان بىر كۈچ ئۇنى تىنىم تاپقۇزمايۋاتاتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كىشلەر بۇ يەرگە يىغىلىشقا باشلىدى .
_ سەن ، - دېدى ھېلىقى ساقاللىق ، قارامتۇل كەلگەن ، كۆزى يوغان يوچۇن كىشى ، - بۇ يەرنىڭ لالما ئىتى ئوخشىمامسەن ؟ ئوۋغا يارىمىغاچ ئىگەڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتىمۇ ؟ ئەتىگەندىلا يۇندا پۇراپ چىقىپسەن - دە .
ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغان كىشلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن قىزىرىپ ، تاتىرىپ :
_ نىمىگە ئادەم تىللايسەن ؟ يۇر ساقچىغا بارىمىز ؟ مىنى تونۇمايۋاتامسەن نىمە ؟- دېدى
_ ھايۋاننى تونۇپ يەتمەك تەسكەن . مەن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى كۆپ كۆرگەن ، لېكىن گەپ قىلالايدىغان ئىككى پۇتلۇق ھايۋاننى تېخى كۆرمەپتىكەنمەن .
ئەتراپتىكىلەر تېخمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى . ئىسمائىل شەنگۈەن تىت- تىت بولۇپ ئۇيان - بۇيان قارىدى . ئۇ نېرىدا كۆرۈنگەن ئىككى ساقچىنى كۆرۈپ تېنىگە جان كىرگەندەك بولدى - دە ، قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ ھەي بۇياققا كېلىڭلار !
يوچۇن كىشى ئىسمايىل شەنگۈەننى كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋېتىپلا ئاتنى چاپتۇرۇپ ، ياندىكى بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن قان ئېقىۋاتقان بۇرنىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى :
_ ئاۋۇ ئاتلىق ئادەمنى قوغلاڭلار ، ئۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىكەن ، تېز ، تېز بولۇڭلار ! مەن ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ كېلەي ، - ئۇ بۇرنىدىكى قاننى يېڭى بىلەن سۈرتىۋېتىپ ، ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يۈگۈردى . << ئەجەپ قاچۇرۇپ قويدۇم ، ئىسىت ، خىزمەت كۆرسەتسەم ئەمەلىم ئۆسەتتى. ئەجەپ... ئىسىت ... ئىسىت >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئاچچىق پۇشايماندىن پۇچۇلىنىپ كەتتى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى ۋۇ شاۋتەنگە مەلۇم قىلدى . ۋۇ شاۋتەن ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇش ئۈچۈن دەرھال ئەسكەر ماڭدۇردى ھەم ئۇنى كىم تۇتسا كاتتا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقنى ئۇقتۇردى . ھەممە يەردە تىكتىگلاش ، ئىزدەش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنى شۇنچە ئىزلەپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق ، قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى . بۇ ئىش ۋۇ شاۋتەننىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىۋەتتى.

داۋامى بار ...

ھەر بىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى ھمايە قىلىش يولىدا مەردانە بولۇشى كېرەك . _ ئا. گومبولدت
[size][/color][/font/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 12-1-2007 18:32:49

ئىسمائىل شەنگەندەك لاللملار............. ھەي نىمە دېسەك بولار ھە....

يۇرىكى قانداق ئادەملەر ئەشۇنداق ھوقۇق - پۇل ئۇچۇن ئوز قېرىنداشلىرىنى ساتىدىغاندۇ؟؟؟ يۇرىكىنىڭ رەڭگى زادى قانداق بولىدىغاندۇ شۇنداق لاللملارنىڭ؟؟؟ ھەي ئادەم ئەمەس بەدبەختلەر!

شۇنداق قىلىپ بۇ مىھماننىڭ كىملىكىنى ئەمدى توۋەندىكى ساندىن بىلەيلى قېنى نازاكەت خانىم! مەرھەمەت!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 12-1-2007 21:13:11

ھەي ئۇنداق لاللملارنى چاناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك
ھارمىغايسىز خانىم [em38] [em36]

---

يوللىغۇچى: aziza
يوللىغان ۋاقتى: 12-1-2007 23:01:10

ھارمىغايسىز Nazakat0909 !داۋامىنى كۈرۈشكە ئىنتىزارمەن [em35] [em8]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: alsvyar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 12:01:37

ياخشىكەن داۋامىغا قىزىقىۋاتىمەن

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 17:58:50

[color=Blue][size=4]بۇ ئىشتىن تېزلا خەۋەر تاپقان بايخان يوچۇن كىشىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئۇنى شەھەر يېنىدىكى قېلىن بىر ئورمانلىقتىن تاپتى . بۇ كىشى ئىلىدىن بۇ يەرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەن ، داۋۇت پالۋانلار يولىغا زار بولۇۋاتقان مۇھىم ئادەم ئىدى . بايخان ئۇ كىشى بىلەن ئەھۋاللىشىپ خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى .

_ بىز سىلەردەك ئادەملەرگە بەكمۇ تەشنا ئىدۇق . مانا ئاخىر خۇدا بىزنى ئۇچراشتۇردى ... بولمىسا بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرەرسى ئىلىغا ماڭماقچىتى ، ئەمدى سىز داۋۇت پالۋان بىلەن تېز كۆرۈشۈڭ . ئۇ شۇ تاپتا سىزدەك ئادەملەرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە بەكمۇ مۇھتاج !

_ ھازىرلا كۆرشەيلى .

_ توختاڭ ، - دەپ ئويلىنىپ قالدى بايخان ، - ھازىر خەتەرلىك ، ھەممە يەردە پايلاقچى ، مۇناپىقلار تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ . مەن ئاۋۋال داۋۇت پالۋانغا خەۋەر قىلاي . سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ . كەچ كىرگەندە مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن . ئارىلىقتا سىزگە تاماق ئەكىلىپ بېرىمەن .

_ سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم .

_ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، ھۆرلۈككە ئۆزىنى ئاتىغانلاردىنمۇ ھەم ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ بۈيۈك ئىشى بولامدۇ . خەيىر ، مەن كەتتىم ، - ئۇ شۇنداق دەپلا بىردەمنىڭ ئىچىدە غايىپ بولدى . يوچۇن كىشى بۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى . << توۋا بۇ ئادەمنى... خىزىرغا ئۇچراشتىممۇ نېمە ؟ گەپ سۆزلىرى شۇنداق ئۆتكۈر .... >> ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .

شۇ كۈنى كەچ داۋۇت پالۋانلار ئۈچۈن قىممەتلىك بىر كەچ بولدى . ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزلىرى داۋۇت پالۋانلارنى يەنە قايتىدىن بىر قېتىم ئويغاتتى. جاسارىتىنى ئاشۇردى . ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، ئىسمىنى ئابدۇقادىر دەپ ئېيتىپ ئۆتتۈپ ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە تەشۋىقات ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ، ئويغىنىش ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى . داۋۇت پالۋانلارغا ئىنقىلابنى ، تەشۋىقاتنى قانداق ئېلىپ بېرىش ، خەلقنى قانداق يېتەكلەش ھەققىدە نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈردى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بەكمۇ خام ، ئاددىي ئىشلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئابدۇقادىردىن تىنماي سۇئال سوراپ تۇردى . بىر كېچە ئەنە شۇنداق شېرىن دەقىقىلەر بىلەن ئاخىرلاشتى . تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئابدۇقادىر يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، داۋۇت پالۋانغا نۇرغۇن ئىشلارنى تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ئابدۇقادىرنىڭ ناخشىسى خەلق ئىچىگە بىردىنلا تارقىلىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر غىڭشىپ دىمىقىدا ئېيتسا ، ئۆسمۈر بالىلار ناھايىتى جۇشقۇن ھالدا ئېيتىشاتتى. بايخاننىڭ كىشلەرگە ياد بولۇپ كەتكەن ناخشىلىرىمۇ قايتىدىن ياڭراشقا باشلىدى . تۇيۇقسىز قوزغالغان ناخشا ئېيتىش قىزغىنلىقى << قۇلاق يېقىپ يۈرگەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويىدى . ئۇلار كىمنى تۇتۇپ ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى .

_ نېمە بولغاندۇ بۇ خەققە ، ھە تۇرسۇن ؟- دېدى زاكىر قۇلاق تار كوچا ئېغىزىدا .

_ چوڭراق بىرەر ئىشقا نىيەت قىلىۋاتسا كېرەك ، كىمنى بېسقراق كۆزەتسەك بولار ؟ بۇ قېتىم بىرەرسىنى تۇتمىساق ، ۋۇ جۇيجاڭنىڭ پەيلى يامان ، ئاڭلىدىڭمۇ ، ھوشۇر تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى كىشىنى ئۇلار ئۆلتۈرۈپ كۆمىۋېتىپتۇ ؟

_ نېمە قىلسا قىلامدۇ، جېنىمىزنى باقساق بولدى . بۇ خەقنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ. ماۋۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلى چىڭ ، - دېدى زاكىر قۇلاق .

_ ماۋۇ بايخان دېگەن نېمە قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ ، كۇندە ئېغىزىدا شۇ ئالتە ئوغرىنىڭ گېپى ، ئاۋۇ يەرنى ئازاد قىلىپتۇ . ماۋۇ يەر ئازاد بولىدىكەن دەۋاتقان ... ئۇنىڭ ناخشىلىرىمۇ خەتەرلىك ... - دېدى تۇرسۇن تىڭتىڭ زاكىر قۇلاققا يېقىنلاپ كېلىپ .

_ ئۇ بىر ساراڭ ئاشىق تۇرسا ...

_ ياق ، سەن ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا زەڭ قويماپسەن ، تېگىدە گەپ بار ، خەتەرلىك .

_ كىشلەر ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ .

_ نېمە بولسا بولامدۇ ، يۇر ساقچىغا بارايلى .

_ داۋۇتلارنى كۆزىتىپ تۇرۋاتامسەن ؟

_ ئۇلارنى كۆزىتىپ نېمە كەپتۇ ، ۋەن سىلىك ئۆزى ئىشقا قويغان تۇرسا، نېمە قىلمىز ئارىلىشىپ ، يۈر ماڭايلى .

_ بۇ ئوغرىلار ئەجەپمۇ پاراكەندە قىلدا ، سىڭگەن نېنىنى يېسە نېمە بولدىغاندۇ .

_ بىزمۇ شۇ داۋخور خەق . ئىنقىلاب قىلىشنى كىم قويىدى بىزگە ؟ قايسى بىر ئىنقىلاب غەلبە قىلغان ؟ ھە دەپ قويۇپ سىڭگەن نېنىنى يېسە بولىدۇ. قولىدىن نېمە كېلىدىكىن بۇ خەقنىڭ .

_ شۇنى دېگىنە ، ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىغا تويدىغۇ ئادەم .

ھەممە كىشلەر ئۇلارغا نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىش نەزەرى بىلەن قارىشاتتى ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى نېرى ئېلىپ ماڭاتتى.

زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭنىڭ ۋۇ شاۋتەنگە يەتكۈگەن خەۋىرى ئۇلارنى پاتپاراق قىلىۋەتتى. ۋۇ شاۋتەن ئالللقانداق بىر خىل سىرلىق كۈلۈمسىرىدى- دە ، دەرھال ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، بايخاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى...


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ... [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 19:12:27

ئو... ماۋۇ بەدبەختلەر.... بايخاننى چىقىشتۇرۇپ قويامدۇ نىمە ھە؟ يىقىنقى تارىخلىرىمىزدىمۇ بۇنداق مۇناپىقلارنى ھو بولغۇچە كورگەن خەلقىمىز... مۇناپىق ھەر ئىككى دۇنيادا ياخشى كۇن كورمەيدۇ! شۇ مۇناپىلىقنى قىلىپ جان باققۇچە باشقا بىر ئىش قىلىشسىچۇ....

قېنى ئەسەر ئەمدى قىزىيىدىغان يېرىگە كەلگەندەك قىلىدۇ... ئاخىرىغا تەشنامىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 21:31:23

ماۋۇ بەدبەخلەرنىڭ گىپىنى ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بوپ قاغىنىدىن نۇمۇس قىلىۋاتىدۇ
ھەي ھەجەپ بىر جاھان ھە بۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟!!!!!!!!!!!!........................................

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 12:44:15

ئۇنى بىر دېمەڭ دوستۇم! تېخىمۇ ھەيران قالارلىق يېرى، بۇگۇنكىدەك مىللەت، دولەت، چىگرا دىگەنلەرنىڭ ئۇقۇمى شۇنچە ئېنىق يېشىلگەن بىر دەۋردە تۇرۇپمۇ يەنىلا ئوزىنىڭ ئۇيغۇر بوپ قالغىنىدىن نومۇس قىلىدىغان كىشلەر يوق ئەمەس! بار ئارىمىزدا! شۇنداق دىيىشكە بولىدۇكى، بۇنداق ئادەملەر مىللەتنىڭ يۈزىگە سۇۋاشقان لاتقا! پوق!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 13:03:28

[size=4][color=Blue]ئارىدىن ئۇزۇن ئۇتمەي بايخان باغلانغان ھالدا ، بىر توپ ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا كوچىدا پەيدا بولدى . ۋۇ شاۋتەن ئاتتا مەغرۇر غادايغىنىچە ، كىشلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتاتتى. كىشلەر بايخانغا قاراپ ئاچچىق يۇتۇشتى . يۇرەكلىرى تارتىشىپ ئازابلىنىپ كېتىشتى .
بايخان غىمىدە يوق ناخشا ئېيتىپ ماڭماقتا ئىدى .
ئېتىقادىم بىر مېنىڭ ،
يىلتىز تارتقان زېمىنغا .
_ ئاغزىڭنى يۇم ساراڭ !- دەپ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى ۋۇ شاۋتەن .
تەلمۇرىمەن ئەي باھار ،
ئۇمىد بىلەن يولۇڭغا .
_ ئۇر بۇ ساراڭنى !
بىر نەچچە ساقچى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن بايخاننى بىر قانچىنى ئۇرىۋەتتى. بايخان ئالدىغا سەنتۇرۇلۇپ كېتىپ ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ ، قەددىنى تىك تۇتتى -د ە ، ۋۇ شاۋتەنگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ :
_ باغلاقلىق ئادەمنى ئۇرۇش قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئىشى ، - دېدى .
_ ماۋۇ ئەبگا نېمە دەيدۇ ، ھەيدە بۇنى !
ئۇلار بايخاننى ساقچى ئىدارىسگە ئېلىپ بارغاندا ، بىر ساقچى لەنشىڭنى ۋۇ شاۋتەننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چاقىرىپ كەلگەندى . تۇتۇلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ ، ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولغاندى . ئۇ بايخاننى كۆرۈپ ، ئاڭچە قىزىقمىدى .
_ لەنشىڭ كەلدىڭمۇ ؟ ھە ، سەن بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەر .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بولدۇ جۇيجاڭ .
_ ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار ، سەن تېخى ئولتۇرمامسەن ، ئولتۇر !
_ مەن سۇئالىڭغا تىك تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن !
_ بوپتۇ ئىختىيارىڭ ، قېنى ئېيتە ، سەن نېمە دەپ ناخشا ئېيتتىڭ ؟
لەنشىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . ئىدارە ئىچىنى سۇرلۇك بىر كەيپىيات باستى . ئەسكەرلەر بايخاننىڭ ئەتراپىدا تىك تۇرۇشاتتى.
_ مېنىڭ ناخشا ئېيتىشىم ئۆز ئەركىنلىكىم . بۇنىڭغا ئارىلىشالمايسەن .
_ بىزگە قارشى ناخشا ئېيتىپسەنغۇ ؟
_ مەن سىلەرگە قارشى ناخشا ئېيتمىدىم ، بەلكى ئەركىنلىكنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتتىم . ئۆز ئېتىقادىمنى كۈيلىدىم . ئاڭلا قېنى .
مۇزلىغان يۈرەكنى قۇچاقلاپ بىر كۈن ،
كېلىدۇ نەۋ باھار تاڭلار قوينىدا .
.........
_ ناخشاڭنى توختات ! ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
_ باھار كېلىدۇ دەيدۇ .
_ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟- ۋۇ شاۋتەننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى ، - سېنىڭ ھېلىقى ئىلدىن كەلگەن نېمە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ؟ ئۇمۇ ناخشا ئېيتىدىكەنغۇ ؟
_ دەردى بار خەلىق ناخشىغا ئامراق كېلىدۇ ، سەن ناخشا ئېيتالامسەن ؟!
دەردىم تولا تاغلاردىن ،
ئورۇن يوقتۇر باغلاردىن .
_ ناخشاڭنى توختات ! سۇئالىمغا جاۋاب بەر !
بايخانغا قارىشىپ تۇرغان ساقچىلار ئۇنىڭ ساراڭدەك قىلىقلىرىدىن ھەيران بولۇشتى . ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق غەلىتە ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . لەنشىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ۋۇ شاۋتەن بىئارام بولۇپ ، ئىچى سىقىلىپ كەتتى- دە : << بۇ ساراڭمۇ نېمە ؟>> دېگەننى ئويلاپ قالدى .
_ سەن ناخشا ئېيتىپ نېمە دېمەكچى ؟- دېدى ئۇ نېمە دەپ سۇئال سورىشنى بىلەلمەي .
ناخشا ئېيتىمەن يار دەپ ،
يار غېمىدىن غەم يەپ .
_ ئۇرۇڭلار ! -دەپ ۋارقىرىدى دەرغەزەپكە كەلەەن ۋۇ شاۋتەن ئۇستەلنى مۇشتىلاپ .
_ بۇ ساراڭ ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ ... - دەپ غۇدۇرىدى لەنشىڭ .
_ بۇ نېمە ئادەم ؟- سورىدى ۋۇ شاۋتەن لەنشىڭغا قاراپ .
_ بۇ ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىغان ساراڭ .
_ ئۇنى بىلەمسەن ، نەدىن كەلگەن نېمە بۇ ؟
_ مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ بۇ ئادەم مۇشۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ ساراڭدەك يۈرىدىكەن .
_ بۇنى ئاۋۋال ئۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى ، قېنى نېمە دەيدۇ بۇ ؟
بىر نەچچە ساقچى بايخاننى تامدىكى قوزۇققا ئىككى قولىنى كېرىپ ئېسىپ ، ئۇرۇشقا باشلىدى . بايخان يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ ناخشا ئېيتتى.
ئۇرساڭمۇ ئۇر مېنى ،
ئېلىشىپ كۆرەيلى كەل قېنى .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
_ ئۇرساڭمۇ ئۇ ، ئېلىشىپ كۆرەيلى قېنى دەيدۇ .
_ بۇ قانداق دېگەن نېمە ؟ شۇنچە تاياق يەۋېتىپ ، يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ ؟
بايخاننىڭ بەدەنلىرى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ ئىششىپ چىقتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىمىرىلمەس بىر جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. سارغۇچ كۆزلىرى يەنىلا غەزەپلىك چاقناپ تۇراتتى. شالاڭ ساقال باسقان ئېڭەكلىرىگە ئېغىز ، بۇرۇنىدىن تامچىغان قانلار سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.
_ تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار ، ئېلىشىپ باقايلى .
بايخان ئېغىر پۇشۇلداپ ، يەنە ناخشا ئېيتتى.
قاچان كەلدىڭ ... ئارامىزغا ...
قالدۇق شۇندىن ... ئازابلارغا ....
_ ئۇنى يېشىپ چۈشۈرۈپ ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار !
_ ئۇ ئوغرىلارنىڭ ئادىمىدەك قىلىدۇ.
_ قانداق دەيسەن ؟
_ گومىنداڭ ئارىمىزغا كەلگەندىن تارتىپ ئازاپ چېكىۋاتىمىز دەيدۇ ؟
_ مەن دېمىدىممۇ ؟ - ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ بايخان تەرەپكە قارىدى ، - سېنىڭ ئاراڭغا كىم كەلدى ؟ كىم سېنى ئازابقا سالدى .
_ شەيتان ئارىمىزغا كېلىپ ، ئازابقا سالدى .
_ شەيتان دېگەن كىم ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_شەيتان دېگەن كىم ؟ شەيتان دېگەن ئىبلىسنىڭ بالىسى .
_ ئىبلىس دېگەن كىم ؟
_ ئىبلىس دېگەن شەيتاننىڭ بوۋىسى .
_ ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن نېمە مۇناسىۋېتىڭ بار ؟
_ ئەجەپ بولدۇم ئەجەپ بولدۇم .
ئۆز يۇرتۇمدا غېرىپ بولدۇم
كاككۇك ....
بايخان بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلەتتى.
_ قانداق دېگەن نېمە بۇ ؟ ۋەن سىلىڭ ئۆزى سوراق قىلىپ باقسۇنمۇ ؟- دېدى لەنشىڭ .
_ بۇ ساراڭدەك ناخشا ئېيتىپ تۇرۋاتسا ، ۋەن سىلىگنى نېمە دەپ چاقىرتىمىز . ھازىرچە بۇنى سولاپ قويۇپ ، كېيىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغاندا ئاندىن چاقىرتايلى .
_ بولىدۇ ، شۇنداق قىلايلى . ۋەن سىلىڭ بۇنى كۆرۈپ بىزگە ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە .
_ بۇ گېپىڭ بولىدۇ. بۇنى ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇڭلار .
بىر نەچچە ساقچى بايخاننى ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بايخاننىڭ كۆزلىرى سەل قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى - يۇ ، يەنە ئۆزىنى تۇتىۋالدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتاتتى.

داۋامى بار .....
[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 13:59:02

ھەي ئىت بەدبەختلەر..... ئىت تەرجىمانلار.....

داۋۇت پالۋانلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئىنقىلابچىلارچۇ؟ بايخانغا ئۇۋال بولدى دە.....

ئاخىرىنى تىزرەك داۋام قىلىسىڭىز دوستۇم... رومانىنىڭ بەك قىزىق يېرىگە كەلدى!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 16:58:53

[size=4][color=Blue]بايخاننى سولاپ قويۇپ ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ناخشىسى ياڭرىدى .
كاككۇك ، ئۆزىمىزنى تاپتۇق ،
ھەقىقەتنى تاپتۇق .
ۋىجدانىمىزنى ساتتۇق ،
گەيجاڭ غوجامنىڭ سولىقىدا ياتتۇق .
كاككۇك .... كاككۇك ...
_ بۇ ساراڭنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈڭلار !- ۋۇ شاۋتەن جان - جەھلى ۋاقىرىدى ، - ھېلىقى ھارام تاماقلارنىڭ ئادەم تېپىلمىغاندەك تۇتۇپ كەلگەن ئادىمىنى ، قولىدىن ئىش كەلمەس يارىماسلار ، ھېلىقى نېمىنى تۇتقان بولسا ... بۇنى سىلىڭ ئاڭلاپ قالسا ، ھەي ... ئاۋۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈر دەيمەن !
لەنشىڭ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.
_ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولساق ، ۋەن سىلىڭ ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولاتتى. ھەي ، ئىسمائىل دېگەن چوشقا ... _ۋۇ شاۋتەن ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى.
بايخاننىڭ ئاۋازى تىنجىپ ، ئاز ئۆتمەي يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
_ ۋاي - ۋۇي ماۋۇ ساراڭنى ، قانداق دېگەن نېمە بۇ تاياق ئۆتمەيدىغان ؟- ئۇ جىلە بولغان ھالدا سىرتقا چىقتى . لەنشىڭ ئىدارە تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.
_ ھەي ، ئاۋۇ يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپمامسەن ؟
_ ماقۇل . مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى باساي ، يۈرۈڭلار ، - لەنشىڭ ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ ، گۇندىخانىغا كىرىپ كەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بايخاننىڭ ئاۋازى تىنجىپ قالدى .
_ ئەمدى بولدىمۇ جۇيجاڭ ،- دېدى لەنشىڭ ئىغىر پۇشۇلداپ .
_ بولدى ، _ دېدى ئۇ سوغۇققا قىلىپ .
_ مەن قايتاي ، ئىش بولسا چاقىرتارسىز ؟- ئۇ شۇنداق دەپ مېڭىشىغا بايخاننىڭ ناخشىسى بوش ئاڭلاندى.
_ شۇنداق ئۇرسام ، قارا ئۇنىڭ ... _ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.
كېيىن بايخاننىڭ ئاۋازى قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى . ساقچىلار ئۇنى ئۇرۇپمۇ بىسقتۇرالمىدى . بىر نەچچە قېتىم ئۇلار بايخاننى سوراق قىلىپ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . بايخان ئالاجوقا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۋەتتى. ئاخىر ئۇلار بايخاننى ساراڭغا چىقىرىشتى .
_ بۇ ساراڭنى كۆزۈمدىن يوقۇتۇڭلار ، - دەپ ۋارقىرىدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ، - بۇنى ئىككىنجى كۆزۈم كۆرمىسۇن !
بايخاننىڭ تۇتۇلۇشى بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى .
_ بايخاننى نېمشقا تۇتقاندۇ ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلغان بولغىيتى ؟
_ ئۇنىڭ ناخشىلىرى بەكمۇ مەزمۇنلۇق ، ئۇ ئاجايىپ بىر ئۇلۇغ ئادەم جۇمۇ . ئۇلار بايخاننى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ . ئۇ ئەۋلىيادەك ئادەم .
_ بايخان ئۇلارنىڭ سۇئالىغا ناخشا بىلەن جاۋاب بېرىپتىغۇ ؟
_ ۋۇ جۇيجاڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپ كەتكەن گەپ بار .
_ نەدىكى گەپنى قىلدىڭەنسەن ، ئۇ جاللات ناخشا ئېيتالامدۇ ؟ بايخاننى شۇنچە ئۇرۇپمۇ ناخشا ئېيتىشتىن باسالمىغان گەپ .
_ بىچارە بايخان تۇتۇلۇپ كېتىپلا ، بۇ يۇرت غېرىبسىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى .
_ بايخاننىڭ تاياق يېگىننى ئاڭلاپ ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.
_ قانداق قىلىمىز ، ئۇمۇ يا كۆتىنى قىسىپ يۇرمەپتۇ .
_ قاچانغىچە قىسىمىز ؟
_ قىسمىساڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق . ئۇلار قانچە ئادەمنى ئۇجۇقتۇرۋەتتى، بىلەمسەن ؟>
_ ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن ....
_ داۋۇتلارمۇ ئاينا ھۆكمەت ئادىمى بولۇپ ، قوغدىغۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، ئەڭ ياخشىسى ھەممىمىز ئۆزىمىزنى بىلىپ ، قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشماي ، سىڭگەن نېنىمىزنى يېگىنىمىز ئەۋزەل .
_ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزى ، بىر خۇدا بىلىدۇ، سەنمۇ تازا قورقۇنچاق خوتۇن مىجەز نېمە ئوخشايسەن !
_ قورقمىغان بىلەن بولمايدۇ ، بىر نېمە دېسەڭ ئاتىدۇ ، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ .
_ ئۇنداق بولسا سەنمۇ ھېكمبايدەك خوتۇنىڭنى ئۇلارغا سولاپ بەر ! شۇ چاغدا ياخشى كۈن كۆرىسەن .
_ تىلىڭنى تارت، ئاناڭنى !
_ نېمە دەيسەن ئەركەك تۈكى يوق سولامچى ، ئاچچىقىم تۇتۇپ تۇرغاندا ، ھېلى بىكار چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن ...
_ جىم تۇرۇڭلار ، ئەنە قاراڭلار زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىكتىك ، ھوشۇر پالاقلارنى ... ئاۋۇ ئايسخان جۇيجاڭنى كۆردۈڭلارمۇ ؟
_ خائىن دېگەن بۇنداق بىللە يۇرمەيدىغان ، بۇگۈن نېمە بولغاندۇ بۇلارغا ...
_ غۇلجىنىڭ ئازاد بولغانلىقى بۇلارنى جىم ياتقۇزمايۋاتىدۇ - دە ....
_ بۇلارنى بىر كۈنى ئۆلتۇرۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !
داۋۇت پالۋان بايخاننىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى . ئۇ بايخاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۇردى. غاپپار بەگ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ ھېچ ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىدى. ئۇ ئاخىر تۇرمىگە كىرىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلاۋاتقاندا ، بايخان ئۇنىڭ ئالدىغا ھالسىز تېنىنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى. داۋۇت پالۋان ئۇنى كۆرۈپ بىردە خۇشال بولغان بولسا ، بىردە ئىچ- ئىچىدىن ئازابلىنىپ پۇچۇلىنىپ كەتتى.،،،
داۋۇت پالۋان بايخاننى شۇ كۈنى ئۆيىدە ئارام ئالدۇرۇپ ئوزۇقلاندۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خائىنلار نېرى بولمايۋاتاتتى . ئۇ ئۇلارنى خىيال قىلغانسېرى قانلىرى قىزىپ ، كۆزلىرى رەھىمسىزلىك ئىچىدە چاقنىدى - دە ، قاراڭغۇلۇق زېمىننى ئەسىر قىلىشى بىلەنلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇر ، قۇربانلارغا ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىشنى ناھايىتى چۇس مىجەز ھالدا تاپىلاپ قويۇپ ، ئۆزى زاكىر قۇلاقنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ قورقۇنۇچلۇق تۇس ئالغان ئەلپازىدىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى .....
داۋۇت پالۋان چوڭ كوچا بويىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردى . ئۇ ھوشۇر پالاق ئىدى .
_ داۋۇتقۇ سەن ؟ بۇ كەچتە نېمە قىلىپ يۇرىسەن ؟- دېدى ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ .
_ خوتۇنۇڭنى ئىزلەپ يۇرىمەن ، ئاناڭنى ! ئۆزۈڭ يۇندا پۇراپ چىقتىڭمۇ ؟_ داۋۇت پالۋان ئۇنى كۆرۈپلا غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالدى .
_ داۋۇت ، ساڭا نېمە بولدى ؟ ئىچىۋالدىڭمۇ ؟
_ بايخاننى سەن تۇتۇپ بەردىڭما ؟ ھە لالما ئىت !- داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى . ئۇ قورققىنىدىن تىترەپ جاقىلداپ كەتتى.
_ ياق ... ياق ... مەن ئەمەس ...
ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ كۆزىگە بارغانچە يىرگىنىشلىك كۆرۈنۇپ ، تەنلىرىنى تىكەنلەشتۇرۋەتتى.
_ سەن ئۆز خەلقىڭنى سېتىپ ، قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەسەن ؟- داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ ئۇنى بىر قولى بىلەنلا كۆتۈرۋالدى.

_ ماڭا رەھىم قىل... ئىككىنجى ...
ئۇنىڭ گېپى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلقىغا كىرمىدى ، ئۇنى نېرىغا چۆرىۋەتتى. ئاندىن يۇگۇرۇپ بېرىپ تىنماي دەسلىدى . يەردىن يۇلۇپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئېلىپ بازغاندەك مۇشتى بىلەن ئۇردى . ئۇنىڭ كۆزىگە بايخاننىڭ ھالسىز تۇرقىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر چاغدا ئېغىر پۇشۇلداپ ئۇرۇشتىن توختىتتى - دە ، سوزۇلۇپ ياتقان ھوشۇر پالاقنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ كۆردى . ئۇنىڭ تىنىقى توختىغانىدى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئويلاپ ، قىلغىنىغا سەل پۇشايمان قىلغاندەكمۇ بولدى . كېيىن ئۇنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى يىگەنلىكىگە كۆڭلى رازى بولدى - دە ، ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى . << بايخانغا كىم چېقىلدىكەن ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالىمەن . بىز ئاۋۋال مۇناپىقلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشىمىز لازىم . مەن ئەمدى بايخانغا ئوچۇق چىراي بىلەن قارىيالايمەن . ئەركەك دېگەن ئەركەكتەك ياشىشى كېرەك . ...>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى . ئەتىسى بۇ ئىش ۋەن گوتەي ، ۋۇشاۋتەنلەرنى قاتتىق ساراسىمگە سالدى. داۋۇت پالۋانلارنى يىغىپ سوراق قىلىپ ، ھېچ نەتىجە چىقىرالمىدى - دە ، پۈتۈن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ تىڭتىڭلاش ئېلىپ باردى.
يۇرتتىكى خەلق ئىچىدىمۇ بۇ ئىش چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى . زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ ، ئايسخانلار بۇ ئىشتىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى. كۈندە بىر پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى گارنىزون قومدانى ۋەن گوتەينى قاتتىق بىسەرەمجان قىلىپ ، ئۇنى بىر ئورۇندا تۇرالماس قىلىپ قويدى . ئۇنىڭ گۇمانى ئىلى ئوغرىلىرىدىلا ئىدى .

داۋامى بار .........
[size][/color][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 17:05:25

مۇناپىقنىڭ جاجىسىنى ئەشۇنداق بېرىش كېرەك زادى.... خوپ بولدى..... ئەسەر تەرەققى قىلىپ مېڭىۋاتىدۇ، بەك ياخشى يېرىگە كەلدى تورداشلار ئۇدۇللۇق ئوقۇپ مېڭىڭلار جۇما...

رەھمەت سىزگە نازاكەت! ھارماڭ.... داۋامىغا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.. بىر يولىلا ئوقۇپ تۈگىتىۋەتكۈم كەلدى شۇ تۇرقىدا....

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 20:39:34

بەكلا ياخشى يېرىگە كەلگەنتى ھەي..............
ئەسلى بۇرۇنلا شۇنداق قىلسا بولاتتى داۋۇت پالۋان.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-15 19:23:43

بۈگۈنكى سانى چىقمىغان ئوخشىمامدۇ ھە رومانىنىڭ؟ ھەر كۈنى بىر ئىككى سان ئوقۇپ كونۇپىلا قاپتىكەنمەن دېسە...... نازاكەت خانىم نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-15 21:34:56

بۈگۈنكىسىنى يازمىدىڭىزمۇ سىزمۇ ئارىسلان ئەپەندىمدەك
ماي تاتىپ قالمىغانسىز.
ئۇنداق ھەممىڭلار ئىش تاشلىۋەتساڭلار بولمايدۇ.بىز زېرىكىپ قالىدىكەنمىز.

---

يوللىغۇچى: kosan


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-15 21:38:18

ھاھاھاھا... نازاكەت خانىم ئۇنداقلاردىن ئەمەس.... دوستۇم سىز بىلەن بىزمۇ ياخشىراق بىر ئەسەرلەرنى تېپىپ كىرگۈزۈشنى باشلىساق ياخشى بولاتتى ھە...

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 12:26:59

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! يېقىندىن بۇيان خىزمەتلەر بىر ئاز ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ، ئەسەرنىڭ داۋامىنى ۋاقتىدا يوللىيالماي قېلىۋاتىمەن . توغرا چۈشىنىشىڭلارنى سورايمەن . شۇنداقلا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن .
چوقۇم ۋاقتىمنىڭ يېتىشىچە ئەسەرنىڭ داۋامىدىن ھەممىڭلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن .

---

يولىغۇچى: Uyghur
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 12:54:56

قانغا بۇيالغان سايرامدىن ئىبارەت بۇ نادىر رومانىنى بۇ يەردە كۆرگىنىمدىن بەك خوشالمەن.

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 13:05:00

[size=5][center][size=4][color=Blue]ئا[/size=5][size]لتىنجى باب كۈتۈلمىگەن ۋەقە[/1][center][size/] [center
[center/]
چوقچىيىپ تۇرغان تاغلار ئۈستىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلار گويا تاغلارغا يەلمىشىپ قېلىپ ، ئۆزىنى يۇلۇپ ئالالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدىكى ياپىپېشىل ئوتلاقلاردا مال - چارۋىلار ئوتلىشىپ يۈرەتتى. سوغۇق شامال تەنلەرنى قورۇپ ئۆتەتتى. ئۇيەر ، بۇ يەرلەرگە تىكىلگەن چېدىرلاردىكى مال باققۇچىلار چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىشاتتى. ئۇلار نېمىلەردىندۇر ۋەھىمە يەپ ، تۇگىمەس غەملەرگە مۇپتىلا بولغاندەك قىلاتتى.
ناسىراخۇن ، تۇردىئاخۇن ۋە ئىككى يىگىت ئىككى مىڭ قوينى ئايرىۋېلىپ ، مېڭىشقا ئارسالدىلىق ئىچىدە جابدۇنۇۋاتاتتى.
_ بۇ يەرگە ماڭا چېغىمىزدا ۋەن سىلىك : ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىساڭلار بالا - چاقاڭلارغا ياخشى كۈن يوق ، دېيىشدى ، مۇبادا بۇ قويلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ بەرسەك ، گومىنداڭغا ياردەم قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا داۋۇتلارغا ، قېرىنداشلارغا يۈز كېلەلمەيمىز . بۇياقتا تارتساق ھارۋا سۇنىدۇ ، ئۇ ياققا تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ ، تۇداخۇن .
_ شۇنى دېگىنە ، بىز بىر نېمە قىلىپ ، قوينى ئاپارمايغاننىڭ ، ئۆيدىكىلەرگىمۇ ئۇۋال بولمايدىغاننىڭ چارىسىنى تاپساق بولاتتى.
_ قانداق چارە قىلساق بولار ؟
شۇ ئارىدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئاتلاردىن ئالمان - تالمان چۈشتى - دە ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ يېنىغا باردى . بۇلار يەرلىك قازاق يىگىتلەر ئىدى .
_ بىز كۈنگەيگە ئۆتكەنىدۇق . قوشئەمچەكتىكى بىر جايدا پارتىزانلار بار ئىكەن . ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپتۇ . ئۇ يەردىن ئۆتمەك تەس ئوخشايدۇ .... - دېدى ئۆز ئارا ئەھۋالاشقاندىن كېيىن قارامتۇل كەلگەن ، ئوتتۇرا بوي بىر قازاق يىگىت .
_ قارىغاندا ئۇ يەردە 30- 40 تەك پارتىزان بار ئوخشايدۇ ، - دېدى ئاقساپىراق ماڭىدىغان مەڭزىلىرى قىزىل ، دوغلاق كەلگەن يەنە بىرى ، - ئۇلارنىڭ باشلىقى نەسىردىن باينىڭ ئوغلى ئاقاش دېگەن باتۇر يىگىتكەن .
_ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ ، قانداق قىلساق بولار ، ئەھۋالىمىزنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ... _ دېدى تۇردىئاخۇن غەمكىن ھالدا .
_ مېنىڭچە سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ .
_ قانداقىسىگە ؟
_ سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتكەنىدىن كېيىن بىز بۇ يەردە ، سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، دەپ داۋراڭ سالىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاۋۋال قويچىلارغا يولنى پارتىزانلار توسۇۋالغانلىقىنى ئېيتىڭلار . ئاندىن ئەتراپنى كۆزىتىپ كېلىمىز، دەپ قويلارنى ھەيدەپ چىقىپ ، ئۇن - تىنسىز غايىپ بولۇپ كېتىڭلار . شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەرگە ئالاقىزادە بولۇپ كېلىپ ، سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كەتتى دەپ گەپ تارقىتىمىز ، ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرگە ئادەم ماڭدۇرۇۋېتىمىز .
_ بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن ، رەھمەت ساڭا ئاقان ، - دېدى تۇردىئاخۇن خۇشال بولۇپ .
_ مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق ، بىزگە ئىشىنىڭلار ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بۇ ئىشقىلارنى ئۈنتۈپ قالمايمىز .
_ ماقۇل ، سىلەر ئىشقىلارنى پۈتتۈرۈڭلار ، بىزنىڭ يەنە ئىشىمىز بار ، خەير كېيىن كۆرۈشەرمىز ، - دېدى ئاقان دېگىنى .
_ ناسىراخۇن ئەمدى شۇنداق قىلامدۇق ؟
_ شۇنداق قىلايلى . داۋۇتلار بىزدىن كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى . بۇ گومىنداڭلار بىزگە نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىغان . ئۇلارغا ياردەم قىلامدۇق تېخى.... باشقا كەلگەننى كۆرەيلى يەر ....
_ شۇنداق دېگەن بىلەن يەنە ئۆيدىكىلەردىن ئەنسىرەيدىغان گەپكەن .
_ ئەنسىرىمەن ، پىشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ . خۇدا بار دېسەكلا بولدى . نېمە غەم قىلىسەن . يۈر ، قويچىلارنىڭ يېنىغا بارايلى .
ئۇلار تېز - تېز مېڭىپ چېدىر ئۆيگە يېتىپ بېرىشتى .
_ كېلىڭلار ، كېلىڭلار ، - دېدى قويچى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ .
_ قارا ئۇكا ، ئاڭلىساق ، - دېدى ناسىراخۇن ئورنىدا تۇرۇپلا ، - يولنى پارتىزانلار توسۇۋاپتۇ ، ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ . بىز ئەتراپنى بىر كۆزىتىپ كېلەيلى . ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ سەپەرگە چىقارمىز، -دېدى پەرىشان ھالدا .
_ مەنمۇ شۇنداق دەپ بايا ئاقاندىن ئاڭلىدىم . قېنى سىلەر ئاۋۋال ئەتراپنى كۆزىتىپ كېلىڭلار .
_ سەنمۇ باشقىلارغا دەپ قويارسەن - ھە .
_ بولىدۇ ، بولىدۇ.
ئۇلار چېدىردىن چىقىپ ، ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قاراشتى .
_ ئادەم ئۈچىدىغان بولۇپ قالسىچۇ - ھە ؟ - دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ .
_ يۈر يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتايلى . جەننەتكە كىرسەڭ ھۆر - پەرىلەر بىلەن بىللە ئۇچىسەن .
_ شۇنداقمۇ بولارمۇ ؟ ناسىراخۇن ئاتلارنى ئوبدان توقۇۋالايلى .
ئۇلار تاغدىن چىقىپ، سايدىن ئۆتتى- دە ، يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ماڭغاندىن كېيىن ئويتاشقا كەلدى . شۇ چاغدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى .
_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، - دېدى ناسىراخۇن قورۇنۇپ تۇرۇپ .
_ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ، - دېدى بەستلىك كەلگەن ، كۆزلىرى يوغان قازاق يىگىت .
_ بىز قوشئەمچەككە ماڭغان ... _ دېدى ناسىراخۇن نېمە دېيىشنى بىلمەي ، ئەتەي گەپ ئېلىش ئۈچۈن .
_ سىلەر پارتىزانلارغا قوشۇلايلى دېگەنمۇ قانداق ؟- دېدى ھېلىقى قازاق ئۇلارغا باشتىن بوي قاراپ چىقىپ .
_ بىز .... _ دەپ تۇرۇپ قالدى تۇردىئاخۇن ناسىراخۇننىڭ كۆزىگە قاراپ .
_ ئېيتىۋېرىڭلار ، قورقىدىغان ئىش يوق .
ئۇلار ئارسالدى بولۇپ ، سەل تۇرغاندىن كېيىن << نېمە بولساق بولايلى >> دەپ راستىنى ئېيتتى.
_ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ . مېنىڭ ئىسمىم ئاقاش ، بۇ قىرغىز دوستۇمنىڭ ئىسمى ئىبراي ، تونۇشۇپ قويايلى .
_ ھوي ئاقاش دېگەن سەنمۇ ؟ پارتىزانلار باشلىقى مەن دېگىنە ، مېنىڭ ئىسمىم تۇردىئاخۇن ، بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ناسىراخۇن ، بۇ كېلىمەن دەپ ئەگىشىپ خاپا قىلغان . ئېلىۋالدىم ، - تۇردىئاخۇن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.
ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى .
_ سىلەر نەگە ماڭغان ؟- دېدى ناسىراخۇن كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ .
_ داخىيەنزىدە گومىنداڭنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ ئۆيىدە يۈزدىن ئارتۇق سەرخىل ئاتلار بار ئىكەن ، شۇنى بىر كىشى باقىدىكەن ، شۇ ئاتلارنى ھەيدەپ كەلگىلى ماڭدۇق ، - دېدى ئاقاش گۆشلۈك يۈزلىرىنى سىلاپ قويۇپ .
_ پەس تەرەپلەردە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرسا، ئۇتەيدە ئەسكەرلەرمۇ كۆپ ... سىلەر قانداقمۇ ئەكىلەرسىلە ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ھەيران بولۇپ .
_ ئامالىنى قىلىپ كۆرىمىز - دە ، - دېدى ئاقاش ئاتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ قويۇپ .
شۇ ئەسنادا ئۇتەي تەرەپتىن ئون نەچچە ماشىنا ئەسكەر چىقىپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن ئاقاش :
_ سىلەر بىزنىڭ كارامىتىمىزنى ئەمدى كۆرۈڭلار ، - دېدى ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ ، ئاندىن ئاتنى تاشقا باغلاپ قويدى . بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىبرايمۇ ئاتتىن چۈشتى .
_يىگىتلەرنى باشلاپ كەل ، - دېدى ئاقاش ئىبرايغا . ئىبراي ھايال بولماي تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىن بەش يىگىتنى باشلاپ كەلدى .
ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ، سەل تۆۋەنگە چۈشتى - دە ، تاشنى دالدا قىلىپ ياتتى. ئۇلار ماشىنىلارنى زەڭ سېلىپ كۆزەتتى. ئاندىن چەنلەپ تۇتۇپ ، ئالدىدىكى ماشىنا بىلەن ئەڭ كەينىدىكى ماشىنىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پاتپاراق بولۇشۇپ ، پىلموتلىرىدىن ئوق دېگەننى بولۇشىغا قويۇپ بەردى . بىر قىسمىلىرى بۇ تەرەپكە قارىتىپ گىرانات تاشلاشتى ، يەر جاھان ئىش - تۈتەك بىلەن قاپلاندى .
_ ساناپ تۇرۇڭلار -ھە ، - دېدى ئاقاش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ .
ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئون بەشكە ئەسكەرنى دومىلىتىۋەتتى.
_ يا ھەزرەت ، بۇلار ئەجەپ مەرگەنكىنا ، ئۆزىمىزنىمۇ مەرگەن دەپ يۈرۈپتۇق ، ئەسلى مەرگەن بۇ يەردىكەن ، - تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
_ راست مەرگەنكەن ، بىزگىمۇ مەيدان بولسا قېلىشمايمىز .
پۈشتەك چېلىنىشىغا دۈشمەنلەر قىيا- چىيا قىلىشتى - دە ، ماشىنىغا چىقىشىپ ، بەش ماشىنا ئۇتەي تەرەپكە ، ئالتە ماشىنا سايرام تەرەپكە قېچىشتى . ئۇلار تاغدىكى پارتىزانلارنى ناھايىتى كۆپ ئادەم چاغلاپ قالغانىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ يائاللا ، - دەپ ياقسنى تۇتتى تۇردىئاخۇن ، - ئون ماشنا ئادەمنى پاتپاراق قىلۋەتتى - يا ... بۇ نىمە كارامەت ...
ئاقاش بىلەن ئىراي كۇلۇپ قويۇپ بۇ تەرەپكە كەلدى . بۇ ئۇلارنىڭ << بىز قانداقكەنمىز ؟>> دېگىنى ئىدى .
_ سىلەر قالتىسكەنسىلەر ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
_ نەدىكىنى دەيسەن !- دېدى ئاقاش كەمتەرلىك قىلىپ ، ئاندىن رەسمىي گەپكە ئۆتتى، - سىلەر مۇشۇ تاغ ئىچى بىلەن مېڭىپ ، - ئاقاش تاغ كەينىنى كۆرسەتت ، - ئاۋۇ يەردىكى كىگىز ئۆيگە بارساڭلار شۇ يەردە تۆمۈر بەگ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى بار ، سىلەر بىزنى ئاقاش ئەۋەتتى ، دەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار . بىز بېرىپ ئاتلارنى ھەيدەپ كېلەيلى .
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى .
_ قانداقمۇ ئەكىلەسىلەر ؟
_ بايا كۆردۈڭلارغۇ ؟ يەنە ئىشەنمەيۋاتامسىلەر ، ماقۇل ئەمسە كۆرۈشكىچە خۇداغا ئامانەت .
بۇ ئىككىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قارىشىپ تۇردى .

داۋامى بار............[size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-1-16 13:06:16 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 21:42:26

رەھمەت سىزگە قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن.
ئەجرىڭىزنى ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى بىرەر.
سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 22:55:06

بۇگۈن مۇشىنچىلىكمۇ ھەي بۇ كىتاپ مەندىمۇ بولىغان بولسا
ياردەملىشەتتىم ئەمەسمۇ.
ئەپسۇس شۇنچە ئىزدەپ پەقەتلا تاپالمىدىم،ھەي...........

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-17 23:51:59

تىزراق يوللىسىڭىز بوپتىكەن خانىم

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 1:47:42

مۇھەممەدئېلى ھېلىمنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئۇتتۇق يار بولسۇن ! قانغا بوياڭلغان سايرام نى بۇ يەردە كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدۇم ....

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 11:04:47


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

شۇنداق قىلىپ پارتىزانلارنىڭ 2000 قويى بولدى دىگەن گەپ.... كۆچەيدى... ئۆلغايدى... نىمە ئۈچۈن؟ خەلق قوللىدى! خەلق-ئەركىنلىك، ھورلۇك، ئازادلىققا نەقەدەر ئىنتىلگەنىدى شۇ دەۋرلەردە ھە! خەلقىمىز بېشىدىن زۇلمەتلىك قامچىسىنى ئويناتقان شۇ زالىم، ھارامتاماق، بەدبەختلەر جاجىسىنى يېدى.....

قېنى دوستۇم داۋام قىلىڭ... تېخى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەمدى يېتىپ بارىمىزغۇ دەيمەن... سىزگە تەقەززامىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 21:54:03

توغرا دەيسىز كوسەن
خەلق دىگەن ئۇلۇغ،ئۇنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ،
ئەمما ئۇنىڭ كۈچى پەقەت خەلق ئويغۇنۇپ بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-19 21:33:18

دوستۇم نازاكەت! ئاخىرىنى ساقلاپ ئېچەكلىرىم چۇشۇپ قالاي دېدى شۇ... قاچانمۇ چىقار ئاخىرى...... داۋۇت پالۋانلار نىمىش قىلىشۋاتقاندۇ؟ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قەيەرگە كەلدى ھازىر؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-19 22:47:26

نىمىشكە تىخى يولىمىدىڭىز،بىزنى بىر ساقلىتىپ ھەممىنى بىراقلا تۆكەي دىمىگەنسىز.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-20 11:27:45

بۈگۈنمۇ يېڭى سانى چىقماپتۇ! ھەر كۈنى مۇشۇ رومانىنى ئوقۇپ ئادەتلىنىپ قاپتىكەنمەن...... نازاكەت خانىم ئاغرىپ يېتىپ قالمىغاندۇ ھە؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-20 22:04:24

شۇنى دەيمەن مەنمۇ كۈندە ئوقۇپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن
بەكلا بىر قىسما بوپ قالدىم
قىنى سىز نازاكەت خانىم يوقاپ كەتمىگەنسىز؟؟؟؟؟؟؟؟
تىلىڭىزنىزورغا ئىلان بىرەمدۇق يە.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 3:44:55

نازاكەت خانىمغا زادى نىمە بولغاندۇ؟؟؟؟؟؟؟؟ئەستا... تور دۇنياسىدا مۇشۇ رومانىنى بىر باشتىن ئوقۇپ تۈگىتىدىغان بولدۇم دېسەم مانا.....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەستا.... نىمە بولغاندۇ؟ چوقۇم ئاغرىپ يېتىپ قالغان گەپ... ھەي بىر ئىزدەش ئېلانى چىقىرىپ باقمىزمۇ يا؟؟؟

نازاكەت0909 نى ئىزدەيمىز!!! كورگەنلەر بارمۇ؟؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 12:19:15

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! ياخشى تۇردۇڭلارمۇ ، مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ قېلىپ تورغا چىقالمىدىم ، شۇڭا ئەسەرمۇ توختاپ قالدى ، كەچۈرۈڭلار ! نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزەمنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى . مانا ئەمدى ئاخىرىنى يازاي ھە !

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 12:43:06

[color=Blue][size=4]_ يۈرۈڭلار ناسىراخۇن كۆرمىگەننى كۆردىغان ئوخشايمىز تېخى ....
ئۇلار تاغ ئارىسى بىلەن ئاتلىق مېڭىپ ، ئاقاشلار دېگەن كىگىز ئۆيگە يېتىپ كەلدى - دە ، سىرتتا ئوتتۇن كەسلەۋاتقان كەكە ساقال بىر كىشى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى .
_ بىزنى ئاقاش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇتۇڭلار دېگەن ، - دېدى ناسىراخۇن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىغا جاۋابەن .
_ ئاقاشمۇ ؟ ھە ، قېنى ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، - ئۇ كىشى ئىللىق چىراي ئېچىپ بۇلارنى ئۆيگە باشلىدى ، ئۇلار ئۆي ئىچىگە ئەپچىلگىنە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى .
_ سىلەر ئاقاش بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار ؟- دېدى تۆمۈر بەگ دۇئادىن كېيىن سالاملىشىپ بولۇپ .
_ بىز بونجىلاق دېگەن يەرگە ... _ ناسىراخۇن ئۇنىڭغا تەسىرلىك قىلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ....
_ ھە ، مۇنداق ئىشكەن - دە ، دېمىسىمۇ بۇلار ( گومىنداڭ دېمەكچى ) نىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، سىلەرنىڭ بۇياققا كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ ، ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىپسىلەر . ئاللار سىلەرگە مەدەت بەرگەي ... ھوي كەمپىر بۇلارغا چاي ئېلىپ كىرگىن ...
ئاقاش ئۆزى ناھايىتى باتۇر ، ئەقىللىق يىگىت ، ئۇمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سالغان زۇلۇملىرىغا چىدىماي ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ يۈرەتتى. كېيىن ئىلى ئوغرىلىرى چىقىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ قولىغا قورال ئالدى....
تۆمۈر بەگنىڭ خوتۇنى ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، چاي راسلىدى .
_ دېمەككى ، ئۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئېسيان كۆتۈردى... بىز قويلارنى بېقىپ سەمرىتىپ چوڭ قىلساق ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يولسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىپ يەۋاتقان ، بەرمىسە ئۇرۇۋاتقان ، بولمىسا ئەسلى مال كىمنىڭ ؟ بۇلار ئۇنى ئويلاپ قويمايدۇ . خۇددى بۇ يەرگە مال - چارۋىلارنى ئەكىلىپ تۆكۈۋېتىشكەندەك قىلىشىدۇ . زامان زورنىڭ بولۇپ كېتىپ باردىغۇ ؟... سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇلار ئائىلەڭلاردىكىلەرگە ھېچقانداق زىيان -زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ . ھېلىقى چارە ياخشى بولۇپتۇ ...
ئۇلار ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەنسىرەپ ، خۇدادىن ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.
_ ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى . ئارام ئالايلى ... _ دېدى تۆمۈر بەگ ئورنىدىن قوزغىلىپ ، - كەمپىر سىلەرگە ئورۇن سېلىپ بەرسۇن .
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن سىرتقا چىقتى . ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ، تەنلىرىنى قورىدى . ئاسمان بۇلۇتلۇق ، قاراڭغۇلۇق قاپىسلىپ تىقلىپ تۇراتتى. تاغلاردىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ ، بۇ زېمىنگە ئاجايىپ بىر سۈر بېغىشلايتتى.
_ بۇ زېمىنگە ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ... كەڭرى بىر دۇنيا ، ئالتۇندىن زېمىن ...- دېدى ناسىراخۇن ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ .
_ مۇشۇنداق ئالتۇندەك زېمىندا ، ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا روناق تاپالماستىن ، خورلانغىنىمىز ، دەپسەندە قىلىنغىنىمىز قىزىق ئىش ؟ ھەي ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ بايخان بىكاردىن - بىكار شۇنداق دەردلىك ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالمىغان ئىكەن .
_ ھەق گەپ . بىز نېمىشقا گۈللەنمەستىن ، ئەكسىچە خار - زەبۇن بولۇپ يۈرىمىز ؟... نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ ، بىر نانغا زار ياشايمىز ؟... بۇلارنى ئويلىسام ، تۇداخۇن ، مېنى يىغا باسىدۇ ....
_ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر .
_ شۇنداقمۇ دەيمىز . ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقان يەرلىرىمىز كۆپ . بىزدە نادانلىق ئېغىر ، - ناسىراخۇن ۋەزمىن سۆزلەيتتى. ، - بىز ئاۋۋال نادانلىقنى ، قالاقلىقنى چۆرۈۋېتەلىسەك ، ئىشىمىز ئوڭشىلارمىكىن .
_ بىزگە ياخشى كۈنلەر كېلەرمۇ ؟
_ گەپ ئىرادىمىزدە ، ئۈمىد بىلەن ياشاشتا ، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ ، شۇنداق بولغاندىكىن بىزنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان زوراۋانلارغا تىز پۈكۈپ ، قويدەك ياشىغۇچە ، يولۋاستەك ھۆركىرەپ بىر كۈن ياشىغان ئەۋزەل .
_ گېپىڭىز توغرا ، باللارنى ، ئائىلنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە .
_ خۇدا ئۇلارنىڭمۇ رىسقىنى بېرىدۇ . بىز ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەك نېمە ئارمان ؟! ...
_ ناسىراخۇن سەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسەن ھە ، بىكارغا خىيال سۈرۈپلا يۈرمەيمەن دېگىنە .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ خيال خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ بايلىقى . خۇدايىتالا مۇشۇنىڭغا كەلگەندە بەكمۇ سېخىيلىق قىلىپتىكەن . خيال بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن . خيال دېگەن ھەممىنى بار قىلىدىغان ئايرىم دۇنيا ، ئۆزۈڭ كەمبىغەل ياشىساڭمۇ ، خيالىڭدا باي بولالايسەن ، پادىشاھ بولالايسەن .

_ پادىشاھ بولغۇڭ بارمۇ نېمە ؟

شۇ چاغدا :

_ ئۆيگە كىرىڭلار ، - دەپ تۆمۈر بەگ بۇلارنى چاقىرىدى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: sarsan007

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-23 23:21:08

داۋامىنى ساقلاۋاتىمەن[em73] [em65]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 1:27:47

ھارماڭ دوستۇم.. ئوزىڭىزنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدۇم ھەم ئەسەرىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئوقۇيالايدىغانلىقىمنى بىلىپ شۇنچە خۇشال بولدۇم.. داۋامىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يوللىغايسىز دوستۇم!

خوش، شۇنداق قىلىپ ئەمدىكى گەپلەرنى نەدىن ئاڭلايمىزكىن؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 12:51:49

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاقاش بىلەن ئىبراي يۈز ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى .

سىرتتىكى دۈپۈر- دۈپۈردىن چۆچۈپ ئويغانغان تۆمۈر بەگ ئەنسىز ۋارقىرىدى .

_ تۇرۇڭلار ، تۇرۇڭلار ، سىرتتا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ .

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن چۆچۈپ ئويغىنىشتى .

_ نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ يۈرۈڭلار ، قاراپ باقايلى !

ئۇلار سىرتقا چىققىنىدا ، ئاقاش بىلەن ئىبراي ھەيدەپ كەلگەن ئاتلارنى ياي شەكلىدە قورشاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتتى.

_ نېمىدېگەن يامان نېمىلەر بۇ ؟ شۇنچىۋالا يەردىن ، شۇنچىۋالا توساقلاردىن قانداق ئۆتكۈزۈپ كەلگەندۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ئۆز- ئۆزىگە سۆزلىگەندەك .

_ تېنىچ - ئامان تۇردۇڭلارمۇ ؟- دېدى ئاقاش كۈلۈپ قويۇپ .

_ خۇداغا شۈكرى ، ئۆزۈڭچۇ ؟

_ ئوبدان - ئوبدان ،- دېدى ئاقاش ئۇيغۇرچە راۋان سۆزلەپ .

_ قالتىسكەنسىلەر ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .

_ يۈرۈڭلار ، ئەمدى ئۆزەنگە بارايلى . سىلەر ئەكەلگەن ئىككى مىڭ قوينى بىزنىڭ يىگىتلەر شۇ يەرگە ھەيدەپ كەتتى. بىزگە قىلغان بۇ ياردىمىڭلارغا كۆپ رەھمەت .

تۇردىئاخۇننىڭ يۈرىكى تېخىچە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە سوقۇۋاتاتتى.

_ قانداق قىلىمىز ناسىراخۇن ؟ بالا - چاقا ئۆي ... ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇردۇق . ئاتقا مىنىڭلار ، بىزگەمۇ يول چىقىپ قالار ، كېيىن يۈرتقا يۈزىمىز يورۇق قايتساق ئەجەپ ئەمەس .

ئۇلار ئاتلارنى ھەيدەپ ، تاغ جىلغىسى بىلەن ماڭدى . ئاقۇش بۇلۇتلارغا ئورالغان تاغ بەكمۇ كۆركەم ئىدى . ئاچچىق سوغۇق ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئەنسىزچىلىكنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرگەن جۇشقۇنلۇق دېڭىزدىكى ئۇمىدۋارلىق دولقۇنى يالماپ كەتتى.



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۆزەن پارتىزانلارنىڭ شتابى ئورۇنلاشقان مەركەز ئىدى . ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كىچىككىنە خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك بولدى . ئۇلار چېدىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، تۇردىئاخۇن ئاقاشقا ئۆزىنىڭ مەسلىھەت سالىدىغان ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

_ ئېيتقىن ، نېمە گېپىڭ بولسا قورۇنماي ئېيت .

تۇردىئاخۇن كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى .

_ ۋاي ، ۋۇي شۇ گەپمىتى ، - دېدى ئاقاش كۈلۈپ تۇرۇپ ، - ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، مەن ماۋۇ ئاتلارنى ئېلى پارتىزانلىرىغا ئەۋەتىپ ، ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بونجىلاققا ئادەم ئەۋەتىپ ، سۈرۈشتۈرۈپ باقاي ، سىلەر كەتسەڭلار بولمايدۇ ، ئاۋۇ ئاقاننىڭ دېگىنى توغرا ، - دېدى ئاقاش ئاندىن ، - بىز گومىنداڭچىلارغا ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ پاراكەندە قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ . سىلەر ھازىرچە ئادەملىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ تۇرۇڭلار ، بىزدە قورال قىس ... - دېدى .

بىر كۈنى ئۇلار چېدىردا چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ، ياشقىنە بىر قازاق پارتىزان بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

_ بونجىلاققا بېرىپ كەلدىم ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ ، سىلەرنىڭ دېرىكىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن ، دىقماق ، قارىۋاي بىر ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ ، ئۇ ھازىر بونجىلاقتا ... مەن ھېچ ئىش بىلمىگەن كىشى بولۇپ يېنىپ كەلدىم ...

_ ھە ، ناھايىتى ياخشى بولدى ، - دېدى ئاقاش .

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . << ئۇ كىمدۇ ، ئۇ قارا قاۋانمۇ يا ... ئىسمىنى سوراپ باقسىچۇ ؟ >>

_ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراپ باقتىڭمۇ ؟- ئالدىراپ سورىدى تۇردىئاخۇن .

_ ياق سورىماپتىمەن ، ئۆزى يوغان نېمىكەن ....

_ مۇنداق قىلايلى ، ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ ئەكىلەيلى ، ئۇنى يەنە قويۇپ بېرەيلى . شۇنداق قىلغاندا گومىنداڭچىلار سىلەرنى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ دېمەي ، ئەكسىچە پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ بەرھەق ئىشىنىدۇ . شۇ چاغدا ئائىلەڭدىكىلەرمۇ ئامان قالىدۇ ، - دېدى ئاقاش ئالدىرماي سۆزلەپ .

_ ئۇنى تۇتۇپ كەلگەندە ، - دېدى ناسىراخۇن ، - ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بېقىپ ، قارا قاۋان بولسا ، ئۆزىگە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ ، تۇتۇپ كەلگەندەك قىلىپ ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. بولمىسا ئۇ يەردە تارتىشىپ سوقۇشۇپ يۈرمىسۇن يەنە .

_ بولىدىغان گەپ ، ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ئادەم ماڭدۇراي ، - ئاقاش شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى .

_ ماڭدىغانلار خەتەرگە يولۇقۇپ قالماس ، - دېدى تۇردىئاخۇن .

_ بىزنىڭ ئادەملەر بۇ يەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ ، خاتىرجەم بول .

بىر نەچچە كۈنگىچە كەتكەنلەردىن خەۋەر بولمىدى ، بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ، ئاتلارنىڭ ئەنسىز تۈياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ ، ھەممىسنى چۆچىتىۋەتتى. ئۇلار سىرتقا يۈگۈرۈپ چىققىنىدا ، بونجىلاققا كەتكەنلەر قايتىپ كېلىشكەنىدى .

_ ئۆيگە كىرىڭلار ، ئۆيگە قېنى ، قېنى ... - دېدى ئاقاش ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ .

ئۇلارنىڭ ئارىسدا گېرووي بىر ئادەم بەرجەس قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى.

_ ۋۇي قارا قاۋان ، سالامەتمۇ سەن ؟- تۇردىئاخۇن ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى . ئاندىن ناسىراخۇنمۇ قۇچاقلاشتى .

_ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟ ھوي ئۇۋاڭلارنى تاپقان ئوخشىمامسىلەر ، بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىڭلارنى قارا ، - دېدى قارا قاۋان .

_ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .

ئۇلار ئۆيگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ، قايتىدىن ئەھۋاللاشتى.

_ بۇ بىزنىڭ باشلىق ئاقاش بولىدۇ ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاقاشقا قاراپ ، - بۇ قارا قاۋان ، سىزگە دەپ بەرگەن ئاغىنىلىرىمىزنىڭ بىرى .

_ قالتىس يوغان نېمىكەن بۇ ؟

_ تېخى بۇنىڭدىن يوغانلىرى بار ، قاسساپلار كۆرسە سويىۋالغىدەك ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئالاھىدە جانلىنىپ .

_ قارا قاۋاننى كۆرسەڭ باشقىچلا بولۇپ كېتىدىكەنسەن ھە تۇداخۇن ؟- دېدى ناسىراخۇن كۈلۈپ قويۇپ .

_ شۇنداق بولمايچۇ ، قارا قاۋان ، يۇرتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟

_ سىلەر كېتىپ ، - دەپ گەپ باشلىدى قارا قاۋان ، - داۋۇت باشلىق بىر قانچەيلەننى كېچىدە چارلاشقا قويىدى . ئۇلار ھازىر مەخپى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ . بونجىلاقتىن بىرى سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، دەپ خەۋەر ئېلىپ بېرىپتىكەن ، مېنى دەرھال بۇياققا ئەۋەتتى، ئائىلەڭلەردىكىلەر سالامەت ، ئۇلارغا ھېچ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى ، ئۇ يەردىمۇ ئەھۋال جىددى ، داۋۇتلار ...

ئۇ يۇرتتا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى تەپسىلي سۆزلەپ بەردى .

_ ياخشى بوپتۇ ، - دېدى ناسىراخۇن باشقىچە روھلىنىپ داۋۇتنىڭ دېگىنىدەك ، قويلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەستىن ، پارتىزانلارغا ھەدىيە قىلدۇق ، - ئۇ ئاقاشقا قاراپ قويىدى ، - بىز بۇ يەردە تۇتۇپ قالدىغاندەك تۇرىمىز . بۇمۇ ياخشى بولدى . بۇرادەرلەرگە ئېيتىپ قوي ، بىز ناھايىتى ياخشى تۇرۋاتىمىز ، ئۇلار ھەرىكەتنى توختاتمىسۇن . بىزمۇ خاتىرجەم بولدۇق ، ئەمدى بىز ئاقاشلار بىلەن ھەرىكەتنى باشلايمىز .

_ مەنمۇ قېتىلاي ، - دېدى قارا قاۋان قوشۇملىرىنى تۈرۈپ .

_ ھازىرچە بولمايدۇ ، بۇ ئىككىلەيلەننىڭ ھايات - ماماتى ساڭا باغلىق بولۇپ قالدى . سەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن : تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، مېنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن ، مەن ئاران قېچىپ چىقتىم . ئۇلارنى گومىنداڭغا خىزمەت قىلدىڭ دەپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ دەيسەن ، شۇ چاغدا بۇلار بۇ يەردە خاتىرجەم ھەرىكەت قىلالايدۇ . بولسىغۇ ، سەندەك ئەزىمەت قېتىلسا خۇشال بولۇپ مالخىيمىزنى ئاسمانغا ئاتاتتۇق . بىراق ئامال يوق . سىلەرمۇ ھەرىكىتىڭلارنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، بىزمۇ بۇ يەردە ھەرىكەت قىلايلى ، داۋۇتقا مەندىن سالام ئېيتقىن .

_ ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ . ھازىر يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە بۇلارنىڭ گېپى .

_ ناسىراخۇن ، بىر تال ئوق ئاتماي داڭقىمىز چىقىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.
_ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن تۇداخۇن ، - دېدى قارا قاۋان .
تاڭ سۈزۈلۈپ قوياش كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن قېلىن بولۇتلار ئارىسىدا ئۆز جامالىنى كۆرسەتمەي تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق شامال تاغدا يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. بىر خىل تىمتاس ، يىغلاڭغۇ سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇلۇتلۇق ئاسمان نېمىگىدۇر غەزىپى كەلگەندەك تۈرۈلۈپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بىر يېقىمسىز تىمتاس سەھەردە قارا قاۋان بۆلار بىلەن تەسلىكتە خوشلىشىپ ، بۆلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەپ ، يۇرتقا قايتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تويىماي قارىشىپ قالدى .

داۋامى بار......[size][/color/]

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 18:10:15

[color=Blue][size=3]قانغا بويالغان سايرام نى ئوقۇش ئۈچۈن ، بوستانغا كۈنىگە رەت كىرىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن . پۈتۈن خىيالىم ۋەقەلىكىدە قالدى .......
نازاكەت خانقىز ، جاپا چېكىۋاتىسىز ، شۇنداقتىمۇ داۋامىنى كۆرۈشكە قانچىلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويغان بولسىڭىز ....... رەھمەت سىزگە !!
داۋامىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز ........ [color][/size/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 21:10:12

شۇنداق شۇنداق ھەممىز سىزنىڭ ئەسىرىڭگە تەشنا.

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 0:44:55

[size=3]يەنە يوققۇ داۋامى ؟ خەپ..... بۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋالمىسام بولمىدى ..... [size/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 1:28:11

بۈگۈن گەرچە يېرىم كېچىلەرگىچە ئىش- كۈشلىرىمنى بېسىقتۇرغان بولساممۇ، يەنە مۇشۇ رومانىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيمەن دەپ كىرسەم دىگەندەك بىر سان يوللىنىپتۇ! لېكىن يەنە بىر سان يوللىۋەتسىچۇ كاشكى خەپ نازاكەت!

رومان ۋەقەلىكى جىددى ئەھۋالغا كىردى.... مۇشۇ بىر قانچە كۈنلەر ئىچىدە سەپەر قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۈلۈبتىكىلەر بىلەن كوپ بىرگە بولالماي كېتىۋاتىمەن... بىراق بەزىدە كۈن ئاتلاپ بولسىمۇ كىرىپ مۇشۇ رومانىنى ۋە يەنە بىر قانچە تۈردىكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئوقۇيمەن! ھارماڭ نازاكەت! ئەجرىڭىزدىن بوستاندا بىر رومان تۈگىتىدىغاندەك قىلىمەن!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 12:01:48

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! سىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى ياقتۇرۇپ قالدۇرماي ئوقۇپ كەلگىنىڭلاردىن مەنمۇ شۇنداق خۇرسەن ، ئەمما سىلەرمۇ مېنىڭ ھالىمغا يېتىپ قويۇڭلار ، يېقىندىن بۇيان خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەكلا ئالدىراش بوپ كەتتىم ، ئۇنداق خەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

دىمەڭلارچۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم بوپ قالدىكەن . مەنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى تېزرەك يوللاپ تۈگەتسەم دەيمەن . ئەمما ئامال قانچە ؟[em7] مېنى توغرا چۈشەنسەڭلار مەنمۇ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ھەر كۈنى بىر ئىككى ساندىن يوللاپ تۇرىمەن . مەنمۇ ھەر كۈنى سىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىغا تەققەززا بولۇۋاتقىنىڭلارنى ئويلاپ تۇرىمەن . شۇڭا سىلەرنىڭمۇ مېنى توغرا چۈشىنىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن . ھەممىڭلارغا سالامەتلىك ، خۇشاللىق ، خاتىرجەملىك يار بولغاي !!!
ھە راست ئايچۆھرە خانىم ئەگەر راستىنلا بۇ كىتابنى سېتىۋىلىپ قالسىڭىز مەن يوللىيالمىغان كۈنلىرىم داۋامىنى سىز يوللىغاچ تۇراسىز جۇما [ [em72

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 13:19:08

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئۆزەندىكى پارتىزانلار ئەسلىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى . كېيىنچە ھەر بىر قوشتىن بىردىن ئادەم قوشۇلۇپ ، ئىككى يۈز ئادەمگە كۆپەيدى . بۇلاردا ئاران قىرىق تال مىلتىق ، ئىككى ئاپتومات بولۇپ ، تولىسى پالتا ، كەكە ، ئارىلار بىلەن قوراللانغان . بۇلار ئاساسەن تاغلاردا چېنىققان مەرگەن ، پالۋانلار ئىدى .
گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرى مەخپى رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ، ئادەم سېلىپ بۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ، بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى . پارتىزانلار ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك زەربىسىنى بەردى . ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۆزلىرىنى ئۈنتۈشۈپ ، كۈرەش قوينىغا كىرىپ كېتىشكەنىدى.
ئاقاشلار ئۇستاتلىق بىلەن تاش ئۈستىگە كىگىز قالپاق كىيدۈرۈپ ، ئۆزلىرى باشقا يەرلەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشاتتى - دە ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى << قالپاق >> لارغا << ھۇجۇم >> قىلغاندا ، ئۇلار يان تەرەپتىن ، ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرەتتى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي ، ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى . ئۇلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاقاش پارتىزانلارنى تاغ ئەتراپلىرىغا ، تاش كەينلىرىگە مۆكتۈرۈپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى . ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ، يېقىنلاپ كېلىپ تاشلارغا كىيدۈرۈلگەن << قالپاق>> قا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى . قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىگەندىن كېيىن ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلىدى . ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىشكە ، دەللەپ ئېتىلغان ئوقلاردىن يىقىلدىغىنى يىقىلىپ ، قالغانلىرى كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى - دە ، قارارگاھىغا قاراپ بەدەر قاچتى .
پارتىزانلار خېلى كۆپ مىلتىق ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى.
_ بۇلارنىڭ ھالى شۇنچىلىك ، ئاكىسىغا شىلتىڭ ئاتقان بىلەن ، - دېدى تۇردىئاخۇن قوللىرىنى سىلكىپ .
_ ياق ، بۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ ، بۇداقى قېتىم چوڭ ھۇجۇم باشلىشىمۇ مۇمكىن ، - دېدى ئاقاش .
_ قانداق قىلسا قىلمامدۇ ، كەلسە يەنە جاجىسىنى يەيدۇ .
_ شۇنداقتىمۇ سەگەك تۇرايلى . ئۇلار ئەمدى ئورنىمىزنى بىلىپ قالدى. جىم تۇرمايدۇ .
دېگەندەك ، ئەتىسىلا گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى بومباردىمان قىلدى.
_ دېمىدىممۇ بۇلار ئەمدى جىم تۇرمايدۇ دەپ ... _ دېدى ئاقاش تىت - تىت بولۇپ .
_ بىزگە چوڭ زىيىنى بولمايۋاتقاندىن كېيىن ، قىلسا قىلىپ تۇرسۇن ، ئالدىرماي ئەدىپىنى بېرىمىز، - دېدى تۇردىئاخۇن تاش كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ .
_ بۇنداق بولسا قاملاشمايدۇ ، بىز ھەمىشە مۆكۈپ يۈرسەك بولماس .
شۇندىن باشلاپ گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى بومباردىمان قىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ئاقاش پارتىزانلارغا بىر كۈنى كېچىدە مەسلىھەت سالدى.
_ بۇلار ئورنىمىزنى بىلىپ قېلىپ چاتاق بولدى. بۇنى چوقۇم بىرى ئۇلارغا ئېيتىپ قويغان گەپ ... بولمىسا بۇ يەرنى قانداق بىلىدۇ ؟
_ داخىيەنزى باج ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان كەرىم بۇ ياققا كەلگەندەك قىلغان ... - دېدى بىر پارتىزان .
_ ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەنما ؟
_ ياق ، پەس تەرەپتىن قايتىپ كەتكەن .
_ بەلكىم شۇ دېگەندۇ ، ئاناڭنى ... ئۇلار يەنە كەلسە چوقۇم ئاشۇ باشلاپ كېلىدۇ، - دېدى ئاقاش ئويلىنىپ تۇرۇپ ، - ئەمدىكى مەسىلە ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشتە ، بولمىسا بىزگە ئاراملىق يوق .
_ كەرىم دېگەننى ئۆزۈم ئاتىمسام ... _ دېدى ناسىراخۇن ئۆز گېپىنى قىلىپ .
_ ئاۋۋال بىز ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى . مۇنداق بولسۇن : ئون مەرگەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئايروپىلان كېلىشى ھامان بىرلا ۋاقىتتا ئوق چىقىرايلى . ئامال قىلىپ بىرلا ئايروپىلاننى يوقاتساق ، بەلكىم ئۇلار كېلىشكە پېتىنالماس .
ئۇلار شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ، ئەتىسى ئون مەرگەن ئايروپىلان پەس ئۇچىدىغان جايغا كېلىپ جايلىشىۋالدى.
_ ناھايىتى دىققەت قىلايلى . ئوبدان چەنلەڭلار - ھە ! مۇشۇ بىر قېتىم ، - دېدى ئاقاش ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپ .
_ خاتىرجەم بول . ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن ،- دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ .
_ كۆرىمىز قېنى ...
ناسىراخۇن مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ جىددىي ھالدا تۇراتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ هەممىڭلار تەق تۇرۇڭلار ، ئەنە ئايروپىلان كېلىۋاتىدۇ. دىققەت ، ئۆزۈڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار ، مەھكەم تۇرۇڭلار .
_ ئات !
ئوق ھەممە مىلتىقلاردىن تەڭلا ئېتىلدى. ئايروپىلان قۇيرۇق تەرىپىدىن قارا ئىس - تۈتەك چىقىرىپ ، ئۇتەي تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.
_ بىز غەلبە قىلدۇق ! بىز غەلبە قىلدۇق !
جاراڭلىق سادالار تاغلاردىن ئەكس سادا قايتۇردى.
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ چىرايىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل خۇشاللىق جىلۋىلەندى، ئۇلار ھەممىدىن بەك ۋاقىرايتتى.
_ بىز غەلبە قىلدۇق !
_ خەير خوش ئۇچقۇ ، سالىمىمىزنى سىلىڭ جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ قوي، مەن سالامەت تۇرۋاتىمەن .
تۇردىئاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ئەتراپتا تۇرغان پارتىزانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇردىئاخۇن كۆز قىسىپ قويدى .
_ ئاجايىپ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن ، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىمۇ چاقچاق قىلىپ ... - دېدى ئاقاش ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ .
_ ئۇنداق ئۇچقۇ دېگەننى بىردە - بىر چۈشۈرۈۋېتىمەن ، -دېدى ئۇ بويۇنلىرىنى تولغاپ .
ئۇلار كۈلۈشكىنىچە غىزالىنىشقا مېڭىشتى . گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى شۇندىن كېيىن بۇ تەرەپكە كەلمىدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 16:36:41

[size=4][color=Blue]بىر كۈنى بىر پارتىزان بالا ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە ، ئەنسىز ھالدا ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى.
_ ھېلىقى كەرىم دېگەننىڭ يول باشلىشىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ.
_ ئاناڭنى ... ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىق ...._ ئاقاش غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، - ھەممىڭلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، مەن ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئويلىۋالاي.
_ بولىدۇ،- ھېلىقى پارتىزان بالا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.
<< گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى قىستاڭ يەردىن ئۆتمەي قالمايدۇ. بىز شۇ يەردىن پايدىلىنىپ زەربە بېرەيلى . بۇ بىر پۇرسەت... >> دەپ ئويلىدى ئاقاش ، ئاندىن پارتىزانلار يېنىغا بېرىپ ، ئۇلارنى ھەر قايسى تەرەپلەرگە ، قىيا چوققىلىرىغا تەقسىم قىلدى. خىللانغان ئون مەرگەننى قىستاڭ جىرانىڭ ئالدى ، كەينى تەرەپلەرگە بۆكتۈردى.
كەرىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خاتىرجەم ھالدا قىستاڭ يەرگە كىردى. ئۇلار سەل ماڭغاندىن كېيىن ، ئاقاش بەلگە ئوقى ئاتتى. تەرەپ ، تەرەپتىن ئوقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ناسىراخۇن چەنلەپ تۇرۇپ ، كەرىمنىڭ چېكىسىگە ئېتىپلا ، ئۇنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.
_ مەندەك ئاتتىڭ ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
ئەسكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ، قالايمىقان ئوق ئۈزەتتى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ باشلىقى قاتتىق ۋارقىرىدى.
_ چېكىنەيلى ، چېكىنەيلى !
جىرانىڭ ئۈستىدە تۇرغانلار تاشلارنى ئۇلارغا قارىتىپ دومىلاتتى . ئالدى ، كەينىدىكى مەرگەنلەر ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قاچىدىغىنى قېچىپ ، ئۆلىدىغىنى ئۆلدى.
_ ھەي ، قورال ، ئوقنىڭ كەمچىللىكى ، - دەپ ھەسرەت چەكتى ئاقاش، - قورال ، ئوق تولۇق بولغان بولسا ، بىرنى قويماي قىرىپ تاشلايتتۇق - دە .
_ شۇ ھالىغا بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگىنىنى ، بۇ گۇيلارنىڭ ، - تۇردىئاخۇن سۆزلىگەچ ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ناسىراخۇن :
_ ئەجەپ نوچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ ، تۇتۇلۇپ قالغان بولساڭ : << ئاكا بىز قېرىنداشتۇق >> دەيتتىڭ ... - دېدى ئۇنىڭغا مەستىلىكى كېلىپ چېقىشىپ .
_ نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن ؟ مەن دېگەن ئەركەك تۆكى بار ئەركەك جۇمۇ ؟ يەتتە شەنى سورىغان ، - دېدى تۇردىئاخۇن مەيدىسىگە مۇشتلاپ .
_ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن ؟- دېدى ئاقاش بايىقى ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ ، - سەن بىلەن بىللە يۈرسە كىشى زېرىكمەيدىكەن .
ئاقاش ئالاقىلىشىپ تۇرۋاتقان ئىلى پارتىزانلىرىدىن خەۋەر كېلىپ ، بۇلارنى چاقىرتتى. ئاقاش ئۆزىمۇ بۇ يەردىكى سىقىنچىلىق ھەرىكەتتىن چوڭ بىر ئىشنى تەۋرىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇرادەرلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىش قارارىغا كەلدى.
_ بىزمۇ سىلەر بىلەن بىللە قوشۇلۇپ كېتەيلى ، - دېدى ناسىراخۇن كەسكىن ھالدا .
_ شۇنداق قىلايلى ، - دېدى تۇردىئاخۇنمۇ ، ئۇ شۇنداق دېگەن بىلەن ئائىلىسىنى ، بالىلىرىنى ، يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.
_ سىلەر بىز بىلەن كېتىمىز دېسەڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار ، لېكىن مېنىڭچە سىلەر ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتمىساڭلار بولمايدۇ ...
_ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ئاقاش ، بىزنى يەكلەۋاتامسىلەر - يا ... - دېدى ناسىراخۇن ئالدىغا سەل سۈرۈلۈپ قويۇپ .
_ مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم ، سىلەرنى يەكلىگەنلىكىم ئەمەس ، - دېدى ئاقاش ئويچان ھالدا ، - مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنى ھەم ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان داۋۇت پالۋان باشلىق بۇرادەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاۋاتىمەن ، مەن سىلەرنى يۇرتۇڭلارغا قايتۇرۇش ئويىدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يۈرەتتىم . لېكىن سىلەرگە قىيماي ... ئەمدى قايتىدىغان ۋاقتىلارمۇ كېلىپ قالدى. بۇرادەرلەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار .. ئىشنى توختىتىپ قويمىسۇن ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوراپ قالسا ، قېچىپ كەلدۇق ، دەپ بىزنى يالغاندىن تىللاپ قويۇڭلار ...

_ سىلەرنى تىللاشقا قانداق تىلىمىز بارسۇن ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .

_ چىن دىلىڭلاردىن تىللىمىغاندىن كېيىن نېمە بولاتتى.

_ ئەركىنلىك ئۈچۈن قەيەردە كۈرەش قىلسا ، يەنىلا خەلققە ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشقان بولىدۇ...

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن كۆپ ئويلاشقاندىن كېيىن قايتىش قارارىغا كېلىشتى . ئۇلار بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ناھايىتى تەسلىكتە ئايرىلىشتى . ئاقاشنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى . پارتىزان يىگىتلەرمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

_ خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار .

_ خۇداغا ئامانەت ، ئۆزۈڭلارنى كۆپ ئاسراڭلار .

تۈن قاراڭغۇسى ، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، ئاچچىق سوغۇق شاماللار ھۇشقۇيتۇپ تۇراتتى. بۇ كېچە كىشىگە بەكمۇ سۈرلۈك تۇيۇلاتتى.

تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۈن - تىنسىز يول يۈرمەكتە . بىر چاغدا ئۇلار ستەيگە يېتىپ كەلدى.

تۇردىئاخۇن گومىنداڭنىڭ << ستەي پارتىزانلىرنى يوقتىمىز >> دەپ قۇرغان چېدىرلىرىنى كۆردى - دە :

_ ھەي ناسىراخۇن ، بىز بىر ئويۇن قويۇپ ، بۇ يەردىكى ھەربىكتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرمامدۇق ... يۈرتقا قىزىق بىر ئىش بىلەن كېتەيلى ، - دېدى ئۇنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىپ .

_ قانداق ئويۇن قويىمىز ؟- دېدى ناسىراخۇن ئېتىنى ئاستىلىتىپ .

_ مەن ئاۋۇ چېدىرغا ئوق ئاتىمەن ، سەن مەن تەرەپتىكى چېدىرغا ئوق ئاتىسەن . ئىككىمىز تەڭلا ئاتايلى ، - دېدى ئارىلىقى يۈز مېتىر كېلىدىغان ئىككى چېدىرنى كۆرسىتىپ ، - ئىككىمىز تار ئۆستەڭ بويىدا تېپىشىپ يولىمىزنى داۋام قىلىمىز.

_ مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىڭ بەكمۇ يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ ؟ بۇ ناھايىتى قارام ئىشكەن .

_ مەن سېنى خېلى يۈرىكى چوڭكەن دەپ يۈرسەم ، قارا سېنى ... ئەي ئەخمەق بىر سىناپ كۆرەيلى ، ئەپلەشسە - ئەپلەشمىسە بولغىنى بولا ، ئۇلار بىزنى سېزەلمەيدۇ . قانداق ماقۇل دېگىنە ، خۇش بولۇپ قالاي .

ناسىراۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

_ ماقۇل دېگىنە ئويۇن چىقىدۇ .

_ بوپتۇ ، لېكىن ئاگاھ بولايلى ، يەنە مېنى ئېتىۋېتىپ يۈرمە .

_ ئۇنداق قىلامدىغان ، ئاۋۋال ئاتنى بىز دېيىشكەن ئۇچرىشىدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ خاتىرجەم ئىش باشلايلى .

_ ئەجەپ ھۇنىرىڭ تولا نېمكەنسەن .

_ ھۈنەر دېگىننىڭ ئەمدى چىقىدۇ تېخى ، ئۆزۈم ھۈنەرۋەن تۇرسام ...

ئۇلار ئاتلىرنى دېيىشكەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ ، ئىككى چېدىرغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەسكەرلەر چۆچۈپ ئويغىنىشىپ ، بىر - بىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى .

_ قانداق پىلانىم بولامدىكەن ؟ ناسىراخۇن ، يول - يوللاردا بۇنداق چارىلەرنى قىلىپ كېتىۋېرىمىز ... - دېدى ئۇ ئاتنى يورغىغا قويىۋېتىپ .

_ سەن دېگەندەك ئۇلار ئۇخلاپ قاپتىكەن ، قاراۋۇلنى جايلىۋېتىپ ، كەينى كەينىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىۋەتتىم ...

_ ئوقۇڭ قۇلقىمدىن ئۆتۈپ كەتتى كەلۋا ...

_ تۇتۇۋالساڭلار بولمامدۇ . لازىم بولاتتى.

_ قارا ئۇلارنى ئېتىشىۋاتقىنىنى ... ھا... ھا.... ھا... خەير- خوش پىرقە ئەسكەرلىرى ، سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن ، پېقىر سىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدى. كەچۈرۈڭلار ، - تۇردىئاخۇن ئاستا شۋىرلىدى .

ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى، ئاز ئۆتمەي ئۇلار تەرەپتىن << ھارۋىكەش >> ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇ ناخشا تىمتاس ياتقان تاغ باغرىنى مۇڭغا سالدى.

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 23:01:58 25-1-2007

<<ھارۋىكەش>> نىڭ ناخشىسنى بىزمۇ ئاڭلاپ ....... داۋامىغا قىزىقىپ ، بوستاندا ئىڭەك يۆلەپ قالدۇققۇ نازاكەت خانىم ؟
راست ، بۇ كىتابنى سۈرۈشتۈرسەم ھازىر ئاسان تېپىلمايمىش . ئەگەر مەندە بولغان بولسا ، سىز دىمىسىڭىزمۇ يوللاپ تۇراتتىم .... ئەجرىڭىزگە تەشەككۇر !!

---

يولىغۇچى: sarsan007


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 23:56:50

مەنمۇ ياردەملىشەي دىگەن ئەمما پەقەت تاپالمىدىم.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-26 12:09:22

[center][size=5][size=4][color=Blue]يەتتىنچى باب مەخپى كىڭەش [/center]1[/center][/size][center]
قىش كىرىپ كېلىشى بىلەن بۇ يۇرتنى زىمىستاننىڭ ئاچچىق سوغۇقى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ھوشقۇيتۇپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ھەر تەنگە نەشتەر ئۇرۇپ ئۆتەتتى. ئۈچقۇنداۋاتقان قارلارنى ھەر تەرەپلەرگە ئۇچۇراتتى. ئاۋامنى بىر خىل ئېغىر غەم - ئەندىشە ، ۋەسۋەسە چىرمىۋالغان بولۇپ ، تۇرلۇك ئالۋاڭ - ياساق، زورلۇق - زۇمبۇلۇقلار ئۇلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋېتىپ باراتتى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان ، يۇرت ئىچىدە ئابرويى بار كىشلەرنىڭ ھەممىسنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا نازارەت ئاستىغا ئالدى. پۇقرالار ئۆز يۇرتىدا كۈن ئالماقنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئاچچىق يۇتۇشاتتى.
دۇكانلار تاقىلىپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئىشىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ ئېچىلىپ قالغان دۇكانلارنىڭ ماللىرىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ، ساقچىلار بۇلاپ كېتىشەتتى. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. كوچا- كوچىلاردا تىلەمچىلەرنىڭ ، يېتىم - يېسىر ، مىسكىنلەرنىڭ ئاھۇ زارلىرىنى قەدەمدە بىر ئاڭلىغىلى بولاتتى.
جۇت - شۇرغان ئۇچۇپ تۇرغان بۇ يۇرت چۆلدەرەپ ، ئاجايىپ بىر غېرىبانە تۇس ئالغانىدى . بۇنىڭغا قارىغان ھەر بىر كىشىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېزىلەتتى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز خاندانلىقىنى مەڭگۇ ساقلاپ ، بۇ زېمىندا ئەركىن يايراپ ياشاش ئۈچۈن بار ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ ، ھەر نېمە قىلىشتىن يانمايۋاتاتتى. خەقنى شىلىپ قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. پۇقرالارنى ھاشارغا ، سەيسىگە زورلۇق بىلەن تۇتۇپ مېڭىۋاتاتتى. ئىلىدا قۇرۇلغان << ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت >> ۋە بۇلارنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ بارا - بارا كېڭىيىشى بۇلارنى ئالاقىزادە قىلىپ ، بۇلارنى شۇنچىلىك رەھىمسىز قىلىۋەتكەنىدى . نىھايەت ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىنى ئازاد قىلغانلىق خەۋىرى ۋە ئۇلارنىڭ بارغانچە زورىيىپ بېرىۋاتقانلىقى داۋۇت پالۋان قاتارلىق ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئۈچمە گۈلخاننى ياقتى . شۇندىن بۇيان ئۇلار تېخىمۇ روھلىنىپ ، تىنىچ يېتىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلدى.
بوشاشماستىن كۈندە دېگۈدەك گومىنداڭچىلارغا زەربە بېرىپ تۇردى .پۇرسەت تۇغۇلسىلا يوشۇرۇن قارشىلىق بىلدۈرۈپ تۇردى. ئىلىدىن ئابدۇقادىر كېلىپ ، بۇلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم مەخپى كېڭەشلەر قىلدى. ئۇ داۋۇت پالۋانغا چېچىلىپ ھەرىكەت قىلماي ، بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى ئېيتىپ ، داۋۇت پالۋاننىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى . ئابدۇقادىر كەتكەندىن كېيىن داۋۇت پالۋان بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ئالدىراشلىقتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ ئارشاڭغا كېلىشى سەۋەبلىك ئىدى . بۇ ئىش بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.
_ ئىلى پارتىزانلىرى ئارشاڭغا كەپتۇ .
_ << ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت >> قۇرۇلدى. ئۇلار ئارشاڭغا بېسىپ كىردى . ئەمدى بىز گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولىدىغان بولدۇق .
_ مىللى ئارمىيە ئارشاڭنى ئېلىپ بۇ تەرەپكە كەلگۈدەك . بۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالدى.
_ غۇلجىدىكى گومىنداڭچىلار ئايرودورۇم دېگەن يەرگە چېكىنىپ يېتىۋاپتۇ دەيدۇ .
_ ئىلى پارتىزانلىرى ئۇلارنىمۇ بوش قويمايدۇ .
_ بۇ يۇرت ئازاد بولسا قانداقمۇ بولۇپ قالارمىز . مەن ئۇ كۈنلەردە خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ قالمەن جۇمۇ .
_ غېنى باتۇر دېگەن ئادەمنى بەكمۇ يوغان دەيدۇ . كېتىۋاتقان ماشىننى تۇتۇپلا توختىتىۋالغۇدەك .
_ ئۇلارنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟
بۇ يۇرتتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ گېپى بارغانچە ئاۋۇپ ، خەلقنىڭ روھىنى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز سۆزلىرىگە ناھايتى دېققەت قىلىشاتتى. زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىنىڭ ھەممە جايدا لالما ئىتلاردەك سوكۇلداپ يۈرەتتى. ئۇلار بىرەر << لوق گۆش >> نى ئۇچرىتىپ ، زور ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشنى ئارمان قىلىشاتتى. خەلق بۇلارغا يىرگىنىش بىلەن قارىشاتتى:
_ ئىست ، بۇنداق قىلىپ جان باققۇچە ، خوتۇننى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتسىچۇ ؟ نېمە كۈن بۇلارغا .
_ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ بېرىۋاتىمىز تۇۋا ، ھېلىقى ھوشۇر دېگەن نېمىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بۇلارنىڭ چۆچۈمەيۋاتقىنىنى .
_ ئۇلارنىڭ تىرىك ياشىغىنى بىز ئۈچۈن نومۇس !
بايخان ھەر كۈنى سەھەر تۇتۇپ ئىلى خەۋەرلىرىنى كىشلەرگە يەتكۈزەتتى. ئۇلارنى ئويغىنىشقا چاقىراتتى. داۋۇت پالۋان تاپشۇرغان ئالاقچىلىق ئىشلىرىنى ئۆزۈپ قويمايتتى. داۋۇت پالۋان ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قوياتتى.
بۈگۈن تۈن كېچىدە داۋۇت پالۋان بايخان بىلەن كۆرۈشتى .
_ بايخان ئاكا ، - دېدى داۋۇت پالۋان قەتئىي ھالدا ، - سىز جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز ، سىزگە تاپشۇردىغان مۇھىم بىر ئىش بار .
_ ئۇنداق جاپا دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭىزغا ئالماي ، ۋەزىپىنى تاپشۇرغىن ، سەن بەختىنىڭ بەدەلىسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسەنغۇ ؟
_ سىز ئارشاڭغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپ كېلىڭ ، بىز تېزدىن ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشمىساق بولمايدۇ . ئەتە كەچكە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى ھامتاخۇن تۆگمەنچىنىڭ تۆگمىنىگە يىغىپ ئابدۇقادىر دېگەندەك رەسمي بىر تەشكىلات قۇرايلى . ئەمدى ئوتنى ئۇلغايتىپ ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرىغا ماسلاشمىساق بولمايدۇ . ئۇلار بىزگە مۇھتاج. بىز ئۇلارغا مۇھتاج . گومىنداڭچىلارنىڭ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھازىر جىنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى.
_ ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن داۋۇت ئۇكا ، ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ماڭاي ، ۋاقىت قىس .
_ ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى.
_ بۇ ئەڭ ياخشى ۋاقىت ، خەير ئەمسە ، خۇداغا ئامانەت ، - ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىدىن كېتىپ ، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ياڭرىدى . تۈن كېچە قوينىدا بۇ ناخشا بەكمۇ سۈزۈك جاراڭلايتتى. داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇرادەرلىرىنى ئىزلەپ تاللىق تەرەپكە ماڭدى.

داۋامى بار... [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 0:27:08

خەپ... شۇ تاپتا كارامەت ئۈيقۇم كەپ كېتىپ قالدى.... خۇدايىم بۈيرۇسا ئەته سەھەر تۇرۇپ بۇ سانلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىمەن... بارغانسىرى قىزىغىلى تۇردى بۇ ئەسەر!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 0:27:11

داۋامىنى تىزراق ئەۋەتكەن بولسىڭىز
رەھمەت سىزگە ھارمىغايسىز.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 12:17:11

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
قاراڭغۇ كېچە ، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ سوزۇپ قاۋىغان ئەنسىز ئۈنى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ ، بۇ كېچەمە ئاجايىپ سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى، دەريا بوغۇق ئاۋازدا شارقىراپ ئېقىپ ، باھار چىللايدىغان ئۈزۈلمەس كۈينى ياڭرىتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يالىڭاچلانغان ئورمانلار ئېغىر مۇڭلارغا ئەسىر بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى.
بۈگۈنكى يىغلىشقا كەلگەنلەر تاغدىن _ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى ئىلى پارتىزانلىرىدىن ئارشاڭغا ، ئاندىن ئۆزلىرىگە قايتىشتى .
_ ھە ، ناسىراخۇنكا ، شۇنداق قىلىپ ، تۇداخۇن چېدىرغا ئوت قويۇۋەتتى دەڭلا ، - دېدى قۇربان كۈلۈپ تۇرۇپ .
_ بۇ تۇداخۇن مۇرىمەستەك كۆرۈنگىنى بىلەن تولا قىزىق نېمىكەن بۇ ؟ئۇ يەردىكى پارتىزانلارنى زېرىكتۈرەمدىغان .
_ قورسىقدا گەپ بار دەڭلا ، قارىسا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ، مۇكچىيىپلا ئولتۇرىدۇ.
_ قارا قاۋاننىڭ ئىشنى ئەپلەشتۈۋەتكىنىنى دەيمىنا ، - دېدى ھاپىز قارى ئارىغا سۆز قىستۇرۇپ ، - ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئاللا- كاللا سېلىپ : << ئۇلارنى تۇتۇپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ ، مېنمۇ تۇتۇپ ئاسماقچى بولۇشقان ئاران قېچىپ كەتتىم >> دەپ داۋراڭ سالغىنچۇ ، كېيىن ئۇ تۇداخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەرنى بۇ گەپنى يالغان دەپ ، ئىشەندۈرەلمىگىلى تاس قالدى .
_ ۋەن سىلىڭ نېمە دەپتۇ ؟- سورىدى قۇربان مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ .
_ نېمە دەيتتى، << سەن كۈچلۈك بولغانچقا قېچىپ كەپسەن ، ئۇلار گالۋاڭلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ >> دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ كېلىپ : << بولدى بۇ ئىشلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى ، سەن ئىشىڭغا بار >> دەپلا قارا قاۋاننى چىقىرۋېتىپتۇ .
قارا قاۋان مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ ئويچان ئولتۇرغان سۈرلۈك ئەلپازىنى كۆرۈشۈپ شۈككىدە بولۇشتى .
شۇ ئارىدا تۈگمەننىڭ كونا ئىشكى غاراسلاپ ئېچىلىپ قاسىم جودا بىلەن مۇھەممەت گاڭگۇڭ كىرىپ كەلدى.
_ نېمىدېگەن تۇيۇقسىز باشلانغان سوغۇق بۇ ؟- قاسىم جودا بېشىدىكى يوغان قۇلاقچىسىنى ئېلىپ ، - قانداق سالامەت تۇردۇڭلارمۇ ؟
_ سالامەت تۇردۇق ئۇكا ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئۇيان - بۇيان قاراپ ، - ئىشكىتنلا جېدەل باشلاپ كىرىپسەنغۇ ؟
_ جېدەل بىلەن كىرمەي ۋەن تەتەينى باشلاپ كىرسەم بولاتتىمۇ ؟ بۇ دېگەن ئۇرۇش يىللىرى جۇمۇ ؟ ئادەم دېگەن جېدەل بىلەنلا يۈرىدىغان گەپ .
_ شۇنىڭغا قارىغاندا ۋەن تەتەي بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قالدىڭمۇ نېمە ؟
_ ياش - دە بىز ، نېمە قىلساق قىلىمىز - دە ، يۈرەكتە ئوت بار.... - قاسىم جودا داۋۇت پالۋاننىڭ جىم ئولتۇرغان سۈرلۈك ئەلپازىنى كۆرۈپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

جىمىپ قالدى .

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باسقاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ :

_ مۇھەممەت ئىشىك ئالدىنى كۆزەتسۇن ، بىز بۈگۈن رەسمىي يىغىلىش ئېلىپ بېرىپ ، مەلۇم مەسىلىلەرنى كېڭەش قىلىمىز. نەق گەپنى ئېيتساق تەشكىلات قۇرماقچى ... ھەممەيلەن كېلىپ بولدىغۇ دەيمەن ، - دېدى ئولتۇرغانلارغا بىر قاراپ چىقىپ .

ئولتۇرغانلار ئېغىر تىنىشىپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈردى.

_ دېگۈدەك كېلىپ بولدى ،- دېدى ئاسىم دوختۇر.

_ ئۇرايىم كەلمەيتتىغۇ ؟ ناسىراخۇن سەن خەۋەر قىلماقچى بولغانىغۇ ؟

_ ئۇ مەن قاتنىشىمەيمەن . ئاتا - ئانامغا قارىمسام بولمايدۇ ، دېگەنتى ، مەن ئۇنىڭغا بولدى گەپنى ئاڭلىمىغان بول دېدىم .

_ ياخشى دەپسەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، - كىمنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق . خوتۇن ، بالىسى يوق ، كىمنىڭ ئۇلارغا قارىغۇسى يوق ، مىللەت ، خەلق ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەلىگەن ئادەم ئۇ ھەقىقى ئىنسان بولالايدۇ . بىرەرسى بەخت ، ئەركىنلىكنى مەردلەرچە سوۋغا قىلىپ بەرمەيتتۇ . ئۇنى بىز كەسكىن ئۇرۇش ، قان - تەر بەدىلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ! قاسىمنىڭ يالغۇز ئانىسىنى بېقىش خىيالى يوقمۇ ؟

ھەممىسىنى ئويي - خىيال بېسىپ مۇڭلىنىپ كەتتى. قاسىم جودا يېنىك تىنىپ قويدى . ئۆيي ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى .

_ بولدى ، باشقا گەپنى قويۇپ ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى . بىز ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى ، مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك يىغىلىش قىلىپ ، تەشكىلات قۇرماقچى بولغانىغا . ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى باركەن . ئەمدى بۇنىڭمۇ ۋاقتى پىشىپ يېتىلدى . ھازىر گومىنداڭنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ ، خەلق ئېغىر كۈنگە قالدى . ئىلى تاغلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ئىنقىلاب ئوتى يالقۇنجاپ كۆيمەكتە ، ئارشاڭدا غېنى باتۇر ، ئېردەنى پارتىزانلىرى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج بولماقتا . بىز ئۇلارغا زىچ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىمىز بىرلىككە كېلىشىمىز ، تەشكىللىنىپ ، تەشكىلاتنىڭ پىلانى بويىچە رەھبەرلىككە بويسۇنغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك . خەلق ئېغىر غەملەرگە مۇپتىلا بولغاندا ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلماق ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ، پالۋان سۈپەت ئەزىمەتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ، قېنى ھەممىمىز ئويلىشىپ كۆرەيلى .

_ داۋۇت ناھايىتى توغرا ئېيتتى، بىز مۇشۇنداق يىغىلىشنى ھەم بىر تەشكىلات قۇرۇپ ، شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرىكەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدۇق . مانا ئەمدى ئۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ . لېكىن تەكىتلەيدىغان بىر گەپ ، بىزدىن خائىن چىقماسلىقى كېرەك . ئەگەر قاتناشمايمەن دېسەڭلار ، ھازىر چىقىپ كەتسەڭلارمۇ ئۆلگۈرسىلەر ... - دېدى ناسىراخۇن كەسكىن قىلىپ .

_ ناسىراخۇنكا، نېمە دەيدىغانسىز ، بۇ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش تۇرسا، بۇنىڭغا خائىنلىق قىلساق كېيىن خەلق ئالدىدا قانداقمۇ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ؟- دېدى ئەمەت ئېسىلىپ سۆزلەپ .

_ شۇنداق ئەمەسمۇ ... - دېيىشتى باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن ، - بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قاتناشتۇق . ئاللا نامىدىن قەسەم بېرىمىز. ئۇلار قەسەم بېرىشىپ كونكرېت ئىشلارنى بېكىتىپ چىقتى . تەشكىلات نامى << ب ئى پ ئەترىتى >> بولدى . داۋۇت پالۋان تەشكىلات باشلىقى ، ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ، ئاسىم دوختۇر كاتىپ بولدى. بۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى مۇنداق بېكىتتى : ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سەزگۈرلۈكنى ساقلاش ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىشەنچلىك ياشلارنى ئەترەتكە تارتىش، تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ ، گومىنداڭغا بولغان قارشىلىقنى ئاشۇرۇش، زەربە بېرىش شارائىتى تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ۋە خائىنلارغا زەربە بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇش ، ئىش قىلغاندا ئويلىشىپ ئىش قىلىش ، ئۆز ئالدىغا باشباشتاقلىق ۋە قارامىلىق قىلماسلىق ، باشقا ئىنقىلابى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئارشاڭغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئۇلار بىلەن ئامال بار بىرلىشىپ كېتىش ، ئۇلارغا ياردەمدە بولۇش ، ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك توشۇيدىغان ھەر قايسى يوللارنى ئۈزۈپ تاشلاش ، بولۇپمۇ جىڭغا بارىدىغان قارا سۇ كۆۋرۈكىنى ، ستەي ، سەنتەيلەرگە بارىدىغان تاش كۆۋرۈكنى پارتىلىتىش ، ناسىراۇن بىلەن تۇردىئاخۇن باشچىلىقىدىكىلەر ئارشاڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، ئۇلاردىن قورال ۋە ئوق - دورا ئەكىلىش ، قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياشلار شەھەردە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ، بايىخان داۋاملىق ئالاقىچى بولۇپ ، ئىشلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرۇش .

_ مەن ئارشاڭدىكى پارتىزانلارغا قېتىلىپلا كەتسەم بولاتتى ، - دېدى قارا قاۋان .

_ نېمە دەيدىغانسەن ، - دەپ ئاچچىقلاندى داۋۇت پالۋان ، - سەن ئۇ يەرگە كەتسەڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشنى كىم قىلىدۇ ؟ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتمەيلى . تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراۇننىڭ بىزگە ئاقاشلارنىڭ ھەرىكىتىنى ، ئۇلارنىڭ پەم - پاراسەتلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنى يادىمىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن . بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغان يەرلىرىدىن ئۆگىنەيلى . بىز كۈتكەن چاغلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئويۇن ئەمەس، ئىنقىلاب ، گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلايلى . ئىش ناھايىتى مەخپى ئېلىپ بېرىلسۇن ، ھەرىكەت تامامەن كەچتە بولىدۇ. كۈندۈزلىرى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بايىخان ئارشاڭغا غېنى باتۇر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ، ئەھۋالغا قاراپ ، قورال ، ئوق ، دورا ئەكىلىش ئۈچۈن ماڭىمىز . ئەھۋال جىددىي ، ھەممىمىز سەزگۈر بولايلى .

تاشلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەن جۇۋىلارغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار دولقۇن ياساپ ، گۈزەل باھارنى كۈتۈۋېلىش ئىستىكىدە ئىسسىق ھارارەت بىلەن ئاقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغانلىقنى ئويلىغىنىدا ، يۈرەكلىرى ئىپتىخارلىق ھېسلىرىدا تېپچەكلەيتتى. كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

داۋۇت پالۋانمۇ بۆلەكچىلا روھلىنىپ ، زىممىسىدىكى ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك تۇيغۇدا بولدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئەمدى نۆۋەتتىكى ئىشلارغا كۆچۈۋاتاتتى. قورال ، ئوق ، دورىلارنى ھەل قىلىپ ، تەشكىلات ئەزالىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ، ئۆزى باشچى بولۇپ ئىشقا سېلىش ، ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئورتاق ھالدا ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش.... بۇ ئىشلاردا سايىم باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئويلىدى .

_ ئەتە كەچتە ، - دېدى داۋۇت پالۋان ھاياجان بىلەن ، - بايىخان خەۋەر ئېلىپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، بىز ئۇنىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كېپىن ، ئاندىن ھەرىكتىمىزنى باشلايلى . ھازىر تارقالساق بولىدۇ. تارقالغاندا توپ - توپ ماڭماي ، چېچىلىپ مېڭىڭلار .
تۈن قاراڭغۇسى ، ئۇلار ئىككىدىن ، ئۈچتىن ھەر تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىشتى . ئاپئاق قارلار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئاچچىق سوغۇق يۈزلەرگە نەشتەر ئۇرۇپ تۇراتتى. قويۇق ئورمانلىق تۈن قاراڭغۇسىدا بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.
_ بۇ ئىش ناھايىتى ياخشى بولدى . ئەمدى ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئەمەس، بەلكى تەشكىلاتنىڭ پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولدۇق ، - دېدى ناسىراخۇن .
_ ئانىمىز بىزنى ئوغۇل دەپ تۇغقان ، مۇشۇنداق كەسكىن چاغلاردا مەيدىمىزنى كېرىپ << ئەل - خەلق ئەركىنلىكى >> دەپ چىقالمىساق ، قانداقمۇ ھەقىقى ئادەم ھېسابلىنىمىز .
_ توغرا ئېيتتىڭ .
_ بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلماي ، ئۆتكەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ ياشاش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ئوغۇل بالا دېگەن مەرد ، مەردانە ياشىشى كېرەك . سادىر پالۋاننى خەلق نېمشقا ھازىرغىچە ئۇلۇغلايدۇ. ؟ دېمەك ،ئۇ ئۆز ۋىجدانى ، غورۇرى بىلەن ياشاپ ئۆلگەن . دەردىمىزنى ئىچىمىزگە سىلىپ نېمە قىلىمىز ؟ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلسەك بىز ئۈچۈن شەرەپ ئەمەسمۇ؟- ناسىراخۇن سۆزلىگەنسېرى قېنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى.
_ ئادەم دېگەننىڭ ياخشى - يامىنى مۇشۇنداق چاغدا ئايرىلىدۇ. قارا ئاۋۇ ئۇرايىمنى بىز پالۋان ، باتۇر دەپ يۈرۈپتۇق . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئاشكارلاندى.
_ بىز يۈرەكلىك ئەزىمەتلەرنى ماختىساق بايخاننى ماختىساق بولىدۇ. ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ باھارنى چىللايدىغان بۇلبۇل . ئۇ ھەقىقى ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە ئاندىن ئارام تاپىدۇ. مۇشۇنداق سوغۇقتا ئۇ كېچىنى كېچە دېمەي ئارشاڭغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ پائالىيىتىمىزگە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۋاتىدۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاستا كېتىۋېتىپ .
_ راست دەيسەن ، ئۇ بىز پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىنسان !- دېدى ناسىراخۇن جەڭگىۋار ھالدا .
قار لەپىلدەپ ياغماقتا . سوغۇق شامال بارغانچە ئەدىمەكتە . ھاۋا ئەلپازىنى يامان قىلىپ تۈرۈلۈپ تۇرماقتا . ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا بۆلەنگەنىدى .
_ ناسىراخۇن بىز ئەمدى ھەرىكەتنى تېزلىتەيلى . يۈر ، سايىم باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ بەزىبىر ئىشلارنى كېڭىشىپ كېلەيلى .
_ بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە بارساقمىكىن .
_ كۈرەشكە ئاتالغان ئادەمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى ئىشنى كەينىگە سوزماي ۋاقتىدا قىلىش ! يۈر ....
ئۇلار تۈن قوينىدا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى . قورقۇمسىراپ كوچىغا چارلاشقا چىققان بىر نەچچە ئەسكەر شەھەر كوچىسىنى شۇنداق بىر ئارىلاپ قويۇپ ، قارارگاھىغا قايتىشتى . ئۇلار ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقانىدى.

داۋامى بار..... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 12:22:51

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ، بۇ ئەسەرنىڭ جەمئىي 7 بابى مۇۋاپىقيەتلىك تاماملاندى . خۇدايىم بۇيرىسا ئەسەرنىڭ داۋامىنى يەنە داۋاملىق ۋاقتىدا ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن . ۋاقتىدا ئوقۇپ ، مېنى يېقىندىن قوللاپ ، ئىلھاملاندۇرغىنىڭلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت !! ئەسەرنىڭ داۋامىنى ئامال بار تېزرەك يوللايمەن . ھەرگىزمۇ يېرىمىدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 23:24:22

قەيسەرلىكىڭىزگە بارىكاللا ئۇلۇغ ئاللا دېگەنلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇسى،سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغانلىقنى ئويلىغىنىدا ، يۈرەكلىرى ئېپتىخارلىق ھېسلىرىدا تېپچەكلەيتتى. كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

نىمە دېگەن پاساھەتلىك قۇرلار ھە.........................

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 23:56:16


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەسسالام دوستۇم نازاكەت! ئەسەرنىڭ يوللانغان يەرلىرىنىڭ ھەممىنى تولۇق ئوقۇپ تۈگەتتىم.... سىزگە كوپ رەھمەت! ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن سوققان بۇ يۈرەكلىرى ھەركىمنى تەسىرلەندۈرمەي، ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايدۇ! سىزگە يەنە بىر رەھمەت! ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى ئوقۇشقا ئىنتىزارمىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-28 0:17:04

تىزرەك يوللىغايسىز.

---

يوللىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-28 13:56:31

Nazakat0909 نىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشى مېنى چەكسىز خىياللارغا مۇپتىلا قىلدى ؟
Nazakat0909 بۇ سۆزىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى : << ھەرگىزمۇ پېرىمىدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!! >>
سىزگە تەشەككۈر ...............

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 16:39:44

[center][size=5][size=4][color=Blue]سەككىزىنچى باب شۇم خەۋەر ۋە شۇم پىلان[/size] [/center]

[center]1[/center]

ۋەن گوتەي جان ئاچچىقىدا ئۆلەي دەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ ، ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ ئارشاڭ تەرەپكە شۇنچە كۆپ ئەسكەر ماڭدۇردى . ھېچبىر غەلىبىدىن خەۋەر يوق . ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ، ياڭ ھاكىم ، پىرقە باشلىقى لى خەن ۋە ۋۇ شاۋتەنلەرگە ئالىيىپ قاراپ قويدى . ئۇلار ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك قارشىدىن تۈگۈلۈپ كېتىشتى .
_ بىز بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشامدۇق - يوق ، نېمىشقا بىز شۇنچە ئەسكەر ، شۇنچە قورال كۈچى بىلەن ئوغرىلارنى يوقىتالايمىز ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بىز يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز. ۋۇ جۇيجاڭ جانابلىرى !
_ سىلىڭ ، بىز بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز .
_ نېمە كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ، نېمە خىزمەت كۆرسەتتىڭىز ؟ ھېچبىر نەتىجىڭىز يوق ....
_ دوكىلات !
_ ھە نېمە گەپ !
_ جىڭ تەرەپكە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بىلەن شەھەر دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى پارتىلىتىۋېتىپتۇ . ئۆگىزىدە قاراۋۇلدا تۇرغان تۆت ئەسكىرىمىز ئېتىپ تاشلىنىپتۇ . ئارشاڭغا ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى ئۆلۈپتۇ ، سەيىسچىلەر ھارۋىغا بېسىپ ئەكەپتۇ ....
_ ئاغزىڭنى يۇم ! ئاناڭنى .... - ۋەن گوتەينىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. ئەتىگەندە ئاڭلىغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى.
_ ۋۇ جۇيجاڭ بۇ نېمە ئىش دەيمەن ؟- دېدى ۋەن گوتەي يىغلىغۇدەك بولۇپ ، - بۇ يەردىمۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى بار . سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ يوق بىر ئادەملەرنى تۇتۇپ ، سوراق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىڭلار ....
ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەننىڭ ياپما قاپاقلىرى لىكىلداپ ، گۆشلۈك يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇجۇدىنى ئېغىر قورقۇنچ چىرمىۋالدى.
_ ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، ھېلىقى تەشكىللەنگەن ئادەملەرنىڭ نېمە ئەھمىيتى بولدى ؟ داۋۇت دېگەن ياۋايىلار نېمىگە ئەسقاتتى. ؟
_ ئۇلار بولغاچقا ئاشلىقلار ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ خېلى تىنىچلىنىپ قالغان ...- دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن باھانە كۆرسىتىپ . ئۇ ئۆزى تاپقان چارىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.
_ ئەتە كەچتە چوڭ يىغىن بار. بۇ مەخپىي يىغىن ، قالايمىقان ئادەملەرنى قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ . چەنتۇلار تېخىمۇ قاتناشمىسۇن . بىز ئەمدى يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ ، ئەسكەر تەلەپ قىلىمىز. ئاندىن ئارشاڭغا ھوجۇم قوزغاپ ، ئۇ يەردىن ئىلى ئوغرىلىرىنى قوغلاپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

چىقىرىپ ، چاغاننى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بۇيرۇق : بۇ چەنتۇلارغا ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلماڭلار ، قولىدا نېمە بولسا تارتىۋېلىڭلار ، ھەر بىر ئائىلىگە بېرىلگەن نان يېقىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن . كۆۋرۈك تېز ياسىتىلىپ ، سەيىسگە كۆپلەپ ئادەم سېلىنسۇن . ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك توختاپ قالماي ماڭسۇن ، يايلاردىنمۇ يۇلۇپ ئېلىڭلار .

_ ياخشى گەپ بولدى ، - دېدى لەنشىڭ ، - يۈرىكىمدىكى گەپ بولدى . ھېلىقى قوي ئاپىرىدىغانلار قايتىپ كەپتىكەن ، باشلاپ كېلەيمۇ ؟

_ بولدى ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھازىر ۋاقتىم يوق . ياڭ ھاكىم سىزمۇ پاكىقىيىپلا ئولتۇرماي ، داۋۇت دېگەن نېمىلەرنى ئوبدان ئىشقا سېلىڭ . باشقا ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ . باشقىلارمۇ شۇنداق ! قالغان گەپلەرنى ئەتە كەچتە دېيىشۋالايلى . باشقا گەپ بارمۇ ؟

_ يوق ، ئەتە كەچتە ۋاقتىدا كېلىڭلار ، ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ. لەنشىڭ سەن تۇرۇپ تۇر . گەپ بار .

لەنشىڭ خۇشلىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 17:11:41

[size=4][color=Blue][size=4[center]]2[/center]

سوغۇق شامال ھوشقۇيتۇپ چىقۋاتاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى ماجالى قالمىغان تېنىنى ئاران مىدىرلىتىپ ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تېپىرلايتتى. ئاياللار تونۇر بېشىدىن بېرى بولالمايتتى. ئەرلەر بولسا سەيىسگە تۇتۇلۇپ ، ئوتۇن ، يەم - خەشەك ، ئوزۇق - تۈلۈك توشۇشقا ماڭغانىدى. ئۇلار قايتاشىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكىنى بېسىپ كېلەتتى. بەزىلىرى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئۇن - تىنسىز يوقاپ كېتەتتى. ھارۋىكەشلەر ھەر قېتىم كەلگەندە ، بۇ يۇرتنى مۇسىبەت يىغىسى قاپلايتتى.

جۇۋىغا ئورانغان ، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كيگەن ، يوغان ، مەڭزىلىرى قىزىل ئەيسا سۇنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ئېلى بوجاڭ ئات بىلەن ھەر يان چېپىپ ، قامچا ئوينىتىپ خەلققە ھەيۋە قىلىپ يۈرەتتى. ئەيسا سۇنجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

_ قىل دېگەننى قىلماي ، ھارام تاياق يەيدىغان بېشى قاپاق ھارامزادىلەر ، ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنلاپ ، ئىشنى تۈگەتسەڭلار بولدى ئەمەسمۇ ؟- دەپ ۋارقىرىدى بازار سىرتىغىراق جايلاشقان چىمەنگۈلنىڭ ئىشك ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ .

_ قارا ماۋۇ يالاڭتۆشنىڭ يوغناپ كەتكىننى ، - دېدى چىمەنگۈل ئۇنى لەقىمى بىلەن ئاتاپ ، - تېخى ئاۋۇ ئېلى پايتىمچۇ ؟ بۇلار ئەجەپ تېز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ؟ بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەسقۇ ؟ توۋا خۇدايىم ...

_ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار ، - دېدى قارا قۇمچاق كەلگەن دوستى ھەجەرخان ، - بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ تەخسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەچكە يوغناپ كېتىپ بارىدۇ. كۆتۈرمىسە بىزگە ئوخشاش يۈرەتتى شۇ ...

_ ھەي ۋىجدانسىز ، نومۇسنى بىلمەيدىغان راۋەلار ! - دەپ ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىردى چىمەنگۈل ، - ھېلىقى ئايىسخان جۇيجاڭ ، زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ دېگەن نومۇسسىز مۇناپىقلار ئۆز ئادەملىرىنى تۇتۇپ بېرىپ جان باقىدىكەن . بۇلار مۆرتى كەلسە ئاتا - ئانىلىرىنى ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. چوكانلارنى تۇتۇپ ب ئېرىپ ، مال - مۈلۈكنى قوغدايدىكەن . قىزلىرى بار ئادەملەر - ھە ، توۋا بۇ ۋىجدانسىز پاسكىنا ئادەملەرنىڭ دۇنياسى بولىدىمۇ - نېمە ؟

_ قۇربان ئۇنداق ئەمەستۇ ؟

_ توۋا دەڭە خېنىم ، ئۇ دېگەن ھازىر ... _ تىلى ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى چىمەنگۈل ، - شۇنداق ۋىجدانلىق ....

_ ئۇ نېمەڭنى ماختاپلا كەتتىڭغۇ ؟ بىلمىز ئۇنى ... _ دېدى ھەجەرخان ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ ، - كۆلكىسىدىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق ئەزىزلىگۈدەك ...

_ سىلىنىڭ بارمۇ خېنىم كۆلۈپ بېرىدىغان نېمەڭلار ؟- دېدى چىمەنگۈل تېرىكىپ .

_ چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، خاپا بولماڭلار ، خاپا بولساڭلار تارتىۋالىمەن جۇمۇ ؟ شۇنداق قىلسام ئىچىڭلارغا ئوت كېتىدۇ.. بۇگۈن كۆرشەمسىلەر ؟

_ ياق ، ئۇ ئالدىراش ، - دېدى چىمەنگۈل ئويچان ھالدا ، - ئۇنداق ۋىجدانلىق ، باتۇر يىگىتنى تاپماق قىيىن ، جىڭدا شۇنچىلىك جاپا چېكىپ كەلدى. يەنە تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرمەمدۇ ، ئۇ ھەممە دەردىنى چاقچاق بىلەنلا خالاس قىلىدۇ. ئۇ يېنىمدا بولسا مەڭگۈ زېرىكمەس ئىدىم ...

_ سەۋدايى بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە ؟ قۇربانىنىڭ دوستىدىن بىرەرنى ماڭا تونۇشتۇرساڭ بوپتىكەن ؟

_ ئۇ سەۋدايى بولۇشقا ئەرزىيدىغان يىگىت ، - دېدى چىمەنگۈل ئاسمانغا قارىغىنىچە ، - ساڭا ئاشۇنداق بىرسى بولسا بولاتتى، قېنى مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي ، يۇر بۇ سوغۇقتا نېمانداق تۇرۇپ كەتتۇق ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى...

_ قۇربانىنىڭ ئىسمى چىقسا توڭلىمايسەن -دە .

_ توڭلامدىغان ... ئۆيدە يا ئۇنىڭ گېپىنى قىلغىلى بولمىغان ... يۇر ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ....

_ بولدى مەن قايتاي ، ئاپام ئەنسىرەپ قالمىسۇن ، تېخى ھېلىقىلارنىڭ نېنىنى ياقمىسا بولمىغان ، خوش ئەمىسە .

_ خوش بىكار بولساڭ كىرەرسەن ؟ باھارگۈلنى باشلىۋال .

_ ماقۇل ، سەنمۇ چىقىپ ئولتۇرۇپ كىر ، توي قىلغاندا قۇربان بىلەن بىللە چىقاي دەمسەن - يا . بالا - چاقىلارنى يېتىلەپ ...

_ ماڭ ، ئەسكى ...


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

چمەنگۈلنى خىيال بېسىپ قالدى. << توغرا ، قۇربان بىلەن توي قىلسام بىر ئائىلە قۇرساق ، بالا - چاقىلىرىمىز بولسا ، بۇلارمۇ ( بۇلارمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دېمەكچى ) يوقۇلۇپ جاھان تىنجىسا ، ئازادە يوللاردا ئەركىن ئايلىنىپ يۈرسەك ، دوستلارنىڭ ئۆيىگە بارساق . ئاھ بىز قاچانمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشەرمىز ؟ ھەر راست ، بىز توي كۈنىمىزنى شۇ ئازاد بولغان كۈنگە توغرىلايلى ، بۇنى قۇربانغا ئېيتاي ...>>

داۋامى بار .... [size][/color][/size/]

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 22:19:24

[size=3][color=Blue]دىققەت قىلىدىغان بولساق ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشتە ئالاھىدىلىگى كۆرۈنەرلىك ئىكەن . تىلى ئاددىي ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك ، تەسىرلىك ھەم جانلىق چىققان . مەسىلەن :

[color=Red]قاراڭغۇ كېچە ، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ سوزۇپ قاۋىغان ئەنسىز ئۈنى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ ، بۇ كېچىمە ئاجايىپ سىر بېغىشلاپ تۇراتتى، دەريا بوغۇق ئاۋازدا شارقىراپ ئېقىپ ، باھار چىللايدىغان ئۈزۈلمەس كۈيىنى ياڭرىتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يالىڭلاچلانغان ئورمانلار ئېغىر مۈڭلارغا ئەسىر بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. [color/]

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى ، ئاپتور قەھرىتان قىشنى سۈرەتلەپ بېرىشدە جانلىق بولغان ، ئوقۇغان كىشىدە خۇددى ئۆزىنى سوغۇقتا تۇرغاندەك ، ئاچچىق سوغۇقنىڭ نەشتىرى ئوقۇغان كىشىگىمۇ سانجىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن . بۇمۇ ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك ....ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشتە قىلچە ياسالمىلىقى يوقكەن . شۇڭا تەبىئىي ، ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدىكەن .
نازاكەتكە رەھمەت ! [size][/color/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 23:33:50

ئاشۇنداق مۇناپىقلارنى چانىۋەتسە ھە....
ھەي.............

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-1 16:56:38

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
سەيسگە تۇتۇلغانلارنى ئېلىپ ماڭغان ما تۆەنجاڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدى . << ئىلى ئوغرىلىرى دېگەنلەر ئەجەپ يامان نېمىلەركەن ، بۇلارنىڭ غەلبە قىلىشىدىن ئۈمىد بار ، ئۇنداقتا كېيىن مېنىڭ تەقدىرىم .... >>
ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلار توڭلىغىنىدىن قوللىرىنى ئانچە - مۇنچە پەلەيدىن چىقىرىپ ئۇگىلاپ قوياتتى. ئۇلار ئازابلىق خىياللارغا بەنت بولۇپ ، ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىشەتتى. ئۇلار قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە چىقىش يولى تېپىشنى بىلمەيتتى. يول بويى توڭلاپ ياتقان پۇقرالارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈشكەندە ، يۈرەكلىرى جىغىلداپ كېتەتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرى بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى.
ئېغىر خىياللارغا غەرق بولۇپ ، ھارۋىنىڭ بىر خىل سىلكىنىشىدە كېتىپ بارغان سىدىق كۆككۆز << بۇ نېمە كۈنلەردۇ - ھە >> دەپ ئويلىغىنىدا ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، مېڭىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. << داۋۇتلارنى ئەجەپ خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن - ھە ، ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەم بولاتتى. ئۇ كۈنلەرمۇ ئاز قالدى.... >>
بۇلارنى قورشاپ ئەتراپىدا ماڭغان ئەسكەرلەر مىلتىق ئىستوۋۇللىرىنى بۇلارغا ئانچە - مۇنچە سانجىپ ھەيۋە قىلىپ قوياتتى. << ئاناڭنى ، ئاز كۈنىڭ قالدىغۇ ئەدىپىڭنى يەيدىغانغا ، خەپ >> دەيتتى سىدىق كۆككۆز ئېغىر تىنىپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .
ئۇلار كېتىۋاتقان تاش يولنىڭ ئەتراپىدىكى ئائىلىكلەرنىڭ يىرىدىن بىر بۆۋاقنىڭ ئەنسىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.
_ ما تۆەنجاڭ مان ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ باقاي ، بالا يامان يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ، - دېدى سىدىق كۆككۆز قورقۇمسىراپ تۇرۇپ .
_ بولىدۇ، كىرىپ باق .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سىدىق كۆككۆز قار ئۈستىدە غاچىلداپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆيدىكىلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى.
ئۆي سوغۇق بولۇپ ، بۆشۈكتە بىر بوۋاق ئاچچىق يىغلاۋاتاتتى. سىدىق كۆككۆز ئۇنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە ، چاققان بېرىپ بۆشۈكنى تەۋرەتتى.
_ يىغلىما - ھە ، ئاپاڭ ھازىر كېلىدۇ.... - ئۇ شۇنداق دەپ بۆشۈكنى تېز - تېز تەۋرەتتى. بوۋاق بىر ئاز پەسلەپ قالدى. سىدىق كۆككۆز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇ يەر - بۇيەرلەرنى ئاختۇرۇپ ، ئاران بىر پارچە قاتتىق نان تاپتى. ئۇ ناننى چايناپ بالىغا يىگۈزەي دەپ تۇراتتى. ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى.
_ سىدىق بۇياققا چىق ، ماڭمىز !
_ مانا ھازىر ... مانا ....
سىدىق كۆككۆز چاينىغان ناننى بالىغا يېگۈزدى ، ئاندىن ، كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىپ كەتتى. << ئاھ ، خۇدا بۇ نېمە كۈنلەر بولۇپ كەتتى. خەپ ، ئاناڭنى بىر كۈنى ئۆچۈمنى ئالمايدىغان بولسام ... >> ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ھارۋىسىغا يېتىۋالدى .
ئۇلار بۇرۇلۇش ئېغىزىغا كەلگەندە ، ما تۈەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى ھارۋىلىرىنى توختىتىشىپ ، قويۇنلىرىدىن قاتتىق زاغرا نانلارنى ئېلىشتى - دە ، غاجىلاشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر بولسا گىردە يەۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر ئەسكەر سىدىققا دېۋەيلەپ كېلىپ ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجايدى .
_ ھەي ، چەنتۇ ، ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجاۋاتامسەن ؟
_ سۆڭەك غاجىسام ئاناڭنى بېرەمتىڭ ؟- سىدىق كۆككۆزنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى.
_ ھۇ ئاناڭنى چەنتۇ !- ھېلىقى ئەسكەر مىلتىق پاينىكى بىلەن سىدىق كۆككۆزنى بىرنى سالدى.
_ ماۋۇ ماڭقىنى قارا ، - سىدىق كۆككۆز چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ ، بىر كاللا قويۇپ دومىلىتىۋەتتى. ئەسكەرنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەلدى.
ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى بەتلەپ ، ئۆزلىرىگە دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ھارۋىكەشلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇلار ھېلىلا مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزىدىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئەسكەر بۇرنىدىكى قانلارنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى.
_ نېمە ئىش بولدى !- دېدى ئەتراپنى كۆزىتىپ كەلگەن ما تۈەنجاڭ .
ھېلىقى ئەسكەر بولغان ئىشلارنى خاتا دوكلات قىلدى.
_ ئۇنداق ئەمەس . ما تۈەنجاڭ ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، - دېدى خەنزۇچىنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغان سىدىق كۆككۆز ، - مەن نان يەۋاتسام : << ھەي چەنتۇ ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجىلاۋاتامسەن ؟ >> دەيدۇ ...
ما تۈەنجاڭ ھېلىقى ئەسكەردىن سورىۋىدى ، ئەسكەر دۇدۇقلاپ قالدى. ما تۈەنجاڭ ئۇنى << چاڭ - چۇڭ >> ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتتى.
ھارۋىكەشلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، داڭ قېتىپ قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ قورققىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
_ ھارۋىنى ھەيدەڭلار ، يولغا چىقىمىز !
ھارۋىكەشلەر دەرھال جابدۇنۇپ ، يولغا چىقىشتى . ئەسكەرلەرمۇ ئۆز جايىغا بېرىشىپ مېڭىشتى . ئۇلار ما تۈەنجاڭدىن نارازى بولغاندەك قىلىشاتتى.

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-1 22:22:44

ھەي تازا قىززىق يېرىگە كەلدى ئەمدى،
ھىلىقى بىچچارە بوۋاق نىمە بوپ كەتكەندۇ ھە.

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-2 17:17:32

[size=4][color=Blue]يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ چوققىلىرى ، ئەتراپتىكى قېلىن ئورمانلىقلار بۇ تىمتاس تەبىئەت قوينىغا سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى. ئاپئاق قارا ئۈچقۇندايتتى. قارا سوغۇق يۈزلەرگە نەشتەر ئۇراتتى.
سىدىق كۆككۆزنى تىللىغان ھېلىقى ئەسكەر يولدا يەنە بىر ھارۋىكەشنى ئۇرۇپ جېدەل تېرىدى. ما تۈەنجاڭ بۇ قېتىم ئۇنى ئاياپ قويمىدى. تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئۇنى جايىدىلا ئېتىپ تاشلىدى.
ئۇلار ئوتتۇرا شتابقا يېتىپ كەلگىنىدە ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلار تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىشتى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ سلەر بۇ نەرسلەرنى چۇشۇرگەچ تۇرۇڭلار ، مەن ئەتراپنى چارلاپ كۆزىتىپ كېلەي ... سىدىق يۇرە ، سەن بۇ يەرنى ئوبدان بىلىسەن ... - دېدى ما تۆەنجاڭ .
ئۇلار ئىككى پوستتىن ئۆتكەندە ، پوستلار ئۇخلاپ قالغاچقا بۇلارنى تۇيمىدى. ئۇچىنچى پوستقا بارغاندا ما تۆەنجاڭ ئۇخلاپ ياتقان پوستىنىڭ پىلموتىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىپ ، يەنە ماڭدى . << بۇ ئەمدى نەگە باردىغاندۇ ، نېمانداق ئالاقزادە بولدىغاندۇ ، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن .... >> دەپ ئويلىدى سىدىق كۆككۆز .
ئۇلار ماڭغىنىچە قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەندە توختىدى.
_ سىدىق ، - دېدى ما تۆەنجاڭ ئوڭايسىزلانغان هالدا ، - سەن پارتىزانلار بار يەرنى بىلەمسەن ؟
_ مەن ... مەن ...
_ ماڭا ئىشەن ، ئىككىمىزنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش ، بايا كۆرگەنسەن ، سېنى تىللىغان ئادەمنى ئېتىپ تاشلىدىم . يەنە ئىشەنمەيۋاتامسەن ... مەن بۇلارغا ئۆچ ، ئۇزۇندىن بۇيان پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم ... ماڭا ئىشەن ، گومىنداڭ سلەرنى ھەقىقەتەن بوزەك قىلدى. خورلىدى، كەمسىتتى. ئەمدى ئۇلار جاجىسىنى يەيدىغان پەيت كەلدى.
<< ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ مېنى تۇتتۇۋالسچۇ ؟ ياكى ئۇ بىزگە قوشۇلۇپ بىللە ئىنقىلاپ قىلماقچىمۇ ؟ نېمە كۆرسەم ئۇنى باشلاپ بارمايمۇ ؟... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى.
_ ماڭا ئىشەن . مەن ساڭا خائىنلىق قىلمايمەن . بىز بىرلىكتە مىللى ئارمىيىگە قېتىلىپ كېتەيلى ... - دېدى ما تۆەنجاڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ .

_ بولىدۇ ، يۈر مەن باشلاپ باراي ...
ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدىن مېڭىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى. سوغۇق تېخىمۇ ئەدىمەكتە ئىدى . يالىڭاچلانغان دەرەخلەر غېرىبسىنىپ تۇرۇشاتتى.
ئۇلار قېلىن قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ، تاغ تەرەپكە بۇرۇلدى.
ئۇلار شۇ جىددىيلىكتە توڭغىلىغىنىنمۇ سەزمەيتتى. ئۇلار قېلىن توقايلىقنى ئارىلاپ مېڭىۋاتقىنىدا :
_ توختا ! - دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
_ مەن سىدىق .
_ كىم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر ، دۈم يات !
ئۇلار دۈم يېتىشقا مەجبۇر بولدى. قارنىڭ سوغۇق تەپتى بەدەنلىرىگە ئاستا - ئاستا يامرىدى.
_ ھەي .... بىزنى دۈم ياتقۇزۇپ قويۇپ ، سوغۇقتىن ئۆلسۇن دەمسەن.
_ ئاۋۇ يېنىڭدىكى كىم ؟ فورما كىيۋاپتىغۇ ؟ قورالنى تاشلىسۇن !
_ ئەجەپ ئىشلىك تۇگمىدى .
ما تۆەنجاڭ پىلموت بىلەن تاپانچىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ھېلقى كىشى قورالنى يىغىشتۇرۇپ ، بۇلار تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى .
_ ھوي قاسىم جودا ، سەن ئادەمنى يەرگە چاپلاپ قويۇپ ئۆلسۇن دېدىڭما ؟ كالۋا .
_ سەندەك قولىدىن ئىش كەلمەس نېمىنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ ، بۇ ما تۆەنجاڭغۇ ؟ بۇ نېمە ئىش ؟
_ ھەئە ، مەن ما تۆەنجاڭ ، سلەرگە قوشۇلاي دەپ كەلدىم .
_ نېمە ؟- قاسىم جودا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى،- يۇرۇڭلار داۋۇتكامىنىڭ يېنىغا بارايلى ،- قاسىم جودا ما تۆەنجاڭغا گۇمان بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ماڭدى.
_ ۋاي ، ۋۇي ، نېمىدېگەن كۆپ ئادەملەر بۇ ؟ موللاق ساقالكامۇ يۇرەمدۇ نېمە ؟- دېدى سىدىق كۆككۆز ھەممىيلەنگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ .
_ قانداقراق ئۇكاموي ، - دېدى موللاق ساقال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ، - زۇلۇمنىڭ دەردىنى بەكمۇ تارتىپ كېتىپتىكەنمىز ئۇكا ، ئۆلسەممۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەي دېدىمغۇ ؟ ئاكاڭنىڭ چامباش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭغۇ ؟ كېچىسى بۇ يەرگە كېلىپ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىشىمەن . كۈندۈزلىرى باللارغا گۇمپا ئۆگىتىمەن . ئەل - خەلق دەپ سوقۇۋاتقان بۇ يۇرەك بىزنى جىم ياتقۇزمايدۇ .
_ بارىكاللا ئاكا ، باتۇر ئىكەنلا .
ما تۆەنجاڭ داۋۇت پالۋان بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ ئۆزىنىڭ بۇلارغا قېتىلىش سەۋەبىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىدە ، داۋۇت پالۋان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئۇلار ئىككىسى خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتى.

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2-2-2007 22:31:48

بەك ياخشى بولدى مانا ئەمدى قىزىزىقى چىقىدىغان بولدى.

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 3-2-2007 1:12:38

مۇشۇ ما ئىسملىك ئادەمدىن چاتاق چىقماس ھە؟؟؟ ئەسەرنىڭ داۋامىغا ھەجەپ قىزىقىپ كەتتىم... قانداق شۇم پىلاندۇ ئۇ ھە؟ دىمەك مېنىڭچە بۇ شۇم پىلاننىڭ ما دىگەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك، قارىماققا ئاۋۇ لەنشىڭ دىگەن ئىت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورەيلى! مۇشۇ ئەسەرنى ئوقۇيمەن دەپ بۇگۇن ئالاھىدە كىرىۋىدىم تورغا... تىزرەك يوللاپ تۇرغايسىز دوستۇم!

يەنە بىر گەپ، ما دىگەننىڭ ھەقىقى ئىنقىلابچى بولۇش ئارزۇسى بولسا نىمە ئۈچۈن شۇ يەردىكى بارلىق ھارۋىكەشلەرنى قۇتقۇزۇپ قوراللاندۇرۇپ شۇ يەردىكى ئاقما لالىملارنى تازىلاپلا ئىشنى باشلىمىدى؟ ھەي........ يەنىلا ئاخىرىنى كورۇپ بىر نىمە دەيلى زادى!

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 3-2-2007 21:42:54

شۇنداق مەنمۇ شۇنىڭدىن گۇمانلاندىم

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 6-2-2007 12:42:31

[color=Blue][size=4]_بۇ ئىشىك ياخشى بوپتۇ . بىز ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى بارغانچە قۇيۇقلاشتۇرۇۋاتىمىز. ھازىرچە بىز مۇشۇ چاغانئارالنى بازا قىلىپ ، كەچلەردە ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئارشاڭغا بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 50--60 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، چېكىنىپ بۇ يەرگە تاراپ كەتسەكمۇ ئۇلار نەگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەي قېلىشىدۇ. كېچىسى بۇ يەردە پالتا ، توقماق ، ئارا كۆتۈرگەن ئادەملەر مانا مۇشۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇ. كۈندۈزى ھېچ ئىش يوق ....
_ بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ناھايىتى ياخشىكەن ، ئەمما سىلەردە قورال يوق ، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ . ئاۋۋال قوراللىنىش زۆرۈر ....
_ قورالنى بىرسى ئەكىلىپ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بىز ئۇنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالىمىز. ھازىر ئارشاڭدىكىلەردىمۇ قورال يېتەرلىك ئەمەسكەن ، شۇڭا بىز سەن دېگەن يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك !
_ ئۇنداق قىلغان بىلەن بولمايدۇ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان ، بىز تاياق - توقماق بىلەن نېمە ئىش قىلالايمىز.
_ ئۆز ئادەملىرىڭنى ئاسراۋاتامسەن نېمە ؟
_ ياق ، ياق ....
_ ئۇنداق بولسا ، كېچىكتۈرمەي ھۇجۇم باشلايلى .
ما تۇەنجاڭ ئارسالدىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ بۇلار بىلەن تەڭ نېمە كۆرسەم كۆرەي ، بۇلارغا ئىشەنچىسىز بولۇپ قالماي دېگەن خىيالغا كېلىپ ، داۋۇت پالۋانغا قاراپ ئېغىز ئاچتى .
_ مەيلى دېگىنىڭچە بولسۇن ، ئەسلى بۇنداق قاراملىق قىلمىساق بولاتتى.
_ قاراملىق قىلمايمىز دەپ ، بۇ يەردە جىم ياتىمىزمۇ ؟ بىز نېمە ئىش قىلدىغان ئادەم . ئۇرۇش دېگەندە غەلبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ .
_ ئاۋۋال ئازىراق ئارام ئېلىۋالايلى ، - ئۇ شۇ ئارقىلىق داۋۇت پالۋاننى خىيالىدىن يېنىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاۋاتاتتى.
_ ما تۇەنجاڭ ، سەن بىزنى قانداق بىلىپ قالدىڭ ؟- دەپ سورىدى ناسىراخۇن تېخىچە گۇماندا قاراپ .
_ قۇلاق ئۇزۇنغۇ ، - دېدى ما تۇەنجاڭ ، - مەن خېلىدىن بېرى داۋۇتلارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتىم . كېيىن شەھەردە، ئەسكەرلەرنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ، ئۆلۈشى ، كۆۋرۈكلەرنىڭ پارتىلىتىلىشى ، مەندە گۇمان پەيدا قىلدى. سىدىقمۇ مۇشۇ كۈنلەردە جىم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان . مەن بۇنى چوقۇم سىدىق بىلىدۇ ، دەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدىم . ئەگەر سىدىق بىلمەيمەن ، دەپ تۇرۇۋالغان بولسا مەندىمۇ ئامال يوق ئىدى. تەلىيىمگە ئۇ باشلاپ باراي دەپ قالدى ، - ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلەيتتى.
يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان تەپتى ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىنى قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ھۇجۇم قىلىشقا بەكمۇ ئالدىراۋاتاتتى. قانلىرى قىزىپ ، ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى.
_ ئىمنباينىڭ تۆگمىندە تۇنەپ قالغان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا تەييارلىنىڭلار !- دېدى ئۇ ئورنىدىن ئەنسىز ھالدا تۇرۇپ .
ھەممىسى چۆچۈپ ، داۋۇت پالۋانغا قاراشتى . ئاندىن ئاتلىرى بارلار ئاتلىرى يېنىغا يۈگۈرۈشتى . پىيادىلەر قوللىرىدىكى تاياق - توقماق ، ئارا - كەتمەنلەرنى مەھكەم تۇتۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى . ما تۇەنجاڭ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا داۋۇت پالۋانغا ئاستا قارىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ ، ۋۇجۇدىنى قەھرى- غەزەپ ئەسىر قىلغانىدى .
_ قېرىنداشلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۈنلۈك ئاۋازدا ، - ئۇرۇش دېگەندە قان تۆكۈلۈش ، قۇربان بېرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بىز قۇربان بەرمەستىن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئۆلسەكمۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈپ ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا يورۇق يۈزىمىزدە كېتەيلى ! بىز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەركەك بولغاندىن كېيىن ھەققىي ئەركەكتەك ياشىشىمىز ، خەلق ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز لازىم . ئاللا بىزگە مەدەت قىلسۇن ، ئاتىلىنايلى !

_ ئەل - خەلق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا !

ما تۆەنجاڭ پارتىزانلارنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىگە قاراپ ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى .

تۈن قوينىدا پارتىزانلار قەيسىرانە روھ بىلەن دۈشمەن قارارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى. داۋۇت پالۋان سەپ ئالدىدا ئېتىنى ئوينىتىپ ماڭماقتائىدى . ئۇنىڭ روھىدا بىرلا ئەل - خەلق ئەركىنلىكى دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرگەچكە ، كۆزىگە شۇ تاپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. قولىدىكى قارا ملتىقنى پات - پات چىڭ سىقىمداپ قوياتتى. ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ ۋۇجۇدى غەزەپ ، خورلۇق ئازابلاشقان تۇيغۇلاردىن سىقىلاتتى.

ئۇ شۇنداق يۈرۈش بىلەن مەنزىلگە يېتىپ بارغىنىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ما تۆەنجاڭنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى ، يەنە پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ قورالى يوقالغانلىقىنى بايقاپ ، ساراسىمىدە ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.

ۋاقىت تاڭغا ئۇلىشىدىغانغا ئاز قېلىۋاتاتتى.

_ داۋۇت ، ھۇجۇم قىلساق خەتەرلىك ، - دېدى ما تۆەنجاڭ ئەھۋالنى كۆزىتىپ .

_ يۈرەكلىكرەك بولساڭچۇ ، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقامدۇ ؟ مۇشۇ ھالىڭدا قانداقمۇ تۆەنجاڭ بولغانسەن ؟

_ مېنىڭ قورقۇۋاتقىنىم يوق ، ياخشى كۆڭۈل بىلەن داۋتىمەن .

_ ناسىراخۇن ، ھاپىز قارى ، سىلەر كەينى تەرەپتىن تېگىش قىلىڭلار، مەن ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاي ، قاراپ تۇرماي ئاتلىنىڭلار !- داۋۇت ما تۆەنجاڭنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماستىن بۇيرۇق بەردى.

_ ماقۇل !

ئۇلار ئالدى - ئارقا تەرەپلەردىن ھۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇم قىلدى . دۈشمەنلەر دەسلەپتە سەل ھودۇقۇپ ، قالايمىقان ئوق چىقاردى. كېيىن ئۆزلىرىنى تۇزۇۋېلىپ ، ئۇلارغا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق بىلدۈردى. پارتىزانلارنى غەلبە قىلىشقا چاقىرۋاتقان بىر نەچچە قارا ملتىق ۋە ما تۆەنجاڭ ئەكەلگەن پىلىموت ، تاپانچىدا ئوق تۈگەپ ، ئۈچ ئادەم قۇربان بولۇش نەتىجىسىدە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . غالجىرلاشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلارنى چاغانئارالغىچە قوغلاپ بېرىپ ، كېيىن ئۇلارنىڭ قارسىنىمۇ كۆرەلمەي، تۇرالغۇسىغا قايتتى.

ما تۆەنجاڭ بۇلارنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، داۋۇت پالۋاننى ئالاھىدە ماختاپ كەتتى.

_ سىلەر ئۇلارنىڭ ئوندەك ئادىمىنى يوقاتتىڭلار، قورقماستىن قاپ يۈرەكلىك بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىردىڭلار ، تووۋا ، ئاجايىپ قورقماس ، باتۇر ئىكەنسىلەر .

_ قورقۇنچاقلىق پەس، يارىماس ئادەملەرنىڭ ئىشى، بىزنى باتۇر قىلىۋاتقان بۇلارنىڭ زۇلمى ، ما تۆەنجاڭ ھازىرچە بىز جەڭنى مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت قىلىپلا تۇرىمىز . بۇ بىزنىڭ كېيىنكى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەشقىمىز. مۇنداق ئۇرۇشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ.

_ شەھەردىكى قوغداش ئىشلارچۇ ؟

_ ئۇ يەرگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملىرىمىز بار . مەسىلە چىقسا خەۋەر قىلىدىغان ئالاقىچىمىزمۇ بار.

_ سىلەر ئىشقا بەكمۇ پۇختىكەنسىلەر ، ئەپسۇسكى ، قارامىلىقىڭلارمۇ باركەن .

_ قارام ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قارام ئادەملەر يۈرەكلىك بولىدۇ. يۈرەكلىك ئادەم ئىنقىلاب ئوتلىرىغا مەردانە ھالدا ئۆزىنى ئاتالايدۇ. مەن قارام ، باتۇر ئادەملەرنى كۆرىمەن .

ماتۆەنجاڭ ئۈن چىقارمىدى. ئۇ داۋۇت پالۋاننى باشقىلار نېمە دېسە ئاڭلايدىغان ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاسان قايىل بولىدىغان ئادەم دەپ چۈشەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات چۈشەنچىلىرىگە ئىگە ، مۇستەقىل پىكىرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئويلىرىدىن ياندى. داۋۇت پالۋاننىڭ قورقماس ، باتۇرلىقى ئۇنى ئېغىر ئويلارغا سالدى.

داۋامى بار .... [size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 6-2-2007 12:44:33 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 6-2-2007 23:11:22

ھەي مۇشۇ ما تۆەنجاڭ دىگەندىن بىر چاتاق چىقمىسا بولاتتى

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 10-2-2007 3:49:45


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

شۇنى دەيمەن.... مېنمۇ بەكلا ئەنسىرتىپ قويۇۋاتىدىيا......

خەپ داۋامى .................. داۋامى قاچان چىقار؟؟؟؟؟؟؟ ئىگەكلىرىم چۈشۈپ قالارمۇ؟ دوستۇم نازاكەت سىزگە قاراپ قالدۇق...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 14-2-2007 14:57:43

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى جىددىي ئېچىلىۋاتاتتى. ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. ياڭ ھاكىم تاماكىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي چەككىنىچە ، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيىنىڭ سۆزلىرىنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.
_ بىزنىڭ ئاۋۋال ئارشاڭغا ماڭدۇرغان ئادەملىرىمىز يوللاردىمۇ ، ئارشاڭدىمۇ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى . بۇ قېتىم ما تۇەنجاڭنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن يىگىرمە هارۋا ئوزۇق - تۈلۈك بېسىپ ، ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردۇق . بىز ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، چاغاننى ئارشاڭدا ئۆتكۈزىمىز . ھازىر بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىز تۆۋەن ، زەربە بېرىش ئاكتىپلىقىمىز ئاجىز . شۇڭا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ، بۇلارغا قىلچە رەھىم شەپقەت قىلماي زەربە بېرىشىمىز ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرتىشىمىز كېرەك . ھازىر شەھەر ئىچىدە ، يول - يوللاردا پارتىزانلار بىزگە يوشۇرۇن تەھدىت سالماقتا . بىز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تۇتالمايمىز - ھە ! ھەممىمىز قاپاقۋاش ، دۆت- كالۋالار ... قېنى قايسىمىز بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتتۇق . قېنى دەپ باقايلى . ھەممە ئىش ھازىر ماڭىلا قالدى. قالغىنىڭلار تېخىچە ئۇخلاۋاتىسلەر ، ئوغرىلار بېشىڭلارغا ملتىق تەڭلىگەندە ئاندىن ئويغىنىسلەر ، بىز ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن بىرمۇ ئوغرىنى تۇتالمايمىز . ئەمدى يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز .... - ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى. گاھىدا ئاغزىنى بۇزۇپمۇ قوياتتى.
ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ۋەھشىي ئەلپازىدىن قورقۇپ ، ئېغىر تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ئۆچلىكى كېلەتتى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى غاپپار بەگ ئىشىك يېنىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. قورۇ ئىچى جىمجىت بولۇپ قاراۋۇللار قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەللەردەك تۇراتتى.
_ ئارشاڭدا كۆپ ئەسكەرلىرىمىز نابۇت بولدى. كۆۋرۈكلەرنى ياساپ| قويساق يەنە پارتىلىتىۋېتىشتى . بىز ئەمدى قانغا قان ئېلىشىمىز كېرەكمۇ - يوق ، ئەلۋەتتە ئېلىش لازىم . بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتە ئوغرىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن ، بۇلارنىڭ گېپى بىر ، بۇلارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويۇش ۋاقتى كەلدى. بىز بۇنى مۇنداق ئېلىپ بارىمىز. بۇ يۇرتتا ئىناۋىتى بارلارنى ، ھېلىقى كەچلىك قوغدىغۇچىلارنى مەسچىت يېنىدىكى كۆلۈبقا يىغىن بار دەپ يىغىپ ، ھەممىسىنى بىر يوللا پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلايمىز. شۇ چاغدا بۇ خەلق بىزگە گەپ - سۆزسىز ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ. يۈرىكى مۇجۇلۇپ باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز.
_ بۇ ناھايىتى ياخشى چارىكەن . بىز مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىساق بولمايدۇ.... _ دېدى ۋۇ شاۋتەن گەپ قىستۇرۇپ .
_ ياخشى ئۇسۇلكەن ، يۈرىكىمدىكى گەپ بولدى. ۋەن سىلىڭ بەكمۇ دانا كىشى ئىكەنلا .... - دەپ خۇشال بولدى . لەنشىڭ .
_ ياق ، ئۇنداق قىلساق توغرا بولمايدۇ. بىگۇناھ خەلقنى نېمە ئۈچۈن قىرىپ تاشلايمىز ، بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزگە چوڭ ئىش تېپىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بىز ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىشقا دىققەت مەركىزىمىزنى قارىتىشىمىز لازىم ، - دېدى ياڭ ھاكىم تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ .
_ ياڭ جانابلىرى ، نېمە دەۋاتىسىز ؟ بۇ خەلقتىن بىزگە نېمە پايدا كەلدى. قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ . بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى بۇلارنىڭ ئادەملىرى يوقاتتى. ئەمدى بىزنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىنمۇ ياپونلار قىرىۋاتىدىغۇ ؟ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش ، سىز تولا رەھىمدىل بولۇپ كەتمەڭ .... - دېدى ۋۇ شاۋتەن ۋەن گوتەيگە قاراپ قويۇپ .
_ رەھىمدىل بولۇشقا توغرا كەلسە رەھىمدىل بولغۇلۇق . زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە خەلق چىدىمايدۇ. ھېلىمۇ شۇنچە رايىشلىق بىلەن ئىشلەۋاتامدۇ ؟- ياڭ تەئەددى بىلەن ئېيتتى.
_ بولدى ، بولدى بەس ! - دەپ ۋارقىرىدى ۋەن گوتەي .
_ دېمەكچى بولغىنىم بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن ... باشقىچە ئۇسۇل قوللانساق دەيمەنغۇ ، - دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ ، - بۇلارنى ئويلىمىسام ، نېمە قىلساڭلار نېمە كارىم ... - ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەن گوتەيىنىڭ ۋەھىملىك قارشىدىن ئەنسىز سوقۇپ كەتتى - دە ، ئاخىرىقى سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى.
_ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن ! ياڭ ھاكىم جانابلىرى بىلەن كېيىن ئۆزۈم ئايرىم سۆزلىشىپ ، ئۇنى قايىل قىلىپ قويىمەن ، - دېدى ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، سىلەر مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاڭلار ، ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن ، ئىشلارنى ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار . بىز بۇ يەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز ، بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ ، تەڭ ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك . بۇلارغا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ . ھەممەيلەن ئاگاھ بولايلى . يىغىن تۈگىدى . ھەرىكەت جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ، كونكېرت ئىشلار ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ ، تارقىلىڭلار ، - ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇراتتى.
يىغىنغا قاتناشقان ھەممەيلەن ياڭ ھاكىمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى - دە : << ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. ۋەن سىلىڭنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ كىم پايدا ئالالىغان ؟ ئۇنىمۇ ئەقىللىق دەپ قويسا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ، ھەي ئەمدى چاتاق بولدى ، خەتەر ، ئۇ بار يەردە سۆزلەمدىغان .... ھە دەپ قويسا بولىدىغان ئىش ... >> دەپ پىچىرلاشتى .
ياڭ ھاكىم ئۆزىمۇ سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ، ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2007-2-14 16:13:27 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-20 10:53:45

خەتەر ئەمدى باشلانديمۇ نىمە؟؟؟ .... زادى نىمە بوپ كېتەر ئاقىۋىتى؟؟؟ داۋۇت پالۋانلارغا خەتەر كەلمەس ھە؟ ئاۋۇ غاپپار دىگىنى ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ قويارمۇ يا؟ خۇدانىڭ ئوز پاناھىغا تاپشۇردۇق.... قېنى دوستۇم ئاخىرىنى داۋام قىلسىڭىز..

---

يولغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-22 15:14:08

[color=Blue][size=4][center]5[/center]
كەچ ، ئەتراپ جىمجىت ، سوغۇق تېخىمۇ كۈچەيمەكتە . قارئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى. يوللاردا كوچا چارلىغۇچى ئەسكەرلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.
ھەممە يەردىن بىر خىل تىمتاس ۋەھىمە يېغىپ تۇراتتى.
غاپپار بەگ توخۇپ تىترىگىنىچە ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ ، يول چېتىدە كېتىپ باراتتى. << قانخورلارنىڭ شۇم پىلانىنى كۆرۈڭ . بۇ نېمىدېگەن ياۋۇزلۇق . تۇزۇڭنى يەپ ، تۇزلۇقۇڭغا سىيەي ، دېگەن شۇ - دە ، ھەي ، ئادەم ئەمەس توڭگۇزلار .... >> ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە ، چوڭ كوچىدىن ئەگىپ ، سايىمباينىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .
ئۇ سايىمباينىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ ، دەرۋازا ئىلغۇچىنى بوش شىلدىرلاتتى.
_ كىم ؟- دەپ ۋارقىرىدى سايىمباي قولىدىكى چۆگۈننى قويۇپ قويۇپ .
_ مەن غاپپار بەگ ، ئىشكنى ئېچىڭ .
_ بۇ كېچىدە نېمە گەپ ؟- دېدى سايىمباي ئىشكنى ئېچىۋېتىپ ، - تازىمۇ توغان ئوخشايسەن - ھە !
_ توڭلىمامدىغان ، ھەممە تەرەپتىن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرۋاتسا .
_ بەكمۇ جىددى كۆرۈنىسەنغۇ ، يۈر ئۆيگە كىرەيلى .
ئۇلار پېشايۋاننىڭ ياغاچ يوللىرىنى غاراسلىتىپ ، دەسسەپ ، ئۆيگە كىرىشتى . مەشتە ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. بۇ سايىمباينىڭ خاس ھوجىرىسى ئىدى. ئۆي بەكمۇ ياسداق بولۇپ ، ئوتتقاشتەك گىلەملەر چاقناپ تۇراتتى.
_ ئېيتە ، نېمە گەپ ؟- دېدى سايىمباي دۇئادىن كېيىن ، _ بەكمۇ ئالاقىزادە كۆرۈنىسەنغۇ ؟ چىرايىڭمۇ بۆلەكچىلا تاتىرىپ كېتىپتۇ .
غاپپار بەگ بۇگۈنكى يىغىندا بولغان ئىشلارنى قويماي سۆزلەپ بەردى.
_ ھۇ ئاناڭنى ، قارا ماۋۇ پەسلەرنىڭ قارا كۆڭۈللۈكىنى ، ئەمدى بۇلارنىڭ قىلمىغان شۇ ئىشى قاپتىكەنمۇ ؟- ئۇنىڭ سېرىق ، گۆشلۈك يۈزلىرى ،قىرقىم ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، - مېلىمىزنى بۇلاپ يېدى. قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى ، خەلقنى شىلىپ يەپ قاق سەنەم قىلىپ قويدى... قارا .... ئەستاغپۇرۇللا ، نېمىدېگەن قارا نىيەت ..... ھەي ... سەن داۋۇتنى تېپىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىل . مەن بىلەن تېز كۆرۈشسۇن .
_ ئۇ ھازىر نەدىدۇ ؟
_ ئەخمەتنى تاپساڭ بىلىدۇ .
_ ماقۇل ، مەن ماڭاي ، ئۇلار گۇمانلىنىپ قالمىسۇن .
سايىمباي غاپپار بەگنى ئۇزىتىۋېتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىسلغاندەك بولۇپ ئاچچىق تولغىناتتى. ئۇنى چىرمىۋالغان ئازابلىق خىياللار قەلبىدە تۈگەتكۈسىز غەم - قايغۇنى پەيدا قىلاتتى.
* * * * * * * * *

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا داۋۇت پالۋان سايىمباينىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىر كېچىدە كېلىپ ، بۇلارغا تەلىم - تەربىيە بېرىپ ، زېچ ئىتتىپاقلىشىش ، ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئىش ئېلىپ باراتتى.
_ كېلە داۋۇت ، قانداقراق تۇردۇڭ ؟
_ قەدىر ئەھۋال ، ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟
_ ياخشى ، - دېدى سايىمباي سولغۇن ھالدا ، - ئىشلار نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، داۋۇت ، بۇلار بارغانچە ۋەھشىيلەشكىلى تۇردىغۇ ؟
_ نېمە ئىش بوپتۇ ؟
سايىمباي غاپپار بەگ دېگەن ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى .
_ قارا بۇ پەسكەش ، نىيتى قارا شۇملارنى..... ئاناڭنى !- داۋۇت پالۋان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، - پۈتىغا پىت چۈشۈپتۇ بۇ گۇيلىنىڭ ، ئۆلەر ۋاقتىدا جان تالىشىۋېتىپتۇ . خەپ ، سەنلەرنى نېمە قىلىۋېتىمەنكىن ، - داۋۇت پالۋان ئاچچىقنى ئاران بېسىۋاتاتتى.
_ بىز ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلايلى ، ئاچچىق ئەقىلنىڭ دۈشمىنى ... ئوبدانراق ئويلىنايلى ....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سايىم باينىڭ كىچىك خوتۇنى نىساخان كىرىپ ، داۋۇتقا سالام قىلدى ، ئاندىن شىرە قويۇپ چاي راسلىدى.
ئۇلار چايدىن ئاندا - مۇندا ئوتلاپ قويۇپ ، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئويلىغانسېرى كاللىسى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
_ بىز ، - دەپ باشلىدى سايىمباي ، - خەلقنى كۇلۇبقا بارماڭلار ، دېسەك ئۇلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ ، ئىشىمىز ئەكسىگە قاراپ ماڭىدۇ .
هازىر خەلق ئىچىدە خائىنلار كۆپ ... - ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى كىچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.
_ خائىنلارنى ئوتتا كۆيدۇرۇۋەتسە تازا ، هۇ ئاناڭنى ، خەپ ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان چاغلارمۇ كېلەر ...
شۇ ئارىدا نىساخان گۆش بېسىلغان پولۇ ئېلىپ كىردى - دە ، شىرەنىڭ بوش يېرىگە قويدى .
_ قېنى تاماق يەۋېلىپ ، ئاندىن پاراڭلىشايلى .
ئۇلار تاماقنى ئۈن - تىنسىز يېيىشتى . نىساخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ گېپى يەنە باشلاندى .
_ بۇ كىچىك شەھەر ، كىچىككىنە گەپ بولسا ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدىغان گەپ ، شۇڭا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلايلى ، - دېدى سايىمباي
ئارىدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .
_ مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، - بىز ئەمەت تۆگمەنچىنىڭ تاللىقىغا تۆت مەرگەندىن ئۈچنى
قويايلى . خەلقلەر كۇلۇبقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى قەلەيگە ھەر بىرى ئۈچتىن يىگىرمە بىر پاي ئوق ئاتسا ،
بۇ ئوق قەلەيگە تېگىپ ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. شۇ پەيتتە مەن كۇلۇبقا كىرىپ ، ۋەن سىلىڭغا << ئوغرىلار كەلدى >> دەپ جىددى دوكلات
قىلىمەن . شۇ چاغدا ئۇلار ئادەملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . بىز ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانىنى ئەنە شۇنداق بەربات قىلايلى .
_ ناھايىتى ياخشى چارە ، ياخشى ، - سايىمباي ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن يەڭگىل ھېس قىلىپ قالدى ، - مەن سېنى قارام پالۋانمىكىن دېسەم
خېلى كاللاڭ باركەن جۇمۇ ؟
_ قانداق قىلىمىز ئەمدى ، جىددى ۋاقىتقا كەلگەندە ئاللا كىشىنىڭ كاللىسىنى سەگەك قىلىۋېتىدىكەن ، خەلق بېشىغا چۈشكەن كۈن بىزنىڭ
بېشىمىزغا چۈشكەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟
_ شۇنداق ، مەن يا ئوچۇق - ئاشكارا ياردەم قىلالمايۋاتىمەن . خەلققە ياردەم قىلسام بۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويارمەنمىكىن
دەيمەن ... زادى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم . بۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن يۇلۇپ ئېلىۋاتىدۇ . بەرمەسكە تېخى
ئامال يوق ...
_ ئاز قالدى ، خۇدا بۇيرىسا ، بۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىمىز.
_ قاچان كېلەر شۇ كۈنلەر ؟- دېدى سايىمباي ، - خەلقنى خاتا چۈشىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەن ئادەم .
_ بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ. بىزنىمۇ هازىر خاتا چۈشىنىۋاتىدۇ. ئاز قالدى بىزنى تولۇق چۈشىنىشكە ...
_ ئىشلىرىڭلار قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. .
_ ھەممىسى جايىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ما تۆۋەنجاڭ بىز تەرەپكە ئۆتتى ، ئەمدى بىزمۇ يوشۇرۇن ھەرىكەتتىن ئۆتۈپ ئارشاڭدىكى ئېلى
پاتىنزانلىرىغا قېتىلىپ ئاشكارا ھەرىكەت قىلمىساق بولمايدۇ. ئىچى سىقىلىپ كەتتى ئادەمنىڭ ...
_ شۇنداقتىمۇ بەكمۇ ئاشكارا بولۇپ كەتمىسۇن ، بولمىسا ھەممەيلەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان - زەخمەت يېتىدۇ.
ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ گەپلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
داۋۇت پالۋان سەھەردە بۇ يەردىن چىقىپ ، ھاشماخۇننىڭ تۆگمىنى تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۆزىنىمۇ ، ئائىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ
، بۇ ئىشلار قوينىغا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى .

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-22 15:46:05

[size=4][color=Blue]چاقىرىلغان ئادەملەر كۇلۇبقا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا . ئۇلار : << نېمە يىغىن ئاچىدىغاندۇ ؟ >> دېيىشىپ بىر
- بىرىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇشاتتى. بەزىلىرى يىرتىق جۇۋىلارنى كىيىۋالغانىدى. يولۋاسبەگ ، ھېكىباي ، ئىسرائىلباي ، موللا شاڭيۇ ...
لار ئېسىل جۇۋا ، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا ، پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك كىيىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ۋەن گوتەي بىلەن ۋۇ شاۋتەننىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپلا كۇلۇب ئىچىگە كىردى . ياڭ ھاكىمنىڭ يۇرىكى پوكۇلداپ تۇراتتى. بۇلار سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرۇشتى.
يولۋاسبەگلەر ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىنىغا خاپىلىقى باردەك باتناپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا سايىمبايمۇ كىرىپ كېلىپ ، ئۇلاردىن سەل
نېرىراق ئولتۇردى.
سەھنە بۇلۇڭىدا ئىككى ئەسكەر پىلموتلىرىنى قۇرۇپ ، يوشۇرۇپ ياتاتتى.
داۋۇت پالۋان ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كۇلۇب ئالدىغا بارغاندا ، يۇنۇس شەيتاننىڭ تۆگمىنىگە نەچچە پوست ، نەچچە پىلموتلار
بەتلەكلىك تۇراتتى. مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ ئۈچ ئورنىغا ، تۆت دېرىزىدىن چىقىرىپ تەخسە پىلموتلار تەقلەپ قويۇلغانىدى . مەسچىتنىڭ
پېشايۋان ۋە ھويلىلىرىدا نەچچە يۈزلىگەن چېرىكلەر قورالىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى.
داۋۇت پالۋان لەنشىڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، كۇلۇب ئىچىگە كىرىپ كەتتى. << مانا بىر بۇركۇت تورغا چۈشتى >> دەپ خۇشال بولدى
لەنشىڭ .
داۋۇت پالۋان كۇلۇب ئىچىگە كىرگىنىدە ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ، گويا كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك
روھى چۈشكۈن جىمجىت ئولتۇرشاتتى. ۋەن گوتەي ئەمدى سۆز باشلاش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئۆز پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقىنىدىن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تولىمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. داۋۇت پالۋان ئالاقزادە بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .
_ ھە ، داۋۇت نېمە ئىش بولدى ؟ سېنى مەن پالۋان ، دەپ يۈرسەم نېمانچىلا ھودۇقۇپ كەتتىڭ .
_ ۋەن سىلىڭ جانابلىرى ئېلى ئوغرىلىرى كەلدى . قانداق قىلىمىز ؟ مەن سىزگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم .
_ نېمە؟ ئۇلار ...
_ دەل شۇ پەيتتە ، ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. ئوق دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈپ ئىچىدە ياڭراپ كەتتى. ئۇلار قاتتىق چۇچۇشۇپ كەتتى - دە ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتى . ۋەن گوتەي مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، قوماندانلىق شتابىغا بەدەر قاچتى . ۋۇ شاۋتەن بىلەن ياڭ ھاكىم ئۈپۈر- دۈپۈرساقچى ئىدارىسىغا يول ئالدى .
ۋەن گوتەي باج ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە ، قۇربان ئۇنى توۋلاپ توختىتۋالدى .
_ ۋەن سىلىڭ جانابلىرى نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ؟ بۇ ئوغرىلار كۈن بەرمىدىغۇ ئادەمگە . ئېلى ئوغرىلىرى ھازىر ناھىيلىك ھۆكۈمەتنى سىلىڭبۇنى بېسىۋاپتۇ . سىز ئۇلارا سالام بەرگىلى كېتىپ بارمايۋاتقانسىز ، بۇلارنى سىزگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن ، - دېدى كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ ، جىددى ھالەتتە دەۋاتقاندەك .
ۋەن گوتەي : << بۇ سولتەك نېمە دەيدىغاندۇ ؟ >> دەپ غۇدۇرغىنىچە ئالاقزادە بولۇپ ، ئېتىنىڭ بېسىنى ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە بۇرىدى . قۇربان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۈلگىنىچە تۇرۇپ قالدى .
داۋۇت پالۋان ياڭراق ئاۋازدا خەلققە ئىككى ئېغىز مۇراجىئەت سۆزى قىلدى .
_ قەدىرلىك جامائەت ، مۇندىن كېيىن يىغىن بار دېسە ، ئالدى - ئارقىمىزغا قارىۋېتىپ , ئاندىن كېلەيلى ، ئېلى پارتىزانلىرى تۈيۈقسىزلا كېلىپ قالدى ، - ئۇ دېمەكچى بولغان سۆزنى يەنە ئۆزگەرتتى . ، - دېققەت قىلايلى ، بۇنداق يىغىنلارغا ئامال بار كەلمەيلى . ھازىر كۈلۈۋېتىن چىقىپ ، دەرھال تارقىلىپ كېتىڭلار .
خەلق ئورۇنلىرىدىن ئالدىرىشىپ تۇرۇشتى - دە ، ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتتى . ئۇ ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى . سايىمباي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

سەككىزىنچى باب تامام

داۋامى بار... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 27-2-2007 23:47:58

ھەي..... رومان داۋام قىلىۋېتىپتۇ. بۇ شەنبە يەكشەنبەدە تەپسىلى ئوقۇپ چىقمىسام خەپ... مۇشۇ ۋاقىت دىگەننىزە.......... دوستۇم نازاكەت! ھارماڭ! بۇ رومانىنى قىزىقىپ كورۇۋاتقانلار مەنلا ئەمەس .... ئەجرىڭىزگە قاراپ قالغانلار كوپ!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 28-2-2007 11:16:54

[center][size=5][size=4][color=Blue]توققۇزىنچى باب قانخور جاللات [/size][/center]

لەنشاڭ كۈلۈۋېتىن چىقىپ ، ئىززە - ئىززە بىر پەي ئەسكەر بىلەن سوپى تۈلۈمنىڭ جاڭزىسىغا كېلىپ قالدى . بۇ يەردىكى تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتنى كۆرۈپ ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى . ئاتتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ ، ئۇيان - بۇيان قاراپ ماڭدى . ئۇ سوپى تۈلۈمنىڭ قورۇسىدىكى قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن چىپار ئاتنى كۆرۈپ توختىدى - دە ، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى .
_ ئاۋۇ ئاتنى تۇتۇڭلار .
ئەسكەرلەر دەرھال ئىشكتىن ئېتىلىپ كىرىپ ئاتنى قورشىۋالدى . ئارقىدىن لەنشاڭ كىرىپ كەلدى . سوپى تۈلۈم قامچىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ سىرتتىكى ۋاڭ - چۇڭدىن چۈچۈپ قامچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆي ئىشكىنى ئېچىشىغا ئىككى پاي ئوق تۈيۈقسىز ئېتىلدى . سوپى تۈلۈم دەرھال ئىشكنى يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىنى مىلتىق دەپ قالغانىدى .
لەنشاڭ << بۇ ئات ئېلى ئوغرىلىرىنىڭ ئېتى ... >> دېگەننى ئويلىدى - دە :
_ دېرىزىدىن ئوق ئېتىڭلار !- دەپ ۋارقىرىدى .
ئەسكەرلەر ھويلىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، ئۆي ئىچىگە ئون نەچچە پاي ئوق ئاتتى. ئۆيدىن ئوق چىقمىغاندىن كېيىن ، لەنشاڭ يەنە قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ ئۇنى باغلاپ تىرىك تۇتۇپ چىقىڭلار !
ئەسكەرلەر قورقىنىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى ، ئاندىن ، ئۆيگە قاراپ مىلتىقلىرىنى تەڭلىگىنىچە ئېھتىيات بىلەن ماڭدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۆي ئىشكىنى تېپىلا ئىككى تەرەپكە ئۆتتۈۋالدى . ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن ، قورقۇمسىرىغان ھالدا كۆزلىرىنى ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈتۈپ ئۆي ئىچىگە كىردى. بۇ چاغدا سوپى تۇلۇم دېرىزە يېنىدىكى بۇلۇڭ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغانىدى .

_ سەن ئەبلەخ بۇ يەردىكەنسەنغۇ ؟ باغلايلى !

سوپى تۇلۇمنى باغلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى - دە ، ئۇنى ملتىق پاينەكلىرى بىلەن توختاۋسىز ئۇرۇشقا باشلىدى. سوپى تۇلۇم بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ، ئۇيان - بۇيان سىلكىنەتتى.

_ ئۇنى تېرەككە باغلاڭلار !

بىر نەچچە ئەسكەر سوپى تۇلۇمنى چايخانا ئالدىدىكى تېرەككە باغلىدى.

_ سەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىڭ ؟- دېدى لەنشىڭ ئاتتىن چۈشۈپ كېلىپ .

_ ئۆزۈمنىڭ بارتى ، - دېدى سوپى تۇلۇم . ئاچچىق غەزەپتىن ئۇنىڭ چار ساقاللىرى تىترەپ ، قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرى چەكچەيدى .

_ ئاتنىڭ قۇيرۇقى كېسىك تۇردىغۇ ؟

_ كېسىۋەتكەندىن كېيىن كېسىك تۇرمامدۇ ؟

_ سېنىڭ ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقەڭ بار ؟ ئېيتە ، ئۇلار ھازىر قەيەردە ؟

_ ھەممە يەردە ، ئىت چوشقا ! - ئۇنىڭ بۇرنىدىن قىپقىزىل قانلار ئېقىۋاتاتتى.

_ ئۇرۇڭلار ئۇنى !

شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىكى يار بويىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

_ يۈرۈڭلار ، ئۇلارنى تېز تۇتايلى ! بۇ ھېچ يەرگە قاچالمايدۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر نەرسە تىقىپ قويۇڭلار ، - لەنشىڭ بىرەر خىزمەت كۆرسىتىپ ، چوڭراق مەنسەپكە ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىپ ، يۈرىكى قايتىدىن يوغىناپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار يار بويىغا يېتىپ بارغاندا ، توشقان قوغلىغان ئادەملەرنىڭ ئىزلىرى تۇراتتى.

_ بىز مۇشۇ ئىزنى قوغلاپ ماڭايلى .

ئۇلار ئىز قوغلاپ ئۇلۇغ مۇجاڭنىڭ جاڭزىسىغا بېرىپ قالدى . بۇ يەردە موللاق ساقال چامباشچىلىق ھۈنىرىنى باللارغا كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ قولىنى يەرگە بىردە تىرەپ ، بىردە تىرىمەي موللاق ئېتىۋاتاتتى.

موللاق ساقال مەيدىسى تۈكلۈك ، ساقلى ئۇزۇن ، ئالدى ئوچۇق يەكتەك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ ، ئۇستا قىمارۋاز ھەم ئاشپەز ئىدى . ئۇ قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ ، تېخىچە توي قىلماي جاھان كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ساقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چى ئەتراپىدا ئىدى .

موللاق ساقالنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لەنشىڭ تام ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ ، ئەسكەرلەرگە بوش سۆزلىدى :

_ ئۇنىڭغا ئوق تەگكۈزمەي بېشىدىن ھالقىتىپ ئېتىڭلار .

كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق موللاق ساقالنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى. موللاق ساقال نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

_ ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار !

ئەسكەرلەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ موللاق ساقالنى قورشىۋالدى، باللار چۇرقىرىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى .

_ مەن سىلەرگە نېمە قىلدىم ، نېمىشقا مۇنداق قىلىسىلەر ؟ - دېدى موللاق ساقال قەھرى بىلەن ئۇلارغا گۆلىيىپ .

_ سەن بىزگە تىل سالماقچىمۇ ، مەن سېنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ، سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى !

_ ئۇلارنى ئوغرى دېيىشكە نېمە ھەددىڭ ، ئاناڭنى ئوغرىلاپ قېچىپتىكەنما ؟!

_ بۇنى ئۇرۇپ باغلاڭلار ، ئۆزەمنى بىر تېپىتىپ قويايى بۇ چەنتۇغا .

ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا يوپۇرلۇپ كەلدى . موللاق ساقال بىر پەشۋا بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالدى . يەنە بىرىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئېرىققا تاشلىۋەتتى. ئەسكەرلەر كەينىگە داجىشتى .

_ نېمىگە قاچىسىلەر ، تۇتۇش ئۇنى !

موللاق ساقال ئالدىغا كەلگىننى مۇشت ، پەشۋا بىلەن دومۇلتىۋەردى .

_ ملتىق ئىستوۋۇلنى ئىشقا سېلىڭلار !

ئەسكەرلەر ملتىق ئىستوۋۇلى بىلەن موللاق ساقالنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سانجىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن قان تەپچىپ چىقىپ ، كىيىملىرىنى قانغا بويىدى .

_ ھەممىڭلارنىڭ كۈچى يەتمەي ، ملتىق ئىشلىتىۋاتامسىلەر ، ئۆلۈمتۈك ئارام چوشقىلار ! - موللاق ساقال زەردە بىلەن تىل سالدى - دە ، بېقىننى تۇتۇپ يىقىلدى .

_ بۇ ئىسيانچىنى ، - دېدى لەنشىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا ، _ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مەھكەم باغلاڭلار .

_ قورقۇۋاتامسەن ئىت چوشقا ، ئاكاڭ قانداق ئادەمكەن ؟ مەن سەنلەرگە چىش - تىرنىقىمدىن ئۆچ ، تۇفى... سىلەرنى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىدۇ.

_ مەنمۇ سىلەرگە جان - جېنىم بىلەن ئۆچ ، سېسىق چەنتۇ ! سەنلەرنى كۆرسەم ئۆلتۈرگۈملا كېلىدۇ! - دېدى لەنشىڭ موللاق ساقالنىڭ ساقلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ ، ئۇ غەزەپتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتتى، - نوچى دېسەڭ بىزنى نوچى دېسەك بولىدۇ . سەندەكلەرگە يېڭىلىدىغان ئادەم ئەمەس بىز .

_ تىلىڭنى تارت ، ئاناڭنى ! ئادەم ئەمەس ھايۋانلار !- موللاق ساقال ئاچچىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ ، لەنشىڭغا بىر كاللا ئاتتى. لەنشىڭنىڭ كۆزىدىن ئوت چاچراپ ، قولى ئۇنىڭ ساقلىدىن بوشىنىپ كەتتى. ئەسكەرلەر موللاق ساقالنى ملتىق پاينەكلىرى بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالدى .

_ ئەمدى تىللىغىنە ، قېنى مەن بىر كۆرەي !- لەنشىڭ يەنە ئۇنىڭ ساقلىنى سىقىمداپ بېقىنىدىن ئۇزۇن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئېپلاس هارام ...
لەنشك ئۇنىڭ ساقلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بوغۇزلاپلا كاللىسىنى كېسىۋالدى . قانلار تىرىڭلاپ ئېتىلىپ چىقتى .
_ ها... ها... ها... ئەمدى سۆزلە ، تىللا ، تۈكۈرە قېنى ، تىللىمامسەن ! سەنلەرنىڭ نەسلىڭنى قۇرتۇۋەتمەيدىغان بولسام ! - ئۇ قولىدىكى قان ئېقىپ تۇرغان باشنى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ، - بۇنى خالتىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىڭلار !
بۇنىڭدىن ئەسكەرلەر قورقۇپ ، لەنشىڭنىڭ قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىگە خۇدۇكسىرەپ قارىدى .
_ نېمە ماڭا قارايسىلەر ، ئۇنى خالتىغا سېلىش ! كېسىلدىغان يەنە بىر باش بار تېخى ! تېز بولۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئالمان - تالمان باشنى خالتىغا سېلىشتى - دە ، ئۇنى كۆتۈرۈپ لەنشىڭنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى .
باشسىز ياتقان موللاق ساقالنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن قوشنا - قۇلۇملار داد - پەرياد كۆتۈرۈشۈپ ، يىغا قىلىشتى . بۇلار لەنشك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەتكەندىن كېيىن چىقىشقانىدى .
ۋەن گوتەينى ساقچى ئىدارىسىدىن تاپقان لەنشك ۋەن گوتەينىڭ ئالدىغا كۆرەڭ هالدا خالتىنى تاشلىدى.
- مانا بۇ ئوغرىلارنىڭ باشقىلىنىڭ بېشى جانابلىرى ، يەنە بىر گۇمانلىق ئوغرى تىرىك .
_ خالتىنى ئېچىڭلار ! - دېدى ۋەن گوتەي مۇهاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە هومىيىپ قاراپ .
مۇهاپىزەتچىلەر خالتىدىن باشنى ئالدى . ۋەن گوتەي ساقىلى ئۇزۇن ، قۇلاقلىرى يوغان ، قاڭشارلىق ، قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان باشنى كۆرۈپ ، سەل كەينىگە داجىدى .
_ بۇ بۇرۇنقى پادىشاهلارنىڭ كاللىسىغا ئوخشايدىكەن . ساقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئوخشاش ئىكەن ، بۇ چوقۇم ئوغرىلارنىڭ باشلىقىنىڭ بېشى ، يارايسەن ! لەنشك ئوغۇل بالا ، ئەزىمەت ، سېنى ئۆستۈرىمەن ، تىرىك تۇتقان بولساڭچۇ ؟ قىيناپ ئىقرار قىلدۇرار بولغىيتتۇق . بوپتۇ ، هېلىمۇ ياخشى ، سەندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمەس نېمىلەر ، يارايسەن لەنشك . بۇ باشنى ساندۇققا سېلىپ مەخسۇس ئادەم بىلەن ئۈتتۈرا فرونتقا ئەۋەتىپ بېرىڭلار ، هېلىقى بىر نېمىنىمۇ سوراق قىلىپ ، نەتىجە چىقمىسا ، ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ ، بىر ساندۇققا سېلىڭلار . مەن كۇلۇبتىن سىلىڭبۇغا قايتىۋاتسام بىر ماڭا : << ناهيلىك هۆكۈمەت بىلەن سىلىڭبۇنى ئوغرىلار ئىشغال قىلىۋالدى >> دەپ يالغان سۆزلەپتۇ . ئۇنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن ، تازا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن ، ئۇنىمۇ تۇتايلى ... توختا سەن بۇ ئىشلارغا ئاۋارە بولما ، بۇنى كېيىن بىر تەرەپ قىلايلى ، هازىرقى گەپ خەلىق ئىچىگە كۆپلەپ تىڭتىڭلىغۇچىلارنى سالايلى . ئۆزىمىزنى تۈزىۋېلىپ ، ئىلى ئوغرىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرەيلى . ئۇلار هازىر قەيەردە ؟
_ ھەممە يەر تىنىچ تۇرىدۇ.
_ ئۇلار ئاز ئادەم ئوخشايدۇ ؟ بەلكىم كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .
_ مەن داۋۇتتىن گۇمانلىنىۋاتىمەن .
_ ئۇنى ئوبدانىراق كۆزەت ، بىرەر ئىشنى بايقىغان هامان ماڭا خەۋەر قىل ، سەن ماڭا ئوخشاش يۈرەكلىككەنسەن ، مىجەزىمىزمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن . هازىر سەن ۋۇ جۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، هېلىقىنى سوراق قىلىڭلار ، ئۇ هېچ نەرسىنى دېمىسە ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي ، دەرهال كاللىسىنى ئېلىپ ، جىڭغا ئەۋەتىڭلار . ۋۇ جۇيجاڭغا ئېيت ، ئاۋام ئىچىگە ئالاهىدە خادىملارنى كۆپلەپ سالسۇن ، مەن ئۇنىڭغا تولا دەپ هاردىم .
بۇ ماختاشلاردىن لەنشىڭنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بولدى . ئۇنىڭ قېنى بارغانسېرى قىزىپ ، قان ئىچىشكە ئالدىراۋاتاتتى.
_ خوپ باشلىق ، دېگەنلىرىڭىزنى جېنىم بىلەن ئورۇنلايمەن .
_ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.
لەنشك تاقىلداپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي موللاق ساقالنىڭ بېشى بىلەن سوپى تۇلۇمنىڭ بېشى جىڭنىڭ چوڭ كوچىسىغا ئېسىلدى - دە ، تەرەپ-تەرەپلەردە جاكارچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرىدى.
_ ئالتە ئوغرىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇق ، ئەمدى ئالتە ئوغرى تۆگەشتى ...
خەلىق بۇ ئېغىۋالارغا بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەيۋاتاتتى. كېيىنچە ئىشەنمەسلا بولدى . شۇنداقتىمۇ جىڭدىكى گومىنداڭچىلار بۇنى ھەدەپ تەشۋىق قىلاتتى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

جىنايەتچى بەزىدە جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ، ئەمما جازا دەهشىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ . _ سېنېكا

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-2-28 11:19:28 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 16:24:43

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئونىنچى باب پايلاش [/size/][center]
[center]1[/center]
گومىنداڭ هۆكۈمىتى ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەنسېرى ، ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ كەينىگە جاسۇسلارنى كۆپلەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سېلىشۋېتىشكەنىدى .
لەنشك ئۆزىگە ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەندىن نۇرغۇن ئىشپىيۇنلارنى سېتىۋالدى . بۇ ئىشپىيونلار كوچىلاردا ئۆز ئارا پاراڭ سېلىشىۋاتقان ئادەملەرنى ماراپ ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭتىڭلاپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيتتى. كىشلەر بۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، قىمارخانىلارغا بېرىۋالىدىغان بولدى. ئەپسۇسكى ، ئىشپىيونلار يەنە تاپ باستۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كىلەتتى.
قىمار تاۋكالىرى ئاساسەن مەسچىت ئەتراپى ، كۇلۇبنىڭ ئارقا تەرىپى ، ئابلا لوزۇڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى تەرىپى قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلاتتى. بۇ يەرگە كۆپلەپ ئادەملەر يىغىلاتتى. قىمار ئويناۋاتقانلار تۆت ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇۋېلىپ ، سوغۇق يەردە زوڭزىيىپ ۋە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ : << يا دەتتىكام جەمشت !>> دەپ ۋارقىراپ مەيدىلىرىگە << گۇپ - گۇپ >> ئۇرۇپ تۆت ئوشۇقنى ئاتاتتى. تام ياقىلىرىدا قىرىق - ئەللىكچە ئادەم غۇژمەك بولۇۋالسا ، بەزى يەرلەردە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەملەر گۇشكە چۈشۈن ئولاشقاندەك ئولىشاتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇلىنى ئۇتتۇۋالسا ، ئۇلار ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالاتتى.
بۇگۈن يەنە بۇ يەرنى قىيا - چىيا ئاۋازلىرى بىر ئالغان بولۇپ ، << يا دەتتىكام جەمشت ! >> دىگەن سادالار ئەتراپىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقانىدى. خۇددى بىر نەچچە يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. بۇلار باشلىرىدىكى قۇلاقچىلىرىنىمۇ ئېلىۋېتىشكەنىدى.
ساقچىنىڭ ئىككى ئەمەلدارى يۈزلىرى ياداڭغۇ ، ۋىجىككىنە كەلگەن ياقۇپ قىمارۋاز بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ ، ياقۇپ قىمارۋازغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشتى .
_ شەنگەن ئەپەندىم ، پۇللىرى بولسا يەنە ئوينىمامدۇق ، - دىدى ياقۇپ قىمارۋاز مەسخىرە ئارىلاش كۇلۇپ .
_ پۇل يوق ، قەرزىگە ئوينايمەن . ئەكەل ئوشۇقنى ! - دىدى ئىسمائىل شەنگۇەن ئۆپكىدەك قىزىرىپ .
_ ئاتىقىڭىز كەلسە مانا ئوشۇق ، ئېتىك .... شەنگەن ئەپەندىمنىمۇ قەرز ئېلىپ قويسام ئەجەپ ئەمەس .
_ تولا سۆزلىمە ، ھېلى كۆرىسەن .
_ ئېتىك ، كۆرەرمىز قېنى .
ئىسمائىل شەنگۇەن ئوشۇقنى ئېتىپ ، يەرگە چۈشۈشىگىلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە ، ئىچى كۆيگەنىدەك بولدى .
_ قېنى شەنگۇەن جانابلىرى ، پۇلنى چىقىرامسىز ياكى ئۆيىڭىزگە بېرىپ خوتۇنىڭىزدىن ئېلىۋالايمۇ ؟
ئىسمائىل شەنگۇەن پۇلنى چىقىرىش ئۈچۈنلا تۇرسۇن ، تاۋكادىكى پۇلنى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى . ياقۇپ قىمارۋاز چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، يېڭىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدى -دە ، ئىسمائىل شەنگۇەننىڭ ياقىسىدىن ئالدى .
_ پۇلنى چىقار ! - ياقۇپ قىمارۋازنىڭ كۆزىگە قان تولدى .
نىمنى چىقىرىدىكەنمەن ؟- ئىسمائىل شەنگۇەن شۇنداق دەپ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.
_ قويۇۋەت ياقامنى ، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن .
ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر ئەسكەر ياقۇپ قىمارۋازنىڭ قولىنى ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئاران ئاجراتتى.
_ يۈر ، ئىسمائىل كېتەيلى .
ئۇلار توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
_ مۇشۇنداق بولارنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە ئوينىغان مەندە گۇناھ ، خەپ ئۇنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۋېتىمەن ! - دەپ ۋايىسىدى ياقۇپ قىمارۋاز .
لەنشك بۇ يەردە داۋۇت پالۋاننىڭ كەينىدىن ماراپ ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن سۆزىگىچە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ بىغەم هالدا ، هېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ ، هەممىسىنىڭ ئېغىزىغا قارايتتى. كىشلەر بۇلاردىن سەسكىنىپ ، يىراق قاچقانسېرى ، ئۇلار كىشلەرگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى. لەنشك بىر نەچچە قىمارۋازنى سېتىۋېلىپ ، مەخسۇس داۋۇت پالۋاننى كۆزىتىشكە قويغانىدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ يالىلغان ئادەملىرى قىمارخانىغا كەلگەندىن كېيىن ، بۇنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتەتتى.
داۋۇت پالۋان لەنشكنىڭ ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەنلىكىنى غاپپار بەگدىن ئاڭلىغانىدى. داۋۇت پالۋان بۇلارغا كۆرۈنۈپ قويۇش ئۈچۈن بەزى كۈنلىرى بۇ يەردە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ھەر تەرەپكە ئاتلىنىپ ، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان يىگى- يىگى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ماڭاتتى. شۇ تاپتا داۋۇت پالۋان موللاق ساقال بىلەن سوپى تۇلۇمنىڭ قېنىنى ئىچكەن جاللاتنىڭ ئەمدى يەنە قان ئىچمەكچى بولۇپ پۇراپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. << ھەي ، ئۇلار بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى. قاچانمۇ قىساس ئالىدىغان چاغلار كېلەر ، بۇلارنى نىمە قىلىۋېتەرمەن . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى - هە ! ئىسىت ، ئىسىت، موللاق ساقال شۇ يەردىن كىرمىسىمۇ بوپتىكەن . خەپ ! >> ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ، بېشى گاراڭ بولدى - دە ، توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. لەنشك زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭغا شەرەت قىلدى. يەنە بىرى ئاسىم دوختۇر بىلەن هاپىز قارىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇلار بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولۇشنى شۇنچىلىك ئارمان قىلاتتى. بۇ خىل ئارمان كېچىلىرىمۇ بۇلارنى جىم ياتقۇزماي ، دېرىزىمۇ - دېرىزە سوكۇلدىتاتتى. گاھىدا ئۇلار تۇيۇقسىز زەرىبىگە ئۇچراپ قالاتتى.
بۇ يەردىكى باللار بۇلار ھەققىدە مۇنداق قوشاق قېتىۋالغانىدى:
ئىشك باقار تۇرسۇن تىڭتىڭ ،
ئارام بەرمەس زاكىر قۇلاق .
جۇيجاڭ قېپتۇ ئايسخاننى ،
تۇخۇم باسسا قىلغاچ شالاق .

داۋامى بار .... [/color][/size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: umut
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 16:45:00

كۆپلەپ جاپا چېكىۋېتىپسىز دوستۇم ھارمىغايسىز [em79]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 17:41:42

خۇداغا شۈكۈر... مېنىڭمۇ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى! يارايدۇ داۋۇت پالۋان! قېنى قالدى ئىشلارنى ئەمدىكى قىسىملىرىدىن كورەيلى! تېخى ئاران ھېلىقى كۆلۈۋېتىن خەلقنى تارقاتقان يېرىگىچە ئوقۇپ بولدۇم... رەھمەت سىزگە نازاكەت!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-11 11:54:25

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ئالدىراپ كىرگەن زاكىر قۇلاق ، - ئاشخانىدا غەيرىي ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ گېپىگە زەن سالسام ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.
_ نېمە ؟!- دېدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسىنى تاشلاپ ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، _ قانداقراق ئادەملەركەن ئۇ ؟
_ ساقاللىق ، قۇلاقچا ، جۇۋا كىيگەن . بەستلىك ئادەملەركەن .
_ ئېتى قانداق ؟ قايسى ئاشخانىدا ؟
_ كەلتە قۇيرۇقلۇق تورۇق ئاتكەن ، ئەمەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا .
_ نەق شۇ ، ياخشى ، بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولدۇڭ ، بىز ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي دەرھال بارايلى .
ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يانغا قىستۇرۇپ ، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئاتلىرىنى بولىشىچە چاپتۇرۇپ ، ئەمەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا يېتىپ باردى .
ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىدە راست دېگەنىدەك بەستلىك كەلگەن جۇۋا كىيگەن ئىككى ئادەم مانتا يەپ ئولتۇراتتى.
_ ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىڭلار !- دېدى ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ .
_ بىزنى نېمىشقا تۇتىسلەر ؟ بىز سىلەرگە نېمە قىلغان ؟- دېدى قارا ساقاللىق ، كۆزى يوغان بىرى .
_ تولا سۆزلىمەي ماڭ ، ساقچىغا بارغاندا بۇلارنى ئالدىرماي سۆزلىشۋالىمىز.
_ ئاجايىپ ئىش - تە ، بۇ يۇرتقا كەلگىلى بولمامدۇ نېمە ؟- دېدى ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ، ئۇ ئاشخانىغا كىرگەنلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەۋاتاتتى.
_ تولا سۆزلىمەي ماڭ !
ساقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭدى . ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ كىملەرنىدۇر ئىزلىگەنىدەك قىلاتتى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىشتى .
ئۇلارغا قاراپ قالغان ئەمەت ئۇستام : << زاكىر دېگەن جوھۇت بۇ يەرگە كىرگەنىدەك قىلغان ، ئالدىراشچىلىقتا ئەجەپ بۇلارغا دەپ قويماپتىمەن ، كىم بىلىدۇ بۇنداق بولارنى ، ئىست ، بۇلار نېمە ئادەملەر بولغىيتتى. ....>> دەپ ھەسرەت چېكىپ قالدى . ئاشخانا ئالدىغا توپلاشقان كىشلەر بوش ئاۋازدا پىچىرلىشىۋاتاتتى.
_ زاكىر قۇلاق ئاشخانىدا بىردەم ئولتۇرغانىدەك قىلغان .
_ ئۇلارمۇ ئېغىزىغا باقماي سۆزلەپ كەتتى.
_ ھەي ، ھەق سۆزلىگەنتى .
_ ئۇلار ھەممىزگە بەك زەن سېلىپ كەتتىغۇ ؟
_ ئۇنىڭ سۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇق .
ۋۇ شاۋتەن ئۇلارنى ھەيدەپ ، ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى.
_ بۇلارنى مەھكەم باغلاڭلار ! ، - دېدى ئۇ خام سېمىز بىر ساقچىغا ئاندىن يەنە بىرىگە دېدى ، - سەن غاپپار بەگنى چاقىرىپ كەل !
_ بولدى ئۇنى چاقىرماڭلار ، ئۆزەم تەرجىمانلىق قىلىمەن ، - دېدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىراش كىرىپ كەلگەن لەنشىڭ .
___ بولىدۇ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن لەنشىڭغا قاراپ قويۇپ ، - ئاۋۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار . ئاۋۋال ماۋۇ قارا ساقال چەنتۇنى سوراق قىلايلى .
ئىككى ئەسكەر يەنە بىرىنى ئاچىقىپ كېتىپ ، قارا ساقالنى ئېلىپ قالدى .
_ ئولتۇرە ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن قولاشمىغان سەممىي تەلەپپۇزدا ، - راستچىللىق بىلەن ھەممىنى ئىقرار قىلساڭ ، كەڭچىلىك قىلىمىز ، ئەگەر ئېيتمىساڭ سېنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىسەن .
لەنشىڭ ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ نىمنى ئېيتمەن ، مەن ھېچنىمە قىلمىغان تۇرسام .
_ بىز نىمنى سورىساق شۇنى ئېيتسەن ، بەكمۇ ئاددىي ئىش ، ئېغىزنىڭ يىلى جىنىڭنى ساقلاپ قالىدۇ ؟ ئېيتە ، سەن قەيەردىن كەلدىڭ ؟
_ بىز چۆچەكتىن كەلدۇق .
_ يالغان ! غۇلجىدىن كەلدىڭ ! شۇنداقمۇ ؟؟
_ يالغان سۆزلەپ نىمە قىلاي ، چۆچەكتىن كەلدۇق ، غۇلجىدىن كەلگەن بولساق ، غۇلجىدىن كەلدۇق دىمەمتۇق .
_ نىمە ئىش قىلىسلەر ؟
_ نىمە ئىش بولسا شۇنى قىلىمىز.
_ ئېنىق ، ناھايتى ئېنىق -دە ؟
_ ماتا ، قوي ، كالا ، كىيىم - كېچەك سودىسى قىلىمىز. ئۇ يەردىن ئېلىپ بۇيەرگە ساتىمىز، بۇ يەردىن ئېلىپ ئۇ يەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز. بىز بۇ يەرگە ئاشۇ مىنىپ كەلگەن ئاتلارنى ساتقىلى كەلگەن . ئېنىق بولدىمۇ ؟
_ ئىسمىڭ نىمە ؟
_ ئابدۇللا .
_ ئاغىنەڭنىڭچۇ ؟
_ راخمان .
_ ئۇ نىمە ئىش قىلىدۇ ؟
_ مەن بىلەن ئوخشاش تىجارەت قىلىدۇ.
_ بۇ يەردە كىمنى تونۇيسىلەر ؟
_ ھېچكىمنى تونۇمايمىز.
_ يالغان سۆزلەپ مىنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ سەن ! بۇنى تامغا ئېسىپ ، جىنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار .
_ بىكاردىن ئادەم ئۇرۇش سىلەرنىڭ تەبئىيتىڭلارمۇ ؟ بىزنىڭ گۇناھىمىز نىمە ؟ بىز سىلەرگە نىمە قىلغان ؟
_ سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى ! گۇناھىڭ شۇ .
_ مەن ئىلى ئوغرىلىرىنى تونۇمىسام .
_ ھېلى تونۇيدىغان بولسەن ، ئۇنى ئېسىپ ئۇرۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇنىڭ كەينىگە قىلىپ باغلانغان قولىنى يېشىپ ، يالىڭاچلاپ تامدىكى قوزۇقتا ئىككى قولىنى كېرىپ باغلىدى. مىخلىق كالتەكنى تۇتۇپ ئىككى ئەسكەر قاراپ تۇردى.
_ سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ئېيتساڭ سېنى قويۇپ بېرىمىز ھەم ياخشى ئاتتىن ئىكىنى ئىنئام قىلىمىز، - دىدى لەنشىڭ .

_ ياق ، مەن ئوقەتچى .
_ ئۇرۇڭلار ئۇنى، ئۆلگۈدەك ئۇرۇڭلار ! - لەنشىڭ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.
ھەر بىر كالتەك تەگكەن يەردىن قانلار ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، كالپۇكىنى چىشلەپ تولغىناتتى. _ توختاڭلار ، - دىدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ، - ئېيتە ، ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن ، سەن نىمە ئادەم ؟
_ مەن سودىگەر ...
_ قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كېلىڭلار .
ھايالشماي ئىككى ئەسكەر قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كەلدى .
_ تۆمەرنى بەدىنىگە ياق !
قىزىتىلغان تۆمۈر ئۇنىڭ بەدىنىنى ۋاژىلداپ كۆيدۈردى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ تاشلىدى.
_ سەن نىمە ئادەم ؟
_ مەن سودىگەر .
_ ئۇنىڭ تىرنىقىنى يۇلۇڭلار !
بىر ئەسكەر ئورۇندۇقتا دەسسەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تىرنىقىنى بىر- بىرىدىن يۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەر بىر تىرنىقى يۇلۇنغاندا ئاچچىق تولغىناتتى. كالپۇكلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى.
_ توختا ، سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىمۇ - يوق ، بۇ يەرگە نىمە ئىش بىلەن كەلگەن ؟
_ ئوقەت....
_ بۇنى چۈشۈرۈپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ توڭلىتىڭلار ! - دىدى ۋۇ ناھايتى خاپا ھالدا ، - يەنە بىرىنى سۆرەپ كىرىڭلار ، - دىدى - دە ، لەنشىڭنىڭ قۇلىقىغا : << بۇ راست سودىگەرمۇ نىمە؟>> دەپ پىچىرلىدى.
_ ياق ئۇنداق ئەمەس ، - دىدى لەنشىڭ كەسكىنلىك بىلەن ، - سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى. بۇنداقلارنى قانچە قىينىسام تېنىم شۇنچە ياشىرىدۇ. مەن بۇلارغا ئۆچ !

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-13 19:32:03

[size=4][color=Blue]ئىككى ئەسكەر راخماننى ئەكىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى.
_ سىنىڭ دوستۇڭ ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن يامان ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ ، - ھەممىنى ئېيتتى، سىلەر ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنسىلەر ، بۇ يەرگە تەشۋىق قىلىپ ، قۇترانقۇلۇق قىلغىلى كەپسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟ دوستۇڭغا ئوخشاش ھەممىنى ئېيتساڭ ، كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىمىز.
ئۇنىڭ مېڭىسىدە << يالىت - يۇلت >> قىلىپ چاقماق چاقنىغاندەك بولدى . قارا كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ساقال باسقان يۈزلىرى تامدەك تاتاردى. << ئۇ ھەممىنى دەۋېتىپتۇ ، خائىن ، بولمىسا بۇلار نەدىن بىلىدۇ.... ئۇ دېمەيتتى، قانداقلارچە دەۋەتكەندۇ >> دېگەننى ئويلىدى ئۇ .
_ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭغۇ ؟- دېدى ۋۇ شاۋتەن << راست بۇلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن >> دېگەننى خىيال قىلىپ ، - ئېيتساڭ ساڭىمۇ كەڭچىلىك قىلىمىز.
ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى : << ياق مەن ئېيتماسلىقىم كېرەك ، ئۇنىڭدەك خائىن بولسام كېيىن خەلققە قانداق يۈز كېلىمەن . بۇلار قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقسۇن قېنى >> .
_ بىز سودىگەر ، ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ ،- ئۇ شۇنداق دېيىشىگە قورۇدا ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئابدۇللانىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدى - دە ، << ھە ، بۇ يالغان سۆزلەپتۇ >> دەپ ئويلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى . ئۇنى ئەيىبلىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.
- قورۇدىكى ئەسكەرلەرگە نېمە ئىش بولدى ، لەنشىڭ قاراپ باق ، ئەسكەرلەر ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتامدۇ نېمە ؟ بۇلارنىزە .
لەنشىڭ ئۇنىڭ سۆلىرىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ سىرتقا چىقتى . ئابدۇللاغا ئەسكەرلەر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سۇ چېچىۋاتاتتى. ئابدۇللا توڭلاپ ، لاغىلداپ تىترەپ ، ئۇلارنى ۋارقىراپ تىللاۋاتاتتى.
_ ئاناڭنى ... هارامىلىق ... گۆيلار ...
_ بولدى . بولدى ، سۇ چېچىشنى توختىتىپ ، ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار ، - دېدى لەنشىڭ ئابدۇللاغا ھومۇيۇپ قاراپ قويۇپ .
_ بۇنى قانداق قىلىمىز ؟
_ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى . ۋۇ شاۋتەن تاماكا چېكىپ ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. مەشتە ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى.
_ سوراقنى باشلايلى ! - دېدى لەنشىڭ .
_ ئېيت ، نەدىن كەلدىڭ ؟
_ چۆچەكتىن .
_ يالغان ، ھېلىقى ئىلىدىن كەلدۇق ، دېدى .
_ ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ .
_ ياق ، ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ راخمان ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى .
_ بۇنى توغرا دەپتۇ .
_ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟
_ سودىگەرچىلىك بىلەن .
_ يالغان ، سېنىڭ ئىقرار قىلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي ، ئېسىڭلار بۇنى ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن تىترەپ .
_ لەنشىڭ ، - دەپ پىچىرلىدى ئۇ ، - ھېلىقى نېمە ۋارقىرىمىغان بولسا بۇ چوقۇم ئېيتاتتى. باياتىن كۆرمىدىڭمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى ، راست سەن دېگەندەك بۇلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن .
_ ۋەن سىلىڭنى باشلاپ كېلەيمۇ ؟
_ ئالدىرماي تۇر ، بىرەر نەتىجە چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، خىزمەت كۆرسىتىمىز ئەمەسمۇ ؟
راخمان ھەر بىر مىخ كالتەك تەگكەندە ئاچچىق تولغىناتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋېتەتتى. بەدەنلىرىدىن توختىماي قان قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرلا << ھەر نېمە بولسىمۇ خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن ! >> دېگەن ئىرادە بىلەن ھۆكۈمران بولغاچقا ، ئۇ ھەممىگە چىداشلىق بېرىشكە رازى ئىدى.
_ توختاڭلار !- ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ ، راخماننىڭ ئالدىغا كەلدى ، - سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى ، بۇ يەرگە تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن كەلگەن ، شۇنداقمۇ ؟
_ ئاناڭنى دەپ كەلگەن ، تۆفى نومۇسسىز ئەبلەخ ، سېنىڭ دەستىڭدىن بۇ يەرگە ئاياغ باسمىساق بولاتتىمۇ ؟
_ ئۇرۇڭلار ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! - دەپ ۋارقىرىدى لەنشىڭ .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
لەنشىڭ راخماننىڭ سۆزىنى ۋۇ شاۋتەنگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدى، ۋۇ شاۋتەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە :
_ ئۇر ئۇنى ! - دەپ ۋارقىرىدى .
مىخ كالتەك ئۇنىڭ بەدىنىگە زەردە بىلەن تېگىپ ، ئۇنىڭ بەدىنىنى تىتىۋەتتى. راخماننىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.
_ توختاڭلار !- دېدى ۋۇ شاۋتەن بىر چاغدا، - ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ ، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
_ ئەمدى ۋەن سىلىڭنى چاقىرىپ كەلسەك بولارمىكىن ؟
_ بولىدۇ، سەن بېرىپ دەرھال چاقىرىپ كەل ، ئەمدى چاقىرماي ئامال بولمىدى، ئۇ كەلگەندە بىرلىكتە سوراق قىلايلى .
_ بولىدۇ . مەن كەتتىم ئەمىسە ؟
ساقچى ئىدارىسى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى . ۋۇ شاۋتەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى : << ئەجەپ جېنى چىڭ نېمىكەن بۇ ؟ قانداق ئادەملەردۇ بۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

، ئەگەر مېنى شۇنداق قىينايدىغان بولسا ئاللىقاچان ... >> ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، يەنە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى.

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 10:43:32

[color=Blue][size=4]بىر ئەسنادا ۋەن گوتەي قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ھالدا كىرىپ كەلدى . ۋۇ شاۋتەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى .
_ ياخشىمۇ سىز سىلىك ؟
_ ياخشى ، قېنى ئۇ ئادەملەر .
_ مەن ئېلىپ كىرەي ، - دېدى لەنشىك ئالدىراپ خوشامەتكويلۇق بىلەن .
نىمجان بولغان ئابدۇللا بىلەن راخماننى ئىككى ئەسكەر سۆرەپ ئەكىردى ، ئۇلارنىڭ ئىچ كىيىملىرىدىن باشقا ھەممە يېرى يالىڭاچ بوۋپ ، قان سۇ تامچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ، بەدەنلىرىدە قېتىپ قالغانىدى . ئۇلارنى كۆزى يېرىم يۇمۇق تۇراتتى.
_ بەكمۇ قىينىۋېتىپسىلەرمۇ نېمە ؟- دېدى ۋەن گوتەي ساختا رەھىمدىللىك بىلەن . كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى رەھىمسىزلىك قاپلاپ ، كۆزلىرى قانغا تولدى .
_ ئانچىمۇ قىينىۋەتمىدۇق ۋەن سىلىك ، - دېدى لەنشىك كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ .
_ ئولتۇرغۇزۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزالماي ، ئىككى قولىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .
_ بۇلارنىڭ بېشنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ھالى قالماپتۇ . قانداق سوراق قىلىمىز ؟ ئۇلار سىلەر سوراق قىلغاندا نېمە دېگەن ؟
_ بىز سودىگەر ، چۆچەكتىن كەلدۇق ، ئات ساتىمىز دېگەن . بۇلار يالغان سۆزلىدى . زاكىر ھەممىنى ئاڭلاپتۇ . ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ....
_ ئۇلار نېمە دەپتىكەن ؟
_ ئىلى ئازاد بولدى ، بۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالدى ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەرمۇ ئازاد بولىدۇ. سىلەر ئويغىنىپ ....
_ بولدى ئاشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ، - دەپ ۋەن گوتەي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى ، - ئۇلارنىڭ سۇئاللىمىزغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالىنىمۇ قويماپسىلەر . ھەي ، ماڭا خەۋەر قىلماي ئۆز بېشىمچىلىق قىپسىلەر ، بوپتۇ ، بۇلارنى تۇتقىنىڭلار چوڭ ئىش بوپتۇ . ئەگەر تۇتمىغان بولساڭلار قانچىلىك ئادەملەرنى زەھەرلەر بولغىيدى ...
_ سىزنى ئاۋارە قىلماي ئۆزىمىزلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى دېگەن ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن ھجىيىپ تۇرۇپ .
_ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار ، ياخشى ، زاكىرنى مۇكاپاتلاڭلار ، سىلەرنى مەن ئۆزەم مۇكاپاتلايمەن . بۇلارنى ئەمدى ئۇن - تىنىسىز جىمىقتۇرۇۋېتىڭلار . كېلەر قېتىملاردا ماڭا خەۋەر قىلارسىلەر . خوش ، مەن كەتتىم . خىزمەتنى مانا مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەش كېرەك . ئۇلار ئېيتامدۇ - ئېيتمامدۇ ، تۇتقىنىمىز ئەۋزەل، خوش .
ۋەن گوتەي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، لەنشىك بىلەن ۋۇ شاۋتەن ئۇلارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .
_ قانداق قىلىمىز لەنشىك ؟
_ بۇلارنىڭ قىينىلىپ جېنى چىقسۇن ، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويايلى .
_ بولىدۇ ، بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
شۇ ئارىدا تۇرسۇن تىڭتىڭ ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە :
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ بوش ئاۋازدا ، - مۇشۇ داۋۇتلارنىڭ ئىشلىرى بەكمۇ گۇمانلىق ، شۇلارنى تۇتساق بولارمىكىن دەيمەن .
_ ئاساس بولۇشى كېرەك ، ئاساس. ئۇلار ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ قىلدىمۇ ياكى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدىمۇ ، سەن ئاۋۋال بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇۋال . ئاندىن تۇتساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.
_ ماقۇل ، ماقۇل مەن يەنە پايلاي .
_ ئوبدان ئىشلە ، تۆھپەڭ يەردە قالمايدۇ.
_ سايىم جۇيجاڭمۇ چاتاقمىكىن دەيمەن ، - دېدى ئۇ يەنە ئۇدۇل ئىككى چىشىنى چىقىرىپ ھجايغىنىچە .
_ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟
_ شۇنداقتەك كۆردۈم .
_ ھەي كالۋا ، ئۇنداقتەك كۆردۈم ، مۇنداقتەك كۆردۈم دېمەي ، تۇتىدىغان ساپاق تاپ . ئاندىن بىز بار ئەمەسمۇ ؟ ئۇ دېگە يۇرتتا ئابرويى بار ئادەم ، ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدۇ. داۋاملىق پايلاپ كۆزەت ، ئىشىك ئەتراپىدىن نېرى كەتمە ، شۇ چاغدا بىرەر ئاساسقا ئىگە بولىسەن . خوتۇنىڭنى قۇچاقلاپ سىپسىق ئوسۇرۇپ پۇشۇلداپ ياتساڭ ، ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىڭغا كېلىپ جىنايىتىنى ئاشكارلىمايدۇ. ... مانا بۈگۈن زاكىر ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىككى ئادىمىنى پايلاپ يۈرۈپ بايقىدى . ئۇ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنى ئەمدى مۇكاپاتلايمىز.
تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپىنى سوراق ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئۆلتۈرۈۋەتتۇق . بولدى ، چىقىپ كېتىپ ئىشىڭنى قىل .
ئۇ << خوش ، خوش >> دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى . << زاكىر ئەمدى مۇكاپاتلىنىدۇ >> دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.
_مۇشۇ كۈنلەردە ئايسخان بىلەن تازا ياشاۋاتىسىز - ھە ! -دېدى لەنشىك باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋۇ شاۋتەنگە .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇ مۇھىم ئادەم ، خەۋەرچىم دىگىنە ، - دىدى ۋۇ شاۋتەن پىخىلداپ كۈلۈپ .
_ ئىشقىلىپ ، ئۇ سىزنى رازى قىلىدۇ. سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالغان ؟
_ ھىكىمباي ئۇنداقلارنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىغۇ ؟- دىدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، - يۈر ، سەنمۇ قىزىپ قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن ، ئاپىرىپ كىلەي .
_ بوپتۇ ، يۈرۈڭ ئەمىسە ، بۇمۇ بۇلارنى بابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى .
_ توغرا دەيسەن ، ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بىرىدۇ ئەمەسمۇ ؟ نىمە دىگەن كالۋا خەلق بۇ ...
ئۇلار پاراڭلاشقاچ ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كىتىشتى .
سوغۇق ئۆيدە ئابدۇللا بىلەن راخمان سۆزلىگۈدەك ماجالى يوق مۇزلاپ ياتاتتى. قانغا بويالغان بەدەنلىرى بارا - بارا قىتىشقا باشلاۋاتاتتى. ئۆينىڭ ھەممە يىرىدىن مۇزدەك سوغۇق يىغىپ تۇراتتى. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالدى . ئۇلارنىڭ تىنىگە ئاستا - ئاستا ئىسسىق يامرىغاندەك بولدى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئىللىق چىراي بىلەن گۈزەل بىر باھار پەسلى كۈلۈپ ، نۇرلىنىپ كىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . كىيىن ، كىيىن ... كۆزلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.
بۇلار ئابدۇقادىر داۋۇت پالۋان بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇچۇن ئەۋەتكەن كىشىلەر ئىدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 11:54:05

Nazakat0909 : ئاللاھ قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 16:22:27

باھادىر كۆپ رەھمەت سىزگە ! بۈگۈنكى مۇشۇنداق بەختلىك كۈنلەرگە ئەنە شۇنداق قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزنىڭ ھەسسىلەپ قۇربان بىرىشىدىن ئىرىشكەن ، شۇڭا ھەر بىر كۈنىمىزنى قەدىرلەپ ، ھەر بىر كۈنىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرىپ قىلساق دەيمەن ! شۇنداقلا ھازىرقى تىچلىق ئۇچۇن قۇربان بەرگەن شۇ قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزمۇ بىزدىن رازى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-21 18:48:52

[color=Blue][size=4]ئون بىرىنجى باب ئەقىل چىرىغى

1

ۋەزىيەت جىددىيلەشكەنسىرى ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى ھەدەپ يۇقىرىدىن ئەسكەر كۈچى تەلەپ قىلدى .
1944- يىلى دىكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ، گومىنداڭ غەربىي فرونت قوماندانلىق شتابىدىن چىن تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىسى مول ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك دەپ قارالغان بىر تۈەن ئەسكەر بۇ يۇرتقا قىزغىن تەنتەنىلەر ئىچىدە كىرىپ كەلدى . خەلق بۇلارغا قاراپ غەزەپلىك ھومىياتتى.
چىن تۈەنجاڭ ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇپ ، ئۇيان - بۇيانغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كىلەتتى.
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك خادىملار چىن تۈەنجاڭنى خوشامەت كۈلكىلىرى بىلەن قارشى ئىلىۋاتاتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن ، يولۋاسبەگ ، ھىكىمباي ، موللا شاڭيۇ ، موللا نىياز ئاخۇنۇم ، زاكىر قۇلاق ... لار ھىجايغىنىچە تولىمۇ بىچارە ھالدا چاۋاك چىلىشاتتى.
كىشىلەر بۇلارغا قاراپ بوش شىۋىرلىشاتتى.
_ قارا ئاۋۇلارنى ، خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ....
_ ئاۋۇ بەدنىيەت ئەمدى يەنە نىمە ئىشلارنى قىلار ؟
_ ھەي ، بىزنىڭ بىشىمىزغا ئىغىر كۈن چۈشىدىغان بولدى .
_ بۇلار ئارشاڭ پارتىزانلىرىنى يوقىتىۋىتەلەرمۇ ؟
_ كىم بىلىدۇ ، ھەي ئۇلارغا تەڭ كىلەلمەيدۇ ، بۇلار نەچچە قىتىم يوللاردا دەككىسىنى يىدى ئەمەسمۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ۋۇ شاۋتەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئات چۇلۋۇرىنى بىر ئەسكەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى - دە ، چىن تۆەنجاڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ :
_ هارمىغايلا ... جاپا چەككەنلا ... - دېدى .
_ ئانچە ئەمەس ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ۋۇ شاۋتەنگە قارىماي تۇرۇپ ، - ۋەن سىلىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
_ ئىشخانىدا سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ، - يۈرسىلە مەن باشلاپ كىرەي ...
ئىشخانىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ، تاماكا چېكىپ ، ئېغىر خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغان ۋەن گوتەي چىن تۆەنجاڭنى كۆرۈپ ئورنىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇردى .
_ سالامەت كەلدىڭىزمۇ ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ . مەن ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم ، كۆپ ئادەملەرنى كۆرسەم بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالدى ، - دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئاستا ئولتۇرۇپ ، - چىن تۆەنجاڭغا چاي كەلتۈرۈڭلار .
_ مانا هازىر ، - دېدى بىر ئەسكەر .
_ چايدىن كېينلا ياخشى تاماق قىلىڭلار ، ئەسكەرلەرمۇ ئوبدان غىزالاندۇرۇلسۇن .
_ خوپ هازىرلا ئورۇنلايمەن .

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-23 17:42:30

[color=Blue][size=4]ۋەن گوتەي ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرنى باشقۇرالماي ، ياردەم تەلەپ قىلغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتاتتى. ۋىجدانى خورلانغاندەك هېسياتتا بولۇۋاتاتتى. ما تۆەنجاڭنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولغانىدى. ئۇنى شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ هېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنتىۋەتتى.
_ ئاڭلىسام ، _ دېدى چىن تۆەنجاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، - ئىلى ئوغرىلىرى ئارشاڭنى ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇمىش ، ئۇلار تۆت توكتوك ئادەملەر، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇنچە قىيىن ئىش ئەمەس. ۋەن سىلىڭ ئۇلارنى ئۆزلۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن ، سىلەرگە بۇ يۇرتنى ئامان - ئېسەن تاپشۇرۇپ كېتىمەن . ۋاقتىممۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس - هە ...
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ۋەن گوتەينىڭ يۈرىكىگە تېگىپ ، ئىچىنى ئاچچىق قىلىۋېتەتتى.
_ دېگىنىڭىزدەك بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى . بۇ يالاڭتۆش سالتاڭلار بەكمۇ هەددىدىن ئېشىپ كەتتى. تازا بىر ئەدىپىنى بەرمەي بولمايدۇ. هەممىنى قىرۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ .
_ يالاڭتۆش دېگەن بىلەن بۇلارنىڭمۇ پاراكەندىچىلىكى يامان بولۇۋاتامدۇ ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ، - كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، مانا مەن كەلدىمغۇ ؟ هەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بىز يەنىلا بۇ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرىمىز..
_ هازىر دەم ئېلىڭ ، كەچتە زىياپەت قىلغاچ يىغىن ئاچايلى ، شۇ ۋاقىتتا بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى ، - دېدى ۋەن گوتەي هارغىن هالدا .
_ بولىدۇ، ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىز.
_ ۋۇ جۈيجاڭ ، پارقىراپلا قاراپ ئولتۇرسىزغۇ ؟ ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ .
_ بولىدۇ ، ۋەن سىلىڭ بۇيرۇقلىرىغا هەر زامان تەييارمەن ، - ۋۇ شاۋتەن ئېگىلىپ تازىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.
كەچلىك زىياپەت باشلىنىپ ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن داۋام قىلدى .
_ چىن تۆەنجاڭ سىلىگە ئوبدان قىزدىن بىرنى تېپىپ قويىدۇم ، كەچتە پەيزى قىلىپ كېلەملا قانداق ؟
_ ئاۋۋال ئۇرۇش ئاخىرلاشسۇن ، ئاندىن ئوينايلى ، قانداق ۋۇ جۈيجاڭ ؟ كۆڭلىڭىزگە رەهمەت .
_ ياخشى ، ياخشى ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ - سىلىنى دانا ، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول ، بىلىملىك دەپ ئاڭلىدۇققۇ ؟
_ يوغۇسۇ ، يوغۇسۇ ، نەدىكىنى ؟- دېدى چىن تۆەنجاڭ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ ، چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ .
_ ۋۇ جۈيجاڭ يەنە خوتۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە ؟- دېدى ۋەن گوتەي . ئۇلارنىڭ چىن تۆەنجاڭغا خوشامەت قىلىشلىرىنى كۆرەلمىگەندەك .
ۋەن گوتەينىڭ سۆزىدىن هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
_ ۋۇ جۈيجاڭغا نۇرغۇن قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ قويىدۇم . قانىدىغان ئادەم ئەمەسكەن بۇ ؟- دېدى هېكىمباي بىچارىلەرچە قىياپەتتە.
_ سەتەڭ تەتەيلەردىن بىرنى تېپىپ قويىغىن ، ۋۇ جۈيجاڭ قانمايدىغان ئىش بولسا ، - دېدى لەنشىڭ .
_ مەنمۇ تاپقان ، - دېدى ئىسمائىل شەنگوەن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي .
_ ۋۇ جۈيجاڭ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ كەتتى . ئوينىسا - ئوينىسا قانمايدۇ ، - دېدى ۋەن گوتەي زەهەرخەندىلىك بىلەن . ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ تولغىشىپ كېتىشتى . بۇ گەپ يولۋاسبەگنىڭ جېنىغا تېگىپ ، بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى . كېيىن زورىغا كۈلۈپ قويدى . ياڭ هاكىم بۇلارغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك قىلاتتى.
_ ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى ، ۋاقىت قىس ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ئەتراپىغا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ ، - بۇ يەردە يۇرت چوڭلىرىمۇ ، باشقا هۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ هەممىسى باركەن ، نۆۋەتتىكى بىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىمىز ئارشاڭدا ئىلى ئوغرىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلىپ ، ئوغرىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش . شتاب رەهبەرلىرى مۇزاكىرلىشىپ مېنى ئەۋەتتى. ئەمدىكى گەپ : ئەسكەرلىرىمىز كۆپ ، بۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلاش ، قولىغا پەلەي هەل قىلىش مۇهىم . جەڭنىڭ غەلبە قىلىش ئۈچۈن شارائىتنى ياخشىلاش ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بار ئامالالارنى قوللىنىش لازىم . چۈنكى ئۇرۇش قىلىدىغانلار ئەسكەرلەر -


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ده ... _ ئۇ ئۆز ناتىقلىقنى كۆرستىپ قويماقچى بولۇۋاتقانىدەك خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋەن گوتەي تولىمۇ بىزار بولدى .
_ قېنى ئولتۇرغانلار بىر نېمە دەپ باقسۇن !- دېدى ۋەن گوتەي بۇ زىياپەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ .
_ سىلەر ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمىز، - دېدى ۋۇ شاۋتەن قەتئىيلىك بىلەن ، - مانا بايىلىرىمىزمۇ ئولتۇرۇپتۇ ، بۇلار تۇرغان يەردە بىز نېمىدىن غەم قىلاتتۇق، قالغىنىغا پۇقرا بار. قانداق بايۋەچچىلەر.
_ توغرا ، توغرا، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، - دېيىشتى بار - مۆتىۋەرلەر قىزىرىپ ، تاتىرىپ كېكەچلەپ تۇرۇپ .
_ بۇنى مۇنداق قىلايلى . لەنشك ، ۋۇ جۇيجاڭ ، ئىسمائىل شەنگۇەن سىلەر ماۋۇ بايلارنىڭ ئۇنىدىن ئېلىپ ناۋايلارغا ئون بەش مىڭ دانە نان ياقتۇرۇڭلار ، يەنە كاسىپلارغا بىر مىڭ بەش يۈز جۈپ پەلەي تىكتۈرۈپ ئۆگۈنلۈككە سەھەرگە ئۈلگۈرتۈڭلار . بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاش ئۆزۈڭلارگە باغلىق ، ۋەزىپە ئورۇنداالغاندىن كېيىن سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، - دېدى ۋەن گوتەي چىن تۆەنجاڭغا قاراپ قويۇپ .
_ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇردىڭىز ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ .
زىياپەت بىردە يىغىن ، بىردە ئويۇن بىلەن خېلىغىچە داۋاملاشتى. [size][/color/]

---

يولغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-23 22:36:00

ئىت هارامزادىلەر!!!!

مۇناپىقلىق دېگەن ھەجەپ پەسكەش بىر ئىش ھە.....
ھارماڭ دوستۇم نازاكەت! ئەمدى ئويۇن كورىدىغان ۋاقىت كەلگەندەك قىلىدۇ...

---

يولغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 12:21:13

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

ئەتىسى سەھەردىلا ۋۇ شاۋتەن بىر قانچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ، بورتالادىكى چوڭ ناۋايخانىدا پەيدا بولدى .
_ ھەر ، نۇراخۇن ، ئەمەت ئۇستام ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر ؟
_ ياخشى ، ۋۇ جۇيجاڭ ، سىلەرنىڭ شاپائىتىڭلار بىلەن ، - دېدى نۇراخۇن ئۇستام ئاچچىق قىلىپ ، ئۇنىڭ خالتىلاشقان يۈزلىرى قورۇلۇپ ، گۆشسىز قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەندى . ئۇ << بۇنىڭ كېلىشىدە بىرەر شۇملۇق بار >> دەپ ئويلىدى.
_ مەن ئالدىرايمەن ، - دېدى ئۇ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، - مەن سىلەرگە يېڭى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم . ۋەزىپەڭلار ئېغىر ، سىلەر يەنە بىر قانچە ناۋايلارنى تېپىپ ئەتە سەھەرگىچە ئون بەش مىڭ ناننى ئۈلگۈرتىسىلەر ، ئۇننى بىز ئەكېلىپ بېرىمىز...
_ ئون بەش مىڭ ، ئەتە سەھەر ... - دەپ چىرايى ئۆڭدى ئەمەت ئۇستامنىڭ .
_ ھەئەت ، ئون بەش مىڭ ناننى ئەتە سەھەرگە ئۈلگۈرتىسىلەر ، مەن ناھايىتى ئېنىق دەۋاتىمەنغۇ ؟ ئۇقمايۋاتامسىلەر ؟
_ بۇنچىۋالا ناننى قانداقمۇ يېقىپ بولغۇلۇق ، - دېدى ئەمەت ئۇستام خېمىر يۇغۇر قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ .
_ ئەگەر ئەتە سەھەرگىچە نان ئۈلگۈرمىسە ، بىزنى رەھىم قىلمىدى دەپ قالماڭلار . ۋەزىپە ئورۇنلانسا سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇننى بىردەمدىن كېيىن ئەكېلىپ بېرىلىدۇ. مەن كەتتىم ئەمسە ، شۇنداق بولسۇن !
بۇلار ئۇن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.
_ نېمە ئىش بۇ نۇراخۇن ؟ بۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.
_ ئاۋۋال ئويلىشىپ كۆرەيلى . بىرەر ئامال چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.
_ ناننى ياقماقتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن دەيسىلەر ياكى سىلەر قېچىپ كېتەيلى دېمەكچىمۇ ؟
_ بالا - ۋاقنى تاشلاپ نەگىمۇ قاچىمىز ئەمەت ، بىز ئۇزۇن يىل ناۋايچىلىق قىلغان ئادەملەر ، - دېدى نۇراخۇن ئۇستام ئويلىنىپ تۇرۇپ ، - بۇ ناننى ياقماي ھەرگىز قۇتۇلالمايمىز. باشقا ئۇستاملارنىمۇ چاقىرىپ كېلەيلى .
_ نېمە دەۋاتىسىلا ، بۇلار بىزنى بوزەك قىلىۋاتسا ، ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتسا ، يەنە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم قىلامدىمىزمۇ ؟ ياق ، مەن ياقمايمەن . بۇ ئىشنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ...
_ قايىنىمسىلا ئەمەت ئۇستام ، بۇ كاللىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن ، ئامال بار...
_ قانداق ئامال ؟- ئالدىراپ سورىدى ئەمەت ئۇستام .
_ قارسىلا ، خېمىرىنى چالا ئېچىتىمىز - دە ، تونۇرنى بولۇشىغا قىزدۇرۇپ ، ناننى ياقساق كۈچلۈك ئوت تەپتىدە ناننىڭ يۈزى قىزىرىدۇ ، بىز شۇ ھامان ناننى سويۇپ ئېلىۋېرىمىز ...
_ ھا .... ھا.... ھا... ئاجايىپ ئامم - دە ، سىز ، ئۇ چاغدا بىز بۇلارغا ياردەم قىلماي ، ئۆز ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلغان بولىدۇقمۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ شۇنداق ، نان سوغۇقتا چىققان هامان چۆيۈندەك قاتىدۇ - دە ، ئۇ بىر تاشقا ئايلىنىدۇ.
_ كارامەت ئەقىل بولدى -دە بۇ ، مېنىڭ بۇنى ئويلىمىغانلىقىمنى قارا ، ئەستا ، ئەمدى مەن باشقا ئۇستاملارنى چاقىراي ، هە ، هۇ بىلەنلا بىر تەرەپ قىلۇۋېتىمىزغۇ ئۇنى ، - ئۇ بۇ ئەقىلدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.
************************

تىككۈچىلەر ئىشخانا ئىچىدە لەنشىگىغا هەر خىل بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، قاقشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ئادەملىرىگە قارا كۆڭۈللۈك قىلىشنى خالىمايۋاتاتتى.
_ بۇنى قانداق قىلغۇلۇق ، شۇنچە كۆپ پەلەينى ئەتە سەهەرگىچە قانداق ئۈلگۈرتكىلى بولىدۇ ؟
_ بۇ بىزنى تەتۈر قىينىغانلىق بولىدىغۇ ؟
_ هۇنەرۋەن بولغانغىمۇ تويدىغۇ ئادەم .
_ بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ؟ نېمە تارتقۇلۇق ؟
_ بىز بۇنى قىلالمايمىز.
_ قىلساڭمۇ قىلىسەن ، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن ، بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ جىددىي بۇيرۇقى ، ئەگەر قىلمىساڭلار بارار يېرىڭلارنى ئويلىشىپ قويۇڭلار ، سىلەر هۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ ، مۇشۇنداق قىلساڭلار هۆكۈمەتكە قارشى ئىش قىلغان بولىسىلەر . ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ ؟- لەنشىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەيتتى، پوپوزا قىلاتتى. گاهىدا تىللاپمۇ سالاتتى.
_ بولىدۇ ، لەنشىڭ ئۇكا ، بىز قىلايلى ، سىلىمۇ سۆزلەپ چارچاپ قالدىلا ، ئارام ئالسىلا ، - دېدى باياتىن بېرى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن هاشىماخۇن ئۇستام ، - يۈرۈڭلار بېرىپ ئىشقا چۈشەيلى .
هەممىسى هاشىماخۇن ئۇستامغا ئالىيىپ قاراشتى .
_ هە ، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ، ياخشى ، ناهايىتى ياخشى ، ئۇنداق بولسا قايتىپ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار ، بۇ دېگەن كاللا بىلەن ئويىنىشىدىغان ئىش ، - دېدى لەنشىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ . ئۇنىڭ كاللا دېگەن سۆزى هەممىسىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى- دە ، شۇ هامان موللاق ساقالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى .
_ قورقۇپسەن -دە هاشىماخۇن ، بۇلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلاپ قاپسەن - دە - دېدى يۈسۈپ ئۇستام ئاچچىق قىلىپ .
_ نېمە دەيدىغانسىلەر يۈسۈۋاخۇن ، ئىش دېگەننى پەم ، ئەقىل بىلەن قىلىش كېرەك .
_ نېمە ئەقىل ئويلىشىپ كەتكەنسىلەر ، تايىنلىق ، هەي ئۆز ئادەملىرىمىزگە قانداق يۈز كېلەرمىز ؟
_ هەي مۇشۇ هاشىماخۇن ئېغىزى ئىتتىكلىك قىلىپ قالدى .
_ توختاڭلار ، ئاۋۋال بۇنىڭ تاپقان چارىسىنى ئاڭلاپ باقمامدۇق . قېنى سۆزلەڭلار هاشىماخۇن ؟
_ قاراڭلار ، مۇنداق قىلىمىز ، خام تېرە ئارقىسىغا بولشىچە شۇ پۈركەپ باستۇرۇپ قويىمىز . تېرە يۇمشىغاندىن كېيىن ، ئۈستىگە ئاق ئۈنى سېپىپ ئاقارتىمىز - دە ، ئالماپ بولشىغىلا تىكىپ قويىمىز ، ئۇ سوغۇقنى كۆرگەندىن كېيىن ....
_ ها .... ها... ها...
هەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ ، خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.
_ يارايسەن هاشىماخۇن !
_ سىلىنىڭ كاللىنى سېتىۋالغۇدەكلا كاللىكەن .
_ سېتىۋېلىپ ۋەن سىلىڭغا سوۋغا قىلاي دەمسەن .
ئۇلار يەنە كۈلۈشتى ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇلارغا هەيرانلىق قارىشاتتى.

داۋامى بار ....

ئىبادەت ئەسلىدە خەلققە خىزمەت قىلىش ،
مەسچىت ، جەينامازدا ئەمەس بۇ ئىش . _ سەئدى شىرازى . [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 12:57:19

پاھ.... قىزىپ كېتىدىكەندە ئەمدى هاهاهاها....... قېنى تاماشىنى بىر كورەيلى! داۋامىنى تىزرەك دوستۇم نازاكەت!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 17:23:05

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئون ئىككىنجى باب يانغىن .[/size] [/center]
[center]1[/center]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى باشلاپ تاڭ سەھەردە ئارشاڭغا يېتىپ بارغاندا ، ئىلى پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى بارا - بارا چېكىندۈرۈپ ، ساقچى ئىدارىسگە سولىشۋالغانىدى.
_ سالامەت كەلدىڭلارمۇ ؟ - دېدى غېنى باتۇر يوغان قولىنى داۋۇت پالۋانغا سۇنۇپ .
_ سالامەت كەلدۇق . ئۆزۈڭلار قانداقراق تۇردۇڭلار ؟
_ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، بۇلارنى ساقچى ئىدارىسگە قامىۋالدۇق . بۇلارنىڭ قورال كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن .
_ بىز ئەمدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمنى تېزلىتەيلى ، خەلق ئازادلىققا تەشنا .
_ بۇ ھەممىگە ئايان ، - دېدى غېنى باتۇر قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ، - سىلەر بىزگە كۆپ ياردەمدە بولدۇڭلار ، كېچە - كېچىلەپ قاتناپ ئالاقىلىشىپ تۇردۇڭلار . يول - يوللاردا دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ تۇردۇڭلار . ھەممىڭلار ھەقىقى ئۆلۈمدىن قورقماس ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر . ئەركەك دېگەن ئەنە شۇنداق بولسا بولىدۇ .
_ بۇ ئىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيتى . سىلەرمۇ بىزنى ئوق ، دورا ، ملتىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردۇڭلار ...
بۇ كېلىشكەن ، بەستلىك ئىككى پالۋانغا ھەممىسى زوقمەنلىك بىلەن تويماي قاراشتى .
_ سىلەرنىڭ ھېلىقى بايخان دېگەن ئادىمىڭلار ئادەمنى ھەيران قالدۇردىكەن ، ئۇ جاڭ - جاڭ سوغۇقتا بۇ يەرگە نەچچە قېتىم كەلدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ بەك ئورۇنلۇق ، ئادەمنىڭ ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
- شەھەردە تەشۋىقات ئېلىپ بارىمەن ، بىرەر ئىش بولسا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن ، دەپ كېتىپ قالدى ... - دېدى داۋۇت پالۋان بايخاننىڭ ھاياتىدىن سەل خەۋپسىرەپ .
_ ما تۇەنجاڭ بۇ تەرەپكە كەپتىكەن ، ئۇ ئىلىغا بارىمەن دەپ كېتىپ قالدى . ئۇ خېلى جىگىرى بار نېمىكەن .
_ ئۇ سىلەرگە ياردەمدە بولىمەن دەپ كەتكەن ... ئىلىغا كېتىپتۇ - دە ...
_ داۋۇت ، - دېدى غېنى باتۇر كەسكىن قىلىپ ، - بىز ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىۋېلىپ ، ئۇلارغا قارشى ھوجۇمنى باشلايلى .
_ بولىدۇ ، يۈرەكتىكى گەپنى قىلدىڭ .
ساقچى ئىدارىسدا گومىنداڭچىلار تولۇق قوراللىنىپ ھېچكىمگە بوش كەلمەيدىغاندەك ئەلپازدا ياتاتتى.
پارتىزانلار ساقچى ئىدارىسنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دۆڭ تەرەپكە بىر پىلىموت قۇرۇپ ئوت ئېچىپ ، دۈشمەننىڭ پۈتۈن دىققىتىنى دۆڭ تەرەپكە قاراتتى. گومىنداڭچىلار پارتىزانلارنىڭ دۆڭ تەرەپتىن كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، شۇ تەرەپكە قاراپ ئوت ئېچىۋاتاتتى.
قارا قاۋان بىلەن ئاسىم دوختۇر قاتارلىق بىر قانچەيلەن ساقچى ئىدارىسنىڭ تېمىنىڭ ئاستىدىن تېشىپ ، ساقچى باشلىقى ئاساسلىق مەھبۇس دەپ تۇتۇپ ئايرىم كامېرغا سولاپ قويغان سالام دېگەن كىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى . بۇ كىشى ئىلى پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئارشاڭغا يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن كىشى بولۇپ ، ئىشپىيونلارنىڭ ئاشارىلىشى بىلەن تۇتۇلغانىدى . يەنە باشقا مەھبۇسلار نېرىدىكى كامېرلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال بولمىدى .
ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ ، بۇ ياقتىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلانغانىدى . پارتىزانلار باتۇرلۇق بىلەن ئالغا قاراپ ، ئاستا - ئاستا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . دۈشمەنلەر ئەمدى ئوت كۈچىنى بۇلار تەرەپكە قاراتتى. مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلار پارتىزانلارنىڭ ئۈستى - باشلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى دۈشمەن كۈچلىرىنى يوقىتىشقا مەركەزلەشكەچكە ، ھېچنىمىگە قارىماي ئالغا ئىلگىرلەيتتى. ئۇلار << ئۆلۈم >> دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكمۇ قىلاتتى. ئۇلار ئاپئاق قارلار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيتتى.
گاھىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلىپ ، ئۆرە تۇرۇپ يۈگۈرۈپمۇ كېتەتتى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ياقۇپ ، كامىل ، نىياز ، ئابلا قاتارلىق بىر قانچە پارتىزان يىگىتلەرگە ئوق تېگىپ يىقىلدى . قىپقىزىل قانلار ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن ئېقىپ ئاپئاق قارلارنى ئېرىتىپ ، ئانا تۇپراق باغرىغا سىڭمەكتە ....
داۋامى بار....

لەشكەرنىڭ ھەممىسى بولالماس باتۇر،
دەشتتە شىر ، بۆرە ھەم قاشقىر باتۇر. ____ خۇسرەۋ دېھلىۋى [/size][/color]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 12:39:14 28-3-2007

[color=Blue][size=4]_ دوستۇم كامىل ، ياقۇپ ....
_ دوستۇم ئابلا ..... نىياز ....
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان غەزەپ - نەپرەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ، كۆزلىرىگە ھېچ نەرسىنى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قويدى .
_ ھۇجۇم ! باتۇرلارچە ھۇجۇم ! - داۋۇت پالۋان ئۆزىنى تۇتالماي جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى .
بۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا قورال بولغانلىدىن سىرىت ، كۆپىنچىلىرىدە نەيزە ، توقماق ، ئارا ، كەتمەنلا بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ ، دۈشمەنگە قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرلەۋاتاتتى.
_ قاراملىق قىلمايلى داۋۇت ! - دەپ ۋارقىرىدى ئورۇق ۋىجىكرەك كەلگەن ئېردەنى بۇلاردىن ئەنسىرەپ .
غېنى باتۇر بۇ شىر يۈرەك ئەزىمەتلەردىن پەخىرلىنىپ كەتتى . ئۇمۇ بۇلارنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.
_ ھۇجۇمنى تېزلىتىپ ، ئۇلارنى قوغدايلى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

پارتىزانلارنىڭ زۇلۇم دەستىدىن ئېزىلگەن يۈرەكلىرى ئۆز ئەركىدە تېپچەكلەپ ، قەلبىدە قىساس ئوتلىرى يالقۇنجىماقتا ئىدى . بۇ ئوت ئۇلارغا بىر مىنۇت تەخىر قىلىشقا پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى.

گومىنداڭچىلار بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ، ئاق بايراق چىقاردى - دە ، ئوت كۆچىنى توختاتتى.

_ توختاڭلار ! - غېنى باتۇر گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق ئاۋازدا خىتاب قىلدى .

پارتىزان يىگىتلەر نارازى بولۇشقاندەك قىلىشىپ ئورۇنلىرىدا توختاشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ، قىساس ئۇچقۇنلىرى چاچراپ ، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە نەپرەت بىلەن قارىشاتتى.

_ ئۇلار بىرەر ھىيلە ئىشلەتكەن بولمىسۇن . ئاۋۋال ئادەم كىرگۈزۈپ كۆرۈپ باقايلى ، - دېدى غېنى باتۇر ئىردەنگە قاراپ .

_ كىمنى كىرگۈزىمىز ؟- دېدى ئېردەنى .

_ بىز مۇشۇ يەردىكى ئىككى خەنزۇ ئەمەلدارنى كىرگۈزۈپ باقايلى . ئۇلار خەۋەر ئېلىپ چىققاندىن كېيىن بىز كىرەيلى .

_ نېمشقا ئادەم كىرگۈزۈپ يۈرىمىز ! - دېدى داۋۇت پالۋان خاپا بولۇپ ، - باستۇرۇپلا كىرىپ جىمقتۇرۇۋەتمەمدۇق .

_ توغرا ، توغرا ...

_ شۇنداق قىلايلى .

_ نېمشقا ئادەم كىرگۈزۈپ يۈرىمىز ؟

_ ئادەم كىرگۈزۈپ ئۇلاردىن قىز سورامتۇق .

پارتىزان يىگىتلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ كېتىشتى .

_ ئەل بولغانغا قورال ئىشلىتىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، - دېدى غېنى باتۇر تەمكىن ھالدا، - قان تۆكۈشنى ئازايتىپ ، غەلىبنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرشايلى !

_ بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، - دەپ ۋارقىرىدى قاسىم جودا .

_ ئاۋۋال ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈپ ، ئەھۋال ئىگىلەپ باقايلى . ئاندىن بىرگەپ بولار . ھازىر بىز ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈۋېتىپ ، قۇربان بولغان پارتىزانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكدە قويۇۋېتەيلى .

بۇنى ئاڭلىغان پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ كىچىك تىنىشتى - دە ئېغىر << ئۇھ >> تارتىشىپ ، بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراشتى ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

ئەلچىلەر كىرگەندە ساقچى باشلىقى لۇ خې باشلىق ئەمەلدارلار ھاراق ئىچىپ كۆلۈشكىنىچە ئولتۇراتتى. بۇلار شۇ تاپتا يۇقىرىدىن كېلىدىغان ئەسكەر كۈچىنى ساقلاپ ، ئۆزلىرىنى خاتىرجەمدەك ھېس قىلىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر خىل قورقۇنچ ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ خىل قورقۇنچنى ئۆزلىرىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىپ ، زورىغا كۈلۈشۈۋاتاتتى.

_ ھە كىرىپ قاپسىلەرغۇ ؟ قېنى ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى لۇ خې رومكىنى قولغا ئېلىپ ، ئۆزىنى ئورۇندۇقتا ئەركىن تاشلاپ ، - بىز ئاق بايراق چىقاردۇق ، ئۇلار يەنە نېمە دەيدۇ ؟

_ ئۇلار سىلەرنى چىرايلىقچە قورال تاپشۇرۇپ ، ئەل بولسۇن دەيدۇ ، - دېدى ئورۇقراق كەلگەن ، قىزىل يۈز بىرى ئورۇندۇقتا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ .

_ بىز ئۇلارنىڭ تەلپىگە قوشۇلىمىز ، ئەتە قورال تاپشۇرىمىز . سىلەر چىقىپ شۇنداق دەڭلار ، - دېدى ئۇ خالتىلاشقان يۈزلىرىنى سىلاپ ، قىزارغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ، - سىلەر ئالدىرىماي بىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ ، بىر - ئىككى رومكا ئىچىڭلار .

_ بىز خەۋەر يەتكۈزمىسەك بولمايدۇ. بىز چىقايلى .

_ ئىچىپ قويۇڭ ، ئېلىڭ ، - دېدى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، پۇشۇلداپ كەتكەن بىر ئەمەلدار ئۇلارغا ھاراق تەڭلەپ ، - ئۆز ئادەم ...

_ ماقۇل ، ئۇنداق بولسا بىر رومكىدىن ئىچىپ قويايلى .

ئۇلار رومكىنى قولغا ئېلىپ ، ھېجايغىنىچە ، تازىم قىلىپ رومكىنى كۆتۈرۈشتى .

_ ماقۇل ، ئەمسە بىز چىقايلى .

_ ماقۇل ، شۇنداق دەرسىلەر - ھە ...

ئەلچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، لۇ خېي :

_ ھا .... ھا... ھا ... بۇلارنى قىلتاققا چۈشۈردۇق ، 0 دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېرىلىپ كەتتى، - مەن سىلەرگە ئەمدى ئويۇن قويۇپ بېرىمەن ، - دېدى ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى يۇمۇشلاپ ، - بۇلارغا بوش كېلىدىغان ئادەم يوق . قېنى ئەمسە ئويۇننى باشلايلى ، كۆڭۈل ئاچايلى .

ئەتراپتىكىلەر نېمە ئويۇندۇ ؟ دېگەندەك قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى .

_ نېمە ئويۇن كۆرستىسىز لۇ جۇيجاڭ ؟- دېدى بىر ئەمەلدار ئۇنىڭغا بېشىنى ئېگىپ يېقىنلاپ .

_ مۇھاپىزەتچى ! - دەپ ۋارقىرىدى لۇ خې ، _ تۈرمىدىكىلەرنى ماڭا بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ بەر.

_ خوپ ، باشلىق ! - دېدى يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەر تىك تۇرۇپ ، ئاندىن تاقىلداپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

تۈرمىگە قامالغان ئون بىر نەپەر ئۇيغۇر ، قازاق ، مۇڭغۇل مەھبۇسلىرى تۈرمە ئىشكىدىن بىر - بىرىدىن سۆرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى . بۇلار ئاساسەن ئىلىدىن بۇ يەرگە يەر ئاستى خىزمتى ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى ، ئۇلار بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىدا ، بۇ يەردىكى گومىنداڭنىڭ داڭدار ئىشپىيونى دەكەي بىلەن باراچال بۇلارنى سېزىپ دەرھال لۇ خېغا خەۋەر يەتكۈزگەنىدى ....

لۇ خې سىرتقا چىقىپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ، قورۇغا قاتار تىزىلغان مەھبۇسلارغا تاپانچىسىنى بەتلەپ تۇراتتى.

_ قېنى بىزنى يوقاتماسىلەر ؟ ھارامزادىلەر ! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .

ئامانبەگ مەيدىسىنى كېرىپ ، بۇلارغا قەھرى بىلەن ئالىيىپ تۇراتتى. لۇ خې ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى تەڭلىدى .

_ خۇداغا ئامانەت بۇرادەرلەر ، ئاخىرەتتە كۆرۈشەرمىز ! ياشسۇن ئەركىنلىك ! يوقالسۇن ... _ كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئۇنى يىقتتى . قىپقىزىل قانلار ئاپئاق قارلارنى ئېرىتىپ ، زېمىن باغرىغا سىڭدى.

_ يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ـ يوقالسۇن ۋەھشىي جاللاتلار !
ـ ۋارقىرا قېنى ئوغرىلار ! - لۇ خې تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزۈۋەردى . قوشمان دېگەن بىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۆزىنى ئۆلگەنلەر سىياقىدا قۇربان بولغانلار ئارىسىغا تاشلىدى ...
ـ ياردەمچى قوشۇن تېخىچە كەلمەيدىغۇ ؟- دەپ جىلە بولدى لۇ خې . شۇ تاپتا ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى، - ئەگەر ئەتە چۈشكىچە كەلمەي قالسا ، بىز چېكىنەيلى . قېنى ھېلىقى دەكەي بىلەن باراچال ؟
ـ ئۇلارنى مەن چاقىرىپ كېلەي ، - دېدى بىر ئەسكەر .
ـ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ؟ يەنە كۈتەيلى ...
ئۇلار ئالاقىزادە بولۇپ تىپىرلاشقا باشلىدى .
بىر كېچە ئۆتۈپ ، قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئانا زېمىنغا يورۇقلۇق چاچقاندا ، ساقچى ئىدارىسى تەرەپتىن يەنە خەۋەر كەلمىدى . سوغۇق شامال ھوشقۇيتۇپ چىقىۋاتاتتى. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ ، ئاپئاق قارلار زېمىنغا سېلىنغان پاياندازلارردەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرى مەزمۇن ھالدا چوقچىيىپ تۇراتتى.
ـ غېنىكا ، بىز باستۇرۇپ كېرەيلى ، بۇلار بىزنى ئالداپ ، بەلكىم يۇقىرىدىن ئادەم كۈتتۈۋاتقاندۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئويچان ھالدا .
ـ يەنە بىر قېتىم ئادەم كىرگۈزۈپ باقايلىمۇ ؟- دېدى ئېردەنى .
ـ ئادەم كىرگۈزۈپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئولتۇرامدۇق ، باستۇرۇپلا كىرەيلى ، نېمىگە ساقلاپ ياتىمىز ؟- دېدى قېنى قىزىپ كەتكەن قارا قاۋان .
ـ ئۇلار بىلەن كىرىپ كۆرۈشۈپ قويىمساق سەت بولار ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
ـ باستۇرۇپلا كىرەيلى ، - دېدى قاسىم جودا .
ـ شۇنداق قىلايلى !
ـ شۇنداق قىلايلى !
ـ بۇلار چوقۇم يۇقىرىدىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ ياتىدۇ، ئارشاڭغا ئۇلارنىڭ ياردەم كۈچى كەلسە ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرگىنىمىز ياخشى ، - دېدى ناسىراخۇن .
ـ بولىدۇ ، دېدى غېنى باتۇر ئۆزۈن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ، - ئۇنداق بولسا تەييارلىنايلى ، - ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇربان پارتىزانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالتى قايتا گەۋدىلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى .
ھۇجۇم باشلاندى . ساقچى ئىدارىسىغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار يامغۇردەك ياغاتتى. دۈشمەن كۈچلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئوق تەگكەن پارتىزان يىگىتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق سادالىرى پەلەكنى قۇچاتتى. قېنى قىزىپ كەتكەن پارتىزانلار توختاۋسىز ئىلگىرلەۋاتاتتى. ئۇلار شۇ ئىلگىرلەشتە ساقچى قورۇسىغا بۆسۈپ كىردى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي ئالاقىزادە بولۇشۇپ ، قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى . ساقچى باشلىقى لۇ خې قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەتتى.
ياغاچ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىققان قوشمان ئورنىدىن تۇرۇپ لو خېغا ئېتىلدى .
ـ ھۇ ئاناڭنى ، ئىت چوشقا ، جاللات ، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ، - ئۇ شۇنداق دەپ كېلىپ لۇ خېنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .
ـ بولدى ئاچچىقىڭنى باس، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ قولىنى لۇ خېنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىپ .
ـ ۋاي ئىسىت ، ئاغىنەم ئامانبەگ ! - دەپ ۋارقىرىدى قۇربان ئۆزىنى ئامانبەگنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلار مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى .
ـ غېنىكا ، بۇ يەردە ئىككى جەسەت تۇرىدۇ، - دېدى نېرىقى كامېر ئىشكىدە تۇرغان بىر پارتىزان يىگىت
غېنى باتۇر بىلەن ئېردەنى كامېرغا يۈگۈرۈپ كىرگىنىدە ، غۇلام بىلەن كامىلنىڭ جەستى تۇراتتى. بۇلارنى ئالدى ، ئارقا پېشەپ ئىچىگە لازا ، سۇ ماي قۇيۇپ ۋەھشىي ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . بۇنى كۆرگەن غېنى باتۇرنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن ئېغىپ ، بەدىنى غەزەپ - نەپرەتتىن چايقالدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا فاتىخ مۇسلىموپنىڭ : << غۇلام بىلەن كامىلنى ماڭا ساق - سالامەت ئەۋەتىپ بېرىڭلار ، ئاڭلىسام ھازىر ئارشاڭ تۈرمىسىدە ئىكەن >> دەپ يازغان خېتى كېلىپ ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى - دە ، كۆزلىرىگە ياش پەردىلىرى تارتىلدى .
ـ بىز بۇلارنى قىرىپ تاشلايلى ! - دېدى بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن قارا قاۋان غەزەپتىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ .
ـ ياق بولمايدۇ ، ئاناڭنى !.... - دەپ ئاچچىقلاندى غېنى باتۇر، - يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى : ئەسكەرلەرگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.. مېنىڭ شۇ تاپتا بۇلارنى قىرغۇم يوقما ؟!
ـ كىم بىلەتتى ، بۇنى قىرىپ تاشلايلى غېنىكا!
ـ بولدى ، باشقا گەپنى قويۇپ قۇربان بولغانلارنى بىر يەرگە يىغايلى .
پارتىزانلارنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. قەلبىدە قىساس دولقۇنلىرى شاۋقۇنلايتتى. يۈرەكلىرى ئېغىر مۇسىبەت ، نەپرەت ، غەزەپ ئىلكىدە تېپچەكلەيتتى....

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 29-3-2007 22:18:58

ھەي ئەپسۇس..... ئىنساپ دىيانەتلىك شۇ ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ شۇ ناكەسلەر قولىدا جان بەرگىنىنى......... دوستۇم نازاكەت! ھارماڭ!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

رومانىي ئوقۇپ بارغانسىرى تەسىرلىنىپ كېتىۋاتىمەن!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-30 11:52:20

[size=4][color=Blue]هاۋا بۇلۇتلۇق ، سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ھەريان ئۇچۇراتتى. ئاپئاق قارلارغا پۈركەنگەن زېمىن ئېغىر مۇسىبەت ئىلكىدە قالغاندەك مۇڭلۇق سۈكۈتلەرگە چۆمگەنىدى . ئانچىمۇ يىراقتا بولمىغان تاغلار نېمىدىندۇر غەزەپلىنىپ ، بىردە تولۇلگەندەك كۆرۈنسە ، بىردە ئۆز ئوغلانلىرىدىن پەخىرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا قويۇق يېپىسپ ياتقان يالىڭاچلانغان دەرەخلەر سوغۇق دەستىدىن شۈمشىيىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
سىدىق كۆككۆز بىلەن قاسىم جودا ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.
_ بۇلار شەھەرگە خەۋەر ئېلىپ ماڭغانلار ئىكەن ، - دېدى قاسىم جودا .
_ سىلەر نېمە خەۋەر ئېلىپ ماڭغان ؟- سورىدى داۋۇت پالۋان قەھرى بىلەن .
_ بىز تۆتەيلەننى شەھەرگە بېرىپ ، ئەسكەر تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن ، - دېدى بىرى ئىنجىقلاپ .
_ قالغان ئىككەيلەن قېنى ؟
_ ئۇلار شەھەرگە كىرىپ كەتتى.
_ بۇلارنى قانداق قىلىمىز غېنىكا ؟- دېدى داۋۇت پالۋان . ئەمدى تەييارلىقنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارغا قانداق زەربە بېرىش ھەققىدە ئويلىشايلى !
بايخان بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىپ شەھەردىكى ئەھۋاللارنى ۋە چىن تۆەنجاڭ باشچىلىقىدا بىر تۆەن ئەسكەرنىڭ بورتالادىن بۇ تەرەپكە ئاتلانغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇپ ، يەنە قاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى . غېنى باتۇر ، ئېردەنى ، داۋۇت پالۋانلار بۇ خەۋەرنىڭ دەل ۋاقتىدا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈلگىنىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ ، ئۇ كىشىنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى .... ئاندىن چارلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، ھوشيارلىقنى ئاشۇردى.
چىن تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۆەن ئەسكەر دەريا ئېقىمىنىڭ جەنۇبى تەرىپى بىلەن تۆپىلىككە كەلگەندە ، ئەتراپنى چارلاۋاتقان پارتىزانلار شتابقا خەۋەر قىلدى .
_ بىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان مۇرىسىنى كېرىپ قويۇپ ، - بۇلاق تەرەپ بىلەن دەريا ئارقىلىق ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرەيلى .
_ سىلەر بۇ يەرلىك ، - دېدى غېنى باتۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، - يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىسىلەر ، ئۇلار كۆچلۈك ، بىز ئاجىز ، بىز ئەمدى ئەقىل - پاراستىمىزگە تايىنىپ ، بۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتىنى ئوبدان بىلىش ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بىر تال ئوقنىمۇ زايە كەتكۈزمەي بۇ قانخورلارغا زەربە بېرەيلى . بىزدە قورال كەم ، كۆپىمىزدە نەيزە ، ئارا، پالتا .... - ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قوغدىغۇچىسى قۇۋان ئۇيان - بۇيان قارىغىنىچە ، بىر ئورنىدا جىم تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىچىلا نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك سىلكىنىپ ، ئەتراپىغا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتەتتى- دە ، يەنە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالاتتى.
پۈتۈن پارتىزانلار جەڭگىۋار ھالەتتە ھەرىكەتكە كەلدى... [/color][/size]

داۋامى بار...

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-31 11:15:22

ئۇرۇش ئەمدى قىزىغۇدەكتە..... قېنى ئەمدى پەيزىسىنى كورىمىز! ھارماڭ نازاكەت!

بۇ ۋاقىتلاردا ئىلىدىكىلەر رايوننى قانچىلىك ئازات قىلىپ بولغان ۋاقتى بولغىيتى ھە؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-1 11:11:12

[size=4][color=Blue]داۋۇت پالۋان ئادەملىرى بىلەن ئىلى پارتىزانلىرى گومىنداڭچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، تاڭغا ئاتاردا زەربە بەردى. ئالدىدىكى بىر ماشىنا توختاپ ، ئەسكەرلەر قىيا- چىيا قىلىشىپ ، ماشىنىدىن سەكرىشىپ چۈشۈشتى - دە ، مىلتىقلىرىدىن قالايمىقان ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. كەينىدىكى توققۇز ماشىنا ئارقىغا قاراپ قاچتى . پارتىزانلار كۆزگە ئىلىنغان دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. پارتىزانلار بارا- بارا ئىلگىرلەيتتى. دۈشمەنلەر چېكىنىپ ، بوكانىڭ يامۇلىغا قاپسىلىپ كىرۋالدى . قوغلاپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار دۈشمەنگە ئۈچ يۈز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مېتىر قالغاندا ، ماكان تۇتۇپ يېتىشقا بۇيرۇق قىلىندى .
_ بىز نېمىشقا توختاپ قالىمىز ؟ باستۇرۇپ كىرىپلا ئۇياق بۇياق قىلىۋېتىپ چىقايلى ، - قاسىم جودا .
_ ھازىرچە مۇشۇ يەردىن زەربە بېرەيلى ، يات !- ئېردەنى قاسىمنى تېز قۇچاقلاپلا يېتىۋالدى . گىرانات ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ پارتىلدى.

_ ئاناڭنى ! - قاسىم جودا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، مىلتىقنى بەتلىدى - دە گىرانات ئاتقان دۈشمەن ئەسكىرىنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. قالغان دۈشمەنلەر بۇ تەرەپكە ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىپ قويۇپ ، بوكا يامۇلغا قېچىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بويىندا ئېسىقلىق تۇرغان گىردە بىر چىشلەممۇ يېيىلمىگەن بولۇپ ، چىشنىڭ ئىزىلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پەلەي كۆرۈنمەيتتى. يان تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن غېنى باتۇر يېتىۋېلىپ ، ئۇلارغا ئوق ئۈزەتتى. مۇشۇ پەيتتە، غېنىغا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان قۇۋان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ غېنىغا ئوق چىقاردى. ئوق ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىنى شىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.
_ غېنىكامغا ئوق تەگدى !
داۋۇت پالۋان بىلەن ئېردەنى ئۆمىلەپ بارغىنچە ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.
_ داۋۇت سەن بېرىپ يىگىتلەرگە ئېيت ، ئېتىشنى توختاتمىسۇن ! دۈشمەنلەر يامۇلغا كىرىپ بولدى .
غېنى باتۇر ئوق تەگكەنلىكى ھەممىسنى ھەيران قالدۇردى.
_ ئوق ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تەگمەي ، ئەجەپ كەينىدىن تېگىپتۇ .
_ بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى ؟
_ كەينى تەرەپكە كىم يوشۇرنۇۋالغان بولغىيتتى.
قۇۋان يەر ئاستىدىن قاراپ ، ئالاقىزادە بولۇۋاتاتتى. غېنى باتۇ بۇنى سېزىپ بولغانىدى. ئۇ قۇۋاننى يېنىغا چاقىرتتى.
_ ئوق دېگەننى ئوغۇل بالا جان چىقىدىغان يەرگە ئېتىش كېرەك ، - دېدى غېنى باتۇر ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ، - شەخسىي ئادەۋەتنى ئۇرۇش ئىچىگە سۆرەپ كىرىشكە بولمايدۇ.
سەن ئوغۇل بالا ئەمەسكەنسەن ، مەن سەندىن رەنجىمەيمەن . قانداق ياشاشنى ، قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىپ قوي ! مەرد ، باتۇرلۇق ئوغۇل بالىنىڭ خىسلىتى ، ئەمدى سېنىڭ بۇ يەردە ئىشىڭ قالمىدى ، چىقىپ كەت !
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشىپ ، قۇۋانغا نەپرەت بىلەن قاراشتى. بەزىلىرى ئېتىۋەتمەكچىمۇ بولدى . ئېردەنى بىرەر ئىشنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، قۇۋاننى يوشۇرۇپ قويدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ، ئېلىخان تۆرىدىن قۇۋاننى ماڭا ئۆۋەتىپ بېرىڭلار دېگەن خەۋەر كەلدى - دە ، قۇۋاننى ئىككى پارتىزان يىگىت ئىلىغا ئېلىپ كەتتى.
غېنى باتۇ ئىمىن بوغۇزنىڭ ئۆيىدە داۋالاندى. كېيىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەچكە ، ئون نەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئىلىغا كېتىلدى.
غېنى باتۇر كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ غەمكىن بولۇپ قېلىشتى.
_ ئۇلارنىڭ نېمە ئۆچى بولغىيتتى.
_ ئات ئىشى دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ئارىلىقتا بىر ئاتنىڭ گېپى بار .
_ غېنى باتۇر ھەققىي ئوغۇل بالىكەن ، ئۇنى يەنە ھېچ ئىش قىلمىدى.
_ مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دېگەنتىم .
_ بوپتۇ ئۇنىڭ رىزقى بار ئىكەن .
بۇ گەپلەر بارا - بارا بېسىقىپ ، پارتىزانلارنىڭ پۈتۈن دىققەت مەركىزى دۈشمەنگە قارىتىلدى .
بوكا يامۇلدا نۇرغۇن ئوت - چۆپ ، ئوزۇق - تۈلۈك بېسىقلىق ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتى بار جايغا جايلىشىۋالغانىدى.
_ بىز ، - دېدى داۋۇت ئېردەنىگە قاراپ ، بۇنداق يېتىۋەرسەك بولمايدۇ. يامۇلدىكى ئوت- چۆپلەرگە ئوت قويىۋېتەيلى ، شۇنداق قىلساق ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئاتلىرىنى يەمدىن قىسقىلى ھەم ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغىلى بولىدۇ.
_ بۇ سەل خەتىرى بار ئىش ، سەللا دىققەت قىلمىسا، چاتاق چىقىدۇ. بۇ جەڭدە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، - ئېردەنى داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى قارام دەپ ئويلاپ ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.
_ ئوت قويىۋەتسەك پۈتىدىغان ئىشقۇ بۇ ، يەنە نېمە ئارىسالدى بولىمىز ؟
_ ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى ، ئاۋۋال سىلەر تۆمۈربات زەڭگىنىڭ يامۇلنىڭ تېمىنى ئېلىڭلار ، بىز كەينى تەرەپتىن سىلەرگە ماسلىشىپ بېرەيلى . سىلەر تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاستا پەم بىلەن ئوت قويساڭلار بولىدۇ، - دېدى ئېردەنى ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ .
_ بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دەپ ئويلىغان ، - دېدى داۋۇت پالۋان قايىل بولماستىن .
_ كەچتە ھەرىكەت قىلىڭلار، تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىدا دۈشمەنلەر ئاز، پەقەت قاراۋۇللار بار ، ئەمما ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلارسىلەر ، قارامىلىق قىلماڭلار، ئۇرۇشتا قارامىلىق ئەسقاتمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى پەنت - ھىيلە ... سەن ئادەملىرىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋەر ، مەن ئادەملەرنى پۇختا قوغداشقا ئورۇنلاشتۇراي.....
<< ھەي بۇ ئېردەنى تولا نەسھەت قىلىدىغان ئادەمكەن >> دەپ ئويلىدى داۋۇت پالۋان ئادەملىرى يېنىغا كېلىۋېتىپ .
_ ھوي داۋۇت ، ئادەملىرىڭ تاماق يەۋالسۇن ياكى پىششىق گۆش ، نان ئاپىرىپ بېرەيمۇ ؟- دېدى قادىر ئاشپەز قازاندىكى شورپىنى چۆمۈچ بىلەن سورۇۋېتىپ .
_ ئۆزلىرى ئالمىشىپ كېلىپ يەيدۇ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ يېنىغاراق بېرىپ ، - مۇشۇ كۈنلەردە ئاكا بەك جاپا چېكىپ كېتىپ بارىسىز، ئورنىڭىزغا ياشلارنى قويساقمۇ بولاتتى.
_ نېمە دەيدىغانسەن ، بۇ دېگەن جاپا ئىش بولامدۇ ، تاماق ئېتىپ بېرىش دېگەن شەرەپ ئىش بولماي ، ياشلار دېگەن قازان بېشىدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يۇرمەي ، دۈشمەن بېشدا يۈرىدۇ. سىلەرمۇ شۇلارنى يوقىتىدىغانلا بولساڭلار، مەن ھەممىنى قىلىشقا رازى...
ــ رەھمەت ئاكا ، مۇشۇنداق دېگەنلىرىڭىزگە ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ .
ــ ھاشىمبايمۇ بىزنى قوي ، كالىلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئادەمگىمۇ رەھمەت دەڭ .
ــ رەھمەت دېمەيدىغان قادىركا ، ھەممىڭلارغا رەھمەت ، خەير ، مەن ئادەملەرنى چاقىرىپ قوياي .
قادىر ئاشپەز ئاپئاق قارلارنى غاچىرلىتىپ دەسسەپ كېتىپ بارغان داۋۇت پالۋانغا قاراپ زوقلىنىپ قالدى .

داۋامى بار..... [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-1 11:35:52

غېنى باتۇرنى خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ ھە...... قېنى پاسكىنا مەينەتلەرنىڭ تاماشاسىنى بىر كورۇۋالىدىغان بولدۇقتە..... ھارماڭ نازاكەت!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-2 11:17:59

[size=4][font=][color=Blue]كەچ ، داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى باشلاپ تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىغا يېقىنلاشتى . قارا قاۋان بىلەن ئاسىم دوختۇر چاققانلىق بىلەن ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئاغزىنى ئېتىپلا ، كۆكسىگە پىچاق ئۇردى. قالغانلارمۇ شەپە چىقارماي كېلىپ قاراۋۇللارنى ئاشۇ ئۇسۇلدا جايلاشتى.
ئۇلار تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئادەملىرىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .
ــ ئەمدىكى گەپ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بوكا يامۇلىدىكى ئوت - چۆپلەرگە ئوت قويۇش .
ــ بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي ، - دېدى قاسىم جودا .
ــ مەن باراي ، - دېدى قۇربان .
ــ مەن باراي ، مېنىڭ بۇنداق ئىشلارغا خېلى ئىپىم بار، - دېدى پارتىزانلار ئىچىدىكى شېرىپ .
ــ مېنىڭمۇ ئىپىم بار، - دېدى ئايۇپ روھلۇق ھالدا ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ، - مەن ۋەزىپەمنى چوقۇم ئورۇنلايمەن .
ــ مېنىڭمۇ ... ــ سىدىق كۆككۆز ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋاتاتتى.
ــ بولدى ، بولدى ، ھازىر تالىشىپ ئولتۇردىغان چاغ ئەمەس، شېرىپ بىلەن ئايۇپ بارسۇن . دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز ناھايىتى يېقىن ، سىلەر ئوت قويۇپ بولۇپلا قايتىڭلار .
ــ خوپ، باشلىق!
شېرىپ بىلەن ئايۇپ گۈس - گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار دۈشمەنلەر جايلاشقان قورۇنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، ئوت - چۆپ يېنىغا يېقىنلاشتى - دە، سەرەڭگىدىن بىر قانچىنى چېقىپ ئوت ئالدۇرالمىدى. شېرىپ سەرەڭگە قېپىنى قوينىغا سېلىپ ، بىر تال سەرەڭگىنى قولاقچىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، بېشىغا سۈركىدى . << خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا مەدەت بەرگەيسەن. بىر قېتىم.... خۇدا ، يېقىلىپ قالغان ..... >> ئۇ شۇلارنى پىچىرلاپ ، سەرەڭگە قېپىنى ئېلىپ ، تالنى ئۇزۇنغا << بىسمىللا>> دەپلا سۈركىدى ، سەرەڭگە يېقىلدى.
ــ قاچايلى ! - دېدى شېرىپ سەرەڭگە تېلىنى ئوت - چۆپكە تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ .
دۈشمەن بۇنى سېزىپ قالدى . ئۇلار ئەمدىلا تامغا يامىشىۋاتقاندا ، دۈشمەن ئاتقان ئوق ئۇلارغا تەگدى - دە ، ئۇلارنىڭ قوللىرى تامدىن ئاجراپ يىقىلدى.
دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ، ئوت ئۆچۈرۈشكە ھەم ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. پارتىزانلار پىلىموت، مىلتىقلىرىدىن ئۇزمەي ئوق ئۇزۇپ ، تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىغا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى زور ئىدى. ئۇلار ھەدەپ قارشىلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى. پارتىزانلاردىن ئۈچ يىگىتكە ئوق تېگىپ يىقىلدى .
ــ چېكىنەيلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان جىددىي ھالدا .
ئۇلار ئالدىغا كەلگەننى ئېتىپ چېكىنىشكە باشلىدى.
ــ قالغانلار چېكىنىۋېرىڭلار دەۋاتىمەن . بىز ھاپىز تۆتەيلەن سىلەرنى قوغداپ تۇرايلى . نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسىلەر ، چېكىنىڭلار ، سىلەرنى ئېتىۋېتىدۇ بىكار.....
داۋۇت پالۋان، قارا قاۋان ، ناسىرانۇن ، ھاپىز قارىلار كەينىچىلەپ مېڭىپ ، كەلگەننى ئېتىپ تۇردى. دۈشمەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئوت كۈچىنى ئېشخمۇ ئۆلغايتتى.
ــ داۋۇت ، باشقىلار چېكىنىپ بولدى . بىز ئەمدى ئالدىمىزغا قاراپ ، ياق ، كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ قاچايلى .
ــ دىققەت قىلايلى . ئوق كەينىمىزدىن تېگىپ كەتمىسۇن .
ئۇلار مىلك بالالىقتا تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىدىن چېكىنىپ چىقۋالدى . بۇلار چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلى تىنىپ ، ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يامۇل ئەتراپى خەندەك بولغانلىقى ئۈچۈن ، دۈشمەن ئۇۋىسىغا بۆسۈپ كىرىش مۈشكۈل ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلاردا قورال كەم ، زەمبىرەك ، مىناميوت دېگەن نېمىلەر يوق ئىدى . شۇڭا دۈشمەن ئەتراپىدىكى پارچە - پۇرات تاملارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن قولىغا ئۆتتۈپ كەتتى.

دۈشمەنلەر ئەتراپتىكى مۇڭغۇل ئائىلىلىرىدىن كىشلەرنى تۇتۇپ ئەكىرىپ ، ئەسكەرلەرگە تاماق ئېتىش ، چاي قاينىتىش، ساڭدىكى بۇغدايلارنى سوقۇپ تالقان قىلىش .... ئىشلىرىغا سالدى.

چىن تۆەنجاڭ ئارشاڭنى تارتىۋېلىش ئىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن دەكەيگە بىر پارچە خەت بېرىپ ، ئالدىنقى فرونت قوماندانلىق شتابىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. دەكەي بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .

خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى. : << قوماندان جانابلىرى ، ئالتە ئوغرى ئارشاڭنى بېسىۋالدى ، بىز ئارشاڭدىن 15 كىلومېتىر يىراق بولغان يامۇلدا، يەنى تام ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. سىز ئىككى يۈز نەپەر قوراللىق ئادەمنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز . ئۇلار گىدىرىك بىلەن ئەنگىلىك دېگەن يەر ئارقىلىق ئارشاڭغا ھۇجۇم قىلسا، مەن شۇ كۈنىلا دەريانى ياقىلاپ ھۇجۇم قىلىمەن . ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلساق ئارشاڭنى تېزلا قايتۇرۇپ ئالالايمىز. سىزگە بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان دەكەي دېگەن كىشى ناھايىتى ئىشەنچىلىك . ۋاقتىنى ئۇزارتماي ، تېز ئەۋەتىپ خەۋىرىنى بېرەرسىز . دەكەي يول باشلايدۇ. ئۇ ھەممە يەرنى پىششىق بىلىدۇ. چىن تۆەنجاڭ >>

دەكەي خەتنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا ، سەنتەي قوماندانلىق باش شتابىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ لۇ خې مەغلۇپ بولۇپ ، ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، بۇلار ئارىسغا ئەپچىللىك بىلەن كىرىۋېلىپ ، ئۆز تارىخىنى سۆزلەپ ، چىن تۆەنجاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالدى . كېيىن ئۇ باراچالنى ئۆزىگە تارتتى.

داۋامى بار.... [size][/font][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-3 15:56:16

دەكەي دىگەن كىم ئۇ؟ ئىسمى ھىچبىر كىمگە ئوخشمايدۇ.... داۋامىغا تەشنامىز دوستۇم! ھارمىغايسىز!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 13:20:24

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

_ داۋۇتكا ، بىر كىشىنىڭ خەۋەر قىلىشچە گىدىرىك تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇ ، - دېدى قۇربان ئالدىراپ كېلىپ .

_ ئۇنداق بولسا مەن ئېردەنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلەي ، - دېدى داۋۇت پالۋان . ئاندىن ئېردەنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

_ مەن يامۇلدىكى دۈشمەننى توسۇپ تۇراي ، سىلەر بېرىپ شۇ يەردىكى خەلقتىن قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا زەربە بېرىڭلار. ئاز دۈشمەنكە نغۇ . ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، يامۇلنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ، دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئالىمىز- دېدى ئېردەنى .

_ ئۇنداق بولسا مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراي .

_ سەن ئۆزۈڭلا بىر قانچە ئادەمنى باشلاپ بار. باشقىلارغا قارىغاندا ساڭا بەكرەك ئىشىنىمەن .

داۋۇت پالۋان گىدىرىككە قارا قاۋان بىلەن قاسىم جودانى باشلاپ بېرىپ ، ئۇ يەردىكى خەلقتىن قوشۇن تەشكىللىدى. بۇلاردا تۆت دانە گېرمانكا مىلتىق ، ئەللىك تاللا ئوق بار ئىدى.

داۋۇت پالۋان ئادەملەرنى دۈشمەن كېلىدىغان يولنىڭ تۆت تەرىپىگە بۆلۈپ ، ھەر بىر تەرەپكە بىردىن مىلتىق بەردى - دە :

_ دۈشمەنلەر كېلىشكە ھۇررا توۋلاپ چۇقان سېلىڭلار، - دېدى .

دۈشمەن ئەسكەرلىرى دەكەينىڭ يول باشلىشىدا توڭلاپ تىترەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گىدىرىككە يېقىنلاشقاندا ، تۆت تەرەپتىكى تام كەينىدىن دەھشەتلىك ھۇررا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خۇدىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ئاللا - توۋا بىلەن گىدىرىكتىن ئۆتتى. دۈشمەن تۆت تەرەپتىن قىسىلىپ قالدى. ئۇلار ئوق ئاۋازى ۋە چۇقان سادالىرىدىن تېخمۇ ھودۇقۇپ ، ئورتاقساي تەرەپتىكى قارىياغاچلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

غەزەپكە كەلگەن خەلق قولىدىكى نەيزە ، توقماق ، ئارا - كەتمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۈچرىغانلىكى دۈشمەننى ئۇرۇپ ، چاناپ ئۆلتۈرەتتى. داۋۇت پالۋان ، قارا قاۋان ، قاسىم جودالار چەنلەپ تۇرۇپ ، كۆرۈنگەنلىكى دۈشمەننى تىك موللاق ئاتقۇزاتتى. ئامان قالغان ئەسكەرلەر جامسىنىڭ تۈگمىنىگە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى پارتىزانلاردىن دەككە يەپ دەكەينىڭ يول باشلىشىدا ئاران بوكا يامۇلغا كىرىۋالدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا داۋۇتلار ئوتتۇز دۈشمەننى يوقتىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلبىدىن گىدىرىك خەلقى خۇشال بولۇپ ، يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە تېپچەكلىدى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئارىنى ئېلىپ چىقساقلا بىر گەپ بولامدۇ نېمە ؟ - دېدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ساقاللىق بىر كىشى .

_ شۇنى دەڭلا ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ قېچىشلىرىچۇ .

_ ئاچچىقىمدا توقماق بىلەن بىر گۈينىڭ بېشىغا ئۇرۇۋېتكەنمەن ، ئۇ چوشقىدەك چىرقىراپ شۇ يەردىلا جان تەسلىم قىلدى.

_ مەنمۇ بىر ئەسكەرنىڭ قورسىقىغا ئارىنى تىقسام ، ئۇنىڭ چىرقىراپ كەتكىنى .

_ ۋارقىرىساق ئەجەپ قورقۇپ كەتتى ئۇلار، كۈلگۈم كېلىدۇ... ئەسلىدە ئۆلۈمتۈك ، قورقۇنچاقلا بىر نېمىلەركەن بۇلار ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇلارغا بويسۇنۇپ كەلگىنىمگە ئۆكۈنىمەن ... ئىسىت....

گىدىرىكتە بۇنداق سۆزلەر ھېچ بېسقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كېيىن بەزى قىزىقچىلار بۇ توغرۇلۇق لەتىپىلەرمۇ توقۇشتى.

_ داۋۇت ، - دېدى ئېردەنى كەسكىن ھالدا ، - بىز ئەمدى بوكا يامۇلنى ناھايتى پۇختا قورشاۋغا ئېلىشىمىز، ھېچقانداق يەردىن ئۇلارغا ياردەم كىرگۈزمەسلىكىمىز لازىم ، بىر مەزگىل مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تۇرايلى .

_ بوپتۇ ، شۇنداقمۇ قىلىپ كۆرەيلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان نېمىدىندۇر قېيىدىغاندەك .

پارتىزانلار رازۋېدكا قىلىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار يامۇلغا ئاشلىق كىرگۈزمەسلىك ، ئۇلارنى شۇ يەرگىلا قاماپ ئاچلىقتىن قىسىشنى پىلانلىغانىدى. شۇڭا پارتىزانلار سەزگۈرلۈك بىلەن چارلاش ئېلىپ باراتتى. شەھەردىن چىققان ئەسكەرلەرنى پاقىكۆك ، نارىن بۇلاق تەرەپلەرگىچە قوغلاپ زەربە بېرەتتى. يەنە شىمالىدىن شەپە بېرىپ قويۇپ ، غەرب ، جەنۇب تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلاتتى. گاھىدا پارتىزانلار چېكىنىپ قويۇپ ، دۈشمەنلەرنى ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈپ ، ئىككى ياندىن دەككىسىنى بېرەتتى. بۇ خىل زەربە بېرىش ئۇسۇللىرى پارتىزانلارغا بەكمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. بۇنى ئۇلار، توشقان قوغلاش دەپ قوياتتى.

داۋۇت پالۋان پارتىزانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەرگەنلەردىن بولۇپ ، كۆزگە ئىلىشقىننى تىك موللاق چۈشۈرەتتى. شۇڭا قۇربان گاھىدا :

_ پىچاقنى تىكلەپ قويساڭلار ، بىسنى ئوتتۇرىدىن تەڭلا يېرىۋېتىمەن ، تارازىغا سالساڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوخشاش ئۆلچەمدە چىقىدۇ، - دەپ قوياتتى. قاسىم جودا ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ كېتىپ :

_ سەن يارماقنى تىكلەپ قوي ، تۆشىكىدىن ئەتراپىغا تەگكۈزمەي ئۆتكۈزۈۋېتىمەن - دەيتتى.

تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇنمۇ دۈشمەننى ئېتىشتىن ئاۋۋال نەرىگە ئاتىمەن ؟ دەپ بىر - بىرىدىن سوراپ قويۇشاتتى.

داۋامى بار.....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 15:35:29

[color=Blue][size=4][center]3[/center]

بوكا يامۇلىدىكى دۈشمەننىڭ يەم - خەشەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

چىن تۆەنجاڭ ھە دېسلا ئاچچىقلىنىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى. گاھىدا قول ئاستىدىكىلەرنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ ، ئۇرۇپمۇ سالاتتى.

_ ھۇ ئاناڭنى ! يارىماس لەقۋالار ، ئېشەكلەر !- ئۇ ئەسكەرلىرىنى تىللاپ بولۇپ قورسىقى بوشىغاندىن كېيىن ، ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ ، ئۆيى ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. << بۇ خەلقنىڭ نېمىدېگەن ھۈنىرى كۆپ ، يېقىپ بەرگەن نانلىرىنى يېگىلى بولمىسا، تىكىپ بەرگەن پەلىيى سوغۇقتا توڭلاپ قېلىشۋاتسا . بۇلار بىزگە ئەجەپ ئېغىر زىيانلارنى سالدى. بۇ ئاجايىپ خەلق ئىكەن . ئالدىدىن ئوق يېغىشۋاتسا ، يەنە يۇگرەيدىكەن ، بىز شۇنچە تولۇق قوراللانغان تۇرۇپ ... مەن بۇلارنى بەكمۇ سەل چاغلاپ قاپتىمەن . خەپ يەنە كۆرىمىز تېخى .... >> ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئېغىر غەمگە پاتتى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇر تۇرقىنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى. << ۋەن سىلىڭ ئۆزى باشلاپ كېلىدىغان ئەسكەرلەر نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ، ئاتلارنىڭ يەيدىغان ئوت - چۆپى تۈگەي دېدى . ئۆزىمىزنىڭمۇ ئوزۇق - تۈلۈكىمىز تۈگەپ قالدى. ئەستا، قانداق دېگەن ئىش بولۇپ كەتتى - بۇ ... >> ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. << بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن . مۇشۇ يەردىن چىقالماي قالسام ئالار ، ھېلىقى ۋەن سىلىڭ ئالدىدا ... >>

_ ھاراق ئېلىپ كېلىڭلار، - دېدى ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايى گۆردىن ئېچۋالغان كىشىنىڭكىدەك بولۇپ ، ياپما قاپاق ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرى قىزىرىپ ، كۆز خالتىلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئېغىر تىنىشتىن قورقاتتى. چىن تۆەنجاڭ ھەممىسگە ئالىيىپ ، ۋەھىملىك قاراتتى.

قورۇمىلار ئۇستەلگە قويۇلۇپ ، ھاراق كەلتۈرۈلدى. ئۇ يوغان ئىستاكانغا لىق ھاراق قۇيۇپ :

_ ئۆلۈم غارىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ، - دەپلا ئىچىۋەتتى- دە ، ئۆزىنى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا چۆچۈپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە چىن تۆەنجاڭ ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

_ پەيجاڭ ، لىيەنجاڭلارنى چاقىرىڭلار ، ئۇلار بىلەن بىللە ھاراق ئىچەي .

_ خوپ باشلىق ھازىرلا چاقىراي ، - دېدى بىر ئەسكەر تىترەپ تۇرۇپ . [/color][/size]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 15:44:47

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
دۆشمەنلەر تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇلار يۇرەكلىقلىك ھالدا، ئاقسۇمبەگە كېلىپ ، ئەرشىدىن ھاجىنىڭ جاڭزىسىدىن ئاتلىرىغا چۆپ ئارتىپ كېتىدىغان بولدى.
سەھەر، سوغۇق كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمدىلەتىن قار چۈشۈشكە باشلىغانىدى.
ئەتراپىنى چارلاۋاتقان سىدىق كۆككۆز ، تۇردىئاخۇن ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، قاسىم جودا بوكا يامۇلدىن چىقىپ ئەرشىدىن ھاجىنىڭ جاڭزىسىغا چۆپ ئالغىلى ماڭغان قىرىق نەپەر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالدى.
_ قارا ئاۋۇ گۆيلار ئاكىسىدىن قورقماي ئۆگىسىدىن چىققىنىنى ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ .
_ توختاڭلار ، ئۇلارنى ئەدىپىنى بېرىپ تەرلىتىپ قويايلى !- دېدى ياسىنجان ئېتىنى توختىتىپ .
_ ئۇلار كۆپ تۇرسا ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ كۆپ بولسا نېمە بولىدۇ. قېنى ئېلىشىپ كۆرۈپ باقمامدۇق ؟- سىدىق كۆككۆز قاپاقلىرىنى تۈردى.
_ شۇنداق قىلايلى ! - دېدى قاسىم جودا .
_ شۇنداقتىمۇ پەم بىلەن ئىش قىلايلى .
دۆشمەنىنىڭ بەش ئەسكىرى ئەرشىدىن ھاجىنىڭ چۆپ باسقان يېرىگە ئەللىك مېتىر قالدى.
_ ئەمدى قارىغا ئېلىپ تەڭلا ئاتايلى ، - دېدى ياسىنجان .
_ مەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ئاتاي ، قانداق بولىدىكىن ، بىر كۆرەي ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاتتىن چۈشۈپ ، يوشۇرۇنۇپ ياتقاچ.
_ مەن يۈرىكىگە ئاتاي ، - دېدى سىدىق كۆككۆز .
_ مەن كۆزىگە ... ئاناڭنى .
_ مەن ئاغزىغا ....
گۇم ، گۇم قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن بەش دۆشمەن يەر چىشلىدى. پارتىزانلار دۆشمەنلەرگە ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى .
دۆشمەنلەر ئاتلىرىنى تاشلاپ ، يەر بېغىرلاپ ، بۇلارغا قاراپ ئىلگىرلەپ كەلدى.
_ كېلىشە قېنى ؟ قانچىلىك ئۆملەيدىكەنسىلەركىن ؟
بۇلار دەرھال ئارقا تەرەپكە ، توقايلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى . ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان چىن تۆەنجاڭ يەنە قىرىق نەپەر ئەسكەر چىقاردى. بۇلار ئاقسۇمبەگە كەلگۈچە، داۋۇت باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم پارتىزانلار ئاقسۇمبەگە كېلىپ ئۇلارغا زەربە بەردى. ياسىنجانلار توقايلىقنى ئايلىنىپ يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. قېلىن قار ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن دۆشمەنلەر دومىلايتتى. قالغانلىرى تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقنى بىلىپ يامۇل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇلاردىن يىگىرمە ملتىق ، مىڭ تال ئوق ۋە بىر قانچە گرانات ئولجا ئالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن يامۇلدىن بىرمۇ ئەسكەر سىرتقا چىقماس بولدى.

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 22:25:17

پاھ.... قالتىس ........... خېلى خۇشال بولدۇم دېسە.... ھارماڭ دوستۇم نازاكەت! رومانىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىغا تەشنامەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-8 16:20:16

[color=Red][color=blue][size=4][center]5[/center]
شەھەردىكى جاڭ دەيدىغان بىر گومىنداڭ يىڭجاڭى ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، چاغانئارالدىن ئاق بۇتقىچە ئارىلاپ يۈرۈپ مەخپى ھالدا ، بۇ يەردىكى پۇقرالارغا تۈرلۈك تەھدىتلەرنى سېلىۋاتاتتى.
_ ئالتە ئوغرىنىڭ بىزگە كۈچى يەتمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھال كۈنى ئاز قالدى . ئۇلارغا ئەگەشسەڭلار بىزنىن ياخشى كۈن كۆرمەيسىلەر.....
خەلق ئۇلارغا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. يىڭجاڭ ئاتنى ئاستا ماڭدۇرۇپ ، ۋارقىراپ سۆزلەيتتى.
_ ئالتە ئوغرىنىڭ ئادەملىرىگە ياردەم قىلساڭلار كاللاڭلار ئېلىنىدۇ. ئۇلارغا كىمدە - كىم قېتىلىپ كەتسە ، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىرىپ تاشلىنىدۇ ....
لەنشىك ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرۋاتاتتى.
_ جاڭ يىڭجاڭ مەن بۇلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرستىپ قويىمسام بۇلار قورقمايدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش كېرەك ، - دېدى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

لەنشك چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ .
_ بۇلارنىڭ يۈرىكىنى قانداق مۇجۇيسەن ؟
_ سىز ئەتراپنى قوغداپ تۇرۇڭ ، ھېلى كۆرىسىز، - دېدى لەنشك ئات يۈگىنىنى چىڭ تارتىپ . ئات ئالدى پۇتنى كۆتۈرۈپ بۇرۇلدى، - يۈرۈكلار، - دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ ئەسكەرلىرىگە . ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ ، ھەر بىر ئائىلىگىچە باستۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار كىرگەن ئائىلىلەردىن يىغا - زارە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ، توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلاندى.
_ ۋاي خۇدايىم بۇ نېمە كۈندۇ ؟ ئۆيۈمدە سەن ئالغۇدەك نېمە يوق .
_ ئاھ خۇدا، بۇلار كەلگەندىن بېرى كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى.
_ ۋۇي ، بۇ كالىنى نەگە ئاپىرىسەن ؟ بىز يەتتە جان مۇشۇنىڭغا قاراشلىق تۇرساق .
_ قويلارنى ھەيدەيسەنغۇ ، ئاناڭنىڭ ھەققى باردەك... - چېكىسىگە تەگكەن مىلتىق پاينىكىدىن ئاق ساقاللىق بوۋاي كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.
_ خۇدا بۇلارغا بىر ئاپەت بەرگەيسەن .
بۇ يىغا- زارە ، نالە- پەريادقا قاراپ ، جاڭ يىڭجاڭ مىيقىدا كۈلۈپ ، قىزىقىش بىلەن بۇلارغا قاراپ تۇردى.
_ جاڭ يىڭجاڭ ! جاڭ يىڭجاڭ ! - دېدى ئەتراپنى چارلاشقا كەتكەن بىر ئەسكەر ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ، - ئوغرىلار كېلىۋاتىدۇ..... يىراقتىن كۆردۈم .... ئۇلار.... يۈزلىرىگە قارا لاتا تارتىۋاپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان جاڭ يىڭجاڭ تاتىرىپ كەتتى - دە ، ئېتىغا قامچا سېلىپ ، لەنشىڭنىڭ يېنىغا ئاتنى چاپتۇردى.
_ لەنشك ، ھوي لەنشك تېز ئاتقا مىن ! ئادەملىرىڭنى باشلا ، ئوغرىلار كەپتۇ ...
لەنشك ئەمدىلا ھەيدەپ مېڭىۋاتقان كالىنى قويۇپ ئاتقا مىندى.
_ خۇدايىم ئوغرىلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغىن ، بۇلار ئۇلاردىن ھەجەپ قورقىدىكىنا ... _ دېدى بىر ئايال .
_ نېمە دەۋاتىسەن ؟- دېدى لەنشك ئات بىلەن ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كېلىپ ، - سەنلەر تېخى بىزنى تىللىماقچىمۇ ؟
_ سەن چوشقىنى تىللىماي قانچىلىكتىنىڭ ، ئوغۇل بالا بولساڭ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىماي ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىپ باقە ، نېمە قېچىشقا ئالدىرايسەن ...
_ ئاغزىڭنى يۇم ! - لەنشك تاپانچىسىنى ئېلىپ ، ھېلىقى ئايالنى ئېتىپ تاشلىدى - دە قورۇدىن چىقىپ كەتتى.
_ ئاپا ؟ ئاپا !
_ ئاپا ....
_ ۋاي ھەمرىيىم .
ئۇلارنىڭ يىغا - زارى پەلەككە كۆتۈرۈلدى.
يۈزلىرىگە قارا لاتا تارتقان پارتىزانلار بۇ يەرگە كەلگەندە ، گومىنداڭچىلار قېچىپ كەتكەندى .
_ قوغلايلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، دۈشمەنلەرنى كەينىدىن قوغلىدى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاتتا تۈزۈك ئولتۇرالماي سەكرەپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.
_ ئاتايلى !
داۋۇت پالۋانلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ئىلگىرىلەپ باراتتى.
بىر قانچە ئەسكەرلەر ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. گاھلىرىنىڭ پۇتلىرى ئۈزەڭگىگە كىرىپ قېلىپ ، ئات ئۇلارنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى.
_ توختاڭلار ، بۇلارنىڭ ئاتلىرىنى يىغىپ قورالىرىنى ئېلىۋالايلى ! ئەستا سەل كېچىكىپ قاپتۇق. لەنشك قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى.
_ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسام ، نېمە قىلىۋېتەتتىم . ھەي !- دېدى ھاپىز قارى .
_ يەنە كېلىدۇ، خەپ ، قانچىلىك ئادەم ئۆلۈپتۇ.
_ يىگىرمىدەك ئەسكەر ئۆلۈپتۇ، يىگىرمە بىر ئات ، يەنە شۇنچىلىك قورال ئولجا ئالدۇق .
_ ياخشى ، يۈرۈڭلار قايتايلى .
_ ئەجەپ قوغلىغۇم بارتى ، مۇشۇ قوغلىغىنىمچە ماڭغان بولسام ئۇدۇل ۋەن گوتەيىنىڭ ئۇۋىسىغىلا كىرەتتىم ، - دېدى تۇردىئاخۇن ھەسرەت چېكىپ .
شۇ ۋاقىتلاردا يەنە بۇ يەردە مۇنداق بىر خەۋەر تارقالدى.
_ شىمالىي فرونتنىڭ قوماندانى لى سىلىڭ دەرھال بۇيرۇق ئېلان قىلىپ : بۇ يىلقى چاغاننى ئارشاڭدىكى كىشلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ . ئۇ ئارشاڭغا ماڭىدىغانا ھەربىيلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى يىگىرمە هارۋىغا تەييارلاپتۇ . پات ئارىدا يەتتە يۈز ئەسكەر بىلەن ئارشاڭغا قاراپ ماڭىدىكەن . ئۇلار ئالتە ئوغرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ئارشاڭنى ئۇلاردىن تارتىۋالىمىز دەپ جار سېلىۋېتىپتۇ....
_ نېمىدېگەن تولا سىلىڭ - پىلىڭ ، تۈەنجاڭ - پەنجاڭلار بۇ . بۇ يەرگە كېلىپ بىز بىلەن چاغاننى ئويناملىكىنا . ئالتە ئوغرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇمىش، كۆرۈۋاتىمىز تۈەنجاڭلىرىنى . ئەسكى تام ئىچىدە چاشقاندەك ياتىدۇ ، - دېدى قۇربان ئاچچىق كۈلۈپ .
پارتىزانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىرلا ئارمان يىپلىنجايتتى. ئۇ بولسىمۇ ، بۇ يەردىكى تەڭسىزلىك ، زوراۋانلىق ، زۇمىگەرلىكنى يوقىتىپ ، يورۇق تاڭنىڭ نۇرانە جامالىنى كۆرۈش ، باھار قوينىدا ئەركىن يايراش ئىدى. شۇ ئۈمىد، شۇ ئارزۇدا ، قەھرىتان سوغۇقتا دۈم يېتىپ ، دۈم قوپۇپ ، بىرىدە ئاچ، بىرىدە توق يۈرۈشكە رازى ئىدى. بىرلا ئىرادە ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، يامغۇردەك ئوقلارغا ئۆزلىرىنى ئېتىشقا ئۈندەيتتى: << ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلسەك رازى >> .
داۋامى بار......[size][/color][/color/]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-4-8 16:26:49 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: izdanguqi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-8 16:58:10

ھارمىغايسىز نازاكەت 0909 خانقىز . الله قوللىرىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن . [em62]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 12:45:01

[size=4][color=Blue]ئەي زىمىن ، ئوغلانلىرىڭ ئەنسىرەيدۇ ، دەريا ، دەريا ئاققان قانلىرىڭ بىھۇدە ئاقمىسكەن دەپ ! بۇ قانلار سىنىڭ باغرىڭغا سىڭدى. سەن بۇنىڭ گۇۋاھچىسى ، بىر كۈنلەر بۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققاندا ، سەن بۇلارنىڭ باسقان ئىزىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەرسەن ؟!

تارقىلىۋاتقان ھېلىقى خەۋەرلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى بايقاندىن ئاڭلىغان ئېرەدەنى جىددىي ھالدا، ئەتراپنى رازۋېدكا قىلىش ، بىخەستەلىك قىلماسلىق جەھەتتە پارتىزانلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى يەر، يول ئېغىزلىرىنى توسما قىلىپ ، رازۋېدكا قىلىش كۈچەيتىلدى.

قۇربان قاتارلىق بەش پارتىزان ساۋۇرجاننىڭ تۆگمىنى ئەتراپىدا رازۋېدكا قىلىۋاتاتتى. تۈيۈقسىز ئاتلار ھۈركۈپ ، خارقىراپ ماڭماي قويدى . ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپقا زەن سالدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن شىلدىر- شىلدىر ، غاس - غۇس قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ تۈن كېچە بولۇپ ، ئەتراپ ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. يېنىدىكى ئادەمنىمۇ دەماللىققا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

<< ئەھۋال كۆرۈلسە ، بەش تال ئوق ئېتىڭلار >> دېگەن ئېرەدەنىنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ خىيالىدىن << يالت>> قىلىپ ئۆتتى.

_ قاسىم ، - دېدى قۇربان ، - ئوق ئاتامدۇق ...

_ شۇنداق قىلايلى ، - دېدى قاسىم جودا ، - مۇھەممەت گەپ قىلمايسىلەرغۇ ؟

_ ھە گەپ قىلسام قانداق قىلىتىڭ ...

_ ئوق چىقىشى ھامان دۈشمەن بىز تەرەپكە كېلىشى مۇمكىن ، ھوشيار بولايلى ، - دېدى ئەمەت .

_ قۇربانىنى تۇتۇپ كەتسە، چىمەنگۈل يالغۇز قالمىسۇن .

_ چىمەنگۈل يالغۇز قالسا مەن بار ئەمەسمۇ ....

ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.

_ قىم ، - دېدى ياسىنجان ، - مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلىشقان بارمۇ ، ھېلى شۇ چاقچىقىڭلار كۆتۈڭلەرگە كىرىپ كەتمىسۇن ...

_ بۇلارنىڭ ئاغزى مىتىلداپ تۇرىدۇ، - دېدى قۇربان ئىچى كۆيگەندەك بولۇپ ئاندىن ، - قېنى ئوقنى ئاتايلى ! - دېدى .

بەش تال ئوق ئېتىلدى. دۈشمەنلەر شۇئان بۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

_ بۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكەن ، قاسىم ، ئەمەت سىلەر يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇياققا قارىتىپ ئوق ئېتىڭلار، بىز ئۇياققا قارىتىپ ئوق ئاتايلى .

_ تۇردىئاخۇننى دورىماقچىكەنمىز - دە ...

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۈشمەنلەر بىر - بىرنى بىلىشمەي ئۆز - ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا پارتىزانلارمۇ بەلگە ئوقى تەرەپكە يېتىپ كېلىشتى - دە ، ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ بۇلارغا زەربە بەردى. بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمىگەن دۈشمەنلەر قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كۈچلۈك ئوت ئېچىلىۋاتقان تەرەپكە ئوق ئېتىشاتتى.

پارتىزانلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر تەرەپكە قاچقاندىكى ۋارقىراشلىرى بۇ كېچە تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. پارتىزانلار ئۇلارغا يېقىنلاشماي ، ئەتراپتىن ئوق ئۈزەتتى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا پارتىزانلار كېچىچە ھالسىرىغان دۈشمەننى ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇلار ھەر بىر تال ئوقنى زايە قىلمايتتى. بۇلار شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا ، دۈشمەنلەر ھودۇققىنىدىن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلار دۈشمەن كەينىدىن چىقىپ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئارقا تەرەپتىن ياي شەكلىدە نۇرغۇن دۈشمەنلەر پارتىزانلارنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. مۇشۇنداق جىددىي ھالدا تۇرغاندا ، ئىلى قوماندانلىق شتابىغا قورال ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكەن بەش ئادەم تۆت دانە تەخسە پىلىموتنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ پارتىزانلار بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىشتى.

_ ماڭا بىرنى ، - دېدى ناسىراخۇن ، - بۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرەي .

_ ماڭىمۇ ئەكىلە ، - دېدى داۋۇت پالۋان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

_ ماڭىمۇ ؟- دېدى قارا قاۋان .

_ ماڭىمۇ؟...

_ بولدى ئېرەدەنى پارتىزانلىرى بار تېخى ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇلار پىلموتنى ئېلىشىپ تولىمۇ خۇشال بولدى. شۇئان پىلموتنى بۇلبۇلدەك سايرىتىۋەتتى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ، نەگە قېچىشىنى بىلمەي، ئوقۇقا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىرىغان ، قىيا - چىيا قىلغان ئاۋازلىرى پەلەكنى لەرزىگە سالاتتى.

_ ئۆلىشە گۇيلار!

_ زورلۇق قىلساڭ جاجاڭنى يەيسەن !

_ قىساسنى ئالىدىغان چاغ كەلدى.

پارتىزانلارنىڭ قانلىرى قىزىپ ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، دۈشمەن ئارىسغا يوپۇرۇلۇپ كىرىشكەندى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ئوقۇقا ئۆزىنى تۇتۇپ ، ۋارقىرىغىنىچە دومۇلايتتى.

_ قېرىنداشلار ، - دەپ ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان هارۋىكەشلەرگە ، - ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ قولىدىكى قورالىلارنى تارتىۋېلىڭلار، قورقماڭلار، بىز بار، بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان چاغ مۇشۇ...

ئۇنىڭ ياڭراق ساداسىدىن هاياجانغا تولغان هارۋىكەشلەر چېرىكلەرنى ئۇرۇپ ، يەنچىپ ، قولىدىكى قورالىلارنى يۇلۇپ ئېلىشتى . توڭۇپ هالى قالمىغان دۈشمەنلەر توقماق ، قامچا ، تاسمىلار زەربىسىدىن ئىڭرايتتى. هارۋىكەشلەر هارۋا سايمانلىرىنى بوشتىپ ئېلىشقانىدى.

_ ئۇرۇڭلار، قانغىچە ئۇرۇڭلار.

_ ئېتىڭلار ، بىرنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار.

_ ئاتە ، هە ...

دۈشمەنلەرنى ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، تىرىك قالغانلىرى جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىشتى . پارتىزانلار ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ ، كۆزگە ئىلىنگەننى ئېتىپ تاشلاپ ، شار بۇقىغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەنلەر << ئەسكى موللىنىڭ تېمى >> ئەتراپىدا توختاپ ، پارتىزانلارغا ئوق چىقاردى.

_ نەگە بېرىشسەنكىن ، قېنى ئۇ سىلىك- پىلىك دېگەن نېمىلەر ؟!- قارا قاۋان شۇنداق دېگىنىچە پىلموتنى سايرىتىۋەتتى. باشقىلارمۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ :

_ بوزەك قىل ، بوينىمىزغا مىن ، قېنىمىزنى ئىچ، خورلا ، مەسخىرە قىل ، قېنى ؟- دېگىنىچە جان ئاچچىقىدا ملتىق ، پىلموتلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ دۈشمەنلەرنى دوملىتاتتى.

ئۇلار بارا - بارا قاچقانلارنى قوغداپ تۇرغان دۈشمەنلەرگە يېقىنلاشتى - دە ، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، دۈشمەنلەرگە ئۆزىنى ئېتىشتى . دۈشمەنلەر ئوق ئېتىشتىن توختاپ قېچىشقا ئۇرۇندى.

_ نەگە قاچىسەن ئاناڭنى !- سىدىق كۆككۆز شۇنداق دەپ ، بىر ئەسكەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ، ئۆزىگە تارتتى - دە كاللا بىلەن << جاڭگىدە >> بىر ئۇستى ، هېلىقى ئەسكەر << ۋايجان >> دېگىنىچە دوملاپ كەتتى.

_ ئاشۇنداق ۋايجان دېگۈزۈۋېتىمەن ، گۇي ، سەنمۇ كېلە ، _ ئۇ يەنە بىر ئەسكەرنى مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپ ، بۇرنىدىن قان ئالدى.

_ بۇ يەردە زورلۇق قىلشامسەن ؟ ئۆكتەم گۇي ، - ياسنجان بىرنى پەشۋا، مۇشت بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. مۇهەممەت گاڭگۇڭمۇ بىر ئەسكەرنى دىسلاۋاتاتتى.

_ كىمگىنى بوزەك قىلسەن ؟- هە !- هاپىز قارى بىر ئەسكەرنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ، بىر پەشۋا ئېتىپلا تىك موللاق چۈشۈردى.

_ تۇرداخۇن ، ئۇ ئۆلۈپتۇ ، ئۆلگەننى ئۇرۇۋېرەمسەن ؟- دېدى ناسىراخۇن قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ .

_ قانمايۋاتىمەن ، تىرىكى قېنى ؟

_ تىرىكىنى داۋۇت جايلاۋاتىدۇ.

داۋۇت پالۋان بەش ئەسكەرنى ئۇرۇپ يېقىتىپ بولۇپ ، بۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. هەممە پارتىزانلار ئۆلگەن دۈشمەنلەر ئۈستىدە قان تولغان كۆزلىرىدە ئۇلارغا تىكىلىپ ئېغىر پۇشۇلداپ تۇراتتى .

_ هېلىقى لى سىلىك دېگەن ئەبلەخ قېچىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسام ، ئىلى ئوغرىلىرى ئاناڭنى بىر نېمە قىلغانمۇ دەپ قويياتتىم ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ ئەجەپ قېچىپ كېتىپ قاپتۇ، - دېدى داۋۇت پالۋانمۇ - بۇ يەرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ قايتايلى .

دۈشمەننىڭ ئۈچ يۈز ئەسكىرىدىن ئاران ئەللىكى قېچىپ كېتەلىدى. شۇنىڭ بىلەن لى سىلىڭنىڭ << ئىلى ئوغرىلىدىن ئارشاڭنى تارتىۋېلىپ ، چاغانىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز >> دېگەن خىيالى كۆپۈككە ئايلاندى.

داۋۇت پارتىزانلىرى يوشۇرۇن زەربە بېرىشتىن ، ئەمدى ئاشكارا مەيدانغا چىققانلىقىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تولىمۇ ئاشكارا بولۇپ كېتىشتىن ئېهتىيات قىلاتتى. چۈنكى ئائىلىسى بار ئەمەسمۇ ؟

ئېرەنى پارتىزانلىرىنىڭ بىر بۆلىكى بۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا ، يەنە بىر قىسمى ئېردەنى بىلەن يامۇلنى قاتتىق قورشاپ تۇراتتى. ئۇلار هەر بىر تىۋىشلارغىمۇ ناهايىتى ئىنچىكىلىك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشاتتى.

ئېردەنى چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ، بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى.

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 13:55:19

هارمىغايسىز دوستۇم! ئەمگىكىڭىزدىن سۈيۈنىمەن!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 15:41:01

[color=Blue][size=4][center]6[/center]
پارتىزانلار زور غەلىبە بىلەن قوماندانلىق ئورنىغا قايتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ھەر قايسى ئورۇنلاردا يامۇلنى قورشاش ئىشى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى .
_ داۋۇت ، - دېدى ئېردەنى بىر كۈنى ، - سىلەر بىزگە ماسلىشىپ خېلى كۆپ جاپا چەكتىڭلار ، قەھرىمانلىق كۆرسەتتىڭلار ، سىلەرنىڭ ئادەملەر قالتىس باتۇركەن ، قانچە ماختىساق ئەرزىيدۇ . دۈشمەنلەرنىڭ ئەمدى ھەيۋىسى سۇنۇپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
يامۇلدىكىلەرنىڭمۇ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى . مۇشۇنداق ۋاقىتتا، سەن شەھەرگە بىر قانچە ئادەملىرىنى ئەۋەت، ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ دۈشمەنلەرنى قورقۇتسۇن ، سەن بىز بىلەن بۇ يەردە داۋاملىق ھالدا دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ياردەملەش، - دېدى .
_ بۇمۇ ياخشى گەپ بولدى . مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم . ئۇ يەرگىمۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان . بىراق ئۇلاردا قورال يوق ، شۇڭا مەن ئۆزۈم يېتەرلىك قورال ئېلىپ بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ باراي . قالغانلىرى مۇشۇ يەردە قالسۇن ، سىلەر جەڭگىۋارلىقنى بوشاشتۇرماي ، بۇ يەرنى ئوبدان ساقلاپ تۇرۇڭلار.
_ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ، مەن ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇم ، - دېدى ئېردەنى ئەسلىدىكى ئويىدىن يېنىپ ، - سىلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرمەي مېڭىۋېرىڭلار.
_ ھەممىمىز شەھەرگە ئاتلانساق قانداق بولار ؟
_ ئۇ چاغدا يامۇلدىكى دۈشمەنلەر چىقىپ بىزگە تەھدىت سالىدۇ.
_ باستۇرۇپ كىرىپلا ۋەيران قىلىۋەتمەمدۇق . قانچىلىك ئىشتى ئۇ ؟ بۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ ياتامدۇق ئەمدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان . ئۇ بىردىنلا بۇلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى.
_ ئالدىرمايلى ، بۇ يەردىكىلەرنى يوقاتساق ، شەھەرنى ئازاد قىلىش قەدىمى تېزلىشىدۇ. سىلەر شەھەردىكى دۈشمەنلەرنى بىر قورقۇنچقا سېلىۋېتىڭلار . بۇ يەردىكى ئىشلارغا بىز بار.
_ بولىدۇ ، بىز كەچىتلا ئاتلىنايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، يەنە تالىششنى ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس دەپ قاراپ : << ئۆزۈملا تېتىيمەن ئۇ گۈيلارغا . باشقىلارغا تايانغاندىن ئادەم ئۆزىگە ئۆزى تايانغان ياخشى . >> ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئويلىغىنىدا ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى .
شۇ كۈنى كەچ داۋۇت پالۋان بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ ، شەھەرگە ھەيۋەت بىلەن ئاتلاندى.
تۈن قاراڭغۇ ، ئەتراپ تىمتاس سۈكۈتكە چۆمگەندى . ئات تۇياقلىرىنىڭ ئەنسىز دۈپۈرلەشلىرى ، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. سوغۇق بارغانچە كۈچىيىپ ، شامال ھوشقۇيتاتتى. ئاسمان قازان قارىسىدەك كۆرۈنەتتى. زېمىن ئاپئاق قارلار قويىندا چۈشەكەپ ياتاتتى.
بۇ قىران بۈركۈتلەرنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە يېڭى بىر ۋىسالنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى ياناتتى. ....

داۋامى بار.....[/color][/size]

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-11 21:31:52

قانداق بولار ئاخىرى؟ ھەي......... ئەشۇ كۈنلەردىغۇ ھەممە يەردە غەلىبە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان...... قېنى داۋۇت پالۋانلار شەھەردىن سالامەت قايتىپ چىقارمۇ؟

ئاخىرىنى تىزرەك يوللىغايسىز دوستۇم!

يوللىغۇچى: qaxmazulal
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-12 14:48:00

مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ بارىمەن.
ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم قۇلىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن نازاكەت خانىم. رەخمەت سىزگە.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

**يولىغۇچى: Nazakat0909**
**يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-12 15:27:28**

**[center][size=5][size=4][color=Blue]ئون ئۈچىنچى باب ۋەھىمىلىك كۈن [/center]1[/center][/size][center]**
**تۈن قاراڭغۇسى ، قويۇق تۇمان ئەتراپنى قاپلىغانىدى ، ئارشاڭ پارتىزانلىرىدىن دەككىسىنى يەپ قايتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى روھى سۇنغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. لى سىلىڭنىڭ قاپىقى چۈشۈپ ئادەم ئىسكەتىدىن چىققانىدى . بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھار كەلدى . ئەسكەرلەرنىڭ بويۇنلىرىدا مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن نانلار ئېسىقلىق تۇراتتى.**
**لى سىلىڭ گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى نەچچە يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئادەمنىڭكىدەك بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆڭلىدە سوزۇلۇپ بىر يېتۈپلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. << ئەجەپمۇ يامان ئوغرىلاركەن بۇ ، بۇلارنى سەل چاغلىغلى بولمىغۇدەك.... نەچچە يىللىق ھالىمدىن كەتتىمغۇ ؟ ۋەن سىلىڭ نېمىشقا ئۆزى ئۇرۇشقا بارمايدىكىن دېسەم، ئەسلى ئىش مۇنداقكەن ئەمەسمۇ ؟ ئوبدان ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن . >>**
**ئۇلار بارا - بارا قاراڭغاھقا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى....**
**بۇ كۈنى يامۇل قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان بىر يىلىك ئەسكەرگە بۇ يەردىكى باي - غوجىلار ئىئانە قىلغان كالا ۋە قويلارنى سويۇپ ئاشخانىلارغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. ئۇلار ئۆز جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ گال كويىدىلا يۈرەتتى. ئۇلاردىن بىرى ئاشقان شورپا ، گۆشلەرنى تۆكۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي ، مەشنىڭ پۈتىغا باغلاپ قويۇلغان ئېگەرلىك ئېتىنىڭ ئالدىغا جاۋۇرنى كۆتۈرۈپ مېڭىشغىلا ئات ھۈركۈپ كەينىگە سەل داجىدى . ھېلىقى ئەسكەر ئاتقا قاراپ يەنىمۇ يېقىنلاپ ماڭدى . دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قولىدىكى جاۋۇر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئات ھۈركىگىنىچە بېنزىن تۇڭىدا ياسالغان مەشنى سۆرەپ ئوچۇق ئىشكتىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ھۈركىگەن يەنە بىر ئاتمۇ مەشنى سۆرىگىنىچە سىرتقا ماڭدى. قورۇ ئىچىدىكى باشقا ئاتلارمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ سىرتقا قاراپ چېپىشتى . ئەسكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ۋارقىراشتى.**
**_ لى سىلىڭ ، نېمە ئاۋازلار بۇ ؟.... ئوغرىلار كەپتۇ.....**
**_ راستىكەن ، نېمىدىگەن تاراڭ - تۇرۇڭلار بۇ ، يۈرۈڭلار كەينىمىزگە چېكىنەيلى ، - دېدى يۈرىكى پوك - پوك تۇرغان لى سىلىڭ ئالاقزادە بولۇپ .**
**ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ، تۆپىلىك تەرەپكە قاچتى . مەشنى سۆرەپ كېلىۋاتقان ئاتلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېپىپ شاۋقۇن - سۈرەننى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.**
**_ راستىكەن ، راستىكەن ئوغرىلار كەپتۇ ! - ئەسكەرلەرنىمۇ ۋەھىمە بېسىپ ، قانداق قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى . مۇزلاپ ھالى قالمىغاچ ئاچ قورساق ئەسكەرلەر ئاتنى باشقۇرالماي ، بىر - بىرلەپ ئاتتىن يىقىلىشقا باشلىدى. ئۇلار يىقىلغان جايىدا ئاچچىق ئىڭرايتتى. بەزىلىرى جايىدىلا جان تەسلىم قىلدى. پۈتى ئۆزەڭگىدە قالغان ئەسكەرلەرنى سۆرىگەن ئاتلار رەھىم شوپاڭنىڭ ئارقا تېمى بىلەن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ ، مەكتەپ تەرەپكە مېڭىپ كەلدى .**
**قورالىرىنى بەتلەپ يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئەسكەرلەر كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۆزەڭگىدە پۈتى قالغان ئەسكەرلەرنى كۆردى - دە :**
**_ ئوغرىلار كەپتۇ ، ئوغرىلار ، - دەپ ۋارقىرىشىپ ، پاتپاراق بولۇشۇپ ، ھەر تەرەپكە قارىتىپ مىلتىقلىرىدىن ئوق چىقىرىشتى . دەرۋازىدىن ئۆتكى ئۆچكەن ھالدا چۇرقىرشىپ چىققان بىر نەچچە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئاتلار ئۆزەڭگىدە پۈتى قالغان ئۆلۈك ئەسكەرلەرنى سۆرەپ كېلىشتى . بىر ئەسكەر ئات يېنىغا ئاستا بېرىپ قاراپ :**
**_ ۋۇ بۇ ... بۇ لى سىلىڭكەن ... _ دېدى ئىنجىقلاپ .**
**باشقىلارمۇ بۇ ھالنى كۆرۈشۈپ قورقۇپ كېتىشتى .**
**بۇ كۈنى كەچ تاڭ ئاتقىچە ئوق ئاۋازى بۇ شەھەردىن ئاڭلىنىپ تۇردى . ئۇلار ئۆز ئادەملىرىدىن بەش نەپەر ئەسكەرنى ئېتىۋەتكەنىدى . ۋەن گوتەي بۇ كېچە كىرپىك قاقماي ، ۋەھىمە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى - دە ، كېيىن بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇققۇپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى.....**
**داۋۇت پالۋان بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن بۇلارنى ۋەھىمگە سېلىشقا باشلىدى. گاھى كۈنلىرى شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوق ئاتسا، گاھى كۈنلىرى چېلەك سۆرىتىلگەن ئاتلارنى كوچىلارغا قويۇۋېتەتتى. بۇنىڭدىن گومىنداڭچىلار تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ ، ساراسىمگە چۈشۈشتى.**
**خەلق مەش پۈتىغا باغلانغان ئات ۋەقەسىدىن كېيىن ، بۇلارنى كۆرسە كۈلكىسى قىستايدىغان بولدى . بىر قىسىم كىشىلەر << بۇلارنىڭمۇ ھالى چاغلىقكەن ، مۇشۇ ھالىغا بىزنى ئەجەپ بوزەك قىلىپ كەتتا، مۇشۇلار ئۈچۈن كالىدەك ئىشلەپ كەپتۇق تووۋا .... شۇنچە كۆپ ئەسكەر كۈچىگە ئىگە گومىنداڭ قوشۇننى بىر قانچە ئاتنىڭ ۋەھىمگە سالغىنىنى ... >> دېيىشەتتى.**

**ئۆچ ئېلىشتىن چۈپەي ۋە پەسكەش قەلبلا راھەتلىنىدۇ. - يوۋېنال**

**داۋامى بار ....[/color][/size]**

---

**يولىغۇچى: kosan**
**يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-15 22:58:59**


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

هارماڭ دوستۇم! شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ يامۇلنى قورشاش ئىشى قانداق بوپ كېتەر؟ قېنى هارمىغايسىز.. ئاخىرىغا تەشنامىز!

جان تۇمشۇققا كەلگەندە ئادەمگە ئۆزىنىڭ سايىسىمۇ قورقۇنچلۇق كورۇنىدۇ - دە...

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-17 13:03:23

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
گومىنداڭنىڭ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەن ئەسكەرلىرى ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئىدى . ئۇنىڭدىن قالغان بەش يۈزگە يەتمىگەن ئەسكىرى
ۋەن گوتەيىنىڭ قاتتىق چۆچۈتۈپ ئەندىكتۈرۈەتتى . ئۇ بىر ۋەھىملىك كۈنلەردە باغلاقتىكى ئىتتەك ئۆز قورۇسى ئەتراپىدىلا قاۋايدىغان بولۇپ
قالدى . << مېنىڭ شۇنچىۋالا ئەسكىرىمنى ئوغرىلار تۇگەتتى. چىن تۆەنجاڭ ، لى سىلىڭنى يەپ كەتتى ، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كېلىۋاتىدۇ .
قانداق قىلىش كېرەك ، چېكىنىش، چېكىنىش ... لازىم ، بارلىق خەنزۇ پۇقرالارنى ئېلىپ كېتىش كېرەك . بۇلار زادى قانداق ئادەملەردۇ ؟!
تۇتۇۋالسام نېمىمۇ قىلىۋېتەرمەن ... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، يەنە بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيماي قالدى . ئۇ بىر ئىشنى
قىلالمىغاندەك ، بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى .
_ بارلىق خەنزۇ ئەمەلدارلارغا خەۋەر قىل ، بۇگۈن چۈشتە جىددى يىغىن بار، - دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىسىگە ئالىيىپ قاراپ .
_ ماڭمايسەنغۇ ، نېمىگە قاراپلا تۇرىسەن ؟ بەز لەتۇا !- ئۇ ئاچچىقىدا هېلىقى ئەسكەرنىڭ كاچىتىغا چاڭ - چاڭ قىلىپ ، ئىككى كاچات
ئۇرىۋەتتى ، - سەنمۇ ئاشۇ ئوغرىلاردەك چەبدەس بولغان بولساڭ مەن مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم ، ئىستت سەنلەرنى ئەتىۋارلاپ باققانلىرىم ...
ماڭ خەۋەر قىل .
_ ئۆزىڭىز ... مېنى ساقلاڭلار ... هېچ ... هېچ يەرگە بارماي ... دېگەنتتىڭىز ... - بايىقى شاپىلاق تەسىرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ
كەتكەندى .
_ بولدى ماڭ !
_ خوپ سىلىڭ !
يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى ، ئۇلار ۋەن گوتەيىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ، قورققىنىدىن تىترەپ كېتىشتى . << بىر ئېغىز
سۆزنى خاتا قىلىپ قويساق چاتاقكەن ، بولدى سۆزلىمەيلا قوياي ... >> دېگەنلەرنى خىيال قىلىشاتتى ئۇلار .
ۋەن گوتەي بەكمۇ ئازابلىنىۋاتاتتى. ئاشۇ ئازابتىن چىرايى قورۇلۇپ ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى . ئۇ چاغاننىمۇ ئىچى تىت- تىت
بولۇپ ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ ئۆتكۈزگەندى . شۇ تاپتا يىغىندا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ غەلىتە
كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى . ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يەنە ئاچتى ، هەممىسى سۈكۈت ئىچىدە باشلىرىنى تۆۋەن
سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.
_ بىز ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدۇق ، كەچتە چېكىنىمىز، - ئۇ گەپنىڭ نەق ئۆزىنىلا ئېيتتى. گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى ، -
جىڭ قومانلىق شتابىدىن تەستىق ئېلىشقا بىزنىڭ ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ . تەييارلىقنى ئوبدان قىلايلى .
ئۇنىڭ سۆزى ئولتۇرغانلارغا مايدەك ياقتى . بىراق لەنشىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي :
_ نېمىشقا چېكىنىمىز، تېخى ئەسكەرلىرىمىز بارغۇ ؟ ئۇلار بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىپ كۆرەيلى ياكى يۇقىرىدىن يەنە ياردەم تەلەپ قىلايلى ، -
دېدى .
_ بولدى مۇشۇنچىلىك بولسۇن ، - دېدى ۋەن گوتەي لەنشىڭغا قاراپ قويۇپ ، ئۇ لەنشىڭنىڭ قاراملىقىنى ، يۈرەكلىكلىكىنى ياقتۇراتتى.
ۋەن گوتەي ئولتۇرغانلارغا قاراپ چىقتى . ۋۇ شاۋتەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى . ياڭ هاكىم ئۇنىڭ كۆزىگە هەجىيىپ ئۆزىنى
مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە << غۇژژىدە >> ئاچچىقى كېلىپ ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-19 21:58:25

هاهاهاهاها...... قالتىس بوپتۇغۇ... يارايدۇ ئەزىمەتلەر!!! هارماڭ دوستۇم! رومانىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن... داۋامىغا تەشنامەن!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-22 12:41:32


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]_ ياڭ هاكىم ، داۋۇت دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئويلاپ تاپقان ئەقلىڭىز ئاخىرىدا نېمە پايدا كەلتۈردى !؟

_ ئۇلار بارغۇ ؟

_ يالغان سۆزلىمەڭ ، بىزنىڭ ئادەملەر ئۇلارنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالماپتۇ ؟

_ بەلكىم ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندۇ ؟

_ ئوغرىلارغا قېتىلىپ كەتكەندۇ دەڭا ؟

_ ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس .

_ بولدى ، بۇنى تالىشىپ ئولتۇرۇشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق . بىز چېكىنىشتىن ئاۋۋال داۋۇت قاتارلىق مۇھىم كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى قىرىپ تاشلاپ ، بۇ شەھەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ سورۇۋېتىشىمىز كېرەك . يەنە بىر مۇھىم ئىش، سا خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بۇ يەردىكى ئاساسلىق كىشلەرنى جىڭدا يىغىن بار ، دەپ يىغىپ شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇپ يوقتىمىز ، بۇلارنىڭ بىزگە قىلغانلىرى ئاز ئەمەس، بۇنداق قىلساقمۇ يەنە دەردىمىز چىقمايدۇ ... \

_ ئۇلار نېمە قىلغان ؟ - دېدى ياڭ هاكىم سىلىق تەلەپپۇزدا .

_ نېمە قىلغان ؟ يەنە نېمە قىلسا بولاتتى ! نېمە قىلغانلىقنى بىلمەمسەن ؟ نان دەپ نېمە يېقىپ بەردى ، پەلەي دەپ نېمە تىكىپ بەردى . بىز ئۇلارنى كېيىن تاپالىدىقمۇ ؟ بۇلار بىزگە نېمە ياردەم قىلدى ؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئاشۇلار سەۋەپچى ، داۋۇتلار قېنى ؟ دۆت ، چوشقا ، ئېشەك .

_ ئاغىزىڭنى يىغ ! بىز نان، پەلەي دەپ ئازكىشلەرنى قىرىپ تاشلىدۇقمۇ ؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئۆزىمىز سەۋەپچى ! گەپ قىلمىسام هازىرغىچە مېنى مەسخىرە قىلىپ كەلدىڭ . ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، - ياڭ هاكىم يان قورالىنى ئالغۇچە ۋەن گوتەي چاققانلىق بىلەن بەتلەكلىك تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

_ ئۇنىڭ تاپانچىسنى تارتىۋېلىڭلار ، ئۇ خائىن ! بۇگۈن ئۇ ئۆزىنى ئاشكارلىدى...

_ مەن ئۆز خەلقىمگە خائىنلىق قىلغىنىم يوق ، بۇ يۇرت خەلقى بىزنى باقتى ، سەمىرتتى ، سەن جاللاتچۇ ؟ بىگۇناھ خەلقنى تالىدىڭ ، بۇلىدىڭ ، ئۆلتۈردۈڭ ، چانىدىڭ ... ئەزدىڭ ، قىلمىغىنىڭ قالمىدى ....

_ ئاغىزىڭنى يۇم ! - غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن ۋەن گوتەي قاتتىق ۋارقىرىدى .

ياڭ هاكىم سەل پەسكويىغا چۈشۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى . ئۇ ۋەن گوتەينىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكىسىنىڭ بېسىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قالغانىدى.

_ بۇلارنى نېمە قىلساڭ ئۆز ئىختىيارىڭ ... - دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .

_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ۋەن گوتەي تاپانچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ، - سەن چەنتۇ جاسۇسلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىر قالدۇرماي ئۆلتۈرۋەت !

_ نېمىشقا .... ئۇلار ... بىز ئۈچۈن ..... خىزمەت قىلغان تۇرسا ... - دېدى ئۇ رەڭگى ئۆچكەن هالدا .

_ ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى . ئۇلار بىر ئوچۇم ۋىجدانسىزلار ، ئۇلار هېچنىمگە ئەرزىمەيدۇ !

_ ئۇلار ... ياخشى .... ئىشلىگەنتى ....

_ ئۇلار نەپنى دەپ ئۆز مىللىتىدىن كېچىپ ساتقىنلىق قىلغان يەردە، كېيىن بىز قىيىن كۈنگە قالساق ، بىزگە ساتقىنلىق قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ ؟ بۇلارنىڭ بىرسى بولسىمۇ ئۆلگىنى ياخشى ...

_ چۈشەندىم ، چۈشەندىم ، بەك داناكەنلا ...

_ ئۇلار ناهايتى كۆپ ئىشلىرىمىزنى بىلىپ كەتتى ، ئەمدى ئۇلارنى هايات قالدۇرۇش بىز ئۈچۈن زىيانلىق .

_ توغرا ، توغرا، - دېيىشتى باشقىلار تاتارغان چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

_ ھەممەيلەن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ ، كەچكىچە چېكىنىشنىڭ يولىنى قىلايلى . خەنزۇ پۇقرالارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز. تەييارلىق پۇختا بولسۇن ، بۇ ئىش ئىنتايىن مەخپىي بولسۇن . لەنشىڭ سەن بۇيەردە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ . جىڭغا بارغاندىن كېيىن ، قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلىپ دەرىجەڭنى ئۆستۈرىمەن ، مۇكاپاتلايمەن .

_ رەھمەت سىلىڭ ، رەھمەت ....

_ ھەممىمىز لەنشىڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولايلى ، يەنە قانداق ئىشلار بار ؟

_ يوق ....

ھەممىسى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى.

_ ئۇنداق بولسا تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىڭلار . مەخپىي بولسۇن . ۋۇ جۇيجاڭ هېلقى ئىشنى هازىرلا ....

_ مەن قىلاي، - دېدى لەنشىڭ .

_ بولدى ، ۋۇ جۇيجاڭ ئۆزى يېتىشىدۇ ، سېنى بۇ ئىشقا سالمايمەن . ساڭا ئايرىم ئىش بار.

يىغىندىكىلەر تارقىلىپ كەتتى. ۋەن گوتەي نېمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، قۇرۇقدالغان يىغىن زالىغا قاراپ ئاچچىق - ئاچچىق سورىدى . ئۇ ئەسلىدە بۇ يەردە ئۆزىگە ئۆزى خان بولۇپ ، قانداق ياشىغۇسى كەلسە، شۇنداق ياشاش خىيالىدا بولغانىدى . بۇنداق هۆكۈمرانلىق ئورنىنى يەنە نەدىن تېپىش مۇمكىن ... ئۇ ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى، بىئارام بولاتتى. كوچىغا چىقىپ كۆرگەنلىكى ئادەمنى چېپىپ قىرىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇششۇك ھەرسگە ئوخشاپ قالغانىدى.

_ ئەجەپ يەر ئىدى بۇ ، - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئاندىن ، - مۇھاپىزەتچى تېز، نەرسىلەرنى يىغىشتۇر ، - دەپ ۋارقىرىدى . بۈگۈنكى يىغىن روھنى ئىشلىك يېنىدا مۆكۈپ تىڭشاپ تۇرغان غاپپار بەگ ئاڭلاپ قالدى . بۇ خەۋەرنى سايىم خۇيجاڭغا قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتى.

ھەممە يەردە بىر خىل ئەنسىزچىلىك هۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. قورۇ ئىچىدە ئەسكەرلەر ئالدىراش ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشەتتى. بىر- بىرىگە گەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قىلىشقا ۋاقتىمۇ يوق ئىدى . ھەممە يەردە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. چۆلدەرەپ كۆڭۈلسىزلىك يىغىپ تۇرۇۋاتقان بۇ قورۇدىن قان ھىدى پۇراپ تۇراتتى. [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-28 13:06:02

[size=4][color=Blue]غاپپار بەگ قاراڭغۇلۇق ئەمدىلا زېمىنغا يېپىلغاندا ، سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ كەلدى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى.
بۇ چاغدا سايىم خۇيجاڭ مەتنىياز قاسساپنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى.
- مەتنىياز بىز ئەتە جىڭغا يىغىنغا بارىدىغان بولدۇق . سەن بىز بىلەن بىرگە بارىسەن ، - دېدى ئۇ خاپا بولغان ھالدا ، - سەھەردە سېنى چاقىرتىمەن .
- چىرايىڭىز بىر قىسىملا كۆرۈنىدۇغۇ ؟
- ھېچ ئىش يوق ، سەل مىجەزىم يوق تۇرىدۇ . سەن بېرىپ ئاتلارنى توقۇپ تەييار تۇرغىن .
- بولىدۇ ، مەن قايتىپ تەييارلىق قىلاي ئەمسە .
- خوش ، خۇداغا ئامانەت .
مەتنىياز قاسساپ كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
سايىم خۇيجاڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي ھويلىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . بارمايمەن دېسە ئۇلار گۇمانلىنىپ قېلىشى ھەم باشقا ئىشلارغىمۇ تەسىر يېتىشى مۇمكىن . قانداق قىلسام بولار ، بۇلار ئۆتكەنكىدەك بىر شۇملۇقنى پىلانلىغان بولسىچۇ ؟ ئىنىم بىلەن تاغقا چىقىپ كەتسەممۇ بوپتىكەن ... ئارشاڭ ئازاد بولدى ، بىر قىسىم گومينداڭچىلار يامۇلدا قامىلىپ ياتماقتا، بۇ يەردىكىلەر ئالاقىزادە بولۇۋاتىدۇ، بۇ يىغىن .... ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلاتتى . بەلكىم يىغىنغا بارىدىغان ئىشىمۇ راستتۇ ؟ يەنە شۇ ئىنىمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بولۇشى مۇمكىن ... ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغىنىچە توقال خوتۇنى ھەجەرخاننىڭ ھوجرىسىغا مېڭىشىغا ، دەرۋازا ئەنسىز قېقىلدى . گۇللۈك سارايدا ئەتە جىڭغا يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن ياتقانلار بۇنى تۇيمىدى .
- كىم ؟
- مەن غاپپار بەگ.
سايىم خۇيجاڭ يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى .
- قانداقراق تۇردىلا سايىمكا ؟
- خۇداغا شۈكرى ، ئۆزلىرىچۇ ؟
- ياخشى .. سالامەت تۇردۇق .
- بەك ئالدىراش كۆرۈنسەنغۇ ؟ يۈر ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .
- بولدى ، مۇشۇ يەردىلا پاراڭلىشىپ قايتاي ، ئالدىرايمەن ...
- نېمە ئىش بولدى ؟- دېدى سايىم خۇيجاڭ كۆزلىرىنى ئەنسىزچىلىكتە چەكچەيتىپ .
- سىلەرنى جىڭغا ئاپىرىمىز دېگەن گەپپى يالغان . ئۇلار سىلەرنى مۇشۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى ، گومىنداڭمۇ بۇگۈن كىچ قاچىدۇ ؟
- نېمە دەيدىغانلا ، - دېدى سايىم باي بىر خىل ئىشەنمەسلىك بىلەن .
- راست دەۋاتىمەن ، بۇگۈن چۈشتە يىغىن ئاچتى . ئۇلار بۇگۈن كەچ جىڭغا قاچماقچى . مېنى پايلاپ يۈرگەچكە دەماللا كېلەلمىدىم . مەن ھازىر پارتىزانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرمىسەم بولمايدۇ. ئۇلارنىمۇ قىرىپ تاشلاپ ، ئائىلىسگە ئوت قويىمىز دەيدۇ . خەير، مەن قايتاي ، ۋاقىت قىس...
- داۋۇتلار ھازىر نەدە ؟
- بىلمىدىم ، بەلكىم مۇشۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن . يېقىندىن بېرى ھەر كېچە ئوق ئېتىلىپ ، تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازلار چىقىدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ئۇلار بارمىكىن دەيمەنغۇ ؟
- خوش ئەمسە مەن كەتتىم ....
- ماقۇل ... خۇداغا ئامانەت ، - سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى قايماقتا ئىدى .
- كىمكەن ئۇ ؟- دېدى سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە لەنشىڭ يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مالاي .
- سەن ئارىلاشماي ئىشىڭنى قىل .
كۆرىمىز قېنى ؟ دېدى ئۇ ئىچىدە دەرۋازىنى ئېتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ .
گۇللۈك سارايدا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ يەردە ئەتىكى يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن ئون بەش كىشى يېتىشقانىدى .
سايىم خۇيجاڭ ئاسمانغا قارىدى . ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ ، قار ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى. سوغۇق بارغانچە ئەدىمەكتە ئىدى . بۇ - 1945 يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى .
ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، گۇللۈك سارايغا قاراپ قويدى . ئۇلار بىزنى راست جايلىۋېتەرمۇق ؟ بۇ گەپ بەلكىم راستتۇ . غاپپار بەگ يالغان ئېيتمايدۇ . ئەگەر ئۇلارغا ئېيتسام پاتپاراق بولۇپ كېتىپ ، ئىشنى بۇزۇپ قويارمۇ ؟ كەچرەك ئەھۋالغا قاراپ ، ئۇلارغا ئېيتاي . شۇ خىياللار بىلەن گۇللۈك سارايغا يېقىن بارغان سايىم خۇيجاڭ كەينىگە قاتتى. ئەگەر بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ قالسا ، ئىش تەتۈرسىگە


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مېڭىپ ، تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. ئۇلار راست قېچىپ كېتەرمۇ ؟ مۇشۇنداق تاشلاپلا ، ھەي ، بۇنداق بولۇشى ناتايىن ... بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن موللا شاكىيۇ ، ھېكىمباي ، يولۋاسبەگلەر بارغۇ ، بىراق ... نېمە ئىش بولۇپ كەتتى بۇ . كۈتۈپ باقاي ... ئۇ ئاشۇنداق ۋەسۋەسىلىك خىياللار بىلەن توقال خوتۇنى ھەجەرخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ ، زادى قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ يەنىلا كۈتۈپ بېقىپ ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئەڭ ئاقىل چارە دەپ قارىدى . ئەگەر غاپپار بەگ خاتا ئاڭلاپ قېلىپ ، ماڭا يەتكۈزگە بولسىچۇ ؟ مەن بۇنى ئۇلارغا يەتكۈزسەم ، كېيىن مېنى كىم ئېيتقان دەپ ... ئۇنىڭ كاللىسىنى گادىرماچ ئوي - خىياللار چىرمىۋالغانىدى .
بۇ كېچە شەھەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرىدىن گومىنداڭچىلار ئالاقزادە بولۇشۇپ ، ئوت قويۇش ئىشنى تاشلاپ ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ ، قېچىشقا ئالدىرىدى . ئۇلار خەنزۇ ئائىلىكلەرنى بۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، ئوغرىلار كەلدى ! دەپ قورقۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى .
بۇلار قېچىپ ئايرودورمغا يېتىپ بارغاندا ، ۋەن گوتەي لەنشىڭنى چاقىردى . بۇ چاغدا ياڭ ھاكىمنىڭ كەينىگە قاراشقا ۋاقتى يوق ئىدى .
- لەنشىڭ ، سەن ئون بەش ئەسكەرنى باشلاپ ، سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيدىكى يىغىنغا بارماقچى بولۇپ ياتقانلارنى ھەم سايىم خۇيجاڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت . سەندىن باشقىسى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ . بۇ ئاخىرقى قىممەتلىك ۋەزىپە ! جىڭغا بارغاندىن كېيىن قالغان ئىشنى شۇ يەردە سۆزلىشىۋالىمىز -ھە -! دېدى كەسكىن ھالدا ، - ئوت قويۇش ئىشىنغۇ قىلالمىدۇق ، مۇشۇنىمۇ بولسىمۇ قىلىپ كېتەيلى .
- خاتىرجەم بولۇڭ سىلىڭ ، بۇنى سىز دېگەندىنمۇ ياخشىراق ئورۇنلايمەن، خوش ، مەن كەتتىم ، سىلەر مېڭىۋېرىڭلار ، - ئۇ شۇنداق دەپ ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، تۈن كېچىدە غايىپ بولدى . ئۇ جىڭغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئەمەللەرنىڭ ئۆزىگە تېگىدىغانلىقى ھەققىدە شېرىن خىياللارغا غەرق - بولدى - دە جىسمىغا قايتىدىن جان كىردى.
لەنشىڭ سايىم خۇيجاڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ، ئونغا يېقىن ئەسكەرنى ئەتراپنى كۆزىتىشكە قويۇپ ، ئۆزى بېرىپ دەرۋازىنى يېنىك قاقتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈچتىن ئالتە ئەسكەر تىك تۇراتتى.
ئالدىنئالا دەرۋازا ئىچىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشكە كېلىشىپ قويغان چاكار دەرھال كېلىپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتى .
- ئۇ قەيەردە ؟
- ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
- قالغانلارچۇ ؟
- ئاۋۇ يەردە ؟- چاكار گۈللۈك ساراي تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ ، كۆزىدىن غايىپ بولدى .
- مەن بىلەن ئىككىڭلار كىرىڭلار ، قالغانلار مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، ئاۋۋال سايىمنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئۇلارغا تۇتۇش قىلايلى ، يۈرۈڭلار -!سايىم خۇيجاڭ شەھەر ئىچىدە ئېتىلغان ئوقتىن چۆچۈپ ، ئەمدى گۈللۈك سارايدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ ، يوشۇرۇنۇش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە ، ئورنىدىن تۇردى .
دەل مۇشۇ چاغدا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ ، ئىشىك زەنجىرى يۇلۇنۇپ كەتتى - دە ، ئۆيگە لەنشىڭ ئىككى ئەسكەر بىلەن باستۇرۇپ كىردى . ھەجەرخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىقىرۋەتتى. لامپا چىراغ لىپىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. سايىم خۇيجاڭ چىراغنى ئۈچۈرمەسلىكنى ھەجەرخانغا ئېيتىپ قويغانىدى.
- چىرقىرايسەنغۇ قانجۇق ، سايىم دېگەن چوشقا قېنى ؟
- سىرتقا چىقىپ كېتىپ ، قايتىپ كەلمىدى - دېدى ھەجەرخان قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .
لەنشىڭ يۇگۇرگەندەك بېرىپ ، سايىم باينىڭ قىزى سائادەتنىڭ چېچىنى قاماللاپ تۇتتى. ئۇن ياشلاردىكى بۇ قىزنىڭ قوي كۆزلىرى قورقۇنچۇقتىن مۆلدۈرلەپ ، چىرايى ئاچچىق ئاغرىقتىن پۈرلىشىپ كەتتى.
- ئېيتە ، داداڭ قېنى ؟
- بىلمەيمەن ، - ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يىغلاپ تاشلىدى .
لەنشىڭ ئۇنى سىلكىپ تاشلىۋەتتى- دە ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى.
- سەن بۇ يەردىكەنسەن -دە ئەبلەخ .
- ئۆيۈم مۇشۇ تۇرسا ، مۇشۇ يەردە بولماي نەدە بولاتتى، - ئۇ بۇ چاغدا قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغانىدى . دېرىزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتسە ، خوتۇن - بالىلىرى بار...
- خوتۇنۇڭ بىلەن ياتماي ، بۇ يەردە يالغۇز يېتىپسەنغۇ ؟- دېدى لەنشىڭ سوغۇق كۈلۈپ ، ئاندىن بەتلەكلىك قورالدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى . ئوق سايىم خۇيجاڭنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى . سايىم خۇيجاڭ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىۋاتقىنىدا ئۇ كەينى - كەينىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتتى. ئوق سايىم خۇيجاڭنىڭ سول كۆكسىگە تەگدى، ئۇ يىقىلدى .
- يۈرۈڭلار ۋاقىت قىس ! ئۇلارنى جايلىۋېتىپ قايتايلى!
ھەجەرخان قورقۇپ كېتىپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى . بىر پەستىن كېيىن ، دېرىزىدىن سەكرەپ ، باغ تەرەپ بىلەن تامدىن ئارتىلىپ ، مەتنىياز قاسساپقا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. سائادەت تېخىمۇ ئەدەپ چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .
گۈللۈك سارايدىكىلەر بايىقى ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ، پاتىپراق بولۇشقىنىچە پول ئاستىغا ، ئات ئېغىلىغا مۆكۈۋېلىشتى .
لەنشىڭ گۈللۈك سارايغا كىرىپ قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى - دە، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قارىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. پول ئاستىدىكى ۋە ئات ئېغىلىدىكى كىشلەر سەھەر ۋاقتى سايىم خۇيجاڭنىڭ دادىسى كېلىپ يىغلىغاندا ، جامائەت مەسچىتتىن كېلىپ ئاللا - توۋا قىلغاندا ئاندىن قورقۇمسىراپ ئاستا ھويلىغا چىقىشتى . سايىم خۇيجاڭنىڭ قىزى سائادەت تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەنىدى . [size][/color/]

[ بۇ يوللانما alturk تەرىپىدىن 2007-5-11 3:48:54 دە تەھرىرلەندى ]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يوللىغۇچى: shahzada
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-6 13:22:45

ياخشىمۇسىز نازاكەت خېنىم سىزنىڭ بىر پارچە رومانىنى توردا يېزىپ ئېلان قىلىشتەك بۇنداق تىرشچانلىقىڭىز ئۈنچىكەھەم غەيرتىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى .سىز چوقۇم يېزىپ تۈگىتەلەيسىز .بۇ رومانىنى سىز خېلى ياخشى چۈشىنىدىكەنسىز مۇشۇ رومان توغرىلۇق سىزدىن سورايدىغان مەسىلىلەر بار ئىدى .ياردەم قىلامسىزمۇ؟ خالىسىڭىز چىچ نومرىڭىزنى قالدۇرۇپ كويسىڭىز ياكى 164658151نى قاچىلىۋالسىڭىز .

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-8 15:49:03

رەھمەت سىزگە !
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! ھەممىڭلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلاردىن شۇنداقلا مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگىنىڭلاردىن ناھايتى خۇرسەنمەن ھەم چوڭقۇر تەشەككۇرىمنى بىلدۈرىمەن . مەن بۇ ئەسەرنى ئاخىرىغىچە يوللايمەن . ئەمما ۋاقتلىق بۇ ئەسەر توختىتىلىپ قويۇلدى . چۈنكى سىلەرمۇ كۆرگەنسىلەر < قانغا بويالغان سايرام > نى دارغا ئاسايلى دېگەن تېمىنى . مەن ئاۋۋال بۇ ئەسەرنىڭ ھەققىي ئاپتورىنى ئېنىقلاپ چىقاي . داۋامىنى شۇ چاغدا يوللاي ! ھەممىڭلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . مېنىڭمۇ يېرىمىدا توختىتىپ قويغۇم يوق ئىدى . ئەمما مەن ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىسام بولمايدۇ . راستىنلا كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ، مەن شۇنداق سەممىي كۆڭلۈم بىلەن تورداشلارنى بىر ياخشى ئەسەردىن خەۋەردار قىلاي دېسەم ئاخىرىدا بۇ ئىش پەسكەشلىككە ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ھەققەتەن تولا دېگۈم كېلىدۇ. [em7]

---

يوللىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 12:29:56

ياخشىمۇسىز نازاكەت خانىم
سىز 0909دا بولغاچقا سىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى . مۇمكىن بولسا ئۆيى تېلفۇن نۇمۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويالامسىز؟
سىز بىلەن تېلفۇندا ئالاقىلاشسام. رەھمەت سىزگە !

---

يوللىغۇچى: Parwasiz
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 13:06:05

نەقىل:

---

bahadirنىڭ *2007-1-28 13:56:31* دە يازغىنى:
Nazakat0909 نىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشى مېنى چەكسىز خىياللارغا مۇپتىلا قىلدى ؟
Nazakat0909 بۇ سۆزىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى : << ھەرگىزمۇ يېرىمىدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!! >>
سىزگە تەشەككۇر .................

---

[color=Red][size=3]مەنمۇ بەك تەسىرلەندىم . مۇشۇ تاپتا نازاكەت خانقىزنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشىدىن تەسىرلىنىپ نازاكەت خانىمنى چىڭ قۇچاغلاپ تۇرۇپ ، ئاشۇ قوللىرىنى تۇتۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ [em11]
سىزگە رەھمەت نازاكەت خانقىز ........ داۋامىنى كۆرۈشكە بەك ئالدىراۋاتىمىز[/size] [em72] [color]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 13:28:01

ياخشىمۇسىز نازاكەت خانىم ؟
ئەسلى ھۆكۈمنى كۆرگەن ئوخشىمامسىز ، سىز يوللانمىڭىزدا [ مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ ئاپتورلىق ھوقوقى بېرىلىپتۇغۇ ؟ ] دەپ يېزىپسىز.
مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ . . . دىگەن پىكىرىڭىزدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولۇدۇكى ، روزى مىراپ ئەپەندىدىن باشقا يەنە مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ
ئاپتورلىق ھوقۇقى بېرىلىپتىغۇ ؟ مەنە چىقىپ تۇرۇپتۇ . مۇشۇ چاغدىمۇ يەنە نېمە ئۈچۈن روزى مىراپ ئەپەندىنىڭ مۇھەممەتتىلى ھېلىم بىلەن بولغان
ئوخشاش ھالەتتىكى ئاپتورلىق ھوقۇقىنى تىلغا ئېلىشتىن ياندىپ ئۆتۈپ كەتتىڭىز؟ ئەگەر سىزمۇ كېيىنكى يوللانمىلىرىڭىزدا مۇھەممەتتىلى ھېلىم بىلەن
روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭ قوش تەۋەلىكتىكى ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى تەڭ قوللانسىڭىز بۇ دەتالاشمۇ ئاخىرلاشقان بولاردى .
شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى ، مەن تۇنجى يوللانمامدا بۇنى [ قوش تەۋەلىك ھالەت ] دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن . ھەرگىزمۇ
نوقۇل مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭ ياكى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭ يەككە ئاپتورلىغىدا بولىدۇ ، دىيىلمىگەن . چۈنكى قانۇن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە
تەدبىقلاشلار ئارقىلىق بۇ ئەسەرگە ئىككى ئاپتورنىڭ ئورتاق ھالەتتىكى ئىسىم يېزىش ھوقۇقىنى قوللىغان . مەنمۇ سىزنى چوقۇم قانۇننى ھۆكۈم بويىچە
پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغۇ دەپ ئويلايمەن .
تورداشلارنىڭ سەمىگە سالىدىغىنىم ، مەنكى Yadrookbexi يوللىغان يوللانما بىلەن ay qiwar خانىمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق .
ay qiwar خانىمغا ئۈچۈر يوللىماسلىقىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن .
ھۆرمەتلىك ay qiwar مېنىڭ يوللانمام سەۋەبىدىن سىزگە مالاللىق يەتكەن بولسا سىزدىن ئەپۇ سورايمەن . چۈنكى ھەقىقەتنى سۆزلىمەك مانا مۇشۇنداق
جاپالىق بولىدىكەن . چۈنكى ھەقىقەت گاھىدا ئاچچىق بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ سىزگە سەمىمى دوستلۇق قولۇمنى سۇنۇپ yadro ok bexidn !

---

يولىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 14:00:12

ياخشىمۇسىز پەرۋاسىز خانىز ؟
سىز چىك تۇتۇپ قويماقچى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ۋە خاسىيەتلىك قول ئاشۇ پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نامىنى ئۆزى كۆرگەن ھۆكۈم بويىچە قوللانسا
مەنمۇ ئۇ قولنى چىك سىقىپ رەھمەت ئېيتاتتىم . نازاكەت خانىز ئەسەرنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ ، لېكىن ئۆزى كۆرگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن
ئىككى ئاپتورنىڭ نامىنى ئورتاق ھالەتتە ئىشلىتىشى شەرت . چۈنكى قانۇن ھۆكۈمى دەخلىسىزدۇر !
تورداشلارنىڭ سەمىگە سالىدىغىنىم ، بۇ ئەسەرگە ئىچىلغان سوتقا مەنمۇ سىرتتىن قاتناشقان ئىدىم . مەن پەقەت ھەقىقەت روشەنلەشسە ، روزى مىراپ ياسىن
ئەپەندىگە يەنە ئادالەتسىزلىك بولمىسا دەيمەن .
ئىمكان بار مەن سىللەرنى مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭ قانۇنچىلىق گېزىتىدە روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىدىن ئەپۇ سوراپ يازغان خېتى ۋە روزى مىراپ
ياسىن ئەپەندىنىڭ مەزكۇر رومانغا بولغان ئاپتورلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھۆججىتى بىلەن تەمىنلەيمەن . بۇ نۇقتىدىنى مۇھەممەتتىلى ھېلىم
[ قانغا بويالغان سايرام ] رومانىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بولغان [ قانلىق ئىز ] رومانىدىمۇ ئېتىراپ قىلغان . سىللەرنىڭ [ قانلىق ئىز ] رومانىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى
كۆرۈپ بېقىشىڭلارنى ۋە بۇ ئىككى ئەسەردىكى 95% لىك ئورتاقلىقنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 16:02:37

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ۋە يادرو ئوق بېشى خانىم !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يادرو ئوق بېشى خانىم سىز چ چ نومۇرىڭىزغا مېنى قوشۇش ھەققىدە ئۇچۇر يوللاپتىكەنسىز مەن سىزنى چچ غا قوشتۇم ھەم تېلفۇن نومۇرۇمنى چ چ رىڭىزغا قالدۇرۇپ قويدۇم . تېلېفۇندا ئالاقە قىلسىڭىز بولىدۇ.
سىز ئەسەرنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىڭ ، مەن سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئاپتورنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېلىۋەتتىم ئىش ئايدىڭلاشقاندا ئىككى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تەڭ قويىمەن دېگەن مەقسەتتە شۇنداق قىلدىم . بۇ ئىشقا سىزدىنمۇ بەك مەنمۇ ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتىمەن .
توغرا مەن < مۇھەممەتئىلى ھېلىممۇ > ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ يازدىم ، چۈنكى مەنمۇ سىز يازغان ھاقارەتلەردىن ، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي شۇنداق دېدىم ، بۇ ئەسەرگە ئىككى ئاپتورنىڭ ئوخشاشلا ئاپتورلۇق ھوقۇقى بېرىلىپتۇ . ئەگەر مۇھەممەتئىلى ھېلىمنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان بولسا ، مېنى نېمە دېسىڭىز ھەقلىق ئىدى . ئەمما مەنمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقىلا مەن كىتاپ بويىچە پەقەت بىرلا ئاپتورنىڭ ئىسمى بويىچە يوللاپتىمەن . مەن نەچچە رەت دېدىم ، ئەگەر مېنىڭ راستىنلا خەۋرىم بولسا سىزنىڭ بۇنداق سېسىق گېپىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ ئولتۇرمايتتىم . باشتىلا ئىككى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تەڭ چىقىراتتىم شۇڭا مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپكەن يېرى بار. بۇ تەرىپىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىسىز . مەن 0909 دا بولغىنىم ئۈچۈنلا مۇھەممەتئىلى ھېلىمنى تونۇشۇم مەجبۇرىيەت ئەمەس شۇنداققۇ ، مەن شەھەرلىكلەرنى تونۇمايمەن ، ئۆزەم يېزىلىق ، ئەمما يېزىلىق بولسامۇ مېنىڭمۇ روزى مىراپ ئەپەندىمدەك ۋە باشقىلاردەك كىشىلىك ئىززەت- ھۆرمەت ھوقۇقۇم بار. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادالەتنى ياقلايمەن . بۇ ئەسەر توغرىلىق چۈشەنچىمۇ يوللاپ قويدۇم ئايرىم تېما قىلىپ .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 17:31:46

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم نازاكەت خانىم ،
سىزنىڭ ئادالەتنى ياقلاش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم . ئىللاتئاللا مۇقەددەس كىتاپتا [ ئۆزەڭلارنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنىڭ
پايدا - زىيىنىغا گۇۋالىق بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ ھەق رەۋىشتە گۇۋالىق بېرىڭلار ] دەپ ۋەھى قىلغان . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەيلى مۇھەممەتتىلى
ھېلىم ياكى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندى بولسۇن ھېچقايىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتىم ياكى پايدا - زىيان مەنپەت توقۇنۇشۇم بولمىسىمۇ ھەقىقەتنى
ھەق رەۋىشتە ئوتتۇرغا قويۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ جەرياندا سىز ۋە باشقا تورداشلارنى رەنجىتىپ قويغان بولسام سىللەردىن سەممىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن .
مىنى ئەڭ ئېچىندۇرغىنى ئاشۇ يىللاردا بىز ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ قانلىق جەڭ قىلغان ، ئازاتلىقتىن كېيىن قورال تۇتقان قولىدا قەلەم تۇتۇپ شۇ يىللارنىڭ خاتىرىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىق ئۈستىلىدە مۈكچەيگەن بىر زاتنىڭ خەلق سوتىدا ئۆزىنىڭ بىر كىشلىك ھەققانىي ئورنىنى
تاپسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ قانۇن بەرگەن ئىسىم يېزىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقى بولدى .
گەرچە بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم سۈركۈلۈشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ بۇنى سىزنىڭ ھەقىقەتنى ياقلاش يولىدىكى بىر قىتىملىق مىننەتسىز
بەدەل دەپ توغرا چۈشۈنىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن . چۈنكى ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم مەلۇم دەرجىدە بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كىلىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزنىڭ ئەمگىگىڭىزنىمۇ ، مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭمۇ ۋە روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭمۇ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەيمەن . ئاخىرىدا سىزگە
سالامەتلىك تىلەش بىلەن بىللە بۇ ھەقدە يەنىمۇ ئىزدىنىپ ئىككى ئاپتورنىڭ نامىنى مەزكۇر ئەسەر ئارقىلىق بارلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇشىڭىزنى
ئۈمۈت قىلىمەن . بىز ھەق رەۋىشدىكى ھەر قانداق بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئەجرى بىلەن قەلبىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز . كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىز بىلەن
دوستانە ھالدا دىدارلىششنى نىسىپ قىلغاي .
سىزگە بەركەت تىلەپ ؛ يادرو ئوق بېشىدىن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 18:09:38

رەھمەت سىزگە ! سىز ماڭا چ چ دا بىر ئۇچۇر قىلغان بولسىڭىز ، مەن ئەسلي ئاپتور يەنى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندى بىلەن بىر سۆزلەشمەكچى ئىدىم .
ئادالەتنى ياقلايدىغانلار يالغۇزلا سىز ياكى مەن ئەمەس بەلكى مۇشۇ مۇنبەردىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىدۇر ، ئۇلارمۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھەقىقەت ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلىدۇ .

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 19:10:05

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بارلىق تورداشلار ! بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئۇقۇشماسلىقلار يېشىلدى . بۇ جەرياندا ماڭا ئىشەنگەن ماڭا مەدەت بەرگەن بارلىق تورداشلارغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن . بۇ ئەسەرنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان تورداشلار تېنىم سالامەت بولىدىكەن ، مەن بۇ ئەسەرنى چوقۇم ئاخىرىغىچە يوللايمەن ! سىلەرنى چوقۇم بۇنداق ياخشى بىر ئەسەردىن تولۇق خەۋەردار قىلىمەن . ئەمسە قېنى نەزىرىڭلار ئەسەرنىڭ داۋامىدا بولسۇن !!!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 19:31:28

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
گومىنداڭنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پارتىزانلار دەرھال تىنتىش ئېلىپ باردى . چۆلدەرەپ قالغان بورتالا گارنىزون قوماندانلىق شتابى قورۇسىدا قەغەز پارچىلىرى ئاستا ئۈچۈپ يۈرەتتى. داۋۇت پالۋان رەت - رەت سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن بىردىنلا ئېتىنى كەينىگە بۇراپ ، ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە چاپتۇردى . ئۇنى غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد بولغانلىق خەۋىرى ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ تولۇق ئازاد بولغانلىق خەۋىرى ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ كۆنسېرى ئالغا ئىلگىرلەۋاتقانلىق جاسارىتى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ روھى بۇ خىل روھتىن جەڭگىۋارلىشىپ ، تارتقان جاپالىرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قېنى بارغانچە قىزىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماس دەرىجىسىگە يەتكەنىدى ...
ئۇلار جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ساقچى ئىدارىسىغا كەلدى - دە ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى .
_ داۋۇتكا ماۋۇ ئۆيدە جەسەتلەر تۇرىدۇ، - دېدى سىدىق كۆككۆز كۆزلىرىنى چىملداتقىنىچە چوڭراق بىر خانىنى كۆرسىتىپ .
داۋۇت پالۋان كېلىپ ئۇلارغا زەن سېلىپ قارىدى . زاكىر قۇلارق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ ، ھاشىم ماشكا، ئايىسخان ، ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ جەستى بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتاتتى.
_ خائىن دېگەنگە ھەر ئىككى تەرەپتىن ياخشى كۈن يوق -دە، بۇلار ئاسان ئۆلۈپتۇ ، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولۇپ سۆرىلىپ يۈرگەن بولسا ... ھەي ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ ئەجەپ ياخشى بوپتۇ ، - دېدى بىر پارتىزان .
_ بۇلارنى يەرلىكىدە قويۇۋېتەيلى ،- دېدى داۋۇت پالۋان ئېچىنىش بىلەن .
_ بۇلار بىزگە شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان تۇرسا نېمىشقا يەرلىكىدە قويىمىز ؟- قاسىم جودا ئۆكتەي .
- بۇلار ئازغان بەندىلەر ، كەڭ قورساق بولايلى .
_ داۋۇتكا ، بۇ يەردە يەنە جەسەت تۇرىدۇ ؟
داۋۇت پالۋان يۈگۈرۈپ ، ئەڭ چەتتىكى ئۆيگە كىردى . قالغانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىشتى .
بىر نەچچىلىگەن جەسەتلەر ئارىسدا ئابدۇللا بىلەن راخماننىڭ جەستى تۇراتتى. بۇلار تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى .
_ تاش يۈرەك جاللاتلار ، بۇلارنى ئەجەپمۇ قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ ! تۆتىڭلار بۇ يەردە قېلىپ قالغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار . ئۇلارنىڭ نەگە قاچقانلىقىنى ، قايسى يول بىلەن كەتكەنلىكىنى بىلىپ كەينىدىن قوغلايلى . ئاناڭنى ، خەپ !
پارتىزانلارنىڭ قانلىرى قىزىپ ، قان تولغان كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ بەدەنلىرى چىڭقىلىپ ، ئېغىر تىنىدى - دە ئات تەرەپكە ماڭدى .
بۇلار چوڭ كوچىغا چىققاندا ، ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر مىلتىقلىرىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
_ ئازاد بولدۇق ! يۇرتىمىز ئازاد بولدى !
- ئەركىنلىككە چىقتۇق ئەي ئەزىز خەلقىم ! ھۆر بولدۇق ، يۇرتىمىز ئازاد بولدى !
كوچىدا توپلانغان خەلق ئۇلارنى ئالقىشلاپ ۋارقىراۋاتاتتى.
_ ياشاپ كەت داۋۇت پالۋان !!!
_ ياشاپ كەت ھاپىز قارى !
- ياشاپ كەت ئاسىم دوختۇر !
_ ......
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى سىرغىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ياڭراق سادالار بۇ يۇرتنى لەرزىگە سالاتتى. ئاسماندا قاپاق ئېسىلغان كەپتەرلەر غۇڭغۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇۋاتاتتى. توپ ئارىسدا تۇرغان چىمەنگۈل ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى ئېرتىشېتىپ قۇربانىنى ئىزدەيتتى .
بايخان ئاستا قەدەم بىلەن ، داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىغا كەلدى - دە ، دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەندەك تۇرۇپ قالدى . داۋۇت پالۋان خەلققە


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قاراپ غەمكىن تۇرۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمىدىكى جەسەتلەر نېرى كەتمەيۋاتاتتى. بايىخان دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى.
_ داۋۇت ، سايىمباينى لەنىشىڭ ئېتىۋېتىپتۇ .
_ نېمە ؟- داۋۇت پالۋاننىڭ بېشى قايىغاندەك بولۇپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ سەلدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ، - ئاناڭنى ئىتنىڭ بالىسى ! ئۆلۈمگە كېيىن بارساقمۇ بولىدۇ. ئاۋۋال ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ قىساس ئالايلى ، - دېدى ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىنى بېقىنداپ تېپ توپلانغان خەلق ئالدىغا باردى - دە ، ئۇلارغا قاراپ سۆز قىلدى :
_ هۆرمەتلىك يۇرت خەلقى ، بۈگۈن بىز يۇرتىمىزدىن زومىگەر، جاللاتلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق . سىلەر نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭلار ، خۇدا بىزگە مەغپىرەت ئاتا قىلىپ ، ئۆزىمىزنى خان ، ئۆزىمىزنى بەگ قىلدى . سىلەر ئەمدى ئېزىلىش، خورلىنىش ، كەمستىش بولمىغان يېڭى بىر دۇنيادا ياشايسىلەر . بىز پارتىزانلار دۈشمەن ئارقىدىن قوغلاپ ئۇلارغا زەربە بېرىمىز. سىلەر سايىمباينىڭ ۋە تۇرمىدە ئۆلار ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ، ئەل - خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىگە قويۇۋېتىڭلار . قېنى ئوغلانلار جەڭگە ئاتلىنايلى !
_ سىلەرگە خۇدادىن مەدەت تىلەيمىز ، - خەلق توپىدىن ياڭرىغان گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازلار بوشلۇقنى لەرزىگە سالدى .
_ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق ! - دېيىشتى بىر قىسمىلار .
_ جامائەت ، ۋاقىت قىس ، بىز ماڭمىساق بولمايدۇ ، چوڭلاردىن بىر قانچىسىنى ئېلىۋالايلى .
جامائەت دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋىلىنىپ ، چىرايىدا بەخت قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. پارتىزانلار شىددەت بىلەن هۇررا ، چۇقان سادالىرىنى ياڭرىتىپ ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇپ بېرىشتى .

داۋامى بار..... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 20:39:23

ياۋۇز ئەپەندىم !
مۇمكىن بولسا 781989781 نى چ چ رېڭىزغا قاچىلاپ قويغان بولسىڭىز . سىزنى مالال قىلدىم. رەھمەت.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-10 9:33:30

[color=Blue][size=4]_ بىز يولۋاسبەگ ، موللا شاكىيۇ، ھېكىمباينىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ باقايلى ، بۇلار قايسى يول بىلەن قاچتىكىن ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .
_ بولىدۇر ، شۇنداق قىلايلى .
ئۇلار موللا شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئۇ ئات ئېغىلىغا مۆكۈۋالغانىدى . ئۇنى ھاپىز قارى ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ چىقتى .
_ ئۇنىڭغا تېگىشمەڭلار ، چوڭ ئادەم ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا باردى ، - ئۇلار قېنى ؟
_ كىم ؟- دېدى موللا شاكىيۇ جالاقلاپ تىترەپ .
_ ئاناڭنى ، گومىنداڭلارنى دەيدۇ ؟ بىلمەس بولۇۋالغىنىنى ، ئەمدى خەلق ئالدىدا يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ قانداقمۇ ياشارسەن ؟- دېدى سىدىق كۆككۆز ئۇنىڭغا ئالىيىپ .
_ بىلمەيمەن ، راست بىلمەيمەن ، بىز شۇ كۈنى سايىم خۇيجانىڭ ئۆيىدە ئىدۇق ، خۇدا ھەققى .
_ ئاسىم ، سەن يولۋاسبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باق ، مەن ھېكىمباينىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي .
داۋۇت پالۋان ھېكىمباينىڭ ئۆيىگە بارغاندا، قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى . پارتىزان يىگىتلەر ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى .
_ بۇ يەردىكەن ، - دېدى سىدىق كۆككۆز ھېكىمباينى مەڭگەن ئارىسىدىن سۆرەپ چىقىپ ، - ماڭ ! ئاناڭنى نېمانچىلىك قورقسەن ، سولامچى چوشقا ! - سىدىق كۆككۆز ئاچچىقى بىلەن ئۇنى بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى .
_ ئۇنداق قىلما سىدىق ! - ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇنداق چايانلارغا ئىچ ئاغرىتىش گۇناھ، بۇلار ھامان بىركۈنى چاقىدۇ ، - دېدى سىدىق كۆككۆز ھېكىمباينى داۋۇت پالۋاننىڭ ئالدىغا ئەسكى پالازنى تاشلىغاندەك تاشلاپ .
_ گومىنداڭلار نەگە كەتتى ؟
_ سىلەر قوغلىماڭلار ، ئۇلار ئايرودورومدا ، ئادىمى كۆپ .... سىلەر بارماڭلار ، بىكار قىرىلىپ كېتىسىلەر.... خۇش بولۇپ كېتەي ، سىلەر نېمە دېسەڭلار بېرەي ، - دېدى ئۇ تەۋەككۈلگە يالغان سۆزلەپ .
_ قىرىلىپ كېتىدۇ دەۋاتامسەن ، ئاناڭنى ! بىز كىم ، ئۇ كىم ! - قاسىم جودا ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر تېپىپلا دومىلىتىۋەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ نېمانداق قىلسەن قاسىم ! - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇ چوشقا توڭگۇزغا بىر پەشۋا ئازلىق قىلىدۇ. مېنى نېمە قىلىشساڭ قىلىش .... _ قاسىم جودا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى . داۋۇت پالۋان ئۇنى تۇتۇۋالدى .
_ جىم تۇرغان ئادەمنى ئۇرۇش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇرىدىغان ئىش ئالدىڭدا تېخى . يۈر ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلايلى .
_ تۇفى سولامچى لاتا ! خەپ سېنى !
ئۆي ئىچىدىن يىغا - زار ئاڭلاندى . ئۇلار قورقۇپ سىرتقا چىقالمايۋاتقاندى . پارتىزانلار ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۋاتقان ھېكىمباينى يۆلەشتى . بۇ ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئىدى . چوڭ ئوغلى دادىسىغا يىرگىنىش ھەم ئېچىنىش بىلەن قاراۋاتاتتى.
_ يولۋاسبەگ ئۆيدە يوقكەن ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم ، - دېدى ئاسىم دوختۇر داۋۇت پالۋان بىلەن ئۇچرىشىپ .
_ يۈرۈڭلار ئايرودورومغا ....
ئۇلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ، مەھەللە ئىچىدىن شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن چىقىپ كېتىشتى . ئات تۇياقلىرى ئاپئاق قارلارنى ھەر تەرەپكە چاچاتتى . يولدا ئۇچراشقان كىشلەر بۇلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىشاتتى.
ئۇلار كەڭ دالاغا چىققاندا ، دۈشمەنلەر خىرە _ شىرە كۆرۈندى .
_ ئەنە ئاۋۇ يەردىكەن ....
ئۇلار ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇشتى . دۈشمەنلەر بارا - بارا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتاتتى. بۇلار يېقىنلاپ بارغانسېرى پىيادىلەر بۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى .
_ ياخشى ، ئەسىرگە چۈشسە بىرنىمۇ ئاتقىلى بولمايتتى ، قارشىلىق كۆرسەتكىنى بەك ئوبدان ئىش بولدى ، - دېدى قاسىم جودا ئاتتا كېتىپ بېرىپ . ئاندىن ئات يۈگىنىنى قويۇۋېتىپ ، قورالنى قولىغا ئالدى .
_ ئاتايلى !
ئۇلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ، بىر نەچچە دۈشمەنلەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.
_ پۇقرالارنى ئاتماڭلار ! - ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان ، -ئاتتىن چۈشۈپ ھۇقۇم قىلايلى .
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇلارغا ھۇقۇم قىلدى . قاسىم جودا ئاتتىن چۈشمەي ، ئۇلارنى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىۋاتاتتى.
_ قاسىم ، بولدى قىل ئۇلار ئەل بولدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان قاسىم جوداغا پەخىرلىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ .
بۇ چاغدا لەنشىك ، ۋەن گوتەي ، ۋۇ شاۋتەنلەر قېچىپ ئۈلگۈرۈشكەندى .
_ ئەستا، لەنشىڭنىڭ قېچىپ كەتكىنى ئەجەپ يامان بولدى ، - دېدى ھاپىز قارى ھەسرەت چېكىپ .
_ ۋەن گوتەي بىلەن ۋۇ شاۋتەننىڭ قېچىپ كەتكىنىچۇ ؟
_ ئالدىرماڭلار ، خۇدا بۇيرىسا ، ئۇلارمۇ بىر كۈنى ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ .
_ توغرا دېدىڭ ، ئۇلار جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ . بىزدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، ئىلى پارتىزانلىرىغا تۇتۇلىدۇ . شۇنداق جاھان بۇ ....
_بۇ يەردە قۇربان بىلەن تۇرداخۇن بولسا نېمىلەرنى دەۋەتەتتى_ ھە ، ئۇلارنى ئەجەپمۇ سېغىنىدىغۇ كىشى .
_ ئۇلار ئارشاڭدا ئېردەنگە چاقچاق قىلىپ ياتامدىكىن .
_ بىز شەھەرگە كىرىپ ، كۆپ تۇرمايلا ئارشاڭغا ئاتلىنىمىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇ گەپ جايىدا بولدى ، - دېدى قاسىم جودا ، ئەسىرگە ئالغان بۇ ئەسكەرلەرگە ئالىيىپ قويۇپ .
ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان خەنزۇ پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر بۇلارغا قورقۇمسىراپ قارايتتى. بۇلارنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، ئەسكى جۇۋا ، سالۋا قۇلاقچىلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر سۈرلۈك ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغاندى . بۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى غەزەپتىن ئوت ئالغان كۆزلىرىنى ، يوغان بەستىلىك قامىتىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنمەي قالمايتتى.
ئۇرۇش مالمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ، بىر قىسىم كىشلەر بۇ يەردىكى بايلارنىڭ نەچچە مىڭ تۇياق ماللىرىنى سوۋېت تەرەپكە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەندى . بۇنى ئاڭلىغان بايلار گاراڭ بولۇشۇپ ، بىر قىسىملا بولۇپ قېلىشتى .
بايخاننىڭ شادلىقى ئەۋجىگە چىقىپ ، بىردە ئۇسسۇل ئوينىسا ، بىردە ناخشا ئېيتاتتى.
پەرۋاز قىلدى بۈركۈتلەر،
بورانلاردا تاۋلىنىپ .
قۇيرۇق تىقتى تۈلكىلەر ،
بەدەر قېچىپ ، شۈمشىيىپ .
_ ياشا بايخان ، ياشايدىغان زامان كەلدى !- دېيىشەتتى كىشلەر . بىر چاغدا بايخان بىردىنلا زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى ئويلاپ قالدى - دە ، ئالدىراش ھالدا داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىغا يۈگۈردى .
ئېردەنى بورتالا شەھرىنىڭ ئازاد بولغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال شەھەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ھايال بولغاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان بىلەن بىرلىكتە يەنە ئارشاڭغا يۈرۈپ كەتتى. يۇرت خىگلىقى ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قالدى .

داۋامى بار .... [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-11 18:01:55


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[center][size=4][color=Blue]ئون تۆتىنجى باب قوغلاپ زەربە بېرىش [/center]
[center]1[/center]
يامۇلغا قاملىپ قالغان دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە ياتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتتى.
چىن تۆمۈرجاڭ دەكەي بىلەن باراچالنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ ، بورتالا شەھرىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ھەم سەنتەيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ تەلتۆكۈس يوقىلىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.
_ ھەممىسى قورقۇنچاق نېمىلەر، ئانائىنى ، بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ .... - ئۇ ئۇلارنى ھە دەپ تىللايتتى، قاغايتتى. قاپاقلىرى قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان بولۇپ ، يۈزلىرى لىپلداپ تىترەپ كېتىپ باراتتى. ئىچىگە چاشقان كىرۋالغاندەك بىئارام بولاتتى. يۈرىكى قىسلىپ ئاغرىيتتى. باشلىرى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. << ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ، توغرا بىزمۇ چېكىنىش يولى ئىزدەپ قېچىشىمىز ، ئۆز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرشىمىز لازىم . خەپ ! ۋەن سىلىك دېگەن ئەبلەخنى كۆرسەم ئېتىۋەتمەيدىغان بولسام ، چىن تۆمۈرجاڭ بولماي كېتەي .... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى - دە :
_ مۇھاپىزەتچى ، سەن يىڭجاڭلارنى يىغىپ كەل ! - دەپ ۋارقىرىدى .
_ خوپ ! - دېدى قورققىنىدىن تىك تۇرغان ئەسكەر دەرھال جاۋاب بېرىپ ، ئاندىن ئۇ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
كۆزلىرى پارقىراپ ئالاقىزادە بولۇشقان يىڭجاڭ ، لىيەنجاڭ ، پەيجاڭلار ئېھتىيات بىلەن چىن تۆمۈرجاڭنىڭ كۆزىگە قارىغىنىچە كىرىپ كېلىشتى .
_ ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى چىن تۆمۈرجاڭ ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ ، ئۇلار قورۇنۇپراق ئولتۇرۇشتى - دە ، چىن تۆمۈرجاڭغا قاراشتى . چىن تۆمۈرجاڭ بۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى .
_ بىزنىڭ كۈنىمىز بارغانسېرى يامانلاشقىلى تۇردى . ئاشلىقىمىز قىسلىۋاتىمىز ، ئاڭلىسام شەھەردىكىلەر قېچىپ ، جىڭغا كىرىپ بوپتۇ . ئەسلى شۇلار بىزنى چاقىرتىپ كەلگەن ، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ قېچىشتى . كەڭساي ، سەنتەيلەرمۇ ئۇغرىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، - دېدى ئۇ ئۆزى << قاچايلى >> دېگەن سۆزنى ئېيتىشتىن نومۇس قىلىپ ، باشقىلارغا دېگۈزۈش ئۈچۈن .
_ بىزمۇ قاچايلى ، - دېدى خەن فامىلىلىك يىڭجاڭ .
_ توغرا بىزمۇ قېچىشىمىز كېرەك .
_ ئۇلار قاچقاندىن كېيىن بىز قاچمامدۇق ؟
_ قېچىپ ، ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرايلى .
ئۇلار بۇ سۆزنى دېيىەلمەي يۈرەتتى . ئەمدى قېچىش توغرۇلۇق بەس - بەستە پىكىر قىلىشتى . تۆمۈرجاڭنىڭ مەسلەھەت ئارىلاش دېگەن بۇ سۆزى ئۇلارغا تازىمۇ ياقتى .
_ بوپتۇ تەلپىڭلار بويىچە بىزمۇ قاچايلى ، ئۇنداقتا قانداق قېچىش كېرەك ؟ مۇھاسىرىنى قانداق بۆسۈپ چىقىپ كېتىمىز ؟- دېدى چىن تۆمۈرجاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، ھېچ ئىش بىلمەيدىغاندەك قىياپەتتە .
_ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالنى دەكەي بىلەن باراچال ئوبدان بىلىدۇ ، ئۇلار قېچىشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپالايدۇ ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .
_ ئۇنداق بولسا دەكەي بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي .
_ دوكلات باشلىق ، پارتىزانلار ئۈچ نەپەر خەنزۇنى بىزگە كېلىشىم شەرتى تۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ .
_ بەك ياخشى بوپتۇ ؟- دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ ، - ئۇلار كىرسۇن .
ياپما قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كۆزلىرى كۆرۈنمەي قالغان ، يۈزلىرى خالتىلىشىپ ، كالپۇكلىرى ساڭگىلىغان ئەللىك ياشلاردىكى ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى .
_ ياخشىمۇ سىلەر ، قېنى ئولتۇرۇڭلار .
ئۇلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ جايلىشىۋالدى .
_ ھە سىلەرنى نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتتى ؟- دېدى چىن تۆمۈرجاڭ ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، تاماكا ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ .
_ بىزنى ، - دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ھېجىيىپ قويۇپ ، - ئوغرىلار مۇنداق تەلەپنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق شۇنداقمۇ ؟ ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ ...
_ قېنى قورقماي ئېيتىۋېرىڭ .
_ ئۇلارنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن ، قان تۆكمەسلىك شەرتى ئاستىدا، سىلەرنى قورال تاپشۇرۇپ ياخشىلىقچە تەسلىم بولسا، بىز ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىمىز. ئەگەر ، جاھىللىق بىلەن قورال تاپشۇرماي قارشلىق قىلىۋەرسە ، بىز يامۇلنى مىناميوت ، زەمبىرەك بىلەن پارتىلىتىپ ھەممە يەرنى تۈزلىۋېتىمىز ، دەيدۇ .
بۇنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈرجاڭنىڭ چىرايى كۆكىرىپ ، يۈرىكىگە تۈيۈقسىز خەنجەر ئۇرغاندەك بولدى . ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، كېيىنكى ئىشنى ئويلاپ سەل ئۆزىگە كېلىۋالدى .
_ بوپتۇ ، بىز ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىمىز.
_ تۆمۈرجاڭ ... بۇ ... بۇ....
_ بولدى ،سۆزلىمە .
_ ئۇلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .
_ بىزنىڭمۇ ئۈچ شەرتىمىز بار ، ئۇلارغا يەتكۈزۈڭلار .
_ قانداق شەرت، ئېيتسىلا ، - دېدى ئەلچىلەرنىڭ بىرى ئالدىراپ سوراپ .
_ بىرىنجىدىن ، بىز ئەتە 21- چىسلا سائەت ئوندا قورال تاپشۇرىمىز . ئىككىنچىدىن ، ھازىردىن باشلاپ بىز قورال تاپشۇرغانغا قەدەر ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق ، گىرانات ئېتىلمىسۇن . ئۈچىنچىدىن ، بىز قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ ئامانلىقىمىزغا كېپىللىك قىلسۇن ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تۆگدى .
_ بولدۇ ، بىز چىقىپ بۇ تەلەپنى يەتكۈزىمىز . ئۇلار بۇ تەلەپنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ... - دېدى ئەلچىلەرنىڭ بىرى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى.
_ تەلىپىمىزنى ئوبدانراق ئۇقتۇرۇپ قويارسىلەر - هە ، تەلىپىمىزنى ئۇققانسىلەر ؟
_ ئۇقتۇق ، ئۇقتۇق ، بىز قېرىنداش ئەمەسمۇ ؟- ئوبدان يەتكۈزىمىز ، - ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى .
_ ها... ها.... ها... بۇ ناهايىتى ياخشى ئىش بولدى - دە .
_ قانداق ياخشى ئىش بولسۇن تۆەنجاڭ ؟ بىز قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولساق ، ئوغرىلار بىزنى ساق قويارمۇ ، ئۇنىڭدىن ئېلىشىپ كۆرمەمدۇق ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .
_ هەي نېمە دەيدىغانسەن ، ئۇلار بىزنى قورال تاپشۇرىدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇشۇپ ، جەڭگىۋارلىقنى يوقىتىدۇ ، بىز يېرىم كېچىدە ...
_ ها .... ها .... ها ... توغرا ، توغرا ....
_ ئۇنداق بولسا تەييارلىقنى كۈچەيتىپ ، ئۆزلىرىمىزگە ياخشى ئاتلارنى تاللىۋالايلى .
_ سىز بەك ئەقىللىق جۇمۇ ؟ جۇگې لىياڭمۇ سىزگە يەتمەيدۇ ، - دېدى بىر پەيجاڭ چىن تۆەنجاڭنىڭ كەيپى ساز ۋاقتىدا خۇشامەت قىلىپ .
_ نەدىكىنى ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ بىردىنلا پەرىشان بولۇپ ، - بىز تاغ باغرى بىلەن شىخوغا قېچىشىمىز كېرەك ، - ئۇنى تۇرلۇك ئوي - خىياللار چىرمىۋالدى . << بۇلار ھەقىقەتەن باتۇركەن ، ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مىلتىق ئاتسا ، خۇددى يەرگە يېتىۋېلىپ تۇرۇپ ئاتقاندەك ئاتىدىكەن . بىز خېلى مەزگىل تەربىيەلىنسەك بولغۇدەك . بۇلار نېمىدېگەن قورقماس ... >> ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . يىغىندىكىلەر ئاللىبۇرۇن چىقىپ كېتىشكەنىدى .

ئەڭ باتۇر ۋە ئەڭ ئاقىل ئادەملەر ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ . _ ف لادوشفىك

داۋامى بار . [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-15 12:35:12

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
پارتىزانلار يامۇلنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى جايدىن يۆتكىلىپ ، يامۇلنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرىپىنى قورشاشنى كۈچەيتتى.
_ بۇنداق قىلساق بولمايتتى ئېردەنى ، ئادەملىرىمىز شۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بولاتتى ، - دېدى داۋۇت پالۋان خاتىرجەمسىزلىنىپ .
_ ياق ، بىز مۇشۇ تەرەپتىكى قورشاۋنى كۈچەيتىپ تۇرايلى . دۈشمەن بىزنى ئالداپ قويۇپ مۇشۇ يەردىن هۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن .
_ ئۇلار هالسىرىغان ۋاقتتا هۇجۇم قىلىپ كىرسەك بولاتتى ، نېمە قورقىمىز ئۇلاردىن .
_ بىر بولسا ئۇلار تەسلىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، ئەگەر هۇجۇم قىلىپ قالسا چوقۇم مۇشۇ تەرەپتىن هۇجۇم قىلىدۇ. كۈچنى مەركەزلەشتۈرگەن ياخشى .
_ ئەگەر ئۇلار هۇجۇم قىلماي ، تەسلىم بولماي يېتىۋالسىچۇ ؟
_ ئۇلار هازىر دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ . پارتىزانلار ھەممە يەردە بار دەپ ئويلايدۇ . تولا غەم قىلما ...
_ بىز تاش سانىساق باشقىلار قۇم ساناپ يۈرىدىكەن .
_ بولدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ نازارەتنى كۈچەيتەيلى .
پارتىزانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يامۇلنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن جەنۇبىي تەرىپىنى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ جىمجىت ئىدى . قاراڭغۇلۇق زېمىننى ئەسىر قىلغان بولۇپ ، سوغۇق شامال يۈزلەرنى ئېچىشتۇراتتى.
پارتىزانلار قېلىن ، تاشلىرى يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان جۇۋىلارغا ئورۇنۇپ ، ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇلار بۇ كىيىملىرىنى سالماي يۈرۈشكىنىگە قانچىلىك ۋاقىتلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى .
ئەتىگەن سائەت ئون بىرلەردە يامۇلدىن بىر قازاق ئايال ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ ، پارتىزانلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەلگۈچە پارتىزانلار سۈكۈت قىلىپ تۇردى . ھەممىسى نېمە ئىش بولغانلىقنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى. ئۇ هاسىرەپ - هۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى - دە ، بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ :
_ ئۇلار قېچىپتۇ ، - دېدى ئارانلا .
_ ۋاي ئاناڭنى ! - دېدى داۋۇت پالۋان مۇشتىلىرىنى تۈگۈپ ، - بىزنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرگىنىنى قارا ، ئاناڭنى خەپ !
_ ئەستا ، داۋۇت گېپىڭىزگە كىرسەممۇ بوپتىكەن ، خاتا ئويلاپ قاپتىمەن ، - دېدى ئېردەنى ئەلەم بىلەن خۇرسىنىپ .
_ يۈرۈڭلار ئۇلارنى قوغلايلى !- دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلماي .
_ ئاتلىنايلى ! - دەپ ۋارقىرىدى قارا قاۋان بىلەن ناسىراخۇن .
ئۇلار ئاتلىرىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئېردەنى پارتىزانلىرى شىددەت بىلەن ئاتلاندى .
ئۇلار ئاتلىرىنى يۈگۈرۈتۈپ چاپقانسېرى يول يەنە ئاۋۇمايۋاتقاندەك ، ئەكسىچە ئۇزىراپ كېتىپ بارغاندەك هېس قىلىشىپ ، ئاتلىرىنى توختىماي قامچىلايتتى. سەر خىل ئاتلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك يۇلقۇنۇپ - يۇلقۇنۇپ كۈچەپ چاپاتتى. پارتىزانلار ئاتتا مىختەك


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يەملشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.
ئۇلار شەھەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى جىگدە بۇلاقتا يېتىپ بارغىنىدا ، دۈشمەنلەر بۇلارنى كۆرۈپ پېتراپ كېتىشتى .
_ ئېتىڭلار ئۇلارنى ! - دېدى داۋۇت پالۋان قۇرالىنى بەتلەپ .
پارتىزانلار كۆزگە ئىلىنغاننى دوملىتىۋېتىپ باراتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئاتتا كەينىچىلەپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، مىلتىقىدىن توختىماي ئوق ئۈزەتتى .
_ نېمە قېچىپ ئاۋارە بولۇپ جېنىنى قىينايدىغاندۇ بۇلار، ئىچىمنى سىقىپ ، - دەپ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەيتتى تۇردىئاخۇن ھەر قېتىم قورال بەتلىگەندەك .
ئۇلار بۇ يەردە پېتراپ يۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتۋاتقان دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ، يەنە ئالغا ئىلگىرلىدى .
تۆپتۆز دالىدا خۇدىنى يوقىتىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئون بەشتەك ئەسكەر بۇلارنى كۆرۈپ دەرھال تەسلىم بولۇشتى .

داۋامى بار....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-16 12:02:05

[color=Blue][size=4]_ بۇلارنى باغلاڭلار ... يۈسۈپ بىلەن سېتىۋالدى شەھەرگە ئېلىپ كەتسۇن ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئالدىراش ھالدا .
پارتىزان يىگىتلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ ، يۈسۈپ بىلەن سېتىۋالدىنىڭ ئالدىغا سېلىپ بەردى .
_ يولدا ئېھتىيات قىلىپ مېڭىڭلار .
_ بولىدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ .
_ يۈرۈڭلار ئاتلىنايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇلار چۆقان سادالىرى بىلەن ئالغا ئىلگىرلىدى . قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالا تاغلار ئۇلارغا ھەۋەسلەنگەندەك ، پەخىرلىنىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر بۆركۈت تاغ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتاتتى.
پارتىزانلار قويتاشقا يېتىپ بارغىنىدا ، يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسكەر ئاتلىرىنى توختىتىپ قويۇپ ، بۇلاقتىن خاتىرجەم ھالدا سۇ ئىچىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى.
_ قارا ئاۋۇ گۆيلارنىڭ سۇ ئىچىپ كېتىشلىرىنى ، ھېلى سۇ ئىچكەن ئېغىزلىرىڭدىن قان ئاقىدۇ، - قۇربان شۇنداق دېدى - دە ، بىر ئەسكەرنىڭ چېكىسىگە ئاتتى.
_ بۇيرۇق چۈشمەستىنلا ئاتساڭ قانداق بولىدۇ ؟- دەپ خاپا بولدى ياسىنجان .
_ قانداق بولاتتى، چوشقىدەك چىرقىراپ دومىلاپ كېتىدۇ ، - دېدى قۇربان ھېچ ئىش بولمىغاندەك .
_ ئېتىڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان غەزەپ بىلەن .
دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرۋاتاتتى.
_ مەن ئاشۇلارنىڭ بىزگە ئوق چىقىرىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ، - دېدى قاسىم جودا قورالىنى بەتلەۋېتىپ .
پارتىزانلار ئۇلارنى چەنلەپ تۇرۇپ ، تىك موللاق ئاتقۇزاتتى.
_ ئەجەپ چەنلىگەن يېرىمگە تەگدى، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ خۇشال بولۇپ .
_ توختاڭلار ! - دەپ ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇلار ئەل بولدى ، ئۈچ ئەسكەر قول كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ... كۆرمەيۋاتامسەن قاسىم ...
_ كۆرۈۋاتىمەن ، كۆرگەچكە ئېتىۋاتىمەنغۇ ؟- دېدى قېنى قىزىپ كەتكەن قاسىم جودا .
_ ئاتما ، قورالىڭنى چۈشۈر دەيمەن !
_ داۋۇتكا بولدى ئېتىۋېتەيلى ، نېمە قىلىمىز ئۇلارنى ئېتىۋەتمەي ، لوق گۆشتەك ئالدىمىزغا كېلىۋاتىدۇ، - دېدى قاسىم جودا يەنە .
_ ئاتماڭلار ، دەرھال قورالنى چۈشۈرۈڭلار ، ئەل بولغاننى ئاتقان نەدە بار ؟
تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتا ئۈچ ئەسكەر ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى .
_ ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنى ئېتىۋەتتى ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
_ ئېتىۋەتكىنى ئوغۇل بالىكەن ، ئەل بولغىچە ئېلىشسا بولمامدۇ بىز بىلەن ، - دېدى قارا قاۋان بوم ئاۋازدا .
_ ئۇلار ئۆز ئارا سوقۇشۇۋاتىدۇ ، قارا بىرىسىنى ئېتىۋەتتى.....
دۈشمەنلەر ئەل بولۇپ ماڭغانلارنى ئېتىۋەتكەن ئەسكەرنى < سەن ئۇلارنى نېمىشقا ئېتىۋېتىسەن ، بىز ئەل بولمىساق ، ئۇلار ھەممىزنى قىرىپ تاشلايدۇ >> دەپ ، ئۇنى ئېتىۋەتكەندى . ئاندىن قالغانلىرى قول كۆتۈرۈپ ئەل بولۇپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى .
_ بۇلارنى باغلاڭلار ، ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ مېڭىڭلار.
پارتىزانلار ئۇلارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاشتى ، بۇلار چىن تۆەنجاڭ بىلەن خەن يىڭجاڭلار ئىدى .
_ چىن تۆەنجاڭ جانابلىرى ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ ، ئەتراپىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ تۇرۇپ ، - سىزنى بۇ ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم . ئەپسۇس، بىز بەكمۇ يامان چاغدا كۆرۈشۈپ قالدۇق ، بۇنداق ئوسال ئەھۋالدا سىزنى كۆرسەم ، بەكمۇ خىجىل بولىدىكەنمەن ....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇ ئالىيۋاتىدۇ ، ئۆلتۈرۋېتەيلى ، - دېدى قارا قاۋان .

_ ئۇ ئالايمايۋاتىدۇ ، تۇردىئاخۇنغا نازلىنىپ ، قىلىق چىقىرۋاتىدۇ ، - دېدى قۇربان . ئۇنىڭ گېپىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇردىئاخۇننىڭ بىردە خەنزۇچە ، بىردە ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن سۆزى ئۇلارنى بەكمۇ كۈلدۈرۋەتتى.

_ بولدى ، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىمۇ شۇنداق چاقچاق قىلغان بارمۇ ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ ، كېيىن بۇلارغا قاراپ بىردىنلا ھەۋسى كەلدى .

_ بۇلاردىن قالغانلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ باقايلى ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ مەن ئۆزۈم بىر سوراپ باقاي ، - دېدى ياسىنجان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، - قالغان ئادەملىرىڭ قاياققا كەتتى ، تېز ئېيت ، بولمىسا، جاجاڭ بىر پاي ئوق ، - ئۇ شۇنداق دەپ مىلتىقنى قولغا ئالغانىدى ، چىن تۆەنجاڭ قورقۇپ كېتىپ :

_ ئاۋۇ تەرەپكە ، - دەپ قاپتاغاينىڭ يولىنى كۆرسەتتى.

_ ئەخمەت ، سەمەت ، سىلەر بۇلارنى ھەيدەپ مېڭىڭلار ، بىز قاپتاغاينىڭ يولى تەرەپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ، كەينىمىزگە قايتىمىز، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاتقان مىنۋېتىپ .

پارتىزانلار قاپتاغاينىڭ يولىغا بېرىپ ئۇ يەرنى تەكشۈرۈپ ھېچ نېمىنى ئۇچراتمىغاندىن كېيىن ، يەنە جىگدە بۇلاققا قايتىپ كەلدى . ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ پاجىئەلىك بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ ، غەزەپ - نەپرىتى تاشقىنلاپ ، جېنى ئىچىگە پاتماي قېلىشتى .

بۇ يەردە يوشۇرۇنۇۋالغان ئالتە ئەسكەر بىر قازاق ئايالنى خەنجەر بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ ، ئەمچەكلىرىنى كېسىپ تاشلاشقانىدى ، بىر ياشقا تولمىغان ئەمچەكتىكى بالىسى باشسىز ياتقان ئانىنىڭ قان تەپچىپ تۇرغان كۆكسەە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتاتتى. گاھدا ئۇ قاننى شورايتتى.

_ ۋاي ئاناڭنى ، قىلغان ئىشنى قارا، ۋەھىيشى جاللاتلار ! ئۇلارنى نەدىن بولمىسۇن تۇتۇڭلار !- دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان .

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان پارتىزانلار ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ ، جىددىي ئىزدەشكە باشلىدى ، داۋۇت پالۋان بالىنى قولىغا ئېلىپ ، جۇۋىسىغا يۆگىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ياش پەردىلىرى تارتىلغانىدى . شۇ ئارىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن قورۇقۇپ ، مۆكۈنۈۋېلىشقان كىشلەر بىر - بىرلەپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى .

_ بۇ ئايالنى قانداق ئۆلتۈرۋەتتى؟- سورىدى داۋۇت پالۋان .

_ ئەسكەرلەر باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان ، بۇ ئايال ئۇلارنى ئۇرۇپ تۇكۇرۈپ ، تېپىپ يېقىن كەلتۈرمىگەن ... ئۇلار ...

_ بولدى ، تىلىڭنى چاينىما ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، - خوتۇن كىشى دۈشمەن بىلەن ئېلىشۋاتسا سەن ئەر كىشى تۇرۇپ ، قاراپ تۇردۇڭما ؟ بۇ خوتۇننىڭ ئېرى قېنى ؟

_ ئەسكەرلەر كەلگەندە بار ئىدى ،ھازىر نەگە كەتتىكىن ، بىلمەيمىز.

_ قورقۇنچاق ئادەم دېگەننى ... سىلەر دەرھال جەسەتنى يۆگەپ ئېلىپ كېتىڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بالىنى بىر ئايالغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ .

قارا قاۋان ئۈچ ئەسكەرنى ھەيدەپ كەلدى . قالغان پارتىزنلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر مىلتىق ئۇچى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ باشلىرىنى تۈرتتى.

_ ئۈچ ئەسكەر قاچماقچى بولغاندا ئېتىۋەتتۇق . شۇنداققۇ توختى ؟- دېدى قاسىم جودا .

_ راست قاچماقچى بولغان ... - دېدى توختى دېگەن پارتىزان يىگىت دۇدۇقلاپ .

داۋۇت پالۋان ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى . توختىنىڭ كۆزلىرى چىملداپ كەتتى .

شۇ ئارىدا خەلىق بىردىنلا چۇقان كۆتۈردى .

_ قانغا قان ، جانغا جان ئالىمىز!

_ توختاڭلار ، ئۇنداق قىلماڭلار ، ئاچچىقىڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ، بىزدە ئەسىرگە چۆشكەنلەرنى ئۆلتۈرۈش يوق . ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ، - داۋۇت پالۋان ئۇلارغا نۇرغۇن تەربىيە قىلىپ ، ئۇلارنى ئاران پەسكويغا چۈشۈردى .

پارتىزانلارمۇ ئۆزلىرىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا قارىغانسېرى غەزىپى دېڭىز دولقۇنىدەك تاشقىنلايتتى.

_ بۇلار يەنە مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن ، داۋاملىق ئىزدەيلى . ماۋۇلارنى مۇتەللىپ سەن ئېلىپ ماڭ . يەنە توختىنى ئۆزۈڭگە قېتىۋال . ئۇلار كەڭرى بىر دالىغا چىققىنىدا ، دۈشمەنلەر قويى پادىسىدەك كېتىپ باراتتى.

_ ۋاھ ئەجەپ ياخشى بولدى ، دەردىم چىقىدىغان بولدى ، - دەپ ۋاقىرىدى ناسىراخۇن .

_ بۇلارنى قاچۇرۇپ قويمايلى ، يەنە مۆكۈۋالمىسۇن . بايا ئالدىراپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇق ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاسىم دوختۇرغا قاراپ . ئۇلار ياي شەكلىدە دۈشمەنلەرنى قورشاپ كېلىپ ، مىلتىقلىرىدىن توختاۋسىز ئوق ئۈزدى . داۋۇت پالۋان ھەر بىرىنىڭ بېشىغا ئېتىپ تىك چۈشۈرۋاتاتتى.

پارتىزانلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ ، ئۇلارنى ئاتقىنىچە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

_ مەن دەكەي ، ئۆز ئادەم ئاتماڭلار .

_ مان باراچال ...

_ ئېتىڭلار ! - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي .

_ مەن ئاتاي ، - دېدى مۇقان ئۇلارغا يىرگىنىش بىلەن قاراپ .

_ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ چىقىشى بىز ئۈچۈن نومۇس ! مەن ئۇنى ئۆزۈم ئاتاي ، - دېدى پارتىزانلار ئىچىدىكى ئوچۇربات دېگەن مۇڭغۇل يىگىت باراچالغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ .

ئۇ ئىككىسىگە قارىتىپ كەينى - كەينىدىن ئوق ئۈزدى . دەكەي بىلەن باراچال ئاچچىق ئىڭراپ يىقىلدى .

ئوق ئاۋازى بېسىقىپ ، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى . پارتىزانلار ئات تىزگىنلىرىنى تارتىپ ئالا تاغقا تىكىلىپ قاراشتى . ئالا تاغ : >> مەن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سەندەك ئوغلانلاردىن پەخرلىنىمەن >> دېگەندەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
ئېردەنى يوللاردىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاپ ، شەھەرگە چۈشتى . ئۇ ئەمدى مۇڭغۇل قوشۇنى قۇرۇپ ، جەڭگىۋار بىر قوشۇن تەشكىللەشنى ھەم بۇلارنى كۆپلەپ مەشىق قىلدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇ داۋۇت پالۋان ئولجا ئېلىپ ئۆزىگە مەردلەرچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قورالّلارنى قورالسىز ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى . بۇلار گارنىزون قومانلىق شتابى قورۇسىغا جايلىشىۋالدى .
داۋۇت پالۋان بۇرادەرلەر بىلەن كېڭىشىپ داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى ، ئېردەنى بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .
_ كېلە داۋۇت ، قانداقراق ئەھۋالىڭ ؟
_ ئوبدان ، ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟
_ قەدىر ئەھۋال ، - دېدى ئېردەنى داۋۇت پالۋاننى ئورۇنىدۇقتا تەكلىپ قىلىپ ، - سىلەر بۇ كۈنلەردە بىزگە ھەمدەمدە بولۇپ كۆپ جاپا تارتتىڭلار...
_ يوق گەپنى قويۇپ ، نەق گەپكە كېلەيلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئورۇنىدۇقتا جايلىشىپ ئولتۇرالماي ، ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ ، بىز ئەمدى داخىيەنزىگە ھۇجۇم باشلىساق بولاتتى.
_ ئاۋۋال يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى ، ئەسكەرلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ياخشى مەشىق قىلدۇرايلى ، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئالدىراقسانلىق ياخشى ئىش ئەمەس، ئىشنى ئويلىشىپ پۇختا قىلغان ياخشى ...
_ پۇختا قىلىمىز دەپ بۇ يەردە خوتۇن كىشى ئۆيي ساقلىغاندەك ياتساق سەت بولارمىكىن . بىز دەرھال ھۇجۇم باشلىساق بولاتتى.
_ بۇ دېگەن ئۇرۇش، ئويۇن ئەمەس ياكى چېلىش مەيدانى ئەمەس، قان تۆكۈلىدىغان گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەردە قورال كەمچىل ، ئوق - دورا ئاز، مۇشۇنداق شارائىتتا داخىيەنزىگە ھۇجۇم قوزغاش توغرا ئەمەس .
_ توغرا بولمىسا ئۆزەمگە ھېساب ئېردەنى ، خەير ئەمسە !
_ خەير ، - ئېرەنى ئۇنىڭ ئالدىراڭغۇۋۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى .
داۋۇت پالۋانغا ئۇنىڭدىن قورال تەلەپ قىلىپ سوراشقا ئەرلىك غورۇرى يول قويمىدى . << غەنىيمەت ئالغان قورالنى ئۇنىڭغا بەرمىسەممۇ بوپتىكەن ... بوپتلا قورال دېگەننى دۈشمەن قولىدىن ئالىدىغان گەپقۇ... >> ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بۇ يەردىن چىقىۋاتقىنىدا ، بايخان ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ناخشىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى . بۇڭا ئۇ بايخانىنىڭ ناخشىنى ئېتىنى توختىتىپ زوقلىنىپ ئاڭلىدى . ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدى .
باتۇر بولۇپ بەخت تاپساڭ سەن ئۆزۈڭ ،
تېنىڭ يايراپ كۈلۈپ تۇرار قارا كۆزۈڭ .
<< ياشا بايخان ، ناخشاڭنى توختىماي ئېيت ، سەن ئەمدى ئۆز ئىسمىڭغا لايىق باي ھەم خان بولىدىغان بولدۇڭ >> داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ پىچىرلىدى - دە ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بايخانغا ھەۋەس بىلەن قارىدى .
_ داۋۇت پالۋان ، بىز تارىختىن بۇيان باتۇر ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ، - دېدى بايخان داۋۇت پالۋانغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ، - ئەپسۇسكى بىز تولا ھاللاردا ئەقلىمىز بىلەن ئىش قىلمايمىز. شەيتانىنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسۇل ئويناش بىزنىڭ ئادىتىمىزمۇ ؟ داۋۇت مېنىڭ غۇلجىغا بىر بارغۇملا كېلىپ تۇرۋاتىدۇ . بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن .
_ بوپتۇ ، بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا قىيمىغاندەك يېنىشلاپ قاراپ .
_ مەن سىلەر ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم . قايتىپ كېلىپ ، يەنە سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن . ھايال بولۇپ قالسام مەندىن رەنجىمەڭلار ...
_ يوق گەپنى قىلماڭ ، سىز بىز ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدىڭىز ...
_ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپلا تۇرىدۇ . ئاخشام چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ ... تۇۋا خۇدا ئاجايىپ بىر چۈش... خۇدا ساقلىسۇن ، ئەتىگەن بېشىمدىن بىر نانىنى ئۆرۈپ ئۆگىزىگە تاشلىۋەتتىم ... خۇداغا ئامانەت ، بارمىسام بولمايدۇ ، - بايخان شۇنداق دەپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولدى .
داۋۇت پالۋان بىر ئىزىدا جىم تۇرمايدىغان ، كىشلەر بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ غەلىتە كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلىپ :
_ بايخان ! بايخان ! - دەپ ۋارقىرىدى .
يولدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر قانچە كىشى داۋۇت پالۋانغا ئەنسىز ھالدا قاراشتى .

داۋامى بار... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: tugluk
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-1 0:00:32

تىل كۈچى نىمدىگەن جەلىپقىلارلىق ،ھە![em72]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-4 10:50:57

[center][size=4][color=Blue]ئون بەشىنچى باب ئەلەملىك چېكىنىش [/center]

[3]center]1[/center]- ئاينىڭ باشلىرى ، داۋۇت پالۋان باشچىلىقىدىكى بىر يۈز قىرىق يەتتە پارتىزان داخىيەنزىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئاتلاندى . داۋۇت پالۋان ئاتنى يورغىغا قويۇپ بېرىپ ، سەپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا نامايەن بولۇۋاتقان گۈزەل باھار ئۇنى مەنزىلگە ئالدىرىتاتتى. ...

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى داخىيەنزى ئىچىگە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئون يەتتە پوتەي ، ھەر كوچىنىڭ ئاغزىغا بىردىن توساق ، ئابىروں ، داخىيەنزى سىرتىغا ئون بەش يەرگە ئون بەش مېتىر ئېگىزلىكتە پوتەي سالغانىدى . ھەر بىر پوتەيگە بېرىش ئۈچۈن يەر ئاستى يولى قازغان بولۇپ ، تولۇق قوراللانغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر كۈچىگە ئىگە ئىدى . مۇشۇنداق قوراللانغان ئەسكەرلەرگە قارشى ئەللىك نەچچە مىلتىق ، ئىككى ئوقسىز پىلىموت ، قالغانلىرى ئارا، توقماق ، كەتمەن ، كۈرەكلىك پارتىزانلار روبرو تۇرماقتا ئىدى . بۇلار شۇنداق شارائىتى ناچار ئەھۋالدا ئۇرۇشقا ، ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغانىدى .

داخىيەنزى تۆزلەڭلىك ئوتتۇرسىغا جايلاشقان بولۇپ ، غەربىي تەرىپى قۇمۇشلۇق ، شەرقىي تەرىپى چىغلىق ، يۇلغۇنلۇق ئىدى .

پارتىزانلار داخىيەنزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىڭ تەرەپتىكى يولغا يېتىپ بېرىپ ئەتراپقا قارىغىنىدا ، گومىنداڭنىڭ ئون بىر ئەسكىرى تېلېفۇن سىملىرىنى ئۈلاۋاتاتتى.

_ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ، قورشاپ زەربە قىلمايلى .

ئۇلار ئەتراپىنى قورشاپ ، مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزدى . ئەسكەرلەر دەرھال يېتىۋېلىپ پارتىزانلارغا قارىتىپ ئوق ئاتتى .

_ قاراڭلار بۇلارنىڭ ئوق ئېتىۋاتقىنىنى ، - دېدى تۇردىئاخۇن بىر ئەسكەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ .

شۇئان تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتا ئۈچ ئەسكەر يەر چىشلىدى . قالغان ئۈچى ئەل بولۇپ قوراللىرىنى تاشلىدى .

_ ئېتىۋېتەيمۇ داۋۇتكا ، چەنلەپ بولدۇم ، - دېدى قاسىم جودا .

_ ھاي بولمايدۇ ، ئۆزەڭنى باس !

_ جېنىم ئۇكام داۋۇت ، نېمىلا دېگەن بىلەن بىرنى بولسىمۇ ئېتىۋالدىم ، - دەپ خۇشال بولدى يەتمىش ياشلاردىن ئاشقان ئاپئاق ساقاللىق ، تېمەن كەلگەن باقىئاخۇن ، - ياش چاغلىرىم بولسا بايىقى گۈيلارنى ئۆزۈملا بىر - بىرلەپ يىقىتاتتىم . ھېلىمۇ كۈچۈمدىن ، كۆزۈمدىن قالماپتىمەن .

بۇ كىشى داخىيەنزىگە ئۇرۇشقا بارىمىز دەپ تەۋرەنگەن خەلق ئىچىدىن بۇلارغا قېتىلىۋالغانىدى . << ئۇرۇشتا ئۆلسەم ئارمىنىم يوق داۋۇت ئۇكا ، بۇلارنىڭ زۇلۇمىنى ئاز تارتتىممۇ ؟ ئۆلسەم شېھىت ، قالسام غازى ، ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ساقلاپ قويغان بىر قورالىم بار ئىدى ....>> دەپ تۇرۇۋالغاچقا ، داۋۇت پالۋان ئۇنى ئېلىۋالغانىدى . ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى شەھەرگە ئىككى پارتىزان يىگەنت بىلەن ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئۆزلىرى داخىيەنزى بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى تاشيول بويىدىكى كونا ، تۆت تېمىلا بار يوغان بىر قورۇغا جايلىشىۋالدى .

_ بىزنىڭ شتابىمىز مۇشۇ ، قەيەرگە كەتسەكمۇ يەنىلا مۇشۇ يەرگە كېلىمىز. بىز ئەمدى ناھايىتى سەگەك بولايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان پارتىزانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، - بىر قانچەيلەن مۇشۇ يەردە قادىر ئۇستامغا ياردەمدە بولۇپ قېلىڭلار ، قالغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار .

ئۇلار داخىيەنزى ئەتراپىنى جىمجىت ھالدا بىر ئايلىنىپ چىقتى . دۈشمەن ئوق چىقارماي ئۈن - تىنسىز ھالدا ياتاتتى. بۇلار ئىككىنچى قېتىم شىمال تەرەپتىن دۈشمەنگە ئىككى يۈز مېتىر يېقىنلاشقاندا ، دۈشمەن پارتىزانلارغا گىراموٽ ئاتتى. گىراموٽ ئوقى پارتىزانلاردىن ئوتتۇز مېتىر ئۆتۈپ پارتىلىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار پىلىموتلىرىنى ئىشقا سالدى . پىلىموت ئوقى باقىئاخۇننىڭ بويىنىغا تېگىپ ئۇنى يىقىتتى.

_ باقىئاخۇنكا ! - دەپ ۋارقىرىدى قارا قاۋان ياڭراق ئاۋازدا.

قارا قاۋان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، باقىئاخۇننى قۇچىقىغا ئالدى . ئۇنىڭ بويىندىن ئاققان قىپقىزىل قانلار ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى بوياپ ، مەيدىسىگە سىرغىپ ئاقاتتى.

_ ھۇجۇم ! - دېدى داۋۇت پالۋان قەھرى بىلەن .

دۈشمەنلەر بارا -بارا چېكىنىپ ، ئۆلگەن ئادەملىرىنى سۆرەپ داخىيەنزى ئىچىگە قاراپ قاچتى .

_ بىزمۇ قارارگاھىمىزغا قايتايلى ، - دېدى قارا قاۋان .

_ ئالدىرىماي ئەتراپىنى كۆزىتەيلى ، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز...

ئۇلار تۇرالغۇ جايىغا قايتىپ ، باقىئاخۇننى يەرلىكدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن تاماقلاندى . ئۇلارنى كۆڭلى غەش بولغاچقا تاماقمۇ گېلىدىن تۆزۈك ئۆتمىدى .

_ ھۆرمەتلىك ئۇق ساقاللار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بۇ قېتىم شەھەردىن قوشۇلۇپ كەلگەن پېشقەدەملەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، - سىلەر بىز بىلەن تەڭ ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلىنىپ كەلدىڭلار ، بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندۈق .جاسارىتىڭلارغا ئاپىرىن ! باقىئاخۇنكام ئەركىنلىك يولىدا شېھىت بولدى . ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي . ئەمدىكى گەپ ، سىلەر قايتىپ كەتسەڭلار كۈرەشنى بىز داۋاملاشتۇرساق ، سىلەر ياشنىپ قالغان ئادەملەر .....

_ ياق بالام ، ئۆلسەك ئەركىنلىك يولىدا ئۆلەيلى . بۇ يولدا ئۆلگەن ھايات مەڭگۈ ياشايدۇ . قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بىزنى شۇنچىلىك ئەزگەن ، خورلىغان .... مۇشۇلارنى يوقىتىش يولىدا ئۆلسەك بىز رازى ....

_ سىلەرگە ھەشقاللا ! بىراق سىلەر ياشنىپ قالدىڭلار ، سىلەر قايتىپ ئارقىمىزدا مەدەتكار بولۇپ ، پارتىزانلارغا ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرسەڭلارمۇ يەنىلا دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسلەر ....

داۋۇت پالۋان ئۇلارغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ ، شەھەرگە ئاران يولغا سالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بۇلار نېمدېگەن ئېسل ئادەملەر - هە ؟- دېدى مۇهەممەت گاڭگۇڭ ئۇلاردىن تەسىرلەنگەن هالدا .
_ توۋا ئاجايىپ ئىش - هە ! دېدى ياسىنجان هەيرانلىق ئىچىدە.
_ مەن ئۇلارنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ باشقىچە روهلىنىپ كېتىپ بارىمەن ، - دېدى قۇربان ئۆزىنى سىلىكىپ قويۇپ .
_ خەلقنىڭ پىغانى تاشقان گەپ . بىز بۇ تەرەپكە ماڭغان چاغدىمۇ خەلقنىڭ << بارىمىز >> دەپ دولقۇنلاپ كەتكەنچىلىرىچۇ ؟ ئاياللارچۇ تېخى ؟ هېلىقى بۇۋىخەلچەم دېگەن ئايلىنىڭ بارىمەن ، دەپ تۇرۇۋالغىنىنى ... - دېدى تۇردىئاخۇن داۋۇت پالۋانغا يەر تېگىدىن قاراپ ، - باقىئاخۇنكامنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن . ئاق ساقاللارنىڭ جەڭگىۋار روهى پارتىزانلارغا قايتىدىن جان ئاتا قىلدى .
ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان بولۇپ ، تەبىئەت تىمتاس ، سۈكۈتتە ئەللەيلىنىۋاتاتتى. دۈشمەن داخىيەنزى سىرتىغا چىقماي جىمجىت ياتماقتا ئىدى . پارتىزانلار ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

داۋامى بار .....

دۈچ كەلسە قايتۇرالماسلىق بالا - قازا ،
يۈزمۇ - يۈز تۇر ، دۈمبەڭنى كۆرسەتمە ئەسلا . - ئۇبۇلقاسىم پېردەۋسىي [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-8 11:45:39

[size=4][color=Blue]ئەتىسىدىن باشلاپ دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بۇ يەردىن تارتىپ بورتالا شەهرىنى ، سەنتەي ، ستەي دالىلىرىنى رازۋېدكا قىلىپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى . ئوتتۇنغا چىققان ئوتتۇنچىلارنى ، مالچىلارنى دالىدا قوغلاپ يۈرۈپ ، پىلىموتتا ئېتىپ ، ئۇلارغا ئارام بەرمىدى .
_ مەن ئەخمەت بىلەن داخيەنزى ئەتراپىنى ئارىلاپ كېلەي ، قالغانلىرىڭلار ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇرۇڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بىر كۈنى كەچ . ئەخمەت دېگەن پارتىزان يىگىت داۋۇت پالۋاننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى .
_ بولىدۇ . بىراق سىلەر .... - دېدى ناسىراخۇن ئۇلاردىن ئەنسىرەپ .
_ بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار ، بىز ئەهۋال ئىگەللەپلا قايتىپ كېلىمىز.
داۋۇت پالۋان ئەخمەتنى ئەگەشتۈرۈپ ، داخيەنزىنىڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن مېڭىپ قازاق مەكتىپىگە باردى . ئۇ يەر بىلەن دۈشمەن تۇرغان ئورۇن بەش يۈز مېتىر چامىسىدا بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ تاملىرى ئېگىز ، ئات باغلاشقا قولايلىق ئىدى . بۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ ، تاش بۇلاقتىكى كۆۋرۈك ئارقىلىق تاشيول تەرەپكە ئۆتۈپ ، بىر يوغان قارا ياغاچنىڭ يېنىدىكى كونا تامغا ئاتلىرىنى باغلاپ ، داخيەنزىنىڭ ئىچىگە ئاستا قەدەم بىلەن ماڭدى . ئۇلار يېرىم كىلومېتىردىن كۆپرەك مېڭىپ ، بىر چىراغقا دۈچ كەلدى . بۇ دۈشمەننىڭ قاراۋۇللۇق ئورنى ئىدى . داۋۇت پالۋان ئېهتىيات بىلەن بېشىنى دېرىزىگە يېقىپ ، ئۆي ئىچىدە بىر پەي ئەسكەر بارلىقىنى پەملىدى . ئۇ ئەخمەتنى دېرىزە يېنىغا قويۇپ ، ئۆزى تامنى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ ئاستا قارىدى . قىرىقتەك ئەسكەر مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ غەرق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى . ئىشكنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان پوستمۇ جايىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . مىلتىق ۋە ئوقلىرى يېنىدا تاشلاقلىق تۇراتتى . داۋۇت پالۋان ئون دانە مىلتىق ۋە خېلى كۆپ ئوقنى تۈيدۇرماي ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەخمەت بىلەن بىللە ئاتلىرىغا تاڭدى . ئاندىن ئۇ ئەخمەتكە :
_ ئەخمەت يېنىڭدىكى گىراناتتىن ئىككىنى دېرىزىدىن تاشلىۋەت ، - دېدى بوش شىۋىرلاپ . ئەخمەت دەرهال ئىككى گىراناتنىڭ يىپىنى يۇلۇپ ، دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى - دە ، داۋۇت پالۋان ئىككىسى ئاتلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى . گىرانات پارتلاپ ، ئۆي ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى - دە ، قىيا - چىيا قىلىشىپ بۇلار تەرەپكە ئوق ئېتىشتى . داۋۇت پالۋان بىلەن ئەخمەت جىم بولۇۋالدى . ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دۈشمەن ئوق ئېتىشنى توختىتىپ تىنجىدى . ئۇلار ئەتراپنى سۈكۈت باسقان مۇشۇ پۇرسەتتە ئاتلىرىغا مىنىشىپ تىكىشىۋېتىشتى . بۇ شەپىنى ئاڭلىغان دۈشمەنلەر پىلىموتلىرىنى قايتىدىن سايرىتىشقا باشلىدى .
داۋۇت پالۋان بىلەن ئەخمەتنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پارتىزانلار خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەنسىزچىلىكتە تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى .
_ سالامەت قايتىپ كەلدىڭلارمۇ ؟ سىلەردىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق ، - دېدى ناسىراخۇن خۇشال بولۇپ .
_ داۋۇت بۇ يەرنىڭ سىلىڭى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقمىغانسەن ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ئۇلارنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ .
_ كۆرۈشتۇم ، ئۇلار بىزگە مىلتىق ، ئوق بەردى ، - دېدى داۋۇت پالۋان چىرايىنى ئاچماي .
_ ئۇ سىلەرگە بۇنى سوۋغا قىلىتپۇ -دە ، ياخشى ، - دېدى قۇربان خۇشال بولغان هالدا ئەخمەتنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ .
_ داۋۇتكام بىر يەرگە بارسا قۇرۇق قول كەلمەيدۇ -دە .
_ يا ئاللا قاسىم ، سېنىڭ چېچىلماي سۆزلەيدىغان ۋاقتىڭ بولدىكەن - هە ...
_ مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ يۈرىدىغان قارا قاۋانكام ئەمەس ...
_ باشقا گەپنى قويۇڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئەتە ئەخمەت ئېردەنىگە ئەهۋالنى دوكلاپ قىلىپ چىقسۇن ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىپ ، ئاندىن رەسمىي هۇجۇم باشلايمىز !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-14 17:53:56

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

ئەتىسى ئەخمەت ئۆدۆل قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ، ئېرەدەنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئېرەدەنى ئىشخانىسىدا خەرىتىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەخمەتنى كۆرۈپ ، ئورنىدىن قوزغالدى .

_ كېلە ئەخمەت ، سالامەت تۇردۇڭمۇ ؟ داۋۇتلار قانداقراق تۇردى ؟- دېدى ئۇ ئىللىقلىق بىلەن .

_ ياخشى ، ھەممىمىز سالامەت تۇردۇق .

_ ئولتۇر قېنى ، ھە ، ئىشلىرىڭلار قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ؟- دېدى ئۇ ئالدىدىكى خەرىتىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ .

_ ئەمدى ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىمىز ، داۋۇتكا سىزگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى .... - ئەخمەت شۇنداق دەپ ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بىر قۇر دوكلات قىلدى .

_ سىم ئۇلاۋاتقان دۈشمەنلەرنى يوقاتقىنىڭلار ياخشى بوپتۇ ، ئۆيگە بومبا تاشلاپ قارامىلىق قىلىپسىلەر ، سىلەرنىڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىڭلارنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ، ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ، كۈچ سېلىشتۇرمىسى ، دۈشمەن ئەھۋالى ۋە باشقا ئىشلار جەھەتتە ياخشى ئويلىنىپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەردە قورال كەم ، تاكتىكا تېخى تۆۋەن ، ئادەملىرىڭلار تېخى ئاز ، دۈشمەندە ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەممە نەرسە تولۇق ، بىز يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمىز . بەلكىم ئون كۈندىن كېيىن داخىيەنزىگە بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ، بۇيرۇق شۇنداق كېلەرمىكىن دەيمەن . ياخشى تەييارلىق قىلىمساق تۇيۇق يولغا كىرىپ زىيان تارتىمىز ، داۋۇت پالۋانغا مەندىن سالام ئېيت ، تەييارلىقسىز ئىش قىلمىسۇن ، - دېدى ئۇ بارماقلىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە چېكىپ تۇرۇپ .

_ مەن بارغاندىن كېيىن ، سالىمىڭىزنى چوقۇم يەتكۈزۈپ قويىمەن ، ئۇنداق بولسا مەن قايتتىم .

_ بولىدۇ ، بولىدۇ ، - ئېرەدەنى كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئەخمەتنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ كوچىغا چىققىنىدا ، كىشلەرنىڭ چىرايلىرىدا بالقىپ تۇرغان خاتىرجەملىكنى كۆردى . دۇكانلارمۇ ئېچىلىپ ، تۈرلۈك دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . قەيەردىندۇر بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ياڭراۋاتاتتى. << ئەركىنلىك دېگەن ئەجەپمۇ قىممەتلىك ئىكەن . ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ بولماق نېمىدېگەن ياخشى . خۇدا مۇشۇ بەرگەن كۈنىڭگە شۈكرى >> دېگەنلەرنى ئويلىدى ئەخمەت كوچىدا كېتىۋېتىپ . ئۇنىڭ كۆزى دوڭغاسلاپ مېڭىپ يول چېتىدە كېتىپ بارغان ، يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، كىيىملىرىمۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان ، بۇ كۈنلەردە ئالاھىدە قېرىلىق يەتكەن موللانىياز شاڭيۇنى كۆرۈپ قالدى . << ھەي بۇ كۈنلەردە ئۇ خەلقتىن دەشنام ئاڭلاپ ، تىل - ئاھانەت ئىچىدە يۈرۈۋېتىپتۇ -دە ، بۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى . خەلقتىن ئايرىلىپ ياشاشتىنمۇ ئېغىر ئىش بارمۇ ؟>> ئەخمەت شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئېتىنى ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى . ئۇ ئۇچراشقانلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشاتتى . ئۇلار ئەخمەتنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىدە ئاپىسى ئۇنى كۆرۈپلا :

ۋاي بالام ، ساقمۇ سەن ؟ - دەپ ئەخمەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاشلىدى .

_ ھوي چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەنغۇ ؟- دېدى ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز ياسىتىلغان ، كۆزلىرى چاقناپ ، مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ قالغان ئەخمەتنىڭ دادىسى ، - يىغلىما ھوي ئانىسى ، بىزنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن مۇشۇلار تۇرسا ، بىز ئۇلاردىن پەخىرلەنمەي ، يەنە كۆز يېشى قىلساق قانداق بولىدۇ . بولدى ئېسىلما ، مەن كۆرۈۋالاي ئوبدان ....

_ دادا ، ئاپا قانداقراق تۇردۇڭلار ؟

سىرتتىن بىرى ئۆڭكى ئۆچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىردى .

_ ئەخمەت ، ئۇرايىمنى دۈشمەنلەر پارتىلىتىۋېتىپتۇ ، - دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ .

_ نېمە ؟- ئەخمەت ئەندىككىنىچە تۇرۇپ قالدى .

_ ئوغلۇم نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ، ماڭ بېرىپ باق .

ئەخمەت ئېسىگە كېلىپ ئاتقا سەكرەپ مىندى - دە ، ئاتنى قورۇدىن چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇرايىمنىڭ ئۆيى تۆگمەننىڭ تۆۋەن تەرىپى ، يارنىڭ بويىدىكى تاللىقلار ئارىسىدىكى يالغۇز ئۆي بولۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى شەھەر ئەتراپىدا ئىدى . ئۇ تۆگمەنگە قاراپ ، غورىگۇل تۇرمۇشىغا ئازىراق مەلھەم تېپىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كىشلەر ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى . ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ ئەسنادا ئەخمەت ئاتنى چاپتۇرۇپ كەلدى .

ئۇرايىم ئېغىر يارىلانغانىدى . بەدىنىدىن قاڭسىق بىر پۇراق تارقىلىپ چىقىۋاتاتتى. خوتۇنى ئاللا - پەرياد كۆتۈرۈپ ، قورۇنى بېشىغا كىيگەنىدى ، ئۇرايىم ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭراپ دوملاپ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كالىدەك ھۆركىرەپ ئۆملەيتتى- دە يەنە يىقىلىپ دوملايتتى . ئۇنىڭدا تىل يوق ئىدى . كىشلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كېتىپ باراتتى. ئەخمەت ئۇنىڭغا قاراپ ، يۈرىكى ئېزىلدى - دە ، بەدەنلىرىنى بىرى تىلغاندەك بولۇپ كەتتى.

_ قانداق قىلىمىز جامائەت ، بۇ بەك قىينىلىپ كەتتى، - دېدى ئەخمەت يىغلامسىراپ .

_ ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل ، دېمىسەڭمۇ ئۇ بەك قىلىنىۋاتىدۇ ، - دېدى ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى .

_ ئېتىۋېتەيمۇ ؟ قانداق قىلىمەن ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئامال يوق ، ئېتىۋەت . ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىنىڭ ، ئايالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالايلى .
ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى توپ ئىچىنى يېرىپ ، زار - زار يىغلاپ كىرىپ كەلدى .
_ ۋاي ئوغلۇم ، نېمە بولدۇڭ ؟
_ ۋاي جېنىم ئوغلۇم ، پالۋان ئوغلۇم ، مەن ئۇنىڭغا قانداق چىداي ، ئۇلار سېنى نېمە قىلىپ قويدى . كىم سېنى ئاتتى...
_ ۋاي نىجاسەت مەلئۇنلار ...
ئۇلار ئۇرايىمغا ئۆزىنى ئېتىشتى . ئۇرايىم ئۇلاردىن يۈلقىنىپ چىقىپ دوملايتتى. تىلسىز ئاچچىق ھۆركۈرەيتتى.
_ جامائەت ئۇ بولالمايۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىرىدى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقان ئەخمەت .
_ مەن ئۇلارغا دەپ باقاي ، - دېدى ئاپپاق ساقاللىق كىشى ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا مېڭىۋېتىپ .
ئۇلار خۇدىنى يوقىتىپ ئولىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇرايىممۇ ھەريان دوملايتتى.
_ ئىسھاقكا ، ئۇ بولالمايۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز، رازىلىق بەرسىڭىز ئېتىۋەتسە ؟
_ ياق چىدىمايمەن ، چىدىمايمەن ...
_ ئۇنى ئاتماڭلار !
_ مەن قانداق قىلىمەن !
_ بولدى سەۋر قىلىڭلار ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ . ئۇ بەك قىينىلىپ كەتتى. بولالمايۋاتىدۇ ...
_ راست ، ئۇ بولالمىدى ، قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك .
بولدى ، ئانىسى بولدى . بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ، قانداق قىلىمىز ؟
_ راست ئۇ قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، - يۈرىكىم بولمايۋاتىدۇ .
ئۇلار ئوغلىغا چىدىماي قېلىشىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇلارغا نەسھەت قىلىپ رازىلىقىنى ئالدى .
ئەخمەت تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى . ئۇنىڭ قولى تىترىدى ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تەپكىنى باستى .
ئۇرايىم جان ئۈزدى . نالە - پەرياد بوشلۇقنا كۆتۈرۈلدى . ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ، ئايالىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشكەندى . ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، ئۇرايىمنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى .
_ دۈشمەنلەر ھېچ يەرگە قاچالمىدى ، مۇشۇ ئەتراپتا بار ، بىز ئىزدەيلى ، - دېدى ئەخمەت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .
ئۇلار ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە باشلىدى . ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرگە ئەخمەت گىرانات تاشلىدى . يەنە ھېچ قانداق ئاۋاز يوق .
_ ئەخمەت سامانىنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە مىدىرلاۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىرىدى بىرى .
ئەخمەت مەڭگەن ئاستىدىن ئىككى ئەسكەرنى شىللىسىدىن تۇتۇپ ، ئىتتى سۆرىگەندەك سۆرەپ چىقتى .
_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۋېتەيلى !
_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايلى !
_ دەردىمىزنى ئالىمىز، جانغا جان ، قانغا قان .
_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۋېتىڭلار ! - دەپ يىغلىدى ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى .
خەلق ئۇلارغا بۆرىدەك ئېتىلاتتى ، ئەسكەرلەر قورققىنىدىن تۇگۈلۈپ ، ئەخمەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشقانىدى .
_ كۆپچىلىك ، - دېدى ئەخمەت غەزىپىنى ئىچىگە ئاران يۇتۇپ ، - ئەسرگە چۈشكەنلەرنى ئۇرۇش ، ئۆلتۈرۈش يوق ، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى . ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساق بىزنى جازالايدۇ ... - ئەخمەت ئۇلارغا ئاران چۈشەندۈرۈپ ، ھېلقى ئىككى ئەسكەرنى ۋاقتلىق قۇرۇلغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.
ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىدى : ئارشاڭدىكى يامۇلدىن قاچقان بۇ ئەسكەرلەر تاڭغا يېقىن ئۇرايىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا ئۇرايىم ئايالى بىلەن تۈگمەندە ئىدى . ئۇلار تەڭنىدىكى ناننى كۆرۈپ نانغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى . ئۇلار ناننى يەۋاتقىنىدا ، ئۇرايىم ئۆيگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئۇرايىمنى كۆرۈپ دەرھال يېنىدىن گىراناتنى ئېلىپ ، يىپىنى يۇلۇپ ، ئوتتۇرا ئۆيگە كىرگەن ئۇرايىمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . ئۇرايىمنىڭ پۇتۇن بەدەنلىرىگە گىرانات پارچىلىرى تېگىپ يەرگە يىقىلدى - دە ، بەدەنلىرى كۆيۈشكە باشلىدى . دۈشمەنلەر دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى .
ئۆيدىكى گىرانات ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇرايىمنىڭ ئايالى ئۆيگە كىرىپ كەلدى -دە ، دوملاپ ياتقان ئۇرايىمنى كۆرۈپ ، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى...
ئەخمەت گومىنداڭ شەھەرنى بومباردىمان قىلغان چاغدا ، چىمەنگۈلگە ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىچىگە ئوت چۈشكەندەك بولۇپ ئازابلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىغا قۇربان كېلىۋېلىپ تېخىمۇ بىئارام بولدى . ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىپ كەتتى...
ئەخمەت ئۇرايىمنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويۇۋېتىپ ، داخىيەنزىگە كەتتى.
يولبويى ئۇ يېڭىلا ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئۇرايىم ، چىمەنگۈللەر ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ماڭدى . << ئۇرايىمكا يېنىڭنى خېلى - خېلى ئادەملەر يەرگە تەگكۈزەلمىگەن ئىدى . سەن ئېتى بار چېلىشچى ئىدىڭ ، مىڭ ئەپسۇس ، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن . خەير بۇرادەر.... ھەي ، چىمەنگۈل ، ئەجەپ ياخشى قىز ئىدى . ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ تۇگەپ كەتتى . ئەمدى مەن قۇربانغا نېمىمۇ دەرمەن ، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ئۇنىڭغا دېمەي تۇراي... >> ئۇ تۈگمەس خىياللار ئىلكىدە ئازابتىن تولغىناتتى.

داۋامى بار... [size][/color/]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: mohterem
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-15 0:00:55

تۈنجى ئوقۇشۇم مەن كىچىكىپ ئوقۇپ قاپتىمەندە

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-15 10:59:54

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئەخمەت ئىبرەدەننىڭ يولىيورۇقنى داۋۇت پالۋانغا يەتكۈزگەندە ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.
_ ئەقىل ئۆگەتكۈچە قورال ، ئوق بەرسىچۇ ؟_ دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ ، - ئۇ دېگەن گەپلەرنى كىم بىلمەيدۇ . ئەقىل ئۆگىتىش دېگەن نېمە دېگەن ئاسان ئىش ؟- ھەممىسى سۆكۈت ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتى .
_ داۋۇتكا ، - دېدى ئەخمەت سۆكۈتنى بۇزۇپ ، - ئۇرايىم پالۋاننى دۈشمەنلەر..... - ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى .
_ ھە دۈشمەنلەر نېمە قىلىپتۇ ؟
_ ئۆيىگە كىرىپ گىرانات پارتلىتىۋېتىپتۇ ، بۇ ئىش مۇنداق بوپتىكەن ... - ئەخمەت بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .
_ ئاناخنى ، قارا نىيەت گۆيلار ، - دەپ داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈردى ، - ئۇ خېلى سالمىقى بار چېلىشچى ئىدى ... ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .
_ بىزگە قىيتىلغان بولسىمۇ بوپتىكەن ، - دېدى مۇھەممەت غەمكىن ھالدا .
_ قورقماس باتۇر ئادەم ئۆلۈم ئېغىزىدىن ملك قېتىم قۇتۇلدۇ ، قورققان تۇتۇلدۇ ، - دېدى ناسىراخۇن ئەخمەت قۇربانغا قاراپ ئازابلىنىپ كەتتى. << بۇنى ئېيتماي ، ئۆزى ئاڭلىسۇن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
ئۇرايىمنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمدى . پارتىزانلارنىڭ يۈرەكلىرى ئازابلىق تۈيغۇلاردىن لەختە - لەختە قان بولدى .
بۇ ۋاقىتتا بۇلار داخىيەنزىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلدىغان ، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان ياسىنجان بىلەن ئەمەتنى دۈشمەنلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە داخىيەنزىگە كىرگۈزۈەتكەنىدى . بۇلار ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
_ ئۇلار تۇتۇلۇپ قېلىپ پاش قىلىپ قويارمۇ ؟
_ بىزگە ئاسىيلىق قىلارمۇ ؟
_ دۈشمەنلەر تۇتۇۋېلىپ ، قىيناپ ئۆلتۈۋېتەرمۇ ؟
ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەنسىزچىلىك ئىچىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى . ئەمدىكى بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئۇلارنى تېخىمۇ ئازابلىدى .
_ داۋۇت ، داۋۇت ، - دېدى ئاللىراش كەلگەن نۇراخۇن مۇجاڭ ، - قوشنەمچەمەك دېگەن يەردىن بەش يۈزگە يېقىن ئەسكەر ئۆتەيدىن داخىيەنزىگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇ يەردىكى ھاكىمجان كوماندىر : بىز دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ ياتىمىز ، داخىيەنزىدىكى داۋۇتقا خەۋەر قىلىپ قويغىن ، دېدى ... - ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاران قوراشتۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئېيتتى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەخمەت بىلەن نۇراخۇن مۇجاڭنى ئەگەشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ماڭدى . بۇ يەردىكى ئىشلارغا ناسىراخۇننى مەسئۇل قىلىپ قويدى . بۇلار كۆن پاتقۇچە تاش بۇلاققا يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى . بۇلار نامازشام بولغاندا تاش بۇلاققا يېتىپ باردى . ئەتراپ جىمجىت ئىدى . بارا - بارا قاراڭغۇلۇق چۈشكىلى تۇردى. ئۇلار تاش بۇلاقتىن يولغا چۈشتى . ھېچقانداق بىر تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇلار ئۆتەيگە قاراپ ئۈچ كىلومېتىر ماڭدى . زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى . تۇيۇقسىز ئاتلار خىرىلداپ ، قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ ماڭماي قويدى. بەزى يەرلەردە ھۆركۈپ تىزگىن سىرىپ توختىماي قالدى . ئۇلار ئاتلىرىنى تەسلىكتە توختىتىپ ، پەسكە چۈشۈشتى - دە ، يولنىڭ چېتىگە دىققەت بىلەن قارىدى . بىر نەچچە ئەسكەرنىڭ جەسەتلىرى ساي تېشىدەك ياتاتتى. بەزى يەرلەردە نىمجان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
داۋۇت پالۋان ئاتنى نۇراخۇنغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، كۆزۈرۈكنىڭ ئاستى ، يول بويىدىكى ئېرىقلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، بىر نەچچىلىگەن گىرانات ۋە ئازىراق ئوق تاپتى . شۇ ئارىدا مۆكۈنۈپ ياتقان تۆت ئەسكەر ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى .
_ ئاتايلى ئەخمەت ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇ ئىككىسى مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۆزۈپ ، قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى تىك موللاق ئاتقۇزۇەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا بۇلاردا قورال يوق .
_ بۇ نېمە ئىش ، بۇلاردا نېمىشقا قورال يوق .
_ پارتىزانلار ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، - دېدى ئەخمەت .
ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە دۆڭگە چىقىپ قالدى . ئۆتەيدىكى ئىككى ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان گۈلخاننىڭ يورۇقى يىراقتىن كۆرۈندى .
_ بىز ئەشۇ يەرگە بېرىپ باقايلى ، بەلكىم شۇلار بىزنى چاقىرغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن . نۇراخۇننى چاقىر .
ئۇلار ئاستا - ئاستا ئۇ يەرگە يېقىنلاشتى . ئىككى كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇلارنىڭ ئالدىنى توستى .
_ سىلەر كىم ؟
_ بىزنى بىرسى مۇشۇ يەرگە چاقىرتىپتىكەن ... مەن داۋۇت .
_ يۈرۈڭلار مەن باشلاپ باراي ، - دېدى ئۇلارنىڭ بىرى .
ئۇ بۇلارنىڭ كوماندىر ئالدىغا باشلاپ باردى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كوماندىر ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى كەڭ پىشانىلىك ، ئېگىز كەلگەن ھاكىمجان دېگەن كىشى ئىدى . ئۇ تۈلكە قۇلاقچا ، كەرەشنۇاي سوكنىدىن ھەربىي شىم - تۇجۇركا ، پۇتىدا قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ، يېنىدا ناگان ۋە بىر قىلىچ ، بويىندا دۇربۇن ئېسقلىق كېلىشكەن كىشى ئىدى. ھەربىي كىيىم ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقانىدى . بۇنىڭغا قاراپ زوقلىنىپ تۇرۇپ كېتىشتى ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن گۈلخان ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈشتى.

داۋامى بار....[/size][/color]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 14:28:18

نەقىل:

---

bahadirنىڭ *2007-1-11 19:29:32* دە يازغىنى:
Nazakat0909نىڭ بۇ خالىسانە ئەمگىكى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى . ئەگەر بۇ رومان تولۇق يوللىنىپ بولسا ، ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىنغان رومان بولغۇسى ھەم Nazakat0909 مۇ تۇنجى رومان يوللىغۇچى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشقۇسى .
Nazakat0909نىڭ بۇ كاتتا ئىشىغا ئالقىش ياغدۇرىمەن ھەم تورداشلارنىڭمۇ Nazakat0909 كە مەدەت ، ئىلھام بېرىشنى ، ئەجايىپ ئىنكاسلىرىنى ئايىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن .

---

مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۆرە ئانا ناملىق رومانىنى توردا ئوقۇپ چىققان. شۇڭا بۇنى تور بېكەتتە تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە رومان دېيىشكە بولمايدۇ.
Nazakat0909 خانىمنىڭ خالىسانە ئەمگىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. بۇ رومانىنى داۋاملىق ئوقۇۋاتىمەن.
كۆزنۈپكا باسقان بارماقلىرىڭىزغا دەرد كەلمىسۇن!

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 14:46:01

بەزى بۆلەكلىرىنىڭ ئاخىردا ئەقلىيە سۆزلەر بار ئىكەن. مەسلەن: 'ھەر بىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى ھىمايە قىلىش يولىدا مەردانە بولۇشى كېرەك . _ ئا. گومبولدت ' دىگەندەك.
بۇنداق ئەقلىيە سۆزلەر ئەسلى ئەسەردە بارمىكەن، ياكى نازاكەت خانىم ئۆزىڭىز كىرگۈزۈپ قويىۋاتامسىز؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 19:15:34

كۆپ رەھمەت سىزگە ! ئۇ ئەقلىيە سۆزلەر ئەسەردە ئەسلىدىنلا بار ئىكەن . شۇڭا تولۇق بولسۇن دەپ ، ئۇلارنىمۇ قالدۇرماي يوللاپ قويغان .

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-17 15:33:21

ئوقۇپ بولدۇم. داۋامىچۇ ئەمدى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-18 11:40:54

[color=Blue][size=4]- تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ، - دەپ گەپ باشلىدى ھاكىمجان ، - مېنىڭ ئىنژۋوتۇم سەنتەيدە ئەمدىلا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى . شۇ ۋاقىتتا شتابتىن زاھىروپ كوماندىر چاقىرىپ ماڭا بۇيرۇق تاپشۇردى : ھازىر كەلگەن خەۋەردىن قارىغاندا قوشئەمچەكتىن بەش يۈزدەك چېرىك ھارغىن ھالدا داخىيەنزىگە قاراپ يول ئاپتۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا چارۋىچىلارنى بۇلاپ تالىغۇدەك ، سەن ھازىرلا تېز ئاتلىنىپ ، ئادەملىرىڭنى تولۇق قوراللاندۇر ، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىپ بۇگۈن تاڭ ئاتقۇچە ئۆتەيدىن ئۆتۈپ ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ داخىيەنزىگە كىرگۈزمەي يوقىتىسەن ، دېدى . مەن بۇيرۇق بويىچە تەييارلىنىپ ، كۈن پېتىش بىلەن ئاتلىنىپ، يولغا چىقتىم . كۈن چىققۇچە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدىم . تاغ تەرەپتىن دۈشمەننى كۈزەتتىم ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . ئۆتەينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بەلگە چىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ قارىسام سايدا قارا - قۇرا بىر نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ ، مۇشۇ مىڭىشىدا چۈشتىن كېيىن پېشىن بىلەن يولغا يېقىن كېلىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم . ئاندىن داخىيەنزىدە سىلەرنى بار دەپ ئاڭلاپ سىلەرگە خەۋەر قىلغان ، سىزنىڭ نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان ، كۆرۈشەي دېيىمغۇ ، كەلگىنىڭلار بەك ياخشى بولدى .
_ بەللى ، ياخشى بولدى ، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە مەنمۇ خۇش .
_ مەن دۈشمەن كەلگۈچە ئادەملىرىمنى ئۈچكە بۆلدۈم ، بىرىنچى بۆلىكىنى تاش بۇلاققا بېرىپ ، دۈشمەننىڭ داخىيەنزىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ، ئىككىنچى بۆلىكىنى تاش بۇلاق بىلەن ئۆتەي ئارىلىقىدا ، دۈشمەننىڭ قۇمۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قويدۇم . يەنە بىر بۆلىكىنى ئۆزۈم باشلاپ ئۆتەينىڭ ئالدىنى توستۇم ، دۈشمەن نەق چۈشكىچە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدى . دۈشمەن ھارغىن چۈشكۈن كېلىۋاتىدۇ . ئاچلىقتىن بولسا كېرەك مېڭىشى ناھايىتى ئاستا . بەزىلىرى ئاقساپ ماڭالماي كېلىۋاتىدۇ . دۇربۇن بىلەن يېقىن كەلگەندە كۆزەتسەم ، قورالمۇ كۆپ ئەمەس ، ئوتتۇز - قىرىقتەك قورال باردەك ، بىز دۈشمەنگە زادى شەپە بەرمىدۇق . دۈشمەن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ، بىزگە ئەللىك مېتىرچە قالدى . شۇ ۋاقىتتا دۈشمەنگە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدىم . ئاران كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ ، ھودۇقۇپ قالدى . تاش بۇلاقتىكى قىسمىمىز ھۇررا سادالىرى بىلەن ئاتلىق چېپىپ كەلدى . دۈشمەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى . شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئۈچ سائەت ئېتىشىپ قىرىقتەك ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدۇق . قالغانلىرى يەر چىشلىدى . ئۇلار تۆت يۈزگە يېقىن ئادەم ئىكەن . قوشئەمچەكتىكى ئاچارچىلىقتىن ئاران ئۆتەيگە كېلىۋېتىپتىكەن ، ئەسىرگەت چۈشكەن قىرىق دۈشمەنگە ئۆزىرىدىكى گىردە ناندىن بېرىپ ، ئۇلارنى تويدۇرۇپ ، ناماز دېگەردىن ئىلگىرى شتابقا تۆت ئادەم بىلەن يولغا سېلىۋەتتىم . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار يولدا كەلگۈچە ھېرىپ ، چارچاپ مىلتىق قوراللارنى تاشلاپ ماڭغان ئوخشايدۇ . ئەگەر سىزنىڭ ۋاقتىڭىز يەتسە ، ئادەم ماڭدۇرسىڭىز ، خېلى قوراللارنى تېپىپ كېلىشى مۇمكىن ... مەن سىلەرگە ئىككى دانە ئون بىر ئاتار مىلتىق ، ئىككى دانە ئەنگلىيە مىلتىقى ۋە ھەرخىل ئوقلاردىن ئىككى يۈز تال بېرەي ... - دېدى ئالدىرماي سۆزلەپ .
_ رەھمەت ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ، - بىز ھەممە يەرنى ئاقتۇرۇپ بىر نەچچە گىرانات بىلەن ئوق تاپتۇق ، باشقا نەرسە ئۇچراشمىدى . ئەمدى بىز سىلەرگە ھەمدەم بولۇپ ، داخىيەنزنى يېقىن ئارىدا ئازاد قىلىپ ، دۈشمەننىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىپ قوراللىنىمىز ، ھاكىمجان سىزنىڭ قەھرىمانلىقىڭىزغا ، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا .
_ ئەسلى قەھرىمانلىق سىزدەك ئادەملەرگە مەنسۇپ ، مەن سەنتەيگە بارغاندىن كېيىن قوماندالىق شتابىغا سىلەردىكى قورال يېتىشمەسلىك ، ئادەم كۈچى ئاز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى دوكلات قىلىمەن ، بىر قىسىم ئادەملەرنى سىلەرگە ياردەمگە ئەۋەتىپ بېرەيلى .
تۈن يېرىم بولۇپ قالغانىدى .ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ پاراڭلاشقانسېرى پاراڭلاشقۇسى كېلىۋاتاتتى.
_ ھازىر ماڭمىساق ، - دېدى ھاكىمجان ، - كۈندۈزى بۇلارنىڭ قار قوغۇزى كېلىپ يول ماڭغۇزماي قويىدۇ . ھازىرلا ماڭايلى .
ئۇلار قۇچاقلىشىپ تەسلىكتە ئايرىلىشتى .
داۋۇت پالۋان تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۇن - تىنسىز ماڭغاچ تۇرالغۇ جايىغا يېتىپ بارغىنىدا ، پارتىزان يىگىتلەر ئەتراپىنى سەگەكلىك بىلەن رازۋېدكا قىلىۋاتاتتى . داۋۇت پالۋان بۇلارنى كۆرۈپ ، ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەكەلگەن قوراللارنى پارتىزان يىگىتلەرگە بۆلۈپ بەرگىنىدە ئۇلار تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى .
ياسىنجان بىلەن ئەمەتتىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى . بۇ ئۇلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى . ئۇلار دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ھوشيارلىقنى كۈچەيتتى.
داۋۇت پالۋان ئۆزۈن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، بىرىدىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ھەممىسى ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى .
_ بىز داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلمىساق ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار، ئۇنى بىز ئۇرمىساق ، ئۇ بىزنى ئۇرىدۇ . ياسىنجان بىلەن ئەمەت تېخىچە چىقمىدى . ھەر خىل گۇمانلار بىزنى ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ . بىز سەزگۈرلۈكىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرايلى . بىز ئەتە سەھەردىلا داخىيەنزىگە قازاق مەكتەپ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىمىز. ئاتلىرىمىزنى مەكتەپكە باغلاپ قويۇشىمىز لازىم ، - دېدى داۋۇت پالۋان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا .
ئۇلار مىلتىقلىرىنى ساناپ كۆردى . ئەللىك دانە مىلتىق ، بىر ئاپتومات ، بىر پىلىموت بار ئىدى . ئەپسۇسكى پىلىموت بىلەن ئاپتوماتتا ئوق يوق ئىدى . ھازىر ھەر بىر ئادەملىك كۆپىنىك ئەللىك تال ، ئازلىرىنىڭ ئون تال ئوقى قالغانىدى .قالغانلىرى ئارا، كەتمەن ، توقماقلار بىلەن قوراللانغانىدى . ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، جەڭگىۋار ھالدا قەسەم بېرىشتى .
_ ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئۆلسەك ھالال ئۆلىمىز . خەلق ئۈچۈن ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلسەك شەرەپلىك ھالدا ئۆلىمىز...
شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئۇلار كۆكرەك كېرىپ ، مەردانىلىق بىلەن جەڭگە ئاتلاندى . ئۇلارنىڭ تىمتاس كېچىنى لەرزىگە سالغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك دۈپۈرلەيتتى.ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....[/color][size]

---

يولىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-18 12:58:32

ئاخىرنى ئوقۇۇشقا يەنە نىسىپ بولدى.
نازاكەت خانىم يەنە بىر قېتىم رەھمەت سىزگە.
كىتاپنى رەسىمگە تارتىش ئىمكانىيتى بولسا، رەسىمگە تارتىپ ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىڭىز مەنمۇ كىرگۈزۈشۈپ بىرەر كەنمەن.

---

يولىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-19 13:11:40

داۋامىنى ئوقۇۇشقا تەقەززا بولۇپ كەتتۇق...

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-20 9:23:33

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
1945-يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرى :
ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ ، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلىغانىدى ، قويۇق تۇماندا يېنىدىكى كىشىنىمۇ پەرق قىلىش قىيىن ئىدى . بۇ كەچ پارتىزانلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى . پارتىزانلار خىيالىدا بىرلا نەرسە ھۆكۈم سۈرەتتى. مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ ، داخىيەنزىنى تارتىۋېلىپ تولۇق قوراللىنىش.
ئۇلار قازاق مەكتەپكە بېرىپ ، ئاتلىرىنى باغلاپ ، تۆت ئادەمنى ئىككى مىلتىق بىلەن ئاتلارغا قارىتىپ قويىدى - دە، خىيىم - خەتەرنى ئويلىماي ، ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى پوتەيىنىڭ ئارىلىقىدا تىك تۇرۇپ ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرلىدى . پوتەيدىن ئۆتۈپ داخىيەنزى ئىچى - تامغا كىرگەندىن كېيىن دۈشمەنگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى . داۋۇت پالۋان خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى:
_ ھازىرلا باستۇرۇپ كىرىمىز ! ئەگەر قان تۆكۈشنى خالىمايدىكەنسىلەر ، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار . ئۇنداق بولمايدىكەن ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايمىز....
داۋۇت پالۋان سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاپ ماڭدى . باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرلىدى . دۈشمەن تەرەپتىن ھېچ سادا كەلمەيۋاتاتتى ھەم ئۇزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، پەقەت بۇ جىمجىتلىقنى داۋۇت پالۋاننىڭ ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.
پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ھالەتتە بولۇپ ، كۆزلىرى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بىرەر شەپنى ئاڭلىغان ھامان شۇ تەرەپكە ئېتىش قارايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلىشمەيتتى....
تاڭ ئاتتى. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆز يورۇقلۇقىنى سۇس چاچاتتى. ئەتراپ يەنىلا قويۇق تۇمانغا پۈركىنىپ تىمتاسلىق قوينىدا ياتاتتى.
پارتىزانلار ئۇلۇغ كىچىك تىنىشىپ، ئاستا قەدەم بىلەن ئىلگىرلەيتتى.
كۈن بۇلۇتلار ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقتى . ناشتا ۋاقتى بولدى . تۇمان ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ، ھاۋا ئېچىلىپ ، ئەتراپ سۈزۈكلەشكەندىن كېيىنمۇ دۈشمەنلەر يەنىلا كۆرۈنمىدى . دۈشمەننىڭ ياتاق ، ئاشخانىلىرى بار ، ئۆزلىرى يوق ئىدى .
داۋۇت پالۋان يەنە ۋارقىرىدى :
_ سىلەر ياخشىلىقچە قورال تاپشۇرۇڭلار ، بولمىسا ....
بۇ ياڭراق ئاۋاز يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ ، ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئۇلار داخىيەنزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ بولدى . يولنىڭ شەرق تەرىپىگە تېخى ئۆتمىگەنىدى . بۇ تەرەپتە ئالاھىدە ساقچى ئىدارىسى بار ئىدى . دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە تىقىلىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ئوق چىقىرىشقا باشلىدى.
_ ئېتىڭلار ! - دېدى داۋۇت پالۋان زەردە بىلەن .
ئوق دۈشمەننىڭ تۇرالغۇ جايىغا قاراپ ئېتىلىشقا باشلىدى . شۇ ئارىدا مۇھەممەت گاڭگۇڭ ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدى .
_ تەسلىم بولۇش، بولمىسا ھەممىڭنى قىرىپ تاشلاپ ، ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىمەن ! - ئۇ ئاشۇنداق ۋارقىرىغىنىچە يولنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ساقچى ئىدارىسى تېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە باردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاسىم جودا بىلەن قۇربان ئېغىر قەدەم تاشلاپ ماڭدى .
_ تەسلىم بولۇپ بۇياققا چىقىڭلار ، بولمىسا قىرىپ تاشلايمىز، - بۇلارنىڭ كۆزىگە قان تولغان بولۇپ ، دۈشمەننى يوقىتىشتىن باشقا ھېچنەرسە خىيالىدا يوق ئىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇلار قارامىلىق قىلدى ... ئەستا ... - دېدى ئاسىم دوختۇر بىئارام بولۇپ .
جىلك تەرەپتىن بىر قارا ئايروپىلان بىلەن بىر ئاق ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ، قارا ئايروپىلان يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىپ قالدى . ئاق ئايروپىلان ئۈزۈلدۈرمەي بومبا تاشلاشقا باشلىدى . ئۇ ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىۋاتاتتى. پارتىزانلار دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ توختىماي ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. مۇھەممەت گاڭگۈڭ مەردانىلارچە كۆكرەك كېرىپ كېتىپ باراتتى.
_ قورال تاپشۇرۇڭلار ، ئاناڭنى ، بولمىسا قىرىپ تاشلايمىز.
_ ئاپلا ، چاتاق بولدى ، ئوق ئېتىڭلار ، مۇھەممەت ، ئەھەت كەينىڭگە قايت !
_ ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى ! قورال تاپشۇرۇش ئاناڭنى ! - ئۇلار مەردانىلارچە قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك تېتىك جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى.
دۈشمەن تەرەپتىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىلدى . ئوق ئىككىلىسىنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى .
_ ياشسۇن ئەركىنلىك !
_ ۋەتەن ئۈچۈن ئالغا ! - ئۇلار بوشلۇقنى لەرزىگە سالغىنىچە يىقىلدى .
_ ئاناڭنى ! - دېدى قۇربان بىلەن قاسىم جودا . ئۇلار شۇنداقىپ دەپ ۋارقىراپ ، ئۇلارنى ئاتقان بەش ئەسكەرنى كەينى - كەينىدىن دومىلىتىۋەتتى - دە ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، يەنە يولنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتتۈۋالدى . دۈشمەن غالجىرانە ھۇجۇمغا ئۆتتۈپ ، تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇپ پارتىزانلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى . ئوت بارا - بارا ئۇلغىيىپ ، پارتىزانلار تەرەپكە ئەجدىھادەك يامراپ كەلمەكتە ئىدى .
ئۈزۈن ئۆتمەي يېنىغا ناگان ئاسقان ، سېرىق سوكىنىدىن شىم ، تۇجۇركا كىيگەن ھەم قىلىچ ئاسقان بىر كوماندىر پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ كىشى زاھىرۇپ ياردەمگە ئەۋەتكەن كوماندىر ئېلياسخان بولۇپ ، ئادەملىرىنى ئۆتەيگە قويۇپ ، ئۆزى داخىيەنزىگە كىرگەنىدى . ئۇ بۇ پارتىزانلارنىڭ چېكىنمەيدىغانلىقىنى پەملەپ جىددىي بۇيرۇق قىلدى :
_ چېكىنەيلى !
كۆن ناماز دېگەر بولدى . دەھشەتلىك ئېتىشىش داۋام قىلماقتا . بۇلار غەربىي تەرەپتىكى دەھشەتلىك ئوتنىڭ يالقۇنىدىن چېكىنىپ ، ئەسلى كىرگەن قورۇغا كىرىپ قالدى . دۈشمەنلەر ئوتنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ ، قاقاھلاپ كۈلۈپ پىلموتلىرىدىن ئوت ئاچماقتا ، مىلتىق ، گىرامۇنتلىرىدىن توختىماي ئوق ئۈزمەكتە ئىدى . ئوت ھەممە تەرەپتىن ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ دەھشەتلىك ھالدا يامراپ كەلمەكتە . داخىيەنزىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى ، لاپاسلىرى ، قۇمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئوت قۇمۇشقا، توغرىسىغا سالغان ياغاچ ۋە مايلانغان ئىشىك - دېرىزىلەرگە تۇتۇشۇپ ، چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە دۈشمەنلەر ئوق ئېتىپ ، داۋاملىق قىيا - چىيا قىلىشىپ كۈلۈشەتتى. پارتىزانلار خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى .

داۋامى بار.....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-22 20:30:43

داۋامىنى يازماي، ماۋۇ تېما كۆمۈلۈپ قالاي دەپتۇ.
داۋامى قاچان چىقىدۇ؟؟؟؟؟؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-23 19:19:11

[size=4][color=Blue]پارتىزانلار ئوت يالقۇنىدا تۇرالماس ھالەتكە كەلدى . ئەسلى كىرگەن قورۇ بىر مو ئەتراپىدا ھويلىسى بار ، تۆت ئېغىزلىق تام ئۆيى بار بىر يەر ئىدى . ھويلىدا چۇشۇۋاتقان مىنامىيوتنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرىدىن پارتىزانلار ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى . بۇلارنى ساراسىمگە سېلىۋاتقىنى ئەجدىھادەك دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ئوت ! ئوت ئىچىدە قالغان ھامۇت بىلەن سىدىقنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىراشلىرى بوشلۇقنى لەرزىگە سېلىپ ، پارتىزانلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا قالغانىدى . بۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى .
كۈن پاتتى، پارتىزانلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە . ئۇلار بارغانچە خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي قاتتىق ئويلىنىۋاتاتتى. ئوت يامراپ كەلمەكتە .
داۋۇت پالۋان ھويلا قورۇسىدا تىك تۇرۇپ ، پارتىزانلارغا كەسكىن مۇراجىئەت قىلدى :
_ قەدىرلىك دوستلار ، بۇرادەرلەر ، بىز دۈشمەننىڭ ئوتتىن ياسالغان پولات تاغرىغا كىرىپ قالدۇق . دۈشمەن بىزنى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى . ئوق ، گرانات ، بومبىلار بىز ئۈچۈن ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس . بىزنى ھازىر قورقۇتۇۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس ، ئوت ! بىز قايسى تەرەپكە قاچساق ئۆلىمىز ، مۇشۇنداق قاتمۇ- قات قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزگە مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل ! ھازىر ھەر قايسىڭلاردا بار ئوقنى ھاپىز قارى ، قارا قاۋان ، تۇردىئاخۇنغا بېرىڭلار. ھاپىز قارى بىلەن قارا قاۋان ئالدىدىن كەلگەن دۈشمەننى بېسىقتۇرسۇن ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن كەينىدىن كەلگەن دۈشمەننى يوقاتسۇن ، مەن ئالدىدا ماڭاي ، قېنى ئۇلارغا ئوقلارنى بېرىڭلار ... - ئۇ ئامال قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسنى ساق - سالامەت ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيتى دەپ قارايتتى.
پارتىزانلار ئوقلارنىڭ ھەممىسنى ئۇلارغا بېرىشتى . ھاپىز قارى بىلەن قارا قاۋان ئالدىنقى قاتاردا يول باشلاپ ، كۆرۈنگەن دۈشمەننى يەر چىلىشەتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن كەينىدىن كەلەنە دۈشمەننىڭ ئۇننى ئۆچۇرۇپ تۇردى . بۇلارغا دەقىقەۋاقىت شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدى . ئۇلار ئاۋۋال كىرگەن قورۇنىڭ ئىچىدىكى سوڭگۆچ ئارقىلىق ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن سىرتقا قاراپ يەر بېغىرلاپ ، سوزۇلۇپ مېڭىۋاتقىنىدا ئىلياسخان ئوق تېگىپ قۇربان بولدى . ئۇنى قاسىم جودا ئۆمىلەپ سۆرەپ ماڭدى .
_ ئامال يوق ، ئۇ قالسۇن ، - دېدى داۋۇت پالۋان يەر بېغىرلاپ كېتىپ بېرىپ . بۇلار سوڭگۆچ ئارقىلىق قاتارلىشىپ سىرتقا چىقىپ ئوقتىن قۇتۇلدى . ئەمدى ئالدى تەرەپتىن بومبا ، پىلموت ، منامىيوتلار ئېتىلىشقا باشلىدى . گۆمبۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن يەر - جاھاننى قاپقارا تۈتەكلەر قاپلاپ كەتتى. دەھشەتلىك ئېتىششلار يەنە داۋام قىلدى .
پارتىزانلار ئېرىق ئىچىگە يېتىۋېلىشتى - دە، ئۆمىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . ئېرىقنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى يېرىم مېتىر ئۆپچۆرىسدە بولۇپ ، پوتەيدىن ئېتىلىۋاتقان پىلموت ئوقى ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تېگىپ ، ئۇلارنى توپا بىلەن كۆمىۋېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ چاپان - جۇۋىلىرىنى يول - يول تىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ دۈمبە ، پۇتلىرىغا تېگىپ رەللە قىلاتتى. ئۇلار يىلانغا ئوخشاش ئۆمىلىمەكتە ئىدى . ئىككى پارتىزانغا ئوق تېگىپ جايىدا قالدى . قالغانلار تامدىن ئەمدىلا چىقىشىغا ئارقىدىكى دۈشمەن جىددىي ھالدا :

_ ئوغرى كەلدى ، ئوغرى كەلدى ، - دەپ كاناي چالدى - دە ، يەنە بىرى بىلەن << سا، سا... >> دەپ بۇلارغا ئېتىلىشقا ماڭدى .
تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن بۇ ئىككىسنى ئىككى پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى . ئاۋاز ئۆچۇپ بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالاھىزەل ئون مېتىر ئۇزىغۋالدى . بۇلار ئىككى يۈز مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئالدىدىكى پوتەينىڭ ئۈستىدە بىر ئەسكەر ئۆرە تۇرۇپ ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئوق ئېتىشقا باشلىدى . قارا قاۋان ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەنلا دومىلىتىۋەتتى. يەنە بىر ئاز تىنجىدى . ۋاقىت ناماز شام بولدى . يەنە ئوقلار يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى . بۇ ۋاقىتتا ئىككى ياندىن يۈزدەك ئەسكەر غالجىر ئىتلاردەك مىلتىق ئىستوۋۇللىرىنى چىقىرىپ ، بۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى ، داۋۇت پالۋان كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ۋاقىرىدى :
_ تۇرۇڭلار ، ھۇررا !
قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى . پارتىزانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ، تېپىپ يىقىتاتتى. گاھلىرى يانلىرىدىكى پىچاقلىرىنى ئېلىپ تىقسا ، گاھلىرى توقماق ، كەتمەن ، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ، چانايتتى . ئېتىلىۋاتقان ئوق ، منامىيوتلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاشلا چۈشۈپ پارتىلايتتى. دۈشمەن پارتىزانلارنى ئۆلتۈرىمىز ، دەپ ئوق چىقىرىپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىدىكى ئۆز ئادەملىرىنى ئېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن پوتەيدىكى دۈشمەنلەر دەرھال پىلموتلىرىنى توختاتقان بولسىمۇ ، تام ئىچىگە چۈشۈۋاتقان بومبا ، منامىيوتلار يەنىلا يەرگە چۈشۈپ پارتلاۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئەيسا ۋارقىرىغىنىچە بىر دۈشمەن بىلەن تەڭلا پارتلاپ كەتتى.
_ ئەيسا ! - ۋارقىرىدى قۇربان ، - مەن قىساسىڭنى ئالىمەن !
قۇربان ئالدىغا كەلگەن دۈشمەنلەرنى قولىدىكى ئوقسىز مىلتىق بىلەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۇراتتى.
_ ئۆلە ، ئاناڭنى ، غالجىر ئىت ، سەنمۇ كەل قېنى ...سەنمۇ كەل... ئاكاڭنى كۆرۈپ قويۇش...
_ ئاناڭنى! ئۆلە گۇي .. - دېدى قاسىم جودا بىر ئەسكەرنى مىلتىق پاينىكى بىلەن بىر قويۇپ يىقىتىۋېتىپ ، - مەن قاسىم سەندەك نېمىلەرگە تېتىمايدىغان بولسام ...
_ كېلە چوشقا ! - ئاسىم دوختۇر ئۇزۇن قول - پۇتلىرىنى چاققان ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، ئەسكەرلەرنى << ۋايجان >> دېگۈزۈۋېتىپ باراتتى .
_ سەنلەر بىزگە تېتالامسىلەر ، ھۇ ئاناڭنى !
ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، دۈشمەنلەرگە قول - پۇت ، كاللا بىلەن زەربە بېرىۋاتاتتى.
پارتىزانلار دۈشمەنلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە جەسۇرلۇق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قانلىرى بارغانچە قىزىپ ، كۆزلىرىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي قالدى .

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-29 21:36:11

نەچچە كۈن بولدى، ماراپ يۈرىيمەن. ماۋۇ رومانىنىڭ داۋامى يوقمۇ؟؟

---

يوللىغۇچى: akewat
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-1 1:23:04

رەھمەت سىزگە داۋاملىق تىرىشىڭ مەن سىزگە ھەق ئاللاھ دىن مەددەت تىلەيمەن!![em35]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يوللىغۇچى: karvan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-5 0:13:30

[em15] داۋامى قېنى ؟

---

يوللىغۇچى: batur
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-5 18:07:36

بەك ياخشى ئەسەر ئىكەن سىزگە رەخمەت

---

يوللىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-18 21:36:44

راستلا ئېسىل ئەسەركەن . بىراق نازاكەت خانىم ئالدىراش بولۇپ كەتتىمۇ قانداق ئۈچ - تۆت ھەپتىدىن بۇيان رومانىنىڭ داۋامىنى پەقەتلا ئوقالماي
تەقەززار بولۇپ كەتتۇق . ئەسلىدە باشلىغان ئىش دېگەننى قاسسىدە تۈگۈتۈۋېتىدىغان گەپتى. باشقا تورداشلارمۇ قارىسام رومانىنىڭ داۋامىنى ئىنزدىگىلى تۇرۇپتۇ . رومانىنىڭ داۋامىنى [ مەن چوقۇم ئاخىرىغىچە يوللايمەن } دەپ نىيەت قىلغان ھۆرمەتلىك نازاكەت خانىم چوقۇم يوللىۋېتەر - ھە ؟!

---

يوللىغۇچى: mahi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-18 21:52:00

ھېيتگاھ جەمەسى

ھېيتگاھ جەمەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جەمە، ھېيتگاھ مەيدىنى قەشقەردىكى ئۆۋت سود، مەدەنىيەت مەركىزىدۇر، ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كىشلەرنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە تارتىمي قالمىدۇ. ئۇنىڭ كۆن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغن چوڭ دەرۋزىسى، پەشتىقى، ئۇق گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى نەقىشلىك مۇنرلىرى شەھەرگە ئالاھىدە كۆركەملىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

جەمەنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، بۇنىڭغ ئىشلگەن تامچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ نەقەدەر ماھرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر بىنكارچىلىقىنىڭ خېلى ئۇزق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا چېلىنىدىغن ناغرا، سۇنايى ئاۋزى كىشلەرنى ئۆزىگە شۇندق جەلپ قىلىدۇكى، بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىدىن كۆز ئۈزۈپ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ناغرا سۇنايچىلارنىڭ تەرەننۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە داپگۇدەك ئاۋم خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى ئەخمەت ئاك سۇنايچى، روزى ئاك (بشى) لار ئۆزلىرىنىڭ ماھرتى بىلەن بارلىق ھېيت ئىشتىركچىلىرىنىڭ رەھمىتىنى ئالتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەربىر قېتىملىق ھېيتتا ئالاھىدە ئالقىشقا ئىگە بولاتتى. گىزى كەلگەندە بۇ ھېيتگاھ جەمەسى ئالدىدا ئوينىلىدىغن سەم ئۇسۇلى ھەققىدىمۇ ئازراق سۆز قىلىپ ئۆتسەك يمن كەتمەس؛ قەشقەر خەلقى، ناغرا، سۇنىينىڭ يېقىملىق ئاۋزىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار، روزى ھېيت، قۇربان ھېيتتىكى ئالتە كۈنلۈك ئارام ۋە خۇشاللىق ۋاقتىنى ئاشۇ ناغرا، سۇنىينىڭ يېقىملىق سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ئۇمۇم كىشلەرنىڭ ئىشتىركى بىلەن سەم سېلىش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ يىقتۇرۇپ شۇغۇللىنىدىغن ئەنئەنىۋى پائلىيىتىدۇر. «سەم» بىر خىل سەنئەتلىك ئويۇن بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى كۆڭۈل ئېچىشتا ئوينىلىدىغن ئۇسسۇلدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئادەتتە يالغۇز كىشى، ئىككى كىشى ياكى بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا، «سەم» نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئىشتىركى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. يىغىلگەن كىشلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھەربىر كىشى ئۆز دائىرسىدە بىر خىل رەتلىك ئايلىنىدۇ. تەشبىن شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بىر خىل رەتلىك ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندە گويا بىرلا كىشى ھەركەتلىنىۋېتقاندەك ھېس قىلىدۇ. «سەم» دە پەقەت ناغرا، سۇنىينىڭ ئاھاڭ يۆتكىشى بىلەن رېتىم ئالمىشىدۇ. مەيدانغا چۈشۈپ «سەم» سالغانلارمۇ ناغرا- سۇنىينىڭ مۇڭلۇق، يارقىن، يېقىملىق ئاۋزىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ مەيدانغا يىغىلىپ ھېيت تەنتەنىسى قىلىۋېتقان جەمئەتمۇ ۋاقتىنىڭ قاندق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ.

بۇ ئىككى ھېيت مەزگىلدە ھېيتگاھ مەيدانىدا ھېيت تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزىدىغانلار يالغۇز قەشقەر شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ قالمستىن،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قەشقەرنىڭ ھەرقىيسى نەھىيىلىرىدىن ھەتتا چەت ۋىلايەتلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ ھوزۇرلىنىدۇ. مىز مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەر شەھىرى خۇددى ئەدەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ھېس قىلىشىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئىچكىرىكى شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق ئىدى. مىلادى 1442- يىلى قەشقەرگە ھۆكۈمرىن بولغان ھاكىم بەگ- ساقىت مىرزا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغان ئۇرۇق- جەمەتلىرىنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ نامىز ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرقى ئىچكىرىكى مەسچىت ئورنىدا بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغان. تۇنجى مەسچىت يېسىلىپ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئۇبۇل ھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 944- يىلى (مىلادى 1558- يىلى) ئۇبۇل ھادى بەگ مەسچىتنى كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياساتقان ھەمدە بەش ۋاخ نامىز ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مىلادى 1787- يىلى (ھىجرىيە 1201- يىلى) يېڭى شەھەر نەھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم مەككىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن توپلىغان پۇلنى سەرپ قىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياسىغان.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھۆكۈمرىن بولغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ھېيت تۇرۇپ ئۆزىگە، ھىجرىيىنىڭ 1224- يىلى (مىلاد 1809- يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پىناپ يېزىسىغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتقان. بۇ گۈمبەزنى خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ ياساتقانلىقتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى غەزەپكە ئايلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىسكەندەر ۋاڭ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلىپ كۆل چېپتۇرغان، ئېرىق ئېلىپ، سۇ باشلاپ كىرىپ ئورمان بىنا قىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1235- يىلى (مىلادىنىڭ 1820- يىلى) قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ جامەنىڭ تورۇس- تاملىرى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، نىدىر خوجا ئەبرىشىمكە دېگەن كىشى ئۆمۈمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. ھىجرىيىنىڭ 1255- يىلى (مىلادىنىڭ 1839- يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى زوھورىدىن بەگ قەشقەرنىڭ تاشقىرىقى شەھەر دەپ ئاتالغان قىسمىغا سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەرنى كېڭەيتكەن. شۇ چاغدا جامەنى سۇپەتلىك قىلىپ رېمونت قىلدۇرغان.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىلىرىدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) خەلقنىڭ مەھەللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنى ياساتقان. شۇ جۈملىدىن ھىجرىيىنىڭ 1290- يىلى (مىلادىنىڭ 1872- يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ باشقىدىن قەمىر قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن. بۇ جامەنىڭ غەربىي تەرىپىنى مەسچىت، شەرق تەرىپىنى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە 24 قاتار 72 ئېغىزلىق ھۇجرا، شەرقىي شىمال تەرىپىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغان مۇنچا، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەۋزا قاترىلىقلارنى ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەنىڭ ھازىرقى ھالىتى شەكىللەنگەن.

ھىجرىيىنىڭ 1320- يىلى (مىلادىنىڭ 1903- يىلى) قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرەش ① زىلزىلىسى يۈز بېرىپ، جامەنىڭ تاشقىرىقى مەسچىت قىسمىغا خېلى دەرىجىدە زەخىم يېتىپ بەزى تاملىرى ئۆرۈلگەن، مۇنار زەخىملەنگەن ئىدى. لېكىن ھىجرىيە 1322- يىلى (مىلادىيە 1905- يىلى) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن «ئاخۇن بىي» دەپ ئاتالغان تۇردى بىي ھاجىم بىلەن كىرىم ئاخۇن بىۋەچچىلەر تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنغان.

ھىجرىيىنىڭ 1352- يىلى (مىلادى 1934- يىلى) قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رېمونت قىلىنىپ، دەرەخلەر تۆلۈقلاپ قويۇلغان، كۆللەر قايتا چېپىلغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا رىشاتكىلار ئورنىتىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1354- يىلى (مىلادى 1936- يىلى) قەشقەردە «ئىسلامى مەدرىسى»- مەسچىت ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يىن دەرۋاز ئېچىلىپ، كىرىپ- چىقىش راۋانلاشتۇرۇلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1355- يىلى (مىلادى 1937- يىلى) شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىدە جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىزلىق ھۇجرا بىلەن مۇنچا چېقىۋېتىلگەن. تام ئورنىغا سالاسۇنلۇق رىشاتكا بېكىتىلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن جامەنىڭ يېڭى بەھرى باشلاندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ جامەنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىپ بىر قانچە قېتىم چوڭ- كىچىك رېمونت قىلدۇردى. 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىپ سىرلاپ، ئەترىتىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى. 1983- يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ جامەنى چوڭ رېمونت قىلدى.جامەگە تارىخلىق ئىشچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارنى بېكىتىپ، ئىگىدارچىلىقىنى كۈچەيتتى.

ھازىر ھېيتگاھ جامەسى ۋە مەيدانى يىلغۇز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ دىنىي- مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت سورۇنىغا ئايلاندى.

قەشقەر شەھىرى ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق شەھەر قىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن بىرى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن دوستلار ۋە چەت ئەللەردىكى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت مۇھەججىرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى بىلەن ئالدىن زىيارەت قىلىدىغان ئورنى ھېيتگاھ جامەسى بولماقتا، بۇ جامەنىڭ ئورنى، ئابرويى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى.

ھېيتگاھ جامەسى، شىنجاڭ بويىچە، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىت ۋە مەدرىسىدۇر. بۇ جامە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە، ھەمدە قەشقەرنىڭ ئىلىم- مەرىپەت، ھۈنەر- سەنئەت مەكنى بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنىڭ نەمايەندىسى، شۇنداقلا بىتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلق بىنكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى- 140 مېتىر، غەربتىن شەرققە بولغان كەڭلىكى 120 مېتىر، ئۇمۇمىي يەر مەيدانى، 25.22 مو كېلىدۇ. بۇ جامە: دەرۋازا، ھويلا، مەسچىت، مەدرىس، ھۇجرىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دەرۋازا قىسمىدىن ئالغاندا مۇنار، دەرۋازا، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىم بىر- بىرىگە تۇتىشتۇرۇلۇپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ.

جامە چوڭ دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.30 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.70 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان تامغا مېھراب شەكىللىك نەقىشلەنگەن تەكچىلەر چىقىرىلغان. دەرۋازىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تامغا رەڭدار زىننەتلەنگەن تۆت مېتىر كەڭلىكتە، يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى مېھراب، ئەگمە شەكىللىك نۇۋ ئاستىغا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر نەچچە ئايەتلىرى يېزىلغان ئىككى مېتىر كەڭلىكتە، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە رەڭدار نەقىشلىك بىر چىش تاختا بار.

دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم سېرىق سىر بىلەن چىرايلىق سىرلانغان ئىككى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنارلار شەھەرگە كۆركەم، ھەيۋەتلىك تۈس بېرىدۇ. بۇ ئىككى مۇنارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان گەج ۋە پىششىق خىش بىلەن ئېتىلگەن چىتنا تامنىڭ ئارىلىقى 28 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەيلەر بولۇپ، مەزىن، ئاخۇنۇملار شۇ پەلەمپەيلەر بىلەن ئۇستىگە چىقىپ مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىدۇ. مۇنارنىڭ ئۇستىگە تۆمۈر دەستىلىك ئالتۇن ھال بېرىلگەن ئاينىڭ شەكلى ئورنىتىلغان. ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئارتىپ تۇرىدۇ.

جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەن گۈمبەز ئىچىگە كىرىسىز، گۈمبەزنىڭ سەككىز بۇرجەكلىك ئايلانمىسى، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە جامە سەينىسىغا كىرىدىغان مېھراب شەكىللىك ئىشىكى بار.

گۈمبەزنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى 40 مېتىر، ئېگىزلىكى 12.5 مېتىر، ئۇستى ئېگىزلىكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنار بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ مۇنارنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ گۈمبەز ئالەم گۈمبىزى بىلەن رىقابەتلەشكەندەك تىك تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە يۆلەپ سېلىنغان 46 ئېغىزلىق دۇكان بولۇپ، بۇ دۇكانلارنىڭ ئىجارىسى مەسچىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى- شەھەرنىڭ ئەڭ قويۇق ئېلىم- سېتىم، سودا بولىدىغان بازىرىدۇر. بۇ جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۇستى تەرىپىدە ئېگىز ھەم ئازادە بىر پەشتاق ياسالغان، ھەر يىلى قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنلىرىدە پەشتاق ناغرا، سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا توپلانغان تۇمەنلىگەن كىشىلەر بايرام خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئورۇن- ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت- بايراملىرىنى قۇتلۇقلايدىغان مەيدانى بولغاچ ھېيتگاھ دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت سەينا )ھويلا( سىنىڭ كۆلىمى ئىككى مودىن ئارتۇق، ئىككى كۆل بار. بۇ جامەدە ھەر كۈنى 3- 4 مىڭ كىشى، جۈمە كۈنلىرى 5- 10 مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە 40- 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. جامە ھويلىسى بىلەن كېيىنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان مىشەڭ سىرلانغان رىشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ. رىشاتكىنىڭ ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر، كېيىنگە كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ئورۇنغا ئىشىك ئورنىتىلغان.

مەسچىت قىسمى ئىچكىرىكى مەسچىت (خانىقا) تاشقىرىقى مەسچىت (پىشايۋان)، كېيىندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، ئۇمۇمىي يەر كۆلىمى 456 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

جامەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تامغا چىقىرىلغان مېھرابتا خاتىپ ئاخۇنۇم خۇتبە ئوقۇيدۇ. تاشقىرىقى مەسچىت، كېيىنلارنى قوشۇپ ئۇستى يېپىلغان قىسمىنى ھېسابلىغاندا 2660 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كېيىن تۈرۈسلىرىنى يەتتە مېتىر ئىگىزلىكتىكى 140 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، جامە دەرۋازا، مۇنارلار، پەشتاقلار، گۈمبەز- رىشاتكىلار، ئاجايىپ نەقىشلەنگەن تۈرلۈك قۇرۇلمىلار بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇردۇر.

بۇ ماتېرىيال قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989-يىلى نەشر قىلغان، ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى  تارىختىن قىسقىچە بايانلار  ناملىق ئاسىردىن ئېلىندى.



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-23 22:39:53

ياخشىمۇسىز ماھى خانىقىز ، ھېيتكادەك بىر ئۇلۇغ تېمىنى تېما شەكلىدە يوللىماي ئىنكاس شەكلىدە يەنە كېلىپ ھېيتكا بىلەن ھېچقانداق تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان قانغا بويالغان سايرامنىڭ قۇيرىقىغا باغلاپ قويغىنىڭىز نېمىسى ؟ تېما دىئېگەننى ئايرىم يوللايدىغان . بولمىسا باشقىلار ئىنكاس كاتاەكچىلىرىنى ئاختۇرۇپ تېما ئىزدەپ ئاۋەرە بولۇپ كېتىدۇ .
نازاكەت خانىم ، بۇيۇك رومانىنى يوللاشقا ۋاقتىڭىز يەتمەيۋاتقان ئوخشىمامدۇ ، داۋامىنى يوللاش ئەمدى ئېغىر تۇيۇلىۋاتقان بولسا باشقۇرۇش شېفىرىڭىزنى ماڭا تۆت - بەش كۈن بېرىپ تۇرۇڭ ، مەنلا يوللىۋېتەي داۋامىنى ، بولامدۇ؟!!

---

يولىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 16:56:43

يوللىغاندىكىن داۋامىنى يوللاڭلار ئەمدى. ئادەمنى قىزىقتۇرۇپ قويۇپ، كىتاپنى سېتىۋېلىپلا ئوقۇي دەپ كىتاپخانىلارنى ئارىلاپ ئۇ كىتاپنى تاپالمىدىم.

yadrookbexi بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يوللاشقا نازاكەتنىڭ مەخپى شىفرى كەتمەيدۇ. مۇشۇ يەرگىلا ئىنكاس شەكلىدە يوللاۋەرسىڭىز بولىدۇ.

---

يولىغۇچى: ansar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 18:25:52

بۇئەسەر بەك ياخشى يېزىلغان....
كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن ....

<قانلىق ئىز >مۇ مۇشۇ كىتاب شۇ......[em57]

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 20:29:23

ياخشىمۇسىز ئەفراسياپ ،
نازاكەت خانىقىز رۇخسەت قىلمىسا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدىم .
يەنە كېلىپ بۇ رومان دەسلەپ بىر ئادەمنىڭ ئاپتورلىقىدا يوللانغان بولسا كېيىن ئەسلى ئاپتورنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ يوللىنىشقا باشلىغان . بەلكىم ئىككى ئاپتورنىڭ نامىدا يوللاشنى نازاكەت خانىم قوبۇل كۆرمەيۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن .
ئۇيغۇرلاردىكى بەختسىزلىك تارىخىدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا ئۇيغۇر تارىخى قان - ياش بىلەن تولۇپ كەتكەن .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 20:35:10

قانلىق ئىز >مۇ مۇشۇ كىتاب شۇ......
======================
شۇنداق قانلىق ئىزمۇ مۇشۇ كىتاپ . ئەمما بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى قانغا بويالغان سايرامنى ئېتىراپ قىلىدۇ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قانلىق ئىز بولسا قانغا بويالغان سايرامنىڭ كېلۈنلانغان كۆرنۈشى . يەنە كېلىپ بۇ بىر چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق .
چۈنكى تارىخ دېگەن مىللەتنىڭ بايلىقى . مىللەتنىڭ بايلىقنى ئۆز مەنپەتىمىزنى دەپ دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-29 22:23:32

نازاكەت خانىم تورغا كىرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ .
بۇ نەس باسقان رومەن ئەمدى مۇختەر باي دېگەن بىرىنىڭ نامىدا
6- ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ سەلكىن تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنىشقا
باشلىدى .
مۆجىزە . . . ھەممە تېما يوللىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ رومانغىلا كۆزى چۈشۈدىكەن دېسە .
يەنە كېلىپ يوللۇغۇچى ئاتايىن مۇشۇ رومانىنى يوللاش ئۈچۈنلا مۇنبەرگىلا كىرىدىكەن دېسە.
ھە ، راست . بۇ رومان يۈزى قېلىنلىق بىلەن سەلكىن توردا مەتلى ھېلىمنىڭ نامىدىلا
يوللىنىشقا باشلاپتۇ . ئويلاپ قالدىم دۇنيا مەينەتچىلىك بىلەن تولۇپ تولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، دەپ .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 0:21:46

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! ياخشىمۇ سىلەر ! ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى ! مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى تورغا چىقالماي قېلىپ ، ئەسەرنىڭ داۋامىنى يوللاشقا ئامالسىز قالدىم ، كەچۈرگەيسىلەر ! مەن يەنە داۋامىنى داۋاملاشتۇرىمەن ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياقتۇرۇپ ئوقۇشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 0:44:04

[color=Blue][size=4]_ مۇتەللىپ ئەكەل ئارىنى .....
داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ قولىدىن ئارىنى يۇلۇپ ئېلىپ : -
_ سىلەر مېڭىۋېرىڭلار ، مەن يول ئاچاي ، بۇ بۇيرۇق ! - دېدى ئارىنى ئېتىلىپ كەلگەن بىرىگە تىقىپ تارتىۋېلىپ ، ئۇ ئەسكەر چوشقىدەك چىرقىراپ يىقىلدى ، - مېڭىڭلار تېز !
داۋۇت پالۋان ئارا بىلەن بىرىنى تىقىپ ئۆلتۈرسە ، بىربىنى ئارا بىلەن تېپىپ دومىلىتىۋەتەتتى. - دە، ھۆركىرەپ بارغىنىچە ئارىنى باشقا بىرىگە تىقاتتى . يەنە ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، باشقا بىرىگە يۇگۈرەيتتى.... پارتىزانلار ئۇ ئاچقان يولدا بارا - بارا چېكىنىۋاتاتتى.
پارتىزانلار تۈندە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىۋالدى . مىنامىيوتلار ئەمدى دۈشمەننىڭ ئۆز ئادەملىرىگە گۈمبۈرلەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ ۋارقىرىشاتتى. پارتىزانلار قازاق مەكتەپكە بارغاندا ، ئاتلار يوق تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ پارتىزانلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىشتى .
_ نەگە يوقالغاندۇ بۇنداق ۋاقىتتا ؟ ... - دېدى قۇربان تىت - تىت بولۇپ .
_ يۇرۇڭلار ئاتلار ئاۋۇ يەردە ، - دېدى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلگەن ئون ئالتە ياشلاردىكى ئات ساقلىغۇچى بالا ، - بىز ئايروپىلان كەلگەندە ئاتلارنى ئېلىپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن .
ئۇلار ئاتلىرىغا ئالدىراپ مىنىشتى . بۇلار قۇچاقلاشما جەڭ قىلغان جايغىچە مىنامىيوت چۈشۈپ پارتلاۋاتاتتى. پوتەيدىكىلەر نىشانىنى يۆتكەپ پارتىزانلار قاچقان تەرەپكە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى .
پارتىزانلار تۇرالغۇ جايىغا غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىشتى . ئۇلار تولىمۇ رەللە بولغانىدى . سۇلايمان ، تۇرسۇنلارنىڭ جاراھەت ئېغىرلىرىنى تېڭىشتۇردى . ئۇلار ئاچچىق ئىڭرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى چىقىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.
پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن ھالدا ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن قۇربان بولغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ، دەملىرى كېسىلەتتى....
_ تاماق يەۋېلىڭلار ، - دېدى قادىر ئاشپەز .
ئۇلارنىڭ قورساقلىرى شۇنچىلىك ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ، تاماققا ھېچ كۆڭلى تارتمىدى . ھەممىسىنى قايغۇ چىرمىۋالغانىدى . ئۇلار ئۆلگەن باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.
_ ئېردەنى توغرا دەپتىكەن .... _ دېدى ئەخمەت ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ .
_ نەسھەت بېرىشنى كىم بىلمەيدۇ . ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ! ئوغۇل بالا دېگەن بىر ئىشنى قىلغان ئىكەن كېيىن پۇشايمان قىلماسلىقى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كېرەك . يا ئۆلۈم يا كۆرۈم ، بۇ يولدا ئۆلسەك ئارمان يوق ، ئەۋلادلىرىمىز بىزنى ئۇنتۇمايدۇ ، بىز ئۇلارنى يورۇق تاڭغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك . روھىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار ، ئوغۇل بالا دېگەن روھلۇق بولىدىغان ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈش شەرەپ ..... - داۋۇت پالۋان سۆزلەۋېتىپ بوغۇلۇپ كەتتى. شۇئان ئەخمەتنىڭ يۈزىگە خىجىللىق ئوتلىرى تۇتاشتى . داۋۇت سۆزىنى داۋام قىلدى ، - سىلەر ھەقىقەتەن قەھرىمانلىق كۆرسەتتىڭلار . بىز بوششىپ قالماي ، قىساس ئېلىشىمىز كېرەك . قۇربان بولغان مەرد ، ئەزىمەت ، مەردانە ئوغلانلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن ! ئوغۇل بالا ئۈچۈن يېڭىلىشتىن ئارتۇق نومۇس ئىش يوق ، لېكىن بىز بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلمىدۇق ، ئەكسىچە جەڭدە غەلىبە قىلدۇق .

_ بىز قىساس ئېلىشقا ھامان تەييار ، - دېدى پارتىزانلار يۇقىرى ئاۋازدا ، - باسقان يولىمىزدىن قايتمايمىز ! باسقان يولىمىزدىن قايتمايمىز !

_ ھازىرغىچە ئەمەت بىلەن ياسىنجاندىن خەۋەر يوق ، ئۇلارنىمۇ بەلكىم ... - دېدى داۋۇت پالۋان تىترەڭگۈ ئاۋازدا

باشقىلار گەپ قىلماي ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. ئەخمەت قۇربانغا قاراپ ، ئىچى كۆيگەندەك بىئارام بولدى .

_ قېرىنداشلار ، بىز ھازىر تاماقتىن كېيىن ، قارا سۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ باراتنىڭ تۇگمىنىگە ۋاقىتلىق چېكىنىپ ، نۆۋەتتىكى جەڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىمىز... يارىلانغانلار يۇرتقا قايتسۇن، بىز دەرھال قارا سۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋالمىساق ، دۈشمەن كۆۋرۈكنى ئىگىلەپ ، بىزگە تەھدىت سالىدۇ. شۇڭا بىز شۇ يەرگە تېز چېكىنىشىمىز لازىم .

_ بىز يۇرتقا قايتمايمىز ، قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قىساس ئالىمىز ، ئاخىرقى نەپسىمىز قالغۇچە كۈرەش قىلىمىز.

_ بولمايدۇ ، ئاۋۋال سىلەر ساقىيىۋېلىڭلار ، ئاندىن جەڭ قىلساڭلارمۇ ئۈلگۈرسىلەر . بۇيرۇق : يۇرتقا قايتىڭلار !

داۋامى بار......
[size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 1:05:13

[color=Blue][size=4][center]5[/center]
داۋۇت پالۋان ئاسىم دوختۇر ، ھاپىز قارى ، قۇربان قاتارلىق ئۈچ پارتىزاننى كۆۋرۈك ساقلاشقا قويۇپ ، باراتنىڭ تۈگمىنىگە يۈرۈپ كەتتى.
بۇلار كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن دۈشمەنلەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى .
كۆۋرۈك ئادەتتىكى لەڭلەك كۆۋرۈك بولۇپ ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە - يەتتە مېتىر ، كەڭلىكى بەش - ئالتە مېتىر ، ئىككى تەرەپ ئېگىز يار ، ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

_ مەن دۈشمەنگە ئالدىدىن زەربە بېرەي ، ئىككىڭلار ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىڭلار ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ بولىدۇ.

بۇلار سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوق ئۈزدى . ئاسىم دوختۇر ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەرنى كەينى - كەيندىن دومىلىتىۋەتتى. كۆۋرۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەن ئون نەچچە ئەسكەر : << ئوغرى كەلدى ، ئوغرى كەلدى ،بىزنى قورشىۋالمىسۇن >> دېيىشىپ ، دەرھال ئوق تەگكەن ئىككى ئەسكەرنى سۆرەپ قېچىپ كېتىشتى .

ئەتراپ جىمىغاندىن كېيىن قۇربان بىلەن ھاپىز قارى ئاسىم دوختۇرنىڭ يېنىغا كەلدى .

_ يامان نېمە جۇمۇ سەن ئاسىم ، ياخشى ، مال دوختۇرى بولۇپ قاپتىكەنسەن ، ئادەم دوختۇرى بولۇپ قالغان بولساڭ ، ئادەمنى نەچچە پارچە قىلىۋېتىپ قايتا قۇراشتۇرۇپ يېڭىلايدىغان نېمە بولىدىكەنسەن ، - دېدى قۇربان سۈس كۈلكە بىلەن .

_ ئۇنچىلىك ئىش دېگەن بىز ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشلار ...

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا قۇربان بولغان سەپداشلىرى كېلىپ ، بىردىنلا شۈككىدە بولۇپ كېتىشتى - دە ، تۈگمەس غەم - قايغۇلارغا پاتتى. يۈرەكلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ باشلىرى ئېغىرلاشتى ....

تاڭ يورۇغاندا ئاسىم دوختۇر ھاپىز قارى بىلەن قۇرباننى ئەگەشتۈرۈپ كۆۋرۈكتىن بىر نەچچە يۈز مېتىر ئۆتۈپ تەكشۈردى . . ئەتراپ جىمجىت ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئەسەر يوق ئىدى ، نەمخۇش سوغۇق شامال ئەتىكى باھاردىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. ئۈمىدكە تولغان شۇ باھار ئۆزىگە جۇتلارنى ھەمراھ قىلماي ، چىن مېھىر بىلەن بۇلارنى قۇچاقلىسا ، ئۇلارنىڭ تېنى قانچە ياشارغان بولار ئىدى . ئاھ ، مىڭلىغان كۆزلەر يولىغا قاراپ زارىققان باھار....

_ بۇ يەردە قان تامچىسى تۇرىدۇ ، - دېدى ھاپىز قارى .

_ ماۋۇ يەردە يۈز تالدەك ئوق چېچىقلىق تۇرىدۇ، - دېدى قۇربان ئاتتىن يەرگە چۈشۈپ ، - ئۇلار ئاخشام قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئوقلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ .

_ بەلكىم قورقىسمۇ قورققاندۇ . قورشاپ ھۇجۇم قىلدۇق ئەمەسمۇ ؟- قۇربان شۇنداق دەپ ئاسىم دوختۇرنىڭ كۆزىگە قارىدى .

_ ئاجايىپ نېمە - دە سەن ، ھە ، قۇربان ؟ غېمىڭ يوق ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ غەم دەستىدىن قولىغا قورال ئالدۇققۇ ؟

_ سېنى - زە ، ئادەمگە گەپ بەرمەيسەنغۇ ؟ يۈرۈڭلار ئورنىمىزغا قايتايلى .

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئارقىغا بۇرۇلدى . شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چارچىغان ، ھارغان تېنى ئارام ئېلىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇلار قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى ئويلاپ ، ئېغىز ئازابلارغا بۆلىنەتتى. ئۇلارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى. ئىچ - ئىچىدىن غەزەپ قايناپ چىقاتتى،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تاشقىنلايتتى. << خەپ ، بۇلاردىنمۇ ئۆچ ئالدىغان چاغ كېلىدۇ ، بۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن چىمەنگۈل بىلەن توي قىلىمەن ... >> قۇربان ئەشۇنداق شېرىن خىياللاردا بولۇۋاتاتتى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ : << سىز بىلەن غەلبە بىلەن قايتىپ كەلسىڭىز ، سىزنى سىز ئەمەس ، مەن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويىمەن ... >> دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ كەتتى - دە ، ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ يۈزىنى سىلاپ ، بۇلۇتلار توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قارىدى . كۆز ئالدىغا بىردە قۇربان بولغان سەپداشلىرى كەلسە، بىردە چىمەنگۈل بىلەن بۇلبۇللار سايرىغان باغلاردا سەيلە قىلغان كەچلىك چاغلىرى ئۆتەتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ، تۇگمەس پاراڭلىرى ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئازابلىق ھەم شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى....

داۋامى بار.....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 1:40:05

[color=Blue][size=4][center]*******[/center]
ھاشىم تۆن قاراڭغۇسىدا ئاتنى يورغىغا سېلىپ كېتىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقتىن ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى .
ئاسىم دوختۇرلار كۆزەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىۋاتقىنىدا ، ھاپىز قارى بىرىسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى .
_ ئاسىم ، بىرىسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ؟
ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ، ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى .
_ ئاۋۇ يەردە ئىكەن ، يۈرۈڭلار .
ئۇلار يېتىپ بارغىنىدا ھاشىم قانسىراپ ياتاتتى. ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تەگكەنىدى .
_ نېمە بولدى ھاشىم ، كىم ئاتتى ؟- دېدى ھاپىز قارى تىت - تىت بولۇپ .
_ بىلمەيمەن ... كېتىۋاتسام .... ئاتا - ئانامغا .... دەڭلار .... ئۇرۇشتا ... ئۆلۈپ كەتسەمچۇ ... - ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئاران دېيەلىدى .
_ تېز ئاتقا ئارتايلى ، قۇربان قولىنى تۇت !
يولدا بارغۇچە ئۇنىڭدىن قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ تىنىقى توختىدى .
_ ئۇ جان ئۈزدى ، - دېدى ھاپىز قارى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ غۇۋالاشتى .
_ ئاناڭنى ، قانداق گۇي ئېتىۋەتكەندۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .
_ نېمە ئىش بولدى ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىز ھالدا .
_ ھاشىمنى بىرسى ئېتىۋېتىپتۇ .
_ نېمە ؟ بىرسى دەمسەن ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ، كۆۋرۈكتىن بۇ تەرەپكە دۈشمەن ئۆتەلمىسە ، ئەتراپ سازلىق تۇرسا ... - دەپ ئويلىنىپ قالدى داۋۇت پالۋان ، - ئەتراپنى دەرھال ئاقتۇرايلى ! - دېدى ئۇ پارتىزانلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ .
_ نېمە ئىش بولۇپتۇ ؟- سورىدى ئەنسىز يېتىپ كەلگەن ناسىراخۇن .
_ھاشىمنى بىرسى كۆزەتچىلىك قىلغىلى ماڭغاندا ئېتىۋېتىپتۇ . ئاتقان ئادەم يىراققا كېتەلمىدى . ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تاپايلى ، تېز ئاتلىنىڭلار .
پارتىزانلار يەۋاتقان نانلىرىنى قويۇنلىرىغا تىقىشىپ ، ئاتلىرىغا مىنىشتى - دە ، دەرھال ئاتلىنىپ ھەر قايسى تەرەپلەرگە بۆلۈندى .
تۇردىئاخۇن بىرىسىنىڭ قارا كۆرە دالا تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى .
_ ئەنە ، ئاۋۇ يەردە قېچىپ كېتىپ بارىدۇ ! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .
_ قوغلايلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان غەزەپ بىلەن .
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يېتىشكىلى ئازقالغاندا ، قارا قاۋان چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپ تاشلىدى . ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى .
ئۇلار يەردە سوزۇلۇپ ياتقان جالالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇشتى .
_ نېمە گەپ بۇ ؟- دېدى داۋۇت پالۋان چۆچۈپ ، - ئۆز ئادىمىمىزكەنغۇ ؟ ئىچىمىزدە خائىن بارىكەن - دە ، ھەي ، بۇ ئۇنداق ئەمەستى ، باتۇر يىگىتتى ، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ ئىش ؟- ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايدى .
_ يۈرۈڭلار قايتىمىز ، قايتقاندىن كېيىن ھەممىمىز يىغىلايلى .
_ قېرىنداشلار ، بۇ ئىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ ، ئازابلاپ قويدى . ئۇ مۇناپىق ئۆز ئادىمىنى ئېتىۋەتتى . ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى ؟ ! ئەنە ئۇمۇ ئۆلدى . ئۇنىڭ ئۆلىكىنى قاغا - قۇزغۇنلار يەيدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز ھوشيار بولايلى . ئىچىمىزدىن چىققان دۈشمەن ھەممىدىن يامان ...
ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن پوستلاردىن تەسلىكتە ئۆتۈپ ، جالالنى كۆمۈۋېتىپ ، بېشىدا قىرائەت قىلىپ قايتىپ كەلدى . داۋۇت پالۋان بۇنى سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل خورلۇق ئازابى چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ ، جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەملىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ رەتلەشنى ، ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ تۆندە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ئاجايىپ بىر ئازابلىق خىياللارغا ئەسىر


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولدى . << جالال نېمە ئۈچۈن هاشمنى ئېتىۋېتىدۇ ؟ ئۇ خائىنمۇ ياكى ... >> بۇنى تولا ئويلاپ ، ئۇنىڭ بېشى چىڭقالدى .
ئەتىسى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى . بىر پارتىزان يىگىت داۋۇت پالۋانغا :
_ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ئاداۋەت باردى ، بىر قېتىم بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق سوقۇشۇپ كەتكەن ، هاشىم جالالنىڭ ئىنىسىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ، بۇ ۋاقىتلاردا جالال ئۆيدە يوقتى . كېيىن ئۇ ئۇقۇپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان ... - دېدى داۋۇت پالۋانغا تىكىلىپ قارىماي .
_ سەن بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق ئېيتىشىڭ كېرەكتى .
_ نېمە بىلەيۇ ، مۇشۇنداق ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئېيتىۋېتىشنى ....
داۋۇت پالۋان بۇ هەقتە جىددىي يىغىن ئېچىپ ، پارتىزانلارغا تەربىيە قىلدى . ئاندىن ئادەملىرىنى باشلاپ جالالنىڭ قەبرىسىگە باردى . پارتىزانلار جالالنىڭ يەرلىكىدە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ، هەيران بولغان بولسىمۇ ، ئۈن چىقارمىدى . چاپىز قارى مۇڭلۇق قىرائەت بىلەن هەممىسىنىڭ يۈرەكلىرىنى چايقىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.
_ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىق يۇتۇپ .
قارا قاۋان ئاچچىق پۇشايماندا ئازاپ چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يوغان بەستى چىڭقىلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى...
شۇ كۈنى شەهەردىن << داۋۇت پالۋان تېز كەلسۇن ، ئېلىخان تۆرە كەلدى >> دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى . داۋۇت پالۋان شۇ زامان تەييارلىنىپ يارىدەمچىسى بىلەن شەهەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ناسىراخۇنغا كۆپ نەرسىلەرنى تاپىلىدى.

داۋامى بار..... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-21 20:51:55

[center][size=4][color=Blue]ئون ئالتىنچى باب ئىككى خىل هايات [/center]

ياسىنجان بىلەن ئەمەت بۇلاق بېشى بىلەن مېڭىپ ، پەتەك لاۋخاڭنىڭ بېغىدىن ئۆتۈۋىشىگە دۈشمەنلەر ئۇلارنى قورشىۋالدى .
_ نەگە بارىسىلەر ، باغلاڭلار ، بىرىمۇ قاچمىسۇن ! - دېدى باشلىق سۇپەت بىرى بۇلارنى مەنسىتمىگەندەك سوغۇق كۈلۈپ .
ياسىنجان بىلەن ئەمەت نېمە قىلىشنى بىلمەي ، بىر - بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى . دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورال تەڭلىگىنىچە بۇلارغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى .
_ تىرىك تۇتۇڭلار !
_ قانداق قىلىمىز ؟- دېدى ئەمەت قورقۇنچ ئارىلاش .
_ ئېلىشايلى ، بۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالمايلى .
_ كۈچىمىز يېتەرمۇ ؟ بۇلاردا قورال تۇرسا .
_ ئامال يوق . ئۆلسەكمۇ ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆلەيلى . قولىغا تىرىك چۈشۈپ قەلساق هېچ نەرسىنى دېمەيلى ....
_ بولىدۇ ، سۆزۈڭ توغرا ....
دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كەلدى . ياسىنجان چەبدەسلىك بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى تۇتىۋېلىپ ، مەيدىسىگە بىرنى تېپىپ دومىلىتىۋەتتى . ئەمەتمۇ شۇ خىل ئۇسۇلدا بىر ئەسكەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۋەتتى .
_ ئۇلارنى قورشاپ تۇتۇڭلار ! - دېدى هېلىقى باشلىق سۇپەت ئەسكەر قاتتىق ۋارقىراپ .
ياسىنجان بىلەن ئەمەتكە بەشتىن ئەسكەر مەهكەم ئېسىۋالدى . ئۇلارنى تېپىرلايتتى. سىلكىنەتتى. دۈشمەنلەر بۇلارنى باغلىۋالدى .
_ ئەمەت هېچ نەرسىنى دېمەيلى ، بولمىسا پارتىزانلىرىنىڭ هالى خارابلىشىدۇ . غەلبە قىلىشىمىز قىيىنلىشىدۇ !
ئەسكەرلەر بۇلارنى ئىتتىرىپ ، دۈشكەللەپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى . قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ، قارامتۇل چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتكەن ساقچى باشلىقى بۇلارنى كۆرۈپ ، بىر خىل مەمنۇنلۇقتىن بېشىنى لىڭشىتىپ يېقىمسىز هىجايدى .
_ ياخشى ، ياخشى ، سىلەر ئوغرىلار بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەن ؟ بىزنىڭ ئەهۋالىمىزنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ؟- دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ .
نەگە بارىمىز ، نەدە تۇرىمىز بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ ؟- دېدى ياسىنجان ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ .
_ ها.... ها.... ها... بەك ياخشى بولدى ، ماڭا ئەمدى تەرجىمانىڭىزمۇ لازىمى يوقكەن . سەن خەنزۇچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسەن ، بىراق سۆزلىرىڭ توغرا ئەمەس . نەگە بارىسەن ، نەدە تۇرىسەن ، بۇنى بىز باشقۇرىمىز . بىزگە ماسلاشمىساڭ زىيان تارتقىنىڭ شۇ . سىلەر بىلەن هازىر ئوبدان سۆزلىشىۋالىمەن ،- ئاندىن ئۇ ساقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى ، - بۇلارنى ئايرىم- ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ تامغا ئېسىڭلار! .
_ماڭ ئوغرى ، ماڭ !
سوراق ياسىنجاندىن باشلاندى .
_ ئىسمىڭ نېمە ؟
_ ياسىنجان .
_ سەن كىمنىڭ ئادىمى ؟
_ مەن مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ سېنىڭ مۇشۇ زېمىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەن .... مەن زېمىنلا دەيدىكەنسەنغۇ ؟ ئەمدى زېمىنىڭ يوق .
_ زېمىن خورلۇق تارتىۋاتسا ، زېمىن دېمەي نېمە دەيمەن ، بۇ زېمىن يوقالمايدۇ .
_ سەن قالايمىقان سۆزلىمەي ، چىرايلىقچە مەسلەھەتنى تاپشۇرساڭ ، بىز ساڭا كەچۈرلۈك قىلىمىز، ئۆزىمىزگە قېتىۋېلىپ ، يۇقىرى مەنسەپ بېرىمىز ياكى ئائىلەڭگە قايتۇرۇپ كۆپ پۇل بېرىمىز . ئېيتە سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ - ئەمەسمۇ ؟ [/size][/color]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-26 22:44:47

[color=Blue][size=4] _سەنلەر يېڭىلىشىسەن ، بىز غەلبە قىلىمىز، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كۆپ ، ئەڭ ياخشىسى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش !
_ها ..... ها ......ها ...... تەسلىم بولۇش . قىزىق سۆزلەيدىكەنسەن - هە ! بىز تەسلىم بولامدۇق قانچە ئادىمىڭلار بار ؟
_مىڭ .
_قانچىلىك قورال بار ؟
_ هەر بىر ئادەمدە بىردىن قورال بار. مىلتىق ، ئاپتومات ، پىلىموت بار.
_يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، راستىڭنى ئېيت ،بولمىسا قىينىلىپ ئۆلىسەن !- ئۇنىڭ ياپما قاپىقى ئاستىدىكى كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ ، چىرايى كۆكىرىپ ، مۇدھىش تۈس ئالدى.
_راستىڭنى ئېيت !- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئۇستەلنى مۇشتلاپ .
_راست دەۋاتىمەن ، بىزدە ئادەم ، قورال كۆپچى تولۇق ، سىلەر مەغلۇپ بولىسىلەر ، ياۋاشلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇڭلار ، بولمىسا هەممىڭلار ئۆلۈپ كېتىسىلەر !
_ بۇنى چۈشۈرۈپ يالىڭاچلاڭلار ، ئاندىن ئېسىپ جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار .
ياسىنجاننى قايتىدىن يالىڭاچلاپ ئاستى.
_ مېنى مۇشۇنداق قىلىشىڭلارنىڭ ئۆزى ، سىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىڭلار ، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك .....
_ ئۇرۇڭلار !
_ ئۇرساڭ ئۇر ، ئەبلەخ ، قورقۇپ قالمايمەن !
سىم قامچا بىلەن تاسما ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە دەهشەتلىك تېگىشكە باشلىدى . قامچا ۋە تاسما تەگكەن يەر تىلىنىپ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ قانغا بويالدى . ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇماتتى. ئاخىرى ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىۋەتتى. ....
_ توختاڭلار، بۇنى مۇشۇنداق قويۇپ ، ئاۋۇتنىڭ يېنىغا كىرەيلى ، تەرجىمان تېپىپ كەلدىڭمۇ ؟_ ياسىنجاندىن بىرەر جاۋاب ئېلىشقا كۆزى يەتمەي ، هازىرچە سوراقنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويدى.
_ هەئە ، مانا .... - دېدى بىر ساقچى .
سىم بۇرۇت ، كۆلۈپ تۇرىدىغان ئۇرۇق بىرى قول باغلاپ ، ساقچى باشلىقىغا قاراپ تۇراتتى.
ئۇلار يەنە بىر ئۆيگە چىقىشتى . ئەمەتنىڭ قولىنى كېرىپ ئېسىپ قويۇشقانىدى .
_ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ بەر.
_ بولىدۇ جانابىلىرى .
ساقچى باشلىقى ئەمەتكە يۈزلەندى .
_ ئىسمىڭ نېمە ؟
_ ئەمەت .
سىم بۇرۇت ئىشقا چۈشتى .
_سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ ، يوق ؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن ؟
_ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس، هېچ نەرسىنى بىلمەيمەن !- ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋەسۋەسە چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ساقچى باشلىقى سېزىپ قالدى .
_ هەممىنى ئېيتساڭ ساڭا كەچۈرلۈك قىلىمىز، كۆپ ئىنئام بېرىمىز ، ئۆزىمىزگە قېتىۋالىمىز ، ياكى ئائىلەڭگە قايتىپ كېتىسەن . ئاۋۇ دوستۇڭ هەممىنى ئېيتتى. ، سىلەر پارتىزانلارنىڭ ئادىمى ئىكەنسىلەر ، ئادىمىڭلار ، قورال - ياراغلار ئانچە كۆپ ئەمەسكەن .... بىز سەن بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز . ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار ، قوراللىڭلار بار ، سورىمىساقمۇ سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمى ، بۇ يەرنىڭ ئەهۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن ؟ شۇنداقمۇ ؟ ئۇ دوستۇڭ هەممىنى دېدى .
ئەمەت چاقماق تېزلىكىدە ئويلىنىپ ، ياسىنجاننىڭ سىرنى دېمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.
_ ئۇ هەممىنى دېگەن بولسا ، مەندىن نېمە سورايسىلەر ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس ، هېچ نەرسىنى بىلمەيمەن .
_ جاھىللىق قىلما ، ياش جېنىڭغا ئېچىنىڭ ئاغرىسۇن ، مەن سېنى ئالاهىدە مۇكاپاتلايمەن ، ياۋاشلىق بىلەن سۇئالىمغا جاۋاب بەر. سېنى ئۆز ئەركىنلىكىڭگە قويۇپ بېرىمىز، بىزگە قېتىلساڭمۇ مەيلى .
_ مەن هېچ نېمىنى بىلمەيمەن ، راست .
_ سەنمۇ مۇغەمبەرلىك قىلما ، ئۇلارنىڭ قانچە ئادىمى بار ، قانچىلىك قورالى بار ؟ سەنمۇ دېگەن سۆزدىن ئەمەت ياسىنجاننىڭ هېچ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

نېمنى ئېيتمىغانلىقنى پەملىدى.
_ مەن نېرىدىن كۆرگەندەك قىلغان ، ئۇلار نۇرغۇن ئادەملەرغۇ ؟ مىڭدىن ئارتۇقتەك تۇرىدۇ، ھەر بىرىدە بىردىن قورال .
_ سەن ئاۋۇنىڭ بىلەن نەدە تېپىشتىڭ ؟
_ مەن جىڭغا كېتىۋاتسام بىرسى چاقىردى. ئۇ ماڭا داخىيەنزىنى ياخشى بىلەمسەن ؟ دېدى . ھەئە دېدىم . ئۇ : ساڭا كۆپ
پۇل بېرىمىز ، ئات بېرىمىز ، مېنى باشلاپ كىر دېدى . پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ماقۇل دېدىم .
_ بىز ئۇنىڭدىن كۆپ پۇل بېرىمىز، ھەممىنى ئېيت .
_ بىلدىغانلىرىم تۈگىدى .
_ يالغان گەپ ! ئۇنى يالىڭاچلاپ ئۇرۇڭلار ! - ساقچى باشلىقنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى - دە ، تاماكا تۇتاشتۇردى.
ساقچىلار ئەمەتنى يالىڭاچلىدى - دە ، قايتىدىن تامغا ئېسىپ ، سىم قامچا ، تاسمىلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمەت ئاچچىق ئاغرىققا
بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرايتتى. بەدىنىدىن توختىماي قانلار قۇيۇلۇۋاتاتتى.
_ ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟
_ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس ، بىلسەم ھەممىنى ئېيتاتتىم !- دېدى ئەمەت ئىنىجىقلاپ تۇرۇپ ، - مەن بىر يولۇچى .....
_ يالغان !
_ راست دەۋاتىمەن ، ساقچى باشلىقى ....
ساقچى باشلىقى ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ ئويغا چۆكتى : بۇ راست يولۇچىمىدۇ ، ياق ، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا ، سەل
قورقۇنچاقتەك كۆرۈنىدۇ، ئاۋۋال ئاۋۇنى قىيناپ ، بۇنىڭغا ھەيۋە قىلىش كېرەك . شۇ چاغدا بۇنىڭ دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي ، ئۇمۇ
دەۋېتىشى مۇمكىن ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ :
_ بۇ مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇرسۇن ، يۇرۇڭلار ئاۋۇنىڭ يېنىغا چىقايلى ، - دېدى تاشقىرىقى ئۆيگە بۇرۇلۇپ .
باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىشتى .
ياسىنجان بېشىنى تىك تۇتۇپ ، ساقچى باشلىقىغا ئالايدى . ئۇنىڭ ئالىيشىدىن ساقچى باشلىقنىڭ تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى.
_ ماي قايىنتىڭلار ! - ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى . ئاندىن ياسىنجانغا قاراپ :
_ ياۋاشلىق بىلەن ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟- دېدى .
_ مىڭ .
_ قانچىلىك قورال بار ؟
_ ھەر بىر ئادەمدە بىردىن .
_ سىلەر قەيەردە ؟
_ سىلەرنى ھازىر قورشاپ بولدۇق .
ساقچى باشلىقى تاماكىسنى قاتتىق شوراپ بۇرۇلدى .
_ قولىنى كېسىڭلار !
تۆت ئەسكەر ئۇنى بوشتىپ چۈشۈردى . ياسىنجان ئالدىغا دەلدەڭشىپ كېتىپ ، يەنە قەددىنى رۇسلىۋالدى . ئۈچ ساقچى ئۇنىڭ
شىللىسىدىن بېسىپ تۇردى ، بىر ئەسكەر ئۇنىڭ قولىنى كۆتەك ئۈستىگە ئالدى .
_ چاناڭلار !
ساقچى باشلىقى يېنىدا چەيدو تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەر كېلىپ ، ئۇنىڭ ئىككى بارمىقىنى ئايرىم قىلىپ قاتلىيالمىغاندىن كېيىن ، تۆت
بارمىقىنى چانىۋەتتى. ياسىنجان ئايانچلىق ۋارقىرىۋەتتى. سىلكىنىپ ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، بۇرنىدا ئېغىر تىنىدى .
_ ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟
_ مىڭ .
_ چاناڭلار !
ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىنلا چانىۋەتتى. قانلار ئېتىلىپ چىقىپ ، جاللاتلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چاچرىدى.
_ چاناش ! قانخور جاللاتلار، ئاناڭنى ! سەن يېڭىلىسەن ، بىز غەلبە قىلىپ ، ئۆز زېمىنىمىزدا ياشايمىز ! سېنىڭ بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق
قىلىدىغان كۈنلىرىڭ ئاخىرلاشتى. خەلقىمىز ئەمدى قەد كۆتۈرىدۇ ! - ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ جان _ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ
بەدەن ، قوللىرىدىن قان ئاقاتتى.
_ سول قولىنى چاناڭلار !
جاللاتلار دەرھال ئۇنىڭ سول قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ چاناشتى . ياسىنجان ئاچچىق سىلكىنىپ كەتتى.
_ ئېيت، ھەممىنى ئېيت !
_ ئاناڭنى ئېيتامدىم ، ۋەھشى قانخورلار ! ھو ئاناڭنى ....
_ چانا ! ئۇنى چانا .،....
ھېلىقى قانخور جاللات ياسىنجاننىڭ بەدىنىنىڭ بىر قانچە يېرىگە زەردە بىلەن چەيدو ئۇردى.
نېمە دېگەن جېنى چىڭ ، جاھىل نېمە بۇ ؟ بۇنداق ئادەملەر ئازكۆرۈلىدۇ. دېگەنلەرنى ئويلىدى. ساقچى باشلىقى قېنى يەنە ئىقرار
قىلمىغىنىنى كۆرەي .
تۈن يېرىملاشقان بولۇپ ئەتراپ جىمجىت ئىدى . قازاندى ماي بۇلدۇقلاپ قايناشقا باشلىدى. ساقچى باشلىقى قازاندى مايغا قاراپ قويۇپ :
_ ماي چېچىڭلار ! - دېدى ئەنسىز ۋارقىراپ .
ئىككى ئەسكەر چۆمۈچ بىلەن ياسىنجانغا ماي چاچقاندى، ياسىنجاننىڭ بەدەنلىرى ۋاژىلداپ كەتتى. ياسىنجانمۇ ئىختىيارسىز :
_ ئاپا ! .... _ دەپ ۋارقىرىۋەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ھېلىقى چەنتۇنى ئېلىپ چىقىڭلار ، ماۋۇنى كۆرسۇن .
تۆت ساقچى ئەمەتنى سۆرەپ چىقىشتى . ئەمەت ياسىنجاننى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى - دە ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ كەتتى.
_ ئە.... مەت ...ئېيتما .... بىز غەل......بە .... قىلىمىز ... - دېدى ياسىنجان ھالسىزلىنىپ .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟- ساقچى باشلىقى دەرھال سىم بۇرۇتقا قارىدى .
_ ئەمەت ئېيتما ، بىز غەلبە قىلىمىز دەيدۇ ، - دېدى بۇنىڭدىن قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان سىم بۇرۇن .
_ ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئەتراپىغا ئوت يېقىپ قىزىتىڭلار ، بۇ مۇشۇ يەردە كۆرۈپ تۇرسۇن .

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> پەقەت رىيائە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنلارغا رىيائە قىلغان ئاساستا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدىغان پىكىر سورۇنى بولۇپ، ھەر قانداق سىياسى مەسىلىلەرگە ئارىلاشمايدۇ. كۇلۇبقا يوللانغان ھەر قانداق تېمىلار پەقەت شۇ تېمىنى يوللىغۇچىغىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ كۇلۇبىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇ سەۋەبتىن كۇلۇبىمىز بۇ سەۋەپلىك كېلىپ چىققان ھەر قانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كۇلۇبىمىز بارلىق ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن- قائىدىلەرگە رىيائە قىلغان ئاساستا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز!

كۇلۇبىمىزنىڭ ھەر ۋاقىت سىلەرگە يېقىن سىرداش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> نىڭ بارلىق ھوقۇقى بوستانغا تەۋە
<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> دىن ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى

Powered by BBSxp 5.16 © 1998-2005 Yuzi.Net || uyghur version by dildash
the technique improved & the style beautified by:BOSTAN
Script Execution Time:1843ms
浙ICP备06004821号


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

- بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى ( http://www.bostan.cn/Default.asp )
-- ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە تارىخى ( http://www.bostan.cn/ShowForum.asp?forumid=6 )
--- قانغا بويالغان سايرام ( http://www.bostan.cn/ShowPost.asp?id=7418 )

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 13-12-2006 16:18:54

[size=6] [size=4][color=Blue]قانغا بويالغان سايرام [/size]

[center]ئاپتورلىرى : مۇھەممەتئىلى ھېلىم ، روزى مىراپ ياسىن [/center]
[center] مۇقەددىمە قىسمى [/center]
بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا يورۇق بىر تاڭ ئۇچۇن قان توكۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىغانلارمۇ بولغان . تارىخ بۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. ئانا زىمىننىڭ ھەر سىقىم تۇپرىقىدا ئۇلارنىڭ سىماسىنى ۋە يارقىن ئىزلىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى ئەسىرلەر قوينىدا مەڭگۈ تاشلاردەك ئەبەدىي يالتىراپ تۇرىدۇ.
شۇنداق ، زىمىستان قىشتا مۇزلىغان دەريا ئاستىدا بىر ئېقىن ھامان يورۇق بىر تاڭنى كۈيلەپ تۇرىدۇ. خىسلەتلىك باھارنى چىللاپ تۇرىدۇ. قەدىمىي ئىزلارنىڭ جانلىق شاھىدى بولغان بۇ ئانا زېمىن ئۆزى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ، ئۆزى ئۇچۇن قان تۆككەن باھادىر ئوغلانلىرىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ ، ئۇلار ئۇچۇن ياش تۆكىدۇ .
تارىخ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ قۇربانى بولغانلارنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە مەڭگۈل يالتىراپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مېھرىبان ئاتا - ئانىلىرىدىن ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن ، شېرىن سۆزلۈك يارىدىن ... ئايرىلىپ ۋەتەن ، ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۇچۇن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلغۇچىلار ئەمەسمۇ ؟!.... بۇلارنى ئۇنتۇشنى تارىخ خائىنلىق دەپ بىلىدۇ. نى ، نى مەرد ئەزىمەتلىرىمىز ، شىر يۈرەك ئوغلانلىرىمىز قەبرىسىز كەتكەن بولسىمۇ ، تارىخ ئۇلارغا ئالتۇندىن يوپۇق يېپىپ ، ئۆز قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويلىماي ، خەلق ئازادلىقى ، يورۇق تاڭ ، يېڭى ۋەتەن ئۇچۇن ئۆزلىرىنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا ، دۈشمەنلەرنىڭ پوتەي ، ئاكوپلىرىغا ئاتقانلار ئىدى.
بۇلارنىڭ زەپەر ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان قەدىردان ئاتا - ئانىلىرى ، باللىرى ، سۆيۈملۈك يارى بار ئىدى. ئۇلار بۇلارنىڭ يوللىرىغا زارىقىش ئىلكىدە قاراپ كۆزلىرى تېشىلگىدەك بولاتتى. ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.
ئۇ نېمىدېگەن ۋەسۋەسلىك قارا كۈنلەر ، تاڭ ئاتماس تۈنلەر ئىدى- ھە . ئاھ ، باھارغا چاڭقىغان يۈرەكلەر !
تاڭ تېخى ئاتمايۋاتاتتى. زىمىستان قىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ ، زېمىننى مۇزلاتقانىدى . مۇز قاتقان بىر دەريا ئاستىدا شىلدىرلاپ ئاققان سۇلار مۇڭلۇق بىر كۈيدە باھارنى چىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈيىدىن زېمىندىكى ھەممە قايغۇ ، ئازابلار تېمىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىڭقىلغان يۈرىكى ئاخىر ناخشىسىنى ئۆزگەرتتى. ... مۇزلار غاراسلاپ يېرىلدى. ئانا دەريا شىددەت بىلەن مۇزلارنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ قاچتى . لەرزان شامال يۇزلەرنى سىپاپ ئۆتتۈپ ، باھاردىن شەپە بەردى. لېكىن باھار كەلمەيۋاتاتتى. باھار ئۇچۇن قان - قان بولغان يۈرەكلەر تەشنالىقتا قاغجىرايتتى.
قاراڭغۇلۇق بارا - بارا تارىيىپ ، سۇبھى ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. لېكىن قۇياش چىقمايۋاتاتتى. سۇبھىگە تەلمۈرگەن كۆزلەرنىڭ قۇياشنىڭ چىقىشىغا ئۇمىدى بار ئىدى. شۇ ئۇمىد ئۇلارغا قايتا جان ئاتا قىلىپ ، سولغان ، روھسىز ۋۇجۇدىنى يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن ياشارتماقتا ئىدى.
زېمىن سىلكىندى ! قارا بۇلۇتلار باسقان ئاسماننىڭ بىر تەرىپى سۈزۈلۈشكە باشلىدى.
مۇزلىغان تەنلەر ، مۇزلىغان زېمىن ، چىڭقىلغان تاغلار، ئېغىر ھەسرەتلەردە ئېغىر ئاققان دەريا ئەمدى ئۆزگىچە سەل كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تونۇۋاتاتتى.
باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ھەممە يەرلەردە توپا توزۇتۇپ ئۆتتۈۋاتاتتى.
چاقماق دەھشەتلىك چېقىلىپ ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. زېمىن لەرزىگە كەلدى. مۆگدىگەن كۆزلەر چۆچۈپ ئويغىنىشتى. زېمىن مۆگدەك باسقان كۆزىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. [/color][/center][/size]

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك ، دەردىڭ تولا ،
داۋالغۇيسەن ، ساھىللاردىن تاشالمايسەن .
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار ،
ئۆمتۈلسەن ، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن .

مەمتىلى (تەۋپىق ) ئەپەندى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-13 16:29:17 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-13 16:32:57 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-5-9 9:37:38 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-5-14 19:01:23 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: karakqi
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 16:34:26

پاھ، پاھ، قالتىس يېزىلىپتىكەن جۇمۇ بۇ ئەسەر، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ.

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 17:00:28

بەكمۇ ئوتلۇق سوزلەر ئىكەن بۇ! ئەسەر مۇقەددىمىسىنىڭ بۇ قەدەر سويۇملۇك ئىبارىلەر بىلەن باشلانغانلىقىغا قارىغاندا ئەسەر خېلىلا كوپ تارىخى ۋەقەلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك!

ئاپتورنىڭ سوزلىرى يۈرەكنى لەرزىگە كەلتۇرىدۇ! تەشەككۇر!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 17:23:30

[size=4][color=Blue]بىرىنجى باب ئېگىرىغان تۇپراق
[center][size=5]1 [/size][/center]
1943 - يىلى ، قىش . تەڭرىتاغ ئۇستىگە ئاق لىباستىن كىمخاپ كىيگەن بولۇپ ، ئۇ ئېغىر غەم - قايغۇلارغا ئەسىر بولغاندەك قىلاتتى. تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۇزۇك سۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام - تارام ياشلاردەك كۆرۈنەتتى.
ئۇ نېمىگىدۇر ھەسرەتلىنىپ، ئىچ- ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. ئاچچىق - ئاچچىق ئىگرايتتى. شۇنداق ! ئۇ تالاي - تالاي كەچمىشلەرنىڭ جانلىق شاھىدى. ئۇ ئۆز قوينىدا ياشاپ كەلگەن مۆمىن ، ئاق كۆڭۈل خەلقىنىڭ رەزىللەرنىڭ قارا قوللىرىدا دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ، ئۆز باغرىنىڭ تىلغانغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئېغىر ئۇھ تارتاتتى ، ئەلەملىك ئۆكۈنەتتى.
ئۇ ئېغىر ھەسرەتتىن پارتلاي دەۋاتاتتى. ئۇ بۇ ھەسرەتلەرگە ، زېمىندىكىلەرنىڭ ئاھ - پەريادلىرىغا ، قانلىق ياشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھەممىنى بىلەتتى..... ئۇ زېمىندىكىلەرگە ھەممە تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن . ئۇلارنى ئۆزىنى تونۇشقا ئۈندىگەن .
ئۇنىڭ ئېتىكىدە بىپايان سوزلۇپ ياتقان ، خورلانغان زېمىن تەڭرىتاغ ئاتىغا يىغلامسىراپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ھېس قىلاتتى. رەزىللەرنىڭ شۇم نىيەت بىلەن ئۆز باغرىغا رەھىمسىزلەرچە دەسسەشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. داللاردىكى قوي ، كالا ، ئاتلارمۇ ، يېشىل ئوتلاقلارمۇ ، بۇك- باراقسان توقايلىقلارمۇ مۇڭلۇق سۆكۇتلەردە مۇزلاپ ، تىترەپ ياتاتتى.
بۇ زېمىندىكى كىشلەر تەئەججۇپ ئىلكىدە ياقىلىرىنى چىشلىدى، گاڭگىراشتى. << زامان بۇزۇلۇپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟>> دېيىشىپ ، ئۆز ئارىسىغا قاچانلاردا قارا تىكەندەك ئۇنىگەن گومىنداڭ جاللاتلىرىغا ھاڭۋېقىپ قارىشاتتى. يەنە ، ئامالسىزلارچە لېۋىنى چىشلەپ ، ئۈن - تىنسىز ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشاتتى. ئۇلار بۇ گومىنداڭچىلارنى بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا ، ئۇلارغا مىلتىق تەڭلىنەتتى. ئۈستىدە سىم قامچا ، كالتەك ئوينايتتى. << خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكرى ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ . قانداق قىلىمىز ئەمدى، قولىمىزدا يا..... >> بەزىلەر شۇنداق دېيىشىپ ئېغىر خۇرسىنىشاتتى. ئاللادىن مەدەت تىلەپ ، ھەر نامىزىدا ئاللاغا ئاھ- پەريادلىرىنى تۆكەتتى. يەنە بەزىلەر ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللارغا بېرىلەتتى. زۇلۇم ئۇلارنى قارشىلىق قىلىشقا بارغانچە قىستاۋاتاتتى.
[size=5][center]2[/center] [/size]
داۋۇت پالۋان تال باراڭنىڭ ئاستىدا ياغاچچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تۇردىئاخۇن ، ناسىراخۇن ، قارا قاۋان ، ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇرلارنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۆزىدىن بىر نەچچە ياشلا كىچىك بولسىمۇ، گاھىدا ئاكا - ئۇكىلاردەك ، گاھىدا يېقىن ئاغىنىلاردەك ئۆتىشىدىغان ياسىنجان ، قاسىم ، مۇھەممەت ، قۇربانلارمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولمايتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى بۇلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان ، كۆڭلىدە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ باقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

خەلقنىڭ ئاھ- پەرياد بىلەن ئۆتكۈزۋاتقان جاپالىق كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئۇ ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تېپىرلايتتى. ئۆزىگە بىر نىجاتلىق يۈلتۈزىنىڭ يول باشلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا دوستلىرى بىلەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سىردىشىپمۇ كېتەتتى. ئۆز ئارا دەردلىرىنى قانغىچە تۆكىشەتتى. كېيىنچە ئۇ ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدىغانلىقنى ، تەۋرىنىپ بىرەر ئىش قىلىش لازىملىقنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، تۇرسىمۇ ، ياتسىمۇ ئارام بەرمەيتتى. شۇغىنىسى ئۇنىڭغا ئىشنى نەدىن باشلاش تەس كېلىۋاتاتتى.

سىرتتىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىرگەن ئوتتۇرا بوي ، ئىنچىكە بۇرۇت ، قارا كۆز ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن قۇربان داۋۇت پالۋاننىڭ ئالدىغا باردى - دە ، دېمى سېقىلغىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي تۇرۇپ قالدى.

- نېمە بولدۇڭ ؟ بىرەر چوڭ ۋەقە بولدىمۇ نېمە ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە .

- ئۇرايىم پالۋاننى .... بۈگۈنكى ھۆكۈمەت تەرەپ .... ئۆتكۈزگەن ... چېلىشتا ... ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ... بىر ئادىمى يىقتىۋەتتى...

-تىلىڭنى چاينىماي ، ئوغۇل بالىدەك گاچ- گاچ سۆزلىمەمسەن ؟ نېمە ئۇ چوڭ بىر بالا - قازا بولغاندەك ... ئوغۇل بالا دېگەن بالا ئىشتىمۇ ھودۇقمايدىغان .

- ھۆكۈمەت تەرەپ بۈگۈن چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن ، ئۇلارنىڭ بىر ئادىمى ئۇرايىم پالۋاننى يىقتىۋەتتى. ئۇرايىم پالۋان يىغلىغۇدەك بولۇپ ، يەنە چېلىشىمەن ، دېسە ئۇلار : بىر چېلىشقاندىكىن بولدى، دەپ ئۇنىمىدى . ئۇلار چىدىماسلىق قىلدى... - ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەيلا ، چايخانىدىكى كۆپ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، نوگايدا سۇ ئېلىپ ، گۈپپىلدىتىپ ئىچىپ ، << ئۇھ >> دېدى .

داۋۇت پالۋاننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ ، قولىدىكى رەندىنى قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ توغرىسىغا يوغىنىغان گەۋدىسى ، بىلەكلىرىدىكى بۈلجۈڭ گۆشلىرى چىڭقالدى. ئۇ گەۋدىسىنى كېرىپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان ، مەزمۇت بەستى يېنىك تەۋرەندى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى چېلىشش مۇسابىقىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن ئىشنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.

- ئۇرايىمنى يىقتقان بولسا، ئۇ خېلى يامان نېمە ئوخشايدۇ.

- ئۆزى يوغان ، ئۆكۈزدەك نېمكەن ، << نوچاڭ بولسا قېنى چىقمامسەن ؟>> دەپ ھەيۋە قىلىپلا قالدى.

- يۈر شۇ ئۆكۈزدەك نېمنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى ،- داۋۇت پالۋان مېڭىشقا تەمشەلدى ، - قانداقراق نېمكەن ئۇ ؟

- شۇنداق قارىسا ئادەم يەيدىغاندەك كۆرىنىدۇ. ئەلپازى بۇزۇق .

- دادا، مەنمۇ بايمەن ...- دېدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئوغلى .

- مەنمۇ بايمەن ... - دېدى قىزى باھارگۈل .

- ئۇ يەرگە كىچىك بالىلار بارسا بولمايدۇ . مەن سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن - ھە . سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار .

- نەگە بارىسىز ؟ - سورىدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئايالى نۇرخان ئۆيدىن چىقىپ قۇربانغا سالام بەرگەندىن كېيىن .

- بازارغا بېرىپ كېلەي ، ئازىراق ئىش چىقىپ قالدى. ماۋۇ بالىلارنىڭ ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەت . ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن - ئۇ شۇنداق دەپ كۆڭلىكىنى قولىدا سىقىمدىغىنىچە قۇربان بىلەن چىقىپ كەتتى. نۇرخان ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە گەپ قىلماي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

داۋامى بار ..

ئادالەت تۈگىگەن جايدا كىشلىك ھاياتنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھېچنېمە بولمايدۇ . - ئى.كانت [size][/color/]

[ بۇ يوللانما sahraogli تەرىپىدىن 2006-12-13 17:31:24 دە تەھرىرلەندى ]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-14 10:48:48 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: paruh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 19:43:40

تازا ياخشى ئىش قىلىپسىز رەخمەت سىزگە!مەن بۇنى قانداق يوللاشنى بىلمىگەندىن كېيىن،مەن يولىيالمىغان!رەخمەت!

---

يولىغۇچى: koktugh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-13 20:21:15

داۋامىغا تەشنا مەن تىزراق يوللارسىز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 10:08:09

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توراداشلار كۆپ رەھمەت ! مۇشۇنداق قىزغىنلىقىڭلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم . شۇنداقلا داۋامىنى تەپسىلىي ھالدا ھەر كۈنى سۇنۇپ تۇرىمەن .
بەزىدە خىزمەت ئالدىراشچىلىقتا يېزىپ تەھرىرلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن . دوستلار يېقىندىن ياردەمدە بولغاي !!!

---

يوللغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 10:40:14

[color=Blue] [size=6]داۋامى [/size/] [color]
[color=Blue][size=4]مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۇرت كېزىپ يۈرگەن خېلى - خېلى نوچىلارمۇ داۋۇت پالۋان بىلەن كۈچ سىنىشىپ كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قول بەرگەنىدى ، داۋۇت پالۋان ئۆزىمۇ يۇرت كېزىپ داڭدار چېلىشچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ چېلىشىپ ، ھېچقايسىسىغا يېڭىنى يەرگە تەگكۈزمىگەنىدى . شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى يۇرت- يۇرتلارغا تارقىلىپ
<< پالۋان >> دەپ ئاتالدى. كېيىنچە ئۇنى يۇرت ئاتالاپ ئىزدەپ كېلىدىغان نوچىلارنىڭ قەدىمىمۇ بىر ئاز تىنجىپ قالدى.
بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئالتايدىن يوغان ، بەستلىك بىرى داۋۇت پالۋاننى ئىزدەپ كەلدى .
- سېنىڭ نامىڭنى ، - دېدى ئۇ داۋۇت پالۋان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ،- قەشقەر ، ئىلى ، ئاتۇش ، ئاقسۇلاردا يۈرۈپ ئاڭلاپ كېلىشىم ، قېنى بىر تۇتۇشۇپ باقامدۇق ؟
- سەن بىزگە مېھمان ، چاي ئىچىپ بولۇپ قالغان پاراڭلارنى قىلىشامدۇق ...
- چاي ئىچىشكەندىن كېيىن دوستلىشىپ قالىدىغان گەپ ، - دېدى ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ ، - ھازىرلا تۇتىشايلى .
- بىز ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ نېمە پايدا ئالىمىز ، بۇنداق قازانغان شۆھرەتنىڭ نېمە ئەھمىيتى ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش نام چىقىرىشنى ئويلاپ ، ئىزدىمىگەن نوچىلار قالمىغان ، ئاخىردا مەن نېمىگە ئېرىشتىم . نېمە ئىشلار ھەل بولۇپ كەتتى ؟
ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار : << داۋۇت پالۋانغا نېمە بولغاندۇ ياكى ئۇ ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتامدۇ - يا ... >> دېيىشىپ ھەيران بولغىنىچە پىچىرلاشتى .
- مەندىن قورقۇۋاتامسەن ؟ - دېدى ھېلىقى ئادەم ھېجىيىپ قويۇپ .
- ئۇنداق دېمە ، سەن يۇرت ئاتلاپ كەپسەن ، سەن بىزگە مېھمان ، ئەڭ ياخشىسى چېلىشمايلى .
- قورقۇپسەن - دە .
- بىرلا ئاللادىن قورقىمەن .
- ئۇنداق بولسا چېلىشىپ كۆرمەمدۇق ! - دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي .
- ياق، چېلىشمايمەن ، سەن مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس .
- ياغلىق ئارتىۋالساڭ بولغۇدەك ، سېنىڭ نەرىڭ پالۋان ، قۇيرۇقىڭنى ئىچىڭگە تىقىپلا تۇرىسەن ، - ئۇ قەستەن داۋۇت پالۋاننىڭ زىتىغا تېگىپ ، ئۇنى چېلىششقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.
توپلىشىپ تۇرغان كىشلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى .
- داۋۇت پالۋانغا نېمە بولغاندۇ ؟ ئەجەپ ئېغىر - بېسىق بولۇپ قاپتۇ .
- قورقۇۋاتامدۇ - يا ...
- ياق ، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ . ئۇ بۇ كۈنلەردە چېلىش مەيدانلىرىغىمۇ بارماس بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدا بىر گەپ بار.
- بەلكىم .
- بوپتۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ ، - تەلپىڭ يەردە قالمىسۇن ، ئاخىر بىز باشقىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان بولدۇق .
- ئويۇن قويىمىز دەپ چېلىشمىساق ، نېمە قىلىمىز خۇدا بەرگەن بۇ كۈچ - قۇۋۋەتنى .
- شۇ كۈچنى دەل جايىغا ئىشلىتەلىسەك نېمە ئارمان ئىدى ؟
- ئىشلىتىمىز ، مەيدانغا چۈشكەندە بىلىسەن .
داۋۇت پالۋان بۇ نادان نوچىغا گەپ يىگۈزەلمەي ، جىلى بولۇپ ، دەرغەزەپكە كەلدى.
سورۇن تۈزۈلدى. كىشلەر چەمبەر شەكلىدە دائىرە پەيدا قىلىپ قىزىقىپ قاراپ تۇرىشاتتى. ھېلىقى كىشى داۋۇت پالۋاننى تۇتۇپ تارتىپ باقتى . يانپاشقا ئالماقچى بولۇپ ، پۇتلىرىغا تېپىپ ، سىلكىپمۇ باقتى . لېكىن ، داۋۇت پالۋاننى قىمىرلىتالمىدى . ئۇ بەدىنىگە كۈچ يىغىپ ، جىم تۇراتتى.
- ھۈنىرىڭ تۈگىدىمۇ ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان قاپىقىنى تۈرۈپ .
- ھېلى كۆرىسەن ، - دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ .
- مانا ئەمدى كۆر ! - داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ قولىنى چاققانلىق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن قاماللاپ تۇتتى- دە ، يۆگەپ - يۆگەپ << يا ھەزرىتى ئەلى >> دەپلا ئۇنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ، ئاچچىق غەزەپ بىلەن نېرىغا تاشلىۋەتتى. ھېلىقى كىشى بوش


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

خىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرۈپ داۋۇت پالۋاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى- دە ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى قولىغا ئالدى .
- تۇداخۇن سۇ ئەكەل ، - دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ .
ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ ، ئاران ھوشىغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارىدى - دە ، قاتتىق خىجىل بولغان ھالدا :
- سەن قالتىس پالۋانكەنسەن ، خەق دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن ، بۈگۈن كۆردۈم ، سەندەك پالۋاننى مەن كۆرمىگەن ، بولمىسا نى، نى پالۋانلارنى كۆرگەن ... - دېدى كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاننىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ .
- ئۇنداق دېمە ، ھازىر بىزنىڭ ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ كۈچ سىنىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس ... - ئۇ ئۆز مۇددىئايىنى ئېنىق دېيەلمىدى .
- بىز دوست بولۇپ قالايلى ، - دېدى ھېلىقى كىشى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ .
- بولىدۇ ئەكەل قولۇڭنى ، - ئۇلار قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .
داۋۇت پالۋان ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئويىنىتىپ يولغا سېلىپ قويدى . ئۇ شۇ كۈنلەردە چېلىش مەيدانلىرىغا بارماس بولغانىدى . بارسا چېلىشىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى بارا _ بارا ئۆزگىرىپ ، خىيالچان ، كەم سۆز بولۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە كىشلەر ئۆزلىرىنى ئالداپ ، ئامالسىز ھالدا ياشاۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. يۈرىكى نېمىدىندۇر ئېزىلىپ ، دېمىقىپ ھەسرەت چېكەتتى. خەلقنىڭ نالە - پەريادلىق تۇرمۇشى ، بىغەم چېلىشىپ يۈرگەن << پالۋان >> لار ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجايتتى. [/size][/color]

[size=4][color=Blue]داۋامى بار ...... [/color][/size]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 14-12-2006 10:45:53 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 14-12-2006 11:01:23

ئۇلۇغ خۇدانىڭ بىزگە ئەمدى نازاكەت خانىمنى بېرىشى بىلەن خېلىدىن بېرى داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان << قانغا بويالغان سايرام>> ناملىق تارىخنىمۇ ئوقۇپ چىقامدىم نىمە؟؟ مۇشۇ رومانىنى ئوقۇپ بولغۇچە تارەت ئېلىپ نازاكەت خانىمنىڭ تېنچ ئامانلىقىغا دۇئا قىلغاچ تۇراي... يا ئاغرىپ قېلىپ، يا ھېرىپ قېلىپ يا قولى تېلىپ قېلىپ رومانىنى يېرىمدا توختىتىپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق ھە؟ دوستلار ھەممىمىز بەس - بەستە نازاكەت خانىمغا رەھمەت ئېيتايلى جۇما! كۆلۈبىمىزدىن سويگۇ خانىم، مۇلايىم خانىم، نازاكەت خانىملار بىرلىشىدىغان بولسا قارىغاندا ھەر قايسىمىزدەك ھورۇنلار ئوقۇشقىمۇ چىدىمايۋاتقان نادىر ئەسەرلەرنى كۆلۈبىمىزغا توكۇپ بولىدىغان ئوخشايدۇ! خەير...
كۆلۈبىمىزنىڭ يېڭى باش بېكتى ئېلان قىلىنسا مۇشۇنداق نۇقتىلىق ئېلان قىلىنغان پۇتۇن- پۇتۇن ئەسەرلەرنى توپلام قىلىپ ئايرىم، يوللىغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىشقا تەۋسىيە قىلساق بولغىدەك!

ئەسەرنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ بولدۇم. دىمەك پەممىچە ئەسەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلانغاندەك قىلىدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورۇشكە تەقەززامىز!

---

يولىغۇچى: tarim123
يوللىغان ۋاقتى: 14-12-2006 11:29:52

داۋاملىق ئاخىرغا تەشنامىز [em11]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 14-12-2006 18:56:07

كۆپتىن- كۆپ رەھمەت تورداشلار ! كۈسەن ئەپەندى دۇئايىڭىغا كۆپ رەھمەت ، سىلەر ئوقۇشنى ياقتۇرساڭلار خۇدايىم تېنىمنى سالامەت قىلسىلا چوقۇم ئاخىرىغىچە توختىماي يوللايمەن .
ھەممىڭلارنىڭ قوللىغىنىڭلارغا رەھمەت !!!!

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 18:59:47

ئەلۋەتتە ياقتۇرىمىز دوستۇم! يۇرتتا بولساقمىغۇ، ئەسەرنىڭ ئوزىنىلا سېتىۋېلىپ ئوقۇۋساق... بىراق بىزدەك يۇرتتىن ئايرىلغانلار، ھەم سىرتتىكىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئەمگىكىڭىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دوستۇم! ھارماڭ! داۋامىغا تەقەززامىز!

---

يولىغۇچى: koktugh
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-14 21:06:32

نازاكەت خانىم قارىغاندا مىنى مەھلىيا قىلىۋالغان داۋۇت پالۋان ھەققىدىكى بۇ يىرىك ئەسىرىڭىز قۇرۇپ كىتىۋاتقان ئەركەكلىگىمىز ،باتۇرلىغىمىز...نى ئويغۇتۇشتا ،ئەسلىگە كەلتۇرۇشتە تۇلىمۇ زۇرۇرۇ بولغان روھى زەم زەم ئىكەن دەپ قارىدىم سالامەت بولغايسىز مەن بۇ ئەمگىگىڭىزنىڭ بالدۇرراق مىۋە بىرىشىنى ..چىن دىلىمدىن ئۈمۈت قىلىمەن

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:34:49

[color=Blue][size=4] بۇگۈن قۇربانىنىڭ << ھۆكۈمەت تەرەپ ئادىمى...>> دىگەن سۆزى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ ، چېلىش مەيدانىغا ئالدىراتقانىدى .
_ ئۇرايىم ھازىر نەدە ؟- دىدى داۋۇت پالۋان يولدا كېتىۋىتىپ .
_ ۋاڭ لوخەننىڭ شوپاڭخانىسىدا ھاراق ئىچىپ ، دەردىنى بوشىتىۋاتىدۇ.
_ شۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىمۇ ؟ ئاچچىققا چىدىماپتۇ - دە .
_ چىدىمىغۇدەك ئىش بولدى.
چېلىشىش دائىم دەريا بويى تەرەپتە بولاتتى. بۇگۈن شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ئالدىدا ئالامان قايناۋاتاتتى. دىڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ، شاۋقۇن- سۈرەنلىرى يىراق- يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. دەرەخ شېخىغا ئولتۇرۇۋالغان بايخان بىردە ناخشا ئېيتىپ ، بىردە ھەر خىل قۇشلارنى دوراپ زوق- شوخ بىلەن سايراپ كېتەتتى.
ئۇلار يىتىپ بارغاندا ، كىشلەر تېخى تارقاشمىغانىدى . توپىلىق مەيدان ئوتتۇرسىدا زەنجىرلەنگەن سېمىز ، قارا بىرى توپىلارنى قاماللاپ ئۆزىگە چېچىپ ، ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازدا كىشلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ گويا غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى .
_ داۋۇت پالۋان كەلدى ! - دىدى توپ ئىچىدە تۇرغان سېرىق يۈزىنى چېچەك باسقان ، بېشىغا بادام دوپپا كيگەن ھاپىز قارى ئۈنۈملۈك ۋارقىراپ .
كىشلەرنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدكە تولۇپ ، چىرايلىرىدا شادلىق نۇرلىرى ئوينىدى. ئۇلار داۋۇت پالۋانغا قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى.
_ داۋۇت پالۋان كەلدى ! - دەپ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىدى ئۇدۇل ئىككى ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇرغان ، يوغان كۆزلۈك ، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئاسىم دوختۇر .
_ ئەمدى بۇ مۇتتەھەم ئەدىپىنى يەيدىغان بولدى . ھۆركىرىگىنى بىر يەرلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ- دە ، ۋاھ ... ھە ناسىراخۇن ،- دىدى ئۇستىخانلىق كەلگەن ، قاڭشارلىق ، يۈز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان تۇردىئاخۇن .
_ ھەي تۇداخۇن ، - دىدى ئېگىز بوي ، قارامتۇل كەلگەن ناسىراخۇن ،- داۋۇت مۇشۇ كۈنلەردە چېلىشىش مەيدانلىرىغا كەلمەيتتى . بۇگۈن ئەجەپ كەپتا ...
_ ئاۋۇ ھۆكۈمەت ئادىمى بولغاچقا كەلگەن گەپ - تە .
_ توغرا ، توغرا ، شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمىگىنىنى .
_ ئېغىزىمىزغا ئاگاھ بولايلى ، ئەتراپتا قۇلاق كۆپ ، - دىدى ئاق سېرىق يۈزىنى سەپكۈن باسقان ، ئېگىز بوي ياسىنجان ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ .
كىشلەرنىڭ روھى بۆلەكچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . مەسچىتنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا ئولتۇرغان بورتالا گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن داۋۇت پالۋانىنى كۆرۈپ، تاتىرىپ كېتىشتى . ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئەمدى يەرگە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغانىدى. چۈنكى ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوي - خىياللىرىنى بىلەتتى . ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىپ قوياتتى. ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ چېلىش مەيدانلىرىغا بارمايدىغان بولغانلىقىنى زاكىر قۇلاقتىن ئاڭلىغاندىن كيين ، بۇ يۇرتتىكى پالۋانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ، ئۆزلىرىگە بېقىندى قىلىش ئۈچۈن ، ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، پالۋان ئاتالغان ، گومىنداڭغا سادىق بىرىنى تېپىپ كېلىشكەنىدى . بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن << چېلىشىش پائالىيتى >> ئۆتكۈزۈپ خەلققە ياخشچاق بولۇشنى ئويلىغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ، ھەيۋە كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ مەقسەت قىلغانىدى .
ئەمدى قاراڭ ، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ قارىداپ ، رەڭگىنىڭ ئۆچكىلى تۇرغىنىنى ؟
كىشلەر ئىككى تەرەپكە داجىشىپ يول بېرىشتى . داۋۇت پالۋان مەيدانغا مەيدىسىنى كېرىپ كىرىشكە لەنشىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولدى .
_ سىنىڭ چېلىششىڭغا رۇخسەت يوق . چىقىپ كەت ! - دېدى ئۇ ئۆيغۇرچە ۋارقىراپ سۆزلەپ .
_ نېرى تۇر ، چاتىقىڭ بولمىسۇن ! - دېدى داۋۇت پالۋان چەكچىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي ، ئورۇق لەنشىڭغا غەزەپ بىلەن گۆلىيىپ .
_ چىقىپ كەت ! - دېيىشتى بىر قانچە ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ .
_ بۇلار نېماانداق قىلىپ يۈرىدۇ. ھېلى ئۇلار چېلىشىدىغانلار بارمۇ دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتىغۇ ؟ ئاناڭنى ! - دېدى قاسىم كوكۇش كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ . ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ ئۈزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى.
_ ئۇلار چېلىششقا چۈشسۇن ! - دەپ بوم ئاۋازدا قوپال ۋارقىرىدى دوغلاق كەلگەن ، يۈزلىرى قىپقىزىل ، قاپىقى تۇرۇلۇپلا تۇرىدىغان قارا قاۋان .
كۆپچىلىك تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىرىغىلى تۇردى. مەيداننىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇشقا باشلىدى.
_ ۋەن سىلىڭ ، قانداق قىلىمىز ؟ - دېدى بېشى يوغان پۈتى تەرىپى ئىنچىكە كەلگەن ساقچى باشلىقى ۋۇ ئەنسىز ھالدا ئۇيان - بۇيان قاراپ .
_ چېلىشمىسۇن ، داۋۇت بەك يامان نېمە ، - دېدى يولۋاسبەگ قىرقىم ساقاللىرىنى تۇتامالاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ پارقىراق كۆزلىرىدىن خوشامەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.
_ ئۇلار چېلىشمىسۇن سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى ياغاق يۈز ، ئورا كۆز ، كەكە ساقال ھېكىمباي .
_ بۇ قانداق پەيدا بوپ قالدى ؟ - دېدى ۋەن گوتەي ياپما قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە تىترەپ تۇرۇپ .
_ قارا ، بۇ خەقنى ! - دېدى شالاڭ ساقال ، ئۇزۇنتۇرا كەلگەن موللا شاكىيۇ ۋەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرۇپ ، - سىلى بېشىنى سىلاۋاتسىلا يەنە داۋۇتنى ئالقىشلاپ كېتىپ بارغىنىنى ، نېمىدېگەن يۈزسىزلىك بۇ ...
ۋەن گوتەينىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ تاتىرىپ ، بۇ خەلققە ئىچ- ئىچىدىن ئۆچلىكى كېلىپ كەتتى.
_ شاكيۇم توغرا دېدى ، بۇ بەكمۇ غەرەز ئۇقمايدىغان ھايۋاندەكلا خەق.
_ شۇنداق ، شۇنداق ، - دېيىشتى يولۋاسبەگە بىلەن ھېكىمباي .
_ ۋەن سىلىڭ ، - دېدى باياتىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان ياڭ ھاكىم ، - بىز ئۇلارنى چېلىشتۇرايلى ، بولمىسا خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ، كېيىن ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.
ۋەن گوتەي ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەندەك قارىدى. ئۇ ياڭ ھاكىمنىڭ خەلقنىڭ تەرىپىنى ئالغان سۆزلىرىگە بەكمۇ ئۆچ ئىدى . << خەپ سېنى بىر كۆنى باپلايمەن . شۇ چاغدا ئاشۇ ئېغىزىڭمۇ تۇۋاقلىنار ...>> دەپ ئويلىدى ۋەن گوتەي . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ دېگىنىدەك يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى. ئۇ نېمە قىلىشنى ئۇقماي ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى.
_ ۋەن سىلىڭ ، ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەيلى ، - دېدى ياڭ ھاكىم ، - ئۇلارنى چېلىشتۇرمىساق خەلق بىزنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ...
_ بوپتۇ ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن ! - دېدى ۋەن گوتەي ئاچچىق تىنىپ ، - جاكارچى ئېلان قىل !
_ نېمە دەيمەن ؟
_ ئاناڭنى ! چېلىش باشلانسۇن دېمەمسەن دۆت ئېشەك .
_ ھازىر چېلىش باشلانسۇن ، پالۋانلار مەيدانغا چۈشسۇن !
كىشلەر توپى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. لەنشىڭ چىشىرىنى غۇچىرلىتىپ داۋۇت پالۋانغا ئالىيىپ قويدى - دە ، مەيدان سىرتىغا ماڭدى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر بالىنى سىلكىشتۈرۈپ ئىتتىرۋەتتى.
_ نېرى تۇر ، ساراڭ !
_ ئۆزى ساراڭ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ بۇ ساراڭ ، - دېدى بالىنىڭ ئانىسى بۇۋۇخەلچەم .
_ تولا سۆزلىمە قانجۇق !
_ قانجۇق دېگەن سەندەك بولىدۇ. ئۆزەڭگە قاراپ باقە ، نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن ، - دېدى بۇۋۇخەلچەم ئۇنىڭغا سەسكىنىش بىلەن قاراپ .
لەنشىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ، تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، << خەپ >> دېدى - دە توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.
_ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بۇ نېمىنىڭ قارا ئەمدى نوچىلىقىنى ، دادىسى ياخشى ئادەم ئىدى ، بۇ دادىسىنى دورىماي قالغان ئوخشايدۇ، - دېدى ئاق ساقاللىق بىر كىشى .
_ ئالدىرىماڭ ئاكا ، بۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ .
_ ئادەم خورلۇق ھېس قىلىدىكەن ئۇكام .
_ خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلار بىر كۈنى بۇلارنى يۇتىدۇ، - دېدى ھاپىز قارى.
_ روناق تاپالمىغان ، ئۆزىنى تونۇمىغان قەۋمگە بەخت ئاتا قىلمايدۇ ، - دېدى ناسىراخۇن بوغۇنۇقۇپ تۇرۇپ .
_ گەپكە پەخەس بولايلى قۇلاق كەلدى ... ھە ، چېلىش باشلاندى . ئەمدى ئويۇننىڭ قىزىقى چىقىدىغان بولدى... - دېدى قۇربان ئاشپەز ئۇستامالارنىڭ ئاھاڭنى دوراپ .
ھەممىسى شۈك بولۇپ ، چېلىش مەيدانىغا جىددى قاراشتى . زەنجىردىن بېشىنگەن ھېلىقى پالۋان داۋۇت پالۋانغا ھۆركىرەپ كېلىپ ئېتىلدى - دە ، ئۇنىڭ بېلىدىن قارماقلاپ ، ئۇيان - بۇيان تولغاپ مىدىرلىتالمىدى. داۋۇت پالۋان قىلغۇلۇقىنى قىلىپ باق ، كۆرەي قېنى ، دېگەندەك بەدىنىگە كۈچنى يىغىپ جىم تۇراتتى. ھېلىقى پالۋان داۋۇت پالۋاننى چاققانلىق بىلەن يانپاشقا ئالماقچى بولدى - يۇ ، يەنە ئالالمىدى . داۋۇت پالۋان شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتىۋالدى - دە ، بەلۋاغنى يۈگەپ - يۈگەپ تارتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ قىزىرىپ كەتتى.
داۋۇت پالۋان ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر قولى بىلەن دەس كۆتۈرۋالدى.
_ بولدى ، مېنى ... ئاتما ... ساڭا ... نوچى ئاتتىن ... بىرنى ... بېرىمەن ...
ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلقىغا كىرمىدى . ئۇ زەردە بىلەن ئۇنى ئەمەلدارلار تەرەپكە ئەسكى پالاسنى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تاشلغاندەك تاشلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلرى چەكچىيىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمدى . ياڭ هاكىم چىرايىنى بۇزماي تەمكىن ئولتۇراتتى.
_ ياشاپ كەت داۋۇت پالۋان ! - كۆپچىلىك ۋارقىراشتى ۋە يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى .
_ تونىنى داۋۇت پالۋانغا كىيگۈزەيلى ! - دېدى ياڭ هاكىم .
_ نېمە دەيسىز ؟ - دېدى ۋەن گوتەي ئۆڭگەن ، تەرى تۇرۇلگەن هالدا .
_ تونىنى داۋۇتقا كىيدۈرمىسەڭ خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىمىز ، ياخشىسى تونىنى داۋۇتقا كىيدۈرۈپ ، خەلقنىڭ ئاغزىنى ئېتىش كېرەك . بۇلارغا كىچىككىنە ياخشى ئىش قىلىپ قويساق تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنى قاتتىق قول بولۇپ باشقۇرساق قىلغان ئىشىمىزدىن خەتەر چىقىدۇ. شۇڭا كۆپ هاللاردا چارە - تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
_ بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى- هە ۋەن سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى يولۋاسبەگ قىزىل يۈزلىرىنى ئۆگىلاپ .
_ هەر ئىككىلىسىگىلا تون كىيدۈرەيلى ! - دېدى خېلى كۆپ ئويلىنىشلاردىن كىيىن ۋەن گوتەي خاپىلىغان هالدا .
_ بولىدۇ ، ئىختىيارىڭلار ... - دېدى ياڭ هاكىم نارازى بولغان هالدا .
[size][/color/]

[color=Blue][size=4]داۋامى بار .....
بۇ ئەسەرنى باشقا جايغا كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. [size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-15 11:38:49 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:45:41

اهاهاهاها.... هەيييييييييي نىمدىگەن تەسىرلىك!!!!!
كىچىكىمدە < خويەنجيا> ناملىق فىلىمدە بىر كورۇۋېدىم نەق مۇشۇنداق كورۇنۇشنى! مۇشۇنداق پەيتلەرنى بىزدە كىنو قىلىپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر قاچان چىقار هە؟؟؟ هەي...... ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم شۇ ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئەشۇ لەنىشىدەك قانجۇقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتىكەن! ئاللاهقا شۇكۇر!

دوستۇم Nazakat0909 هارماي يېزىڭ ئوقۇشقا بىز ئىنتىزار!

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 11:50:06

يەنە بىر ئىش :

<< ئارىشاڭ، بورتالا ناهىيىلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى>> ناملىق يازمىدا توۋەندىكىدەك قۇرلار بار:
<< شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ بورتالا ناهىيىلىك هوكۇمىتىنىڭ مال- مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە ئوتكۇزۇۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئۇرايىم، نامجىل، ئومەر ئاخۇن، خەلىپ، ئايىمەمەت، دورجىلاردىن تەركىپ تاپتى. ئۇرايىم كومىتېتنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولدى.>>
بۇ يەردىكى << ئۇرايىم >> مۇشۇ ئەسەردىكى ئۇرايىم شۇمىدۇ؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 12:30:33

ئەسسالام كۆسەن بۇ ئەسەردىكى ئۇرايىمنىڭ ئەسلى << ئىبراهىم >> دىگەن ئىسمىنىڭ بۇزۇلۇپ ئاتىلىشى ئىكەن . ئەگەر سىز يازغان ئەسەردىمۇ شۇنداق ئەسكەرتىلگەن بولسا ، مېنىڭچە چوقۇم شۇ بولۇشى مۇمكىن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 17:47:14


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[size=4][color=Blue]داۋامى
پەشتاقتا جاكارچىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ جىم بولۇشتى .
_ خالايىق تىنىچلىنىڭلار ، ھازىر ۋەن سىلىڭ جانابلىرى سۆز قىلىدۇ، دىققەت !
ۋەن گوتەي ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ، دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ سۆز باشلىدى. غاپپار بەگە ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.
_ بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن . بۇ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان زور كۆلەملىك چېلىش پائالىيتى . بۇ بىزنىڭ خەلققە بولغان ئىشەنچىمىزنى بىلدۈرىدۇ.
ھەممىمىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەك ، ئىناق - ئىتىپاق ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ ...
داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەسكىنىپ كېتىۋاتاتتى.
_ يالغانچىلىقنى قارا ، نېمىدېگەن ھىيلىگەر ، - دېدى زەردىسى قايىنىغان ناسراخۇن .
_ بىزنى ئالداۋاتىدۇ... - دېدى تۇردىئاخۇن پىچىرلاپ سۆزلەپ .
_ ئىتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى . بىز بۈنىڭدىن كېيىن بۇنداق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بۈگۈنكى چېلىش مۇسابىقىسىدە تاللىنىپ چىققان ھەر ئىككى پالۋانغا تون كىيدۈرۈشنى قارار قىلدۇق . قېنى داۋۇت پالۋان بىلەن چېلىشىپ باقىدىغانلار بارمۇ ؟
_ يوق ! ! !
كۆپچىلىكنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق سادالىرىدىن ۋەن گوتەي چۆچۈپ كەتتى.
_ قېنى تون كىيدۈرۈلسۇن ! - دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۇ سۆزلىرىنىڭ زورمو زور قىلىنغانلىقىنى ، تازا قاملاشمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ قالدى.
_ ۋەن سىلىڭ بەك ئوبدان ئادەم جۇمۇ، - دېدى توپ ئارىسىدىكى ئايىسخان ئوسما قويغان ئىنچىكە قاشلىرىنى ئوينىتىپ .
_ ماۋۇ سەت جالاپ نېمە دەيدىغاندۇ ؟ - دېدى قۇربان بوش شىۋىرلاپ ، - ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندەك ....
مەيداندا تۇيۇقسىز كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر كۈلكە كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى.
_ تونىنى كىيمەيمەن ! - دېدى داۋۇت پالۋان ناسراخۇنغا پىچىرلاپ .
_ كىيمىسەڭ بولمايدۇ . كىيگەنگە نېمە بولاتتى. كىيمىسەڭ بۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىسەن .
_ نېمىدىن قورقاتتىم . خۇدا بار.
_ جاھىللىق قىلما ، كىيىپ قويۇپلا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ياپىمىسەن .
شۇ ئارىدا دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى :
بۈركۈت ئالدى تۈلكىنى ،
تۈلكە ئۈنى جىمقتى .
كاككۇك ، كاككۇك ، نەدە سەن كاككۇك .
_ ياشا بايخان ، ناخشاڭنى ياڭرات ! - دېدى قۇربان خۇشال ھالدا ۋارقىراپ .
_ كاككۇكنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيۋاتسا قانداق ياشايدۇ ئۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ .
ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كەتتى.
_ نېمە دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. ئاۋۇ ...- دېدى ۋەن گوتەي غاپپار بەگكە قاراپ .
_ يارىم كەلمەمسەن ، ساڭا تەشنا بولدۇم ، - دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.
_ ئەجەپمۇ جىم تۇرمايدىغان نېمىكەن ئۇ . نەدە ئادەم ئولاشسا شۇ يەردە ناخشا ئېيتىپلا يۈرگەن ... - دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى سىلىپ ، - ساراڭمۇ نېمە ئۇ ؟
_ ساراڭ نېمە ئۇ ، - دېدى ھېكىمباي ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاران چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن ، - ئۇ يا يوقالمىدى ، يا ئۆلۈپ قالمىدى.

ۋەن گوتەي دەرەخ ئاچىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بايخانغا غەزەپ بىلەن قارىدى. موللا شاڭيۇ ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، موللا نىياز ئاخۇنۇملار بايخانغا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. چۈنكى ، بايخان ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتاتتى. ئۇلار يا بىر نېمە دېيەلمىگەن . شۇ تاپتىمۇ ئۇلار بايخاننىڭ تىلىنى كەسكۈدەك بولىشىۋاتاتتى. << خەپ >> دېيىشەتتى ئۇلار ئىچىدە .
ھەزەر قىلىپ ياشايلى ،
خۇشامەتچى ئادەمدىن .
كاككۇك ، كاككۇك .....
ئۇلار ئىككى پالۋانغا تون كىيدۈرۈشتى . كۆپچىلىك ئۈنلۈك ھالدا :
_ ياشا داۋۇت پالۋان ! - دەپ توۋلاشتى.
داۋۇت پالۋان نېمىدىندۇر بىئارام بولۇپ ، كەڭ مەيدىسىنى كېرىگىنىچە مەزمۇت ھالدا ، يىراقلارغا تىكىلىپ ئويچان تۇراتتى.
خەلق ئۆز ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۇنى ئالقىشلىماقتا ئىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل خىجىللىق ئوتى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. [/color][/size]

[size=4][color=Blue]داۋامى بار ......[/color][/size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-15 20:16:23

چىدىماسلىق دېگەن شۇ دە! يىگىلىپمۇ يەنە پالۋان بولىۋالغىنىنى...... ھوقۇقىنىڭ كۈچىدە! توۋا دەيمەن...... ھەممىسى ئۆزىنى ئاق دەيدۇ، ئاگىلىشىمچە قاغىمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئاپپاق بالام دەيمىش!

خوش ئەسەرنىڭ ئاخىرى قەيەردىن چىقىدۇ قېنى دىققەتتە بولايلى دوستلار!

---

يوللىغۇچى: raja
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-16 13:42:44

قانغا بويالغان سايران دېگەن رومانىنى مەن ئوقۇپ تۈگەتكەن..بۇ رومان بەك ياخشى..توردا شالارنىڭمۇ كۆرەلىگىنىگە مەن بەك خۇشال. ھارمىغايسىز بولسا مۇشۇنداق ياخشى تېمىلارنى توختىماي يوللىغايسىز..مەن سىزنى قوللايمەن.[em3]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-16 17:33:23

[color=Blue][size=4][size=5][center]3[/center][/size]
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى موللا نىياز ئاخۇنۇم ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، ۋە موللا شاگىۋلار كۆكۈش ئىسلار قاپلىغان يىغىن زالىدا غاپپار بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاران چۈشىنىپ ئولتۇراتتى.
_ بىز بۇ قېتىم يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئەسكەر ئېلىش ئىشىنى ناھايىتى ئەستايىدىل بېجىرىشىمىز كېرەك ، - دېدى ۋەن گوتەي ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ ، - بۇ ئىشقا ھەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم . بىزگە بېرىلگەن بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇنلىمىساق يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز - ھە ، شۇنداقمۇ ئىمام ئاخۇنۇم ....
_ توغرا ، توغرا .... - ئۇنىڭ پاكار بويى تېخىمۇ تۈگۈلۈپ ، كىچىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى. غاپپار بەگ ئۇنىدىن يىرگىنىپ كەتتى.
_ ھەممىڭلار جەمئىيەتكە بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى توغرا يەتكۈزۈشىڭلار زۆرۈر . يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچ توپلاش ھەممىدىن مۇھىم . ئەسكىرى يوق پادىشاھ نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلارچۇ ؟
_ شۇنداق ، ۋەن سىلىڭ ناھايىتى ئەتراپلىق سۆزلىدى ، - دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇشاۋتەن سۆز قىستۇرۇپ ، - ئەسكەر كۈچى دۆلەت ئامانلىقىنىڭ ئاساسى ... ھېلىقى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن نېمىلەر ئاخىر نېمە بولدى ؟ ئۆزى كولىغان ئورەككە ئۆزى چۈشتى . ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتقانىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدى. زاكىر سەنمۇ ئوبدانىراق كۆز - قۇلاق بول . كىم قانداق گەپ قىلىۋاتىدۇ... - ۋۇ شاۋتەن ئۆزىنىڭ باشلىقلىقىنى پەش قىلغانىدەك ھەممىسىگە قاراپ قويۇپ سۆزلەيتتى. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تاقا - تۇقا سۆزلىرىدىن بىزار بولۇۋاتاتتى، - بۇ قېتىمقى ئەسكەر ئېلىش ئىشىدا خەلققە ئوبدان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر . بىز سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارنى ئەسكەرلىككە ئالمايمىز، سىلەرمۇ بۇ ياخشىلىمىقىزغا جاۋابەن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىڭلار . ئىئانە ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي پۇل - مالنى يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار.
_ ئەگەر سىلەر بۇ ئىشتىن باش تارتىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىش ئىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويساڭلار ، كېيىن بىزدىن ئاغرىنماڭلار ، - ۋەن گوتەي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا ۋەھىملىك قاراپ قويىدى ،- يەنە بىر گەپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلارش زۆرۈر. ھەر بىر ئائىلىگە نان ياقتۇرىدىغان ئىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمايلى . قىش كىرگۈچە ھارۋىكەشلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوتۇنلارنى ئوبدان بېسىۋالايلى . ئاتلارنىڭ خەشەكلىرىنى تولۇقلىۋالايلى ، - ئۇ تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ ھەممە گەپنى دەۋالاي دېگەندەك ئالدىرىماي سۆزلەۋاتتى. - لەنشىڭ سەن ئەسكەر ئېلىش ئىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئوبدان مەسئۇل بول. سەن بۇ خەقنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىسەن ، باشقىلار ساڭا ھەمدەمدە بولىدۇ. ھېكىمباي ، يولۋاسبەگ، سىلەرمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلار ، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىدىغان ئىشلار بار تېخى ، سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي ....
ياڭ ھاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. موللا نىياز ئاخۇنۇم بىر نەچچە ئېغىز خۇشامەت سۆزى قىلىشقا ئالدىرايتتى .
يولۋاسبەگ ، ھېكىمبايلار ۋەن گوتەينىڭ سۆزلىرىگە << خۇش، خۇش >> دېگىنىچە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى. ھەم يۈرەكلىرىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار : << بايلارغىمۇ كۈن يوقمۇ نېمە >> دېگەننى ئويلاپ قالاتتى. قولىدىن مال - دۇنيالىرىنىڭ كۆپرەك چىقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئامالىرىنى ئىزدىشەتتى. بەرمەي دېسە ، بىر كېچىدىلا .....
_ لەنشىڭ سەن بۇ قېتىمقى خىزمەتتە تۆھپە ياراتساڭ ، سېنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، - دېدى ۋەن گوتەي لەنشىڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ، ئۇ لەنشىڭنىڭ رەھىم - شەپقەتسىز پەيلىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى...
_ ئەسلى ئۆستۈرۈشكە لايىقتى ، - دېدى ما تۈەنجاڭ ئاچچىق قىلىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ شۇنداق ، شۇنداق ، لەنشك بالام ئوبدان بالا ، دادىسى بىلەن مەن بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتكەن ، - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم خىقراپ سۆزلەپ ، - مەنمۇ لەنشك بالامغا ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىرىمەن . جېنىم بالام ... خەلققە ياخشى تەشۋىق قىلىپ .
_ ناھايىتى ياخشى ، دېدى ۋەن گوتەي ، - سىنى چاغاندا مۇكاپاتلايمەن ، بىز بۇ يىلقى چاغاننى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىمىز لازىم .
_ چاغاننى بىزنىڭ ئۆيدىلا ئۆيىنسىلا ، - دېدى ھېكىمباي بىچارىلارچە ھىجىيىپ .
_ بىزنىڭ ئۆيگىلا بارامىلا ، يا ....- دېدى موللا شائېيۇ ئالدىراپ .
_ ھازىرقى ئاساسىي مەسىلە ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ، يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 250 ئەسكەر ئېلىشىمىز لازىم . ۋەزىپە ئېغىر .
_ غەم قىلمىسىلا ، بىز بار ، - دېدى لەنشك قەددىنى تىك تۇتۇپ .
_ بىزمۇ بار ، - دېدى موللا شائېيۇ .
_ ئەلۋەتتە بىزمۇ بار ... - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم .
_ مېنى بۇ قېتىمقى ئىشتا ئوبدان بىر كۆرۈپ قويۇڭلار ، - دېدى لەنشك تىك تۇرۇپ ، - بۇ ئىشلارنى جان - دىلىم بىجىرىمەن ، ئەگەر بۇ خىزمەتنى لايىقىدا ئورۇنلىيالمىسام سىلىك جانابلىرىغا كاللام بىلەن جاۋاب بېرىمەن . مەن پىرقە ھۆكۈمىتىمىزگە سادىقلىق بىلەن ياشايمەن ، بۇ يولدا ئۆلۈشكە رازى !
_ ئوغۇل بالا ، يارايسەن ، ئەزىمەت ، - دېدى ۋەن گوتەي قاتتىق ھاياجانلىنىپ .
ياڭ ھاكىم ئۆز ئادەملىرىگە خىيانەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ھارام تاماق ، تۆز كورلارغا قاراپ ئېغىر خىياللارغا چۆكتى . غاپپار بەگ : << خۇدا جاجاڭلارنى بېرەر >> دېدى ئىچىدە ئۆلاردىن يىرگىنىپ .
_ ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، ما تۆەنجاڭ ، سىلەرنىڭ باشقا گېپىڭلار بارمۇ ؟ _ دېدى ۋەن گوتەي ياڭ ھاكىمغا مەسخىرە نەزەرىدە قاراپ .
_ يوق ! - دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ تەمكىن ھالىتىنى بۇزماي ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆزىلا باشقۇرۇپ كېتىۋاتقان ۋەن گوتەيگە ئۆچلىكى كېلىۋاتاتتى.
_ مېنىڭمۇ پىكرىم يوق ، - دېدى ما تۆەنجاڭ . ئۇ ھەر قانداق چاغدا ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ئىدى. ئىشنىمۇ ئويلىنىپ قىلاتتى. مەنسەپ ، ئەمەللەرگە ئانچىمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتى.
_ ئۇنداق بولسا ھەممىمىز ئىشنى پۇختا قىلايلى ، - دېدى ۋەن گوتەي ، - داۋۇت دېگەن نېمە ئىشىمىزنى بۇزدى ، - ئۇ ياڭ ھاكىمغا ئالىيىپ قويدى .
_ ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمۇ ؟ - دېدى لەنشك .
_ ياق ، ياق، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەگمەي تۇرايلى . تىنچ ياتقان يىلانغا چېقىلىپ نېمە قىلىمىز . ئەمدى ھەممىمىز تارقىلىپ ئۆز ئىشىمىزغا ماڭايلى ... - ۋەن گوتەي بىر خىل ناخۇشلۇق بىلەن كۆرسەتمە بەردى .
يىغىندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، سىرتقا قاراپ مېڭىشتى .
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، سىلىگە چىرايلىق قىزدىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ قويغان ، ئۆيگە بارسىلا ... مېھمان بولۇپ كەتسىلە ، - دېدى ھېكىمباي خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ ۋۇ شاۋتەننى يېنىغا تارتىپ .
_ بولىدۇ ، سېنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭ ياخشى دە ، ۋەن سىلىڭغا ماللىرىڭغا چېقىلماسلىقنى دەپ قويىمەن ، خاتىرجەم بول - ھە .
ھېكىمباي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولدى. بۇ ئۇنىڭ نەق يۈرىكىدىكى سۆز ئىدى .
لەنشك كۆزىگە قان تولغان ھالدا ، بىر نەچچە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ، ھارۋىكەشلەرنى سەيسگە تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ھارۋىنى ئاستا ھەيدەپ دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغان سىدىق كۆككۆزنىڭ دولىسىغا قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى.
_ بولمامسەن چەنتۇ ، ھارۋىنى چاققان ھەيدىمەمسەن !
سىدىق كۆككۆز ئاچچىقىدا لېۋىنى چىشلەپ ، ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن ئالايدى.
_ ئادەمگە ئالايماي ، ھەيدە ھارۋاڭنى سېسىق چوشقا .
<< خەپ ماڭىمۇ خۇدايىم ئاشۇ قورالنى بېرەر، خەپ ، شۇ چاغدا بۇنى قانداق قىلىۋېتىدىكەنمەن >> سىدىق كۆككۆز شۇلارنى ئويلاپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇ ئادەم خۇدادىن پاك روھىدا نېمىنى تىلىسە ، بىر كۈنى شۇ تىلىگەن نەرسىگە ئېرىشىدۇ ، دەپ قارايتتى.
لەنشك ھارۋىكەشلەرگە ھەيۋە قىلىۋېتىپ ، كۆزى ھېلىقى كۈندىكى چېلىش مەيدانىدا ئۆزىنى تىللىغان بۇۋۇخەلچەمگە چۈشۈپ قالدى - دە ، ئۇنىڭ قورۇسىغا ئات بىلەنلا كىردى. بۇۋۇخەلچەم بىر تونۇر ناننى يېقىپ بولۇپ ، ئەمدىلا تونۇش بېشىدىن چۈشۈۋاتاتتى. لەنشك ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ناننى ملتىق ئىشتىكى بىلەن سانجىپ ئالدى .
_ ناننى مۇشۇنداق خام ياقامسەن ، سەن بىزنى بۇنى يەپ نېمە بولسۇن دەيسەن ! - دېدى ئۇ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ .
_ سېنى ئەمدى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ نان چايناپ بېرىپ باقسام بولامتى ؟ ھېلىمۇ سەنلەرنى باقمىز دەپ خۇنىمىز قالمىدى .
لەنشك ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ملتىق پاينىكى بىلەن ئۇنى بىرنى سالدى. بۇۋۇخەلچەم كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى .
_ گەپ قىلمىسا نېمە ھەددىن ئاشىدۇ ماۋۇ ھارام چوشقا ، جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم بۇنىڭغا ، بۇنداق ياشغۇچە ، - بۇۋۇخەلچەم ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى - دە ، ياقىسىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەختەم تۆگمەن باققىلى چىقىپ كەتكەنىدى . نان ياقماي دېسە ، ھەر بىر ئائىلىگە سېلىق قىلىپ تارقاتقان يۈز جىڭ ئۇن << مېنى ياقمىساڭ تاياققا قالىسەن >> دېگەندەك تۇرغان ...
بۇۋۇخەلچەم ئۇنى ئەسەبىيلەرچە تىللايتتى ، لەنشك ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى، تېپەتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە كۈچۈنۈپمۇ ئۇنىڭ قولىدىن ياقىسىنى ئاجىرىتالمىدى . يۈگۈرۈپ كىرگەن بىر نەچچە ئەسكەر بۇۋۇخەلچەمنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى .
بۇۋۇخەلچەم بۇرنىدىن ئاققان قانلارنى يېڭىدە ھالسىز ئېرتىپ ، ھۆركىرەپ يىغلىدى.
_ نېمە كۈن خۇدايىم بۇ ، بۇلارنىڭ جاجىسىنى قاچان بېرىسەن ...
ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى .
_ مەن بۇلاردىن قىساق ئالىمەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئىچى قارىلار ، بۇنى يامان ئۆرۈپتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ - دېدى كىرگەن ئاياللاردىن بىرى .
بۇيرۇق بويىچە ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانلار ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن جان - جېنى بىلەن خىزمەت قىلماقتا ئىدى. موللا شاكىيۇ سۇنجاڭ ، بوجاڭلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. تورۇق ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ ، قوللىرىنى ھاۋادا قالايمىقان پۇلاڭلىتاتتى.
موللا نىياز ئاخۇنۇم مېھراپتا ئولتۇرۇپلا ، جامائەتكە ۋەن گوتەي ، ۋۇ شاۋتەن ، ياڭ ھاكىملارنىڭ ياخشى تەرپىنى قىلىپ ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.
_ بۇلار بولمىسا ، پىرقە ھۆكۈمەت بولمىسا ، بىز بۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيتتۇق . شۇڭا بۇلارغا ھەممىمىز ھەمدەمدە بولۇپ تۇرمىقىمىز لازىم . مەيلى باللىرىمىزنى ئەسكەرلىككە بېرىشتە بولسۇن ، باج تاپشۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن .... - ئۇ بۇلارنى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ھالدا ئۆزۈپ - ئۆزۈپ ئېيتاتتى.
داۋۇت پالۋان ، تۇردىئاخۇن ، قۇربانلار ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تۆكى تەتۈر ئۆرۈلۈپ چاينىپ پۈركۈشۈتكۈسى كېلەتتى. پەقەت << خەپلا >> دېيىشەتتى ئىچىدە .
ھېكىمباي ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەننى ئەركەك قوينىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، چىرايلىق بىر چوكاننى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويىدى. بۇ چوكاننىڭ ئىسمى ئايىسخان ئىدى. خاس ھۇجرىدا بۇلارنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەممە ئۆيقۇغا كەتكەن بىر كەچ ئىدى.
ھېكىمباي ئۆز ئىشىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى- دە ، مال - دۇنياسىدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، ئۇيقۇغا كەتتى.
قەيەردىندۇر بايخاننىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
[center] ئىگىردى ئەزىز تۇپراق ،
يۈركنى چۇلغىدى پىراق
كاككۇك ... كاككۇك .... [/center]
داۋامى بار ......[/size][/color]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 12:14:40

ھەي نىمە دېگەن ئېچىنىشلىق!!!

مۇناپىق ئەزەلدىن بار نىمە! ئۇ مەڭگۈ ئاخىرلاشماسمۇ؟ نىمە دېگەن يىرگىنىشلىك ھە! نىمە دېگەن يىرگىنىشلىك!!!

ھارماڭ دوستۇم! ئەسىرىڭىزنى ھارماي يېزىڭ! داۋاملىق ئوقۇشقا ئىنتىزارمەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 12:19:04

[size=5][center][size=4][color=Blue]ئىككىنجى باب تۇتقۇنلار [/center]1[/center][center][/size]
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ ، سىپىللارنى ياساشقا جىددىي كىرىشتى.
ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ باللىرى، يېتىم باللار بولۇپ ، يىگىرمە ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغانلارنى ئۆلچەم قىلىپ ئېلىۋاتاتتى.
بۇ يۇرتتا بۇ ئىش ناھايىتى تادىپىيلا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا ھەممىسنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. كوچا - كوچىلاردىن يىغا- زارە ، نالە - پەريادلار ئەنسىز كۆتۈرۈلدى.
_ نېمانچىلا قىلىپ كېتىسلەر ، - دېدى ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان موللا شاكىيۇ، - ئۆلۈغ شېڭ دۇبەننىڭ ئەسكىرى بولۇپ ۋەتەننى قوغدىسا يامان ئىش بولامدىكەن ، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ھەممىدىن مۇھىم ئەمەسمۇ ...
_ توغرا دېدىلە ، - دېدى پەستە تۇرغان موللا نىياز ئاخۇنۇم ، - بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كىلىپ كەتمەۇلۇك . شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا ئەسكەر بولۇش ئەلۋەتتە شەرەپلىك ئىش . بىز ئۇنىڭ سادىق پۇقرالىرى بولۇشىمىز كېرەك . پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان . ئەسكەر بولۇش يامان ئىشمىتى ؟
قۇربانىنىڭ ئاتا - ئانىسى مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. يۈرەكلىرى لەختە قان بولۇۋاتاتتى.
ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بايخاننىڭ قۇلقىغا موللا نىياز ئاخۇنۇمنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاندى- دە ، ناخشىسىنى توختىتىپ :
_ سىلەر شۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئەسكىرى بولۇشقا نېمىشقا باللىرىڭلارنى بەرمەيسلەر ، سەن بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا ياشاپ تۇرۇپ ، جەننەتتە ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟- دېدى ئورۇق بېلىگە باغلىۋالغان قارا بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان قولنى چىقىرىپ .
_ بىزنىڭ باللار ئىلى تەرەپكە سودا ئىشى بىلەن كەتكەن ، - دېدى موللا شاكىيۇ تىلىنى چايناپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۆيلىرىگە بېرىپ تېپىپ كېلەيمۇ ؟ سەندەك تېگى پەس ساتقۇنلار ئازغىنە نەپنى كۆزلەپ ، نېمە ئىشلارنى قىلمىدىڭلار ... قىزىڭلارنىڭ قانچە ئېرى بار ، ئۆزۈڭلارنىڭچۇ ؟ ئاڭلىسام خۇتۇنىڭلار توي قىلىدىكەنغۇ ؟ ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئادەم ئاخىرى خورلۇقتا ئۆلىدۇ.

_ يوقال ، ساراڭ ئاشىق !

_ مەن قىزىڭنىڭ ئاشىقى ئەمەس ، زېمىننىڭ ئاشىقى .

_ لەنىشك !- موللا شاكىيۇ زەردە گۆش بولۇپ ۋارقىرىدى،- قېنى ئۇ ئەيسا سۇنجاڭ ، ئېلى بوجاڭلار ، خەپ سېنى ! - ئۇ شۇنداق دەپ بايخانغا قامچا شلتىدى. بايخان قامچىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ، قاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى. ئۇنىڭ غايىب بولۇشىغا ئەتراپتىكىلەرمۇ ھەيران بولۇشۇپ ، ئۇ كەتكەن تەرەپنى جەزىم قىلالماي قېلىشتى.

شۇ ئارىدا لەنىشك ئەسكەرلىرى بىلەن قاسىم جودا ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ... لارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار بەتلەنگەن قورالالار ئاستىدا ئاچچىق يۇتۇۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن قەھرى - غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

_ لەنىشك ئۇكام ، - دېدى موللا شاكىيۇ ، - ماۋۇ بايخان دېگەن ساراڭ ئادەم تىللاپ ...

_ قېنى ئۇ ؟

_ باياتىنلا بارتى .... غايىب بولدى... - دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم ئۇيان - بۇيان قاراپ .

_ ئۇچقۇر ئاياغ بايخان بوۋنى تېخى بىلمەمتىڭلار ، - دېدى قۇربان ئۇلارغا قاراپ ئىستىھزالىق كۇلۇپ .

_ تولا سۆزلىمە - ھە ، - دېدى لەنىشك قاپىقىنى تۈرۈپ .

_ سۆزلىگەنگە سېلىق بارما ؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇزلىغان چىرايى سەل ئېرىگەندەك بولۇپ يۈزلىرىگە كۇلكە يامرىدى .

لەنىشك دەر غەزەپ بولۇپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە ، قۇربانغا قاراپ ئېتىلدى. قۇربان قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭغا ئاچچىق ئالايدى.

_ كېلە قېنى بۈركۈت بىلەن تەڭ بولماقچى بولساڭ .

لەنىشك قۇربانغا يېقىنلاپ بېرىپ توختاپ قالدى.

_ كېلىڭلار ، بۇنى ئۇرۇڭلار !- ۋارقىرىدى ئۇ جەھلى بىلەن .

ئەسكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، قۇرباننى ملتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. قۇربان بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرۋاتاتتى.

_ قولۇڭنى تارتىش ! - دېدى قاسىم جودا ئۇلارغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، - بىز ئەسكەر بولمايمىز دېسەڭ مەجبۇرىي تۇتۇشتۇڭ ، ئەمدى ئۇرىشامسەن ...

_ ئۇنىڭغا تېگىشمە - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ گۆشلۈك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ كېلىپ .

_ بىزلەرنى نېمە كۆرۈۋاتىسلەر ، - دېدى ياسىنجان غەزەپ بىلەن بوغۇلۇپ .

قۇرباننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئېلىسپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

_ ۋارقىراشما ، بىزگە چېقىلساڭلار جاجاڭلار بىر پاي ئوق ، -دەپ كاكىردى لەنىشك ملتىقىنى ئۇلارغا تەڭلەپ .

_ ئوق ، ئوق، ئوق .... قورال .... ئەجەپ .... - دېيىشتى ئۇلار جېنى ئىچىگە پاتماي .

_ نېمە ئىش بولدى ؟ نېمە غەۋغا بۇ ؟- دېدى ئەھۋالنى كۆزىتىپ يۈرگەن ۋەن گوتەي قوغدىغۇچىلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىپ .

_ بۇلار بۇيرۇققا بوسۇنمايۋاتىدۇ .

_ بۇيرۇققا بويسۇنمىسا ئۇرامسىلەر ؟ بۇلار ئەسكەر بولدىغان ئادەملەر سىلەرگە ئوخشاش... بۇلارنى باشلاپ ، باش شتابقا ئېلىپ بېرىڭلار ، ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرسۇن .

قۇربان ئاتا- ئانىسى بىلەن تەسلىكتە خوشلىشىپ ، خىيالچان ھالدا ئاستا ماڭدى. ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ يېقىندىن بېرى تولا قىلدىغان ۋە كىشىنى ئويغا سالىدىغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، ئۇنى باشقىدىن چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولدى. << ئۇنىڭ بىلەن بىلللە تاغقا ياغاچ ئەكەلگىلى كەتسەممۇ بوپتىكەن ، نېمىشقىمۇ چىمەنگۈل بىلەن بىر كۆرۈشۋالىمەن دەپ ئويلاپ قالغاندىمەن ... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئېغىر خۇرسىندى .

داۋامى بار............ [size][/color/]

[color=Blue][size=4]قەتئىي بولۇڭ ، بىز ئۇچۇن ھەققەت ۋە پەقەت ھەققانىيەت كېرەك ....[size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 17-12-2006 12:23:33 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 17-12-2006 12:52:34

يەنە مۇناپىقلارنىڭ گېپى!



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى كوردۇم! مەسىلەن ئاۋۇ ئۇ بۇ دىگەنلەر، يەنى ئوز مىللىتىمىزنىڭ پۇشتىلىرى قۇربانىنى ئۇردى! ئاندىن ئاۋۇ گومىنداڭ مىللىتى كېلىپ قۇربانىنى ئۇرماڭلار دىگەن بولدى! ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا بۇيرۇق چۇشۇرگىنى ئاشۇ، بىراق ئۇ پەردە ئارقىدا، ئاۋۇ بىچارە مۇناپىقلار پەردە سىرتىدا! ئىرەتنى نىمىشقا ئالمايدۇ بۇ مۇناپىقلار ھە!؟

بۇ يەردىكى << بايخان >> نى زادىلا چۇشىنەلمىدىما؟ باشتا << بايخان >> نى بىر خىل سوزلىيەلەيدىغان ئۇچار قۇش، ياكى شاتۇتى ئوخشايدۇ دەپ چۇشىنىپتىكەنمەن، ئەمدىلىكتە ئۇ << بايخان بوۋا >> دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ... زادى نىمە بۇ؟

داۋامىغا تەقەززامەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-17 13:51:29

<< بايخان >> ئەمەلىيەتتە بىر مويسىپىت ، ئۇ مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكنىڭ دەستىدىن زېمىن ئاشقى بوپ ياشىغان .
<< سېھىرلىك ئالما >> دېگەن كىنونى كۆرگەن بولغىتىڭىز ، شۇنىڭدىكى ھېلىقى بىرى بار ، تۇرۇپلا پەيدا بوپ ، تۇيۇقسىز غايىپ بولىدىغان ، بۇنىڭدىكى بايخان ئەنە دەل شۇ ئوبراز . ئۇ زېمىن ئاشقى بوپ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئادەلەتسىزلىكنى ۋە ئەنە شۇنداق زۇمگەرلەرنى ئۆز قوشىقىغا قوشۇپ ئوقۇيدىغان ، ھەقنى ياقلايدىغان ، خەلقپەرۋەر بىر زات .
ئەستايىدىل ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت !!

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 11:03:24

ئۆزىمىزنىڭ تارىخى ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ چىقسام دىگەن ئارزۇيۇم شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق دوستۇم ئوزۇم يىراق ياقا يۇرتلاردا بولغاچقا بۇ ئىمكانىيەتكە ئۇنچە كەڭ ئىگە ئەمەسمەن.... سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزدىن ئىنتايىن سويۇنىمەن! قولىڭىزغا ھامان خاتىرجەملىك تىلەيمەن.. شۇ ئارقىلىق بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىۋالالىسام ناھايىتى خۇرسەن بولغان بولار ئىدىم... ھارماڭ دوستۇم ئاخىرىغا ئىنتىزارمەن!

---

يوللىغۇچى: SoyGu
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 13:06:10

ئەسسالام Nazakat0909 خانىم ، نەچچە كۈندىن خىزمەت ئالدىراشلىقىدا بۇ ئەسەرنى كۆرگەن بولساممۇ تەپسىلىي كۆرۈشكە ۋاقتىم يار بەرمىگەن ئىدى ، مانا ھازىر قايتا كۆرۈپ چىقتىم ، ياخشى يېزىلغان ئەسەر ئىكەن ، مۇنبىرىمىز ئۈچۈن قىلغان ئەجرىڭىزگە كۆپ رەخمەت !
داۋامىغا تەشنامىز دوستۇم !!![em40]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 16:12:47

رەھمەت سىلىگە SoyGu خانىم ، مەنمۇ بۇ مۇنبەردىن سىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل تېمىلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن .
ئىش ئۆملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە ، ھەممىمىز بۇ مۇنبەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشساق دىگەن ئۈمۈتتىمەن . [em34]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 16:38:09


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[font][size=4][color=Blue=] داۋۇت پالۋان قۇرباننى ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ ، ئۇنىڭغا ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىۋاتاتتى. قۇرباننىڭ ھۈنەرگە بولغان قىزىقىشى ، زېرەكلىكى ۋە خۇش چاقچاقلىقى داۋۇت پالۋانغا يېقىپ قالغانىدى . بۇلار ئاكا- ئۇكىلاردەك ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى. بولۇپمۇ قۇربان داۋۇت پالۋانغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. گاھىدا ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ چىشىغا تېگىپ ، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ قوياتتى.

داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن تېرىكىپ ، ئۆزىچە قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى. كىچىك بالىدەك خۇيلىنىپمۇ قالاتتى. قۇربان ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى...

ئۇلار باش شتابقا يېتىپ بارغاندا ، ئەسكەرلىككە ئالغانلارنى يېزا- يېزىلاردىن سۈنجاڭ ، بوجاڭلار ھەيدەپ كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۋاتاتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى ياخشى كۆڭۈل كۆرۈشنى ئويلاپ ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەسكەر بولۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى . بۇنى تەشۋىقاتنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

_ ياسىنجان بىز قاچان قايتىپ كېلەرمىز ؟- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ غەمكىن ھالدا .

_ كىم بىلىدۇ . ئۈچ ئاي دېدى ئۆزلىرى ، قۇربان ، داۋۇتكام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

_ ياغاچ ئەكەلگىلى تاغقا چىقىپ كەتكەن .

_ ئۇ ئاجايىپ ۋىجدانلىق ئادەم جۇمۇ ، ناھەقچىلىق بولسا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ .

_ ھەممە ئادەم شۇنداق بولسا .

شۇ ئارىدا ئۇستۇۋاشلىرى توكۇلۇپ تۇرغان ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال يىغلىغىنىچە قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. قاسىم جودانىڭ يۈرىكى ئېزىلدى.

_ سلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، بۇ مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم ئىدى. ئەسكەرلىككە بارمىسا، ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق ، ئۆيدە يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى . بالام ئىشلەپ مېنى باقاتتى . ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ ...]

_ قاسىم قانداق قىلارسەن ئەمدى ؟ - دېدى قۇربان .

_ بۇلار مېنى قويىۋەتمەيدۇ ، ئۇلار ئاپامنىڭ شۇنچە يىلىنىشلىرىغا قارىماي ، مېنى ئەكىلىشتى ، مەن ئاپام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي .

ئۇ ئاپىسى يېنىغا بارغاندا ، موللا شاڭيۇ ئاپىسغا ناھايىتى مۇلايىم ھالدا سۆزلەۋاتاتتى.

_ بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ، بىزدىمۇ ئامال يوق ، ئاز ۋاقىت ئۆتمەي ، ھەربىي تەلىم ئېلىپ قايتىپ كېلىپ ، مۇش يەردە خىزمەتتە بولىدۇ، بۇ دېگەن شەرەپلىك ئىش. سىزنىڭ ھالىڭىزدىن بىز خەۋەر ئالىمىز، سىز خاتىرجەم بولۇپ قايتىڭ .

_ ئاپا ، بۇلار مېنى قويىۋەتمەيدۇ ، مەن ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن . مەندىن خاتىرجەم بول !- دېدى قاسىم جودا كۆزىگە ياش ئېلىپ .

_ ئوغلىڭىز توغرا ئېيتىدۇ...

_ بالام ....- ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتى .

_ بولدى،سەۋر قىل ئاپا ...

_ قاسىم ئورۇنىڭغا قايتىپ كەت !- دېدى موللا شاڭيۇ تەرىنى تۈرۈپ .

_ كۆرمەيۋاتامسەن ئاپام بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىمنى .... _ قاسىم جودا ئۇنىڭغا گۆلەيدى.

_ خوش بالام ، خۇداغا ئامانەت ، سالامەت قايتىپ كېلەرسەن .

_ خۇداغا تاپشۇردۇم ئاپا .

دەرۋازا ئالدىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ يىغا - زارلىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقاچقا ، ۋەن گوتەي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

_ ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار ، سلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ئەسكەرلىككە بەرگىنىڭلارغا ھۆكۈمەت نامىدىن كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز . بالىلىرىڭلار جىڭدا بىر ئاي تەربىيە ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ئائىلەڭلەردە قىينچىلىق بولسا ، بىز ئاستا- ئاستا ھەل قىلىمىز . ھازىرچە سلەر قايتىپ تۇرۇڭلار . ..

ئۇ خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن ، كىشلەر ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى . قۇرباننىڭ سۆيگۈنى چىمەنگۈل قۇرباننىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قان داغلىرىغا قارىغىنىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى . ئۇنىڭ قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئالمىدەك مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. قۇرباننىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى - دە ، يۈرىكى كۆيگەندەك بولۇپ ، تولغىنىپ كەتتى.

چىمەنگۈل توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، قۇرباننىڭ يېنىغا باردى.

_ خۇداغا ئامانەت ! -دېدى ئۇ قولىدىكى خالتا بىلەن قەغەزگە ئورالغان قولياغلىقنى قۇربانغا سۇنۇپ .

_ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، - دېدى قۇربان يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ .

_ خوش ! - ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇنىڭغا قاراپ قالغان قۇربان قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ، غېرىب ھېس قىلدى.

_ ئەجەپ جۈرئەتلىك قىزكەن ، خەقنىڭ گەپ - سۆز قىلىشىدىنمۇ قورقماي كەپتۇ .

_ بىچارىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ.

_ كۆيۈك ئوتى دېگەن ئادەمنى جېنىدىنمۇ كەچكۈزىدۇ.

قۇربان ئۇن چىقارمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاستا سىرغىپ چۈشمەكتە .

داۋامى بار..... [font][/size][/color/]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: yar
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 19:05:57

بەك ئوبدان يېزىپسىز رەھمەت سىزگە

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 22:00:13

ئايرىلىش مىنۇتلىرى ناھايىتى تەسىرلىك بولىدۇ!

قاراڭلار بۇ گومىنداڭ دىگەن ئالۋاستىلار... نەدىنمۇ پەيدا بولغاندۇ دەيمەن دۇنياغا! خەلقىمىزنىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەتلەرنى سېلىۋەتتى!
ئادەم ئەمەس ھايۋانلار! تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز بالىسىنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتسا! توۋا قىلدىم خۇدايىم توۋا!

ئىشقىلىپ كىم زۇلۇمنى ئاشۇرسا جاجىسىنى خۇدا بېرىدۇ! مانا ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئىش- ئىزلىرى ھەققىدە ئەمدى باشلانسا كېرەك!

---

يولىغۇچى: karakqi
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-18 22:22:31

پاھ، پاھ، قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن جۇما نازاكەت ، ................[em28]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 12:09:00

[color=Blue][size=4]داۋامى
_ بىر ئايدىن كىيىن راست قايتىپ كېلەرمىزمۇ ؟- دېدى قاسىم جودا پەرىشان ھالدا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ .
_ قايتىپ كەلمەي نەگە باراتتۇق ؟_ دېدى ياسىنجان .
_ مەجبۇرىي ئەسكەر قىلدۇرغان قانداق ئىشتۇ بۇ ؟ ئەسكەرلىككە ئادەم دېگەن ئۆتتەك قىزىقىش بىلەن كىرسە -ھە !- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ ئالمادىس ئۇرۇش بولۇپ قالسا ...
_ كىم بىلەن ئۇرۇشىمىز ؟
_ بىزنى ئەزگۈچىلەر بىلەن ، _ دېدى قۇربان ئاچچىق ئارىلاش.
بۇلار بۇ يەردە پاراڭلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا ، ۋەن گوتەي ئادەملىرىگە جىددى مەجلىس ئېچىۋاتاتتى.
_ بۇ قېتىمقى ۋەزىپە نەھايىتى ياخشى ئورۇندالدى،- دېدى ۋەن گوتەي تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ، - ھەممىڭلار كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار ، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئىشتا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان موللا شاڭيۇ ، موللا نىياز ئاخۇنۇم ، لەنشىڭلار كېيىن كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ. ما تۈەنجاڭمۇ قاراپ تۇرمىدى . ئەمدىكى گەپ ، ئەسكەرلىككە ئالغانلارنى ساق - سالامەت جىك قوماندىلىق شتابىغا ئاپىرىشتا قالدى. بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس . بۇلارنى ئاپارغۇچە سىلىق سۆزلەش كېرەك . بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاقسالا بولدى.
_ ئوتتۇن توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەرنىمۇ قوشۇپ ئاپرايلى ، - دېدى لەنشىڭ ئالدىراپ ، ئۇ بايىقى ماختاشتىن كېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆز ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ ، باشقا ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش ئۇنىڭغا مەدەت بولۇپ قالغانىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا پېتىنىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆچ ئالىدىغان مىجەزىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەن گوتەي ئۇنىڭغا قانات يېيىپ تۇراتتى.
_ ئۇلار كەتسە بىزگە ئوتتۇن ، ئاتلارغا يەم - خەشەك ، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كىم توشۇيدۇ ؟- دەپ سورىدى ئارىدىن بىرى .
_ توغرا ، ھارۋىكەشلەردىن بىر قىسمىنى ئەۋەتىپ ، بىر قىسمىنى بۇ يەردە ئېھتىياجىمىزغا قالدۇرايلى ، - دەپ مەسلىھەت بەردى يەنە بىرى .
_ قورۇدا ئىش قىلىدىغان سىدىق دېگەن قاپقى يامانىنى قوشۇپ ئەۋەتىۋېتەيلى .
_ ئۇنىڭ كىينچە قاپقى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتقان ، بىز ئېھتىياجلىق ئادەم . ئەمدىكى گەپ ، ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يۆتكەشتە . بۇنىڭغا ما تۈەنجاڭ مەسئۇل بولسا قانداق ، ھە ، ۋۇ جۇيجاڭ جانابلىرى ؟
_ بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز ، ما تۈەنجاڭ پاراسەتلىك ئادەم ، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىدا گەپ يوق .
_ ۋۇ جۇيجاڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئادەم چىقىرىپ ، بىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولدى . بۇرادەرلەر ، بىز خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن زىممىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىمىز - دە ، دېدى ما تۈەنجاڭ كىنايە بىلەن . ئۇ شۇنداق دەپ ياڭ ھاكىمغا قاراپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قويدى . ياڭ هاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ۋۇ شاۋتەن :
_ ياڭ جانابلىرى گەپ قىلمايدىلىغۇ ؟ مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە ؟ بىرەر چوكان تېپىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىۋالسىلا بولامدىكىن ... هايت دېسىڭىزلا بۇنىڭغا ھېكىمباي تەييار... - دېدى خىرىلداپ كۈلۈپ .
_ بولدى ، يىغىندا چاقچاقنى قويۇڭلار ، - دېدى ۋەن جىددىي تۇستە ، - يەنە بىر ئەسكەرتىپ قوياي : بۇ ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارغا ۋارقىراشقا ، ئۇرۇشقا بولمايدۇ. بىز بۇيرۇققا ئاساسەن بۇلارنى جىڭغا يەتكۈزۈپ بەرسەكلا بولدى. بۇ قېنى قىزىق خەق . قان قىزىسا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان خەق . قان قىزىسا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان گەپ ، شۇڭا ئەڭ ياخشى چارە سىلىق سۆزلەش ، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى جايلاش . مەن بۇ ئىشتا قانداق قىلدىم. موللا نىياز ئاخۇنۇم ، موللا شاكىيۇلارنى ئىشقا سالدىم ، ئۇلار خەلققە تەشۋىق قىلدى. قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشقا سالدى . ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى يامان بولۇشتى. مىڭ ئالىم بىر ئادەمگە سۆزلىسە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. بىر موللا مىڭ ئادەمگە سۆزلىسە ئۆتىدۇ. ئۇلار هازىرمۇ تەشۋىق قىلماقتا، بۇنىڭ جاجىسى ئېغىزنىڭ يېلى ۋە ئازغىنە پۇل..._ ئۇ ئۆزىنىڭ تاپقان چارىلىدىغان سۆيۈنگەنىدەك ھەممىسگە تەكشى قاراپ چىقتى.
_ سىز ئاجايىپ ئەقىللىق جۇمۇ ، - دېدى لەنشىڭ يېقىمسىز كۈلۈپ تۇرۇپ .
_ ئانچە ئەمەس، ئانچە ئەمەس، - دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ،- قېنى مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار ، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىڭلار . ۋەن گوتەي ھەممىنى ئۆزۈم باشقۇرسام ، ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ << خوش ، خوش >> دەپ تۇرسا دەپ ئويلايتتى. يىغىندىمۇ ھېچكىمگە سۆز بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق ، نوپۇزلۇق ئادەم ھېسابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك پەم - پاراسەتلىك ھېسابلاپ ، بۇ يېزا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىچىككىنە شەھەرنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ باشقۇرىمەن، دەپ خىيال قىلاتتى. شۇڭا ئۇ گاھىدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقسىز بەزىبىر ئىشلارنى قىلىشۋېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالىي قوماندان ساناپ ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، ھەربىي فورمىنى قىرلاپ كىيىپ قېتىپ يۈرەتتى. ياپما قاپاقلىرى هامان تۈرۈك ئىدى. ئۇ يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ ، ئۆزىنى كۆرستىپ قويۇشقا تىرىشاتتى.

داۋامى بار ..... [size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2006-12-19 15:52:15 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: manggu~kut
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 13:25:46

ناھاتى ياخشى يېزىلىپتۇ .نازاكەت سىز تارىخى ئەسەرلەرگە قىزىققامسىز؟[em12] [em12]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 15:43:18

شۇنداق مەن تارىخىي ئەسەرلەرگە قىزىقىمەن . بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىمىزگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەرنى ...
مېنىڭچە ھەر بىر ئادەم ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلىپ قويۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن ... [em2]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 16:26:21

داۋامى
[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئەسكەرلىككە ئېلىپ مېڭىلغان 250 ياش ئەزىمەتنى جىڭ ناھىيىسگە ئاپىرىپ ، ئالاھىدە ياستىلىغان ئېگىز، قېلىن ئالتە مۇداپىئە سېپىلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، كەڭ قورۇغا چۈشۈردى. بۇ 1944- يىلى 5- ئاي مەزگىلى ئىدى.
_ نېمە ئىش قىلارمىز بۇ يەردە، راستلا ھەربىي مەشىق ئۆگىتەرمۇ ؟_ دېدى قاسىم جودا ئاپىسىنى خىيال قىلغان هالدا . ئۇ ئۇستىخانلىق ئىككى مەڭزى سەل بۆرتۈپ چىققان ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرىدىغان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا غەم - قايغۇ ، ئەلەم ئەلەڭگىيتتى.
_ئاۋۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتقىنىنى ، كۈلكىسى ئۆزىگە ياراشسا كاشكى... ۋاي ئاناڭنى ئۆلۈمتۈك گۇيلار ، - دېدى سەل سېمىزرەك كەلگەن ، ئوتتۇرا بوي ، تۇرقىدىن بىر خىل مەردلىك چىقىپ تۇرىدىغان مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئۇلارنى مەنسىتمىگەنىدەك قىلىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئاشۇ قوراللار مەندە بولسا ، ئۇلارغا نېمە كۈنلەرنى كۆرستەر بولغىيتتىم ... خەير، خۇدا بىر كۈنى تىلىكىمىزگە يەتكۈزەر...- دېدى قاسىم جودا ئاچچىق يۇتۇپ .
_ شۇنداق بولسا نېمە ئارمان ، خەپ !- دېدى قۇربان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ .
_ خۇدا كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىمىزنى كۆرۈۋاتقاندۇ ، - دېدى ياسىنجىفن ئويچان هالدا كۆزلىرىنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكىپ .
_ خۇدا چوقۇم بىزگە بىر پۇرسەت بېرىدۇ، ئۇ قولدىن كەتسە ئىش چاتاق .
_ پاراڭ قىلماڭلار. هازىر سىلەرنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىمىز ، هەممىڭلار تىزىلىپ رەتلىك تۇرۇڭلار ، - دېدى قاپىقى يامان بىر ئۇيغۇر ئوفىتسېر .
باشقىلار ئۇنى << قولىدا ئەملى بار ئوخشايدۇ >> دەپ ئويلاشتى.
_ بۇلار ئەمدى بىزنى نېمە قىلار، هەي بۇلارنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىغاندا بىر شۇملۇق بار.
_ نېمە شۇملۇقتۇ ؟
_ نېمە بولسا ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆردۇق - تە .
_ نېمانداق سۇرلۇك يەر بۇ ؟
_ كېينچە ئاستا- ئاستا كۆنۈپ قالارمىز.
_ ئاۋۋال نېمە ئىشلار بولىدۇ، كۆرۈپ باقمامدۇق .
هەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەسۋەسە ، بىئارامچىلىق ، قىزىقىش ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى. نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقاتتى. يېنىك - يېنىك تىنىق ئالاتتى.
شۇ ئارىدا هېلىقى ئوفىتسېر بۇلارنى يەنە قايتىدىن تىزىلدۇرۇپ ، ياتاقلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.
_ ئىدلىنقى قاتار بىرنجى ياتاققا مېڭىڭلار .
_ بىز ماۋۇ يەتتىمىز بىر يەردىن ئىدۇق. بىر ياتاققا كىرگەن بولساق ، - دېدى هېلىقى ئوفىتسېرنىيڭ مۇلايىملىقىدىن كۆڭلى تىنغان قۇربان .
_ بولىدۇ . ئالدىرماي تۇرۇڭلار - هە !
<< بۇ بىزگە باشلىق بولسا ياخشى بولىدىغان بولدى >> دەپ ئويلاشتى ئۇلار.
_ سىلەر توققۇزىنجى ياتاققا بېرىڭلار ! _ دېدى هېلىقى ئوفىتسېر .
_ مانا ، ياخشى بولدى، - دېدى قۇربان خۇشال بولۇپ ،- يۈرۈڭلار.
_ هوي ، تىزىلىپ مېڭىڭلار ، تىزىلىپ....
ئۇلار زەي پۇراپ تۇرىدىغان ياتاقلارغا ئون نەچچەدىن بولۇپ ئورۇنلاشتى.
_ ئاه ، خۇدا ، ياتار يېرىمىز مۇشۇ بولىدىمۇ ئەمدى.
_ ئەسكى يوتقان ، ماۋۇ كارىۋاتلارغا سېلىنغان كىگىزلەرگە قاراڭلار.
_ كىيىمنى سالمايدىغان گەپكەن - دە .
_ نېمە كۆرگۈلۈكتۇ بۇ ؟
_ باشقا كەلگەننى كۆرىمىز - دە.
_ هېرىپ كەتتۇق ، ياتايلى ، كەچمۇ بولۇپ قالدى، يول ئازابى گۆر ئازابى دەپ ، يەتكۈچە هاردۇق.
ئۇلارنى ئويي - خىيال بېسىپ جىممىدە بولۇپ كېتىشتى . قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئۆيي ئىچىدە ئېغىر ئۇھ تارتىشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
بەزىلىرىنىڭ ئۆپكىلىرىگە ئاچچىق موخۇركىنىڭ ئىسلىرى ئۇرۇلۇپ قېقىلىپ - قېقىلىپ يۆتىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يىغا- زارە قىلىپ قالغان ئاتا- ئانىلىرى ، تۇغقان - قېرىنداشلىرى نېرى بولمايتتى. ئۇلارنى ئەسلىگەنسېرى يۈرەكلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ ، ئۆزلىرىنى يىگانە ، غېرىپ هېس قىلاتتى. قۇربان چىمەنگۈل بەرگەن ياغلىقنى يۈزلىرىگە سۈرتتى. باغرىغا باستى . ئىچىگە ئوت چۈشكەندە تولغاندى. چىمەنگۈلنىڭ غەمكىن هالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، يۈرىكىنى پارە_ پارە قىلدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايغاندەك بولدى. كېيىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ، داۋۇت پالۋاننى خىيال قىلدى. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ هېچ چېكى چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كېچە هەرخىل خىياللار قاينىمىدا توختاۋسىز ئۈزۈپ چىقتى.....
داۋامى بار .....
[size][/color/]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2006-12-19 16:27:26 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-19 17:28:33

ئوزىنىڭ گوشىنى ئوزىنىڭ يېغىدا قورۇشنى قەيەردىن، كىمدىن ئوگىنىۋالغان بولغىيتتى بۇ بەدبەخت باسقۇنچىلار!؟؟؟ قارا تېخى دىيىشىپ كەتكەن گېپىنى.... قارا ئۇزۇن قالماي كورىسەن، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ئاز قالدىغۇ دەيمەن جىڭغا كەلگىلى هە!

قېنى دوستۇم داۋامىغا تەشنامىز!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 14:44:35

ئەسەرنىڭ بۇگۈنكى سانى قاچان چىقار؟؟؟
تەقەززا بوپ كەتتىم مەن~~

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 17:23:31

[color=Blue][size=4]داۋامى
تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ، ياتاق ئىشىكلىرى ئەنسىز چىكىلدى .
_ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ سەپ بولۇپ تىزىلىڭلار ، هازىر ھەربىي مەشىق باشلىنىدۇ!- دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر ئۈنلۈك ۋارقىراپ .
_ نېمانچىلا ۋارقىرايسىناۋا، ئادەمنى چۆچۈتۈپ ، - دېدى قاسىم جودا تەرىنى تۈرۈپ ، _ قانداق دېگەن بۇ .
_ تولا سۆزلىمە ، گېپىڭ چوڭغۇ سېنىڭ !
_ چوڭ بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟... ئادەمنى يەيدىغاندەك قارايسەنغۇ ؟
_ پاھ ، پاھ ، ماۋۇنى قارا !- ئۇنىڭ مۇلايىم چىرايىغا غەزەپ تولدى، - بىز خەق دېگەننىڭ گېپى يوغان، شۇڭا تاياقنى كۆپ يەپ ، دەشنامدىن قۇتۇلالماي ، ئىشەكتەك سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ.
_ ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ تۇرغىنىمدا چىشىمغا تەگمىگىنە ، ھېلى بىكار نېمە كۆرسەم كۆرىمەن دەپ ... _ قاسىم جودانىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالغانىدى.
_ قانداق قىلاتتىڭ ، ۋارقىرايسەنغۇ ؟ سەن نېمانداق يوغانچى نېمە ؟ _ ئۇ سىرتقا چىقىپ ۋارقىرىدى. : _ بۇياققا كېلىڭلار !
قۇربان << ھەي ئەمدى قاسىمغا چاتاق بولىدىغان بولدى، قانداق قىلارمىز . >> دېگەننى ئويلاپ ، ياسىنجانغا قارىدى. ئۇمۇم ئەندىشە ئىچىدە تېپىرلاۋاتاتتى.
بىر نەچچە ئەسكەرلەر قوراللىق هالدا ، ياتاققا باستۇرۇپ كىردى.
_ ئاۋۇ يىرتىق چاپان كىيىۋالغان رەزگىنى باغلاڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى رەڭگى ئۆچكەن ئوفىتسېر .
ئۇلار ئېتىلىپ كېلىشىپ قاسىم جودانى ئاران باغلاشتى .
_ خاپا بولماڭ ، - دېدى قۇربان سىلىق سۆزلەپ ، _ ھەممىمىز مۇسۇلمان ، ئۇيغۇر ... ئۇنى قويۇپ بەرسىڭىز .
_ قوي ئۇنداق گېپىڭنى ، بۇ خەققە ياخشىلىق ياراشمايدىغان خەق ، ئۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار .
قاسىم جودا يېنىدا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەرلەرنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ئاغىنىلىرىگە :
_ ئۇنىڭغا يېلىنماڭلار ، مۇناپىق دېگەنگە سۆز كار قىلمايدۇ، بۇنداقلار پۇل ، مەنسەپ ئۈچۈن ئاتىسىنىمۇ تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ ، - دېدى ئاچچىقى بىلەن .
ئۇلار قاسىم جودانى ئېلىپ چىقىپ پۇت- قولىنى قايتىدىن مەھكەم باغلىدى.
_ ماڭا گەپ ياندۇرغىنىڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قوي !- دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ .
_ قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل ، مېنى ئاپام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ، مەن ئۆلسەممۇ ۋىجدانىم بىلەن ئۆلۈشنى خالايمەن . مەن سەندەك باشقىلارنىڭ تەخسىسنى كۆتۈرۈپ ، پەسكەشلىك بىلەن ياشىمايمەن ....
_ ئۇرۇڭلار ئۇنى! - ۋارقىرىدى ئوفىتسېر جەھلى بىلەن، قاسىم جودانىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
بىر نەچچە ئەسكەر ئۇنى پالاق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. قاسىم جودا ھەر بىر پالاق تەگكەندە چىشىنى چىشلەپ ئاچچىق تولغىناتتى... ئۇ ئاخىر بولالماي ھوشىدىن كەتتى. يول - يول تىلىنغان بەدەنلىرىدىن قان تامچىلاۋاتاتتى.
_ ئۇنى ئاپىرىپ سۇغا چىلاڭلار ، - دېدى ھېلىقى ئوفىتسېر مەيۈس هالدا . ئۇ قاسىم جودانى : << ماڭا يالۋۇرۇپ خاتا قىپتىمەن >> دەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چىقمىغانلىقى ئۇنى ئېغىر ئويلارغا سېلىپ قويىدى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران قالدى.
مەيداندا سەپ بولۇپ تىزىلغان ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنغانلار بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشكە قاراپ باغرى ئېزىلگەن هالدا تۇرۇشاتتى.
بۈنىڭدىن بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرسە ، بەزىلىرىنىڭ يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتلىرى قايتىدىن يالقۇنجايتتى. كۆزلىرىگە قەھرى - غەزەپ تولاتتى. ئەپسۇسكى ، ئۇلار تەڭلەنگەن مىلتىقلار ئالدىدا ئامالسىز ئىدى، << خەپلا >> دەيتتى پەقەت لېۋىنى چىشلىشىپ .
بۇلارنى ھېلىقى ئوفىتسېر قايتىدىن رەتلىگەندىن كېيىن ، بۇلارنىڭ ئالدىدا تەلەتى ناھايىتى يامان ، ئۇدۇل چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇرغان بىر كىشى پەيدا بولدى.
_ بۇ خۇ تۆەنجاڭ بولىدۇ. بۈنىڭدىن كېيىن ، سىلەرگە مۇشۇ خۇ جانابلىرى مەسئۇل بولىدۇ، - دەپ ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېگىز بوي ، دۇمچەكرەك كەلگەن ، پاناق بۇرۇن بىر ئادەمنى ، -بۇ لى فۇگۇەن جانابىرى ، - دەپ تونۇشتۇردى.
بۇ ئىككەيلەن ئالدىدا تۇرغانلارنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك ، ئۇلاردىن يىرگىنىۋاتقاندەك ئەلپازدا ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى.
_ هازىر سىلەرگە بۇ ئىككىيلەن مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ، تۈزۈملەرنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ، مەن تەرجىمە قىلىپ بېرىمەن ، ئوبدان ئاڭلاڭلار ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولمىسا سىلەرمۇ ئاۋۇنىڭدەك كۆنگە قالىسىلەر ، - دېدى . ئاندىن ئۇ خۇ تۆەنجاڭغا قاراپ ، _ مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم ، قېنى ئەمىسە سىلەر سۆزلەڭلار ، دىققەت، ھازىر خۇ تۆەنجاڭ سىلەرگە سۆز قىلىدۇ، - دېدى .
ئۇ قەددىنى بىر كېرىۋېلىپ ، سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :
_ بىز سىلەرنى ئۈچ ئاي مۇددەت بىلەن ئەسكەرلىك تەلىمنى بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدۇق ...
بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى غۇدۇراشقا باشلىدى.
_ بىر ئاي دېگەن ئىدىغۇ ؟
_ بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ؟
_ بىزنى ئالداپتۇ !
_ تىنىچ ، تىنىچلىنىڭلار ، گەپ قىلماڭلار !- دېدى ھېلقى ئوفىتسېر بويىنىنى سوزۇپ . خۇ تۆەنجاڭ دېگىنى گېپىنى داۋام قىلدى :
_ سىلەر ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىقتىن كېيىن ، جىڭدىكى چوڭ سېپىلنى رېمونىت قىلىسىلەر ، ئون سائەت ئەمگەك قىلىسىلەر ، جەمئىي ئون بىر سائەت مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمگەك قىلىشنىڭمۇ ئۆزى ھەربىي مەشىق ... تاماق ئىككى ۋاخ بېرىلىدۇ. ئەتىگەندە سەي ، موما ، كەچتە سۇيۇقئاش ، تويۇڭلار ، تويماڭلار ئارتۇق بېرىلمەيدۇ. چوڭ - كىچىك تەرەت ئەتىگەندە تۈگىتىلىدۇ. ئەمگەك ۋاقتىدا چوڭ تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ. كىمدە - كىم ئەمگەك ۋاقتىدا تەرەت قىلسا << قاچتى >> ھېسابلىنىپ ، كالللىسىدىن تۇتۇن چىقىرىلىدۇ. دەرۋازا ئالدىدا قوغداش بۆلۈمىنىڭ قورالللىق ئادەملىرى پوست تۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئىشقا چىققاندىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يولدا ماڭغاندا ئۆيان - بۇيان قارىماي ئۇدۇل ماڭىسىلەر ، قوراللىق ئەسكەرلەر سىلەر بىلەن بىرگە بېرىپ ، بىرگە قايتىدۇ. ئەمگەكتە سۇسلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. سىرتتىن غەيرىي كىشى ياكى تۇغقانلار ئىزلەپ كەلسە، ئۇلارغا ئىختىيارىي قاراشقا ، سۆزلەشكە بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ، ئىناۋەتلىك ئادەملەرنىڭ رەسمىيەتلىرى بولسا كۆرۈشكە بولىدۇ. كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ يەنە تۈزۈملەر ئورنىتىلىدۇ. شۇ تۈزۈم بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە ، ئەھۋالغا قاراپ تاپىنىغا ۋە كاسىسىغا 50 ياكى 100 دەررە ئۇرۇلىدۇ. پۇتىغا << ئۆلۈك ئات >> ئاتىنىڭ تاقىسى سېلىنىدۇ. ۋەھاكازالار ... ئەتىدىن تارتىپ رەسمىي ئىشقا چۈشىسىلەر ، سۆزۈم تۈگىدى.
ئۇ سۆزىنى مىڭ تەسلىكتە تۈگەتكەندىن كېيىن ، لى فۇگۇەن بىر قاتار مەسلىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئاندىن بۇلارنى پەيلەرگە بۆلۈپ ، ئۆزلىرى ئىچىدىن باشلىقلارنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ئاشپىزى جىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاشپىزى سىمىز، گەۋدىلىك كەلگەن 50 ياشلاردىكى ماموتئاخۇن ئىدى.
داۋامى بار..........
[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-20 17:33:37

يا پاناھ!!!!!!! مۇنداقمۇ ئىشلەتكەن بارمۇ ھە؟؟؟؟؟ ئىشەكنىمۇ ئادەتتە كۈندە بىر ئىككى ۋاق سۇغۇرۇپ، قورسقىغا تويغۇچە بىر نىمە بېرىپ، قوناق بېرىپ كۈچلەندۇرۇپ ئىشقا سالىمىز!!! بىچارىلەرنى رودىپاي قىلىۋېتىدىكەندە! ھەي ئۇلۇغ خۇدا.... خەلقىمىز تارتقان كۈلپەتلەر نىمانچە كوپ!!!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 16:24:14

[color=Blue][size=4]داۋامى
بۇلار تارقالغاندىن كېيىن ، قۇربان ئۆزلىرىگە باشلىق بولغان ساۋۇتنىڭ يېنىغا باردى - دە :
_ قاسىمنى بىزنىڭ قاتارىمىزغا ياندۇرۇپ كەلسەك بوپتىكەن ، - دېدى بوش شىۋىرلاپ .
_ بولىدۇ ، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي ، سىلەر تامىقىڭلارنى ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كېتىڭلار ، - دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ .
_ ماقۇل ئەمىسە بىر ئامالىنى قىلارسەن - ھە .
_ بولىدۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي ...
ساۋۇت ھېلقى ئۇيغۇر ئوفىتسېرنىڭ يېنىغا باردى - دە ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى .
_ نېمە گەپ ؟- دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماي .
_ بايا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بىزنىڭ يۇرتلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇنى مېنىڭ پېيىمگە قېتىپ قويسىڭىز..._ ئۇ بۇ سۆزلەرنى قورۇنۇپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئېيتتى.
_ ئۇنى مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوقتى ... بىر ئۇ بەك يوغانچىلىق قىلىپ ، ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويىدى . بىز ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم ، سەن قايتىپ تۇر، مەن ئويلىشىپ باقاي....
بولىدۇ، بولىدۇ ، ئويلىشىپ باقارسىز ... _ ساۋۇت كەينىچىلەپ مېڭىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كەچقۇرۇن ساۋۇت ھېلقى ئوفتسېر بىلەن كۆرۈشۈپ ، قاسىم جودانى شۇ يەردىكى ھەربىي دوختۇرخانىغا كۆرسەتتى. كۆزەينەكلىك دوختۇر ئۇنى كۆرۈپ :
_ ھەي مۇشۇنداقمۇ ئۇرۇۋەتكەن بارمۇ ؟ _ دېدى ئېچىنىش بىلەن بېشىنى چايقاپ ۋە قاسىم جودانىڭ يارىسىغا ئاز- تولا دورا سۈركەپ تېڭىپ قويدى. قاسىم جودا غەزەپتىن تىترەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنجايتتى. كۆزلىرى قەھرلىك چاقنايتتى.
ساۋۇت ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتاققا ئېلىپ كىردى- دە :
_ بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار ، - دەپ جىلكىلىگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.
ئۇلار قاسىم جودانى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇشتى.
_ بۇلار ئادەم ئەمەس ، يىرتقۇچلاركەن ، ھېلقى نېمىنى خېلى ياخشى نېمە ئوخشايدۇ دېسەم ، ئۇمۇ جاللاتلارنىڭ شېرىكى ئوخشايدۇ ، - دەپ ئاچچىقلاندى مۇھەممەت گاڭگۇڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ .
_ بۇلارنى بىزنى ئالداپتۇ ، بىر ئاي دەپ ئەكەلگەن ، ئەمدى ئۈچ ئاي دېدى ، بۇلارنىڭ مەقستى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش ئەمەس، ئەمگەك قىلدۇرۇش ئىكەن ! - دېدى ياسىنجان قايناپ سۆزلەپ .
_ ھازىرچە ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ تۇرايلى . ئاچچىقلىنىش بىلەن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. - دېدى قۇربان غەمكىن ھالدا .
_ ھەي نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان ، بىز قاچانغىچە بۇلارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ ياشايمىز. خۇدا بۇيرۇسا بۇ يەردىن قۇتۇلسام ، بۇلاردىن قىساس ئالماي قويمايمەن ..._ دېدى قاسىم جودا ئىنىجىقلاپ تۇرۇپ .
_ ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت دېگەن سۆز بار ، ئالدىرىمساق بىزگىمۇ كېلىدۇ، كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرنىڭ ئالدىدا خار بولمىغان ، - دېدى قۇربان كەسكىن قىلىپ .
_ توغرا دېدىڭ ، - دېيىشتى باشقىلار بىردەك باش لىڭشتىپ .
ئۇلار ئۆز ئارا دەردىنى تۆكۈشكەندىن كېيىن شۈكلەپ ، مۈڭلۈق خىياللارغا ئەسىر بولۇشتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل غېرىبلىق ئوتى كۆيدۈرۈپ ، ئاچچىق - ئاچچىق نىدا قىلدۇراتتى. ئۇلار ئايىغى چىقماس ئوي - خىياللاردا پۇچىلىناتتى. بۈگۈن قانداق ئىش سەۋەب بولدىكى ، بۇلارغا بىر كۈن دەم ئېلىش بەرگەندى .
ئەتىسى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇش پۇشتىكى چېلىنىپ ، ياتاق - ياتاقلارنىڭ ئىشىكلىرى ئەنسىز قېقىلدى.
_ نېمىدىگەن سەھەردە ئويغانغان گەپ بۇ ؟- دېدى قۇربان كۆزىنى ئاران ئېچىپ ، كىيىملىرىنى ئىزدىگەچ .
باشقىلارمۇ غودۇرىغىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .
_ قاسىمنى قانداق قىلىمىز ؟ - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ قۇربانغا قاراپ .
_ مەن ساۋۇتقا دەپ باقاي .
ئۇلار سىرتقا چىققاندا ، تاڭ تېخى يورىمىغانىدى . سالقىن شامال يۈزلەرنى يېنىك سىپاپ ئۆتەتتى. قەيەردىندۇر ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
_ ساۋۇت قاسىمنى بۈگۈنگىچە ...
_ بولدى ئۇ بۈگۈن دەم ئالسۇن ، مەن دەپ قويدۇم ، سەپكە تىزىلىڭلار ، ھەربىي مەشىقنى تۈگىتىپ تاماق يەيسىلەر ، ئاندىن ئەمگەككە بارىمىز، مېنى گەپكە قويىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار .
_ ئۇنداق ئىشنى قىلمايمىز، خاتىرجەم بول ، ياخشى سەن بىزگە باشلىق بولۇپ قاپتىكەنسەن ، بىر يۆلەنچۈك دېگەن .
_ تېز بولۇڭلار ھەربىي مەشقنى باشلايمىز !- بىرى ئەنسىز ھالدا كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرىدى .
داۋامى بار......
[size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 16:36:44

رەھمەت سىزگە دوستۇم نازاكەت! سىز يوللاپ كېلىۋاتقان بۇ ئەسەر ھەر كۈنى بىر سان، كوپ بولسا ئىككى سان چىقىدۇ! مەن ھەربىر سانى چىققان زاماتلا ئوقۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن... بولسا سانلىرى تېزرەك چىقسا دوستۇم[em50] بەك ساقلاپ كېتىدىكەنمەن..........[em79]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 17:43:53

ئەسسالام كۆسەن ئەپەندىم ، مېنىڭمىغۇ تېزرەك يوللاپ سىلەرنىمۇ تېزرەك بۇ ئەسەردىن تولۇق خەۋەردار قىلغۇم بار، ئەمما ئامال يوقكەن ، خىزمەتنىڭ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپلا چىقىرالايدىكەنمەن . خۇدايىم بۇيرىسا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تېزرەك يوللاپ تۇرىمەن . سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت!!!![em72]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 18:08:40

[color=Blue][size=4]داۋامى
ھەربىي مەشىق باشلاندى. يۈگۈرۈش، ئۆمىلەش، سەكرەش ...
كىم مەشىقتە سەل بوشاڭلىق قىلسا ، شۇنىڭغا جازا تايىقى تېگەتتى.
_ ھەرىكەت تېز بولسۇن ، چەبدەس بولۇڭلار، ھەي ھاڭۋاقتىلىق قىلما ، ھېلى بىكار ھارام تاياق يەيسەن ...
بۇ جاپالىق مەشىق ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىدى. ئىككى كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھەممىسى ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ھەربىي مەشىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئاتنىڭ كۆزىدەك موما بىلەن گۆشسىز سەي بېرىلەتتى.
_ ھەي مۇشۇ تاماق بىلەن قانداقمۇ ئەمگەك قىلارمىز ،ئەجەپمۇ تۇتۇلۇپ قاپتىكەنمەن ، شۇ ۋاقىتلاردا بىر يەرلەرگە كەتسەمچۇ ؟ ئىسست..._دەپ ھەسرەت چەكتى ئەمەت دېگەن بىر يىگىت .
_ بۇ پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلىكىمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆڭلىنىدۇ ، چىداش كېرەك ، بىز ھەققەتتىنى بىر كۈنى تاپىمىز، - دېدى قۇربان چوكا بىلەن سەينى قىسسۇېتىپ .
_ ھەربىي مەشقنى ئۆگىنىپ قويغىنىمىزمۇ ياخشى ، بىر كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالىدۇ، - دېدى ياسىنجان .
_ ھەربىي مەشىق قىلسامۇ ھەممىگە تەييار ئىدىم ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ مۇشۇ تاماق بىلەن قانداقمۇ كەچ بولار ؟- دېدى ئەمەت يەنە .
_ روزى تۇتتۇق - دە، - قۇربان مىيىقىدا كۈلدى.
ئۈچىنچى كۈنى چۈشلۈك تاماق يەۋاتاتتى. ئوفتسېرنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.
_ بولۇڭلار ، تاماقنى تېز يەڭلار، ماڭىمىز.
ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تەسلىكتە تۇرۇشتى . قوراللانغان ئەسكەرلەر ئۇلارنى قورشاپ ئېلىپ مېڭىپ ، چوڭ دەرۋازىدىكى پوستلار ئالدىدىن ئۆتتى. گومىنداڭچىلار بۇلارنىڭ بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا خىللانغان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ ماڭاتتى.
ئۇلار جىڭنىڭ چوڭ سېپىل تۈۋىگە كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈندى . بىر قىسمى كېسەك قويۇشقا ، يەنە بىر قىسمى سېپىلنىڭ ئۈستىنى تەكشىلەپ تام ئېتىشكە بۇيرۇلدى.
بۇ سېپىل مىڭ مودىن ئوشۇقراق دائىرىنى ئېگىلىگەن بولۇپ ، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، 24 ئورۇندا پوتىيى بار ئىدى. سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز مېتىردىن ئارتۇقراق ئىدى. مۇشۇنداق ئۇزۇنلۇق ئۈستىگە يەنە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ، يېرىم مېتىر كەڭلىكتە تام ئېتىش، تۆت تەرەپكە ، دەرۋازا ئۈستىگە تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە پوتەي ياساش، سېپىل سىرتىدىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر ، كەڭلىكى ئىككى مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ مېتىردىن ئوشۇقراق قىلىپ خەندەك كولاش ئۆز يۇرتىدا غېرىبلىق تارتىپ يۈرگەن پېقىرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.
ئىش باشلىنىپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى كوكىراپ كەتتى. كەچ كىرىشكە تېخى بالدۇر ئىدى.
<< نېمە ئىش بۇ ؟ بۇلارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ >> دېگەننى ئويلىدى كېسەك قويۇۋاتقان قۇربان .
_ تېز ، تېز ئىشلىمەمسەن چەنتۇ !- دېدى مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەسكەر قۇربانغا ۋارقىراپ .
_ ئىشلەۋاتىمەنغۇ ؟- دېدى قۇربان توڭلۇق بىلەن .
_ ۋاقىرايسەنغۇ ؟- ھېلىقى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مىلتىق پايىنكى بىلەن قۇرباننىڭ كۆكرىكىگە بىرنى سالدى. قۇربان كەينىگە داجىپ ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ ، ئۆز ئىشى بىلەن بولدى . يەنە بىر نېمە دېسە تاياق يېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.
ئۇدەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، چوڭقۇر تىنىدى.
_ ھوي سەن ئولتۇرسەنغۇ ؟
_ تەرىتىم قىستاپ كەتتى.
_ ئەتىگەن نېمە ئىش قىلغان ؟
_ كەلمىسە قانداق قىلىمەن .
_ تۆرە ، ئاناڭنى چەنتۇ !- ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ھېلىقى بالىنى توقماق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرىۋەتتى. ئۇ ئىشتان بېغىنى تۇتۇۋېلىپ ، ھەر تەرەپكە دومىلاپ ۋارقىرايتتى. بۇ تەرەپكە كەلگەن بەش ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلىشەتتى. ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپەتتى. ئۇنىڭ قولى ئىشتان بېغىدىن چىقىپ كېتىشىگە ئەسكەرلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
_ ئاۋۇنى قارا يالىڭاچ ... ھا... ھا... ھا...
ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنىلغانلار بۇنىڭغا قاراپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەشتى. غەزەپ - نەپرەتتىن تەنلىرى چايقالدى. ئاخىرى ئامالسىز ھالدا غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشتى .
كەچ كىرگەنسېرى ئۇلار دەرمانسىزلىنىپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. باشلىرى قايدى . شۇ ئارىدا بىر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.
_ ماۋۇ ھارامزادىنى ئۇرايلى كېلىڭلار !- دېدى شەپكىسىنى كۆزىگە چۈكۈرۈۋالغان بىر ئەسكەر ئەتراپقا قاراپ ۋاقىراپ .
بىر نەچچە ئەسكەر كېلىپ ، ھېلىقى بالىنىڭ ئالىقىنىنى ئاچقۇزۇپ ، تاياق بىلەن ساۋىدى . ئاندىن تاپان ۋە كاسىسىغا توختىماستىن ئۇرغىلى تۇردى. پىچىلغان يەرلەردىن قىپقىزىل قانلار توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. ھېلىقى بالا ئاچچىق ۋارقىرايتتى . نالە بىلەن ئىڭرايتتى.
_ ۋايجان ! بولدى قىلىڭلار . يامان ئاغرىپ كەتتى... بولمىدى ...


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بىر ئادەم ئۆلگەنگە ھېچ ئىش بولمايدۇ ، - خىرىلداپ كۆلدى چىرايىدا قان دىدارى يوق بىر ئەسكەر .
_ ئۇ ھوشىدىن كەتتى. بولدى قىلىڭلار ، بولار بولمىسا كىم ئىشلەيدۇ بىزگە ، بولدى قىلىڭلار ، ئۇ بىردەم ئارام ئالسۇن .
_ ئۇ ئاشۇنداق يالىڭاچ ياتامدۇ ...
_ ياتسۇن ، تاشلاپ قويۇڭلار .
ئۇلار كۆلۈشكىنىچە تارقاپ كېتىشتى . ئەتراپتا ئىشلەۋاتقانلار بۇنى كۆرۈپ ، يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى- دە ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.
_ ئاھ خۇدا بىزنى كۆرۈۋاتامسەن ؟ بىز قانداق كۈندە ياشاۋاتىمىز, بىز نېمە بولغاندا بەندە ؟- دەپ نىدا قىلدى ئەمەت .
ئۇلار ئىشتىن يانغاندا ، ھېلىقى بالىنى بىر نەچچەيلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئەسكەرلەر ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كېتىپ بارغان تۇتقۇنلارنى ئىتتىرىپ ، سىلكىپ تېپەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي كۆلۈشەتتى.
تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ، ئىچ- ئىچىدىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى.<< ئىھ، خۇدا بىزگە ھېچ نەرسە ئاتا قىلمىساڭمۇ ، قورال بەرگەيسەن ... >> دەپ نىدا قىلىشاتتى. ۋۇجۇدىنى چىرماۋاتقان خورلۇق ، قايغۇ - ئەلەملەر دەستىدىن بوغۇلۇپ ، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى.
داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-21 21:59:42

توۋا... مۇشۇنداق كۈنلەرنى ساپتىكەن ھە ........... شۇنداق تۇرۇپ نىمشقا ئىشىنىدۇ بۇلارغا؟؟؟ نىمشقا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلىدۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ ئاز.... بىزگىمۇ ئاز.... شۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جەنۇپتا ئاقسۇنى، شىمالدا ئۈرۈمچىنى بىسۇۋەتكەن بولسا غىلىك قىلالامتى بۇ جاللاتلار!!! ھەي تەقدىر ھەي تەقدىر!!!

جىلىك بىر كورۇپ كەلگىچىلىكى بار ناھىيەدەك قىلامدۇ نىمە؟ شۇ قەدەر سىپىللارنىڭ ھازىر ئىزى بولمىسمۇ باردۇ ھە؟ جىڭدىن توردا شلار بارمۇ؟؟؟؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 11:50:38

[size=4][color=Blue]ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ بارغاندا ، بىر قاچىدىن بېرىلگەن سۇيۇقئاش ئۇلارغا شۇنداق تېتىپ كەتتى. بىراق ، ئىككىنچى قاچا يوق ئىدى . ماسۇتئاخۇن ئاشنى بالدۇرراق سىلىپ سۇيۇقئاشنى قويۇقراق قىلغانىدى . ئۇ بىر قاچا ئاشنى ئىچىپ بولۇپ ، يەنە ئۇمىدتە تەلمۈرگەن كۆزلەرگە قاراپ ، ئىچى سىرىلىپ كەتتى. نېمە ئامال ؟ قازان بېشىدا كۆزىتىپ تۇرغان كۆزلەر تۇرسا ، << ھەي بۇلارغا ئۇۋال بولدى >> دەيتتى ئۇ ئىچىدە .
ئۇلار ياتاققا كىرىپ ، ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئېزىلىپ يېتىپ كېتەتتى.
_ قانداقراق بولۇپ قالدىڭ قاسىم ؟- دېدى قۇربان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ .
_ ھازىر ئازىراق ياخشى ، ھەي ، ئۇ گۇيلار بەك ئۇرىشىۋېتىپتىكەن ، خېلى قىينالدىم . ئاناڭنى ، خەپ ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن !- ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق ياشلار پەيدا بولدى،- مۇشۇنداق ياشايمىزمۇ ئەمدى...
_ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، خۇدا بىزگىمۇ ئاسانلىق بېرىدۇ، - دېدى ياسىنجان ئۆكسۈسىغا يېتىپ .
_ ئادەم ئۆزى چارە قىلىپ يول تېپىشى كېرەك ، - دېدى قۇربان پەرىشان ھالدا .
_ بىز بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق ھارام ئۆلۈپ كېتىمىز، - دېدى قاسىم جودا .
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇھەممەت گاڭگۇلۇق ئېغىز ئاچتى :
_ شۇنداق قىلايلى ، نېمە كۆرسەك كۆرمەمدۇق ، قاچايلى .
_ ئېغىزىمىزغا ئاگاھ بولايلى ، تۆت تامنىڭ قۇلىقى بار ، - دېدى قۇربان .
ئۇلار چوڭقۇر تىنىشىپ ، ئېغىر خىياللارغا چۆككىنىچە ئۇيقۇغا كېتىشتى .
قاسىم جودا ئاپىسىنىڭ سولغۇن ھالىنى ئەسلەپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى... << ئۇ كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟ داۋۇتكام شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتاندۇ ، چوقۇم بىر ئىشنى پىلانلاۋاتىدۇ ، بۇ يەردىن قېچىپ كەتسەم... ئاپام قانداقراق تۇرغاندۇ ؟>> ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر تۈرلۈك خىياللار ئەگىيتتى...
كۈندە تەكرار - تەكرار داۋام قىلىۋاتقان ئېغىر ئەمگەك تۇتقۇنلارنىڭ مادارىنى كەتكۈزۈپ ، ھالسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئۇلارنى تىللاپ ، دۇشكەلەپ ، مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇراتتى. ئىش مەيدانىدا ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەنلەرنىڭ بەل ، پۇت ، ئالىقانلىرىغا ۋەھشىيانە ھالدا پالاق بىلەن ئۇراتتى. تاياق تەگكەن يەرلەردىن قانلار تىرىڭلاپ ئاقاتتى. تاياق زەربىسىدىن لېۋىنى چىشلەپ تولغىنىپ كېتىپ بارغان باللار جېنىدىن جاق تويياتتى||ئەسكەرلەرگە ئۆچلىكى كېلىپ ، مېڭىلىرى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئەسكەرلەر بولسا ئۇرۇپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

**هالىدىن كەتكۈزۈەتكەنلەرنى يەنە تېپىپ :**
**_ ئۆلە هارامزادە ئېشەك !- دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى.**
**مۇشۇنداق هالسىزلىنىپ يىقىلغانلارنى ئۇرۇش زەربىسىدە تەمشتەك بالا كارغا كەلمەس بولۇپ يېتىپ قالدى. دوختۇرلار ئۇلارنى داۋالاپ كۆرگەن بولسىمۇ ، چوڭ ئۈنۈم هاسىل قىلالمىدى . بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى. بۇلارنى ئۇلار بىر كېچىدىلا جىمجىتلا كۆمۈۋېتىشتى. كېيىن ئۇلار بۇلارنى ياتاقداشلىرىغا : << سالامەتلىكى ياخشى بولماي ئائىلىسىگە يولغا سېلىۋەتتۇق >> دەپ ئۇقتۇرۇپ قويىدى. سالامەتلىكى سەل ئەسلىگە كەلگەنلەرگە ئىككى چوڭ هاجەتخانا سېلىش بۇيرۇلدى. بۇلار ئامالسىز هالدا ، يەنە يارىلانغان تېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئىشقا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى تىنىمسىز يالقۇنجايتتى.**
**داۋامى بار.....[/color][/size]**

---

**يوللىغۇچى: kosan**
**يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 12:02:06**

**هەر كۈنى كۈلۈبقا كېلىپ تۈنجى قىلىدىغان ئىشىم مۇشۇ ئەسەرنىڭ يېڭى سانىنى كورۇش بولۇپ قالدى!.... رەهمەت سىزگە قارامايلىق دوستىمىز نازاكەت![em72]**
**قولىلىرىڭىز هارمىسۇن!**

**مەن بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئوز ۋاقتىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان زور - زور سېپىلارنىڭ، قورغانلارنىڭ قانداق قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.... بۇرۇن ئەسەرلەردە ئاجايىپ مۇستەهكەم قورغانلار دېيىلسە ئانچە ئېرەنشمەيلا، شۇنداق مۇستەهكەم قورغىنى، سېپىلى باركىنا دەپلا ئوتۇپ كېتەتتىم، بۇ سېپىلارنىڭ قانداق بەرپا قىلىنغانلىقى هەققىدە بىر نەرسە بىلمىگەنىكەنمەن.... ئەسلىدە ئۇ يىگىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن ياسالغانىكەندە!**

---

**يوللىغۇچى: Nazakat0909**
**يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 12:32:29**

**ئاپلا كۇسەن ئەپەندى ، مەن قارامايلىق ئەمەس جۇمۇ قارامايىنىڭ رايونى نومۇرى 0990، مەن بورتالادىن (0909) ...**
**كۆپ رەهمەت !!![em80]**

---

**يوللىغۇچى: kosan**
**يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-22 13:10:48**

**ئو......... ۋاي ئاللا!!!!!!!! قارا قارا يۇرتۇمنىڭ هەربىر ئوي- دوڭلىرىنى پىششىق بىلمەن دەپ يۇرۇپ مانا هالىمنى كورۇڭ! ئەپۇ قىلىڭ دوستۇم نازاكەت خاتالىشىپتىمەن.... ئىشقىلىپ مەن پەقەتلا كورۇپ باقمىغان، ئەمما كورۇشنى هەر ۋاقىت ئارزۇ قىلىدىغان يۇرتلارنىڭ بىرىدىنكەنسىز! ئاللاه شادلىق يار قىلسۇن! قەلىمىڭىز هارمىغاي دوستۇم!**

---

**يوللىغۇچى: kosan**
**يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 12:32:27**

**ئەسسالام دوستۇم... ئەسەرنىڭ ئاخىرقى سانلىرىنى ساقلاپ قالدىم.... قاچان چىقار؟**
**ئۇلارنىڭ ئەهۋالى كېيىن قانداق بولغاندۇ؟ ئۇلار بۇ جوهۇتلار قولىدىن قۇتۇلغانمىدۇ؟؟؟**

---

**يوللىغۇچى: Nazakat0909**
**يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 15:12:50**


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]قاسىم جودا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ، ئىغىر << ئۇھ >> تارتتى- دە :
_ بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ ؟ - دېدى .
_ شۇنداقتەكمۇ تۇرىدۇ. پىتمۇ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ . بەزىلىرىمىز قوتۇرلىشىپمۇ كەتتۇق ، - دېدى ئەمەت خۇيىلانغان ھالدا .
_ بۇلارنىڭ زۇلمى ھەددىن ئېشىپ كەتتى. ئاڭلىساق بۇلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن باللارنى مەخپى كۆمۈپلا جىمىقتۇرۇۋېتىپتۇ ، ساۋۇت شۇنداق دەيدۇ ، - دېدى ياسىنجان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .
_ ئۇششۇك ھەرىسى ئۆلەر ۋاقتىدا يامانلىشىپ كېتىدۇ، - دېدى قۇربان .
_ بىزى ئەتە جىگدە كەسكىلى ئېلىپ چىقىدىغان گەپ بارغۇ ؟ ئەجەپمۇ ئىشى تولا خەققەن بۇ ، بىز قۇل بولدۇققۇ ئەمدى ، بۇنداق ياشىغاندىن بىرىنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلگەن ياخشى ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، - ئادەمگە ھامان بىر ئۆلۈمغۇ ؟
_ توغرا دېدىڭ ، شۇنداق قىلايلى ، ئۇلارنىڭ بىرىنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلسەك ئارمان يوق ، - قاسىم جودا غەزەپ بىلەن مۇشتىلىرىنى تۈگدى.
_ ھازىرچە ئۆزىمىزنى بېسىپ تۇرايلى ، ئاچچىق ئەقلىنى كېسىدۇ . شۇڭا ئوبدان ئويلىنىپ بىر ئىش قىلايلى ، - دېدى قۇربان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .
_ قاچانغىچە ئاچچىقىمىزغا ھاي بېرىپ ياشايمىز ؟
_ شۇنداق ، ئۆلسەك ئېلىشىپ ئۆلەيلى ، جاندىن تويدۇق
_ قانغان قان ، جانغا جان ئالمامدۇق !
_ قىزىق قانلىق قىلمايلى ، ئەتىگىچە بىر ئويلىشىپ كۆرەيلى ، ئۇلاردا قورال بار، بىر نېمە دېسەكلا ئېتىپ تاشلايدۇ . ھازىرغىچە چىدىدۇق . يەنە ئاز ۋاقىت چىداپ تۇرايلى . بىكار ئۆز پۇتىمىزغا ئۆزىمىز پالتا چېپىۋالمىز. بۈگۈنچە ئۇخلاپ ئارام ئالايلى ....
_ بوپتۇ ، شۇنداق قىلايلى . ئەمىسە ئۇخلىدۇق . ئەي خۇدا بۇ دوزاخ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن ...
ئەتىسى راست دېگەنەدەك يىگىرمە ئادەمنى باجاڭجۇغا جىگدە كەسكىلى ئېلىپ چىقتى . بۇلارنىڭ يىگىرمە كۇنلۇك ۋەزىپىسى مىڭ هارۋا ئوتۇن ئىدى . ئۇلار بۇلارغا ئىنتىك پالتا بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، تامدەك گال پالتا بېرىشتى .
ئەسكەرلەر نېرىدا تۇرىۋېلىپ ، مىلتىقلىرىنى بەتلىگىنىچە تۇتقۇنلارغا ھەيۋە قىلاتتى.
_ ھە تېز ، تېز بولۇڭلار ، ۋەزىپە ئورۇندالمىسا ، قانداق بولىدىغانلىقىڭلار ئۆزەڭلارغا مەلۇم . تېز ئىشلەڭلار ، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن .
قاسىم جودا گال پالتىنى جىگدە شېخىغا بار ئۆچىنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغانەدەك زەردە بىلەن ئۇراتتى. قۇربان كەسلەنگەن ئوتۇنلارغا هارۋىغا بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . باشقىلارمۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتاتتى. بۇلار شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ كېشى بېشىغا بىر هارۋىدىن ئوتۇننى ئاران كەسلىدى.
قۇياش تاغ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، زېمىنغا گۇگۇم پەردىسى بارا - بارا يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى . مەيىن شامال يۇزلەرنى سىپاپ ئۆتەتتى. نەلەردىندۇر مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشا ئېيتىۋاتقان بايخانەدەك قىلاتتى. تۇتقۇنلار ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، بىرىدىنلا ئىشتىن توختاپ قېلىشتى. << بايخان ...>> دەپ پىچىرلىدى قۇربان .
_ بولۇڭلار تېز، ئەمدى قايتىمىز - دېدى جۇدىنى ئۆرلەپ قالغان بىر ئەسكەر قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى .
ئەسكەرلەر بۇلارنى قورۇ ئىچىگە ھەيدەپ كېلىشكە ، ھېلقى ئەسكەر ئۇنلۇك ۋارقىرىدى.
_ بۇلارنىڭ ھەممىسنى دەرەخلەرگە ئېسىڭلار !
_ بىز نېمە گۇناھ قىلغان ؟ - دېدى ياسىنجان خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەپ .
_ ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنلىمىدىڭلار ، يەنە گەپ ياندۇرىسەنغۇ ؟
بىر نەچچە ئەسكەر بۇلارنى بىر - بىرلەپ ، دەرەخكە ئاستى .
_ جىگدە ياغىچى بىلەن ئۇرۇڭلار .
_ سىلەر بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسلەر !- دەپ ۋارقىرىدى ، قۇربان جان ئاچچىقىدا .
_ سەن دېگەن ھارام تاماق ، ئۇرۇڭلار !
جىگدە شېخىنىڭ ھەر بىر تىكىنى سانجىلغاندا ، ئۇلار ئاچچىق ئىڭراپ تولغىناتتى. لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ قان چىقىرۋېتەتتى.
_ قاتتىق ئۇرۇڭلار ! ياخشى ئىشلىمىگەننىڭ جازاسىنى تارتسۇن بۇ جەنتۇلار .
يالىڭاچ بەدەنگە سانجىلىۋاتقان تىكەن ، زەھەردەك تىل - ھاقارەت ئۇلارنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتمەكتە ئىدى . تۇتقۇنلار بۇلارغا قاراپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ باشلىرىنى يەرگە سېلىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ئۆز سەپداشلىرىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىغا چىدىمايۋاتاتتى...
_ كىمكى ياخشى ئىشلىمىسە ، ئاقىۋتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، ئاڭلاشتىڭمۇ ؟
ئۇلارنىڭ ھېچقايىسسى ئۈندىمىدى .
_ ئاڭلاشتىڭمۇ دەۋاتىمەن !؟
ئاندا - ساندا << ھە >>دېگەن سادالار ئاڭلاندى .
_ ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈپ ، سۆرىگىنىچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بۇلارغا كۆنۈپ قالغان دوختۇر بۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تىكەنلەرنى تېرىپ ئېلىۋېتىپ تېڭىپ قويىدى . ئۇ ئەسكەرلەرگە ئالىيىپ قارىدى - دە ، يەنە بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى .
داۋامى بار ... [/color][/size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-23 17:12:46

خۇدايا مىلك توۋا دىمىسە ................ نە ئىنساپ نە رەھىم بۇ ئىتلاردا ھە؟؟؟؟؟ پۇشتى نەدىن پۈتكەن جان باقتى ھارامتاماقلىدۇ بۇ دەيمەن شۇنداقمۇ قىينىغان بارمۇ؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-24 13:57:57

[size=4][color=Blue]ئۇلار تاماقلانغاندىن كېيىن ، ياتاقتا ، ۋايىسغىنىچە ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا ئاستا تاشلاشتى.
_ بۇ ئىش بولمىدى، - دېدى قۇربان ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ، _ ئەمدى قېچىشنىڭ يولىنى ئىزدەيلى . ئىزدەنسەڭ چوقۇم قېچىشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.
_ شۇنداق قىلايلى ، بولمىسا بۇلارنىڭ قولىدا هارام ئۆلۈپ كېتىمىز ، - دېدى قاسىم جودا ئېغىر پۇشۇلداپ تۇرۇپ .
_ ئۇنداقتا قانداق قاچىمىز ؟- ئەمەت شۈبھە بىلەن سورىدى .
_ ئاۋۋال بىز ماۋۇتئاخۇنكامدىن يول سورايلى ، ئۇ ئادەمنىڭ نىيىتى دۇرۇستەك قىلىدۇ ھەم بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .
_ توغرا شۇ ئادەمدىن سورايلى ،- دېدى بۇلارنىڭ ئارىسىغا يېڭىدىن قېتىلغان ئاۋۇت دېگەن بىرى .
_ بۇ ئىش ناھايىتى مەخپىي بولسۇن ، ئاشكارىلىنىپ قالسا ، ھالىمىز خەتەر ، ھەممىمىز تەقدىرداش ئادەملەر ، شۇڭا بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىپ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇۋاتىمىز ...- دېدى قۇربان چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ .
_ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ، ھەممىمىز سىر ساقلايمىز . ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلالمىساق قانداقمۇ بىر ئىش قىلالايمىز ؟
_ ئەمدى قورقىدىغان يەردىن ئۆتتۈپ كەتتى. بۇلاردىن شەپقەت كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تىلىگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالدى.
_ ئەتە بىزنى يەنە ئىشقا ئاچىقارمۇ ؟
_ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ .
_ مۇشۇ ھالىمىز بىلەن قانداقمۇ ئىشلەرمىز ؟
_ ساۋۇتنى يالغاندىن باشلىق قىلىپ قويۇپتىكەن بۇلار .
_ ۋاي ، ۋاي ئەجەپ ئاغرىدى . شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ ؟ جاللاتلار ...
ئۇلارنى ئاغرىق ئازابى قىيناماقتا ئىدى. جاراھەتلەنگە يەرلىرى ئېچىشىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. ئۇلار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، چوڭقۇر تىناتتى.
سەھەر ، ھەربىي مەشقتىن كېيىن، جىددىي يىغىلىشقا بويرۇق قىلىندى. ھەممە ئەسكەرلەر پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى .
خۇ تۆەنجاڭ ، لى فۇگۇەنلەر چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ بۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .ھېلىقى ئۇيغۇر ئوفىتسېرمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇراتتى .
_ بىزنىڭ تۈزۈممىزگە رىئايە قىلماي ،- دېدى خۇ تۆەنجاڭ ئۈنلۈك قىلىپ ،- بىر قىسىم كىشىلەر قاچماقچى بولۇپ ، يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن ...
قۇربان ، قاسىم جودا ، ياسىنجانلارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى- دە : << ھەي ئىچىمىزدىن خائىن چىقىپتۇ >> دېگەننى خىيال قىلىشىپ ، گۇماننى ئاۋۇتقا مەركەزلەشتۈردى. رىست، دېگەندەك قاچماقچى بولغانلارنىڭ تىزىملىكى ئېچىدە ئاۋۇتنىڭ ئىسمى چىقمىدى . خۇ تۆەنجاڭ ئالدىنئالا ھەر بىر ياتاقتا بىردىن جاسۇس ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى .
_ قېنى ئىسمى ئاتالغانلار ئالدىغا چىقىڭلار ، - دېدى لى فۇگۇەن توپ ئارىسىغا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ .
يىگىتلەر << نېمە قىلىساڭ قىلىشمامسەن ؟ >> دېگەندەك چىرايىرىنى تۇرۇپ ئالدىغا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ مەغرۇر ھالىتى خۇ تۆەنجاڭ بىلەن لى فۇگۇەننىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. << ماڭا باش ئەگمىگىنىڭنى بىر كۆرەي >> دەپ ئويلىدى خۇ تۆەنجاڭ .
تۇتقۇنلار ئۆز سەپداشلىرىغا قاراپ ، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. << ئۇلارنى ئەمدى قانداق قىلىشىدۇ ؟>> دېگەن ۋەسۋەسىلىك خىياللاردا پۇچۇلاندى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، خۇدادىن ئۇلارغا ئاسانلىق تىلىدى.
_ سىلەر نېمىشقا قاچماقچى بولدۇڭلار ؟- غەزەپ ئارىلاش سورىدى خۇ تۆەنجاڭ .
_ بىزنى بىر ئايلىق ھەربىي مەشىق قىلدۇرىمىز دەپ ئېلىپ كەلگەن . ھازىر ئىككى ئاي بولۇپ كەتتى. بىز بۇ يەرگە ئەمگەك قىلغىلى كەلمىگەن ، بۇ تۈگىمەس ئېغىر ئىشلار ھالىمىزنى قويمىدى ، بىز بۇ يەرنىڭ ئىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدۇق ، - دېدى ياسىنجان خۇ تۆەنجاڭغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ .
_ سىلەر بىزنىڭ تۈزۈممىزگە رىئايە قىلمىدىڭلار ، تۈزۈمنى بىز سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتقان ... تېخى سىلەر بىزگە قارشى گەپلەرنىمۇ قىلىپسىلەر ...
_ سىلەر ئادەم تىللاۋاتساڭلار، ئۇرۇۋاتساڭلار ، بىز بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمىز.
_ بۇلارنى دەرھال دەرەخكە ئېسىڭلار ! قاچماقچى بولغاننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكىن ، كۆرۈپ قويسۇن !
قۇياش قان رەڭ ئۇپۇقتىن سوزۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى زېمىنغا ئاستا- ئاستا چېچىلىشقا باشلىدى. لەرزان شامال دەردمەن يۈزلەرنى يۇمشاق قوللىرىدا سىلاپ ئۆتەتتى. زېمىن ئانا ئېغىر ئازاب ، ئارمانلىق ھەسرەتلەرگە بۆلەنگەنىدى.
دەرەخكە ئىككى قولىدىن ئېسىلغان قۇربان ، ياسىنجان ، قاسىم جودا ، مۇھەممەت گاڭگۇڭلار خۇ تۆەنجاڭ ، لى فۇگۇەنلەرگە قەھرلىك


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قادىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۇرلۇك قاراشلىرىدىن خۇ تۇەنجاڭ ۋە لى فۇگۇەننىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى- دە كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئېلىپ قاچتى. قاسىم جودا ئاۋۋتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خىيال قىلدى.

_ ئۇرۇڭلار !

يالىڭاچلانغان بەدەنگە چۈشقلار دەھشەتلىك تېگىشكە باشلىدى. ئۇلار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ چىشىنى باساتتى. چۈىق تەگكەن يەرلەردىن يول - يول ئىزلار پەيدا بولۇپ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار بارا- بارا ھالسىزلىنىپ باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى.

_ ئۇلارنى يېشىپ چۈشۈرۈپ پۇت ۋە ئالىقانلىرىغا ئون پالاقتىن ئۇرۇڭلار، بۇ ئىش كۈندە داۋاملاشسۇن !

ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولۇپ كەتتى.

زەردە بىلەن تەگكەن پالاقلاردىن ئۇلار خۇدىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى ، پۇت - قوللىرى ھەرىكەتكە كەلمەي قالدى.

_ بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قويۇڭلار ، كۈنىگە بىر ۋاخ تاماق بېرىلسۇن ! كىمدە- كىم يەنە قېچىشقا ئۇرىنىدىكەن ، بىز ئۇلارغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلمايمىز، ھازىر بۇلارنى ئاپىرىپ سۇغا چۆكتۈرۈڭلار .

بۇلارنى ئۇن كۈن ئەنە شۇنداق قىينىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يەنە قاچماسلىق توغرىسىدا ھۆججەت ئېلىشىپ ، ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇۋېتىشتى . بۇلارنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەت ئېغىزلىرى تېخى ساقايماي تۇرۇپلا، ئەمگەك قىلىشقا ھەيدىدى . ئۇلارنىڭ پۇت، قوللىرى تۈزۈك ھەرىكەتكە كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىنى تەسلىكتە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، مېڭىشقا ، ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇلار ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە ئەمگەكنى ئاستا قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئاچچىق تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ ، ۋەھشىيلەرچە ئۇراتتى. ئۇلار كېچە- كۈندۈز ئۆزلىرىگە ئاللادىن مەدەت تىلەپ ، نالە- پەرياد قىلاتتى. << ھەي ، ئۇلۇغ تەڭرىم ، بىزگە نىجاتلىق بەرسەڭچۇ ؟ بىز زادى نېمە گۇناھ قىلدۇق ؟ بەخت ھامان بىزگە تەتۈر قارامدۇ ؟ ....>>

بۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئاۋۇت قاتارلىق بىر قانچىسى قولدا سىم قامچا ئوينىتىپ ، ئۇلارنىڭ بېشىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنى كىيىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ گىدىيىپ مېڭىشلىرى قاسىم جودا، قۇربانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى.

_ خائىن ، تۇفى ، نىجاسەت چوشقا !

_ بۇ مۇناپىقلار بىر كۈنى خەلق ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ، بىزنى سېتىپ قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەر.

_ مۇناپىق دېگەن ئاخىر ئىتتىنمۇ بەتتەر كۈن كۆرىدۇ.

_ قارا ئۇنىڭ ھېجىيىۋاتقىنىنى ، ئاناڭنى !

ئۇلار يەنىلا غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-24 15:05:49

ئەزەلدىن ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىنى جوھۇت، خائىنلار ۋەيران قىلىپ كەلگەن...... مۇشۇنچىلىك كىچىك بىر ئىشتىمۇ يەنىلا خائىن! توۋا دەيمەن... بىز شۇنداق خاس خائىن چىقىدىغان مىللەتمۇ؟؟؟

ھەي.... ئەسەرنىڭ داۋامىغا بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-25 11:24:32

[color=Blue][size=4][center]3[/center]

1944- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ، ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قاراپ ھەر كۈنى نەچچە ئون ماشىنا كۆك ۋە سېرىق فورما كىيگەن قوراللىق ئەسكەرلەرنى توشۇيدىغان بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇتقۇنلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قالدى . بەزىلەر : << سوۋېتتە ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ ، شۇ يەرگە ئاپىرىدىغان ئوخشايدۇ >> دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى. بىر كۈنى قۇربان زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، تاماق ئېلىش ئارىلىقىدا مامۇتئاخۇندىن سورىدى .

_ مامۇتئاخۇنكا ، نېمە ئىش بوپتۇ ، ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا توختىماي ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدىغۇ ؟

_ ئىلىنىڭ نىلقا دېگەن يېرىدىن بۇلارغا قارشى ئالتە ئوغرى چىقىپتۇ ، ئۇلارنى بەكمۇ يامان نېمىلەر دەيدۇ ...- دېدى ئۇ ئەتراپقا پات- پات قاراپ ، بوش شىۋىرلاپ .

بۇنى ئاڭلىغان قۇربان خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەرنى تاپالماي قالدى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، زەخىملەنگەن تېنى جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى دەرھال سەپداشلىرىغا ئېيتتى.

_ پاھ ، ئەجەپ ياخشى ئىش بوپتۇ . بىز ئىككىمىز بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ ئەھۋالنى تەپسىلي ئۇقۇپ ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشايلى ، - دېدى قاسىم جودا قاتتىق ھاياجانلىنىپ .

_ ئاھ ، خۇدا ، ئاخىر بىز كۈتكەن كۈنلەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ ، - دېدى ياسىنجان چوڭقۇر تىنىپ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ مېنىڭ هازىرلا قاچقۇم كېلىۋاتىدۇ ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ماڭغاچ .
_ بىز ئاۋۋالقى ئىشتا بۇرنىمىزغا يېدۇق ، بۇ قېتىم نهايىتى سەگەك بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان بىرىنى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرىسىمىز قاچايلى . كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلارمىز ، - دېدى قۇربان تەمكىن هالدا .
_ شۇنداق قىلايلى ، خائىنلاردىن ناھايىتى پەخەس بولايلى جۇمۇ ؟ ئاۋۋت دېگەن ئادەم ئەمەس، هايۋانكەن ، دېدى ياسىنجان ئاچچىقلاپ .
_ مېنىڭ ، - دېدى قۇربان ، - ئامانبەگ دېگەن بىر تونۇشۇم بار، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەلگەن . ئۇ بۇ يەرنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرگىچە ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇپ قاسىمنى قاچۇرۇۋېتەيلى .
_ ئۇ كىشى ئىشەنچلىكمۇ ؟- ئالدىراپ سورىدى ئەمەت .
_ خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇ ئىشەنچلىك ، مەن ئەتە ئەمگەكتىن قايتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قوياي ، ھەممىمىز ئېغىزىمىزغا دىققەت قىلايلى .
بۇ كېچە ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ شېرىن بىر كېچە بولدى. سۆرە- ئايەتلەرنى يادلاپ ، ئاللادىن ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىشنى ، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشنى تىلىدى. بۇ كېچە ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي << ئالتە ئوغرى >> نىڭ چىراي - شەكلى ، تەقى - تۇرقىنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خىيال قىلىشتى. خىيالدا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، جەڭلەردە بىللە بولدى. ئۇلار يەنە داۋۇت پالۋاننى ئەسكە ئېلىشىپ ، << داۋۇتكام بۇ كۈنلەردە نەدىدۇ ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ .... >> دېگەنلەرنى ئويلىدى...
قۇربان يانچۇقىدىن چىمەنگۈل بەرگەن قول ياغلىقنى ئېلىپ مەيدىسىگە بېسىشقا تېنىگە ئىللىق بىر سىزىم يامرىدى - دە ، ئىتتىك - ئىتتىك سوقۇپ كەتتى، سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئارامسىزلاندى.
ئاسماندا ئاي غەمكىن پارقىراپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار تىنىماستىن كۆز قىسىپ جىمىرلايتتى.
ئەتىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، قاسىم جودا ، ئامانبەگ ماھۇتئاخۇن ئۇستامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سىپىلنى ياقىلاپ ، دەريا تەرەپكە قاچتى ، بىر جۈپ كۆز بۇلارنى كۆرۈپ قالدى.
بىردىنلا قورۇ ئىچى پاتپاراق بولۇپ ، ئەسكەرلەر جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى - دە ، قوراللىرىنى بەتلىگىنىچە دەريا بويى تەرەپكە چېپىشتى .
خۇ تۇەنجاڭ بىلەن لى فۇگۇەن بىئارام بولۇپ ، قورۇ ئىچىدە تاماكىنى ئۇزمەي چېكىپ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. [/size][/color]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-25 11:30:23

ھەي.......... يەنە شۇ خائىننىڭ بىر جۈپ كوزى كورۇپ قالدىغۇ دەيمەن ھە!!!! خائىن!!!!! نىمانداق پەس ئىنسان بۇ!!!

دىمەك بۇ ئىككىسىنى ئولتۇرۇۋېتىدىغان بولدى -دە!
ھارماڭ دوستۇم!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 10:47:59

[color=Blue][size=4]داۋامى
_ نېمىدېگەن چۆچمىگەن نېمىلەر بۇ ؟ يۈرىكىنىڭ چوڭلىقىنى قارا... ئاۋۇ ئوغرىلارنىڭ ئادەمنى ساراسىمگە سالىغىنى ئازدەك ... - دەيتتى خۇ تۇەنجاڭ جىلى بوۇپ .
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، قاسىم جودانى ئۇرۇپ سوقۇپ ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئامانبەگ قېچىشقا ئۈلگۈرگەنىدى . قاسىم جودانىڭ باش- كۆزلىرىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى.
_ بۇ ھارامزادە ئېشەكنى دەرەخكە ئېسىپ جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار ، ئىشلەمچىلەرمۇ ئۇچ پاقالتىن ئۇرسۇن ! - دېدى خۇ تۇەنجاڭ كەسكىن قىلىپ .
قاسىم جودانى يالىڭاچلاپ ، دەرەخكە ئاستى - دە، چىۋىق بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ قان تەپچىپ ئېقىشقا باشلىدى. چىۋىقلار يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭرايتتى. ھەر بىر چىۋىق تەگكەندە ، ئايانچلىق ۋارقىرايتتى. ئۇ ئاخىر بولالماي ھوشىدىن كەتتى.
ئەتراپتا قاراپ تۇرۇشقان تۇتقۇنلار يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ ، ئىچلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراشقا چىدىماي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، ئاچچىق تىنىشتى .
_ ھەر بىرىڭلار ، - دېدى لى فۇگۇەن ، - بۇنى ئۇچ پالاقتىن ئۇرۇڭلار ، تاپان ۋە ئالقىنىغا ... ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.
تەرجىمان ئوفتىسېر قاسىم جوداغا قاراپ ئىچى كۆيگەندەك بولدى. ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا تاڭ قالدى. << مەندە نېمە ئامال مۇشۇنداق قىلىپ جېنىمنى باقمىسام قانداق قىلىمەن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
_ ئۇرۇڭلار !- ۋارقىرىدى لى فۇگۇەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ مەن ئۇرمايمەن ،- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ قۇربانغا قاراپ .
_ ھەي ھەممىمىز نابۇت بولۇپ كەتمەيلى . يالغاندىن ئۇرۇپ قويساق بولدى ئەمەسمۇ ؟
_ ئادەمنىڭ قولى بارامدۇ ؟
_ ئامال يوق ، كېچىدە ئۇلار بىلمەيدۇ .
قاسىم جودانى قورقۇپ كەتكەن ئاز ساندىكىلىرى راست ئۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپىنچىسى پالاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بوشقىنە تەگكۈزۈپ قويىد. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلاپ ، يەنىلا ئازابلاندى. قۇربان ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭلار ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. كۆپىنچىسى قاسىم جودانىڭ بىھوش ھالىغا قاراپ ، ئۇنى << ئۆلدى >> دەپ ئويلاشتى. بۇ ئىش ئەمدىلىكتە ، ئازاب ئىچىدە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن :
_ ئۇنى كۆلچەكتىكى سۇغا چۆكتۈرۈڭلار ، - دېدى خۇ تۇەنجاڭ قاپىقىنى تۈرۈپ . ئۇ مۇشۇنداق قىلسا ، سۇ زەرنى تارتىدۇ . بىزگە يەنە ئىشلەشكە ئادەم كېرەك دېگەننى ئويلاپ قالغانىدى .
ئەسكەرلەر قاسىم جودانى مەيدىسىگىچە سۇغا چۆكۈردى . خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن قاسىم جودانى سۇدىن سۇزۇپ ئېلىشتى. ئىككى ئەسكەر ئۇنى سۆرەپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى. خۇ تۇەنجاڭ تۇتقۇنلارغا بىر ھازا پوپوزا قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا تارقىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. تۇتقۇنلار ئۈن - تىنسىز تارقىلىشتى .
ئىككى ئەسكەر قاسىم جودانى ياتاققا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى . قۇربان بىلەن ياسىنجان ئۇنى دەرھال يۆلەپ ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى. قاسىم جودا يىنىك - يىنىك ئىڭرايتتى. گەپ قىلىشقا مادارى يوق بولۇپ ، ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى.
_ ئەمەت ، سۇ ئەكەل !- دېدى قۇربان .
_ مانا سۇ ... _ ئۇ ھايالشمايلا سۇ ئېلىپ كەلدى.
_ بۇلار ئادەم ئەمەس ، يىرتقۇچ ھايۋانلاركەن ، مەن ئەمدى بۇلارغا جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم . مۇشۇنداقمۇ ئادەم بوزەك قىلغان بارمۇ ؟- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ .
_ بوشراق گەپ قىل ، بۇلار ئاران تۇرىدۇ، بىر نېمە دېسەك بىزنى قىرىپ تاشلاشتىن يانمايدۇ . - دېدى قۇربان .
_ يانمايدۇ ، يانمايدۇ دەپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق ، نېمىدىن قورقىمىز ؟ جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ.
_ توختاڭلار ، قاسىم گەپ قىلىۋاتىدۇ، - دېدى ياسىنجان .
_ مەن .... ئۆلۈپ ... كېتىپ قالسام .... ئاپامغا سالام ... ئېيتىپ ... قويۇڭلار ....
_ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما... ھەرگىز يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما ... - قۇربانىنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى ،- سەن ياخشى بولۇپ كېتىسەن .
بۇ كېچە ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىق بىر كېچە بولدى. ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە ئاچچىق خىياللارغا چۆمۈشتى.
ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، قاسىم جودا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. ياتاقداشلىرى بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى.
مۇشۇ كۈنلەردە ھەر خىل گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر :
_ ھەممىمىزنى مەشق قىلدۇرىمىز دەپ بىراقلا قىرىپ تاشلايدىكەن ، - دېيىشسە ، بەزىلىرى :
_ بىزنى شىخو ، ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىدىكەن ، ھازىر جىڭغا ئوتتۇز ھارۋا سەيسە ساپتۇ ،- دېيىشەتتى.
دېمىسىمۇ جىڭدىكى ئائىلىلەرگە نان ياقتۇرۇش ، ھارىۋىلارنى سەيسىگە تۇتۇش ئىشلىرى جىددى ئېلىپ بېرىلىپ ، خەلق بېشىدا ، گومىنداڭنىڭ قانلىق قامچىسى ئويناپ ، خەلقنىڭ ئاھۇ - زارلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى .
بىر كۈنى خۇ تۇەنجاڭ تۇيۇقسىز جىددى يىغىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ بەكمۇ خاپا كۆرۈنەتتى. ياپما قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى .
_ ھازىر سىلەرگە خۇ تۇەنجاڭ سۆز قىلىدۇ ، - دېدى ھېلىقى ئۇيغۇر ئوفىتسېر .
خۇ تۇەنجاڭ گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى :
_ بىز سىلەرنىڭ ئاتا- ئاناڭلارنى ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ ، يۇرتىڭىز چوڭلارنىڭ تەلىپى بويىچە سىلەرنى قويۇۋېتىشنى ، ئائىلەڭلارگە قايتۇرۇشنى ئويلاشتۇق . شۇڭا ئائىلەڭلارگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىمىزنى ، سىلەرگە ياخشى قارىغانلىقىمىزنى ، ھەربىي مەشقنى ئوبدان ئۆگەتكەنلىكىمىزنى ئېيتىڭلار ھەم سىلەر يامان كىشلەرگە ئارىلاشماي ، ئىش- ئوقىتىڭلارنى قىلىڭلار .
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن تۇتقۇنلار خۇشال بولۇشۇپ ، چاۋاك چېلىشىپ ، سەكرىشىپ كەتتى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، تەنلىرىگە قايتا جان كىرگەندەك بولدى.
_ ئوڭىمىزمۇ ، چۈشىمىزمۇ بۇ ؟
_ بۇلارنىڭ ئەجەپ بىزگە رەھمى كېلىپ قاپتۇ .
_ ئۆمرۈمدە بۇنداق خۇشال بولۇپ باقماپتىكەنمەن .
_ ئاھ خۇدا ، رازىمىز ساڭا يېتىپتۇ .
خۇ تۇەنجاڭ ئەسلى ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشنى پىلانلىغان ، كېيىن پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە يۆتكىمەكچىمۇ بولغان . لېكىن يۇقىرىدىن بۇلارنى دەرھال قويىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەچكە ئۇ ئامالسىز قالدى. شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنى رەھىمدىل كۆرسىتىپ ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى.
تۈن كېچە ، ئاچ قورساق يۇگۈرۈپ كېتىپ بارغان تۇتقۇنلار پاتراق يۇرتقا بېرىپ ، قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. قۇربان ، قاسىم جودا ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، ئەمەتلەر داۋۇت پالۋان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئىنقىلاب ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ ، قىساس ئېلىشنى خىيال قىلىشاتتى. شۇ خىيال ئۇلارغا روھى ئوزۇق بولۇۋاتاتتى.
ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بۇلارغا ئاق يول تىلىگەندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى....
داۋامى بار ... [/color][size]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 11:06:04

رەھمەت سىزگە دوستۇم،،،، مۇناپىق، خائىنلارنىڭ رەزىللەرچە جانباقتىلىقى ئۆز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا تارىختىن بۇيان نىمە كۈنلەرنى كەلتۈرمىدى دەيمىز؟

ئاخىرى قۇتۇلدى بۇ بىچارىلەر... ئەمدى خەلقىمىز ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ بۇ باسقۇنچىلارنىڭ كاللىسىدىن تۇتۇن چىقىرىدىغان بولدى دە.... داۋامىغا تەشنامەن... ئۇلارنىڭ ئارمىيىمىزدە قانداق باتۇرلۇقلارنى كورسەتكەنلىكىنى، ئىش- ئىزلىرىنى بىلسەك دەيمەن...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:10:16

سىزگىمۇ رەھمەت كۇسەن ئەپەندىم ! قارىغاندا بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىغا سىزلا قىزىققۇاتقان ئوخشايسىز - ھە !
باشقا تورداشلارنىڭمۇ بولسا ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولسا .. ئەسەردىن ئالغان تەسراتلىرىنى قالدۇرۇپ تۇرسا دېگەن ئۈمىدتىمەن .

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:19:00

بوستانغا قانداق شەخسلەر كىرىدىكىن بىلمىدىم، كورىدىغانلار ناھايىتى كوپ، بىراق كورۇپ بولۇپ ئىككى ئېغىز پىكرىنى قالدۇرۇپ قويىدىغانلار كەمدىن كەم! لېكىن دوستۇم، بىزنىڭ مەقسىتىمىز باشقىلار كورۇۋالسا، بىلىۋالسا ئەڭ كاتتىسى شۇ... مېنىڭچە نۇرغۇن دوستلارمۇ ئوخشاشلا ئەسەر داۋامىغا قىزىقىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن! ئۇنداق ئەمەسمۇ يا دوستلار؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 12:35:47

ئۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا كۇسەن ئەپەندىم ، لېكىن يوللىغان تېمىلارغا ھېچقانداق ئىنكاس قالدۇرۇلمىسا ئادەم قۇرۇقتىن قۇرۇق ئاۋارە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن . باشتا بۇ ئەسەرگە خېلى كۆپ تورداشلار ئىنكاس يېزىپتىكەن . خېلىلا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ ھەر ھالدا ئەجرىم يەردە قالمىغۇدەك دەپ ئويلىغان . ھازىر قارىسام ئاخىرىغىچە ئوقۇپ ، بۇ ئەسەردىن چوڭقۇر تەسراتلارغا ئىگە بولۇۋاتقان سىزلا بار ئىكەنسىز ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن .
بەلكىم باشقا تورداشلارمۇ ئۈن - تىنسىز كۆرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن !
مۇمكىن بولسا كۇسەن ئەپەندىمدىن ئۆگىنىپ تەسراتىڭلارنى قالدۇرۇپ تۇرساڭلار !!! [em37]

---

يوللىغۇچى: alturuk
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 13:44:55

بۇ بەك ياخشى ئەسەر مۇمكىن بولسا ھەممىڭلار ئوقۇپ قۇيۇڭلار.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 13:54:10


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بىزنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇمىز بار ئىدى دوستۇم... بىراق مۇشۇ نازاكەت خانىم جاپادىن قورقماي ئەسەر كىرگۈزۈۋاتسا شۇنىڭغا رەھمەت دەپ قويغۇدەك ئادەم چىقمايۋاتامدا تووا.......

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 16:50:54

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئۈچىنچى باب . بىخلانغان ئىسيان [/size][/center]

_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋان ئاغىنە ، - دېدى قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەلگەنلەر ئارىسىدىكى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ .

_ ۋۇي... كېلىڭلار ، كېلىڭلار ... - دېدى ئېغىر خىياللار قايىنىمىدا ئۈزۈۋاتقان داۋۇت پالۋان قولىدىكى رەندىنى قويۇپ ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى.

_ نېمە ياساۋاتىسەن ، بىكار تۇرماپسەن - دە ؟ - دېدى ھاپىز قارى .

_ قوشنا - قولۇملارنىڭ ياسايدىغان ئىشىك ، دېرىزىلىرى باركەن ، شۇنى بىر نېمە قىلىپ قوياي دەپ ، بىكار تۇرسا ئادەمنى غەم بېسىپ قالىدىكەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان دوپپىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ غەمكىن ھالدا ، - ھە ناسىراخۇن يوقاپ كەتتىڭغۇ ؟

_ ئالۋاڭ - ياساق ، باج - سېلىقنىڭ دەردىدە مۈكچىيىپ يۈردۇق ، - دېدى ناسىراخۇن قويۇق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىگە غەم پەردىلىرى تارتىلدى.

_ ئاسىم ، داۋۇتقا قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ ھەۋەسىڭ كېلىۋاتامدۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .

_ نېمىدېگەن قامەتلىك ئادەم بۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر قارا كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاندىن ئۈزمەي .

_ قارا قاۋان سەنمۇ قاراپ كەتتىڭغۇ ؟ تاختاي قىلىپ تىلىپ باققۇڭ كېلىۋاتامدۇ ؟

_ قانچىلىك تاختاي چىقار دەپ ئويلاۋاتىدۇ - دە ... - دېدى ھاپىز قارا قارا قاۋاننىڭ ئۇستىخانلىق مۈرىسىگە ئۇرۇپ . ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋاننىڭ ئايالى نۇرخان يۈگۈرۈپ چىقتى - دە :

_ ھوي سىلەرمۇتىڭلار ، ئۆيدىن تۇردۇڭلارمۇ ؟- دېدى ئىللىقلىق بىلەن .

_ ئۆيدىن ، ئۆزىڭىز قانداقراق تۇردىڭىز ؟

_ ياخشى ، خۇداغا شۈكرى ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، ھوي داۋۇت ، بۇلارنى ئۆيگە باشلىماي نېمە قاراپ تۇرىسىز ؟

_ بۇلار يامان كۆپكەن ، مۇشۇ يەردىلا يولغا سېلىۋېتەيمىكىن دەيمەن .

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى . داۋۇت پالۋان زورىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دېمەتلىك بولۇپ ، ئوتتۇز ياشلاردىكى قىران ئەزىمەتلەر ئىدى. بۇلار ئاندا - ساندا يىغىلىپ تۇرمىسا ، كۆڭلى سېغىلىپ ، ئۆزلىرىنى ئارامسىزلانغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ ، جاپانىمۇ ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا ، بىر - بىرىگە شۇنداق ئىچەكىشىپ كېتىشكەنىدى . ئۇلار ئانچە - مۇنچە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ تۇرسا ، ئۆزلىرىنى كۆڭلى ئېچىلىپ ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىناقلىقىغا يۇرت ئەھلىمۇ قايىل ئىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

_ ئامىن ... ياخشى تۇردىڭلارمۇ ، ھە ئۆي ئىچى تىنچ - ئامان ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ، ئاندىن بىردىنلا غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن قۇربان ، قاسىم جودا ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، ياسىنجانلار نېرى بولمايۋاتاتتى. ئۇلاردىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئەندىشە ئىچىدە ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ، بىر نەچچە قېتىم جىڭغا بېرىپ ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەنىدى .

_ جىڭغا كەتكەنلەردىن ئەجەپ خەۋەر يوققۇ ؟ قۇربان ، قاسىملارنى ئەجەپمۇ سېغىندۇق . ئۇلارغا بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر ئويچان ھالدا.

جىڭغا كەتكەنلەرنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن تەڭ ئولتۇرغانلارنى خىيال بېسىپ ، جىمىپ كېتىشتى . ئۆي ئىچىنى سۈكۈت باستى.

_ ئۇلار ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسە بولاتتى،- دېدى قارا قاۋان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .

_ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھۆكۈمەتكە ياردەم سوراپ بېرىپتىكەن . ئەسكەرلەر ھەيۋە قىلىپ قوغلىۋېتىپتۇ . بەزىلىرىنى قاتتىق ئۇرغانمۇ گەپ بار ، ئادەم زۇمىگەر بولغانسېرى ، باشقىلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە ؟ - دېدى ناسىراخۇن ئاچچىق قىلىپ .

_ بۇ گومىنداڭدا ئىنساپ دېگەن نېمە قالمىدى ؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ ؟ بىردەم سەيسە دەۋاتقان ، بىردەم سېلىق سېلىۋاتقان ، نېمىدېگەن تۈگىمىگەن ئىشلار بۇ ، ھېلىمۇ بىز چىداۋاتىمىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئېسىلىپ سۆزلەپ . ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق بىلەن مۆلدۈرلىدى ، - بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە ياشايمىز ؟

_ بىز ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكۈچە شۇنداق ياشايمىز . قايسى خەلقتە ئۆزىنى تونۇش ئېڭى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ ئېزىلىش ئىچىدە ياشايدۇ . مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىمىز ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . بىز تولىمۇ نادانلىقتا ئۆتۈپتىمىز . مەن ئىلىم ئۆگەنمەي بىھۇدە ئۆتكەن ھاياتىمغا ئېچىنىمەن،- دېدى ناسىراخۇن چوڭقۇر ئويلىنىش ئىلكىدە، ئۇ كۆپنى كۆرگەن ، ئورۇنلۇق پىكىر قىلىدىغان ، كەمتەر ئادەم ئىدى.

_ گېپىڭىزغۇ توغرا . لېكىن ئادەمدە قورقماس يۈرەك بولۇشى كېرەك ، بىلىم ئېلىش بىلەن قورقماس روھ بولۇش ئادەمنى خارلىقتىن خالاس قىلىدۇ. بىزدە ھازىر نەق مۇشۇ نەرسىلەر كەم ... خوجىنياز ھاجىمدا قورقماس يۈرەك بار . شۇڭا ئۇنىڭ ئىنقىلابى راۋاج تاپتى . لېكىن ئۇنىڭدا بىلىم يوق . شۇڭا ئۇ شېڭ دۇبەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىق تىنىپ .

_ شۇ ئىنقىلاب قانداق قوزغالغان بولغىيتتى؟- دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى داۋۇت پالۋاندىن ئۈزمەي .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ قانداق قوزغىلاڭتى. ھۆكۈمەت خەلققە ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپلەپ سالغان ، ئەزگەن ، ئۆلتۈرگەن ، كاللىسىنى سىپىل دەرۋازىسىغا ئاسقان ... خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي قوزغىلىپ چىققان . خوجىنياز ھاجىم باش بولغان . مەن ئاشۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە تۇرپاندىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم . قارىسام تاغامنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ناچاركەن . شۇنىڭ بىلەن مەن تۇرپان ، قۇمۇل ئارىلىقىدا ھارۋىكەشلىك قىلدىم . كېيىن ئۆزۈمنى باسالماي بۇ قوزغىلاڭغا قېتىلىپ ئۇرۇشلاردا بولدۇم . ھازىر ئويلىسام ، شۇ ۋاقىتلاردا شۇ ئۇرۇشنىڭ قەدىرىگە تازا يەتمەپتىمەن . بىلگەن بولسا تازا بىر پۇخادىن چىقىۋالىدىكەنمەن . ئەپسۇس ...

_ ئالدىرىما ، ئىش تېخى ئالدىمىزدا ... - دېدى ناسىراخۇن .

_ ئۇغۇ شۇنداق ...

_ داۋۇت سەن ئۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانما ؟ بىزگە ئەجەپ دېمەپتىكەنسەن . بۇ نېمە ئىشلىك !- دېدى ھاپىز قارى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كەتكەندى .

_ ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدىكەن ، كىنىچىرەك دەرمەن دەپ ئويلىغان .

_ شۇ چاغدا سەن تۇرپانغا كېتىپ كەلمىسەڭ ، ئىش - ئوقەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن . ئەسلى سەن ئاۋۇ ئوقەتنى قىلىپ كەپتىكەنسەن - دە ، ئەجەپمۇ ئاغزىڭ چىڭ نېمىكەنسەن ، قېنى ئېيتە ، ئۇرۇشتا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ ؟... - دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

كىمنىڭ يۈرىكى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا ، ئۇ ئادەم ھەقىقي بۈيۈكتۇر . ( ر. روللان )

داۋامى بار ..... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: SoyGu
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-26 19:33:25

ھەي مۇشۇ كۈندە خىزمەت ئىشلىمەكمۇ تەس بولۇپ كەتتى دىسە ، بىردىنلا ئىدارىدا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكى كومپيۇتېرىم بۇزۇلۇپ قېلىپ ، بۇ تېمىنىڭ باش قىسمىنى ئازراقلا ئوقۇيالىدىم ، ھەم ئازراق ۋاقىت چىقسىلا مۇنبەرگە كىرسەممۇ ئانچە - مۇنچە ئىنكاس يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىمەن . ئاللاھ خالىسا سەل بىكار بولسام بۇ ئەسەرنى باشتىن - ئاخىر تەپسىلي ئوقۇپ چىقىمەن ، شۇنچە كۆپ ئەسەرنى كىرگۈزۈشنىڭ تەسلىكىنى ياخشى بىلىمەن Nazakat0909 خانىم ، ئاللاھ قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن !!! مۇنبىرىمىز ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتىۋاتىسىز ! كۆپ رەخمەت سىزگە !!![em35] [em35]

[ بۇ يوللانما SoyGu تەرىپىدىن 2006-12-26 19:36:27 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-27 21:44:34

داۋۇت پالۋاننىڭ ئاغزىدىن خوجىنياز ھاجى ئىنقىلابىي ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلار بوپتۇق.... ئاخىرىغا تەقەززامىز دوستۇم...

ئەسەرنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ كاللام ئىنتايىن گادىرماچ بولۇپ قالدى زادى نىمىشقىلىقىنى بىلەلمىدىم! ئۇلار نىمە ئۈچۈن خەلققەشۇنچە زۇلۇم قىلىشىدۇ؟؟؟ نىمە ئۈچۈن خەلقنىڭ كوڭلىنى ئاۋايلىمايدۇ؟؟؟ ئەجەبا خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشسە خۇدانىڭ نەزىرىدىن چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟؟؟ قاچانمۇ شۇنداق بولار؟؟؟ .... رومانىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيلى قېنى...

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 11:40:38

ئەتىگەندىن بېرى ساقلىسام بۈگۈنكى سانى چىقمايۋاتىدۇيا..... نازاكەت خانىم ئاغرىپ قالمىغاندۇ ھە ئادەمنى ئەنسىرىتىپ... بېرىپ يوقلاپ كېلەيمۇ يا ئويىگە بېرىپ...[em58]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2006-12-28 12:15:56

[color=Blue][size=4]_ هارۋىكەشلىك قىلىپ قۇمۇلغا كېتىپ بارسام ، - دەپ سۆز باشلىدى داۋۇت پالۋان ئويچان هالدا ، - يىگىرمە ئەسكەر ئات - هارۋامنى تارتىۋالماقچى بولۇشتى . << هاي ئۇنداق قىلماڭلار ، جان باققىلى قويۇڭلار >> دېسەم زادى ئۇنىمىدى . ئاخىر نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ ئاللىمىغا كەلگەننى ئۇردۇم . ئۇرغانسېرى قىزىپ كېتىپتىمەن ، ئاخىر ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى ماڭا باش قويدى . ئاچچىقىمدا ئېگىكگە تېپىپ ئۇچۇرۇۋەتتىم . غەزىپىم شۇنداق كەپتىكەن ، كۆزۈمگە هېچنىمە كۆرۈنمەي ، ئېتىلىپ كەلگەنلەرنى ئۇرۇۋەردىم . لېكىن ئۇلار كۆپ بولغاچقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ ئارىلىقتا ئاتنى هارۋىدىن چىقاردىم - دە ، قېچىپ كەتتىم . ئۇلار ئارقامدىن ئوق ئېتىشىپ قالدى . مەن شۇ قاچقىنىمچە قۇمۇلغا باردىم . بۇ قۇمۇلدا يېڭىلا دېهقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان چاغلار ئىدى . مەن ئىككىلەنمەي بۇ قوزغىلاڭغا قوشۇلدۇم . هوجۇمغا ئۆتكەندە ئالدىدا ماڭدىم . يامغۇردەك ئوقلار تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. تووۋا خۇدايىم . ئادەمنىڭ رىسقى توگىمىسە ئۆلمەيدىغان گەپكەن . بىر قېتىم پوستتا تۇرغان ئىككى ئەسكەرنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، پوتەينى گىرانات تاشلاپلا پارتىلىتىۋەتكەنىدىم . ئاندىن قوزغىلاڭچىلار هېلىقى يەرنى << هۇررا >> سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئىشغال قىلدى . خوجنىياز هاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ : << يارايدىغان ئەزىمەتكەنسەن !>> دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويغان ، ئۇنىڭ ماختىشى مېنى تېخىمۇ روهلاندۇردى . يەنە بىر قېتىم ئىككى يۈزدەك دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى . ئۇلار بىر قانچىمىزنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ قويۇپ ، هارغۇچە ئۇردى . كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن . كۆزۈمنى ئاچسام ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ياتىمەن . ئۇلار مېنى ئۆلدى دەپ مۇش يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ . ئەتراپ جىمجىت ، پۈتۈن بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىيدۇ . بىردەم ئولتۇرۇۋېلىپ ئەسلىمگە كېلىۋالدىم . ئاندىن ئېغىر قەدەم ئېلىپ يولغا چىقتىم . تەلىيىمگە مەن بىلەن بىللە هارۋىكەشلىك قىلغان بىر ئاغىنەم كېتىپ بارامدۇ . ئۇنى تووۋلاپ توختاتتىم . ئۇ ئەهۋالىمنى كۆرۈپ هەيران بولدى . << مەندىن گەپ سورىماي ، ئاۋۋال هارۋاڭغا چىقىرۋال . بولغان ئىشنى كېيىن سۆزلەپ بېرەي >> دېدىم . ئۇ مېنى هارۋىسىغا سېلىۋالدى . كېيىن تاغامنىڭ ئۆيىدە يېتىپ بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن ، بۇ ياققا قايتىپ كەلدى . دېسەم گەپ تولا ...

ئارمان بىلەن ياشايدىغان جاهانكەن بۇ . شۇ چاغدا قوزغىلاڭغا يەنە قاتنىشىمەن دەپ ماڭغان چېغىمدا ، تاغام قەتئىي ئۇنىماي : << يۇرتقا بېرىپ نېمە قىلساڭ قىل ، بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلۈپ بەرسەڭ ئاكامغا نېمە دەيمەن؟ >> دەپ رازىلىق بەرمەي تۇرىۋالغانىدى .

_ هەي بىزمۇ قاتناشقان بولساق نېمە ئارمان ئىدى !- دېدى قارا قاۋان مۇشتىنى تۈگۈپ .

_ شۇنى دېگىنە .

_ ئادەمنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدىغۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر بىردىنلا .

_ هەي ، دېسەڭ گەپ تولا ، - دېدى تۇردىئاخۇن يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، بىز نېمە كۈن كۆرۈۋاتىمىز. ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئاچقان يەرلەرگە زىرائەت تېرىپ ، زومىگەرلەرنى بېقىۋاتىمىز. مال - چارۋىلارچۇ تېخى ... نېمە كۈن بۇ بىزگە ...

_ بۇ زۇلۇممۇ بىر كۈنى تۈگەر !- دېدى هاپىز قارى .

_ ئاچچىقنى دائىم ئىچكە يۇتۇپ ياشاش مەرد ئوغلانلارنىڭ ئىشى ئەمەس . ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇشنىڭ پەيتى بولىدۇ، مېنىڭچە هازىر ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قۇلاق يوپۇرۇپ ياشايدىغان زامان ئەمەس ،- دېدى ناسىراخۇن سەل ئاچچىق قىلىپ .

_ توغرا دېدىڭ ، بىزنىڭمۇ ئەمدى كاللىنى سىلكىۋېتىپ يۈرىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى . كىشلەر مېنى پالۋان دېيىشىدۇ . خەلققە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ شۆهرەت قازانماي ، پالۋان ئاتالغاننىڭ نېمە ئەهمىيىتى ، خۇدا بۇ جىسمىمىزنى ئىت تالاشقاندەك بىر - بىرىمىز بىلەن چېلىشىش ئۈچۈنلا ياراتمىغان ، خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياۋلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ياراتقان ، ئۇنداق جەڭلەردە قۇربان بولغان ئادەملەرنىڭ هېچقانداق ئارمىنى قالمايدۇ .

_ شۇنداق ، - دەپ تەستىقلىدى هاپىز قارى .

_ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلۇغ پاراڭلارنى قىلماي، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆرستىش مۇهىم !- دېدى ناسىراخۇن كەسكىن هالدا . بۇ گەپ ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىگە تەگدى .

_ قېنى ، چايىنىمۇ ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى نۇرخان شىرەنى قويۇپ .

سىرتتا باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

_ مۇشۇ باللارغا قارىغانسېرى ئادەمنى غەم باسىدۇ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ .

_ داۋۇت بىز يىغىلىپ مەسلىهەتلىشىپ ، بىر ئىش قىلمامدۇق ؟- دېدى قارا قاۋان غەزەپتىن تىترەپ .

_ ئەمدى شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى . يەنە بىر مەزگىل ئويلىشىپ پۇختا تەييارلىق قىلايلى ، بۇ قىلمەن دەپلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس . جىڭدىكىلەرمۇ كەلسۇن ... لېكىن بۇنى قىلماي بولمايدۇ !

شۇ ئارىدا بايخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ ، بارا- بارا يېقىنلاپ كەلدى .

بوۋام ئاچقان ئېتىزغا ،

تېرىپ قويدۇم مەن بۇغداي .

تۇرسا بېشىمدا قاراقچى ،

مەن ئۇنى قانداق ئوراي .

كاككۇك ، قايدىسەن كاككۇك ...

_ بايخان ئاجايىپ ئادەم ، ئۇنىڭ يۈرىكى يۇرتنىڭ يۈرىكى ، تىنىقى خەلقنىڭ تىنىقى ، - ناسىراخۇن داۋۇت پالۋانغا قاراپ .

_ توغرا دەيسەن،- دېدى داۋۇت پالۋان چىڭقىلىپ تۇرۇپ ، - ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلقنى ئويغىتىشقا چاقىرۋاتقان ئەركىنلىك مۇزىكىسى ، بىز ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى زۇلۇم زەنجىرى بويىنىمىزغا سېلىنغاندا ، پىچاق سۆڭەككە تاقاشقاندا چۈشىنىۋاتىمىز. بولمىسا ئۇ ئەزەلدىنلا ئەركىنلىك كۈيىنى ياڭرىتىپ كەلگەن . تېخى ئۇنى چۈشەنمەيۋاتقانلار ، چۈشەنسىمۇ يۈرەكسىز هالدا ياشاۋاتقانلار سامانەدەك ...

_ رۇستەم سۈپەت ئوغلان داۋۇت پالۋان بارمۇ ؟- دېدى بايخان قورۇغا كىرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىنى قورۇقلار باسقان بولۇپ ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئىككى قۇلقىغا گۇل قىستۇرۋالغانىدى.

_ ئۆيگە كىرسىلە ، ئۇ بار، دوستلىرى كەپتىكەن ، - دېدى نۇرخان .

_ بايخان دادا، بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە ،- دېدى داۋۇت پالۋاننىڭ ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى ئەزىمەت ئۇنىڭغا ئېسىلىپ .

_ كېيىن ئېيتىپ بېرەي ، ھە بالام .

_ ماقۇل ، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە باللارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. بايخان ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

_ ئۆيگە كىرسىكە ، مۇشۇ بالىنزە .

_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، باتۇر ئوغلانلار يىغىلىپتىغۇ ؟ نە كارامەت بۇ ؟ ياخشىمۇ سىلەر ؟

_ ۋا ئەلەيكۇم ئەسسالام . ياخشى ، ئۆزلىرى قانداقراق تۇرىدىلا ... قېنى ، قېنى ، يۇقىرى ئۆتسىلە .

ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

_ ئولتۇرۇڭلار ، ئولتۇرۇڭلار ، نەدە ئولتۇرماي يەنىلا دەردمەن ئانا زېمىننىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىمەن ،- ئۇ شۇنداق دەپ سۇپا لېۋىدىلا ئولتۇردى.

_ بۇياققا ئۆتۈپ كەتسىلە ، سەت بولدى ماۋۇ ئىش ...- دېدى داۋۇت پالۋانى ئۇنى تۆرگە زورلاپ .

_ بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي ، قېنى سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار .

ئۇلار قورۇنۇپ ئولتۇرشقاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

- ھە، تېنىچ- ئامان تۇردىڭىزمۇ ؟

_ خۇداغا شۈكرى ، رىسقىمىزنى يېيەلمەي كېتىپ بارىمىز ، ئۆزۈڭلارچۇ ؟

_ تېچ- ئامان ...

_ زېمىن يىغلىغاندا ، ئادەم - تېنىچ - ئامان يۈرگىلى بولمايدۇ ، سەركە چۈش كۆرسە قويلارنى غەپلەت باسىدۇ، مەن دەرمانسىز قولۇمدىن كەلگىننى قىلىۋاتىمەن ...

نۇرخان چاي ئەكىرىپ بايخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

_ ھە ، ئوغلانلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار ، ياخشى ، بىر - بىرىدىن كېلىشكەن ئەزىمەتلەر ... خەلق نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ، زېمىن يىغلاۋاتىدۇ ، تۇتقۇن قىلىنغانلار ئاجايىپ قىيىن كۈن ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۆلۈش ، يارىلىنىش ... مەن ھەممىنى بىلىمەن ، بارمايدىغان يېرىم يوق ، شۇنداقمۇ داۋۇت ؟

_ شۇنداق ...- دېدى داۋۇت پالۋان ئۆپكىدەپ تۇرۇپ .

_ بۈگۈن ناھايىتى ئوبدان يىغىلىپسىلەر ، مەن سىلەرگە بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ بېرەي ، بەزىلەر مېنى ساراڭ ، ئاشىق دەيدۇ ، لېكىن مېنىڭ نېمىگە ساراڭ ، نېمىگە ئاشىق بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىشمەيدۇ، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم بايخان ئەمەس ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە قويغان لەقىمى ، ئەسلى مەن باي ئىدىم ، ئەمدى گاداي بولدۇم ، ۋىجدانى ئويغاق ئادەملەرنىڭ روھى ھەر زامان جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ... ئەسلىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن شۇنداق لەقەم قويىۋالدىم . ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداش بىلەن ئۆتۈۋاتقان ھاياتتا، بۇنداق ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان تېپىۋالغان ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس... بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى .

ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار بايخاننىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەكمۇ قىلاتتى. ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مۇڭ ، ھەسرەت تۆكۈلەتتى.

_ ئەسلى بۇ يۇرت يامان كۆزلەردىن خېلى ۋاقىتلارغىچە نېرى تۇرغان گۈزەل بىر ماكان ئىدى . يۇرتنىڭ پۈتۈن يەرلىرى قويۇق بوستانلىق - توقايلىق بولۇپ ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار چېپىشىپ يۈرەتتى. سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ تىنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەرنى ئەڭ دەسلەپتە بوۋىلىرىمىز مۇنداق ئاچقان : ئاتۇش بۇيامەتتىن مۇھەممەت بەزگەك ، ئەيسا كۆنچى ، ۋەلىئاخۇن ، سېلىمئاخۇنلار مەزلۇملىرىنى ئېلىپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ، بۇ يۇرت ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ ، ماكانلىشىش ئۈچۈن ماڭغان ، ئۇلار بۇ يۇرتقا كېلىپ قارىسا ، گۈزەل بىر دۇنيا ، ئادىمىزات يوق ، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ، بۇغا - ماراللار سەكرىشىپ يۈرگەن ، تەبئىي ئورمانلىق ۋە چەكسىز قېلىن چاتقاللىق ، مۇنبەت بىر زېمىن ... ئۇلار بۇلارنىڭ كۆرۈپ تاڭ قاپتۇ ھەم بۇ گۈزەل ماكاندا بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى ئويلاپتۇ . ئۇلار نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان يوغان بىر توغراقنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىشىپتۇ . ئۇ خۇددى كەپىگىلا ئوخشايدىكەن ، كېيىن بۇلار كېڭەش قىلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ . ئاندىن بۇ يەرنى << بوز دالا >> دەپ ئاتاپتۇ . ئىشقا كىرىشىپ ، غۇلجىدىن ساپان ئەكىلىپ ، يەر ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىپتۇ ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپتۇ . قارا سۇنىڭ بىر قانچە يەرلىرىگە تۇگمەن قۇرۇپتۇ . يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ . ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شوغۇللىنىپ ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۇرۇشكە باشلاپتۇ . باشقا يەرلەردىن ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋات قىپتۇ . خەلق ئۆم ، ئىناق ، باياشات ياشايدىكەن ... ئەمدىلىككە كەلگەندە قانداق بولدى ؟- ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولدى ، - مەن بايخان تېخى ھايات جۇمۇ ؟ ئۆلمىدىم !- ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. شالاڭ ساقاللىرى يېنىك سىلكىنەتتى. . ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ، غەمكىن ھالدا چىقىپ كەتتى- دە ، ئاز ئۆتمەي ناخشىسى ياڭرىدى.

ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ھەممىسى باشلىرىنى يەرگە چۆكۈرۈپ ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا چۆككەندى .

_ نېمە گەپ بۇ ، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار !- دېدى داۋۇت پالۋان كەسكىن ھالدا ، - بىز ئەمدى قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ياشىشىمىز كېرەك . بايخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ئۇ چۆچەك ئېيتمىدى ، رىۋايەت سۆزلىمىدى ، ئۇ تارىخ سۆزلىدى . تارىخ قان بىلەن يېزىلىدۇ، - ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ھاياجان بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى، - بىز ھازىر تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ قوزغالغىنىمىز بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ .

ئاۋۋال بۇنىڭ يولىنى قىلىپ ئۆزىمىزگە كۈچ توپلىمىقىمىز لازىم . گومىنداڭچىلار ھازىر غالجىرلىشىپ كەتتى. ھەممە يەردە خائىنلار تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىمۇ كۆزىتىپ تۇرۋاتقان كۆزلەر بار. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلايلى . ھەممىمىز ھازىرچە بۇ ئىشنى كۆڭلۈمدە ئويلىشىپ ، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرايلى . بۇ جاننى تىكىپ مەيدانىغا چۈشىدىغان ئىش . بۇنىڭغا سەل قارىماڭلار ، ھەممىمىز ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەزىيەتنى ئوبدان كۆزىتىپ بىر نېمە دېيىشەيلى . قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلار ، - داۋۇت پالۋان بىر مەزگىل ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، ئىشنى قانداق باشلاش ھەققىدە ئوي - خىياللىرىنى پىشۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغان ، خەلىققە بوغلان بىر خىل مېھىر- مۇھەببەت ئوخچۇپ ، زوراۋان ، ئەزگۈچى كۈچلەرگە ئاچچىق غەزەپ ئارىلاش يېڭى بىر ئىسيان بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇنىراق مۇشۇ خىل تۇيغۇغا كەلمەي ، خامۇش ئۆتكەن بىچارە ھاياتىغا ئېچىندى... شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە يوروۇق بىر تاڭغا يېتەكلەيدىغان ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى يانغاندەك بولدى...

داۋۇت پالۋان بۇ كۈنى كەچ ئىشنى نەدىن باشلاش، قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئۆزىنىڭ جاڭگاللىق ئارىسدا ئۆسكەن باللىق ھاياتىنى ، ئاتا- ئانىسنى ئەسلىدى . بەڭۋاشلىق كوچىلىرىدا نوچىلىق تالىشىپ يۈرت كەزگەن چاغلىرىنى خىيال قىلىپ ، ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئېچىندى.

ناسىراۋۇننىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى ، بايخاننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قايتا مۇجىدى . ئۇنىڭ ۋىجدانى خورلانغاندەك بولۇپ ، ۋۇجۇدى ئويغىنىش يالقۇنىدا كۆيدى . قېنى قىزىدى...

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 28-12-2006 12:32:40

شۇنداق بولىدۇ دە....... شۇنداق بولىدۇ... يۈرەكلەر مۇجۇلىدۇ.... دەملەر سىقىلىدۇ.... نومۇسلار ئادەمنى قىينايدۇ!!! ئېھ ھەسرەت.... قېنى قانچىلىك داۋام قىلارسەن؟؟؟

قېنى بۇلارنىڭ مەسلەھەتلىرىنى ئاڭلايلى! ئازراق بولسىمۇ پۇخادىن چىقىمامدۇق! ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جاجىسنى خۇدا ئوزى بېرىدۇ..

ھارماڭ نازاكەتگۈل ھە

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 28-12-2006 15:55:24

كۆپ رەھمەت ! ئەمدى بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى يەنى << تۆتىنچى باب >> ھېيتلىق دەم ئېلىشتىن كىيىن داۋاملىشىدۇ ، كەچۈرۈڭلار !

ئاخىردا ھەممىڭلارنىڭ ھېيتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشڭلارنى يېڭى بىر يىلدىكى قۇربان ھېيتتا يېڭىچە خۇشاللىق ، ئامەت ، بەخت مەڭگۈ يار بولسۇن ! [em37]

---

يولىغۇچى: kosan

يوللىغان ۋاقتى: 28-12-2006 17:56:34

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى ئەمدى ھېيتتىن كېيىنگە قويۇپ قويدىڭىزمۇ دوستۇم؟؟؟ ۋاي ئىسست ھېيتنى قانداقمۇ ئوتكۈزەرمەن ئەمدى؟

---

يولىغۇچى: mulayim

يوللىغان ۋاقتى: 28-12-2006 18:43:11

سىزگە كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن، نازاكەت. شۇنداق بىر ئېسىل ئەسەرنى يوللاپ ناھايىتى ياخشى قىپسىز. مەن ئىلگىرى بۇ ئەسەرنى ئوقىغاندەك قىلىمەن. ئاشۇ قانخور جاللاتلارنىڭ قىلغان -ئەتكەنلىرىنى ئويلىسا،ئادەمنىڭ ئۇلارنى قىيما-جىيما قىلىۋەتكىسى كېلىدۇ، خەيرىيەت.......ئامال يوق! ھازىرقى كۈنلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەيلى. ئاللا قولىلىرىڭىزغا دەرت بەرمىگەي،تۇرمۇشىڭىز بەختلىك،تېنىڭىز سالامەت بولسۇن![em34] [em34]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 6-1-2007 14:51:49



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[center][/size][/color/] تۆتنجى باب جددىيلشش[color=Blue][size=5][center]
[color=Blue][size=4][center]1[/center][/center]]

فاتىخ ، ئەكبەر ، سىيىت ، غىنى قاتارلىق شىر يۈرۈك ئەزىمەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا پارتلىغان ئىنقىلاپ پۈتۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئىنقىلاپ ئوتلىرى ھەممە ياقلارغا تۇتۇشۇپ ، توسۇۋالغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالدى. جاراھەتلەنگەن خەلق قەلبىدە ئۆچمەس قىساق ئوتى يالقۇنجىدى . تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلار قىزىپ ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي قېلىشتى. ئىنقىلاپ ئوتىنى ياققان مەرد ئوغلانلار چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى . ئۇلاردىن سۆيۈنۈشتى . ئوت بارا - بارا ئۇلغايماقتا ئىدى. ...

8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ ، جاللات شېڭ شىسەيتىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ ، ۋۇجوڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى . ئۇ يېتىپ كەلگىچە جۇ شياۋلياڭنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپىسنى ۋاقتلىق قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردىغانلىقىنى جاكارلىدى .

<< ئالتە ئوغرى >> نىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دەككە- دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورۇندا تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ ، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئالاقزادە بولۇشۇپ ، بار ئېغىرچىلىقىنى خەلققە يۈكلەپ ، دەردىنى شۇلاردىن ئېلىشۋاتاتتى. ئۇلار ھېلى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قورقۇشۇپ ، ھەممە كىشىگە گۇمان بىلەن قارىشاتتى. شۇڭا بىرەر خەۋپ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، خەلق ئىچىگە كۆپلەپ جاسۇسلارنى سېلىشۋەتتى. خائىنلار ھەممە جايدا قۇلاق يېقىپ ، بىرەر << يېڭى ئەھۋال >> بىلىش ئۈچۈن ھارماي تىڭتىڭلايتتى. كىشلەر ئۇلارغا سەسكىنىش بىلەن قارىشاتتى.

بۈگۈن ناھىيلىك ھۆكۈمەتتە باش شتاب بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ ، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى توغرۇلۇق جىددىي يىغىن ئېچىقلىشۋاتاتتى. يىغىن كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى جىددى ھالەتتە ئىدى . يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. قويۇق ئىس- تۈتەكلەر بۆلۈتتەك لەيلەپ يۈرەتتى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ، سۈرلۈك بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

_ ئالتە ئوغرى نەدىن ، قاچان پەيدا بولدى، شۇندىن باشلاپ بىزگە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ قىسىممىز ناھايىتى شىددەتلىك ، جاپالىق جەڭ قىلىشۋاتىدۇ . بىز ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك ، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرمىساق ، ئۇلار ئۇرۇشتا قانداقمۇ غەلبە قىلالىسۇن ؟ ئۇلار بىزنىڭ بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشىشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتىدۇ . بىز تىنىچ ، ئامان ياشايمىز دەيدىكەنمىز ، ئۇلارنىڭ غەلبە قىلىشى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكنى ياخشىلىشىمىز ، ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم ، - ۋەن گوتەينىڭ ياپما قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، گۆشسىز ، ياغاق يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى ، - بىز ئۇلارغا ئون مىڭدىن ئارتۇق نان ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قوي ئاپىرىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە، بۇلارنى نەدىن ھەل قىلىمىز ؟ خەلقتىن ، باي - غوجاملاردىن ئالىمىز. بۇ دېگەن خەلقنىڭ خاتىرجەم ياششى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئىنقىلابى ، شۇنداقمۇ يولۋاسبەگ ...

_ شۇنداق ، شۇنداق .... _ دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈپ ئىچى بولسا ئېچىشىپ كۆيگەندەك بولۇۋاتاتتى.

ھېكىمباي ، موللا شاكىيۇ ، ئىسرائىلبايلارمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆۋىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قولدىن چىقىپ كېتىدىغان ماللىرىنى ئويلىغىنىدا ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايغاندەك بولدى. چىرايلىرى ئۆڭۈپ ، ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ كەتتى.

_ ھە ، يولۋاسبەگە ، ھېكىمباي ، ئىسرائىلباي سىلەرنىڭ مال - چارۋاڭلار قەيەردە ؟- دېدى ۋەن گوتەي ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، سۈرلۈك قاراپ قوشۇملىرىنى تۈرگەن ھالدا .

_ بونجىلاقتا ... - دېيىشتى ئۇلار ئىنجىقلاپ .

<< بۇنداق يەرگە كەلمەيتتىم . نەدىنمۇ كېلىپ قالدىم . قاراپ تۇرۇپ بۇ زىيانىنى قارا ... ھەي... نەس باستى. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى ؟ ... ھېلىقى ئىسمائىل دېگەن نېمە نەدىنمۇ باردى . ئاھ خۇدا ماڭا ئاسانلىق بەرگەيسەن . بۇلارنىڭ دىلىغا ئىنساپ ... >> ئىسرائىلباي شۇلارنى ئويلاپ تولغىنىپ كەتتى.

_ ئۇنداق بولسا مەن ئىككى ئادەمنى ھازىرلاپ ، قويلارنى ھەيدەپ ئېرتەيدىكى ئەسكەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىشنى قىلاي... ئۇلار قورسىقى توق ھالدا جەڭگە كىرسۇن ، ماغدۇرسىز قانداقمۇ ئۇرۇش قىلالايدۇ . ھازىر ئەلتە ئوغرى نىلقىنى بېسىۋتۇرۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ، سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسلە ، شۇڭا ھەممىمىز بىردەك ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك . يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، ھە ئىسرائىلباي قانداق ؟- ۋەن گوتەي ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .

_ بولىدۇ، بولىدۇ ، - ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ قىزىرىپ كېتىشتى : << تۈگەشتۇق ، ئالتە ئوغرى نەدىنمۇ پەيدا بولدى . تىنىچ ياتسا بولمامدۇ . ئادەمنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇپ ... نېمە قىلالايىكىن ئۇلار ، شۇنچە زور قوشۇن ئالدىدا ... قۇرۇق قول بىلەن ....>> دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى . بەرمەي دېسە ، ئۆزلىرىنى نېمە كۈنلەرنى كۆردىغانلىقىنى ئوبدانلا بىلەتتى. << سايىم خۇيجاڭدىن ، ھاجىمبايدىن نىمىشقا ئالمايدىغاندۇ >> دەپ ئويلىدى ھېكىمباي .

_ سايىم خۇيجاڭ بىلەن ھاجىمبايدىن مال ئالساڭلار كۆپ ... - دېدى ھېكىمباي ئىنجىقلاپ .

_ ئۇلاردىنمۇ ئالىمىز . ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ . سايىم خۇيجاڭ باجنى تولۇق تاپشۇرۇپ تۇرۋاتىدۇ ، ئاۋۇ ھاجىمباي دېگەن ھازىر تاغدىكەن ، ئۇنىمۇ تاپىمىز ، سەن خاتىرجەم بول . ھەممە بايلاردىن ئالىمىز، ھازىرقى جىددى ۋاقىتتا سىلەردىن ئېلىپ تۇرايلى . كېيىن ھۆكۈمىتىمىز سىلەرنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ.

داۋامى بار ....

ياۋۇز ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەمىشە خاتىرجەمسىز . _ د . دېيدرو


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-6 14:53:04

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توردىشلار مەن ھېيتلىق دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن . يەنە داۋامىنى ۋاقتىدا ئوقۇشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمۈت قىلىمەن . [em30]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-6 22:34:49

داۋامىنى تىزراق يوللىغان بولسىڭىز مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىشلارغا بەك بەك ئامراق
ھارمىغايسىز!!!!!!!!!!![em36] [em28]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 0:03:55

ئالامەت پاراڭلاردە....... ئاۋۋىنىڭدىنمۇ شۇنداق ئالسىڭىز ياخشى بولىدۇ بۇنى بۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى ئۇنداق قىلسىڭىز، بۇنى بۇنداق ئۆرسىڭىز ئۇنى ئۇنداق...... قىپقىزىل مۇناپىقلار تارىختىن بۇيان مەۋجۇد بوپ كەلگەندە.... تووۋا دەيلى...

ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىشقا باشلىغىنىڭىزدىن بەكمۇ سۆيۈندۇم دوستۇم! ھارمىغايسىز... داۋامىغا تەقەززامەن!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 11:34:00

[size=4][color=Blue]ياڭ ھاكىم بىلەن ما تۇەنجاڭ تاماكا چەككىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. ياڭ ھاكىم ئۆز ئورنىنىڭ قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ ، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيگە ئىچ- ئىچىدىن ئۆچلىكى كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئىلىپ قويمىغانلىقى غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. بۇنى ئويلاپ - ئويلاپ ئازابلىناتتى.
_ ھە ، ۋۇ جۇيجاڭ ئىشلار قانداق كېتىپ بارىدۇ ؟ ئۆتكەنكى يىغىندا تاپشۇرغان ئىشلار قانداقراق بولىۋاتىدۇ ؟!- دېدى ۋەن گوتەي تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ .
_ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، ھەممە يەرگە ئادەم سېلىۋەتتىم ، - دېدى ئۇ گۆشلۈك يازىگە كۆلكە يۇگۇرتۈپ ، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى ، - سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، ناھايىتى ئىشەنچىلىك .
_ ياخشى ، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلاڭلار ، ھارۋىكەشلەرنى ئىشقا سېلىپ ئوتۇنلارنى كۆپلەپ بېسىۋېلىڭلار ، ھە ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، شۇنداق بولسۇن .
_ بولىدۇ سىلىڭ جانابلىرى ، - دېدى ئۇ ئاچچىق قىلىپ .
_ بۇ گېپىڭىز بولىدۇ ، - ۋەن گوتەي سوغۇق كۈلدى ، - ئاشلىقلارنى تولۇقلىۋالايلى ، شۇنداقمۇ موللا شاڭيۇ ...
_ شۇنداق ، شۇنداق بولمامدىغان ....
_ بىز ئالتا ئوغرىنى يوقاتساقلا ، بىزنىڭ خاتىرجەملىكىمىز ئەسلىگە كېلىپ ئىشلىرىمىز ئىزىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنى ھەممىمىز توغرا چۈشىنىپ ، بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنى ، ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەيلى .
غاپپار بەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلغاچ ھەممىگە زەن سالاتتى. كۆڭلىدە ئۇلارغا باھا بېرەتتى.
_ ۋەن سىلىڭ ناھايىتى دانا پىكىر قىلدى، - دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، - ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسى ئۆزىمىزدە، بۇ يولدا بىز ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماسلىقىمىز ، پىرقە ھۆكۈمىتىمىزگە سادىقلىقىمىزنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئىسپاتلىشىمىز كېرەك !- ئۇ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ يوغان تاقىر بېشىنى سىلاپ ، ئەتراپقا قاراپ قويىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇ يەردە مۇئاۋىن هاكىم ، پىرقە باشلىقى شى ، يىنلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋەن گوتەيىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بىرەر سۆزدىن قېپىپ كېتىپ ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۈندىمەي ئولتۇرشاتتى. ۋەن گوتەيمۇ بارا- بارا ئۇلارنىڭ مۇنداق مىجەزىگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ بۇ يۇرتتا مېنىڭ گېپىم گەپ دەپ يۈرگەچكە ، ئۇلارنىڭ جىم ئولتۇرغىنى ياخشى دەپ قارايتتى.

_ موللا شائىيۇ جىمىپ كەتتىلغۇ ؟- دېدى ۋەن گوتەي .

_ سىلى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ، ئالتە ئوغرىنى يوقىتىدىغانلا ئىش بولسا قولىمىز كۆكسىمىزدە ، بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك ، - دېدى ئۇ بىچارىلەرچە كۈلۈپ ، ئۇنىڭ چىرايى غورا يېگەندەك قورۇلۇپ كەتتى.

_ ياخشى ، ياخشى ، ناهايىتى ياخشى .

ۋەن گوتەي ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە چېقىلماي ، خەلقتىن سېلىق يىغىشتا ئۇنىڭدىن ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى . بۇنىڭدىن موللا شائىيۇمۇ خوش بولۇپ ، ئۇ تاپشۇرغان ئىشلارنى جان - دىلى بىلەن بېجىرەتتى. موللا شائىيۇ بۇگۈن سەل ئەندىشە قىلغان . لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئەندىشىسىدەك بولمىدى . بۇ ئىش هېكىمباي بىلەن يولۋاسبەگ، ئىسرائىلبايلارنى هەيران قالدۇرماي قالمىدى .

_ ۋۇ جۇيجاڭ ، يەنە تەكتلەپ قوياي ، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى داۋاملىق هەرىكەتلەندۇرۇپ ، جەمئىيەتنى ئوبدان كۆزىتىشكە سېلىڭ . ۋەزىيەت كەسكىن ، ئوغرىلارنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە كېلىپ خەلققە قۇتراتقۇلۇق قىلمىسۇن .

_ خوپ، سىلىڭ جانابلىرى ،خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن هەممە ئىشلارنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردۇم ، خاتىرجەم بولۇڭ .

_ ياخشى ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، يىغىن ئېچىپ ، ئۇلارغا ۋەزىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈڭ ، ۋەزىپىسىنى ئېغىرلىتىڭ ! خىزمەت كۆرسەتسە مۇكاپاتلاڭ ، خىزمەت كۆرسەتمىسە تۈرمۈش خىراجىتىنى قىسقۇېلىڭ ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟

_ ئۇقتۇم .

_ خوش ، يىغىن تۈگىدى ، باشقا گەپ سۆز بارمۇ ؟

_ يوق .

_ تارقىلىڭلار ! موللا شائىيۇ بۇياققا كېلىڭ .

موللا شائىيۇ ۋەن گوتەيىنىڭ ئۆزىنى چاقىرۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ خوشامەت قىلغىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

_ نېمە ئىشكىن ، سىلىڭ جانابلىرى ؟- دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ .

_ ئەتە ئىككى مىڭ قوينى ئالدىنقى سەپكە هەيدەپ بارىدىغانغا ئىشەنچلىك ئىككى ئادەم تېپىڭ . تاپقان ئادىمىڭىزنىڭ بالا - چاقىسى ، ئائىلىسى بولغان بولۇشى كېرەك . ئۆزى تېمەن بولسۇن ، تاپقاندىن كېيىن ئالدىمغا باشلاپ كېلىڭ .

_ بولىدۇ ، ئاسان ئىشكەنغۇ ؟ قاچانلاردىن باشلاپ كېلىمەن .

_ چۈشتىن كېيىن .

_ بولىدۇ ، خوش سىلىڭ جانابلىرى .

غاپپار بەگ تەرجىمانلىق ئىشىنى تۈگىتىپ ، موللا شائىيۇغا ئەگەشتى - دە ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى ، ئاندىن غاپپار بەگ ئۇدۇل داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى.

داۋامى بار ....
[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 11:42:53

ماۋۇ لالمىلىنى................. ئالتە ئوغرى دەپ كېتىشكىنىنى دەيمىنا... ئوزى شۇنچە يىراقلاردىن كېلىپ خەلقنى تالان- تاراج قىلسا.... توغرى، زۇلۇمغا چىدىمىغانلار ئوغرى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمدى؟

غاپپار بەگ دىگەن بۇ ئادەم ئوزگىچە كورۈنىدۇ. قېنى ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ ئويىگە نىمدەپ ماڭىدىكىن؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 15:51:24

[color=Blue][size=4]ۋەن گوتەي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان هېكىمباي ئاستا ئۇنىڭغا سۇئىدىشىپ ماڭدى .

_ سىلىڭ جانابلىرى .

_ هە نېمە ئىش ؟- دېدى ۋەن گوتەي توڭلۇق بىلەن .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بىرىپ مىھمان بولۇپ كەتسلە ، چىرايلىق قىزلارنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم ... - دىدى ئۇ خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ .

_ نىمە دەيدىغانسىز ، ھازىر ئوينايدىغان چاغمۇ ؟ بىرىپ مال باقۇچىلارغا خەۋەر بىرىدىغان ئىشنى قىلىڭ !- ئۇ شۇنداق دەپ تىز - تىز يۈرۈپ كەتتى.

ھىكمباي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان ما تۆەنجاڭ ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى .

يولۋاسبەگ بىلەن ئىسرائىلباي ۋەن گوتەيىنىڭ ھىكمبايغا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى نىمە كۆرسە تەڭ كۆرسە، ئۆزلىرىنى سەل خاتىرجەمدەك ھىس قىلىشاتتى. ئىسرائىلباي ھىكمباينىڭ قىلىقلىرىدىن نەپرەتلەنگەندەك قىلدى . كىيىن ئۇ ئۆزىنى ئويلاپ : << مال - دۇنيا دىگەن ئادەمنىڭ جىنى تۇرسا ....>> دەپ پىچىرلىدى .

ياڭ ھاكىم دەرۋازىدىن غەمكىن چىقىپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە ۋەن گوتەيىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ مەسخىرسىگە ئۇچراپ ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھىس قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئازابتىن قىينىلىپ ، كىچىچە كىرپىك قاقماي ، تاماكا چىكىپ چىقاتتى.

موللا شاكىيۇ كۆن چۈشتىن قايرىلغاندا ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى باشلاپ ۋەن گوتەيىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى .

_ ۋەن سىلىڭ سىز دىگەن ئادەملەرنى باشلاپ كەلدىم .

_ ياخشى ، - دىدى ۋەن گوتەي ئۇيان - بۇيان ماڭغاچ ، - سىز ئەمدى قايتىسىڭىز بولىدۇ.

_ خوش سىلىڭ ، ئىش بولسا بىز تەييار ، چاقىرسىلا دەررۇ كىلىمەن ، - موللا شاكىيۇ شۇنداق دىگىنىچە كەينىچىلەپ مىڭىپ چىقىپ كەتتى.

_ غاپپار بەگ ، سەن بۇلارغا سۆزۈمنى ئىنىق ، ئىنىق تەرجىمە قىلىپ بەر.

_ بولىدۇ ، -دىدى غاپپار بەگ ۋەن گوتەيىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ .

ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىگە ، يىرتىق كىيىملىرىگە شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرۈتۈپ قويۇپ ، سىلىق مۇئامىلىدە سۆزلەشكە باشلىدى .

_ سىلەرگە ناھايتى جىددىي ، ناھايتى شەرەپلىك بىر ۋەزىپە چىقىپ قالدى. بۇنى ئورۇنلىساڭلار ، سىلەرنى مۇكاپاتلايمىز . ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كاتتا خىزمەت بىرىمىز ...

غاپپار بەگ ئۇلارغا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

_ ئەجەپ ياخشى ئىشكىنا ، - دىدى تۇردىئاخۇن قوشۇملىرىنى تۈرۈپ .

_ ئەگەر ۋەزىپىنى ئورۇنلىماي كەلسەڭلار جىنىڭلارغا ھىزى بولساڭلار بولىدۇ . ئائىلەڭلەردىكلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ .

ئۇنىڭ سۆزى بۇلارنىڭ يۈرىكىگە تىگىپ ئەندىكتۈرۋەتتى. << ئەجەپ يامان يەردىن تۇتتى بۇ كاساپەت ، بوپتۇ . قىنى كۆرمەيمىزمۇ . بۇ ئىشقا بىزنى داۋۇت سايا قىلغاندىكىن چاتاق چىقماس ، خۇدا ئاسانلىق بىرە ... >> دىگەنلەرنى ئويلىدى ئۇلار .

_ سىلەر بونجىلاق دىگەن يەرگە بىرىپ ، يولۋاسبەگ ، ھىكمباي ، ئىسرائىلباي غوجاملارنىڭ قويلىرىدىن ئىككى مىڭنى تاللاپ ئىرتەيگە ئاپىرىپ بەرسەڭلار بولدى. ۋەزىپەڭلار مۇشۇ ، ئىشقا پۇختا بولۇڭلار ، ساختىلىق قىلماڭلار ، بولمىسا كاللاڭلار كىتىدۇ .

_ بۇ دىگەن زور ئىنئام بىرىدىغان ، ھۆكۈمەت خادىمى بولىدىغان ئىش تۇرسا ساختىلىق قىلامدىغان ، بۇ ۋەزىپىنى جان - دىلىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز ، - دەپ قەددىنى تىك تۇتتى تۇردىئاخۇن . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غاپپار بەگ بىلەن ناسىراخۇن كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى .

_ ياخشى ، ناھايتى ياخشى ، - دىدى ۋەن گوتەي ئۇلارغا زور ئىشەنچ بىلەن قاراپ ھەۋەسلەنگەن ھالدا .

_ سىلىڭ جانابىلىرى بىز قاچان يولغا چىقىمىز ؟

_ ياخشى !- ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇننىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، - سىلەر ئەتە سەھەردە يولغا چىقسىلەر ، سىلەرگە بىز ياخشى ئاتتىن ئىككىنى ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەق قىلىپ بىرىمىز.

_ ۋەن سىلىڭغا كۆپ رەھمەت !

_ ۋاقتنى چىڭ تۇتۇڭلار ، بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرىمىز بار .

_ ۋەن سىلىڭ ، - دىدى ناسىراخۇن تەمكىن ھالدا ، - بىزگە ۋاقتنى ئۇزۇنراق بەرسىڭىز .

_ سىلەر ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ قانچىلىك ۋاقتتا كەلسەڭلار مەيلى ، گەپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ، ئەمدى قايتىپ ئەتە سەھەردە كىلىڭلار .

_ خوش سىلىڭ ، بىزنى قۇبۇل قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت ، ئەتە سەھەردە كۆرشەيلى .

ئۇلار پىخلداپ كۈلۈشكىنىچە قورۇغا چىقىۋاتقاندا ، هارۋىدىن ئوتۇن چۈشۈرۈۋاتقان سىدىق كۆككۆز ئىشنى توختىتىپ ، بۇلارغا قاراپ نىملەرنىدۇر دەپ غودىراپ قويدى . تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە قورۇدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ ئەۋەتلىشىدە مەلۇم سەۋەب بار ئىدى . ئەسلىدە غاپپار بەگ ئۆزى ئادەم تىپىپ بىرىشنى موللا شاكىيۇغا ۋەدە قىلغانىدى ، ئۇ داۋۇت پالۋانىڭكىگە باردى - دە ئەھۋالنى ئىيتتى. داۋۇت پالۋان كۆپ ئويلىنىشلاردىن كىيىن ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئەۋەتىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى . غاپپار بەگ بۇنى توغرا تاپتى . ئۇ غاپپار بەگنىڭ بۇنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈزگىنىگە رەھمەت ئىيتتى.

كەچتە ناسىراخۇن ، تۇردىئاخۇن ۋە بىر قانچە يىقىن - يورۇقلار داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە يىغىلدى . سورۇن ئەھلى ناسىراخۇن تۇردىئاخۇنغا قوينى ئىرتەيگە ئامال قىلىپ ئاپارماسلىقنى ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا بولىدىغانلا بولسا ئالاقىلىشىشنى تاپىلىدى . داۋۇت پالۋان ئۆزى بۇ يەردە باشچى بولۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىيتتى. ئاخىردا ھەممەيلەننى سەگەك بولۇپ ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ، بىر مەزگىل يىراقتىن قارشى تۇرۇپ ، تەشۋىقات ئىلىپ بىرىش ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ، ئاندىن ئۇيۇشۇش كۈچىگە قاراپ رەسمىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئۇقتۇردى .

ئەتىسى سەھەر ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ، كىلىشىپ قويغان يارامىلىق ئىككى يىگىتنى ئىلىپ بونجىلاققا قاراپ يولغا چىقتى . تاش كۆۋرۈككە چىقىپ ساقلاپ تۇرغان داۋۇت پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ قايتىدىن خوشلاشتى . داۋۇت


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

**پالۋان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. كېيىن ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ قامچا سالدى . ئەمدى بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسگە ئارتىلغانىدى . ئۇ ئىنقىلاب قاينىمىغا بارا- بارا ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى...**

**داۋامى بار .... [size][/color/]**

---

**يولىغۇچى: sarsan007**
**يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-7 23:44:47**

**داۋامىنى تىزراق ئەۋەتكەيسىز**
**قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن**
**رەھمەت سىزگە**
**نىمە دىگەن تەسىرلىك ھەي.....................**

---

**يولىغۇچى: kosan**
**يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 0:06:44**

**پاھ.... ئاخىرى تۇتىشىش پەيتى كەپ قالدى ھە... قېنى قانداق پاجىئەلىك قۇربانلىقلار ۋە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر چىقاركىن؟**

**هارماڭ نازاكەت خانىم ھە! سىزگە خەپ سىزنى تېپىۋالسام ئالاھىدە بىر رەھمەت ئېيتىمسام[em63] [em79]**

---

**يولىغۇچى: Nazakat0909**
**يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 12:42:10**

**[color=Blue][size=4][center]2[/center]**
**تۈن قاراڭغۇ ، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ ، سوغۇق شامال ھوشقۇيتاتتى. ئىتلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ئەنسىز قاۋاشلىرى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ كېچىگە ئاجايىپ سۈر بېغىشلايتتى. كوچا بويلىرىدىكى دەرەخ شاخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سارغايغان ياپراقلار سوغۇق شاماللاردا ھەر يان ئۇچاتتى. ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ يىنىك شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەر بېقىنىغا جايلاشقان غېرىبلىق باسقان باغدىن بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.**
**ئىلى ۋادىسى سىلكەندى ،**
**زېمىن ئەمدى ئويغاندى .**
**ئۇخلاپ ئەمدى ياتمايدۇ ،**
**يۇرتىمىزنىڭ ئوغلانى .**
**كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك ....**
**_ ئاڭلىدىڭمۇ قاسىم ، بىزنى ئويغىنىڭلار دەۋاتىدۇ ، ئاجايىپ ئۇلۇغ ئادەم - دە ئۇ ، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ تاڭنى چىللايدىغان بۇلبۇلى ، - دېدى قۇربان ئەتراپقا تويماي قاراپ .**
**_ ئاڭلىدىم . ئۇنىڭ ناخشىسى ماڭا ئەمدى باشقىچە ئاڭلىنىۋاتىدۇ .**
**_ ئۇ چىللاۋاتقان باھار چوقۇم كېلىدۇ ، - دېدى ياسىنجان .**
**_ ئەمدى قاياققا بارىمىز ، ئۆيگە كېتەمدۇق - يا ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ .**
**_ مەن ئۆيگە قايتاي ، ئانامدىن ئەنسىرەپلا تۇرۋاتىمەن ، - دېدى قاسىم جودا .**
**_ بىز شۇنچە ۋاقىت ئۆيدىكىلەرنى كۆرمەي چىدىدۇق ، بۇ كېچىدە ئۆيگە بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى بىسەرەمجان قىلماي ئەتىلا بارايلى . ھازىر بىز داۋۇتكامنىڭ ئۆيىگە باراساق ، ئۇ ئادەم نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ ، ئەھۋالىشىپ كەلمەمدۇق ، - قۇرباننىڭ بۇ گېپى ھەممىسىگە مايدەك ياقتى . ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ ، لېكىن بىر خىل ئەركىنلىكتە ئىنتىلدۇرگۈچى ئۈمىد قەلبلىرىدە يالقۇنجىغا قىساس ئوتلىرى ئۇلارغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.**
**_ قۇربان ، سەن چىمەنگۈل بىلەن كۆرۈشمەمسەن ؟**
**_ ئۇ قاچاندا بولمىسا بارغۇ ؟ يۇرۇڭلار ، ئاۋۋال مۇھىم ئىشلارنى قىلايلى .**
**ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئالدىراش مېڭىشتى .**
**_ ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىملەر ؟**


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ــ ئەسكەرلەركەن .
ــ ساقال ياسىغانلىدەك بىر ياساپ قويايلى .
ــ بۇ بولىدىغان گەپ . ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنى كۆرۈپ قويسۇن ، - دېدى قاسىم جودا مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ .
تاماكا چېكىشىپ پاراڭلاشقاچ كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەر تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت ، پەشۋالاردىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى .
ــ بىزگە رەھىم قىلىڭلار !- دەپ ياماشتى ئۇلار بۇلارنىڭ پۇتىغا .
ــ مانا رەھىم قىلىش دېگەن ، - قاسىم جودا زەردە بىلەن بىرىنىڭ ئېڭىكىگە تەپتى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن شۇ ھامان قان كېلىپ ، كەينىگە ئۆچۈپ كەتتى.
ــ مانا شەپقەت دېگەن ، - دېدى قۇربان بىر ئەسكەرنى كۆچەپ تېپىپ .
مۇھەممەت گاڭگۇڭ بىلەن ياسىنجان يىقىلغان ئەسكەرلەرنى تېپىپ ، دەسسەپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتى . كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ بىردىنلا ئۈنى ئۆچى .
ــ بولدى قىلايلى ، ھېلىمۇ يەتكۈچە ئۇردۇق ، - دېدى قۇربان تەلۋىلەرچە تېپىپ دەسسەۋاتقان ياسىنجانلارغا قاراپ .
ــ بۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز ، - دېدى قاسىم جودا ئېغىر پۇشۇلداپ .
ئۇلار ئىككى ئەسكەر ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىنلا ئۇرۇشتىن توختاپ داۋۇت پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى .
ــ ئۇ گۇيلار بىزنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى . مانا ئۇلارنىمۇ ئۇرىدىغان كۈن كەلدى ، - دېدى قۇربان ، - ئۆزۈمنى يەڭگىل ھېس قىلىۋاتىمەن . قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. تازا بىر پۇخادىن چىقتىم .
ــ ھەممىشە مۇنداق ئوڭ كېلىۋەرمەيدۇ - دە ، دېدى قاسىم جودا .
ــ ئوڭ كەلمىسە ، تەتۈرىنى ئوڭلاپ ئۇرىدىغان قۇربان ئاكاڭلار بارغۇ ؟ خاتىرجەم بولۇڭلار ، بۇلاردىن بىرەرسى بىر نېمە دەپ قالسا ، مەن قۇرباننىڭ ئاغىنىسى دېسەڭلار ئۇلار سىلەرگە چېقىلالمايدۇ ، - قۇربان قىزىقچىلىق قىلدى .
ــ قارا ماۋۇنىڭ يۇرتقا كېلىپلا پوچى بولۇپ كەتكىنىنى .
ــ يۈرۈڭلار ، باشقا گەپ نى قويۇپ ، تېز- تېز ماڭايلى .
ئۇلار تۈن قاراڭغۇسى قوينىدا كۆزدىن غايىب بولۇشتى .
داۋۇت پالۋانغا مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيقۇ يوق ئىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بارسا ، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتىكى پىلان ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇ سىرتتىن بايىلا كىرگەنىدى ، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى ئۇنى چۆچىتىپ ئورنىدىن ئىرغىتىپ تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇ ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىپ قورۇغا چىقتى .
ــ كىم ؟
ــ مەن قۇربان !
داۋۇت پالۋان بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي دەرۋازا تۈۋىگە باردى .
ــ بىز جېڭىدىن قايتىپ كەلدۇق . ئۇلار بىزنى قويۇۋەتتى ،- دېدى ياسىنجان ئەتراپقا قاراپ قويۇپ .
ــ ھوي مۇنداق دەڭلا ، - داۋۇت پالۋان ھوددۇققىنىچە ئىشىكنى ئاچتى ، - قانداقراق ئەھۋالىڭلار ، سالامەت تۇردىڭلارمۇ ؟- داۋۇت پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.
ــ داۋۇتكا ، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز ؟ جاھان ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟
ــ قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ،- داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى .
ــ دوست- بۇرادەرلەر سالامەت تۇرغاندۇ ؟ ناسىراخۇنكاملارچۇ ؟
ــ ھەممىسى سالامەت ، بىز ھەر قېتىم يىغىلىپ قالغاندا سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى قىلىشىمىز .
ــ ياخشى ، بىزنى ئۇنتۇپ كەتمەپسىلەر .
ــ ئۇنتۇپ كېتەمدىغان .
ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئۆيگە كىردى . نۇرخان ئىللىق چىراي بىلەن بۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇ سىرتتىكى ۋاڭ - چۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى .
ــ كېلىڭلار ، ھوي سىلەركەنسىلەرغۇ ، قېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىڭلار ، سالامەت كەلدىڭلارمۇ ؟- ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .
ــ ئۆزىڭىز سالامەت تۇرغانسىز ؟
ــ سالامەت ... قېنى ئۆيگە كىرىڭلار .
ــ سەن چاي قىلىۋېتىپلا تاماققا تۇتۇش قىل ،- داۋۇت نۇرخانغا چېكىدى .
ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، دۇئا قىلىپ ، قايتىدىن تېنىچ - ئامانلىق سوراشتى .
ــ نۇرخان ، سەن چىقىپ چاي ئەكىرۋېتىپلا تاماق قىل !- دېدى داۋۇت پالۋان نېمە قىلىشنى بىلمەي پىرقىراپ يۈرگەن ئايالىغا ئەسكەرتىپ .
ــ ماقۇل ،مانا ھازىر .
ــ بولدى داۋۇتكا ، ئاۋارە ، بولماڭلار ، چاي بولسىلا بولدى ، - دېدى ياسىنجان .
ــ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، سىلەر جاپا چەكتىڭلار ، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىڭلار ، ئەسلى بولسىغۇ قوي سويسام بولاتتى.
ــ تاماق يېمىسەك ، قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، - دېدى قاسىم جودا كۇلۇپ تۇرۇپ .
ــ سەن گەپنى تۈزلا قىلىسەن ، مۇشۇ يەرلىرىڭ بەلەن - دە سېنىڭ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ .
ــ يەيدىغاننىڭ گېپى چىقسا ، ئويناپ كېتىدىغۇ بۇ ، ئەگەر تاماق بەرمىسىڭىز جودالىق قىلىشتىن يانمايدۇ ، - دېدى قۇربان قاسىم جوداغا قاراپ .
ئولتۇرغانلار كۇلۇشۇپ كەتتى. داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ قارىدىغان ، يادالغۇ يۈزلىرىگە ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ، ئېغىر


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئازابتىن ئاچچىق يۇتتى. كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولۇپ ، زالىم ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا غەزىپى تاشتى .
جىن چىراغ غۇۋا پىلىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ھەممىسى يانلىرىغا قىيسىيىپ ، يېتىپ كېتىشتى . ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك ئەركىن ھېس قىلىشىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارغا بەكمۇ ھارغىنلىق يەتكەنىدى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 17:11:17

[color=Blue][size=4]بىر چاغدا نۇرخان چاي كۆتۈرۈپ كىردى .
_ شىرەنى قويۇڭ ، نان دېرىزىدە .
ئۇلار چاينى كۆرۈپ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى - دە ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ شىرەگە يېقىنلاپ كەلدى .
_ قېنى چاي ئىچىڭلار ، قورساقنى ئازىراق ئەستەرلىۋېلىپ ئاندىن پاراڭنى باشلايلى ...
ئۇلار قاتتىق ناننى چايغا چىلاپ ئىچىشكە باشلىدى. قاتتىق نان ئۇلارغا شۇنچىلىك مەززىلىك بىلىندى . ئۇلار ئىشتىھا بىلەن چايناشتى .
داۋۇت پالۋان ئۇلارنىڭ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىغا قاراپ تېخىچە ئازابلانماقتا ئىدى .
_ ھوي قاسماخۇن ناننى چايناپ يۇتۇڭلار ، گېلىڭلاردا تۇرۇپ قېلىپ ئۆلۈپ قالماڭلار يەنە ، - دېدى قۇربان .
_ مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ ؟- دەپ خاپا بولدى قاسىم جودا .
_ مەن ئەمدى ساڭا كۆيۈنمىسەم كىمگە كۆيۈنمەن دوستۇم .
ئۇلار چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈردى .
_ ئالدىراپ قول كۆتۈرمەيلى ، ماۋۇنىڭ كەينىدىن تاماق بار ، - دېدى قۇربان .
_ يائاللا قۇربان ، يائاللا ... بۇنىڭ دۇئاسى باشقا ، ئۇنىڭ دۇئاسى باشقا ، - دېدى ياسىنجان .
_ بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسىلەر ، نېمە ئىشلار بولدى ؟ ئەمدى ئاڭلايلى قېنى . مەن بىر نەچچە قېتىم بارسام ئاپارغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى قويمىدى .
_ سىز بارغانما ؟
_ بىلمەمسىلەر ، مەن ئاپارغان نەرسىلەرنى سىلەرگە بەرمىدىمۇ ؟
_ ياق .
_ بوپتۇ ، سالامەت قايتىپ كەپسىلەر ، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى كۆپ يېگەن ئىدۇق . قېنى ھېكايەڭلارنى ئاڭلايلى .
_ بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ... - قۇربان ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى .
ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى . قۇرباننىڭ تىترەپ قايغۇلۇق چىقىۋاتقان ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. داۋۇت پالۋاننىڭ گاھ قوشۇملىرى تۈرۈلسە ، گاھ غەزەپتىن بەدەنلىرى چىڭقىلىپ كېتەتتى. يۈرىكى سىقىلىپ نەپەسى بوغۇلاتتى.
قۇربان باشتىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى . داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ سۆز قاتتى. :
_ سىلەر بەكمۇ ئازاب چېكىپسىلەر ، باتۇرلۇق كۆرسىتىپسىلەر ، ھازىر بۇلارنىڭ پۇتىغا پىت چۈشتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈرىدۇ . بۇنىڭدىن بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غېنى باتۇرلار ئالامەت ئىش قىپتۇ .
_ بىز ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلىساق بولار ؟- دېدى ياسىنجان .
_ بايىقىدەك يولدىن باشلىمامدۇق . بۇزۇلغان ئەسكەرلەرنى ئانچە - مۇنچە ياساپ ... - دېدى قۇربان ھەييارلىق قىلىپ .
_ نېمە ئىش بولغان ؟- دېدى داۋۇت پالۋان .
ياسىنجان بوغلان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ قارامىلىقىدىن ئەنسىرىگەندەك بولدى - يۇ ، يەنە ئارقىدىنلا ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا نۇرخان تاماق ئېلىپ كىردى ، چامغۇر ، ئاشكۆكلەرنى سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ مېزىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى .
_ سىزنى ئاۋارە قىلدۇق - دە ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئوڭايسىزلىنىپ ، - بۇ كېچىدە ...
_ ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار ؟ قېنى ئوخشىمىغان بولسىمۇ ئېلىڭلار ...
_ قېنى تاماققا بېقىڭلار ، تاماقتىن كېيىن يەنە پاراڭلىشارمىز .
ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ گېپىگە قىزىقىپ ، تاماقنى تېز - تېز يېيىشكە باشلىدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتاتتى.
ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئۆز سۆزىنى باشلىدى .
_ ھازىر بۇ يەردە خائىن ، مۇناپىقلار كۆپىيىپ كەتتى، ھوشۇر ، زاكىر ، تۇرسۇن ، ئايىسخانلار ھەممە يەرلەردە قۇلاق يېقىپ تىڭتىڭلاپ يۈرىدۇ . ئايىسخاننى ھەممىسى جۇيجاڭ دەپ ئاتىشىۋالدى . ...
_ پاسكىنا سەت جالاپنى قارا ... دەپ ئاچچىقلاندى قاسىم جودا ، - ئادەم ئەمەس ، ھايۋانلار !
_ ئۇلار خەلق ئالدىدا بىر كۇنى شەرمەندە بولىدۇ. خەلق ئۇلارنى جازالايدۇ .
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېزىلىۋاتقان خەلق ، ئاھۇزارلىق تۇرمۇش، بىچارە ھايات ... بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ بونجىلاققا كەتكەنلىكىنى ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....

[/color][/color][/size][ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-1-9 17:39:17 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-8 22:06:38

داۋامىنى تىزراق ئەۋەتكەيسىز
قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن خانىم
سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت!!!!!!!!!!!!!![em72] [em36]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-9 18:11:44

[size=4][color=Blue]_ ۋاھ ، بەكمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ بۇ ؟- دېيىشتى ئۇلار ھاياجانلىنىپ ، - بىزمۇ ئەمدى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قېتىلىپ كېتىدىكەنمىز - دە .
_ بىز ھازىرچە بۇلارنى ھۆركۈتۈپ تۇرايلى . شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن باشقا ئىشنى كۆرەمىز ، گەپ بۇلارغا قارشى ھەرىكەتنى توختىتىپ قويماسلىقتا .
_ جېنىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ ، - دېدى قاسىم جودا .
ئۆيىقۇغا قانالمامسەن ،
يىراقنى كۆرەلمەمسەن .
ئېشىڭنى بۇلاپ يېسە ،
بىر مۇشتمۇ ئاتالمامسەن .
_ قارا ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ مەزمۇنىنى ...
_ بايخان بۇ كۈنلەردە ئىشكىنىڭ ئالدىدا تولا ناخشا ئېيتىدىغان بولىۋالدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇنىڭ ناخشىلىرى ناھايىتى مەزمۇنلۇق ، ئاڭلىسام ، ئاڭلىغۇم كېلىدۇ ، گاھىدا كۆزلىرىمگە قان تولۇپ ، ئېتىلىپ چىقىپلا ، بىر قانچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋالىمەن . ئۇ تېپىلغۇسىز بىر ئىنسان ، يۇرتىمىزنىڭ قەيسەر ئوغلانى ، ئەگەر ئۇ بۇ يۇرتتا بولمىسا، بۇ يۇرت قانداق بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن .
_ چوڭلار ئۇ بۇ يۇرتتىن يوقالسا ، بۇ يۇرتنى بالايىئاپەت باسىدۇ ، دېيىشىدىكەنغۇ ؟
_ بەلكىم راستتۇ؟
_ ئۇنى بەزىلەر بۆرە بېقىپ چوڭ قىلىپتىكەن دېيىشىدىكەن .
_ يەنە بەزىلەر ئۇنى ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچىدىكەن ، ھەممە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن دېيىشىدىكەن ، ئۇ گۈللەرگە ، باغۇ - بوستانلارغا ئەجەپ ئامراق - ھە !
_ داۋۇتكا ئۇنى ئۆزىمىزگە خەۋەرچى قىلىۋالساق بولمامدۇ ؟ - دېدى قۇربان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ .
_ ئېسىمدە يوق نەرسىنى ئەجەپ سالدىڭ ، بۇ بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى . ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي ، ئۇ چوقۇم ياق دېمەيدۇ .
_ ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەم ، بىر كىشىگە شۇنداقلا قاراپ ئاتا- ئانىسىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ ؟ئۇ كىرگەن دۇكاننىڭ تىجارىتىمۇ باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ .
_ شۇنداق ، ئۇ ئەۋلىيادەك ئۇلۇغ ئادەم ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇ ئورمانلىقلار ئىچىدە چوڭ بولغان ، ئۇ زېمىن بىلەن تەڭ نەپەسلىنىدۇ . بۇ زېمىننىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئۇ چىداپ تۇرالمايدۇ . ئۇنىڭ يۇرت ھەققىدە ئېيتقان ھېكايىسىنى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي ...
ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ ھېكايىسنى ئاڭلاپ بولۇپ ، تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى . بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەتتى.
سەھەر ، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى داۋۇت پالۋاننى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. باشقىلار تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى .
_ كىم ؟- چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان داۋۇت پالۋان قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ مەن ئىسمائىل شەنگەن ، ئىشكنى تېز ئاچ .
<< بۇ ياللاقچى نېمە دەيدىغاندۇ ؟>> دېگەننى ئويلىغان داۋۇت پالۋان بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا باردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ نېمە ئىش بولدى بۇ قاق سەھەردە ؟- دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن . ئاندىن ئىشكىنى شاراقشىتىپ ئاچتى .
_ ۋەن سىلىك سېنى چاقىرۋاتىدۇ ، مۇھىم گەپ باركەن . ئىلى ئوغرىلىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشايدۇ... - دېدى ئۇ بىر خىل ئالاقىزادىلىك ئىچىدە .
بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋاننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بىر تۇرۇپ يەنە ئىشەنگۈسى كەلمىدى .
_ قاچان كەپتۇ ؟- دېدى ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن .
_ ئاخشام كەلگەن ئوخشايدۇ ، ۋەن سىلىك تۈزۈك ئۇخلىمىغاندەك قىلىدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ قاپتۇ .
_ ئىلى ئوغرىلىرى كەلسە مېنىڭ نېمە ئىشىم ؟
_ بىلمىدىم . مېنى شۇ چاقىرىپ كەل دېگەن ... - دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ .
_ مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن، سەن كېتىۋەر .
_ تېزرەك ... ھە ، ۋەن سىلىك ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە . مەن دەشنام يەپ قالماي ...
_ ئاچچىقلىسا ئاچچىقلىسۇن ، مەن ئاچچىقلىمامدىكەنمەن .
_ ئاچچىقلايسەن ... مەن ... بارارسەن - ھە... - ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ تۈرۈلگەن چىرايىدىن قورقۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۇەن ناھىيلىك ھۆكۈمەتتە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر مەنسەپدار ئىدى . خەلق ئۇنى << ئىسمائىل شەنگەن >> دەپ ئاتىۋالغانىدى .
_ كىمكەن ئۇ ؟ - دېدى نۇرخان ئەنسىز ھالدا ، ئۇ بۇ كۈنلەردە داۋۇت پالۋاندىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ بىر قېتىم داۋۇت پالۋانغا << سىز مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ كەچ كېلىۋاتىسىز . گاھى كۈنلىرى سەھەر چىقىپ كەتكەنچە كەلمەيمۇ قويىسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولىۋالدىڭىز ، دىققەت قىلىڭ >> دېگەنىدى . داۋۇت پالۋان تەرىنى تۈرۈپ ئاچچىقلاپ : << خوتۇن خەق دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماي ، ئۆيىنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان >> دەپ كايىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ بۈگۈن قورقۇمسىراپ سورىدى .
_ ئىسمائىل شەنگەن ۋەن سىلىك چاقىرۋاتىدۇ دەيدۇ .
_ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟
_ كىم بىلىدۇ، سەن چاي قاينات ، مەن چاي ئىچىپ بېرىپ باقاي .
_ بولىدۇ، - ئۇي داۋۇت پالۋاننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە ئارتۇقچە گەپ قىلماي ، چايخانا تەرەپكە ماڭدى .
داۋۇت پالۋان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگىنىدە ، قۇربان ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇراتتى. ئۇ داۋۇت پالۋانغا ئەنسىز ھالدا قارىدى .
_ نېمە ئىش بولدى؟
_ بۈگۈن مېنى ۋەن سىلىك ئالاھىدە چاقىرتىپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئىسمائىل شەنگەن دەپ قويۇپ كەتتى.
_ نېمىگە چاقىرتقاندۇ ؟ سىزنى بىرەرسى چېقىپ قويدىمۇ - يا ...
_ بىلمىدىم ، ئۆتكەندە سايىم باي بىلەن بەزىبىر گەپلەرنى قىلىشقان ... ياق ، ئۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ، ئەمىسە كىم ؟
_ ئاخشام تاياق يېگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىشمىكىن دەيمەن .
_ ئەسكەرلەر بىزدىنمۇ تاياق يەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەس .
_ سىزدىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ - يا .
_ ھېچ بىلمىدىم ، بارغاندا بىلەرمەن .
_ بارسىڭىز قانداق بولار ؟
_ ھېچ ئىش بولمايدۇ .
باشقىلارمۇ ئويغىنىپ ، ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىشتى - دە :
_ نېمە ئىش بوپتۇ ؟- دەپ سوراشتى .
_ ئىسمائىل شەنگەن ۋەن سىلىك داۋۇت پالۋاننى چاقىرۋاتىدۇ دەپ كەپتۇ .
_ نېمە ئىش بولغاندۇ ؟
_ ئاخشامقى ئىشمىدۇ - يا ، يامان ئۇرۇۋېتىپ قالدۇق ئەمەسمۇ ....
_ سىلەر يۈز - كۆزۈڭلارنى يۇيۇپ چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار . مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلەي .
_ بولىدۇ ، مەشەدە كۈتۈپ تۇرايلى . سىز كەلگەندىن كېيىن بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئۆيلىرىمىزگە بارايلى .
_ بىرەر ئىش بولماس داۋۇتكا ؟
_ خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھېچ ئىش بولمايدۇ ، سىلەر قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇۋېلىپ ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار كۈتۈڭلار ، ئىش ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ ، سالامەتلىكىڭلارنى ئوبدان ئاسراڭلار ، بەكمۇ ياداپ كېتىپسىلەر ، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ، نېمە ئىشلىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ چايمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتتى. قالغانلار ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-9 22:05:16

ئەجەپ يامان يېرىگە ئەكەپ توختىتىپ قويىدىكەنسىز ئادەمنى تەقەززا قىلىپ..... ۋاي ئاللا.. شۇنداق قىزىپ ئوقۇۋاتسام تۇگەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كەتكىننى دەيمنا...

داۋامىنى تىزرەك يازسڭىز دوستۇم!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 12:18:24 10-1-2007

[size=4][color=Blue][center]3[/center]
گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي ئىككى ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچىدى- دە ، كېچىنى كېچە دېمەي ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، ياڭ هاكىم قاتارلىق ئەمەلدارلارنى يىغىپ جىددىي يىغىن ئاچتى .
_ بۇ نېمە ئىش ئەمدى ؟ << ئالتە ئوغرى >> بۇ يەردىمۇ پەيدا بولدىمۇ نېمە ؟ بۇنى تېزدىن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . ھەممىڭلار نان قېپىلار ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان .... - ئۇ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆرلۈك تەلەتىدىن قورقۇشتى .
_ ۋۇ جۇيجاڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟
_ ھەممىسنى ئورۇنلاشتۇرغان ... يىغىن ئاچقان ... - دېدى ۋۇ شاۋتەن دۇدۇقلاپ چىرايى تاتارغان ھالدا .
_ بۇ ئىشقا سەل قاراپ ، بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ ، ئاپەتنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قۇرۇتىۋېتىش كېرەك . ھە ، ياڭ جانابلىرى ئۆزلىرىمۇ سەگەك بولۇپ يۈرسىلە ، سىلىنى بىكارغا هاكىم قىلىپ سايلىمىغان بىز ، بۇ خەققە كۆلۈپ قويغان بىلەن باشقا چىقىدۇ. ئاز - تولا ئۇچۇقداپ ، يۈرىكىنى مجىپ تۇرۇش كېرەك .
ياڭ هاكىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈككىدە ئولتۇراتتى.
_ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالغا قېلىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ، ئەسكەر دېگەن دۆلەتنى قوغدىغۇچى ! ئۇنىڭ كىشلەر ئالدىدا ئابرويى بولۇشى كېرەك . بىلىۋاتامسىلەر ، ئەمما ، ھازىر نېمە بولۇۋاتىدۇ ؟ بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر قوللانمىساق بولمايدۇ ، ھەر قايسى تۈگمەنلەرنى ، زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرىنى پۇختا قوغدىشىمىز لازىم . ئەگەر ئاشلىق قولدىن چىقىپ كەتسە، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ .... كەچتە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ چارلاش ئېلىپ بېرىشى خەۋپكە دۇچ كەلدى . بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ بىر نەچچە قېتىم ئەسكەرلىرىمىز زەربىگە ئۇچرىغانىدى . ئەمدى ئۆلۈم ئىشى چىقتى . << ئالتە ئوغرى>> پەيدا بولماستىن بۇرۇن بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغان ؟ ئەمدى قاراڭلار ، نېمە بولۇۋاتىدۇ ؟
بۇنىڭ چوقۇم ئوغرىلار بىلەن باغلىنىشلىقى بار ، ئەسكەرلىرىمىز خاتىرجەم كوچا چارلاش ئېلىپ بارالمىسا ، ھە ، بۇنى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟!- ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى .
_ مېنىڭچە ، - دېدى ياڭ هاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ، << ئۆزۈمنى ئەمدى بىر كۆرستىپ قويىمسام >> دېگەندەك ۋەن گوتەيگە قاراپ ، - بۇلارنى ئۆزى بىلەن ئۆزىنى باپلاش كېرەك .
_ قانداق باپلاش ؟- ئالدىراپ سورىدى ۋۇ شاۋتەن .
_ كۈندۈزدە بىزنىڭ ئەسكەرلەر كوچا چارلىسا ، كەچتە يەرلىك خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوغدىغۇچىلارنى كوچا چارلاشقا قويساق ... بۇ خەق كېچىككىنە مەنسەپنى كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ ، نەپكە ئامراق . قوپاللىق بىلەن قارشى تۇرماي، سىلىق ، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك . ياغاچنى پالتىغا ساپلاپ تېرەك كەسكۈلۈك ... جۇگې لياڭدەك پەم - پاراسەت بىلەن ئىش تۇتمىساق يۇرتنى قانداق باشقۇرىمىز. قېنى بۇنى ئويلىشىپ كۆرسىلە ، سىلىڭ جانابلىرى .
ئۇنىڭ سۆزى ھەممىگە تەسىر قىلدى . ۋەن گوتەينىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆچلىكى كەلدى . << مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇراشتۇرۇپلا دېگەن گېپىنى قارا ... ئۆزىچە كېرىلىپ كەتكىنىنى ... >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
_ ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى قانداق تەشكىللەش كېرەك ؟ ئەگەر ئۇلار ئىشەنچلىك بولماي قالسىچۇ ؟- دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى سېلىپ .
_ بۇنىڭغا ئامال بار ، - دېدى ياڭ هاكىم ، ھېلىقى چاغدا چېلىشقا چۈشكەن داۋۇت پالۋان دېگەن بۇقىنى پەم بىلەن كۆندۈرۈش كېرەك . ھەر قانداق يىرتقۇچ هاۋاننىمۇ ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ كۆندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ ياۋايىنى كۆندۈرۈپ ، بۇ ئىشقا سېلىش كېرەك . ئۇنىڭ بۇ يەردە خېلى ئابرويى بار ، كىشلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاسانلىقچە يېرمايدۇ .
_ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ . بىزنىڭ ئەسكەرلەرمۇ ئانچە - مۇنچە چارلاپ تۇرۇشى كېرەك .
_ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ پەم - پاراستىگە باغلىق .
ۋەن گوتەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. << بۇنى رەت قىلىۋەتسەم ، ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ . ھە دەپ قويۇپ بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي قېنى ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قويغانغا نېمە بولاتتى. بۇنىڭدىن ھازىرچە پايدىلىنىپ ، كېيىن ئەسكى پايپاقنى چۆرىگەندەك چۆرىۋەتسەم بولدى ئەمەسمۇ ؟ قېنى بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي . ئەگەر قاملاشماي قالسا ، ئۇنىڭغا گۇناھنى يۈكلەپ قويىدىغانغا ئاسان بولىدۇ >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئۆزىگە تەسەللى بەردى .
_ ئەتە داۋۇت دېگەننى چاقىرتىپ كېلىڭلار، سۆزلىشىپ كۆرەي ، - دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ئاندىن، _ ھېلىقى سايىم، ھاجىم دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئۇلار پات - پات كۆرۈنۈپ تۇرسا بولاتتى،- دېدى قەستەنگە . ئۇ شۇ سۇئال ئارقىلىق ياڭ هاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنتۈلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدى .
_ ھاجىمباي تاغدا مالغا قاراۋاتىدۇ ، سايىمباي سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ، - دېدى ياڭ هاكىم ئۇلارنى ئاقلاپ . ئۇ بۇلار بىلەن ھەر ھالدا ياخشى ئۆتەتتى. بۇنىڭ ياڭ هاكىمنىڭ ئۇلاردىن ئاز - تولا نەپ ئېلىپ تۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ھەر ھالدا دىققەت بىلەن نازارەت قىلىپ تۇرۇڭلار ، بۇلارغا ئانچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى . ئۇلار ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ تۇرسا كۆڭۈل توق تۇرىدۇ . ئالمادىس ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەمدە بولسا قانداق قىلغۇلۇق -ھە ؟ ....
ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ . ئۇلار ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، - دېدى ياڭ ھاكىم .
_ خاتىرجەم بولۇڭ دەپ ، نېمە ئىشلار چىقىۋاتىدۇ . قاچان جاھان تىنجىسا مەن شۇ چاغدا خاتىرجەم بولىمەن . ۋۇ جۇيجاڭ سىزمۇ ئادەملىرىڭىزنى بېقىپ ياتماي ئىشقا سېلىڭ . ئىتنى بېقىپ ئوۋغا سالمىغاننىڭ نېمە پايدىسى - ھە ! ھازىر ئۆزۈڭلارغا پۇختا بولۇپ ، ئەھۋالنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇڭلار ، يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدۇ ، ھە ... باشقا گەپ سۆز بارمۇ ؟
_ يوق .
_ يىغىن تۈگىدى !
ۋەن گوتەيىنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن ھەممىسى قورقۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە دادىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغان مىجەزىنى ھەممىسى ئوبدان بىلگەچكە ئۈن - تىنىسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تارقىلىشتى . ئۇلار سىرتتا چىقىپلا ئۆزلىرىنى يېنىك ھېس قىلىشتى . ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ << ئاقىلانە تەدبىرى >> نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى قايىل قىلغانلىقىغا خۇشال ئىدى . << ئەگەر گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەرسەم ، ئۇ مېنى نېمە چاغلايدىكىنا .. ھەي مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ قالمىسام بولاتتىغۇ ؟ ۋاي ، ۋۇي ئۆچەكىشىپ قالسام قالارمەن ... >> شۇلارنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلەشتى .
ئۆتكەنكى بىر ئىش ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويغانىدى . ئۇلار بۇ ئىشنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايتتى. فەن فامىلىلىك بىرى ۋەن گوتەي ئوتتۇرىغا قويغان << ئىشەنچىلىك ئادەملەرنى خەلق ئىچىگە سېلىپ ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، خەلقنى قوزغىتىش ، ئاندىن ئۇلارنى بىر يولىلا قىرىپ تاشلاش ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش >> دېگەن پىكىرىنى رەت قىلىپ ، << ھېلىكىمۇ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرى يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ ، ئالۋاڭ - ياساقمۇ يەتكىچە بار ، ئۇلار بىزنى ئۈن - تىنىسىز بېقىۋاتسا ، يەنە ئۇلارنى قىرىپ نېمە قىلىمىز >> دېگەنلىكى ئۈچۈنلا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى .

داۋامى بار ... [color][/size/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 10-1-2007 12:46:02

پاھ.... ئەمدى ئىشنىڭ قىزىقى چىقىدىكەندە! ھاھاھاھا... داۋۇت پالۋانغا قورال بەرسە ئىش كاتتا ئوخشاپ كەتمەمدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورۇپ باقايلى!

ماۋۇ لالمىلارنىڭ ئاۋۇ ئاخىرقى سوزى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدۇ دە! << ئوزى جاسۇس كىرگۈزۈپ خەلقنى ھوكۇمەتكە قارشى قۇترىتىپ ئاندىن ئوزى يىغىپ سولاپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش!!! >>. قالتىس تەدبىرغۇ بۇ ھە! دۇنيادا ئىنسان، ئادەم قىلمايدىغان دانا ھايۋانى پىكىركەن بۇ!

---

يولىغۇچى: yasenjan123
يوللىغان ۋاقتى: 10-1-2007 14:01:20

ياخشى يېزىلىپتۇ .مۇشۇنداق ياخشى تىمىلارنى داۋاملىق يوللاپ تۇرۇڭ.

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 10-1-2007 22:20:24

داۋامىغا تەشنامىز
تازا قىززىق يېرىگە كەلگەندە ھەي............................

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 11-1-2007 12:24:27


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]سەھەردە ۋەن گوتەي داۋۇت پالۋاننى ساقلاپ خېلى ئولتۇردى .

_ نېمنداق كەلمەيدۇ ، - دەپ ئاچچىقلاندى ئۇ .

_ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، - دېدى ئىسمائىل شەنگۇن تىترەپ تۇرۇپ ، - مەن قاراپ باقاي ، - ئۇ شۇنداق دەپ ئىشكنى ئاچتى ، - ئەنە ئۇ كېلىۋاتىدۇ ....- ئۇنىڭ سىيدام يۈزلىرىگە كۈلكە يامىرىدى .

داۋۇت پالۋان مەغرۇر قەدەم تاشلىغىنىچە كىرىپ كەلدى . ۋەن گوتەي ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. << ئەجەپ قامەتلىك نېمىكىنا بۇ ، بۇنداق گەۋدىلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .

_ كېلە داۋۇت كەل !- دېدى ۋەن گوتەي ساختا كۈلۈپ ، - نەدىكى بىر نېمىلەرنى ئىشلىتىپ يۈرۈپتىمەن . سەندەك ئەزىمەتلەر تۇرغان يەردە ... سېنى ئەتىگەندە ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم - ھە ...

_ يوغىسۇ ... ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار ، - دېدى داۋۇت پالۋان خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەپ .

_ پاھ ، پاھ ، قالتىسقۇ !- دېدى سىلىك داۋۇت پالۋانغا يېقىنلاپ كېلىپ ، - خەنزۇ تىلىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسەن .

_ داۋۇت ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ئەزىمەت، - دېدى ئىسمائىل شەنگۇن گەپ قىستۇرۇپ .

_ نېمە ئىش بىلەن چاقىرتقانلىكىن ...- دېدى داۋۇت پالۋان ئىچىدىكى ۋەسۋەسىنى تۆگىتىش ئۈچۈن .

_ داۋۇت ، مەن سېنى ناھايىتى باتۇر، پالۋان دەپ ئاڭلىدىم . يۇرتتا خېلى ئابرويۇڭ باركەن ، بىز ساڭا زور ئىشەنچ باغلاپ ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن چاقىرتتۇق ،- ئۇ بۇ سۆزلەرنى دادىنىڭ بالىغا دېگەن سۆزىدەك ناھايىتى سەممىي ئېيتتى.

_ ماڭا تاپشۇرغىدەك قانداق خىزمەتلىرى باركىن ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ غەرزىنى بىلىشكە ئالدىراپ .

_ سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنچلىك ئادەمدىن ئوننى تاپىسەن ، بىز سىلەرگە قورال بېرىمىز . سەن شۇلارغا باشلىق بولۇپ ، تاش كۆۋرۈكنى ، ئىسرائىلباي ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي تۈگمەنلىرىنى قوغدايسەن ، ئوغرىلارنىڭ يۇرتىمىزنى پاراكەندە قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىسەن ، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ساقلايسەن . خىزمىتىڭلار كەچتە بولىدۇ. بۇ يەرلەرنى پۇختا ساقلاش زۆرۈر . ئوغرىلارنىڭ ئىشى بارغانچە كېڭىيىپ ، ئادەمگە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ ، ئەگەر ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭ ، جاھان تىنچىغاندىن كېيىن ، سېنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايمىز ، خىزمەت بېرىمىز . بىز سىلەرگە ئىشىنىپ بۇ خىزمەتنى تاپشۇرۇۋاتىمىز . ئەگەر ياخشى ئىشلىمەي ھاڭۋاقتىلىق قىلساڭلار، ئۇ چاغدا كاللاڭلار بىلەن جاۋاب بېرىسىلەر...

بۇنى ئاڭلاپ داۋۇت پالۋان ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . << بۇ ئىشنى قىلسام خەلق ماڭا قانداق قارايدۇ ، ئۇلار نېمە دەر... بولمىسىغۇ بۇ ناھايىتى ياخشى ئىشكەن . بۇ بىزگە كەلگەن بىر پۇرسەت . ئىچكى جەھەتتە ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ماسلاشسام ، سىرتقى كۆرۈنۈشتە بۇلارغا ئىشلىگەندەك بولۇپ ، بۇلارنىڭ گۇماننى قوزغىماي ھەرىكەت قىلسام .... خەلق ...ئۇلار كېيىن چۈشىنىپ قالار ، بۇ بولىدىغان ئىشكەن ...>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاندىن كېيىن ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى.

_ بولىدۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ۋەن گوتەيگە يۈزلىنىپ ، - بۇ ناھايىتى شەرەپلىك ئىشكەن . جېنىمنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىشكە تىرىشمەن ... - ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ ئازابلىنىپ كەتتى. بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ياماشتى .

_ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، قەيسەر ئەزىمەتكەنسەن !

_ ئۇنداق بولسا مەن ئەتە سەھەردىلا ئون ئادەمنى باشلاپ كېلەي ، كۆرۈپ بېقىڭ .

_ مەن ئەتە سىلەر ئۈچۈن مەخسۇس زىياپەت تەييارلاپ ، يولۇڭلارغا قاراپ تۇرىمەن ،- دېدى ۋەن داۋۇت پالۋاننىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاندىن كۆڭلى سەل تىنىغاندەك بولدى . << بۇنى ئۇنىماسمىكىن دېسەم ، قارا بۇ قىران بۈركۈتنىڭ كۆچمەيلا قولغا كەلگىنىنى ... خەنزۇ تىلىنى ئەجەپ ياخشى سۆزلەيدىكىنا ....>>

_ مەن قايتىم ئەمسە .

_ خوش !- ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، ئۇياق - بۇياق مېڭىشقا باشلىدى .

_ ئىسمايىل .

_ خوش سىلىك ، نېمە گەپلىرى باركىن ؟

_ ئۇيغۇر ئاشپەزلەرگە خەۋەر قىل ، ئەتىكى زىياپەتنى كاتتا قىلسۇن !

_ خوپ !

داۋۇت پالۋان قورۇدىن چىقىپ كېتىپ بارغىنىدا ، ئوتتۇن كەسلەۋاتقان سىدىق كۆككۆز ئۇنىڭغا قاراپ :

_ داۋۇتكا ، سەھەردە بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ ؟ سىزمۇ بىرەر خىزمەت كۆرستەي دېدىڭىزمۇ نېمە ؟- دېدى مەنىلىك قىلىپ .

_ بۇلار چاقىرتىپتىكەن ... _ دېدى غەزەپتىن بوغۇلۇپ . سىدىقنىڭ گېپى داۋۇت پالۋاننىڭ جان - جېنىدىن كەتكەندى . ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى . << مانا ھېلىتىن مەندىن گۇمانلانغىلى تۇردى .. بوپتۇ ، كېيىنچە چۈشىنىپ قالار ، ھازىرچە ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، چىداپ تۇراي ....>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ سىدىق كۆككۆزگە ئالىيىپ قويۇپ ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىچە ئېچىشۋاتاتتى. سىدىق كۆككۆز << ھەي ، نەپسى بالا ... >> دەپ غودۇرىدى . ئۇ يەنە بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :<< بەلكىم بۇنىڭغىمۇ ئويلىغىنى باردۇر . ئۇ بۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ... ھەي ... >> دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بەردى .

داۋامى بار ....[/size][/color]

---

يولىغۇچى: aziza

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 13:26:34


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

Nazakat0909بەك ياخشى ئىشتىن بىرنى قىپسىز،مەن ئەسلىدە بۇ رومانىنى كۆرۈشنى بۇرۇنلا ئويلىغان بولسامىۇ ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن پۇرسەت چىقىرالمىغان ئىدىم.سىزگە كۆپ تەشەككۇر.قولىڭىزغا دەرت كەلمىگەي.داۋامىنى كۆرۈشكە تەشنا بۇلىۋاتىمەن.بىزنى تەشنا قىلماي تىزراق يوللىسىڭىز بۇپتىكەن.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 17:39:56 11-1-2007

شۇنداق قىلىپ خەلقىمىز ئەزىمەتلىرىنى ئوز قولى بىلەن قوراللاندۇرار بولدى دە ھە بۇ بەدبەختلەر... خۇدانىڭ ئۇرغۇسى كەلسە شۇنداق يوللار بىلەن ئۇرىدۇ،،، چاشقاننىڭ ئولگىسى كەلسە مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقنى چىشلەيدۇ... ھاھاھا... رەھمەت سىزگە دوستۇم! قالدىسىنى كورۇشكە تەشنامىز!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 17:49:59 11-1-2007

[size=4][color=Blue]ئەتىسى داۋۇت پالۋان ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇر ، قۇربان ، ياسىنجان ، مۇھەممەت گاڭگۇڭ ، قارا قاۋان ، قاسىم جودا ، ئەمەت قاتارلىق ئون ئادەمنى باشلاپ ۋەن گوتەينىڭ ئىشخانىسىغا باردى ، ۋەن گوتەي بۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى . ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ سەل چۆچىگەندەك بولدى ... ئالدىدا ساقال باسقان ھەر بۇرۇتلۇق يوغان ئادەملەر چەكچىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ ، يەنە كۆزىنى يۇمۇشلاپ قاربدى ، ئالدىدا يىرتىق كىيىملىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ، كۆزلىرى بۇركۇتنىڭكىدەك چاقنىغان گەۋدىلىك ئادەملەر .
_ ياخشى ، ياخشى ، سىلەرنى قارشى ئالىمىز ، - دېدى ئۇ ئورنىدىن قوزغالماي ، - سىلەر بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتسەڭلار ، كاتتا مۇكاپات بېرىمەن ...._ ئۇ دەيدىغان سۆزلىرىنى تاپالماي قالدى ، - مەن سىلەرنى راسا بىر مېھمان قىلاي ، دوست بولۇپ قالايلى ، - ئۇ يېنىدىكى كانىۋپىيى تەرەپكە بۇرۇلدى، - سەن چىقىپ ئاشپەزلەرگە خەۋەر قىل ، جوزىلارنى راسلاپ سەي كەلتۈرسۇن ! قېنى داۋۇت بىز زىياپەت زالىغا چىقايلى .
ئۇلار مېھمانخانا زالىغا چىقىپ تۇرشىغا ، ياڭ ھاكىم ، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن ، پىرقە باشلىقى قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى . ۋەن گوتەي ئۇلارغا شۇنداقلا بىر قاراپ :
_ كېلىڭلار ، - دېدى تىلىنىڭ ئۇچىدا . ئاندىن داۋۇت پالۋانغا قاراپ ، _ ئولتۇرۇڭلار ئەزىز مېھمانلار ، - دېدى .
زىياپەت باشلانغاندا ، لەنشىك ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەممىسگە ۋەھىملىك قادىلاتتى.
_ لەنشىك يوقاپ كەتتىڭغۇ ؟ نەلەردە يۈرىسەن ؟- دەپ خاپا بولغاندەك قىلدى ۋەن گوتەي .
_ مەن بارغۇ ؟- دېدى لەنشىك سەل قورقۇمسىراپ ، ئۇ داۋۇت پالۋانغا ئالىيىپ قويدى .
جوزا ھەر خىل سەيلەر بىلەن تولدى . شورپا ئېلىپ كېلىندى .
_ قېنى داۋۇت ، ئېلىڭلار ، بىز سىلەر بىلەن بارا- بارا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن .
_ ئىلتىپاتىڭلارغا رەھمەت، بىز سىلەرنىڭ كۆتكەن يېرىڭلاردىن چىقىپ ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىمىز، - دېدى داۋۇت پالۋان تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ .
_ سىلەر ، - دېدى ۋەن گوتەي مۇلايىم تۇسكە كىرىپ ، - كېچىدە چارلاش ئېلىپ بارىسلەر ، بىر ئىش كۆرۈلسە ، ماڭا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرسىلەر ، يامان ئادەملەرنى كۆرسەڭلار تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكىلىسلەر ، بىز سىلەرگە ئىشەنچ قىلىپ ، بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋاتىمىز، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىساڭلار ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىمەن، ئەگەر ياخشى ئىشلىمىسەڭلار جازالايمەن ... ھەممىڭلار داۋۇت پالۋانغا بويسۇنسىلەر ، ئۇنىڭ گېپىنى يىرمايسىلەر ، ئۇ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار ... مەن سىلەرگە ئىككى قارا مىلتىق بېرىمەن . ناھايتى ئىنتىزامچان بولۇشڭلار كېرەك...
_ خاتىرجەم بولۇڭ سىلىك ، بىز كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقىپ ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىمىز. بىزنى مۇشۇنداق مېھمان قىلىپ تۇردىغانلا بولسىڭىز ئوغرى تۇرماق قاراقچىنىڭمۇ كالىلىسىنى دارغا ئاسىمىز، - دېدى قۇربان قاپاقلىرىنى يالغاندىن تۇرۇپ قويۇپ .
_ ئوغۇل بالا ، ئىسمىڭ نېمە ؟- دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلانغان ۋەن گوتەي .
_ قۇربان ، -دېدى ئۇ لەنشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ .
_ ۋەن سىيلىك ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بىزنى تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسىڭىز ، يول يۈرۈشكە ئەپلىك بولسا...
_ بولىدۇ ، بولىدۇ ، ياخشى گەپ ، - ئۇ شۇئان كانىۋپىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا داۋۇتلارنىڭ سالاھىيتىنى تونۇشتۇرۇپ ئىسپات يېزىپ بېرىشنى تاپشۇردى . كانىۋپىيى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقنى بەجا كەلتۈردى .
زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى .
_ ۋەن سىلىك ، - دېدى داۋۇت پالۋان بۇ يەردە قىستىلغاندەك بولۇپ ، - بىز قايتايلى . كەچتە خىزمەتكە چۇشسەك ، ئائىلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بوپتۇ ، جۇ فۇگۇەن سلەرگە ئككى تال ملتىق ، ئوق بېرىدۇ. ئۇنى ئېلىۋېلىپ كېتىڭلار .
<< ئەمدى ياخشى بولدىغان بولدى . بىز ئەمدى ئىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ كېتەلەيمىز ... ھەرىكەتنى بارغانچە تېزلىتىش كېرەك >> دەپ ئويلىدى داۋۇت پالۋان .
ۋەن كانىۋيى ئاچىققان ملتىقلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۇلارغا بەردى .
_ مانا قورال ، دىققەت قىلىڭلار ... - ئۇ يەنە بىر مۇنچە ئىشلارنى تاپىلىدى .
_ بولىدۇ ، خوش ئەمسە .
_ خوش ، - ۋەن گوتەي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا قاراپ قالدى . يۈرىكى بىر خىل ئەنسىز تۇيغۇدىن تېز - تېز سوقۇپ كەتتى.
ئۇلار قورۇغا چىققاندا ، سىدىق كۆككۆز يەر سۈپۈرۋاتاتتى. ئۇ ئىشتىن توختاپ بۇلارغا قارىدى .
_ داۋۇتكا بۇ يەرگە ئامراق بولۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟ تۈنۈگۈن ئۆزىڭىزلا كەلگەن ئىدىڭىز، بۈگۈن كۆپىيىپ قاپسىلەرغۇ ؟ تېخى قولۇڭلاردا قورالمۇ باركەن ، بۇ يەر سىلەرنى ئۆگىتىۋالدىمۇ نېمە ؟- دېدى سىدىق كۆككۆز پەرىشان ھالدا.
_ ۋەن سىلىڭ ئىسسىتقۇ قىلغان ئالىملارنى يەپ ساپتۇق ئەمەسمۇ .- دېدى قۇربان ھەييارلىق بىلەن .
ئەتراپتىكىلەر تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى . بۇ كۈلكە ئاۋازىدىن ئەنسىز ھالدا يۈگۈرۈپ چىققان لەنشىڭ ئەتراپقا قارىۋېتىپ :
_ ھەي كۆككۆز نېمە ئىش بولدى !- دەپ ۋارقىرىدى .
_ بايىقىلار كۈلدى .
_ ئىشىڭنى قىل تولا سۆزلىمەي ... _ لەنشىڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.
<< خەپ ئاناڭنى بىر كۈنى جېنىڭنى ئالمەن >> سىدىق كۆككۆز شۇنداق دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. داۋۇت پالۋاننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قارا تۇمان ياپماقتا ئىدى .

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 18:03:58

ھەي.... << ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئەڭ ئازاپلىق ئىش ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلماسلىققا ئامالسىز قېلىشتۇر >> دەپ يازغانىكەنمەن 1999- يىلى يازدا كۈندىلىك خاتىرەمگە.....

شۇنداق قىلىپ داۋۇتلار قوراللاندى ئەمدى نىمە كارامەت؟ قېنى مەرھەمەت!

---

يولىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-11 19:29:32

Nazakat0909نىڭ بۇ خالىسانە ئەمگىكى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى . ئەگەر بۇ رومان تولۇق يوللىنىپ بولسا ، ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىنغان رومان بولغۇسى ھەم Nazakat0909 مۇ تۇنجى رومان يوللىغۇچى بولۇش شەرپىگە ئېرىشقۇسى .
Nazakat0909نىڭ بۇ كاتتا ئىشىغا ئالقىش ياڭرىتىمەن ھەم تورداشلارنىڭمۇ Nazakat0909 كە مەدەت ، ئىلھام بېرىشىنى ، ئىجابىي ئىنكاسلىرىنى ئايىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 15:37:41

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھەممىڭلارنىڭ مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگىنىڭلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ! سىلەر ئوقۇشنى خالىساڭلار بۇندىن تېخىمۇ ياخشى تېمىلارنى داۋاملىق ھوزۇرۇڭلارغا سۇنۇشقا تەييارمەن ! ھەممىڭلارغا سالامەتلىك ، خۇشاللىق ، ئامەت يار بولغاي !!!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 16:11:51

[center][size=5][size=4][color=Blue][font=]بەشنجى باب ئېتىقاد يولدا[/size/] [center]

بارا - بارا سوغۇق چۈشۈۋاتاتتى. بازار ئىچىدىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقالغان بولۇپ ، كىشلەر بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىلكىدە يۈرشەتتى . ئەسكەرلەرنىڭ پۈقرالارنى سىلكىشتۈرۈپ ، قوپال ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىشلىق غەم خىياللىرى ھەممىلا كىشىنى ۋەسۋەسە ئىچىدە قالدۇرغانىدى . سوغۇق شاماللار غېرىبسىنىپ ياتقان كوچىلاردىكى ، يوللاردىكى خازان ۋە ئەخلەت چاۋارلارنى ھەريان ئۇچۇراتتى. توپ - توپ قارا بۇلۇتلار قاپسىلىپ تۇرغان ئاسمان ھەر كۆكۈلگە غەشلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى. يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئېغىر غەملەرگە يەم بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇ يۈرتنى شۈنچىلىك بىر غېرىبلىك باسقان ئىدىكى ، تۈرۈلگەن چىرايلاردىن كۆلكە ئاختۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
تۈرمۈش غېمىنى قىلىش ئۈچۈن بازارغا ئوتۇن ئەكىرگەن ئوتۇنچى باللار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىپ ، ئوتۇنلىرىنى تارتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇيان - بۇيان قارىشاتتى. << نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئۇلارغا توشۇدۇق ، ئەمدى گەپ قىلماس ....>> دەپمۇ ئويلىشاتتى.
شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئۇلارنى بىئارام قىلىپ ئوتۇنلىرىنى تېزرەك سېتىشقا ئالدىرىتاتتى. قېرىشقاندەك بىرەر خېرىدارنىڭ يوقلىقى ئۇلارنى تىت- تىت قىلاتتى. ئۇلار يالاڭ كىيىملەردە دۈگدىيىپ تىترەيتتى.
بايخان ئوتۇنچىلارنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتىپ ماڭدى .
ھەي ئوتۇنچى باللار ،
ياخشى باللار ، دەردى بار باللار .
بارىكاللا ، كاككۇك ، دەردى بارنى تاپتۇق .
ھەقىقەتنى ياپتۇق .
ئاتنى ھارىۋىغا قاتتۇق،
يەيدىغان ھېچ نەرسە يوق .
بار- يوقنى ساتتۇق ، كاككۇك ، كاككۇك ...
ياش باللار .
ئوتۇننى ئېلىشقا ساتساڭلار ،
ئۆيگە بېرىپ بەخۇدەك ياتساڭلار .
تەلەي سىناپ باقساڭلار ... كاككۇك ، كاككۇك ...
كەلسە - كەلمەس ماڭماڭلار ،
قىلغان ئىشتىن يانماڭلار .
ئۇ بىردە ناخشا ئېيتىپ ، بىردە كاككۇكتەك سايراپ ئوتۇنچى باللار يېنىدىن كېتىپ قالدى . ئوتۇنچى باللار ئۇنىڭ كەينىدىن مۇڭلانغىنىچە قاراپ :
_ ئاجايىپ ئادەم جۇمۇ ئۇ ... - دېيىشتى . كۆڭۈللىرىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەكمۇ بولۇشتى .
بايخان داۋۇت پالۋانلارنىڭ خەۋەرچىسى بولغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلانغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جانلىنىپ ، سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ نەلەردىن ئاڭلايدىكىن - تاڭ ؟ يېڭى - يېڭى << ئىلى خەۋەر>> لىرىنى داۋۇت پالۋانغا ، يۈرتتىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە بىر خۇش خەۋەرنى ھەممەيلەنگە يەتكۈزدى .
_ ئىلقا پارتىزانلىرى ئىلقىنى ئېلىپ ، غۇلجا شەھىرىگە ھوجۇم قىپتۇ . غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ئاستى تاشكىلاتلار ئۇلارغا ماسلىشىۋېتىپتۇ ، غۇلجا پات ئارىدا ئازاد بولغۇدەك ...
بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋان ۋە باشقا كىشلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي قانلىرى قىزىپ كېتىشتى - دە ، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن كېڭەش ئېلىپ باردى . ئۇلار تېزرەك چوڭراق ئىش قىلىشقا ئالدىرايتتى. ناسخۇن ۋە تۇردىئاخۇندىن تېخىچە خەۋەر يوقلىقى ئۇلارنى بىئارام قىلاتتى. نەق مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھېكىمباينىڭ قويچىسى ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى . ۋەن گوتەي جىلە بولغان ھالدا ، نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن دەرھال بىر ئادەم ئەۋەتىشنى قاراق قىلدى . غاپپار بەگ بۇنىڭغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ۋەن گوتەيگە بىلدۈردى. ۋەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن غاپپار بەگ داۋۇت پالۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، قارا قاۋاننى ئەۋەتىشكە لايىق تاپتى . بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يورىغاندەك ئىشلىرى ئوڭغا تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى .
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولدا ئاتلىق بىر كىشى ناخشا ئېيتقىنىچە ئاستا كېلىۋاتاتتى.
ئاچىل ، ئاچىل گۈل ئاچىل ،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ، ئاچىل
ئۇ بۇ ناخشىنى ئاھاڭى ، رېتمى بويىچە ، ناھايتى يېقىملىق ئېيتىۋاتاتتى. بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەيرىي كىشىگە ھەممەيلەن قىزىقىش ئىچىدە قارىشاتتى. ئۇ شۇنداق تەمكىن ، مەغرۇر ھالدا ناخشا ئېيتماقتا ئىدى .بۇ كىشىنى كۆرگەن ئىسمائىل شەنگۇەن ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە ئاتنىڭ بوجىسىنى تۇتتى .
_ نېمە ئادەم سەن ؟- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .
_ مېنىڭ نېمە ئادەم بولۇشۇم بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ ؟ سەن ئۆزۈڭ كىم ؟
_ مەن سەندىن سوراۋاتىمەن ، سەن كىم ؟ بۇ يەرگە نەدىن كەلدىڭ ؟- بىرەر خىزمەت كۆرستىپ بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ۋەنىنىڭ ئالدىدا ئابرويلۇق بولۇشقا ئۇندەۋاتقان بىر كۈچ ئۇنى تىنىم تاپقۇزمايۋاتاتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كىشىلەر بۇ يەرگە يىغىلىشقا باشلىدى .
_ سەن ، - دېدى ھېلىقى ساقاللىق ، قارامتۇل كەلگەن ، كۆزى يوغان يوچۇن كىشى ، - بۇ يەرنىڭ لالما ئىتى ئوخشىمامسەن ؟ ئۇۋغا يارىمىغاچ ئىگەڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرۋەتتىمۇ ؟ ئەتىگەندىلا يۇندا پۇراپ چىقىپسەن - دە .
ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن قىزىرىپ ، تاتىرىپ :
_ نېمىگە ئادەم تىللايسەن ؟ يۇر ساقچىغا بارىمىز ؟ مېنى تونۇمايۋاتامسەن نېمە ؟- دېدى
_ ھايۋاننى تونۇپ يەتمەك تەسكەن . مەن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى كۆپ كۆرگەن ، لېكىن گەپ قىلالايدىغان ئىككى پۇتلۇق ھايۋاننى تېخى كۆرمەپتىكەنمەن .
ئەتراپتىكىلەر تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى . ئىسمائىل شەنگۈەن تىت- تىت بولۇپ ئۇيان - بۇيان قارىدى . ئۇ نېرىدا كۆرۈنگەن ئىككى ساقچىنى كۆرۈپ تېنىگە جان كىرگەندەك بولدى - دە ، قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ ھەي بۇياققا كېلىڭلار !
يوچۇن كىشى ئىسمايىل شەنگۈەننى كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋېتىپلا ئاتنى چاپتۇرۇپ ، ياندىكى بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن قان ئېقىۋاتقان بۇرنىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى :
_ ئاۋۇ ئاتلىق ئادەمنى قوغلاڭلار ، ئۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىكەن ، تېز ، تېز بولۇڭلار ! مەن ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ كېلەي ، - ئۇ بۇرنىدىكى قاننى يېڭى بىلەن سۈرتىۋېتىپ ، ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يۈگۈردى . << ئەجەپ قاچۇرۇپ قويدۇم ، ئىست ، خىزمەت كۆرسەتسەم ئەمىلىم ئۆسەتتى. ئەجەپ... ئىست ... ئىست >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئاچچىق پۇشايماندىن پۇچۇلىنىپ كەتتى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى ۋۇ شاۋتەنگە مەلۇم قىلدى . ۋۇ شاۋتەن ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇش ئۈچۈن دەرھال ئەسكەر ماڭدۇردى ھەم ئۇنى كىم تۇتسا كاتتا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقنى ئۇقتۇردى . ھەممە يەردە تىكىتىڭلاش ، ئىزدەش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنى شۇنچە ئىزلەپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق ، قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى . بۇ ئىش ۋۇ شاۋتەننىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىۋەتتى.

داۋامى بار ...

ھەر بىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى ھىمايە قىلىش يولىدا مەردانە بولۇشى كېرەك . _ ئا. گومبولدت
[size][/color][/font/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 18:32:49

ئىسمائىل شەنگەندەك لالىملار............ ھەي نىمە دېسەك بولار ھە....

يۇرىكى قانداق ئادەملەر ئەشۇنداق ھوقۇق - پۇل ئۈچۈن ئوز قېرىنداشلىرىنى ساتىدىغاندۇ؟؟؟ يۇرىكىنىڭ رەڭگى زادى قانداق بولىدىغاندۇ شۇنداق لالىملارنىڭ؟؟؟ ھەي ئادەم ئەمەس بەدبەختلەر!

شۇنداق قىلىپ بۇ مىھماننىڭ كىملىكىنى ئەمدى توۋەندىكى ساندىن بىلەيلى قېنى نازاكەت خانىم! مەرھەمەت!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 21:13:11

ھەي ئۇنداق لالىملارنى چاناپ ئۆلتۈرۈش كىرەك
ھارمىغايسىز خانىم [em38] [em36]

---

يوللىغۇچى: aziza
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-12 23:01:10

ھارمىغايسىز Nazakat0909 !داۋامنى كۈرۈشكە ئىنتىزارمەن [em35] [em8]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: alsvyar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 12:01:37

ياخشىكەن داۋامىغا قىزىقىۋاتىمەن

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 17:58:50

[size=4][color=Blue]بۇ ئىشتىن تېزلا خەۋەر تاپقان بايخان يوچۇن كىشىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئۇنى شەھەر يېنىدىكى قېلىن بىر ئورمانلىقتىن تاپتى . بۇ كىشى ئىلىدىن بۇ يەرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەن ، داۋۇت پالۋانلار يولىغا زار بولۇۋاتقان مۇھىم ئادەم ئىدى . بايخان ئۇ كىشى بىلەن ئەھۋاللىشىپ خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى .
_ بىز سىلەردەك ئادەملەرگە بەكمۇ تەشنا ئىدۇق . مانا ئاخىر خۇدا بىزنى ئۇچراشتۇردى ... بولمىسا بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرەرسى ئىلىغا ماڭماقچىتى ، ئەمدى سىز داۋۇت پالۋان بىلەن تېز كۆرۈشۈڭ . ئۇ شۇ تاپتا سىزدەك ئادەملەرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە بەكمۇ مۇھتاج !
_ ھازىرلا كۆرشەيلى .
_ توختاڭ ، - دەپ ئويلىنىپ قالدى بايخان ، - ھازىر خەتەرلىك ، ھەممە يەردە پايلاقچى ، مۇناپىقلار تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ . مەن ئاۋۋال داۋۇت پالۋانغا خەۋەر قىلاي . سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ . كەچ كىرگەندە مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن . ئارىلىقتا سىزگە تاماق ئەكىلىپ بېرىمەن .
_ سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم .
_ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، ھۆرلۈككە ئۆزىنى ئاتىغانلاردىنمۇ ھەم ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ بۈيۈك ئىشى بولامدۇ . خەير ، مەن كەتتىم ، - ئۇ شۇنداق دەپلا بىردەمنىڭ ئىچىدە غايىپ بولدى . يوچۇن كىشى بۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى . << توۋا بۇ ئادەمنى... خىزىرغا ئۇچراشتىممۇ نېمە ؟ گەپ سۆزلىرى شۇنداق ئۆتكۈر .... >> ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .
شۇ كۈنى كەچ داۋۇت پالۋانلار ئۈچۈن قىممەتلىك بىر كەچ بولدى . ھېلقى كىشىنىڭ سۆزلىرى داۋۇت پالۋانلارنى يەنە قايتىدىن بىر قېتىم ئويغاتتى. جاسارىتىنى ئاشۇردى . ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، ئىسمىنى ئابدۇقادىر دەپ ئېيتىپ ئۆتۈپ ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە تەشۋىقات ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ، ئويغىنىش ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى . داۋۇت پالۋانلارغا ئىنقلابنى ، تەشۋىقاتنى قانداق ئېلىپ بېرىش ، خەلقنى قانداق يېتەكلەش ھەققىدە نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈردى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بەكمۇ خام ، ئاددىي ئىشلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئابدۇقادىردىن تىنماي سۇئال سوراپ تۇردى . بىر كېچە ئەنە شۇنداق شېرىن دەقىقىلەر بىلەن ئاخىرلاشتى . تاڭ ئەمدىلا سۇزۇلۇشى بىلەن تەڭ ئابدۇقادىر يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، داۋۇت پالۋانغا نۇرغۇن ئىشلارنى تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدى.
ئابدۇقادىرنىڭ ناخشىسى خەلق ئىچىگە بىردىنلا تارقىلىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر غىڭشىپ دىمىقىدا ئېيتسا ، ئۆسمۈر باللار ناھايتى جۇشقۇن ھالدا ئېيتىشاتتى. بايخاننىڭ كىشلەرگە ياد بولۇپ كەتكەن ناخشىلىرىمۇ قايتىدىن ياڭراشقا باشلىدى . تۇيۇقسىز قوزغالغان ناخشا ئېيتىش قىزغىنلىقى << قۇلاق يېقىپ يۈرگەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى . ئۇلار كىمنى تۇتۇپ ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى .
_ نېمە بولغاندۇ بۇ خەققە ، ھە تۇرسۇن ؟- دېدى زاكىر قۇلاق تار كوچا ئېغىزىدا .
_ چوڭراق بىرەر ئىشقا نىيەت قىلىۋاتسا كېرەك ، كىمنى بېسىقراق كۆزەتسەك بولار ؟ بۇ قېتىم بىرەرسىنى تۇتمىساق ، ۋۇ جۇيجاڭنىڭ پەيلى يامان ، ئاڭلىدىڭمۇ ، ھوشۇر تۇتۇپ بەرگەن ھېلقى كىشىنى ئۇلار ئۆلتۈرۈپ كۆمىۋېتىپتۇ ؟
_ نېمە قىلسا قىلمامدۇ، جېنىمىزنى باقساق بولدى . بۇ خەقنىڭ قولىدىن نېمە كىلىدۇ. ماۋۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلى چىڭ ، - دېدى زاكىر قۇلاق .
_ ماۋۇ بايخان دېگەن نېمە قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ ، كۈندە ئېغىزىدا شۇ ئالتە ئوغرىنىڭ گېپى ، ئاۋۇ يەرنى ئازاد قىلىپتۇ . ماۋۇ يەر ئازاد بولىدىكەن دەۋاتقان ... ئۇنىڭ ناخشىلىرىمۇ خەتەرلىك ... - دېدى تۇرسۇن تىڭتىڭ زاكىر قۇلاققا يېقىنلاپ كېلىپ .
_ ئۇ بىر ساراڭ ئاشىق تۇرسا ...
_ ياق ، سەن ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا زەڭ قويماپسەن ، تېگىدە گەپ بار ، خەتەرلىك .
_ كىشلەر ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ .
_ نېمە بولسا بولمامدۇ ، يۈر ساقچىغا بارايلى .
_ داۋۇتلارنى كۆزىتىپ تۇرۋاتامسەن ؟
_ ئۇلارنى كۆزىتىپ نېمە كەپتۇ ، ۋەن سىلىك ئۆزى ئىشقا قويغان تۇرسا، نېمە قىلمىز ئارىلىشىپ ، يۈر ماڭايلى .
_ بۇ ئوغرىلار ئەجەپمۇ پاراكەندە قىلدا ، سىڭگەن نېنىنى يېسە نېمە بولىدىغاندۇ .
_ بىزمۇ شۇ داۋىخور خەق . ئىنقلاب قىلىشنى كىم قويىدى بىزگە ؟ قايسى بىر ئىنقلاب غەلبە قىلغان ؟ ھە دەپ قويۇپ سىڭگەن نېنىنى يېسە بولىدۇ. قولىدىن نېمە كېلىدىكىن بۇ خەقنىڭ .
_ شۇنى دېگىنە ، ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىغا تويدىغۇ ئادەم .
ھەممە كىشلەر ئۇلارغا نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىش نەزەرى بىلەن قارىشاتتى ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى نېرى ئېلىپ ماڭاتتى.
زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭنىڭ ۋۇ شاۋتەنگە يەتكۈگەن خەۋىرى ئۇلارنى پاتپاراق قىلىۋەتتى. ۋۇ شاۋتەن ئالىلقاندىداق بىر خىل سىرلىق كۈلۈمسىرىدى- دە ، دەرھال ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، بايخاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى...


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 19:12:27

ئو... ماۋۇ بەدبەختلەر.... بايخاننى چېقىشتۇرۇپ قويامدۇ نىمە ھە؟ يېقىنقى تارىخلىرىمىزدىمۇ بۇنداق مۇناپىقلارنى ھو بولغۇچە كورگەن خەلقىمىز... مۇناپىق ھەر ئىككى دۇنيادا ياخشى كۈن كورمەيدۇ! شۇ مۇناپىلىقنى قىلىپ جان باققۇچە باشقا بىر ئىش قىلىشسىچۇ....

قېنى ئەسەر ئەمدى قىزىيدىغان يېرىگە كەلگەندەك قىلىدۇ... ئاخىرىغا تەشنامىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-13 21:31:23

ماۋۇ بەدبەخلەرنىڭ گېپىنى ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بوپ قاغىنىدىن نومۇس قىلىۋاتىدۇ
ھەي ھەجەپ بىر جاھان ھە بۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟!!!!!!!!!!!!...........................................

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 12:44:15

ئۇنى بىر دېمەڭ دوستۇم! تېخىمۇ ھەيران قالارلىق يېرى، بۇگۇنكىدەك مىللەت، دولەت، چېگرا دىگەنلەرنىڭ ئۇقۇمى شۇنچە ئېنىق يېشىلگەن بىر دەۋردە تۇرۇپمۇ يەنىلا ئوزىنىڭ ئۇيغۇر بوپ قالغىنىدىن نومۇس قىلىدىغان كىشلەر يوق ئەمەس! بار ئارىمىزدا! شۇنداق دىيىشكە بولىدۇكى، بۇنداق ئادەملەر مىللەتنىڭ يۈزىگە سۇۋاشقان لاتقا! پوق!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 13:03:28

[size=4][color=Blue]ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بايخان باغلانغان ھالدا ، بىر توپ ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا كوچىدا پەيدا بولدى . ۋۇ شاۋتەن ئاتتا مەغرۇر غادايغىنىچە ، كىشلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كىلىۋاتاتتى. كىشلەر بايخانغا قاراپ ئاچچىق يۇتۇشتى . يۈرەكلىرى تارتىشىپ ئازابلىنىپ كېتىشتى .
بايخان غېمىدە يوق ناخشا ئېيتىپ ماڭماقتا ئىدى .
ئېتىقادىم بىر مېنىڭ ،
يىلتىز تارتقان زېمىنغا .
_ ئاغزىڭنى يۇم ساراڭ !- دەپ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى ۋۇ شاۋتەن .
تەلمۈرمەن ئەي باھار ،
ئۈمىد بىلەن يولۇڭغا .
_ ئۆر بۇ ساراڭنى !
بىر نەچچە ساقچى ملتىق پاينەكلىرى بىلەن بايخاننى بىر قانچىنى ئۇرىۋەتتى. بايخان ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ ، قەددىنى تىك تۇتتى -د ە ، ۋۇ شاۋتەنگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ :
_ باغلاقلىق ئادەمنى ئۇرۇش قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئىشى ، - دېدى .
_ ماۋۇ ئەبگا نېمە دەيدۇ ، ھەيدە بۇنى !
ئۇلار بايخاننى ساقچى ئىدارىسگە ئېلىپ بارغاندا ، بىر ساقچى لەنشىڭنى ۋۇ شاۋتەننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چاقىرىپ كەلگەندى . تۇتۇلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ ، ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولغاندى . ئۇ بايخاننى كۆرۈپ ، ئانچە قىزىقمىدى .
_ لەنشىڭ كەلدىڭمۇ ؟ ھە ، سەن بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەر .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بولىدۇ جۆيجاڭ .
_ ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار ، سەن تېخى ئولتۇرمامسەن ، ئولتۇر !
_ مەن سۇئالىڭغا تىك تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن !
_ بوپتۇ ئىختىيارىڭ ، قېنى ئېيتە ، سەن نېمە دەپ ناخشا ئېيتتىڭ ؟
لەنشىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . ئىدارە ئىچىنى سۈرلۈك بىر كەيپىيات باستى . ئەسكەرلەر بايخاننىڭ ئەتراپىدا تىك تۇرۇشاتتى.
_ مېنىڭ ناخشا ئېيتىشىم ئۆز ئەركىنلىكىم . بۇنىڭغا ئارىلىشالمايسەن .
_ بىزگە قارشى ناخشا ئېيتىپسەنغۇ ؟
_ مەن سىلەرگە قارشى ناخشا ئېيتمىدىم ، بەلكى ئەركىنلىكنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتتىم . ئۆز ئېتىقادىمنى كۈيلىدىم . ئاڭلا قېنى .
مۇزلىغان يۈرەكنى قۇچاقلاپ بىر كۈن ،
كېلىدۇ نەۋ باھار تاڭلار قوينىدا .
.........
_ ناخشاڭنى توختات ! ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
_ باھار كېلىدۇ دەيدۇ .
_ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟- ۋۇ شاۋتەننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى ، - سېنىڭ ھېلىقى ئىلىدىن كەلگەن نېمە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ؟ ئۇمۇ ناخشا ئېيتىدىكەنغۇ ؟
_ دەردى بار خەلىق ناخشىغا ئامراق كېلىدۇ ، سەن ناخشا ئېيتالامسەن ؟!
دەردىم تولا تاغلاردىن ،
ئورۇن يوقتۇر باغلاردىن .
_ ناخشاڭنى توختات ! سۇئالىمغا جاۋاب بەر !
بايخانغا قارىشىپ تۇرغان ساقچىلار ئۇنىڭ ساراڭدەك قىلىقلىرىدىن ھەيران بولۇشتى . ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق غەلىتە ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . لەنشىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ۋۇ شاۋتەن بىئارام بولۇپ ، ئىچى سىقىلىپ كەتتى- دە : << بۇ ساراڭمۇ نېمە ؟>> دېگەننى ئويلاپ قالدى .
_ سەن ناخشا ئېيتىپ نېمە دېمەكچى ؟- دېدى ئۇ نېمە دەپ سۇئال سورىشنى بىلەلمەي .
ناخشا ئېيتىمەن يار دەپ ،
يار غېمىدىن غەم يەپ .
_ ئۇرۇڭلار ! -دەپ ۋارقىرىدى دەرغەزەپكە كەلەەن ۋۇ شاۋتەن ئۈستەلنى مۇشتىلاپ .
_ بۇ ساراڭ ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ ... - دەپ غۇدۇردى لەنشىڭ .
_ بۇ نېمە ئادەم ؟- سورىدى ۋۇ شاۋتەن لەنشىڭغا قاراپ .
_ بۇ ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىغان ساراڭ .
_ ئۇنى بىلەمسەن ، نەدىن كەلگەن نېمە بۇ ؟
_ مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ بۇ ئادەم مۇشۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ ساراڭدەك يۈرىدىكەن .
_ بۇنى ئاۋۋال ئۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى ، قېنى نېمە دەيدۇ بۇ ؟
بىر نەچچە ساقچى بايخاننى تامدىكى قوزۇققا ئىككى قولىنى كېرىپ ئېسىپ ، ئۇرۇشقا باشلىدى . بايخان يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ ناخشا ئېيتتى.
ئۇرساڭمۇ ئۇر مېنى ،
ئېلىشىپ كۆرەيلى كەل قېنى .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
_ ئۇرساڭمۇ ئۇ ، ئېلىشىپ كۆرەيلى قېنى دەيدۇ .
_ بۇ قانداق دېگەن نېمە ؟ شۇنچە تاياق يەۋېتىپ ، يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ ؟
بايخاننىڭ بەدەنلىرى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ ئىششىپ چىقتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىمىرىلمەس بىر جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. سارغۇچ كۆزلىرى يەنىلا غەزەپلىك چاقناپ تۇراتتى. شالاڭ ساقال باسقان ئېڭەكلىرىگە ئېغىز ، بۇرۇنىدىن تامچىغان قانلار سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.
_ تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار ، ئېلىشىپ باقايلى .
بايخان ئېغىر پۇشۇلداپ ، يەنە ناخشا ئېيتتى.
قاچان كەلىدىڭ ... ئارامىزغا ...
قالدۇق شۇندىن ... ئازابلارغا ....
_ ئۇنى يېشىپ چۈشۈرۈپ ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار !
_ ئۇ ئوغرىلارنىڭ ئادىمىدەك قىلىدۇ.
_ قانداق دەيسەن ؟
_ گومىنداڭ ئارىمىزغا كەلگەندىن تارتىپ ئازاپ چېكىۋاتىمىز دەيدۇ ؟
_ مەن دېمىدىممۇ ؟ - ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ بايخان تەرەپكە قارىدى ، - سېنىڭ ئاراڭغا كىم كەلدى ؟ كىم سېنى ئازابقا سالدى .
_ شەيتان ئارىمىزغا كېلىپ ، ئازابقا سالدى .
_ شەيتان دېگەن كىم ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_شەيتان دېگەن كىم ؟ شەيتان دېگەن ئىبلىسنىڭ بالىسى .
_ ئىبلىس دېگەن كىم ؟
_ ئىبلىس دېگەن شەيتاننىڭ بوۋىسى .
_ ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ؟
_ ئەجەپ بولدۇم ئەجەپ بولدۇم .
ئۆز يۇرتۇمدا غېرىپ بولدۇم
كاككۇك ....
بايخان بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلەتتى.
_ قانداق دېگەن نېمە بۇ ؟ ۋەن سىلىك ئۆزى سوراق قىلىپ باقسۇنمۇ ؟- دېدى لەنشىڭ .
_ بۇ ساراڭدەك ناخشا ئېيتىپ تۇرۇۋاتسا ، ۋەن سىلىڭنى نېمە دەپ چاقىرتىمىز . ھازىرچە بۇنى سولاپ قويۇپ ، كېيىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېگە بولغاندا ئاندىن چاقىرتايلى .
_ بولىدۇ ، شۇنداق قىلايلى . ۋەن سىلىك بۇنى كۆرۈپ بىزگە ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە .
_ بۇ گېپىڭ بولىدۇ. بۇنى ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇڭلار .
بىر نەچچە ساقچى بايخاننى ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بايخاننىڭ كۆزلىرى سەل قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى - يۇ ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتاتتى.

داۋامى بار .....
[size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 13:59:02

ھەي ئىت بەدبەختلەر..... ئىت تەرجىمانلار.....

داۋۇت پالۋانلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئىنقىلابچىلارچۇ؟ بايخانغا ئۇۋال بولدى دە.....

ئاخىرىنى تىزرەك داۋام قىلىسىڭىز دوستۇم... رومانىنىڭ بەك قىزىق يېرىگە كەلدى!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-14 16:58:53

[color=Blue][size=4]بايخاننى سولاپ قويۇپ ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ناخشىسى ياڭرىدى .
كاككۇك ، ئۆزىمىزنى تاپتۇق ،
ھەقىقەتنى تاپتۇق .
ۋىجدانىمىزنى ساتتۇق ،
گەيجاڭ غوجامنىڭ سولىقىدا ياتتۇق .
كاككۇك .... كاككۇك ...
_ بۇ ساراڭنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈڭلار !- ۋۇ شاۋتەن جان - جەھلى ۋاقىرىدى ، - ھېلىقى ھارام تاماقلارنىڭ ئادەم تېپىلمىغاندەك تۇتۇپ كەلگەن ئادىمىنى ، قولىدىن ئىش كەلمەس يارىماسلار ، ھېلىقى نېمىنى تۇتقان بولسا ... بۇنى سىلىك ئاڭلاپ قالسا ، ھەي ... ئاۋۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈر دەيمەن !
لەنشىڭ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.
_ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولساق ، ۋەن سىلىك ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولاتتى. ھەي ، ئىسمائىل دېگەن چوشقا ... _ۋۇ شاۋتەن ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى.
بايخاننىڭ ئاۋازى تىنجىپ ، ئاز ئۆتمەي يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
_ ۋاي - ۋۇي ماۋۇ ساراڭنى ، قانداق دېگەن نېمە بۇ تاياق ئۆتمەيدىغان ؟- ئۇ جىلە بولغان ھالدا سىرتقا چىقتى . لەنشىڭ ئىدارە تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.
_ ھەي ، ئاۋۇ يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپمامسەن ؟
_ ماقۇل . مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى باساي ، يۈرۈڭلار ، - لەنشىڭ ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ ، گۇندىخانىغا كىرىپ كەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بايخاننىڭ ئاۋازى تىنجىپ قالدى .
_ ئەمدى بولدىمۇ جۇيجاڭ ،- دېدى لەنشىڭ ئېغىر پۇشۇلداپ .
_ بولدى ، _ دېدى ئۇ سوغۇققىلا قىلىپ .
_ مەن قايتاي ، ئىش بولسا چاقىرتارسىز ؟- ئۇ شۇنداق دەپ مېڭىشىغا بايخاننىڭ ناخشىسى بوش ئاڭلاندى.
_ شۇنداق ئۇرسام ، قارا ئۇنىڭ ... _ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.
كېيىن بايخاننىڭ ئاۋازى قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى . ساقچىلار ئۇنى ئۇرۇپمۇ بىسقىتۇرالمىدى . بىر نەچچە قېتىم ئۇلار بايخاننى سوراق قىلىپ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . بايخان ئالاجۇقا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئاخىر ئۇلار بايخاننى ساراڭغا چىقىرىشتى .
_ بۇ ساراڭنى كۆزۈمدىن يوقۇتۇڭلار ، - دەپ ۋارقىرىدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ، - بۇنى ئىككىنجى كۆزۈم كۆرمىسۇن !
بايخاننىڭ تۇتۇلۇشى بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى .
_ بايخاننى نېمىشقا تۇتقاندۇ ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلغان بولغىيتى ؟
_ ئۇنىڭ ناخشىلىرى بەكمۇ مەزمۇنلۇق ، ئۇ ئاجايىپ بىر ئۇلۇغ ئادەم جۇمۇ . ئۇلار بايخاننى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ . ئۇ ئەۋلىيادەك ئادەم .
_ بايخان ئۇلارنىڭ سۇئالىغا ناخشا بىلەن جاۋاب بېرىپتىغۇ ؟
_ ۋۇ جۇيجاڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپ كەتكەن گەپ بار .
_ نەدىكى گەپنى قىلدىڭكەنسەن ، ئۇ جاللات ناخشا ئېيتالامدۇ ؟ بايخاننى شۇنچە ئۇرۇپمۇ ناخشا ئېيتىشتىن باسالمىغان گەپ .
_ بىچارە بايخان تۇتۇلۇپ كېتىپلا ، بۇ يۇرت غېرىبسىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى .
_ بايخاننىڭ تاياق يېگىنىنى ئاڭلاپ ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.
_ قانداق قىلىمىز ، ئۇمۇ يا كۆتىنى قىسىپ يۈرمەپتۇ .
_ قاچانغىچە قىسىمىز ؟
_ قىسمىساڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق . ئۇلار قانچە ئادەمنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى، بىلەمسەن ؟>
_ ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن ....
_ داۋۇتلارمۇ ئاينا ھۆكمەت ئادىمى بولۇپ ، قوغدىغۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، ئەڭ ياخشىسى ھەممىمىز ئۆزىمىزنى بىلىپ ، قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشماي ، سىڭگەن نېنىمىزنى يېگىنىمىز ئەۋزەل .
_ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزى ، بىر خۇدا بىلىدۇ، سەنمۇ تازا قورقۇنچاق خوتۇن مجەز نېمە ئوخشايسەن !
_ قورقمىغان بىلەن بولمايدۇ ، بىر نېمە دېسەڭ ئاتىدۇ ، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ .
_ ئۇنداق بولسا سەنمۇ ھېكمبايدەك خوتۇنىڭنى ئۇلارغا سولاپ بەر ! شۇ چاغدا ياخشى كۈن كۆرىسەن .
_ تىلىڭنى تارت، ئاناڭنى !
_ نېمە دەيسەن ئەركەك تۆكى يوق سولامچى ، ئاچچىقىم تۇتۇپ تۇرغاندا ، ھېلى بىكار چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن ...
_ جىم تۇرۇڭلار ، ئەنە قاراڭلار زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ ، ھوشۇر پالاقلارنى ... ئاۋۇ ئايىسخان جۇيجاڭنى كۆردۇڭلارمۇ ؟
_ خائىن دېگەن بۇنداق بىللە يۈرمەيدىغان ، بۇگۈن نېمە بولغاندۇ بۇلارغا ...
_ غۇلجىنىڭ ئازاد بولغانلىقى بۇلارنى جىم ياتقۇزمايۋاتىدۇ - دە ....
_ بۇلارنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !
داۋۇت پالۋان بايخاننىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى . ئۇ بايخاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈردى. غاپپار بەگ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ ھېچ ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىدى. ئۇ ئاخىر تۈرمىگە كىرىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلاۋاتقاندا ، بايخان ئۇنىڭ ئالدىغا ھالسىز تېنىنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى. داۋۇت پالۋان ئۇنى كۆرۈپ بىردە خۇشال بولغان بولسا ، بىردە ئىچ- ئىچىدىن ئازابلىنىپ پۇچۇلىنىپ كەتتى.،،،
داۋۇت پالۋان بايخاننى شۇ كۈنى ئۆيىدە ئارام ئالدۇرۇپ ئوزۇقلاندۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خائىنلار نېرى بولمايۋاتاتتى . ئۇ ئۇلارنى خىيال قىلغانسېرى قانلىرى قىزىپ ، كۆزلىرى رەھىمسىزلىك ئىچىدە چاقنىدى - دە ، قاراڭغۇلۇق زېمىننى ئەسىر قىلىشى بىلەنلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھاپىز قارى ، ئاسىم دوختۇر ، قۇربانلارغا ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىشنى ناھايىتى چۇس مجەز ھالدا تاپىلاپ قويۇپ ، ئۆزى زاكىر قۇلاقنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ قورقۇنۇچلۇق تۈس ئالغان ئەلپازىدىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى .....
داۋۇت پالۋان چوڭ كوچا بويىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردى . ئۇ ھوشۇر پالاق ئىدى .
_ داۋۇتقۇ سەن ؟ بۇ كەچتە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟- دېدى ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ .
_ خوتۇنۇڭنى ئىزلەپ يۈرىمەن ، ئاناڭنى ! ئۆزۈڭ يۇندا پۇراپ چىقتىڭمۇ ؟_ داۋۇت پالۋان ئۇنى كۆرۈپلا غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالدى .
_ داۋۇت ، ساڭا نېمە بولدى ؟ ئىچىۋالدىڭمۇ ؟
_ بايخاننى سەن تۇتۇپ بەردىڭما ؟ ھە لالما ئىت !- داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى . ئۇ قورققىنىدىن تىترەپ جاقىلداپ كەتتى.
_ ياق ... ياق ... مەن ئەمەس ...
ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ كۆزىگە بارغانچە يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈپ ، تەنلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى.
_ سەن ئۆز خەلقىڭنى سېتىپ ، قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەسەن ؟- داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ ئۇنى بىر قولى بىلەنلا كۆتۈرۈۋالدى.

_ ماڭا رەھىم قىل... ئىككىنجى ...
ئۇنىڭ گېپى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلقىغا كىرمىدى ، ئۇنى نېرىغا چۆرىۋەتتى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ تىنماي دىسلىدى . يەردىن يۇلۇپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئېلىپ بازغاندەك مۇشتى بىلەن ئۇردى . ئۇنىڭ كۆزىگە بايخاننىڭ ھالسىز تۇرقىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر چاغدا ئېغىر پۇشۇلداپ ئۇرۇشتىن توختىتدى - دە ، سوزۇلۇپ ياتقان ھوشۇر پالاقنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ كۆردى . ئۇنىڭ تىنىقى توختىغاندى . داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ بالا - چاقلىرىنى ئويلاپ ، قىلغىنىغا سەل پۇشايمان قىلغاندەكمۇ بولدى . كېيىن ئۇنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى يېگەنلىكىگە كۆڭلى رازى بولدى - دە ، ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى . << بايخانغا كىم چېقىلدىكەن ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالىمەن . بىز ئاۋۋال مۇناپىقلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشىمىز لازىم . مەن ئەمدى بايخانغا ئوچۇق چىراي بىلەن قارىيالايمەن . ئەركەك دېگەن ئەركەكتەك ياشىشى كېرەك . ...>> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .
ئەتىسى بۇ ئىش ۋەن گوتەي ، ۋۇشاۋتەنلەرنى قاتتىق ساراسىمگە سالدى. داۋۇت پالۋانلارنى يىغىپ سوراق قىلىپ ، ھېچ نەتىجە چىقىرالمىدى - دە ، پۈتۈن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ تىڭتىڭلاش ئېلىپ باردى.
يۇرتتىكى خەلق ئىچىدىمۇ بۇ ئىش چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى . زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ ، ئايىسخانلار بۇ ئىشتىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى. كۈندە بىر پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى گارنىزون قومدانى ۋەن گوتەينى قاتتىق بىسەرەمجان قىلىپ ، ئۇنى بىر ئورۇندا تۇرالماس قىلىپ قويدى . ئۇنىڭ گۇمانى ئىلى ئوغرىلىرىدىلا ئىدى .

داۋامى بار .........
[size][/color][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 14-1-2007 17:05:25

مۇناپىقنىڭ جاجىسىنى ئەشۇنداق بېرىش كېرەك زادى.... خوپ بولدى..... ئەسەر تەرەققى قىلىپ مېڭىۋاتىدۇ، بەك ياخشى يېزىپ كەلدى تورداشلار ئۈدۈللۈق ئوقۇپ مېڭىڭلار جۇما...

رەھمەت سىزگە نازاكەت! ھارماڭ.... داۋامىغا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.. بىر يولىلا ئوقۇپ تۈگىتىۋەتكۈم كەلدى شۇ تۇرقىدا....

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 14-1-2007 20:39:34

بەكلا ياخشى يىزىپكە كەلگەنتى ھەي..............
ئەسلى بۇرۇنلا شۇنداق قىلسا بولاتتى داۋۇت پالۋان.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 15-1-2007 19:23:43

بۈگۈنكى سانى چىقمىغان ئوخشىمامدۇ ھە رومانىنىڭ؟ ھەر كۈنى بىر ئىككى سان ئوقۇپ كونۇپىلا قاپتىكەنمەن دېسە...... نازاكەت خانىم نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 15-1-2007 21:34:56

بۈگۈنكىسىنى يازمىدىڭىزمۇ سىزمۇ ئارىسلان ئەپەندىمدەك
ماي تاتىپ قالمىغانسىز.
ئۇنداق ھەممىڭلار ئىش تاشلىۋەتساڭلار بولمايدۇ.بىز زېرىكىپ قالىدىكەنمىز.

---

يوللىغۇچى: kosan


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-15 21:38:18

هاهاهاها... نازاكەت خانىم ئۇنداقلاردىن ئەمەس.... دوستۇم سىز بىلەن بىزمۇ ياخشىراق بىر ئەسەرلەرنى تېپىپ كىرگۈزۈشنى باشلىساق ياخشى بولاتتى هە...

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 12:26:59

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! يېقىندىن بۇيان خىزمەتلەر بىر ئاز ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ، ئەسەرنىڭ داۋامىنى ۋاقتىدا يوللىيالماي قېلىۋاتىمەن .
توغرا چۈشىنىشىڭلارنى سورايمەن . شۇنداقلا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن .
چوقۇم ۋاقتىمنىڭ يېتىشىچە ئەسەرنىڭ داۋامىدىن ھەممىڭلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن .

---

يولىغۇچى: Uyghur
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 12:54:56

قانغا بۇيالغان سايرامدىن ئىبارەت بۇ نادىر رومانىنى بۇ يەردە كۆرگىنىمدىن بەك خوشالمەن.

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 13:05:00

[size=5][center][size=4][color=Blue]ئا[/size=5][size]لتنجى باب كۈتۈلمگەن ۋەقە[/1][center][/size] [center
[center/]

چوقچىيىپ تۇرغان تاغلار ئۈستىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلار گويا تاغلارغا يەملىشىپ قېلىپ ، ئۆزىنى يۇلۇپ ئالالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدىكى ياپپېشىل ئوتلاقلاردا مال - چارۋىلار ئوتلىشىپ يۈرەتتى. سوغۇق شامال تەنلەرنى قورۇپ ئۆتەتتى. ئۇيەر ، بۇ يەرلەرگە تىكىلگەن چېدىرلاردىكى مال باققۇچىلار چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىشاتتى. ئۇلار نېمىلەردىندۇر ۋەھىمە يەپ ، تۆگمەس غەملەرگە مۇپتىلا بولغاندەك قىلاتتى.
ناسىراخۇن ، تۇردىئاخۇن ۋە ئىككى يىگىت ئىككى ملك قوينى ئايرىۋېلىپ ، مېڭىشقا ئارسالدىلىق ئىچىدە جابدۇنۇۋاتاتتى.
_ بۇ يەرگە ماڭا چېغىمىزدا ۋەن سىلىك : ۋەزىپىنى ئورۇنلىمساڭلار بالا - چاقاڭلارغا ياخشى كۈن يوق ، دېۋىدى ، مۇبادا بۇ قويلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ بەرسەك ، گومنداڭغا ياردەم قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا داۋۇتلارغا ، قېرىنداشلارغا يۈز كېلەلمەيمىز . بۇياقتا تارتساق هارۋا سۇنىدۇ ، ئۇ ياقتا تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ ، تۇداخۇن .
_ شۇنى دېگىنە ، بىز بىر نېمە قىلىپ ، قوينى ئاپارمايغاننىڭ ، ئۆيدىكىلەرگىمۇ ئۇۋال بولمايدىغاننىڭ چارىسىنى تاپساق بولاتتى.
_ قانداق چارە قىلساق بولار ؟
شۇ ئارىدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئاتلاردىن ئالمان - تالمان چۈشتى - دە ، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ يېنىغا باردى . بۇلار يەرلىك قازاق يىگىتلەر ئىدى .
_ بىز كۈنگەيگە ئۆتكەنىدۇق . قوشئەمچەكتىكى بىر جايدا پارتىزانلار بار ئىكەن . ئۇلار گومنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋېتىپتۇ . ئۇ يەردىن ئۆتمەك تەس ئوخشايدۇ .... - دېدى ئۆز ئارا ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن قارامتۇل كەلگەن ، ئوتتۇرا بويى بىر قازاق يىگىت .
_ قارىغاندا ئۇ يەردە 30- 40 تەك پارتىزان بار ئوخشايدۇ ، - دېدى ئاقساپىراق ماڭىدىغان مەڭزىلىرى قىزىل ، دوغلاق كەلگەن يەنە بىرى ، - ئۇلارنىڭ باشلىقى نەسىردىن باينىڭ ئوغلى ئاقاش دېگەن باتۇر يىگىتكەن .
_ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ ، قانداق قىلساق بولار ، ئەهۋالىمىزنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ... _ دېدى تۇردىئاخۇن غەمكىن هالدا .
_ مېنىڭچە سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ .
_ قانداقسىگە ؟
_ سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن بىز بۇ يەردە ، سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، دەپ داۋراڭ سالىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاۋۋال قويچىلارغا يولنى پارتىزانلار توسۇۋالغانلىقىنى ئېيتىڭلار . ئاندىن ئەتراپنى كۆزىتىپ كېلىمىز، دەپ قويلارنى ھەيدەپ چىقىپ ، ئۇن - تىنسىز غايىپ بولۇپ كېتىڭلار . شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەرگە ئالاقىزادە بولۇپ كېلىپ ، سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كەتتى دەپ گەپ تارقىتىمىز ، ئۇزۇن ئۆتمەي شەهەرگە ئادەم ماڭدۇرۇۋېتىمىز .
_ بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن ، رەھمەت ساڭا ئاقان ، - دېدى تۇردىئاخۇن خۇشال بولۇپ .
_ مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق ، بىزگە ئىشىنىڭلار ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالمايمىز .
_ ماقۇل ، سىلەر ئىشلارنى پۈتتۈرۈڭلار ، بىزنىڭ يەنە ئىشىمىز بار ، خەير كېيىن كۆرۈشەرمىز ، - دېدى ئاقان دېگىنى .
_ ناسىراخۇن ئەمدى شۇنداق قىلامدۇق ؟
_ شۇنداق قىلايلى . داۋۇتلار بىزدىن كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى . بۇ گومىنداڭلار بىزگە نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىغان . ئۇلارغا ياردەم قىلامدۇق تېخى.... باشقا كەلگەننى كۆرەيلى يۈر ....
_ شۇنداق دېگەن بىلەن يەنە ئۆيدىكىلەردىن ئەنسىرەيدىغان گەپكەن .
_ ئەنسىرىمەن ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ . خۇدا بار دېسەكلا بولدى . نېمە غەم قىلسەن . يۈر ، قويچىلارنىڭ يېنىغا بارايلى .
ئۇلار تېز - تېز مېڭىپ چېدىر ئۆيگە يېتىپ بېرىشتى .
_ كېلىڭلار ، كېلىڭلار ، - دېدى قويچى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ .
_ قارا ئۇكا ، ئاڭلىساق ، - دېدى ناسىراخۇن ئورنىدا تۇرۇپلا ، - يولنى پارتىزانلار توسۇۋاپتۇ ، ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ . بىز ئەتراپنى بىر كۆزىتىپ كېلەيلى . ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ سەپەرگە چىقارمىز، -دېدى پەرىشان هالدا .
_ مەنمۇ شۇنداق دەپ بايا ئاقاندىن ئاڭلىدىم . قېنى سىلەر ئاۋۋال ئەتراپنى كۆزىتىپ كېلىڭلار .
_ سەنمۇ باشقىلارغا دەپ قويارسەن - ھە .
_ بولىدۇ ، بولىدۇ.
ئۇلار چېدىردىن چىقىپ ، ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قاراشتى .
_ ئادەم ئۈچىدىغان بولۇپ قالسىچۇ - ھە ؟ - دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ .
_ يۈر يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتايلى . جەنىنەتكە كىرسەڭ ھۆر - پەرىلەر بىلەن بىللە ئۇچىسەن .
_ شۇنداقمۇ بولارمۇ ؟ ناسىراخۇن ئاتلارنى ئوبدان توقۇۋالايلى .
ئۇلار تاغدىن چىقىپ، سايدىن ئۆتتى- دە ، يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ماڭغاندىن كېيىن ئويتاشقا كەلدى . شۇ چاغدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى .
_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، - دېدى ناسىراخۇن قورۇنۇپ تۇرۇپ .
_ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ، - دېدى بەستلىك كەلگەن ، كۆزلىرى يوغان قازاق يىگىت .
_ بىز قوشئەمچەككە ماڭغان ... _ دېدى ناسىراخۇن نېمە دېيىشنى بىلمەي ، ئەتەي گەپ ئېلىش ئۈچۈن .
_ سىلەر پارتىزانلارغا قوشۇلايلى دېگەنمۇ قانداق ؟- دېدى ھېلىقى قازاق ئۇلارغا باشتىن بوي قاراپ چىقىپ .
_ بىز .... _ دەپ تۇرۇپ قالدى تۇردىئاخۇن ناسىراخۇننىڭ كۆزىگە قاراپ .
_ ئېيتىۋېرىڭلار ، قورقىدىغان ئىش يوق .
ئۇلار ئارسالدى بولۇپ ، سەل تۇرغاندىن كېيىن << نېمە بولساق بولايلى >> دەپ راستىنى ئېيتتى.
_ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ . مېنىڭ ئىسمىم ئاقاش ، بۇ قىرغىز دوستۇمنىڭ ئىسمى ئىبراي ، تونۇشۇپ قويايلى .
_ ھوي ئاقاش دېگەن سەنمۇ ؟ پارتىزانلار باشلىقى مەن دېگىنە ، مېنىڭ ئىسمىم تۇردىئاخۇن ، بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ناسىراخۇن ، بۇ كېلىمەن دەپ ئەگىشىپ خاپا قىلغان . ئېلىۋالدىم ، - تۇردىئاخۇن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.
ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى .
_ سىلەر نەگە ماڭغان ؟- دېدى ناسىراخۇن كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ .
_ داخىيەنزىدە گومىنداڭنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ ئۆيىدە يۈزدىن ئارتۇق سەرخىل ئاتلار بار ئىكەن ، شۇنى بىر كىشى باقىدىكەن ، شۇ ئاتلارنى ھەيدەپ كەلگىلى ماڭدۇق ، - دېدى ئاقاش گۆشلۈك يۈزلىرىنى سىلاپ قويۇپ .
_ پەس تەرەپلەردە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرسا، ئۇتەيدە ئەسكەرلەرمۇ كۆپ ... سىلەر قانداقمۇ ئەكىلەرسىلە ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ھەيران بولۇپ .
_ ئامالىنى قىلىپ كۆرىمىز - دە ، - دېدى ئاقاش ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ قويۇپ .
شۇ ئەسنادا ئۇتەي تەرەپتىن ئون نەچچە ماشىنا ئەسكەر چىقىپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن ئاقاش :
_ سىلەر بىزنىڭ كارامىتىمىزنى ئەمدى كۆرۈڭلار ، - دېدى ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ ، ئاندىن ئاتنى تاشقا باغلاپ قويدى . بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىبرايىمۇ ئاتتىن چۈشتى .
_يىگىتلەرنى باشلاپ كەل ، - دېدى ئاقاش ئىبرايغا . ئىبراي ھايال بولماي تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىن بەش يىگىتنى باشلاپ كەلدى .
ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ، سەل تۆۋەنگە چۈشتى - دە ، تاشنى دالدا قىلىپ ياتتى. ئۇلار ماشىنىلارنى زەڭ سېلىپ كۆزەتتى. ئاندىن چەنلەپ تۇتۇپ ، ئالدىدىكى ماشىنا بىلەن ئەڭ كەينىدىكى ماشىنىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پاتپاراق بولۇشۇپ ، پىلموتلىرىدىن ئوق دېگەننى بولۇشىغا قويۇپ بەردى . بىر قىسمىلىرى بۇ تەرەپكە قارىتىپ گىرانات تاشلاشتى ، يەر جاھان ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلاندى .
_ ساناپ تۇرۇڭلار -ھە ، - دېدى ئاقاش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ .
ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئون بەشكە ئەسكەرنى دومىلىتىۋەتتى.
_ يا ھەزرەت ، بۇلار ئەجەپ مەرگەنكىنا ، ئۆزىمىزنىمۇ مەرگەن دەپ يۈرۈپتۇق ، ئەسلى مەرگەن بۇ يەردىكەن ، - تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
_ راست مەرگەنكەن ، بىزگىمۇ مەيدان بولسا قېلىشمايمىز .
پۈشتەك چېلىنىشىغا دۈشمەنلەر قىيا- چىيا قىلىشتى - دە ، ماشىنىغا چىقىشىپ ، بەش ماشىنا ئۇتەي تەرەپكە ، ئالتە ماشىنا سايرام تەرەپكە قېچىشتى . ئۇلار تاغدىكى پارتىزانلارنى ناھايىتى كۆپ ئادەم چاغلاپ قالغانىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ يائاللا ، - دەپ ياقسىنى تۇتتى تۇردىئاخۇن ، - ئۇن ماشنا ئادەمنى پاتپاراق قىلىۋەتتى - يا ... بۇ نېمە كارامەت ...
ئاقاش بىلەن ئىراي كۇلۇپ قويۇپ بۇ تەرەپكە كەلدى . بۇ ئۇلارنىڭ << بىز قانداقكەنمىز ؟>> دېگىنى ئىدى .
_ سىلەر قالتىسكەنسىلەر ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
_ نەدىكىنى دەيسەن !- دېدى ئاقاش كەمتەرلىك قىلىپ ، ئاندىن رەسمىي گەپكە ئۆتتى، - سىلەر مۇشۇ تاغ ئىچى بىلەن مېڭىپ ، - ئاقاش تاغ كەينىنى كۆرسەتت ، - ئاۋۇ يەردىكى كىگىز ئۆيگە بارساڭلار شۇ يەردە تۆمۈر بەگ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى بار ، سىلەر بىزنى ئاقاش ئەۋەتتى ، دەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار . بىز بېرىپ ئاتلارنى ھەيدەپ كېلەيلى .
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى .
_ قانداقمۇ ئەكىلەسىلەر ؟
_ بايا كۆردۇڭلارغۇ ؟ يەنە ئىشەنمەيۋاتامسىلەر ، ماقۇل ئەمىسە كۆرۈشكىچە خۇداغا ئامانەت .
بۇ ئىككىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قارىشىپ تۇردى .

داۋامى بار............[/color/][size]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرپىدىن 2007-1-16 13:06:16 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 21:42:26

رەھمەت سىزگە قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن.
ئەجرىڭىزنى ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى بىرەر.
سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-16 22:55:06

بۇگۈن مۇشىنچىلىكمۇ ھەي بۇ كىتاپ مەندىمۇ بولغان بولسا
ياردەملىشەتتىم ئەمەسمۇ.
ئەپسۇس شۇنچە ئىزدەپ پەقەتلا تاپالمىدىم،ھەي...........

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-17 23:51:59

تىزراق يوللىسىڭىز بوپتىكەن خانىم

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 1:47:42

مۇھەممەدئېلى ھېلىمنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق يار بولسۇن ! قانغا بويالغان سايرام نى بۇ يەردە كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدۇم ....

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 11:04:47


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

شۇنداق قلىپ پارتىزانلارنىڭ 2000 قويى بولدى دىگەن گەپ.... كۆچەيدى... ئۆلغايدى... نىمە ئۈچۈن؟ خەلق قوللىدى! خەلق- ئەركىنلىك، ھورلۇك، ئازادلىققا نەقەدەر ئىنتىلگەنىدى شۇ دەۋرلەردە ھە! خەلقىمىز بېشىدىن زۇلمەتلىك قامچىسىنى ئوينىتاتقان شۇ زالىم، ھارامتاماق، بەدبەختلەر جاجىسىنى يېدى.....

قېنى دوستۇم داۋام قىلىڭ... تېخى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەمدى يېتىپ بارىمىزغۇ دەيمەن... سىزگە تەقەززامىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-18 21:54:03

توغرا دەيسىز كوسەن
خەلق دىگەن ئۇلۇغ،ئۇنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ،
ئەمما ئۇنىڭ كۈچى پەقەت خەلق ئويغۇنۇپ بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-19 21:33:18

دوستۇم نازاكەت! ئاخىرىنى ساقلاپ ئېگەكلىرىم چۈشۈپ قالاي دېدى شۇ... قاچانمۇ چىقار ئاخىرى...... داۋۇت پالۋانلار نىمىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قەيەرگە كەلدى ھازىر؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-19 22:47:26

نىمىشكە تىخى يولىمىدىڭىز،بىزنى بىر ساقلىتىپ ھەممىنى بىراقلا تۆكەي دىمىگەنسىز.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-20 11:27:45

بۈگۈنمۇ يېڭى سانى چىقماپتۇ! ھەر كۈنى مۇشۇ رومانىنى ئوقۇپ ئادەتلىنىپ قاپتىكەنمەن...... نازاكەت خانىم ئاغرىپ يېتىپ قالمىغاندۇ ھە؟

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-20 22:04:24

شۇنى دەيمەن مەنمۇ كۈندە ئوقۇپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن
بەكلا بىر قىسما بوپ قالدىم
قىنى سىز نازاكەت خانىم يوقاپ كەتمىگەنسىز؟؟؟؟؟؟؟؟؟
تىلىشۇنزورغا ئىلان بىرەمدۇق يە.

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 3:44:55

نازاكەت خانىمغا زادى نىمە بولغاندۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟ئەستا... تور دۇنياسىدا مۇشۇ رومانىنى بىر باشتىن ئوقۇپ تۈگىتىدىغان بولدۇم دېسەم مانا.....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەستا.... نىمە بولغاندۇ؟ چوقۇم ئاغرىپ يېتىپ قالغان گەپ... ھەي بىر ئىزدەش ئېلانى چىقىرىپ باقمىزمۇ يا؟؟؟

نازاكەت0909 نى ئىزدەيمىز!!! كورگەنلەر بارمۇ؟؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 12:19:15

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توورداشلار ! ياخشى تۇردۇڭلارمۇ ، مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ قېلىپ تورغا چىقالمىدىم ، شۇڭا ئەسەرمۇ توختاپ قالدى ، كەچۈرۈڭلار ! نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزەمنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى . مانا ئەمدى ئاخىرىنى يازاي ھە !

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-22 12:43:06

[color=Blue][size=4]_ يۈرۈڭلار ناسىراخۇن كۆرمىگەننى كۆردىغان ئوخشايمىز تېخى ....
ئۇلار تاغ ئارىسى بىلەن ئاتلىق مېڭىپ ، ئاقاشلار دېگەن كىگىز ئۆيگە يېتىپ كەلدى - دە ، سىرتتا ئوتتۇن كەسلەۋاتقان كەكە ساقال بىر كىشى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى .
_ بىزنى ئاقاش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇتتۇڭلار دېگەن ، - دېدى ناسىراخۇن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىغا جاۋابەن .
_ ئاقاشمۇ ؟ ھە ، قېنى ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، - ئۇ كىشى ئىللىق چىراي ئېچىپ بۇلارنى ئۆيگە باشلىدى ، ئۇلار ئۆي ئىچىگە ئەپچىلگىنە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى .
_ سىلەر ئاقاش بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار ؟- دېدى تۆمۈر بەگ دۇئادىن كېيىن سالاملىشىپ بولۇپ .
_ بىز بونجىلاق دېگەن يەرگە ... _ ناسىراخۇن ئۇنىڭغا تەسىرلىك قىلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ....
_ ھە ، مۇنداق ئىشكەن - دە ، دېمىسىمۇ بۇلار ( گومىنداڭ دېمەكچى ) نىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، سىلەرنىڭ بۇياققا كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ ، ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىپسىلەر . ئاللار سىلەرگە مەدەت بەرگەي ... ھوي كەمپىر بۇلارغا چاي ئېلىپ كىرگىن ...
ئاقاش ئۆزى ناھايىتى باتۇر ، ئەقىللىق يىگىت ، ئۇمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سالغان زۇلۇملىرىغا چىدىماي ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ يۈرەتتى. كېيىن ئىلى ئوغرىلىرى چىقىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ قولىغا قورال ئالدى....
تۆمۈر بەگنىڭ خوتۇنى ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، چاي راسلىدى .
_ دېمەككى ، ئۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئېسيان كۆتۈردى... بىز قويلارنى بېقىپ سەمرىتىپ چوڭ قىلساق ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يولسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىپ يەۋاتقان ، بەرمىسە ئۇرۇۋاتقان ، بولمىسا ئەسلى مال كىمنىڭ ؟ بۇلار ئۇنى ئويلاپ قويمايدۇ . خۇددى بۇ يەرگە مال - چارۋىلارنى ئەكىلىپ تۆكۈۋېتىشكەندەك قىلىشىدۇ . زامان زورنىڭ بولۇپ كېتىپ باردىغۇ ؟... سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇلار ئائىلەڭلاردىكىلەرگە ھېچقانداق زىيان -زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ . ھېلىقى چارە ياخشى بولۇپتۇ ...
ئۇلار ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەنسىرەپ ، خۇدادىن ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.
_ ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى . ئارام ئالايلى ... _ دېدى تۆمۈر بەگ ئورنىدىن قوزغىلىپ ، - كەمپىر سىلەرگە ئورۇن سېلىپ بەرسۇن .
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن سىرتقا چىقتى . ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ، تەنلىرىنى قورىدى . ئاسمان بۇلۇتلۇق ، قاراڭغۇلۇق قاپسىلىپ تىقىلىپ تۇراتتى. تاغلاردىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ ، بۇ زېمىنگە ئاجايىپ بىر سۈر بېغىشلايتتى.
_ بۇ زېمىنگە ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ... كەڭرى بىر دۇنيا ، ئالتۇندىن زېمىن ...- دېدى ناسىراخۇن ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ .
_ مۇشۇنداق ئالتۇندەك زېمىندا ، ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا روناق تاپالماستىن ، خورلانغىنىمىز ، دەپسەندە قىلىنغىنىمىز قىزىق ئىش ؟ ھەي ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ بايخان بىكاردىن - بىكار شۇنداق دەردلىك ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالمىغان ئىكەن .
_ ھەق گەپ . بىز نېمىشقا گۈللەنمەستىن ، ئەكسىچە خار - زەبۇن بولۇپ يۈرىمىز ؟... نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ ، بىر نانغا زار ياشايمىز ؟... بۇلارنى ئويلىسام ، تۇداخۇن ، مېنى يىغا باسىدۇ ....
_ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر .
_ شۇنداقمۇ دەيمىز . ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقان يەرلىرىمىز كۆپ . بىزدە نادانلىق ئېغىر ، - ناسىراخۇن ۋەزمىن سۆزلەيتتى. ، - بىز ئاۋۋال نادانلىقنى ، قالاقلىقنى چۆرۈۋېتەلىسەك ، ئىشىمىز ئوڭشىلارمىكىن .
_ بىزگە ياخشى كۈنلەر كېلەرمۇ ؟
_ گەپ ئىرادىمىزدە ، ئۈمىد بىلەن ياشاشتا ، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ ، شۇنداق بولغاندىكىن بىزنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان زوراۋانلارغا تىز پۈكۈپ ، قويدەك ياشىغۇچە ، يولۋاستەك ھۆركىرەپ بىر كۈن ياشىغان ئەۋزەل .
_ گېپىڭىز توغرا ، باللارنى ، ئائىلىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە .
_ خۇدا ئۇلارنىڭمۇ رىسقىنى بېرىدۇ . بىز ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەك نېمە ئارمان ؟! ...
_ ناسىراخۇن سەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسەن ھە ، بىكارغا خىيال سۈرۈپلا يۈرمەيمەن دېگىنە .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ خىيال خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ بايلىقى . خۇدايىتالا مۇشۇنىڭغا كەلگەندە بەكمۇ سېخىيلىق قىلىپتىكەن . خىيال بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن . خىيال دېگەن ھەممىنى بار قىلىدىغان ئايرىم دۇنيا ، ئۆزۈڭ كەمبىغەل ياشىساڭمۇ ، خىيالىڭدا باي بولالايسەن ، پادىشاھ بولالايسەن .
_ پادىشاھ بولغۇڭ بارمۇ نېمە ؟
شۇ چاغدا :
_ ئۆيگە كىرىڭلار ، - دەپ تۆمۈر بەگ بۇلارنى چاقىردى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-23 23:21:08

داۋامىنى ساقلاۋاتىمەن[em73] [em65]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 1:27:47

ھارماڭ دوستۇم.. ئوزىڭىزنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدۇم ھەم ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئوقۇيالايدىغانلىقىمنى بىلىپ شۇنچە خۇشال بولدۇم.. داۋامىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يوللىغايسىز دوستۇم!

خوش، شۇنداق قىلىپ ئەمدىكى گەپلەرنى نەدىن ئاڭلايمىزكىن؟

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 12:51:49

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاقاش بىلەن ئىبراي يۈز ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى .
سىرتتىكى دۈپۈر- دۈپۈردىن چۆچۈپ ئويغانغان تۆمۈر بەگ ئەنسىز ۋارقىرىدى .
_ تۇرۇڭلار ، تۇرۇڭلار ، سىرتتا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ .
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن چۆچۈپ ئويغىنىشتى .
_ نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ يۈرۈڭلار ، قاراپ باقايلى !
ئۇلار سىرتقا چىققىنىدا ، ئاقاش بىلەن ئىبراي ھەيدەپ كەلگەن ئاتلارنى ياي شەكلىدە قورشاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتتى.
_ نېمىدېگەن يامان نېمىلەر بۇ ؟ شۇنچىۋالا يەردىن ، شۇنچىۋالا توساقلاردىن قانداق ئۆتكۈزۈپ كەلگەندۇ ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك .
_ تېنىچ - ئامان تۇردۇڭلارمۇ ؟- دېدى ئاقاش كۈلۈپ قويۇپ .
_ خۇداغا شۈكرى ، ئۆزۈڭچۇ ؟
_ ئوبدان - ئوبدان ،- دېدى ئاقاش ئۇيغۇرچە راۋان سۆزلەپ .
_ قالتىسكەنسىلەر ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .
_ يۈرۈڭلار ، ئەمدى ئۇزەنگە بارايلى . سىلەر ئەكەلگەن ئىككى مىڭ قوينى بىزنىڭ يىگىتلەر شۇ يەرگە ھەيدەپ كەتتى. بىزگە قىلغان بۇ ياردىمىڭلارغا كۆپ رەھمەت .
تۇردىئاخۇننىڭ يۈرىكى تېخىچە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە سوقۇۋاتاتتى.
_ قانداق قىلىمىز ناسىراخۇن ؟ بالا - چاقا ئۆي ... ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇردۇق . ئاتقا مىنىڭلار ، بىزگەمۇ يول چىقىپ قالار ، كېيىن يۈرتقا يۈزىمىز يورۇق قايتساق ئەجەپ ئەمەس .
ئۇلار ئاتلارنى ھەيدەپ ، تاغ جىلغىسى بىلەن ماڭدى . ئاقۇش بۇلۇتلارغا ئورالغان تاغ بەكمۇ كۆركەم ئىدى . ئاچچىق سوغۇق ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.
ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئەنسىزچىلىكنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرگەن جۇشقۇنلۇق دېڭىزدىكى ئۇمىدۋارلىق دولقۇنى يالماپ كەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۆزەن پارتىزانلارنىڭ شتابى ئورۇنلاشقان مەركەز ئىدى . ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كىچىككىنە خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك بولدى . ئۇلار چېدىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، تۇردىئاخۇن ئاقاشقا ئۆزىنىڭ مەسلىھەت سالىدىغان ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

_ ئېيتقىن ، نىمە گېپىڭ بولسا قورۇنماي ئېيت .

تۇردىئاخۇن كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى .

_ ۋاي ، ۋۇي شۇ گەپمىتى ، - دېدى ئاقاش كۈلۈپ تۇرۇپ ، - ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، مەن ماۋۇ ئاتلارنى ئىلى پارتىزانلىرىغا ئەۋەتىپ ، ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بونجىلاققا ئادەم ئەۋەتىپ ، سۈرۈشتۈرۈپ باقاي ، سىلەر كەتسەڭلار بولمايدۇ ، ئاۋۇ ئاقاننىڭ دېگىنى توغرا ، - دېدى ئاقاش ئاندىن ، - بىز گومىنداڭچىلارغا ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ پاراكەندە قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ . سىلەر ھازىرچە ئادەملىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ تۇرۇڭلار ، بىزدە قورال قىس ... - دېدى .

بىر كۈنى ئۇلار چېدىردا چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ، ياشقىنە بىر قازاق پارتىزان بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

_ بونجىلاققا بېرىپ كەلدىم ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ ، سىلەرنىڭ دېرىكىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن ، دىقماق ، قارىۋاي بىر ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ ، ئۇ ھازىر بونجىلاقتا ... مەن ھېچ ئىش بىلمىگەن كىشى بولۇپ يېنىپ كەلدىم ...

_ ھە ، ناھايىتى ياخشى بولدى ، - دېدى ئاقاش .

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . << ئۇ كىمدۇ ، ئۇ قارا قاۋانمۇ يا ... ئىسمىنى سوراپ باقسىچۇ ؟ >>

_ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراپ باقتىڭمۇ ؟- ئالدىراپ سورىدى تۇردىئاخۇن .

_ ياق سورىماپتىمەن ، ئۆزى يوغان نېمىكەن ....

_ مۇنداق قىلايلى ، ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ ئەكىلەيلى ، ئۇنى يەنە قويۇپ بېرەيلى . شۇنداق قىلغاندا گومىنداڭچىلار سىلەرنى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ دېمەي ، ئەكسىچە پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ بەرھەق ئىشىنىدۇ . شۇ چاغدا ئائىلەڭدىكىلەرمۇ ئامان قالىدۇ ، - دېدى ئاقاش ئالدىرماي سۆزلەپ .

_ ئۇنى تۇتۇپ كەلگەندە ، - دېدى ناسىراخۇن ، - ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بېقىپ ، قارا قاۋان بولسا ، ئۆزىگە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ ، تۇتۇپ كەلگەندەك قىلىپ ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. بولمىسا ئۇ يەردە تارتىشىپ سوقۇشۇپ يۈرمىسۇن يەنە .

_ بولىدىغان گەپ ، ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ئادەم ماڭدۇراي ، - ئاقاش شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى .

_ ماڭدىغانلار خەتەرگە يولۇقۇپ قالماس ، - دېدى تۇردىئاخۇن .

_ بىزنىڭ ئادەملەر بۇ يەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ ، خاتىرجەم بول .

بىر نەچچە كۈنگىچە كەتكەنلەردىن خەۋەر بولمىدى ، بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ، ئاتلارنىڭ ئەنسىز تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ ، ھەممىسنى چۆچىتىۋەتتى. ئۇلار سىرتقا يۈگۈرۈپ چىققىنىدا ، بونجىلاققا كەتكەنلەر قايتىپ كېلىشكەنىدى .

_ ئۆيگە كىرىڭلار ، ئۆيگە قېنى ، قېنى ... - دېدى ئاقاش ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ .

ئۇلارنىڭ ئارىسدا گېروي بىر ئادەم بەرجەس قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى.

_ ۋۇي قارا قاۋان ، سالامەتمۇ سەن ؟- تۇردىئاخۇن ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى . ئاندىن ناسىراخۇنمۇ قۇچاقلاشتى .

_ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسلەر ؟ ھوي ئۇۋاڭلارنى تاپقان ئوخشىمامسىلەر ، بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىڭلارنى قارا ، - دېدى قارا قاۋان .

_ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .

ئۇلار ئۆيگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ، قايتىدىن ئەھۋاللاشتى.

_ بۇ بىزنىڭ باشلىق ئاقاش بولىدۇ ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاقاشقا قاراپ ، - بۇ قارا قاۋان ، سىزگە دەپ بەرگەن ئاغىنىلىرىمىزنىڭ بىرى .

_ قالتىس يوغان نېمىكەن بۇ ؟

_ تېخى بۇنىڭدىن يوغانلىرى بار ، قاسساپلار كۆرسە سويىۋالغىدەك ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئالاھىدە جانلىنىپ .

_ قارا قاۋاننى كۆرسەڭ باشقىچىلا بولۇپ كېتىدىكەنسەن ھە تۇداخۇن ؟- دېدى ناسىراخۇن كۈلۈپ قويۇپ .

_ شۇنداق بولمايچۇ ، قارا قاۋان ، يۇرتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟

_ سىلەر كېتىپ ، - دەپ گەپ باشلىدى قارا قاۋان ، - داۋۇت باشلىق بىر قانچەيلەننى كېچىدە چارلاشقا قويدى . ئۇلار ھازىر مەخپى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ . بونجىلاقتىن بىرى سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، دەپ خەۋەر ئېلىپ بېرىپتىكەن ، مېنى دەرھال بۇياققا ئەۋەتتى، ئائىلەڭلەردىكىلەر سالامەت ، ئۇلارغا ھېچ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى ، ئۇ يەردىمۇ ئەھۋال جىددى ، داۋۇتلار ...

ئۇ يۇرتتا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

_ ياخشى بوپتۇ ، - دېدى ناسىراخۇن باشقىچە روھلىنىپ داۋۇتنىڭ دېگىنىدەك ، قويلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەستىن ، پارتىزانلارغا ھەدىيە قىلدۇق ، - ئۇ ئاقاشقا قاراپ قويدى ، - بىز بۇ يەردە تۇتۇپ قالدىغاندەك تۇرىمىز . بۇمۇ ياخشى بولدى . بۇرادەرلەرگە ئېيتىپ قوي ، بىز ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمىز ، ئۇلار ھەرىكەتنى توختاتمىسۇن . بىزمۇ خاتىرجەم بولدۇق ، ئەمدى بىز ئاقاشلار بىلەن ھەرىكەتنى باشلايمىز .

_ مەنمۇ قېتىلاي ، - دېدى قارا قاۋان قوشۇملىرىنى تۈرۈپ .

_ ھازىرچە بولمايدۇ ، بۇ ئىككىلەيلەننىڭ ھايات - ماماتى ساڭا باغلىق بولۇپ قالدى . سەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن : تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ ، مېنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن ، مەن ئاران قېچىپ چىقتىم . ئۇلارنى گومىنداڭغا خىزمەت قىلدىڭ دەپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ دەيسەن ، شۇ چاغدا بۇلار بۇ يەردە خاتىرجەم ھەرىكەت قىلالايدۇ . بولىسغۇ ، سەندەك ئەزىمەت قېتىلسا خۇشال بولۇپ مالخىيمىزنى ئاسمانغا ئاتاتتۇق . بىراق ئامال يوق . سىلەرمۇ ھەرىكىتىڭلارنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، بىزمۇ بۇ يەردە ھەرىكەت قىلايلى ، داۋۇتقا مەندىن سالام ئېيتقىن .

_ ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ . ھازىر يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە بۇلارنىڭ گېپى .

_ ناسىراخۇن ، بىر تال ئوق ئاتماي داڭقىمىز چىقىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.
_ قىزىق ئىمە جۇمۇ سەن تۇداخۇن ، - دېدى قارا قاۋان .
تاڭ سۈزۈلۈپ قوياش كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن قېلىن بولۇتلار ئارىسدا ئۇز جامالىنى كۆرسەتمەي تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق شامال تاغدا يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. بىر خىل تىمتاس ، يىغلاڭغۇ سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇلۇتلۇق ئاسمان نېمىگىدۇر غەزىپى كەلگەندەك تۈرۈلۈپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بىر يېقىمسىز تىمتاس سەھەردە قارا قاۋان بۆلار بىلەن تەسلىكتە خوشلىشىپ ، بۆلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەپ ، يۇرتقا قايتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تويماي قارىشىپ قالدى .

داۋامى بار......[size][/color/]

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 18:10:15

[color=Blue][size=3]قانغا بويالغان سايرام نى ئوقۇش ئۇچۇن ، بوستانغا كۇنگە رەت كىرىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن . پۈتۈن خىيالىم ۋەقەلىكىدە قالدى .......
نازاكەت خانقىز ، جاپا چېكىۋاتىسىز ، شۇنداقتىمۇ داۋامىنى كۆرۈشكە قانچىلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويغان بولسىڭىز ....... رەھمەت سىزگە !!
داۋامىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز ........ [color][/size/]

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-24 21:10:12

شۇنداق شۇنداق ھەممىز سىزنىڭ ئەسىرىڭگە تەشنا.

---

يولىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 0:44:55

[size=3]يەنە يوققۇ داۋامى ؟ خەپ..... بۇ كىتابتىن بىرنى سېتىۋالمىسام بولمىدى ..... [size/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 1:28:11

بۈگۈن گەرچە يېرىم كېچىلەرگىچە ئىش- كۈشلىرىمنى بېسىقتۇرغان بولساممۇ، يەنە مۇشۇ روماننىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيمەن دەپ كىرسەم دىگەندەك بىر سان يوللىنىپتۇ! لېكىن يەنە بىر سان يوللىۋەتسىچۇ كاشكى خەپ نازاكەت!

رومان ۋەقەلىكى جىددى ئەھۋالغا كىردى.... مۇشۇ بىر قانچە كۈنلەر ئىچىدە سەپەر قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۈلۈبتىكىلەر بىلەن كوپ بىرگە بولالماي كېتىۋاتىمەن... بىراق بەزىدە كۈن ئاتلاپ بولسىمۇ كىرىپ مۇشۇ رومانىنى ۋە يەنە بىر قانچە تۇردىكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئوقۇيمەن! ھارماڭ نازاكەت! ئەجرىڭىزدىن بوستاندا بىر رومان تۈگىتىدىغاندەك قىلىمەن!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 12:01:48

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! سىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى ياقتۇرۇپ قالدۇرماي ئوقۇپ كەلگىنىڭلاردىن مەنمۇ شۇنداق خۇرسەن ، ئەمما سىلەرمۇ مېنىڭ ھالىمغا يېتىپ قويۇڭلار ، يېقىندىن بۇيان خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەكلا ئالدىراش بوپ كەتتىم ، ئۇنداق خەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

دېمەڭلارچۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم بوپ قالدىكەن . مەنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى تېزرەك يوللاپ تۈگەتسەم دەيمەن . ئەمما ئامال قانچە ؟[em7] مېنى توغرا چۈشەنسەڭلار مەنمۇ كۆچۈمنىڭ يېتىشچە ھەر كۈنى بىر ئىككى ساندىن يوللاپ تۇرىمەن . مەنمۇ ھەر كۈنى سىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىغا تەققەززا بولۇۋاتقىنىڭلارنى ئويلاپ تۇرىمەن . شۇڭا سىلەرنىڭمۇ مېنى توغرا چۈشىنىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمۈد قىلىمەن . ھەممىڭلارغا سالامەتلىك ، خۇشاللىق ، خاتىرجەملىك يار بولغاي !!!
ھە راست ئايچۈەر خانىم ئەگەر راستىنلا بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ قالسىڭىز مەن يوللىيالمىغان كۈنلىرىم داۋامىنى سىز يوللىغاچ تۇراسىز جۇما [em72]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 13:19:08

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئۆزەندىكى پارتىزانلار ئەسلىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى . كېيىنچە ھەر بىر قوشتىن بىردىن ئادەم قوشۇلۇپ ، ئىككى يۈز ئادەمگە كۆپەيدى . بۇلاردا ئاران قىرىق تال مىلتىق ، ئىككى ئاپتومات بولۇپ ، تولىسى پالتا ، كەكە ، ئارىلار بىلەن قوراللانغان . بۇلار ئاساسەن تاغلاردا چېنىققان مەرگەن ، پالۋانلار ئىدى .
گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرى مەخپىي رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ، ئادەم سېلىپ بۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ، بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى . پارتىزانلار ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك زەربىسىنى بەردى . ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، كۈرەش قوينىغا كىرىپ كېتىشكەندى.
ئاقاشلار ئۇستاتلىق بىلەن تاش ئۇستىگە كىگىز قالپاق كىيدۈرۈپ ، ئۆزلىرى باشقا يەرلەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشاتتى - دە ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى << قالپاق >> لارغا << ھۇجۇم >> قىلغاندا ، ئۇلار يان تەرەپتىن ، ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرەتتى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي ، ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى . ئۇلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاقاش پارتىزانلارنى تاغ ئەتراپلىرىغا ، تاش كەينلىرىگە مۆكتۈرۈپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى . ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ، يېقىنلاپ كېلىپ تاشلارغا كىيدۈرۈلگەن << قالپاق>> قا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى . قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىگەندىن كېيىن ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلىدى . ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىشكە ، دەللەپ ئېتىلغان ئوقلاردىن يىقىلدىغىنى يىقىلىپ ، قالغانلىرى كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى - دە ، قارارگاھىغا قاراپ بەدەر قاچتى .
پارتىزانلار خېلى كۆپ مىلتىق ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى.
_ بۇلارنىڭ ھالى شۇنچىلىك ، ئاكىسىغا شلىتىك ئاتقان بىلەن ، - دېدى تۇردىئاخۇن قوللىرىنى سىلكىپ .
_ ياق ، بۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ ، بۇداقى قېتىم چوڭ ھۇجۇم باشلىشىمۇ مۇمكىن ، - دېدى ئاقاش .
_ قانداق قىلسا قىلمامدۇ ، كەلسە يەنە جاجىسىنى يەيدۇ .
_ شۇنداقتىمۇ سەگەك تۇرايلى . ئۇلار ئەمدى ئورنىمىزنى بىلىپ قالدى. جىم تۇرمايدۇ .
دېگەندەك ، ئەتىسىلا گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى بومباردىمان قىلدى.
_ دېمىدىمىمۇ بۇلار ئەمدى جىم تۇرمايدۇ دەپ ... _ دېدى ئاقاش تىت - تىت بولۇپ .
_ بىزگە چوڭ زىيىنى بولمايۋاتقاندىن كېيىن ، قىلسا قىلىپ تۇرسۇن ، ئالدىرماي ئەدىپىنى بېرىمىز، - دېدى تۇردىئاخۇن تاش كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ .
_ بۇنداق بولسا قاملاشمايدۇ ، بىز ھەمىشە مۆكۈپ يۈرسەك بولماس .
شۇندىن باشلاپ گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى بومباردىمان قىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ئاقاش پارتىزانلارغا بىر كۈنى كېچىدە مەسلىھەت سالدى.
_ بۇلار ئورنىمىزنى بىلىپ قېلىپ چاتاق بولدى. بۇنى چوقۇم بىرى ئۇلارغا ئېيتىپ قويغان گەپ ... بولمىسا بۇ يەرنى قانداق بىلىدۇ ؟
_ داخىيەنزى باج ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان كەرىم بۇ ياققا كەلگەندەك قىلغان ... - دېدى بىر پارتىزان .
_ ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەنما ؟
_ ياق ، پەس تەرەپتىن قايتىپ كەتكەن .
_ بەلكىم شۇ دېگەندۇ ، ئاناڭنى ... ئۇلار يەنە كەلسە چوقۇم ئاشۇ باشلاپ كېلىدۇ، - دېدى ئاقاش ئويلىنىپ تۇرۇپ ، - ئەمدىكى مەسىلە ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشتە ، بولمىسا بىزگە ئاراملىق يوق .
_ كەرىم دېگەننى ئۆزۈم ئاتىمسام ... _ دېدى ناسىراخۇن ئۆز گېپىنى قىلىپ .
_ ئاۋۋال بىز ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى . مۇنداق بولسۇن : ئون مەرگەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئايروپىلان كېلىشى ھامان بىرلا ۋاقىتتا ئوق چىقىرايلى . ئامال قىلىپ بىرلا ئايروپىلاننى يىقىتساق ، بەلكىم ئۇلار كېلىشكە پېتىنالماس .
ئۇلار شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ، ئەتىسى ئون مەرگەن ئايروپىلان پەس ئۇچىدىغان جايغا كېلىپ جايلىشىۋالدى.
_ ناھايىتى دىققەت قىلايلى . ئوبدان چەنلەڭلار - ھە ! مۇشۇ بىر قېتىم ، - دېدى ئاقاش ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپ .
_ خاتىرجەم بول . ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن ،- دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ .
_ كۆرىمىز قېنى ...
ناسىراخۇن مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ جىددىي ھالدا تۇراتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ھەممىگلار تەق تۇرۇگلار ، ئەنە ئايروپىلان كېلىۋاتىدۇ. دىققەت ، ئۆزۈڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار ، مەھكەم تۇرۇڭلار .
_ ئات !
ئوق ھەممە مىلتىقلاردىن تەڭلا ئېتىلدى. ئايروپىلان قۇيرۇق تەرىپىدىن قارا ئىس - تۈتەك چىقىرىپ ، ئۇتەي تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.
_ بىز غەلىبە قىلدۇق ! بىز غەلىبە قىلدۇق !
جاراڭلىق سادالار تاغلاردىن ئەكس سادا قايتۇردى.
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ چىرايىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل خۇشاللىق جىلۋىلەندى، ئۇلار ھەممىدىن بەك ۋاقىرايتتى.
_ بىز غەلىبە قىلدۇق !
_ خەير خۇش ئۇچقۇ ، سالىممىزنى سىلىڭ جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ قوي، مەن سالامەت تۇرۇۋاتىمەن .
تۇردىئاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ئەتراپتا تۇرغان پارتىزانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇردىئاخۇن كۆز قىسىپ قويىدى .
_ ئاجايىپ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن ، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىمۇ چاقچاق قىلىپ ... - دېدى ئاقاش ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ .
_ ئۇنداق ئۇچقۇ دېگەننى بىردە - بىر چۈشۈرۈۋېتىمەن ، -دېدى ئۇ بويۇنلىرىنى تولغاپ .
ئۇلار كۈلۈشكىنىچە غىزالىنىشقا مېڭىشتى . گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى شۇندىن كېيىن بۇ تەرەپكە كەلمىدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 16:36:41

[size=4][color=Blue]بىر كۈنى بىر پارتىزان بالا ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە ، ئەنسىز ھالدا ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى.
_ ھېلىقى كەرىم دېگەننىڭ يول باشلىشىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ.
_ ئاناڭنى ... ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىق ....._ ئاقاش غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، - ھەممىڭلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، مەن ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئويلىۋالاي.
_ بولدۇ،- ھېلىقى پارتىزان بالا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.
<< گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى قىستاڭ يەردىن ئۆتمەي قالمايدۇ. بىز شۇ يەردىن پايدىلىنىپ زەربە بېرەيلى . بۇ بىر پۇرسەت... >> دەپ ئويلىدى ئاقاش ، ئاندىن پارتىزانلار يېنىغا بېرىپ ، ئۇلارنى ھەر قايسى تەرەپلەرگە ، قىيا چوققىلىرىغا تەقسىم قىلدى. خىللانغان ئون مەرگەننى قىستاڭ جىرانىڭ ئالدى ، كەينى تەرەپلەرگە بۆكتۈردى.
كەرىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خاتىرجەم ھالدا قىستاڭ يەرگە كىردى. ئۇلار سەل ماڭغاندىن كېيىن ، ئاقاش بەلگە ئوقى ئاتتى. تەرەپ ، تەرەپتىن ئوقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ناسىراخۇن چەنلەپ تۇرۇپ ، كەرىمنىڭ چېكىسىگە ئېتىپلا ، ئۇنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.
_ مەندەك ئاتتىڭ ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
ئەسكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ، قالايمىقان ئوق ئۈزەتتى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ باشلىقى قاتتىق ۋارقىرىدى.
_ چېكىنەيلى ، چېكىنەيلى !
جىرانىڭ ئۈستىدە تۇرغانلار تاشلارنى ئۇلارغا قارىتىپ دومىلاتتى . ئالدى ، كەينىدىكى مەرگەنلەر ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قاچىدىغىنى قېچىپ ، ئۆلىدىغىنى ئۆلدى.
_ ھەي ، قورال ، ئوقنىڭ كەمچىللىكى ، - دەپ ھەسرەت چەكتى ئاقاش، - قورال ، ئوق تولۇق بولغان بولسا ، بىرنى قويماي قىرىپ تاشلايتتۇق - دە .
_ شۇ ھالىغا بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگىنىنى ، بۇ گۆيلارنىڭ ، - تۇردىئاخۇن سۆزلىگەچ ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ناسىراخۇن :
_ ئەجەپ نوچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ ، تۇتۇلۇپ قالغان بولساڭ : << ئاكا بىز قېرىنداشتۇق >> دەيتتىڭ ... - دېدى ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ چېقىشىپ .
_ نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن ؟ مەن دېگەن ئەركەك تۆكى بار ئەركەك جۇمۇ ؟ يەتتە شەنى سورىغان ، - دېدى تۇردىئاخۇن مەيدىسىگە مۇشتلاپ .
_ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن ؟- دېدى ئاقاش بايىقى ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ ، - سەن بىلەن بىللە يۈرسە كىشى زېرىكمەيدىكەن .
ئاقاش ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتقان ئىلى پارتىزانلىرىدىن خەۋەر كېلىپ ، بۇلارنى چاقىرتتى. ئاقاش ئۆزىمۇ بۇ يەردىكى سىقىنچىلىق ھەرىكەتتىن چوڭ بىر ئىشنى تەۋرىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇرادەرلىرىگە مەسلھەت سېلىپ ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىش قارارىغا كەلدى.
_ بىزمۇ سىلەر بىلەن بىللە قوشۇلۇپ كېتەيلى ، - دېدى ناسىراخۇن كەسكىن ھالدا .
_ شۇنداق قىلايلى ، - دېدى تۇردىئاخۇنمۇ ، ئۇ شۇنداق دېگەن بىلەن ئائىلىسىنى ، باللىرىنى ، يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.
_ سىلەر بىز بىلەن كېتىمىز دېسەڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار ، لېكىن مېنىڭچە سىلەر ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتمىساڭلار بولمايدۇ ...
_ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ئاقاش ، بىزنى يەكلەۋاتامسىلەر - يا ... - دېدى ناسىراخۇن ئالدىغا سەل سۈرۈلۈپ قويۇپ .
_ مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم ، سىلەرنى يەكلىگەنلىكىم ئەمەس ، - دېدى ئاقاش ئويچان ھالدا ، - مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنى ھەم ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان داۋۇت پالۋان باشلىق بۇرادەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاۋاتىمەن ، مەن سىلەرنى يۇرتۇڭلارغا قايتۇرۇش ئويىدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يۇرەتتىم . لېكىن سىلەرگە قىيماي ... ئەمدى قايتىدىغان ۋاقتىلارمۇ كېلىپ قالدى. بۇرادەرلەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار .. ئىشنى توختىتىپ قويىمسۇن ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوراپ قالسا ، قېچىپ كەلدۇق ، دەپ بىزنى يالغاندىن تىللاپ قويۇڭلار ...
_ سىلەرنى تىللاشقا قانداق تىلىمىز بارسۇن ؟- دېدى تۇردىئاخۇن .
_ چىن دىلىڭلاردىن تىللىمىغاندىن كېيىن نېمە بولاتتى.
_ ئەركىنلىك ئۈچۈن قەيەردە كۈرەش قىلسا ، يەنىلا خەلققە ، ۋەتەنگەن تۆھپە قوشقان بولىدۇ...
ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن كۆپ ئويلاشقاندىن كېيىن قايتىش قارارىغا كېلىشتى . ئۇلار بىر - بىرىگە قىيمىغان هالدا ناهايىتى تەسلىكتە ئايرىلىشتى . ئاقاشنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى . پارتىزان يىگىتلەرمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.
_ خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار .
_ خۇداغا ئامانەت ، ئۆزۈڭلارنى كۆپ ئاسراڭلار .
تۈن قاراڭغۇسى ، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، ئاچچىق سوغۇق شاماللار هۇشقۇيتۇپ تۇراتتى. بۇ كېچە كىشىگە بەكمۇ سۈرلۈك تۇيۇلاتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۈن - تىنسىز يول يۈرمەكتە . بىر چاغدا ئۇلار ستەيگە يېتىپ كەلدى. تۇردىئاخۇن گومىنداڭنىڭ << ستەي پارتىزانلىرىنى يوقىتىمىز >> دەپ قۇرغان چېدىرلىرىنى كۆردى - دە :
_ هەي ناسىراخۇن ، بىز بىر ئويۇن قويۇپ ، بۇ يەردىكى ھەرىكىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرمامدۇق ... يۇرتقا قىزىق بىر ئىش بىلەن كېتەيلى ، - دېدى ئۇنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىپ .
_ قانداق ئويۇن قويىمىز ؟- دېدى ناسىراخۇن ئېتىنى ئاستىلىتىپ .
_ مەن ئاۋۇ چېدىرغا ئوق ئاتىمەن ، سەن مەن تەرەپتىكى چېدىرغا ئوق ئاتىسەن . ئىككىمىز تەڭلا ئاتايلى ، - دېدى ئارىلىقى يۈز مېتىر كېلىدىغان ئىككى چېدىرنى كۆرسىتىپ ، - ئىككىمىز تار ئۆستەڭ بويىدا تېپىشىپ يولىمىزنى داۋام قىلىمىز.
_ مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىڭ بەكمۇ يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ ؟ بۇ ناهايىتى قارام ئىشكەن .
_ مەن سېنى خېلى يۈرىكى چوڭكەن دەپ يۈرسەم ، قارا سېنى ... ئەي ئەخمەق بىر سىناپ كۆرەيلى ، ئەپلەشسە - ئەپلەشمىسە بولغىنى بولا ، ئۇلار بىزنى سېزەلمەيدۇ . قانداق ماقۇل دېگىنە ، خۇش بولۇپ قالاي .
ناسىراۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.
_ ماقۇل دېگىنە ئويۇن چىقىدۇ .
_ بوپتۇ ، لېكىن ئاگاھ بولايلى ، يەنە مېنى ئېتىۋېتىپ يۈرمە .
_ ئۇنداق قىلامدىغان ، ئاۋۋال ئاتنى بىز دېيىشكەن ئۇچرىشىدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ خاتىرجەم ئىش باشلايلى .
_ ئەجەپ هۈنىرىڭ تولا نېمىكەنسەن .
_ هۈنەر دېگىنىڭ ئەمدى چىقىدۇ تېخى ، ئۆزۈم هۈنەرۋەن تۇرسام ...
ئۇلار ئاتلىرىنى دېيىشكەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ ، ئىككى چېدىرغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەسكەرلەر چۆچۈپ ئويغىنىشىپ ، بىر - بىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى .
_ قانداق پىلانىم بولامدىكەن ؟ ناسىراخۇن ، يول - يوللاردا بۇنداق چارىلەرنى قىلىپ كېتىۋېرىمىز ... - دېدى ئۇ ئاتنى يورغىغا قويىۋېتىپ .
_ سەن دېگەندەك ئۇلار ئۇخلاپ قاپتىكەن ، قاراۋۇلنى جايلىۋېتىپ ، كەينى كەيندىن ئىككى پاي ئوق ئېتىۋەتتىم ...
_ ئوقۇڭ قۇلىقىمدىن ئۆتۈپ كەتتى كەلۋا ...
_ تۇتۇۋالساڭلار بولمامدۇ . لازىم بولاتتى.
_ قارا ئۇلارنى ئېتىشىۋاتقىنىنى ... ها... ها.... ها... خەير- خوش پىرقە ئەسكەرلىرى ، سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن ، پېقىر سىلەرگە هۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدى. كەچۈرۈڭلار ، - تۇردىئاخۇن ئاستا شىۋىرلىدى .
ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى، ئاز ئۆتمەي ئۇلار تەرەپتىن << هارۋىكەش >> ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇ ناخشا تىمتاس ياتقان تاغ باغرىنى مۇڭغا سالدى.

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 23:01:58

<<هارۋىكەش>> نىڭ ناخشىسنى بىزمۇ ئاڭلاپ ...... داۋامىغا قىزىقىپ ، بوستاندا ئىگەك يۆلەپ قالدۇققۇ نازاكەت خانىم ؟
راست ، بۇ كىتابنى سۈرۈشتۈرسەم هازىر ئاسان تېپىلمايمىش . ئەگەر مەندە بولغان بولسا ، سىز دىمىسىڭىزمۇ يوللاپ تۇراتتىم .... ئەجرىڭىزگە تەشەككۈر !!

---

يوللىغۇچى: sarsan007


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-25 23:56:50

مەنمۇ ياردەملىشەي دىگەن ئەمما پەقەت تاپالمىدىم.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-26 12:09:22

[center][size=5][size=4][color=Blue]يەتتىنچى باب مەخپى كېڭەش [/center/]1[center][/size][center]
قىش كىرىپ كېلىشى بىلەن بۇ يۇرتنى زىمىستاننىڭ ئاچچىق سوغۇقى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ھوشقۇيتۇپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ھەر تەنگە نەشتەر ئۇرۇپ ئۆتەتتى. ئۇچقۇنداۋاتقان قارلارنى ھەر تەرەپلەرگە ئۇچۇراتتى. ئاۋامنى بىر خىل ئېغىر غەم - ئەندىشە ، ۋەسۋەسە چىرمىۋالغان بولۇپ ، تۇرلۇك ئالۋاڭ - ياساق، زورلۇق - زۇمبۇلۇقلار ئۇلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزۋېتىپ باراتتى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان ، يۇرت ئىچىدە ئابرويى بار كىلىشەرنىڭ ھەممىسنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا نازارەت ئاستىغا ئالدى. پۇقرالار ئۆز يۇرتىدا كۈن ئالماقنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئاچچىق يۇتۇشاتتى.
دۇكانلار تاقىلىپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئىشىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ ئېچىلىپ قالغان دۇكانلارنىڭ ماللىرىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ، ساقچىلار بۇلاپ كېتىشەتتى. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. كوچا- كوچىلاردا تىلەمچىلەرنىڭ ، يېتىم - يېسىر ، مىسكىنلەرنىڭ ئاھۇ زارلىرىنى قەدەمدە بىر ئاڭلىغىلى بولاتتى.
جۇت - شۇرغان ئۇچۇپ تۇرغان بۇ يۇرت چۆلدەرەپ ، ئاجايىپ بىر غېرىبانە تۇس ئالغانىدى . بۇنىڭغا قارىغان ھەر بىر كىشىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېزىلەتتى.
گومىنداڭ ھۆكۈمتى ئۆز خاندانلىقىنى مەڭگۇ ساقلاپ ، بۇ زېمىندا ئەركىن يايراپ ياشاش ئۇچۇن بار ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ ، ھەر نېمە قىلىشتىن يانمايۋاتاتتى. خەقنى شىلىپ قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. پۇقرالارنى ھاشارغا ، سەيسىگە زورلۇق بىلەن تۇتۇپ مېڭىۋاتاتتى. ئىلىدا قۇرۇلغان << ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت >> ۋە بۇلارنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ بارا - بارا كېڭىيىشى بۇلارنى ئالاقىزادە قىلىپ ، بۇلارنى شۇنچىلىك رەھىمسىز قىلىۋەتكەنىدى . نىھايەت ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىنى ئازاد قىلغانلىق خەۋىرى ۋە ئۇلارنىڭ بارغانچە زورىيىپ بېرىۋاتقانلىقى داۋۇت پالۋان قاتارلىق ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئۇچمە گۈلخاننى ياقتى . شۇندىن بۇيان ئۇلار تېخىمۇ روھلىنىپ ، تىنىچ يېتىشنى ئۆزلىرى ئۇچۇن نومۇس دەپ بىلدى. بوشاشماستىن كۈندە دېگۈدەك گومىنداڭچىلارغا زەربە بېرىپ تۇردى .پۇرسەت تۇغۇلسىلا يوشۇرۇن قارشىلىق بىلدۇرۇپ تۇردى. ئىلىدىن ئابدۇقادىر كېلىپ ، بۇلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم مەخپى كېڭەشلەر قىلدى. ئۇ داۋۇت پالۋانغا چېچىلىپ ھەرىكەت قىلماي ، بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى ئېيتىپ ، داۋۇت پالۋاننىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى . ئابدۇقادىر كەتكەندىن كېيىن داۋۇت پالۋان بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ئالدىراشلىقتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ ئارقىغا كېلىشى سەۋەبلىك ئىدى . بۇ ئىش بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.
_ ئىلى پارتىزانلىرى ئارقىغا كەپتۇ .
_ << ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت >> قۇرۇلدى. ئۇلار ئارقىغا بېسىپ كىردى . ئەمدى بىز گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولىدىغان بولدۇق .
_ مىللى ئارمىيە ئارقىنى ئېلىپ بۇ تەرەپكە كەلگۈدەك . بۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالدى.
_ غۇلجىدىكى گومىنداڭچىلار ئايرودورۇم دېگەن يەرگە چېكىنىپ يېتىۋاپتۇ دەيدۇ .
_ ئىلى پارتىزانلىرى ئۇلارنىمۇ بوش قويمايدۇ .
_ بۇ يۇرت ئازاد بولسا قانداقمۇ بولۇپ قالارمىز . مەن ئۇ كۈنلەردە خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ قالمەن جۇمۇ .
_ غېنى باتۇر دېگەن ئادەمنى بەكمۇ يوغان دەيدۇ . كېتىۋاتقان ماشىنىنى تۇتۇپلا توختىتىۋالغۇدەك .
_ ئۇلارنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟
بۇ يۇرتتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ گېپى بارغانچە ئاۋۇپ ، خەلقنىڭ روھنى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز سۆزلىرىگە ناھايتى دېققەت قىلىشاتتى. زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىگىتنىڭ ھەممە جايدا لالما ئىتلاردەك سوكۇلداپ يۈرەتتى. ئۇلار بىرەر << لوق گۆش >> نى ئۇچرىتىپ ، زور ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشنى ئارمان قىلىشاتتى. خەلق بۇلارغا يىرگىنىش بىلەن قارىشاتتى:
_ ئىست ، بۇنداق قىلىپ جان باققۇچە ، خوتۇنىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتسىچۇ ؟ نېمە كۈن بۇلارغا .
_ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ بېرىدۋاتىمىز تووۋا ، ھېلىقى ھوشۇر دېگەن نېمىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بۇلارنىڭ چۆچۈمەيۋاتقىنىنى .
_ ئۇلارنىڭ تىرىك ياشىغىنى بىز ئۇچۇن نومۇس !
بايخان ھەر كۈنى سەھەر تۇتۇپ ئىلى خەۋەرلىرىنى كىشلەرگە يەتكۈزەتتى. ئۇلارنى ئويغىنىشقا چاقىراتتى. داۋۇت پالۋان تاپشۇرغان ئالاقچىلىق ئىشلىرىنى ئۇزۇپ قويمايتتى. داۋۇت پالۋان ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قوياتتى.
بۈگۈن تۈن كېچىدە داۋۇت پالۋان بايخان بىلەن كۆرۈشتى .
_ بايخان ئاكا ، - دېدى داۋۇت پالۋان قەتئىي ھالدا ، - سىز جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز ، سىزگە تاپشۇرىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار .
_ ئۇنداق جاپا دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭىزغا ئالماي ، ۋەزىپىنى تاپشۇرغىن ، سەن بەختىنىڭ بەدەلىسىز قولىغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ ؟
_ سىز ئارقىغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپ كېلىڭ ، بىز تېزدىن ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشمىساق بولمايدۇ . ئەتە كەچكە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى ھامتاخۇن تۈگمەنچىنىڭ تۈگمىنىگە يىغىپ ئابدۇقادىر دېگەندەك رەسمي بىر تەشكىلات قۇرايلى . ئەمدى ئوتنى ئۇلغايتىپ ئارقىدىكى ئىلى پارتىزانلىرىغا ماسلاشمىساق بولمايدۇ . ئۇلار بىزگە مۇھتاج. بىز ئۇلارغا مۇھتاج . گومىنداڭچىلارنىڭ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

هازىر جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى.
_ ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن داۋۇت ئۇكا ، ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ماڭاي ، ۋاقىت قىس .
_ ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى.
_ بۇ ئەڭ ياخشى ۋاقىت ، خەير ئەمسە ، خۇداغا ئامانەت ، - ئۇ داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىدىن كېتىپ ، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ مۆڭلۈق ناخشىسى ياڭرىدى . تۈن كېچە قوينىدا بۇ ناخشا بەكمۇ سۆزۈك جاراڭلايتتى. داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇرادەرلىرىنى ئىزلەپ تاللىق تەرەپكە ماڭدى.

داۋامى بار... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 0:27:08

خەپ... شۇ تاپتا كارامەت ئۆيقۇم كەپ كېتىپ قالدى.... خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە سەھەر تۇرۇپ بۇ سانلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىمەن... بارغانسىرى قىزىغىلى تۇردى بۇ ئەسەر!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 0:27:11

داۋامىنى تېزراق ئەۋەتكەن بولسىڭىز
رەھمەت سىزگە ھارمىغايسىز.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-27 12:17:11

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
قاراڭغۇ كېچە ، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ سوزۇپ قاۋىغان ئەنسىز ئۈنى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ ، بۇ كېچەمە ئاجايىپ سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى، دەريا بوغۇق ئاۋازدا شارقىراپ ئېقىپ ، باھار چىللايدىغان ئۆزۈلمەس كۈينى ياڭرىتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يالىڭاچلانغان ئورمانلار ئېغىر مۆڭلارغا ئەسىر بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى.
بۆگۈنكى يىغىلىشقا كەلگەنلەر تاغدىن _ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى ئىلى پارتىزانلىرىدىن ئارشاڭغا ، ئاندىن ئۆزلىرىگە قايتىشتى .
_ ھە ، ناسىراخۇنكا ، شۇنداق قىلىپ ، تۇداخۇن چېدىرغا ئوت قويۇۋەتتى دەڭلا ، - دېدى قۇربان كۈلۈپ تۇرۇپ .
_ بۇ تۇداخۇن مۆرىمەستەك كۆرۈنگۈنى بىلەن تولا قىزىق نېمكەن بۇ ؟ئۇ يەردىكى پارتىزانلارنى زېرىكتۈرەمدىغان .
_ قورسقىدا گەپ بار دەڭلا ، قارىسا كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ ، مۆكچىيىپلا ئولتۇرىدۇ.
_ قارا قاۋاننىڭ ئىشنى ئەپلەشتۈۋەتكىنىنى دەيمىنا ، - دېدى ھاپىز قارى ئارىغا سۆز قىستۇرۇپ ، - ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئاللا- كاللا سېلىپ : << ئۇلارنى تۈتۈپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ ، مېنمۇ تۈتۈپ ئاساقچى بولۇشقان ئاران قېچىپ كەتتىم >> دەپ داۋراڭ سالغىنچۇ ، كېيىن ئۇ تۇداخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەرنى بۇ گەپنى يالغان دەپ ، ئىشەندۈرەلمىگىلى تاس قالدى .
_ ۋەن سىلىڭ نېمە دەپتۇ ؟- سورىدى قۇربان مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ .
_ نېمە دەيتتى، << سەن كۈچلۈك بولغانچقا قېچىپ كەپسەن ، ئۇلار گالۋاڭلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ >> دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ كېلىپ : << بولدى بۇ ئىشلارنى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى ، سەن ئىشىڭغا بار >> دەپلا قارا قاۋاننى چىقىرۋېتىپتۇ .
قارا قاۋان مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇلار داۋۇت پالۋاننىڭ ئويچان ئولتۇرغان سۈرلۈك ئەلپازىنى كۆرۈشۈپ شۈككىدە بولۇشتى .
شۇ ئارىدا تۈگمەننىڭ كونا ئىشكى غاراسلاپ ئېچىلىپ قاسىم جودا بىلەن مۇھەممەت گاڭگۇڭ كىرىپ كەلدى.
_ نېمدېگەن تۇيۇقسىز باشلانغان سوغۇق بۇ ؟- قاسىم جودا بېشىدىكى يوغان قۇلاقچىسىنى ئېلىپ ، - قانداق سالامەت تۇردۇڭلارمۇ ؟
_ سالامەت تۇردۇق ئۇكا ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئۇيان - بۇيان قاراپ ، - ئىشكىتنلا جېدەل باشلاپ كىرىپسەنغۇ ؟
_ جېدەل بىلەن كىرمەي ۋەن تەتەينى باشلاپ كىرسەم بولاتتىمۇ ؟ بۇ دېگەن ئۇرۇش يىللىرى جۇمۇ ؟ ئادەم دېگەن جېدەل بىلەنلا يۇرىدىغان گەپ .
_ شۇنىڭغا قارىغاندا ۋەن تەتەي بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قالدىڭمۇ نېمە ؟
_ ياش - دە بىز ، نېمە قىلساق قىلىمىز - دە ، يۈرەكتە ئوت بار.... - قاسىم جودا داۋۇت پالۋاننىڭ جىم ئولتۇرغان سۈرلۈك ئەلپازىنى كۆرۈپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

جىمىپ قالدى .

ئارنى بىر پەس سۈكۈت باسقاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ :

_ مۇھەممەت ئىشىك ئالدىنى كۆزەتسۇن ، بىز بۈگۈن رەسمىي يىغىلىش ئېلىپ بېرىپ ، مەلۇم مەسىلىلەرنى كېڭەش قىلىمىز. نەق گەپنى ئېيتساق تەشكىلات قۇرماقچى ... ھەممەيلەن كېلىپ بولدىغۇ دەيمەن ، - دېدى ئولتۇرغانلارغا بىر قاراپ چىقىپ .

ئولتۇرغانلار ئېغىر تىنىشىپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈردى.

_ دېگۈدەك كېلىپ بولدى ،- دېدى ئاسىم دوختۇر.

_ ئۇرايىم كەلمەيتتىغۇ ؟ ناسىراخۇن سەن خەۋەر قىلماقچى بولغانىغۇ ؟

_ ئۇ مەن قاتنايشمەيمەن . ئاتا - ئانامغا قارىمسام بولمايدۇ ، دېگەنتى ، مەن ئۇنىڭغا بولدى گەپنى ئاڭلىمىغان بول دېدىم .

_ ياخشى دەپسەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، - كىمنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق . خوتۇن ، بالىسى يوق ، كىمنىڭ ئۇلارغا قارىغۇسى يوق ، مىللەت ، خەلق ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەلىگەن ئادەم ئۇ ھەقىقى ئىنسان بولالايدۇ . بىرەرسى بەخت ، ئەركىنلىكنى مەردلەرچە سوۋغا قىلىپ بەرمەيتتۇ . ئۇنى بىز كەسكىن ئۇرۇش ، قان - تەر بەدىلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ! قاسىمنىڭ يالغۇز ئانىسىنى بېقىش خىيالى يوقمۇ ؟

ھەممىسىنى ئوي - خىيال بېسىپ مۈڭلىنىپ كەتتى. قاسىم جودا يېنىك تىنىپ قويدى . ئۆي ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى .

_ بولدى ، باشقا گەپنى قويۇپ ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى . بىز ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى ، مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك يىغىلىش قىلىپ ، تەشكىلات قۇرماقچى بولغانىغا . ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى باركەن . ئەمدى بۇنىڭمۇ ۋاقتى پىشىپ يېتىلدى . ھازىر گومىنداڭنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ ، خەلق ئېغىر كۈنگە قالدى . ئىلى تاغلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ئىنقىلاب ئوتى يالقۇنجاپ كۆيمەكتە ، ئارشاڭدا غېنى باتۇر ، ئېردەنى پارتىزانلىرى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج بولماقتا . بىز ئۇلارغا زىچ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىمىز بىرلىككە كېلىشىمىز ، تەشكىللىنىپ ، تەشكىلاتنىڭ پىلانى بويىچە رەھبەرلىككە بويسۇنغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك . خەلق ئېغىر غەملەرگە مۇپتىلا بولغاندا ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلماق ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ، پالۋان سۈپەت ئەزىمەتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ، قېنى ھەممىمىز ئويلىشىپ كۆرەيلى .

_ داۋۇت ناھايتى توغرا ئېيتتى، بىز مۇشۇنداق يىغىلىشنى ھەم بىر تەشكىلات قۇرۇپ ، شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرىكەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدۇق . مانا ئەمدى ئۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ . لېكىن تەكىتلەيدىغان بىر گەپ ، بىزدىن خائىن چىقماسلىقى كېرەك . ئەگەر قاتناشمايمەن دېسەڭلار ، ھازىر چىقىپ كەتسەڭلارمۇ ئۆلگۈرسىلەر ... - دېدى ناسىراخۇن كەسكىن قىلىپ .

_ ناسىراخۇنكا، نېمە دەيدىغانسىز ، بۇ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش تۇرسا، بۇنىڭغا خائىنلىق قىلساق كېيىن خەلق ئالدىدا قانداقمۇ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ؟- دېدى ئەمەت ئېسىلىپ سۆزلەپ .

_ شۇنداق ئەمەسمۇ ... - دېيىشتى باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن ، - بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قاتناشتۇق . ئاللا نامىدىن قەسەم بېرىمىز.

ئۇلار قەسەم بېرىشىپ كونكىرېت ئىشلارنى بېكىتىپ چىقتى . تەشكىلات نامى << ب ئى پ ئەترىتى >> بولدى . داۋۇت پالۋان تەشكىلات باشلىقى ، ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ، ئاسىم دوختۇر كاتىپ بولدى. بۇنىڭ كونكىرېت ۋەزىپىلىرىنى مۇنداق بېكىتتى : ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سەزگۈرلۈكنى ساقلاش ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىشەنچلىك ياشلارنى ئەترەتكە تارتىش، تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ ، گومىنداڭغا بولغان قارشىلىقنى ئاشۇرۇش، زەربە بېرىش شارائىتى تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ۋە خائىنلارغا زەربە بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇش ، ئىش قىلغاندا ئويلىشىپ ئىش قىلىش ، ئۆز ئالدىغا باشباشتاقلىق ۋە قارامىلىق قىلماسلىق ، باشقا ئىنقىلابى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئارشاڭغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئۇلار بىلەن ئامال بار بىرلىشىپ كېتىش ، ئۇلارغا ياردەمدە بولۇش ، ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئالدىنقى سەپكە ئۆزۈق - تۈلۈك توشۇيدىغان ھەر قايسى يوللارنى ئۈزۈپ تاشلاش ، بولۇپمۇ جىڭغا بارىدىغان قارا سۇ كۆۋرۈكىنى ، ستەي ، سەنتەيلەرگە بارىدىغان تاش كۆۋرۈكنى پارتلىتىش ، ناسىراۇن بىلەن تۇردىئاخۇن باشچىلىقىدىكىلەر ئارشاڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، ئۇلاردىن قورال ۋە ئوق - دورا ئەكىلىش ، قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياشلار شەھەردە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ، بايخان داۋاملىق ئالاقىچى بولۇپ ، ئىشلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرۇش .

_ مەن ئارشاڭدىكى پارتىزانلارغا قېتىلىپلا كەتسەم بولاتتى ، - دېدى قارا قاۋان .

_ نېمە دەيدىغانسەن ، - دەپ ئاچچىقلاندى داۋۇت پالۋان ، - سەن ئۇ يەرگە كەتسەڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ ؟ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتمەيلى . تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراۇننىڭ بىزگە ئاقاشلارنىڭ ھەرىكىتىنى ، ئۇلارنىڭ پەم - پاراسەتلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنى يادىمىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن . بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغان يەرلىرىدىن ئۆگىنەيلى . بىز كۈتكەن چاغلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئويۇن ئەمەس، ئىنقىلاب ، گەپ - سۆزلەرگە دېققەت قىلايلى . ئىش ناھايتى مەخپى ئېلىپ بېرىلسۇن ، ھەرىكەت تامامەن كەچتە بولىدۇ. كۈندۈزلىرى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بايخان ئارشاڭغا غېنى باتۇر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ، ئەھۋالغا قاراپ ، قورال ، ئوق ، دورا ئەكىلىش ئۈچۈن ماڭىمىز . ئەھۋال جىددىي ، ھەممىمىز سەزگۈر بولايلى .

تاشلىرى سۈكۈلۈپ كەتكەن جۇۋىلارغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار دولقۇن ياساپ ، گۈزەل باھارنى كۈتۈۋېلىش ئىستىكىدە ئىسسىق ھارارەت بىلەن ئاقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، يۈرەكلىرى ئىپتىخارلىق ھېسلىرىدا تىپچەكلەيتتى. كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

داۋۇت پالۋانمۇ بۆلەكچىلا روھلىنىپ ، زىممىسىدىكى ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك تۇيغۇدا بولدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئەمدى نۆۋەتتىكى ئىشلارغا كۆچۈۋاتاتتى. قورال ، ئوق ، دورىلارنى ھەل قىلىپ ، تەشكىلات ئەزالىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ، ئۆزى باشچى بولۇپ ئىشقا سېلىش ، ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئورتاق ھالدا ، غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش.... بۇ ئىشلاردا سايىم باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئويلىدى .

_ ئەتە كەچتە ، - دېدى داۋۇت پالۋان ھاياجان بىلەن ، - بايخان خەۋەر ئېلىپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، بىز ئۇنىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كېيىن ، ئاندىن ھەرىكىتىمىزنى باشلايلى . ھازىر تارقالساق بولىدۇ. تارقالغاندا توپ - توپ ماڭماي ، چېچىلىپ مېڭىڭلار .
تۈن قاراڭغۇسى ، ئۇلار ئىككىدىن ، ئۈچتىن ھەر تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىشتى . ئاپئاق قارلار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئاچچىق سوغۇق يۈزلەرگە نەشتەر ئۇرۇپ تۇراتتى. قويۇق ئورمانلىق تۈن قاراڭغۇسىدا بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.
_ بۇ ئىش ناھايىتى ياخشى بولدى . ئەمدى ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئەمەس، بەلكى تەشكىلاتنىڭ پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولدۇق ، - دېدى ناسىراخۇن .
_ ئانىمىز بىزنى ئوغۇل دەپ تۇغقان ، مۇشۇنداق كەسكىن چاغلاردا مەيدىمىزنى كېرىپ << ئەل - خەلق ئەركىنلىكى >> دەپ چىقالمىساق ، قانداقمۇ ھەققى ئادەم ھېسابلىنىمىز .
_ توغرا ئېيتتىڭ .
_ بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلماي ، ئۆتكەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ ياشاش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ئوغۇل بالا دېگەن مەرد ، مەردانە ياشىشى كېرەك . سادىر پالۋاننى خەلق نېمىشقا ھازىرغىچە ئۇلۇغلايدۇ. ؟ دېمەك ،ئۇ ئۆز ۋىجدانى ، غورۇرى بىلەن ياشاپ ئۆلگەن . دەردىمىزنى ئىچىمىزگە سىلىپ نېمە قىلىمىز ؟ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلسەك بىز ئۈچۈن شەرەپ ئەمەسمۇ؟- ناسىراخۇن سۆزلىگەنسېرى قېنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى.
_ ئادەم دېگەننىڭ ياخشى - يامىنى مۇشۇنداق چاغدا ئايرىلىدۇ. قارا ئاۋۇ ئۇرايىمنى بىز پالۋان ، باتۇر دەپ يۈرۈپتۇق . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيتى ئاشكارلاندى.
_ بىز يۇرەكلىك ئەزىمەتلەرنى ماختىساق بايخاننى ماختىساق بولىدۇ. ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ باھارنى چىللايدىغان بۇلبۇل . ئۇ ھەقىقى ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە ئاندىن ئارام تاپىدۇ. مۇشۇنداق سوغۇقتا ئۇ كېچىنى كېچە دېمەي ئارشاڭغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ پائالىيتىمىزگە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۋاتىدۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاستا كېتىۋېتىپ .
_ راست دەيسەن ، ئۇ بىز پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىنسان !- دېدى ناسىراخۇن جەڭگىۋار ھالدا .
قار لەپىلدەپ ياغماقتا . سوغۇق شامال بارغانچە ئەدىمەكتە . ھاۋا ئەلپازىنى يامان قىلىپ تۇرۇلۇپ تۇرماقتا . ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا بۆلەنگەندى .
_ ناسىراخۇن بىز ئەمدى ھەرىكەتنى تېزلىتەيلى . يۈر ، سايىم باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ بەزىبىر ئىشلارنى كېڭىشىپ كېلەيلى .
_ بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە بارساقمىكىن .
_ كۈرەشكە ئاتالغان ئادەمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى ئىشنى كەينىگە سوزماي ۋاقتىدا قىلىش ! يۈر ....
ئۇلار تۈن قوينىدا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى . قورقۇمسىراپ كوچىغا چارلاشقا چىققان بىر نەچچە ئەسكەر شەھەر كوچىسىنى شۇنداق بىر ئارىلاپ قويۇپ ، قارارگاھىغا قايتىشتى . ئۇلار ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقاندى.

داۋامى بار..... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 12:22:51

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ، بۇ ئەسەرنىڭ جەمئي 7 بابى مۇۋاپىقىيەتلىك تاماملاندى . خۇدايىم بۇيرىسا ئەسەرنىڭ داۋامىنى يەنە داۋاملىق ۋاقتىدا ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن . ۋاقتىدا ئوقۇپ ، مېنى يېقىندىن قوللاپ ، ئىلھاملاندۇرغىنىڭلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت !! ئەسەرنىڭ داۋامىنى ئامال بار تېزرەك يوللايمەن . ھەرگىزمۇ يېرىمىدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!!

---

يولىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 23:24:22

قەيسەرلىكىڭىزگە بارىكاللا ئۇلۇغ ئاللا دېگەنلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇسى،سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەل - خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، يۈرەكلىرى ئېپتىخارلىق ھېسلىرىدا تېپچەكلەيتتى. كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

نېمە دېگەن پاساھەتلىك قۇرلار ھە.........................

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 27-1-2007 23:56:16


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەسسالام دوستۇم نازاكەت! ئەسەرنىڭ يوللانغان يەرلىرىنىڭ ھەممىنى تولۇق ئوقۇپ تۈگەتتىم.... سىزگە كوپ رەھمەت! ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن سوققان بۇ يۈرەكلىرى ھەركىمنى تەسىرلەندۈرمەي، ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايدۇ! سىزگە يەنە بىر رەھمەت! ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى ئوقۇشقا ئىنتىزارمىز!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-28 0:17:04

تىزرەك يوللىغايسىز.

---

يوللىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-28 13:56:31

Nazakat0909 نىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشى مېنى چەكسىز خىياللارغا مۇپتىلا قىلدى ؟
Nazakat0909 بۇ سۆزىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى : << ھەرگىزمۇ يېرىمىدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!! >>
سىزگە تەشەككۈر ................

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 16:39:44

[center][size=5][size=4][color=Blue]سەككىزىنچى باب شۇم خەۋەر ۋە شۇم پىلان[/size/] [center]

[center]1[/center]

ۋەن گوتەي جان ئاچچىقىدا ئۆلەي دەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ ، ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ ئارشاڭ تەرەپكە شۇنچە كۆپ ئەسكەر ماڭدۇردى . ھېچبىر غەلبىدىن خەۋەر يوق . ئۇ قاپقىنى تۈرۈپ ، ياڭ ھاكىم ، پىرقە باشلىقى لى خەن ۋە ۋۇ شاۋتەنلەرگە ئالىيىپ قاراپ قويدى . ئۇلار ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك قارشىدىن تۈگۈلۈپ كېتىشتى .
_ بىز بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشامدۇق - يوق ، نېمىشقا بىز شۇنچە ئەسكەر ، شۇنچە قورال كۈچى بىلەن ئوغرىلارنى يوقىتالايمىز ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بىز يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز. ۋۇ جۇيجاڭ جانابلىرى !
_ سىلىڭ ، بىز بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز .
_ نېمە كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ، نېمە خىزمەت كۆرسەتتىڭىز ؟ ھېچبىر نەتىجىڭىز يوق ....
_ دوكىلات !
_ ھە نېمە گەپ !
_ جىڭ تەرەپكە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بىلەن شەھەر دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى پارتىلىتىۋېتىپتۇ . ئۆگىزىدە قاراۋۇلدا تۇرغان تۆت ئەسكىرىمىز ئېتىپ تاشلىنىپتۇ . ئارشاڭغا ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى ئۆلۈپتۇ ، سەيسىچىلەر ھارۋىغا بېسىپ ئەكەپتۇ ....
_ ئاغزىڭنى يۇم ! ئاناڭنى .... - ۋەن گوتەينىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. ئەتىگەندە ئاڭلىغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى.
_ ۋۇ جۇيجاڭ بۇ نېمە ئىش دەيمەن ؟- دېدى ۋەن گوتەي يىغلىغۇدەك بولۇپ ، - بۇ يەردىمۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى بار . سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ يوق بىر ئادەملەرنى تۇتۇپ ، سوراق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىڭلار ....
ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەننىڭ ياپما قاپاقلىرى لىكىلداپ ، گۆشلۈك يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇجۇدىنى ئېغىر قورقۇنچ چىرمىۋالدى.
_ ياڭ ھاكىم جانابلىرى ، ھېلىقى تەشكىللەنگەن ئادەملەرنىڭ نېمە ئەھمىيتى بولدى ؟ داۋۇت دېگەن ياۋايىلار نېمىگە ئەسقاتتى. ؟
_ ئۇلار بولغاچقا ئاشلىقلار ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ خېلى تىنچىلىنىپ قالغان ...- دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن باھانە كۆرسىتىپ . ئۇ ئۆزى تاپقان چارىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.
_ ئەتە كەچتە چوڭ يىغىن بار. بۇ مەخپى يىغىن ، قالايمىقان ئادەملەرنى قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ . چەنتۇلار تېخىمۇ قاتناشمىسۇن . بىز ئەمدى يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ ، ئەسكەر تەلەپ قىلىمىز. ئاندىن ئارشاڭغا ھوجۇم قوزغاپ ، ئۇ يەردىن ئىلى ئوغرىلىرىنى قوغلاپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

چىقىرىپ ، چاغاننى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بۇيرۇق : بۇ چەنتۇلارغا ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلماڭلار ، قولىدا نېمە بولسا تارتىۋېلىڭلار ، ھەر بىر ئائىلىگە بېرىلگەن نان يېقىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن . كۆۋرۈك تېز ياسىتىلىپ ، سەيسىگە كۆپلەپ ئادەم سېلىنسۇن . ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك توختاپ قالماي ماڭسۇن ، يايلاردىنمۇ يۇلۇپ ئېلىڭلار .

_ ياخشى گەپ بولدى ، - دېدى لەنشىڭ ، - يۈرىكىمدىكى گەپ بولدى . ھېلىقى قوي ئاپىرىدىغانلار قايتىپ كەپتىكەن ، باشلاپ كېلەيمۇ ؟

_ بولدى ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھازىر ۋاقتىم يوق . ياڭ ھاكىم سىزمۇ پاڭقىيپىلا ئولتۇرماي ، داۋۇت دېگەن نېمىلەرنى ئوبدان ئىشقا سېلىڭ . باشقا ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ . باشقىلارمۇ شۇنداق ! قالغان گەپلەرنى ئەتە كەچتە دېيىشۋالايلى . باشقا گەپ بارمۇ ؟

_ يوق ، ئەتە كەچتە ۋاقتىدا كېلىڭلار ، ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ. لەنشىڭ سەن تۇرۇپ تۇر . گەپ بار .

لەنشىڭ خۇشلۇقىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 17:11:41

[size=4][color=Blue][size=4[center]]2[/center]

سوغۇق شامال ھوشقۇيتۇپ چىقۋاتاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى ماجالى قالمىغان تېنىنى ئاران مىدىرلىتىپ ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىپىرلايتتى. ئاياللار تونۇر بېشىدىن بېرى بولالمايتتى. ئەرلەر بولسا سەيسىگە تۇتۇلۇپ ، ئوتۇن ، يەم - خەشەك ، ئوزۇق - تۈلۈك توشۇشقا ماڭغاندى. ئۇلار قايتاشىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكىنى بېسىپ كېلەتتى. بەزىلىرى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئۇن - تىنىسىز يوقاپ كېتەتتى. ھارۋىكەشلەر ھەر قېتىم كەلگەندە ، بۇ يۇرتنى مۇسىبەت يىغىسى قاپلايتتى.

جۇۋىغا ئورانغان ، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كىيگەن ، يوغان ، مەڭزىلىرى قىزىل ئەيسا سۇنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ئېلى بوجاڭ ئات بىلەن ھەر يان چېپىپ ، قامچا ئوينىتىپ خەلققە ھەيۋە قىلىپ يۈرەتتى. ئەيسا سۇنجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

_ قىل دېگەننى قىلماي ، ھارام تاياق يەيدىغان بېشى قاپاق ھارامزادىلەر ، ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنلاپ ، ئىشنى تۈگەتسەڭلار بولدى ئەمەسمۇ ؟- دەپ ۋارقىرىدى بازار سىرتىغىراق جايلاشقان چىمەنگۈلنىڭ ئىشك ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ .

_ قارا ماۋۇ يالاڭتۆشنىڭ يوغناپ كەتكىنىنى ، - دېدى چىمەنگۈل ئۇنى لەقىمى بىلەن ئاتاپ ، - تېخى ئاۋۇ ئېلى پايتىمچۇ ؟ بۇلار ئەجەپ تېز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ؟ بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەسقۇ ؟ تووۋا خۇدايىم ...

_ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار ، - دېدى قارا قۇمچاق كەلگەن دوستى ھەجەرخان ، - بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ تەخسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەچكە يوغناپ كېتىپ بارىدۇ. كۆتۈرمىسە بىزگە ئوخشاش يۈرەتتى شۇ ...

_ ھەي ۋىجدانسىز ، نومۇسنى بىلمەيدىغان راۋەلار ! - دەپ ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىردى چىمەنگۈل ، - ھېلىقى ئايىسخان جۇيجاڭ ، زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىگىتنىڭ دېگەن نومۇسسىز مۇناپىقلار ئۆز ئادەملىرىنى تۇتۇپ بېرىپ جان باقىدىكەن . بۇلار مۆرتى كەلسە ئاتا - ئانىلىرىنى ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. چوكانلارنى تۇتۇپ ب ئېرىپ ، مال - مۈلۈكنى قوغدايدىكەن . قىزلىرى بار ئادەملەر - ھە ، تووۋا بۇ ۋىجدانسىز پاسكىنا ئادەملەرنىڭ دۇنياسى بولىدىمۇ - نېمە ؟

_ قۇربان ئۇنداق ئەمەستۇ ؟

_ تووۋا دەڭە خېنىم ، ئۇ دېگەن ھازىر ... _ تىلى ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى چىمەنگۈل ، - شۇنداق ۋىجدانلىق ....

_ ئۇ نېمەڭنى ماختاپلا كەتتىڭغۇ ؟ بىلمىز ئۇنى ... _ دېدى ھەجەرخان ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ ، - كۈلكىسىدىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق ئەزىزلىگۈدەك ...

_ سىلنىڭ بارمۇ خېنىم كۆلۈپ بېرىدىغان نېمەڭلار ؟- دېدى چىمەنگۈل تېرىكىپ .

_ چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، خاپا بولماڭلار ، خاپا بولساڭلار تارتىۋالىمەن جۇمۇ ؟ شۇنداق قىلسام ئىچىڭلارغا ئوت كېتىدۇ... بۇگۈن كۆرشەمسىلەر ؟

_ ياق ، ئۇ ئالدىراش ، - دېدى چىمەنگۈل ئويچان ھالدا ، - ئۇنداق ۋىجدانلىق ، باتۇر يىگىتنى تاپماق قىيىن ، جىڭدا شۇنچىلىك جاپا چېكىپ كەلدى. يەنە تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرمەمدۇ ، ئۇ ھەممە دەردىنى چاقچاق بىلەنلا خالاس قىلىدۇ. ئۇ يېنىمدا بولسا مەڭگۈ زېرىكمەس ئىدىم ...

_ سەۋدايى بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە ؟ قۇربانىنىڭ دوستىدىن بىرەرنى ماڭا تونۇشتۇرساڭ بوپتىكەن ؟

_ ئۇ سەۋدايى بولۇشقا ئەرزىيدىغان يىگىت ، - دېدى چىمەنگۈل ئاسمانغا قارىغىنىچە ، - ساڭا ئاشۇنداق بىرسى بولسا بولاتتى، قېنى مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي ، يۇر بۇ سوغۇقتا نېمانداق تۇرۇپ كەتتۇق ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى...

_ قۇربانىنىڭ ئىسمى چىقسا توڭلىمايسەن -دە .

_ توڭلىمىدىغان ... ئۆيدە يا ئۇنىڭ گېپىنى قىلغىلى بولمىغان ... يۇر ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ....

_ بولدى مەن قايتاي ، ئاپام ئەنسىرەپ قالمىسۇن ، تېخى ھېلىقىلارنىڭ نېنىنى ياقمىسا بولمىغان ، خوش ئەمسە .

_ خوش بىكار بولساڭ كىرەرسەن ؟ باھارگۈلنى باشلىۋال .

_ ماقۇل ، سەنمۇ چىقىپ ئولتۇرۇپ كىر ، توي قىلغاندا قۇربان بىلەن بىللە چىقاي دەمسەن - يا . بالا - چاقىلارنى يېتىلەپ ...

_ ماڭ ، ئەسكى ...



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

چىمەنگۈلنى خىيال بېسىپ قالدى. << توغرا ، قۇربان بىلەن توي قىلسام بىر ئائىلە قۇرساق ، بالا - چاقىلىرىمىز بولسا ، بۇلارمۇ ( بۇلارمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دېمەكچى ) يوقۇلۇپ جاھان تىنجىسا ، ئازادە يوللاردا ئەركىن ئايلىنىپ يۈرسەك ، دوستلارنىڭ ئۆيىگە بارساق . ئاھ بىز قاچانمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشەرمىز ؟ ھەر راست ، بىز توي كۈنىمىزنى شۇ ئازاد بولغان كۈنگە توغرىلايلى ، بۇنى قۇربانغا ئېيتاي ...>>

داۋامى بار .... [/size][/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Ay~chiwar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 22:19:24

[size=3][color=Blue]دىققەت قىلىدىغان بولساق ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشتە ئالاھىدىلىگى كۆرۈنەرلىك ئىكەن . تىلى ئاددىي ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك ، تەسىرلىك ھەم جانلىق چىققان . مەسىلەن :

[color=Red]قاراڭغۇ كېچە ، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ سوزۇپ قاۋىغان ئەنسىز ئۈنى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ ، بۇ كېچمەە ئاجايىپ سۇر بېغىشلاپ تۇراتتى، دەريا بوغۇق ئاۋازدا شارقىراپ ئېقىپ ، باھار چىللايدىغان ئۇزۇلمەس كۈيىنى ياڭرىتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ياڭلاچلانغان ئورمانلار ئېغىر مۇڭلارغا ئەسىر بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. [/color]

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى ، ئاپتور قەھرىتان قىشنى سۈرەتلەپ بېرىشتە جانلىق بولغان ، ئوقۇغان كىشىدە خۇددى ئۆزىنى سوغۇقتا تۇرغاندەك ، ئاچچىق سوغۇقنىڭ نەشتىرى ئوقۇغان كىشىگىمۇ سانجىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن . بۇمۇ ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك ....ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشتە قىلچە ياسالمىلىقى يوقكەن . شۇڭا تەبىئىي ، ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدىكەن .
نازاكەتكە رەھمەت ! [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-1-29 23:33:50

ئاشۇنداق مۇناپىقلارنى چانىۋەتسە ھە....
ھەي.............

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-1 16:56:38

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
سەيسگە تۇتتۇلغانلارنى ئېلىپ ماڭغان ما تۇەنجاڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدى . << ئىلى ئوغرىلىرى دېگەنلەر ئەجەپ يامان نېمىلەركەن ، بۇلارنىڭ غەلبە قىلىشىدىن ئۈمىد بار ، ئۇنداقتا كېيىن مېنىڭ تەقدىرىم .... >>
ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلار توختىغىنىدىن قوللىرىنى ئانچە - مۇنچە پەلەيدىن چىقىرىپ ئۇگىلاپ قويياتتى. ئۇلار ئازابلىق خىياللارغا بەنت بولۇپ ، ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىشەتتى. ئۇلار قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە چىقىش يولى تېپىشنى بىلمەيتتى. يول بويى توختاپ ياتقان پۇقرالارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈشكەندە ، يۈرەكلىرى جىغىلداپ كېتەتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرى بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى.
ئېغىر خىياللارغا غەرق بولۇپ ، ھارۋىنىڭ بىر خىل سىلكىنىشىدە كېتىپ بارغان سىدىق كۆككۆز << بۇ نېمە كۈنلەردۇ - ھە >> دەپ ئويلىغىنىدا ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، مېڭىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. << داۋۇتلارنى ئەجەپ خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن - ھە ، ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەم بولاتتى. ئۇ كۈنلەرمۇ ئاز قالدى.... >>
بۇلارنى قورشاپ ئەتراپىدا ماڭغان ئەسكەرلەر مىلتىق ئىستوۋوللىرىنى بۇلارغا ئانچە - مۇنچە سانجىپ ھەيۋە قىلىپ قويياتتى. << ئاناڭنى ، ئاز كۈنلىك قالدىغۇ ئەدىپىڭنى يەيدىغانغا ، خەپ >> دەيتتى سىدىق كۆككۆز ئېغىر تىنىپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .
ئۇلار كېتىۋاتقان تاش يولنىڭ ئەتراپىدىكى ئائىلىكەلەرنىڭ يىرىدىن بىر بۇۋاقنىڭ ئەنسىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.
_ ما تۇەنجاڭ مان ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ باقاي ، بالا يامان يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ، - دېدى سىدىق كۆككۆز قورقۇمسىراپ تۇرۇپ .
_ بولىدۇ، كىرىپ باق .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سىدىق كۆككۆز قار ئۇستىدە غاچىلداپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆيدىكىلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كىلىۋاتقانلىق خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى.

ئۆي سوغۇق بولۇپ ، بۆشۈكتە بىر بوۋاق ئاچچىق يىغلاۋاتاتتى. سىدىق كۆككۆز ئۇنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە ، چاققان بېرىپ بۆشۈكنى تەۋرەتتى.

_ يىغلىما - ھە ، ئاپاڭ ھازىر كىلىدۇ.... - ئۇ شۇنداق دەپ بۆشۈكنى تېز - تېز تەۋرەتتى. بوۋاق بىر ئاز پەسلەپ قالدى. سىدىق كۆككۆز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇ يەر - بۇيەرلەرنى ئاختۇرۇپ ، ئاران بىر پارچە قاتتىق نان تاپتى. ئۇ ناننى چايناپ بالىغا يىگۈزەي دەپ تۇراتتى. ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى.

_ سىدىق بۇياققا چىق ، ماڭىمىز !

_ مانا ھازىر ... مانا ....

سىدىق كۆككۆز چاينىغان ناننى بالىغا يېگۈزدى ، ئاندىن ، كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىپ كەتتى. << ئاھ ، خۇدا بۇ نىمە كۈنلەر بولۇپ كەتتى. خەپ ، ئاناڭنى بىر كۈنى ئۆچۈمنى ئالمايدىغان بولسام ... >> ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ھارۋىسىغا يېتىۋالدى .

ئۇلار بۇرۇلۇش ئېغىزىغا كەلگەندە ، ما تۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى ھارۋىلىرىنى توختىتىشىپ ، قويۇنلىرىدىن قاتتىق زاغرا نانلارنى ئېلىشتى - دە ، غاجىلاشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر بولسا گىردە يەۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر ئەسكەر سىدىققا دېۋەيلەپ كىلىپ ، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ ھىجايدى .

_ ھەي ، چەنتۇ ، ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجاۋاتامسەن ؟

_ سۆڭەك غاجىسام ئاناڭنى بېرەمتىڭ ؟- سىدىق كۆككۆزنىڭ غۇزىپىدە ئاچچىقى تۇتتى.

_ ھۇ ئاناڭنى چەنتۇ !- ھېلىقى ئەسكەر مىلتىق پاينىكى بىلەن سىدىق كۆككۆزنى بىرنى سالدى.

_ ماۋۇ ماڭقىنى قارا ، - سىدىق كۆككۆز چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ ، بىر كاللا قويۇپ دومىلتىۋەتتى. ئەسكەرنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەلدى.

ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى بەتلەپ ، ئۆزلىرىگە دېۋەيلەپ كىلىۋاتقان ھارۋىكەشلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇلار ھېلىلا مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزىدىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئەسكەر بۇرنىدىكى قانلارنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ، ئورنىدىن تۇرۋاتاتتى.

_ نىمە ئىش بولدى !- دېدى ئەتراپنى كۆزىتىپ كەلگەن ما تۇەنجاڭ .

ھېلىقى ئەسكەر بولغان ئىشلارنى خاتا دوكلات قىلدى.

_ ئۇنداق ئەمەس . ما تۇەنجاڭ ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، - دېدى خەنزۇچىنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغان سىدىق كۆككۆز ، - مەن نان يەۋاتسام : << ھەي چەنتۇ ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجىلاۋاتامسەن ؟ >> دەيدۇ ...

ما تۇەنجاڭ ھېلىقى ئەسكەردىن سورىۋىدى ، ئەسكەر دۇدۇقلاپ قالدى. ما تۇەنجاڭ ئۇنى << چاڭ - چۇڭ >> ئىكى شاپىلاق سېلىۋەتتى. ھارۋىكەشلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، داڭ قېتىپ قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ قورقىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

_ ھارۋىنى ھەيدەڭلار ، يولغا چىقىمىز !

ھارۋىكەشلەر دەرھال جابدۇنۇپ ، يولغا چىقىشتى . ئەسكەرلەرمۇ ئۆز جايىغا بېرىشىپ مېڭىشتى . ئۇلار ما تۇەنجاڭدىن نارازى بولغاندەك قىلىشاتتى.

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: sarsan007

يوللىغان ۋاقتى: 22:22:44 1-2-2007

ھەي تازا قىززىق يېرىگە كەلدى ئەمدى،

ھىلىقى بىچچارە بوۋاق نىمە بوپ كەتكەندۇ ھە.

---

يولىغۇچى: Nazakat0909

يوللىغان ۋاقتى: 17:17:32 2-2-2007

[size=4][color=Blue]يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ چوققىلىرى ، ئەتراپتىكى قېلىن ئورمانلىقلار بۇ تىمتاس تەبىئەت قوينىغا سىر بېغىشلاپ تۇراتتى. ئاپئاق قارا ئۆچقۇندايتتى. قارا سوغۇق يۈزلەرگە نەشتەر ئۇراتتى.

سىدىق كۆككۆزنى تىللىغان ھېلىقى ئەسكەر يولدا يەنە بىر ھارۋىكەشنى ئۇرۇپ جېدەل تېرىدى. ما تۇەنجاڭ بۇ قېتىم ئۇنى ئاياپ قويمىدى. تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئۇنى جايىدىلا ئېتىپ تاشلىدى.

ئۇلار ئوتتۇرا شتابقا يېتىپ كەلگەندە ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلار تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىشتى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ سلەر بۇ نەرسلەرنى چۈشۈرگەچ تۇرۇڭلار ، مەن ئەتراپنى چارلاپ كۆزتىپ كېلەي ... سددق يۈرە ، سەن بۇ يەرنى ئوبدان بلسەن ... - دېدى ما تۈەنجاڭ .
ئۇلار ئىككى پوستتىن ئۆتكەندە ، پوستلار ئۇخلاپ قالغاچقا بۇلارنى تۇيمىدى. ئۈچىنچى پوسقا بارغاندا ما تۈەنجاڭ ئۇخلاپ ياتقان پوستىنىڭ پىلموتىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىپ ، يەنە ماڭدى . << بۇ ئەمدى نەگە باردىغاندۇ ، نېمانداق ئالاقزادە بولدىغاندۇ ، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن .... >> دەپ ئويلىدى سددق كۆككۆز .
ئۇلار ماڭغىنىچە قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەندە توختىدى.
_ سددق ، - دېدى ما تۈەنجاڭ ئوڭايسىزلانغان هالدا ، - سەن پارتىزانلار بار يەرنى بىلەمسەن ؟
_ مەن ... مەن ...
_ ماڭا ئىشەن ، ئىككىمىزنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش ، بايا كۆرگەنسەن ، سېنى تىللىغان ئادەمنى ئېتىپ تاشلىدىم . يەنە ئىشەنمەيۋاتامسەن ... مەن بۇلارغا ئۆچ ، ئۆزۈڭدىن بۇيان پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم ... ماڭا ئىشەن ، گومىنداڭ سلەرنى ھەقىقەتەن بوزەك قىلدى. خورلىدى، كەمستتى. ئەمدى ئۇلار جاجىسىنى يەيدىغان پەيت كەلدى.
<< ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ مېنى تۇتتۇۋالسچۇ ؟ ياكى ئۇ بىزگە قوشۇلۇپ بىللە ئىنقلاپ قىلماقچىمۇ ؟ نېمە كۆرسەم ئۇنى باشلاپ بارمايمۇ ؟... >> ئۇ شۇلارنى خيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى.
_ ماڭا ئىشەن . مەن ساڭا خائىنلىق قىلمايمەن . بىز بىرلىكتە مللى ئارمىيگە قېتىلىپ كېتەيلى ... - دېدى ما تۈەنجاڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ .

_ بولدۇ ، يۈر مەن باشلاپ باراي ...
ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدىن مېڭىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى. سوغۇق تېخىمۇ ئەدىمەكتە ئىدى . يالىڭاچلانغان دەرەخلەر غېرىبسىنىپ تۇرۇشاتتى.
ئۇلار قېلىن قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ، تاغ تەرەپكە بۇرۇلدى.
ئۇلار شۇ جىددىيلىكتە توڭغىلىغىنىنمۇ سەزمەيتتى. ئۇلار قېلىن توقايلىقنى ئارىلاپ مېڭىۋاتقىنىدا :
_ توختا ! - دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
_ مەن سددق .
_ كىم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر ، دۈم يات !
ئۇلار دۈم يېتىشقا مەجبۇر بولدى. قارنىڭ سوغۇق تەپتى بەدەنلىرىگە ئاستا - ئاستا يامرىدى.
_ ھەي .... بىزنى دۈم ياتقۇزۇپ قويۇپ ، سوغۇقتىن ئۆلسۇن دەمسەن.
_ ئاۋۇ يېنىڭدىكى كىم ؟ فورما كيۋاپتىغۇ ؟ قورالنى تاشلىسۇن !
_ ئەجەپ ئىشلىك تۇگمىدى .
ما تۈەنجاڭ پىلموت بىلەن تاپانچىسنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ھېلىقى كىشى قورالنى يىغىشتۇرۇپ ، بۇلار تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى .
_ ھوي قاسىم جودا ، سەن ئادەمنى يەرگە چاپلاپ قويۇپ ئۆلسۇن دېدىڭما ؟ كالۋا .
_ سەندەك قولىدىن ئىش كەلمەس نېمىنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ ، بۇ ما تۈەنجاڭغۇ ؟ بۇ نېمە ئىش ؟
_ ھەئە ، مەن ما تۈەنجاڭ ، سلەرگە قوشۇلاي دەپ كەلدىم .
_ نېمە ؟- قاسىم جودا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى،- يۇرۇڭلار داۋۇتكامنىڭ يېنىغا بارايلى ،- قاسىم جودا ما تۈەنجاڭغا گۇمان بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ماڭدى.
_ ۋاي ، ۋۇي ، نېمدېگەن كۆپ ئادەملەر بۇ ؟ موللاق ساقالكامۇ يۈرەمدۇ نېمە ؟- دېدى سددق كۆككۆز ھەممەيلەنگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ .
_ قانداقراق ئۇكاموي ، - دېدى موللاق ساقال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزۈڭ ساقلىنى سلاپ تۇرۇپ ، - زۇلۇمنىڭ دەردىنى بەكمۇ تارتىپ كېتىپتىكەنمىز ئۇكا ، ئۆلسەممۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەي دېدىمغۇ ؟ ئاكاڭنىڭ چامباش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭغۇ ؟ كېچىسى بۇ يەرگە كېلىپ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىشىمەن . كۈندۈزلىرى باللارغا گۇمپا ئۆگىتىمەن . ئەل - خەلق دەپ سوقۇۋاتقان بۇ يۈرەك بىزنى جىم ياتقۇزمايدۇ .
_ بارىكاللا ئاكا ، باتۇر ئىكەنلا .
ما تۈەنجاڭ داۋۇت پالۋان بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ ئۆزىنىڭ بۇلارغا قېتىلىش سەۋەبىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىدە ، داۋۇت پالۋان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئۇلار ئىككىسى خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتى.

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2-2-2007 22:31:48

بەك ياخشى بولدى مانا ئەمدى قىزىقى چىقىدىغان بولدى.

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-3 1:12:38

مۇشۇ ما ئىسمىلىك ئادەمدىن چاتاق چىقماس ھە؟؟؟ ئەسەرنىڭ داۋامىغا ھەجەپ قىزىقىپ كەتتىم... قانداق شۇم پىلاندۇ ئۇ ھە؟ دىمەك مىنىڭچە بۇ شۇم پىلانىنىڭ ما دىگەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك، قارىماققا ئاۋۇ لەنشىڭ دىگەن ئىت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ... قېنى ئاخىرىنى كورەيلى! مۇشۇ ئەسەرنى ئوقۇيمەن دەپ بۇگۇن ئالاھىدە كىرىۋىدىم تورغا... تىزرەك يوللاپ تۇرغايسىز دوستۇم!

يەنە بىر گەپ، ما دىگەنىنىڭ ھەققى ئىنقىلابچى بولۇش ئارزۇسى بولسا نىمە ئۈچۈن شۇ يەردىكى بارلىق ھارۋىكەشلەرنى قۇتقۇزۇپ قورالاندۇرۇپ شۇ يەردىكى ئاقما لالىملارنى تازىلاپلا ئىشنى باشلىمىدى؟ ھەي........ يەنىلا ئاخىرىنى كورۇپ بىر نىمە دەيلى زادى!

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-3 21:42:54

شۇنداق مەنمۇ شۇنىڭدىن گۇمانلانىدىم

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-6 12:42:31

[color=Blue][size=4]_بۇ ئىشنىڭ ياخشى بوپتۇ . بىز ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى بارغانچە قويۇقلاشتۇرۇۋاتىمىز. ھازىرچە بىز مۇشۇ چاغانئارالنى بازا قىلىپ ، كەچلەردە ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئارشاڭغا بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 50-- 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، چېكىنىپ بۇ يەرگە تاراپ كەتسەكمۇ ئۇلار نەگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەي قېلىشىدۇ. كېچىسى بۇ يەردە پالتا ، توقماق ، ئارا كۆتۈرگەن ئادەملەر مانا مۇشۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇ. كۈندۈزى ھېچ ئىش يوق ....
_ بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ناھايىتى ياخشىكەن ، ئەمما سىلەردە قورال يوق ، قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ . ئاۋۋال قوراللىنىش زۆرۈر ....
_ قورالنى بىرسى ئەكىلىپ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بىز ئۇنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالىمىز. ھازىر ئارشاڭدىكىلەردىمۇ قورال يېتەرلىك ئەمەسكەن ، شۇڭا بىز سەن دېگەن يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك !
_ ئۇنداق قىلغان بىلەن بولمايدۇ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان ، بىز تاياق - توقماق بىلەن نېمە ئىش قىلالايمىز.
_ ئۆز ئادەملىرىڭنى ئاسراۋاتامسەن نېمە ؟
_ ياق ، ياق ....
_ ئۇنداق بولسا ، كېچىكتۈرمەي ھۇجۇم باشلايلى .
ما تۆەنجاڭ ئارسالدىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ بۇلار بىلەن تەڭ نېمە كۆرسەم كۆرەي ، بۇلارغا ئىشەنچىسىز بولۇپ قالماي دېگەن خىيالغا كېلىپ ، داۋۇت پالۋانغا قاراپ ئېغىز ئاچتى .
_ مەيلى دېگىنىڭچە بولسۇن ، ئەسلى بۇنداق قارامىلىق قىلمىساق بولاتتى.
_ قارامىلىق قىلمايمىز دەپ ، بۇ يەردە جىم ياتىمىزمۇ ؟ بىز نېمە ئىش قىلدىغان ئادەم . ئۇرۇش دېگەندە غەلبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ .
_ ئاۋۋال ئازىراق ئارام ئېلىۋالايلى ، - ئۇ شۇ ئارقىلىق داۋۇت پالۋاننى خىيالىدىن يېنىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاۋاتاتتى.
_ ما تۆەنجاڭ ، سەن بىزنى قانداق بىلىپ قالدىڭ ؟- دەپ سورىدى ناسىراخۇن تېخىچە گۇماندا قاراپ .
_ قۇلاق ئۇزۇنغۇ ، - دېدى ما تۆەنجاڭ ، - مەن خېلىدىن بېرى داۋۇتلارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتىم . كېيىن شەھەردە، ئەسكەرلەرنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ، ئۆلۈشى ، كۆۋرۈكلەرنىڭ پارتىلىتىلىشى ، مەندە گۇمان پەيدا قىلدى. سىدىقمۇ مۇشۇ كۈنلەردە جىم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان . مەن بۇنى چوقۇم سىدىق بىلىدۇ ، دەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدىم . ئەگەر سىدىق بىلمەيمەن ، دەپ تۇرۇۋالغان بولسا مەندىمۇ ئامال يوق ئىدى. تەلىيىمگە ئۇ باشلاپ باراي دەپ قالدى ، - ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلەيتتى.
يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان تەپتى ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىنى قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى داۋۇت پالۋاننىڭ قۇلقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ھۇجۇم قىلىشقا بەكمۇ ئالدىراۋاتاتتى. قانلىرى قىزىپ ، ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى.
_ ئىمنباينىڭ تۈگمىندە تۈنەپ قالغان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا تەييارلىنىڭلار !- دېدى ئۇ ئورنىدىن ئەنسىز ھالدا تۇرۇپ .
ھەممىسى چۆچۈپ ، داۋۇت پالۋانغا قاراشتى . ئاندىن ئاتلىرى بارلار ئاتلىرى يېنىغا يۈگۈرۈشتى . پىيادىلەر قوللىرىدىكى تاياق - توقماق ، ئارا - كەتمەنلەرنى مەھكەم تۇتۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى . ما تۆەنجاڭ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا داۋۇت پالۋانغا ئاستا قارىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ ، ۋۇجۇدىنى قەھرى- غەزەپ ئەسىر قىلغانىدى .
_ قېرىنداشلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۈنلۈك ئاۋازدا ، - ئۇرۇش دېگەندە قان تۆكۈلۈش ، قۇربان بېرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بىز قۇربان بەرمەستىن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئۆلسەكمۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈپ ، ئالالانىڭ دەرگاھىغا يورۇق يۈزىمىزدە كېتەيلى ! بىز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئەركەك بولغاندىن كېيىن ھەققىي ئەركەكتەك ياششىمىز ، خەلىق ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز لازىم . ئاللا بىزگە مەدەت قىلسۇن ، ئاتىلىنايلى !

ــ ئەل - خەلىق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا !

ما تۇەنجاڭ پارتىزانلارنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىگە قاراپ ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى .

تۈن قوينىدا پارتىزانلار قەيسىرانە روھ بىلەن دۈشمەن قارارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى. داۋۇت پالۋان سەپ ئالدىدا ئېتىنى ئوينىتىپ ماڭماقتائىدى . ئۇنىڭ روھىدا بىرلا ئەل - خەلىق ئەركىنلىكى دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرگەچكە ، كۆزىگە شۇ تاپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. قولىدىكى قارا ملتىقنى پات - پات چىڭ سقىمداپ قوياتتى. ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ ۋۇجۇدى غەزەپ ، خورلۇق ئاربلاشقان تۈيغۇلاردىن سقىلاتتى.

ئۇ شۇنداق يۈرۈش بىلەن مەنزىلگە يېتىپ بارغىنىدا ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ما تۇەنجاڭنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى ، يەنە پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ قورالى يوقالغانلىقىنى بايقاپ ، ساراسىمىدە ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.

ۋاقىت تاڭغا ئۇلىشىدىغانغا ئاز قېلىۋاتاتتى.

ــ داۋۇت ، ھۇجۇم قىلساق خەتەرلىك ، - دېدى ما تۇەنجاڭ ئەھۋالنى كۆزىتىپ .

ــ يۈرەكلىكرەك بولساڭچۇ ، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقامدۇ ؟ مۇشۇ ھالىڭدا قانداقمۇ تۇەنجاڭ بولغانسەن ؟

ــ مېنىڭ قورقۇۋاتقىنىم يوق ، ياخشى كۆڭۈل بىلەن داۋتىمەن .

ــ ناسىراخۇن ، ھاپىز قارى ، سىلەر كەينى تەرەپتىن تېگىش قىلىڭلار، مەن ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاي ، قاراپ تۇرماي ئاتلىنىڭلار !- داۋۇت ما تۇەنجاڭنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماستىن بۇيرۇق بەردى.

ــ ماقۇل !

ئۇلار ئالدى - ئارقا تەرەپلەردىن ھۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇم قىلدى . دۈشمەنلەر دەسلەپتە سەل ھودۇقۇپ ، قالايمىقان ئوق چىقاردى. كېيىن ئۆزلىرىنى تۇزۇۋېلىپ ، ئۇلارغا جان - جەھلى بىلەن قارشلىق بىلدۈردى. پارتىزانلارنى غەلبە قىلىشقا چاقىرۋاتقان بىر نەچچە قارا ملتىق ۋە ما تۇەنجاڭ ئەكەلگەن پىلىموت ، تاپانچىدا ئوق تۈگەپ ، ئۈچ ئادەم قۇربان بولۇش نەتىجىسىدە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . غالجىرلاشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلارنى چاغانئارالغىچە قوغلاپ بېرىپ ، كېيىن ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەي، تۇرالغۇسىغا قايتتى.

ما تۇەنجاڭ بۇلارنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، داۋۇت پالۋاننى ئالاھىدە ماختاپ كەتتى.

ــ سىلەر ئۇلارنىڭ ئوندەك ئادىمىنى يوقاتتىڭلار، قورقماستىن قاپ يۈرەكلىك بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىردىڭلار ، توۋا ، ئاجايىپ قورقماس ، باتۇر ئىكەنسىلەر .

ــ قورقۇنچاقلىق پەس، يارىماس ئادەملەرنىڭ ئىشى، بىزنى باتۇر قىلىۋاتقان بۇلارنىڭ زۇلمى ، ما تۇەنجاڭ ھازىرچە بىز جەڭنى مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت قىلىپلا تۇرىمىز . بۇ بىزنىڭ كېيىنكى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەشقىمىز. مۇنداق ئۇرۇشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ.

ــ شەھەردىكى قوغداش ئىشلىرىچۇ ؟

ــ ئۇ يەرگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملىرىمىز بار . مەسىلە چىقسا خەۋەر قىلىدىغان ئالاقچىمىزمۇ بار.

ــ سىلەر ئىشقا بەكمۇ پۇختىكەنسىلەر ، ئەپسۇسكى ، قارا ملىقىڭلارمۇ باركەن .

ــ قارام ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قارام ئادەملەر يۈرەكلىك بولىدۇ. يۈرەكلىك ئادەم ئىنقىلاب ئوتلىرىغا مەردانە ھالدا ئۆزىنى ئاتالايدۇ. مەن قارام ، باتۇر ئادەملەرنى كۆرىمەن .

ماتۇەنجاڭ ئۈن چىقارمىدى. ئۇ داۋۇت پالۋاننى باشقىلار نېمە دېسە ئاڭلايدىغان ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاسان قايىل بولىدىغان ئادەم دەپ چۈشەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات چۈشەنچىلىرىگە ئىگە ، مۇستەقىل پىكىرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئويلىرىدىن ياندى. داۋۇت پالۋاننىڭ قورقماس ، باتۇرلىقى ئۇنى ئېغىر ئويلارغا سالدى.

داۋامى بار .... [/size][/color]

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-2-6 12:44:33 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: sarsan007
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-6 23:11:22

ھەي مۇشۇ ما تۇەنجاڭ دىگەندىن بىر چاتاق چىقمىسا بولاتتى

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-10 3:49:45


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

شۇنى دەيمەن.... مېنىمۇ بەكلا ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتىدىيا......

خەپ داۋامى .................. داۋامى قاچان چىقار؟؟؟؟؟؟؟ ئىگەكلىرىم چۇشۇپ قالارمۇ؟ دوستۇم نازاكەت سىزگە قاراپ قالدۇق...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-14 14:57:43

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى جىددىي ئېچىلىۋاتاتتى. ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. ياڭ ھاكىم تاماكىسىنى ئۇزۇلدۇرمەي چەككىنىچە ، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيىنىڭ سۆزلىرىنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.
_ بىزنىڭ ئاۋۋال ئارشاڭغا ماڭدۇرغان ئادەملىرىمىز يوللاردىمۇ ، ئارشاڭدىمۇ ئىېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى . بۇ قېتىم ما تۇەنجاڭنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن يىگىرمە هارۋا ئوزۇق - تۈلۈك بېسىپ ، ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردۇق . بىز ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، چاغاننى ئارشاڭدا ئۆتكۈزىمىز . ھازىر بىزنىڭ هوشيارلىقىمىز تۆۋەن ، زەربە بېرىش ئاكتىپلىقىمىز ئاجىز . شۇڭا هوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ، بۆلارغا قىلچە رەھىم شەپقەت قىلماي زەربە بېرىشىمىز ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرتىشىمىز كېرەك . ھازىر شەھەر ئىچىدە ، يول - يوللاردا پارتىزانلار بىزگە يوشۇرۇن تەھدىت سالماقتا . بىز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تۇتالمايمىز - ھە ! ھەممىمىز قاپاقۋاش ، دۆت- كالۋالار ... قېنى قايسىمىز بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتتۇق . قېنى دەپ باقايلى . ھەممە ئىش ھازىر ماڭىلا قالدى. قالغىنىڭلار تېخىچە ئۇخلاۋاتىسلەر ، ئوغرىلار بېشىڭلارغا مىلتىق تەڭلىگەندە ئاندىن ئويغىنىسلەر ، بىز ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن بىرمۇ ئوغرىنى تۇتالمايمىز . ئەمدى يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز .... - ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى. گاھىدا ئاغزىنى بۇزۇپمۇ قوياتتى.
ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ۋەھشىي ئەلپازىدىن قورقۇپ ، ئىېغىر تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ئۆچلىكى كېلەتتى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى غاپپار بەگ ئىشىك يېنىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. قورۇ ئىچى جىمجىت بولۇپ قاراۋۇللار قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەللەردەك تۇراتتى.
_ ئارشاڭدا كۆپ ئەسكەرلىرىمىز نابۇت بولدى. كۆۋرۈكلەرنى ياساپ| قويساق يەنە پارتىلتىۋېتىشتى . بىز ئەمدى قانغا قان ئېلىشىمىز كېرەكمۇ - يوق ، ئەلۋەتتە ئېلىش لازىم . بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتە ئوغرىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن ، بۆلارنىڭ گېپى بىر ، بۆلارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويۇش ۋاقتى كەلدى. بىز بۇنى مۇنداق ئېلىپ بارىمىز. بۇ يۇرتتا ئىناۋەتى بارلارنى ، ھېلىقى كەچلىك قوغدىغۇچىلارنى مەسچىت يېنىدىكى كۆلۈبقا يىغىن بار دەپ يىغىپ ، ھەممىسنى بىر يولىلا پىلموت بىلەن قىرىپ تاشلايمىز. شۇ چاغدا بۇ خەلق بىزگە گەپ - سۆز ئىستائەت قىلىدىغان بولىدۇ. يۈرىكى مۇجۇلۇپ باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز.
_ بۇ ناھايىتى ياخشى چارىكەن . بىز مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بۆلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىساق بولمايدۇ.... _ دېدى ۋۇ شاۋتەن گەپ قىستۇرۇپ .
_ ياخشى ئۇسۇلكەن ، يۈرىكىمىدىكى گەپ بولدى. ۋەن سىلىڭ بەكمۇ دانا كىشى ئىكەنلا .... - دەپ خۇشال بولدى . لەنشىڭ .
_ ياق ، ئۇنداق قىلساق توغرا بولمايدۇ. بىگۇناھ خەلقنى نېمە ئۈچۈن قىرىپ تاشلايمىز ، بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزگە چوڭ ئىش تېپىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بىز ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىشقا دىققەت مەركىزىمىزنى قارىتىشىمىز لازىم ، - دېدى ياڭ ھاكىم تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ .
_ ياڭ جانابلىرى ، نېمە دەۋاتىسىز ؟ بۇ خەلقتىن بىزگە نېمە پايدا كەلدى. قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ . بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى بۆلارنىڭ ئادەملىرى يوقاتتى. ئەمدى بىزنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ياپونلار قىرىۋاتىدىغۇ ؟ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش ، سىز تولا رەھىمدىل بولۇپ كەتمەڭ .... - دېدى ۋۇ شاۋتەن ۋەن گوتەيگە قاراپ قويۇپ .
_ رەھىمدىل بولۇشقا توغرا كەلسە رەھىمدىل بولغۇلۇق . زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە خەلق چىدىمايدۇ. ھېلىمۇ شۇنچە رايىشلىق بىلەن ئىشلەۋاتامدۇ ؟- ياڭ تەئەددى بىلەن ئېيتتى.
_ بولدى ، بولدى بەس ! - دەپ ۋارقىرىدى ۋەن گوتەي .
_ دېمەكچى بولغىنىم بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن ... باشقىچە ئۇسۇل قوللانساق دەيمەنغۇ ، - دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ ، - بۆلارنى ئويلىمىسام ، نېمە قىلساڭلار نېمە كارىم ... - ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەن گوتەيىنىڭ ۋەھىملىك قارشىدىن ئەنسىز سوقۇپ كەتتى - دە ، ئاخىرقى سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى.
_ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن ! ياڭ ھاكىم جانابلىرى بىلەن كېيىن ئۆزۈم ئايرىم سۆزلىشىپ ، ئۇنى قايىل قىلىپ قويىمەن ، - دېدى ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، سىلەر مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاڭلار ، ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن ، ئىشلارنى ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار . بىز بۇ يەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز ، بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ ، تەڭ ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك . بۆلارغا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ . ھەممەيلەن ئاگاھ بولايلى . يىغىن تۈگىدى . ھەرىكەت جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ، كونكېرىت ئىشلار ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ ، تارقىلىڭلار ، - ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇراتتى.
يىغىنغا قاتناشقان ھەممەيلەن ياڭ ھاكىمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى - دە : << ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. ۋەن سىلىڭنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ كىم پايدا ئالالىغان ؟ ئۇنىمۇ ئەقىللىق دەپ قويسا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكەن ، ھەي ئەمدى چاتاق بولدى ، خەتەر ، ئۇ بار يەردە سۆزلەمدىغان .... ھە دەپ قويسا بولىدىغان ئىش ... >> دەپ پىچىرلاشتى .
ياڭ ھاكىم ئۆزىمۇ سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ، ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-2-14 16:13:27 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-20 10:53:45

خەتەر ئەمدى باشلاندىمۇ نىمە؟؟؟ .... زادى نىمە بوپ كېتەر ئاقىۋىتى؟؟؟ داۋۇت پالۋانلارغا خەتەر كەلمەس ھە؟ ئاۋۇ غاپپار دىگىنى ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ قويارمۇ يا؟ خۇدانىڭ ئوز پاناھىغا تاپشۇردۇق.... قېنى دوستۇم ئاخىرىنى داۋام قىلسىڭىز..

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-22 15:14:08

[color=Blue][size=4][center]5[/center]
كەچ ، ئەتراپ جىمجىت ، سوغۇق تىپخىمۇ كۈچەيمەكتە . قارئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى. يوللاردا كوچا چارلىغۇچى ئەسكەرلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.
ھەممە يەردىن بىر خىل تىمتاس ۋەھىمە يېغىپ تۇراتتى.
غاپپار بەگ توخۇپ تىترىگىنىچە ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ ، يول چېتىدە كېتىپ باراتتى. << قانخورلارنىڭ شۇم پىلانىنى كۆرۈڭ . بۇ نىمىدېگەن ياۋۇزلۇق . تۇزۇڭنى يەپ ، تۇزلۇقۇڭغا سيەي ، دېگەن شۇ - دە ، ھەي ، ئادەم ئەمەس توڭگۇزلار .... >> ئۇ شۇلارنى
خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە ، چوڭ كوچىدىن ئەگىپ ، سايىمباينىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .
ئۇ سايىمباينىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ ، دەرۋازا قىلغۇچىنى بوش شىلدىرلاتتى.
_ كىم ؟- دەپ ۋارقىرىدى سايىمباي قولىدىكى چۆگۈننى قويۇپ قويۇپ .
_ مەن غاپپار بەگ ، ئىشكنى ئېچىڭ .
_ بۇ كېچىدە نىمە گەپ ؟- دېدى سايىمباي ئىشكنى ئېچىۋېتىپ ، - تازىمۇ توغان ئوخشايسەن - ھە !
_ توڭلىمامدىغان ، ھەممە تەرەپتىن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرۋاتسا .
_ بەكمۇ جىددى كۆرۈنسەنغۇ ، يۈر ئۆيگە كىرەيلى .
ئۇلار پىشايۋاننىڭ ياغاچ يوللىرىنى غاراسلىتىپ ، دەسسەپ ، ئۆيگە كىرىشتى . مەشتە ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. بۇ سايىمباينىڭ خاس
ھوجىرىسى ئىدى. ئۆي بەكمۇ ياسداق بولۇپ ، ئوتقاشتەك گىلەملەر چاقناپ تۇراتتى.
_ ئېيتە ، نىمە گەپ ؟- دېدى سايىمباي دۇئادىن كېيىن ، _ بەكمۇ ئالاقزادە كۆرۈنسەنغۇ ؟ چىرايىڭمۇ بۇلەكچىلا تاترىپ كېتىپتۇ .
غاپپار بەگ بۈگۈنكى يىغىندا بولغان ئىشلارنى قويماي سۆزلەپ بەردى.
_ ھۇ ئاناڭنى ، قارا ماۋۇ پەسلەرنىڭ قارا كۆڭۈللۈكىنى ، ئەمدى بۇلارنىڭ قىلمىغان شۇ ئىشى قاپتىكەنمۇ ؟- ئۇنىڭ سېرىق ، گۆشلۈك
يۈزلىرى ،قىرقىم ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، - مېلىمىزنى بۇلاپ يېدى. قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى ، خەلقنى شىلىپ يەپ قاق سەنەم
قىلىپ قويدى... قارا .... ئەستاغپۇرۇللا ، نىمىدېگەن قارا نىيەت ..... ھەي ... سەن داۋۇتنى تېپىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىل . مەن بىلەن تېز
كۆرۈشسۇن .
_ ئۇ ھازىر نەدىدۇ ؟
_ ئەخمەتنى تاپساڭ بىلىدۇ .
_ ماقۇل ، مەن ماڭاي ، ئۇلار گۇمانلىنىپ قالمىسۇن .
سايىمباي غاپپار بەگنى ئۇزىتىۋېتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ئۇيان - بۇيان ئۇرۇلۇپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىسلىغاندەك بولۇپ
ئاچچىق تولغىناتتى. ئۇنى چىرمىۋالغان ئازابلىق خىياللار قەلبىدە تۇگەتكۈسىز غەم - قايغۇنى پەيدا قىلاتتى.
* * * * * * * * *
قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا داۋۇت پالۋان سايىمباينىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىر كېچىدە كېلىپ ، بۇلارغا
تەلىم - تەربىيە بېرىپ ، زىچ ئىتتىپاقلىشىش ، ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئىش ئېلىپ باراتتى.
_ كېلە داۋۇت ، قانداقراق تۇردۇڭ ؟
_ قەدىر ئەھۋال ، ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟
_ ياخشى ، - دېدى سايىمباي سولغۇن ھالدا ، - ئىشلار نىمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، داۋۇت ، بۇلار بارغانچە ۋەھشىيلەشكىلى تۇردىغۇ ؟
_ نىمە ئىش بوپتۇ ؟
سايىمباي غاپپار بەگ دېگەن ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى .
_ قارا بۇ پەسكەش ، نىيتى قارا شۇملارنى..... ئاناڭنى !- داۋۇت پالۋان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، - پۇتىغا پىت چۈشۈپتۇ بۇ گۇيلىنىڭ ،
ئۇلەر ۋاقتىدا جان تالىشىۋېتىپتۇ . خەپ ، سەنلەرنى نىمە قىلىۋېتىمەنكىن ، - داۋۇت پالۋان ئاچچىقنى ئاران بېسىۋاتاتتى.
_ بىز ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلايلى ، ئاچچىق ئەقىلنىڭ دۈشمىنى ... ئوبدانراق ئويلىنايلى ....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سايىم باينىڭ كىچىك خوتۇنى نىساخان كىرىپ ، داۋۇتقا سالام قىلدى ، ئاندىن شىرە قويۇپ چاي راسلىدى.
ئۇلار چايدىن ئاندا - مۇندا ئوتلاپ قويۇپ ، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئويلىغانسېرى كاللىسى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
_ بىز ، - دەپ باشلىدى سايىمباي ، - خەلقنى كۈلۈپقا بارماڭلار ، دېسەك ئۇلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ ، ئىشىمىز ئەكسىگە قاراپ ماڭىدۇ .
ھازىر خەلق ئىچىدە خائىنلار كۆپ ... - ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى كىچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.
_ خائىنلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتسە تازا ، ھۇ ئاناڭنى ، خەپ ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان چاغلارمۇ كېلەر ...
شۇ ئارىدا نىساخان گۆش بېسىلغان پولۇ ئېلىپ كىردى - دە ، شىرەنىڭ بوش يېرىگە قويدى .
_ قېنى تاماق يەۋېلىپ ، ئاندىن پاراڭلىشايلى .
ئۇلار تاماقنى ئۈن - تىنسىز يېيىشتى . نىساخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ گېپى يەنە باشلاندى .
_ بۇ كىچىك شەھەر ، كىچىككىنە گەپ بولسا ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدىغان گەپ ، شۇڭا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلايلى ، - دېدى سايىمباي
ئارىدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .
_ مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن ، - دېدى داۋۇت پالۋان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، - بىز ئەمەت تۆگمەنچىنىڭ تاللىقىغا تۆت مەرگەندىن ئۈچنى
قويايلى . خەلقلەر كۈلۈپقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى قەلەيگە ھەر بىرى ئۈچتىن يىگىرمە بىر پاي ئوق ئاتسا ،
بۇ ئوق قەلەيگە تېگىپ ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. شۇ پەيتتە مەن كۈلۈپقا كىرىپ ، ۋەن سىلىڭغا << ئوغرىلار كەلدى >> دەپ جىددى دوكلات
قىلىمەن . شۇ چاغدا ئۇلار ئادەملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . بىز ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانىنى ئەنە شۇنداق بەربات قىلايلى .
_ ناھايىتى ياخشى چارە ، ياخشى ، - سايىمباي ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىپ قالدى ، - مەن سىنى قارام پالۋانمىكىن دېسەم
خېلى كاللاڭ باركەن جۇمۇ ؟
_ قانداق قىلىمىز ئەمدى ، جىددى ۋاقىتقا كەلگەندە ئاللا كىشىنىڭ كاللىسىنى سەگەك قىلىۋېتىدىكەن ، خەلق بېشىغا چۈشكەن كۈن بىزنىڭ
بېشىمىزغا چۈشكەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟
_ شۇنداق ، مەن يا ئوچۇق - ئاشكارا ياردەم قىلالمايۋاتىمەن . خەلققە ياردەم قىلسام بۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويارمەنمىكىن
دەيمەن ... زادى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم . بۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە يوقلاڭ سەۋەبلەر بىلەن يۇلۇپ ئېلىۋاتىدۇ . بەرمەسكە تېخى
ئامال يوق ...
_ ئاز قالدى ، خۇدا بۇيرىسا ، بۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىمىز.
_ قاچان كېلەر شۇ كۈنلەر ؟- دېدى سايىمباي ، - خەلقنى خاتا چۈشىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەن ئادەم .
_ بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ. بىزنىمۇ ھازىر خاتا چۈشىنىۋاتىدۇ. ئاز قالدى بىزنى تولۇق چۈشىنىشكە ...
_ ئىشلىرىڭلار قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. .
_ ھەممىسى جايىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ما تۆەنجاڭ بىز تەرەپكە ئۆتتى ، ئەمدى بىزمۇ يوشۇرۇن ھەرىكەتتىن ئۆتۈپ ئارشاڭدىكى ئىلى
پاتىزانلىرىغا قېتىلىپ ئاشكارا ھەرىكەت قىلمىساق بولمايدۇ. ئىچى سقىلىپ كەتتى ئادەمنىڭ ...
_ شۇنداقتىمۇ بەكمۇ ئاشكارا بولۇپ كەتمىسۇن ، بولمىسا ھەممەيلەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان - زەخمەت يېتىدۇ.
ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ گەپلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
داۋۇت پالۋان سەھەردە بۇ يەردىن چىقىپ ، ھاشماخۇننىڭ تۆگمىنى تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۆزىنىمۇ ، ئائىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ
، بۇ ئىشلار قوينىغا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەندى .

داۋامى بار .... [/size][/color]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 22-2-2007 15:46:05

[size=4][color=Blue]چاقىرىلغان ئادەملەر كۈلۈپقا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا . ئۇلار : << نېمە يىغىن ئاچىدىغاندۇ ؟ >> دېيىشىپ بىر
- بىرىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇشاتتى. بەزىلىرى يىرتىق جۇۋىلارنى كىيىۋالغانىدى. يولۋاسبەگ ، ھېكىباي ، ئىسرائىلباي ، موللا شاڭيۇ ...
لار ئېسىل جۇۋا ، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا ، پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك كىيىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ۋەن گوتەي بىلەن ۋۇ شاۋتەننىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپلا كۈلۈپ ئىچىگە كىردى . ياڭ ھاكىمنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇراتتى. بۇلار سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرۇشتى.
يولۋاسبەگلەر ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىنىغا خاپىلىقى باردەك باتناپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا سايىمبايمۇ كىرىپ كېلىپ ، ئۇلاردىن سەل
نېرىراق ئولتۇردى.
سەھنە بۇلۇڭىدا ئىككى ئەسكەر پىلموتلىرىنى قۇرۇپ ، يوشۇرۇپ ياتاتتى.
داۋۇت پالۋان ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كۈلۈپ ئالدىغا بارغاندا ، يۇنۇس شەيتاننىڭ تۆگمىنىگە نەچچە پوست ، نەچچە پىلموتلار
بەتلەكلىك تۇراتتى. مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ ئۈچ ئورنىغا ، تۆت دېرىزىدىن چىقىرىپ تەخسە پىلموتلار تەقلەپ قويۇلغانىدى . مەسچىتنىڭ
پېشايۋان ۋە ھويلىلىرىدا نەچچە يۈزلىگەن چېرىكلەر قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى.
داۋۇت پالۋان لەنشىڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، كۈلۈپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. << مانا بىر بۈركۈت تورغا چۈشتى >> دەپ خۇشال بولدى
لەنشىڭ .
داۋۇت پالۋان كۈلۈپ ئىچىگە كىرگىنىدە ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ، گويا كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك
روھى چۈشكۈن جىمجىت ئولتۇرشاتتى. ۋەن گوتەي ئەمدى سۆز باشلاش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئۆز پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقىنىدىن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تولمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. داۋۇت پالۋان ئالاقزادە بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .
_ ھە ، داۋۇت نېمە ئىش بولدى ؟ سېنى مەن پالۋان ، دەپ يۈرسەم نېمانچىلا ھودۇقۇپ كەتتىڭ .
_ ۋەن سىلىڭ جانابلىرى ئىلى ئوغرىلىرى كەلدى . قانداق قىلىمىز ؟ مەن سىزگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم .
_ نېمە؟ ئۇلار ...
_ دەل شۇ پەيتتە ، ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. ئوق دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ كۆلۈب ئىچىدە ياڭراپ كەتتى. ئۇلار قاتتىق چۆچۈشۈپ كەتتى - دە ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتى . ۋەن گوتەي مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، قوماندانلىق شتابىغا بەدەر قاچتى . ۋۇ شاۋتەن بىلەن ياڭ ھاكىم ئۈپۈر- دۈپۈرساقچى ئىدارىسىغا يول ئالدى .
ۋەن گوتەي باج ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە ، قۇربان ئۇنى توۋلاپ توختىتىۋالدى .
_ ۋەن سىلىڭ جانابلىرى نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ؟ بۇ ئوغرىلار كۆن بەرمىدىغۇ ئادەمگە . ئىلى ئوغرىلىرى ھازىر ناھىيلىك ھۆكۈمەتنى ، سىلىڭبۇنى بېسىۋاپتۇ . سىز ئۇلارا سالام بەرگىلى كېتىپ بارمايۋاتقانسىز ، بۇلارنى سىزگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن ، - دېدى كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ ، جىددى ھالەتتە دەۋاتقاندەك .
ۋەن گوتەي : << بۇ سولتەك نېمە دەيدىغاندۇ ؟ >> دەپ غۇدۇرغىنىچە ئالاقزادە بولۇپ ، ئېتىنىڭ بېسىنى ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە بۇرىدى . قۇربان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۈلگىنىچە تۇرۇپ قالدى .
داۋۇت پالۋان ياڭراق ئاۋازدا خەلققە ئىككى ئېغىز مۇراجىئەت سۆزى قىلدى .
_ قەدىرلىك جامائەت ، مۇندىن كېيىن يىغىن بار دېسە ، ئالدى - ئارقىمىزغا قارۋېتىپ , ئاندىن كېلەيلى ، ئىلى پارتىزانلىرى تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالدى ، - ئۇ دېمەكچى بولغان سۆزنى يەنە ئۆزگەرتتى . ، - دېققەت قىلايلى ، بۇنداق يىغىنلارغا ئامال بار كەلمەيلى . ھازىر كۆلۈبتىن چىقىپ ، دەرھال تارقىلىپ كېتىڭلار .
خەلق ئورۇنلىرىدىن ئالدىرشىپ تۇرۇشتى - دە ، ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. داۋۇت پالۋان ئېغىر << ئۇھ >> تارتتى . ئۇ ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى . سايىمباي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

سەككىزىنجى باب تامام

داۋامى بار... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-27 23:47:58

ھەي..... رومان داۋام قىلىۋېتىپتۇ. بۇ شەنبە يەكشەنبىدە تەپسىلى ئوقۇپ چىقمىسام خەپ... مۇشۇ ۋاقىت دىگەننىزە.......... دوستۇم نازاكەت! ھارماڭ! بۇ رومانىنى قىزىقىپ كورۇۋاتقانلار مەنلا ئەمەس .... ئەجرىڭىزگە قاراپ قالغانلار كوپ!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-2-28 11:16:54

[center][size=5][size=4][color=Blue]توققۇزىنجى باب قانخور جاللات [/size/][center]

لەنشىك كۆلۈبتىن چىقىپ ، ئىزدە - ئىزدە بىر پەي ئەسكەر بىلەن سوپى تۇلۇمنىڭ جاڭزىسىغا كېلىپ قالدى . بۇ يەردىكى تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتنى كۆرۈپ ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى . ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ ، ئۇيان - بۇيان قاراپ ماڭدى . ئۇ سوپى تۇلۇمنىڭ قورۇسىدىكى قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن چىپار ئاتنى كۆرۈپ توختىدى - دە ، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى .
_ ئاۋۇ ئاتنى تۇتۇڭلار .
ئەسكەرلەر دەرھال ئىشكتىن ئېتىلىپ كىرىپ ئاتنى قورشىۋالدى . ئارقىدىن لەنشىك كىرىپ كەلدى . سوپى تۇلۇم قامچىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى . ئۇ سىرتتىكى ۋاڭ - چۇڭدىن چۆچۈپ قامچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆي ئىشكىنى ئېچىشىغا ئىككى پاي ئوق تۇيۇقسىز ئېتىلدى . سوپى تۇلۇم دەرھال ئىشكنى يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىنى ملتىق دەپ قالغانىدى .
لەنشىك << بۇ ئات ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئېتى ... >> دېگەننى ئويلىدى - دە :
_ دېرىزىدىن ئوق ئېتىڭلار !- دەپ ۋارقىرىدى .
ئەسكەرلەر ھويلىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، ئۆي ئىچىگە ئون نەچچە پاي ئوق ئاتتى. ئۆيدىن ئوق چىقمىغاندىن كېيىن ، لەنشىك يەنە قاتتىق ۋارقىرىدى .
_ ئۇنى باغلاپ تىرىك تۇتۇپ چىقىڭلار !
ئەسكەرلەر قورقىنىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى ، ئاندىن ، ئۆيگە قاراپ ملتىقلىرىنى تەڭلىگىنىچە ئېھتىيات بىلەن ماڭدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۆي ئىشكىنى تېپىپلا ئىككى تەرەپكە ئۆتتۈۋالدى . ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن ، قورقۇمسىرىغان ھالدا كۆزلىرىنى ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈتۈپ ئۆي ئىچىگە كىردى. بۇ چاغدا سوپى تۇلۇم دېرىزە يېنىدىكى بۇلۇڭ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغانىدى .

_ سەن ئەبلەخ بۇ يەردىكەنسەنغۇ ؟ باغلايلى !

سوپى تۇلۇمنى باغلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى - دە ، ئۇنى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن توختاۋسىز ئۇرۇشقا باشلىدى. سوپى تۇلۇم بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ، ئۇيان - بۇيان سىلكىنەتتى.

_ ئۇنى تېرەككە باغلاڭلار !

بىر نەچچە ئەسكەر سوپى تۇلۇمنى چايخانا ئالدىدىكى تېرەككە باغلىدى.

_ سەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىڭ ؟- دېدى لەنشىڭ ئاتتىن چۈشۈپ كېلىپ .

_ ئۆزۈمنىڭ بارتى ، - دېدى سوپى تۇلۇم . ئاچچىق غەزەپتىن ئۇنىڭ چار ساقاللىرى تىترەپ ، قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرى چەكچەيدى .

_ ئاتنىڭ قۇيرۇقى كېسىك تۇردىغۇ ؟

_ كېسۋەتكەندىن كېيىن كېسىك تۇرمامدۇ ؟

_ سېنىڭ ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقەڭ بار ؟ ئېيتە ، ئۇلار ھازىر قەيەردە ؟

_ ھەممە يەردە ، ئىت چوشقا ! - ئۇنىڭ بۇرنىدىن قىپقىزىل قانلار ئېقىۋاتاتتى.

_ ئۇرۇڭلار ئۇنى !

شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىكى يار بويىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

_ يۈرۈڭلار ، ئۇلارنى تېز تۇتايلى ! بۇ ھېچ يەرگە قاچالمايدۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر نەرسە تىقىپ قويۇڭلار ، - لەنشىڭ بىرەر خىزمەت كۆرسىتىپ ، چوڭراق مەنسەپكە ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىپ ، يۈرىكى قايتىدىن يوغىناپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار يار بويىغا يېتىپ بارغاندا ، توشقان قوغلىغان ئادەملەرنىڭ ئىزلىرى تۇراتتى.

_ بىز مۇشۇ ئىزنى قوغلاپ ماڭايلى .

ئۇلار ئىز قوغلاپ ئۇلۇغ مۇجاڭنىڭ جاڭزىسىغا بېرىپ قالدى . بۇ يەردە موللاق ساقال چامباشچىلىق ھۈنىرىنى باللارغا كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ قولنى يەرگە بىردە تىرەپ ، بىردە تىرىمەي موللاق ئېتىۋاتاتتى.

موللاق ساقال مەيدىسى تۈكلۈك ، ساقلى ئۇزۇن ، ئالدى ئوچۇق يەكتەك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ ، ئۇستا قىمارۋاز ھەم ئاشپەز ئىدى . ئۇ قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ ، تېخىچە توي قىلماي جاھان كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ساقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چى ئەتراپىدا ئىدى .

موللاق ساقالنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لەنشىڭ تام ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ ، ئەسكەرلەرگە بوش سۆزلىدى :

_ ئۇنىڭغا ئوق تەگكۈزمەي بېشىدىن ھالقىتىپ ئېتىڭلار .

كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق موللاق ساقالنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى. موللاق ساقال نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

_ ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار !

ئەسكەرلەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ موللاق ساقالنى قورشىۋالدى، باللار چۇرقىرىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى .

_ مەن سىلەرگە نېمە قىلدىم ، نېمىشقا مۇنداق قىلىسىلەر ؟ - دېدى موللاق ساقال قەھرى بىلەن ئۇلارغا گۆلىيىپ .

_ سەن بىزگە تىل سالماقچىمۇ ، مەن سېنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ، سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى !

_ ئۇلارنى ئوغرى دېيىشكە نېمە ھەددىڭ ، ئاناڭنى ئوغرىلاپ قېچىپتىكەنما ؟!

_ بۇنى ئۇرۇپ باغلاڭلار ، ئۆزەمنى بىر تېتىتىپ قوياي بۇ چەنتۇغا .

ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا يوپۇرلۇپ كەلدى . موللاق ساقال بىر پەشۋا بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالدى . يەنە بىرىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئېرىققا تاشلىۋەتتى. ئەسكەرلەر كەينىگە داجىشتى .

_ نېمىگە قاچىسىلەر ، تۇتۇش ئۇنى !

موللاق ساقال ئالدىغا كەلگىنىنى مۇشت ، پەشۋا بىلەن دومۇلتىۋەردى .

_ مىلتىق ئىستوۋۇلنى ئىشقا سېلىڭلار !

ئەسكەرلەر مىلتىق ئىستوۋۇلى بىلەن موللاق ساقالنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سانجىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن قان تەپچىپ چىقىپ ، كىيىملىرىنى قانغا بويىدى .

_ ھەممىڭلارنىڭ كۈچى يەتمەي ، مىلتىق ئىشلىتىۋاتامسىلەر ، ئۆلۈمتۈك ئارام چوشقىلار ! - موللاق ساقال زەردە بىلەن تىل سالدى - دە ، بېقىننى تۇتۇپ يىقىلدى .

_ بۇ ئىسيانچىنى ، - دېدى لەنشىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا ، _ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مەھكەم باغلاڭلار .

_ قورقۇۋاتامسەن ئىت چوشقا ، ئاكاڭ قانداق ئادەمكەن ؟ مەن سەنلەرگە چىش - تىرنىقىمدىن ئۆچ ، تۇفى... سىلەرنى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىدۇ.

_ مەنمۇ سىلەرگە جان - جېنىم بىلەن ئۆچ ، سېسىق چەنتۇ ! سەنلەرنى كۆرسەم ئۆلتۈرگۈملا كېلىدۇ! - دېدى لەنشىڭ موللاق ساقالنىڭ ساقلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ ، ئۇ غەزەپتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتتى، - نوچى دېسەڭ بىزنى نوچى دېسەڭ بولىدۇ . سەندەكلەرگە يېڭىلىدىغان ئادەم ئەمەس بىز .

_ تىلىڭنى تارت ، ئاناڭنى ! ئادەم ئەمەس ھايۋانلار !- موللاق ساقال ئاچچىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ ، لەنشىڭغا بىر كاللا ئاتتى. لەنشىڭنىڭ كۆزىدىن ئوت چاچراپ ، قولى ئۇنىڭ ساقلىدىن بوشىنىپ كەتتى. ئەسكەرلەر موللاق ساقالنى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالدى .

_ ئەمدى تىللىغىنە ، قېنى مەن بىر كۆرەي !- لەنشىڭ يەنە ئۇنىڭ ساقلىنى سىقىمداپ بېقىنىدىن ئۇزۇن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئىپلاس هارام ...
لەنشك ئۇنىڭ ساقلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بوغۇزلاپلا كاللىسىنى كېسىۋالدى . قانلار تىرىڭلاپ ئېتىلىپ چىقتى .
_ ها... ها... ها... ئەمدى سۆزلە ، تىللا ، تۈكۈره قېنى ، تىللىمامسەن ! سەنلەرنىڭ نەسلىڭنى قۇرتۇۋەتمەيدىغان بولسام ! - ئۇ قولىدىكى قان ئېقىپ تۇرغان باشنى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ، - بۇنى خالتىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىڭلار !
بۇنىڭدىن ئەسكەرلەر قورقۇپ ، لەنشكنىڭ قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىگە خۇدۇكسىرەپ قارىدى .
_ نېمە ماڭا قارايسىلەر ، ئۇنى خالتىغا سېلىش ! كېسىلىدىغان يەنە بىر باش بار تېخى ! تېز بولۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئالمان - تالمان باشنى خالتىغا سېلىشتى - دە ، ئۇنى كۆتۈرۈپ لەنشكنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى .
باشسىز ياتقان موللاق ساقالنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن قوشنا - قولۇملار داد - پەرياد كۆتۈرۈشۈپ ، يىغا قىلىشتى . بۇلار لەنشك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەتكەندىن كېيىن چىقىشقانىدى .
ۋەن گوتەينى ساقچى ئىدارىسىدىن تاپقان لەنشك ۋەن گوتەينىڭ ئالدىغا كۆرەڭ هالدا خالتىنى تاشلىدى.
- مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلىرىنىڭ بېشى جانابلىرى ، يەنە بىر گۇمانلىق ئۇيغۇرى تىرىك .
_ خالتىنى ئېچىڭلار ! - دېدى ۋەن گوتەي مۇهاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە هومىيىپ قاراپ .
مۇهاپىزەتچىلەر خالتىدىن باشنى ئالدى . ۋەن گوتەي ساقىلى ئۇزۇن ، قۇلاقلىرى يوغان ، قاڭشارلىق ، قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان باشنى كۆرۈپ ، سەل كەينىگە داجىدى .
_ بۇ بۇرۇنقى پادىشاهلارنىڭ كاللىسىغا ئوخشايدىكەن . ساقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئوخشاش ئىكەن ، بۇ چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقىنىڭ بېشى ، يارايسەن ! لەنشك ئوغۇل بالا ، ئەزىمەت ، سېنى ئۆستۈرىمەن ، تىرىك تۇتقان بولساڭچۇ ؟ قىيناپ ئىقرار قىلدۇرار بولغىيتتۇق . بوپتۇ ، هېلىمۇ ياخشى ، سەندىن باشقىسىنىڭ هەممىسى كارغا كەلمەس نېمىلەر ، يارايسەن لەنشك . بۇ باشنى ساندۇققا سېلىپ مەخسۇس ئادەم بىلەن ئوتتۇرا فرونتقا ئەۋەتىپ بېرىڭلار ، هېلىقى بىر نېمىنىمۇ سوراق قىلىپ ، نەتىجە چىقمىسا ، ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ ، بىر ساندۇققا سېلىڭلار . مەن كۇلۇبتىن سىلىڭبۇغا قايتىۋاتسام بىر ماڭا : << ناهىيىلىك هۆكۈمەت بىلەن سىلىڭبۇنى ئۇيغۇرلار ئىشغال قىلىۋالدى >> دەپ يالغان سۆزلەپتۇ . ئۇنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن ، تازا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن ، ئۇنىمۇ تۇتايلى ... توختا سەن بۇ ئىشلارغا ئاۋارە بولما ، بۇنى كېيىن بىر تەرەپ قىلايلى ، هازىرقى گەپ خەلق ئىچىگە كۆپلەپ تىڭتىڭلىغۇچىلارنى سالايلى . ئۆزىمىزنى تۈزىۋېلىپ ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا قاتتىق زەربە بېرەيلى . ئۇلار هازىر قەيەردە ؟
_ هەممە يەر تىنىچ تۇرىدۇ.
_ ئۇلار ئاز ئادەم ئوخشايدۇ ؟ بەلكىم كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .
_ مەن داۋۇتتىن گۇمانلىنىۋاتىمەن .
_ ئۇنى ئوبدانراق كۆزەت ، بىرەر ئىشنى بايقىغان هامان ماڭا خەۋەر قىل ، سەن ماڭا ئوخشاش يۈرەكلىككەنسەن ، مىجەزىمىزمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن . هازىر سەن ۋۇ جۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، هېلىقىنى سوراق قىلىڭلار ، ئۇ هېچ نەرسىنى دېمىسە ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي ، دەرهال كاللىسىنى ئېلىپ ، جىڭغا ئەۋەتىڭلار . ۋۇ جۇيجاڭغا ئېيت ، ئاۋام ئىچىگە ئالاهىدە خادىملارنى كۆپلەپ سالسۇن ، مەن ئۇنىڭغا تولا دەپ هاردىم .
بۇ ماختاشلاردىن لەنشكنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقانىدەك بولدى . ئۇنىڭ قېنى بارغانسېرى قىزىپ ، قان ئىچىشكە ئالدىراۋاتاتتى.
_ خوپ باشلىق ، دېگەنلىرىڭىزنى جېنىم بىلەن ئورۇنلايمەن .
_ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.
لەنشك تاقىلداپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي موللاق ساقالنىڭ بېشى بىلەن سوپى تۇلۇمنىڭ بېشى جىڭنىڭ چوڭ كوچىسىغا ئېسىلدى - دە ، تەرەپ-تەرەپلەردە جاكارچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرىدى.
_ ئالتە ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىنى ئالدۇق ، ئەمدى ئالتە ئۇيغۇرى تۈگەشتى ...
خەلق بۇ ئېغىۋالارغا بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەيۋاتاتتى. كېيىنچە ئىشەنمەسلا بولدى . شۇنداقتىمۇ جىڭدىكى گومىنداڭچىلار بۇنى هەدەپ تەشۋىق قىلاتتى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

جىنايەتچى بەزىدە جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ، ئەمما جازا دەهشىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ . _ سېنىكا

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-2-28 11:19:28 دە تەھرىرلەندى ]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 16:24:43

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئونىنچى باب پايلاش [/size][/center]
[center]1[/center]
گومىنداڭ هۆكۈمىتى ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەنسېرى ، ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشلەرنىڭ كەينىگە جاسۇسلارنى كۆپلەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سىلىۋېتىشكەنىدى .
لەنشىڭ ئۆزىگە ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەندىن نۇرغۇن ئىشپيۇنلارنى سېتىۋالدى . بۇ ئىشپيونلار كوچىلاردا ئۆز ئارا پاراڭ سىلىشىۋاتقان ئادەملەرنى ماراپ ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭتىڭلاپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيتتى. كىشلەر بۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، قىمارخانىلارغا بېرىۋالىدىغان بولدى. ئەپسۇسكى ، ئىشپيونلار يەنە تاپ باستۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلەتتى.
قىمار تاۋكالىرى ئاساسەن مەسچىت ئەتراپى ، كۇلۇبىنىڭ ئارقا تەرىپى ، ئابلا لوزۇڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى تەرىپى قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلاتتى. بۇ يەرگە كۆپلەپ ئادەملەر يىغىلاتتى. قىمار ئوينايدىغانلار تۆت ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇۋېلىپ ، سوغۇق يەردە زوڭزىيىۋېلىپ ۋە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ : << يا دەتتىكام جەمشت !>> دەپ ۋارقىراپ مەيدىلىرىگە << گۈپ - گۈپ >> ئۇرۇپ تۆت ئوشۇقنى ئاتاتتى. تام ياقىلىرىدا قىرىق - ئەللىكچە ئادەم غۇژمەك بولۇۋالسا ، بەزى يەرلەردە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەملەر گۆشكە چىۋىن ئولاشقاندەك ئولىشاتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇلنى ئۇتتۇۋالسا ، ئۇلار ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالاتتى.
بۇگۈن يەنە بۇ يەرنى قىيا - چىيا ئاۋازلىرى بىر ئالغان بولۇپ ، << يا دەتتىكام جەمشت ! >> دېگەن سادالار ئەتراپنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقانىدى. خۇددى بىر نەچچە يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. بۇلار باشلىرىدىكى قۇلاقچىلىرىنىمۇ ئېلىۋېتىشكەنىدى.
ساقچىنىڭ ئىككى ئەمەلدارى يۈزلىرى ياداڭغۇ ، ۋىجىككىنە كەلگەن ياقۇپ قىمارۋاز بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ ، ياقۇپ قىمارۋازغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشتى .
_ شەنگەن ئەپەندىم ، پۇللىرى بولسا يەنە ئوينىمامدۇق ، - دېدى ياقۇپ قىمارۋاز مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ .
_ پۇل يوق ، قەرزىگە ئوينايمەن . ئەكەل ئوشۇقنى ! - دېدى ئىسمائىل شەنگۈەن ئۆپكىدەك قىزىرىپ .
_ ئاتىقىڭىز كەلسە مانا ئوشۇق ، ئېيتىڭ .... شەنگەن ئەپەندىمنىمۇ قەرز ئېلىپ قويسام ئەجەپ ئەمەس .
_ تولا سۆزلىمە ، ھېلى كۆرىسەن .
_ ئېيتىڭ ، كۆرەرمىز قېنى .
ئىسمائىل شەنگۈەن ئوشۇقنى ئېيتىپ ، يەرگە چۈشۈشىگىلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە ، ئىچى كۆيگەندەك بولدى .
_ قېنى شەنگۈەن جانابلىرى ، پۇلنى چىقىرامسىز ياكى ئۆيىڭىزگە بېرىپ خوتۇنىڭىزدىن ئېلىۋالايمۇ ؟
ئىسمائىل شەنگۈەن پۇلنى چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، تاۋكادىكى پۇلنى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى . ياقۇپ قىمارۋاز چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، يېنىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدى -دە ، ئىسمائىل شەنگۈەننىڭ ياقىسىدىن ئالدى .
_ پۇلنى چىقار ! - ياقۇپ قىمارۋازنىڭ كۆزىگە قان تولدى .
نېمىنى چىقىردىكەنمەن ؟- ئىسمائىل شەنگۈەن شۇنداق دەپ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.
_ قويۇۋەت ياقامنى ، بولمىسا ئېتىۋېتىمەن .
ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر ئەسكەر ياقۇپ قىمارۋازنىڭ قولىنى ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئاران ئاجراتتى.
_ يۈر ، ئىسمائىل كېتەيلى .
ئۇلار توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
_ مۇشۇنداق بولارنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە ئوينىغان مەندە گۇناھ ، خەپ ئۇنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۋېتىمەن ! - دەپ ۋايىسدى ياقۇپ قىمارۋاز .
لەنشىڭ بۇ يەردە داۋۇت پالۋاننىڭ كەينىدىن ماراپ ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن سۆزىگىچە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. زاكىر قۇلاق ، تۇرسۇن تىڭتىڭ بىغەم ھالدا ، ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ ، ھەممىسىنىڭ ئېغىزىغا قارايتتى. كىشلەر بۇلاردىن سەسكىنىپ ، يىراق قاچقانسېرى ، ئۇلار كىشلەرگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى. لەنشىڭ بىر نەچچە قىمارۋازنى سېتىۋېلىپ ، مەخسۇس داۋۇت پالۋاننى كۆزىتىشكە قويغانىدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ ياللىغان ئادەملىرى قىمارخانىغا كەلگەندىن كېيىن ، بۇنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتەتتى.
داۋۇت پالۋان لەنشىڭنىڭ ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەنلىكىنى غاپپار بەگدىن ئاڭلىغانىدى. داۋۇت پالۋان بۇلارغا كۆرۈنۈپ قويۇش ئۈچۈن بەزى كۈنلىرى بۇ يەردە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ھەر تەرەپكە ئاتلىنىپ ، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان يېڭى- يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ماڭاتتى. شۇ تاپتا داۋۇت پالۋان موللاق ساقال بىلەن سوپى تۇلۇمنىڭ قېنىنى ئىچكەن جاللاتنىڭ ئەمدى يەنە قان ئىچمەكچى بولۇپ پۇراپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. << ھەي ، ئۇلار بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى. قاچانمۇ قىساس ئالىدىغان چاغلار كېلەر ، بۇلارنى نېمە قىلىۋېتەرمەن . ئۇلارنى ئۆلتۈرۋەتتى - ھە ! ئىست ، ئىست، موللاق ساقال شۇ يەردىن كىرمىسىمۇ بوپتىكەن . خەپ ! >> ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ، بېشى گاراڭ بولدى - دە ، توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. لەنشىڭ زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭغا شەرەت قىلدى. يەنە بىرى ئاسىم دوختۇر بىلەن ھاپىز قارىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇلار بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولۇشنى شۇنچىلىك ئارمان قىلاتتى. بۇ خىل ئارمان كېچىلىرىمۇ بۇلارنى جىم ياتقۇزماي ، دېرىزىمۇ - دېرىزە سوكۇلدىتاتتى. گاھىدا ئۇلار تۇيۇقسىز زەرىبىگە ئۇچراپ قالاتتى.
بۇ يەردىكى باللار بۇلار ھەققىدە مۇنداق قوشاق قېتىۋالغانىدى:
ئىشك باقار تۇرسۇن تىڭتىڭ ،
ئارام بەرمەس زاكىر قۇلاق .
جۇيجاڭ قېپتۇ ئايىسخاننى ،
تۇخۇم باسسا قىلغاچ شالاق .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: umut
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 16:45:00

كۆپلەپ جاپا چىكىۋېتىپسىز دوستۇم ھارمىغايسىز [em79]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-5 17:41:42

خۇداغا شۈكۈر... مېنىڭمۇ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى! يارايدۇ داۋۇت پالۋان! قېنى قالدى ئىشلارنى ئەمدىكى قىسمىلىرىدىن كورەيلى! تېخى ئاران ھېلىقى كۆلۈۋېتىن خەلقنى تارقاتقان يېرىگىچە ئوقۇپ بولدۇم... رەھمەت سىزگە نازاكەت!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-11 11:54:25

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ئالدىراپ كىرگەن زاكىر قۇلاق ، - ئاشخانىدا غەيرىي ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ گېپىگە زەن سالسام ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.
_ نېمە ؟!- دېدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسىنى تاشلاپ ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، _ قانداقراق ئادەملەركەن ئۇ ؟
_ ساقاللىق ، قۇلاقچا ، جۇۋا كىيگەن . بەستلىك ئادەملەركەن .
_ ئېتى قانداق ؟ قايسى ئاشخانىدا ؟
_ كەلتە قۇيرۇقلۇق تورۇق ئاتكەن ، ئەمەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا .
_ نەق شۇ ، ياخشى ، بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولدۇڭ ، بىز ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي دەرھال بارايلى .
ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يانغا قىستۇرۇپ ، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئاتلىرىنى بولىشىچە چاپتۇرۇپ ، ئەمەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا يېتىپ باردى .
ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىدە راست دېگەندەك بەستلىك كەلگەن جۇۋا كىيگەن ئىككى ئادەم مانتا يەپ ئولتۇراتتى.
_ ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىڭلار !- دېدى ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ .
_ بىزنى نېمىشقا تۇتىسىلەر ؟ بىز سىلەرگە نېمە قىلغان ؟- دېدى قارا ساقاللىق ، كۆزى يوغان بىرى .
_ تولا سۆزلىمەي ماڭ ، ساقچىغا بارغاندا بۇلارنى ئالدىرماي سۆزلىشىۋالىمىز.
_ ئاجايىپ ئىش - تە ، بۇ يۇرتقا كەلگىلى بولمامدۇ نېمە ؟- دېدى ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ، ئۇ ئاشخانىغا كىرگەنلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەۋاتاتتى.
_ تولا سۆزلىمەي ماڭ !
ساقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭدى . ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ كىملەرنىدۇر ئىزلىگەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىشتى . ئۇلارغا قاراپ قالغان ئەمەت ئۇستام : << زاكىر دېگەن جوھۇت بۇ يەرگە كىرگەندەك قىلغان ، ئالدىراشچىلىقتا ئەجەپ بۇلارغا دەپ قويماپتىمەن ، كىم بىلىدۇ بۇنداق بولارنى ، ئىسست ، بۇلار نېمە ئادەملەر بولغىيتتى. ....>> دەپ ھەسرەت چېكىپ قالدى . ئاشخانا ئالدىغا توپلاشقان كىشلەر بوش ئاۋازدا پىچىرلىشىۋاتاتتى.
_ زاكىر قۇلاق ئاشخانىدا بىردەم ئولتۇرغاندەك قىلغان .
_ ئۇلارمۇ ئېغىزىغا باقماي سۆزلەپ كەتتى.
_ ھەي ، ھەق سۆزلىگەنتى .
_ ئۇلار ھەممىزگە بەك زەن سېلىپ كەتتىغۇ ؟
_ ئۇنىڭ سۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇق .
ۋۇ شاۋتەن ئۇلارنى ھەيدەپ ، ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى.
_ بۇلارنى مەھكەم باغلاڭلار ! ، - دېدى ئۇ خام سېمىز بىر ساقچىغا ئاندىن يەنە بىرىگە دېدى ، - سەن غاپپار بەگنى چاقىرىپ كەل !
_ بولدى ئۇنى چاقىرماڭلار ، ئۆزەم تەرجىمانلىق قىلىمەن ، - دېدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىراش كىرىپ كەلگەن لەنشىك .
__ بولىدۇ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن لەنشىڭغا قاراپ قويۇپ ، - ئاۋۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار . ئاۋۋال ماۋۇ قارا ساقال چەنتۇنى سوراق قىلايلى .
ئىككى ئەسكەر يەنە بىرىنى ئاچىقىپ كېتىپ ، قارا ساقالنى ئېلىپ قالدى .
_ ئولتۇرە ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن قولاشمىغان سەممىي تەلەپپۇزدا ، - راستچىللىق بىلەن ھەممىنى ئىقرار قىلساڭ ، كەڭچىلىك قىلىمىز ، ئەگەر ئېيتمىساڭ سېنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىسەن .
لەنشىك ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ نېمىنى ئېيتمەن ، مەن ھېچنېمە قىلمىغان تۇرسام .
_ بىز نېمىنى سورىساق شۇنى ئېيتىسەن ، بەكمۇ ئاددىي ئىش ، ئېغىزنىڭ يېلى جىنىڭنى ساقلاپ قالدۇ ؟ ئېيتە ، سەن قەيەردىن كەلدىڭ ؟
_ بىز چۆچەكتىن كەلدۇق .
_ يالغان ! غۇلجىدىن كەلدىڭ ! شۇنداقمۇ ؟؟
_ يالغان سۆزلەپ نېمە قىلاي ، چۆچەكتىن كەلدۇق ، غۇلجىدىن كەلگەن بولساق ، غۇلجىدىن كەلدۇق دېمەمتۇق .
_ نېمە ئىش قىلىسلەر ؟
_ نېمە ئىش بولسا شۇنى قىلىمىز.
_ ئېنىق ، ناھايىتى ئېنىق -دە ؟
_ ماتا ، قوي ، كالا ، كىيىم - كېچەك سودىسى قىلىمىز. ئۇ يەردىن ئېلىپ بۇيەرگە ساتىمىز، بۇ يەردىن ئېلىپ ئۇ يەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز. بىز بۇ يەرگە ئاشۇ مىنىپ كەلگەن ئاتلارنى ساتقىلى كەلگەن . ئېنىق بولدىمۇ ؟
_ ئىسمىڭ نېمە ؟
_ ئابدۇللا .
_ ئاغىنەڭنىڭچۇ ؟
_ راخمان .
_ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ ؟
_ مەن بىلەن ئوخشاش تىجارەت قىلىدۇ.
_ بۇ يەردە كىمنى تونۇيسىلەر ؟
_ ھېچكىمنى تونۇمايمىز.
_ يالغان سۆزلەپ مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ سەن ! بۇنى تامغا ئېسىپ ، جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار .
_ بىكاردىن ئادەم ئۇرۇش سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلارمۇ ؟ بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە ؟ بىز سىلەرگە نېمە قىلغان ؟
_ سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى ! گۇناھىڭ شۇ .
_ مەن ئىلى ئوغرىلىرىنى تونۇمسام .
_ ھېلى تونۇيدىغان بولىسەن ، ئۇنى ئېسىپ ئۇرۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇنىڭ كەينىگە قىلىپ باغلانغان قولنى يېشىپ ، يالىڭاچلاپ تامدىكى قوزۇقتا ئىككى قولنى كېرىپ باغلىدى. مخلىق كالتەكنى تۇتۇپ ئىككى ئەسكەر قاراپ تۇردى.
_ سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ئېيتساڭ سېنى قويۇپ بېرىمىز ھەم ياخشى ئاتتىن ئىكىنى ئىنئام قىلىمىز، - دېدى لەنشىك .

_ ياق ، مەن ئوقەتچى .
_ ئۇرۇڭلار ئۇنى، ئۆلگۈدەك ئۇرۇڭلار ! - لەنشىك جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.
ھەر بىر كالتەك تەگكەن يەردىن قانلار ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، كالپۇكىنى چىشلەپ تولغىناتتى. _ توختاڭلار ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسنى تۇتاشتۇرۇپ ، - ئېيتە ، ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن ، سەن نېمە ئادەم ؟
_ مەن سودىگەر ...
_ قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كېلىڭلار .
ھايالشىماي ئىككى ئەسكەر قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كەلدى .
_ تۆمەرنى بەدىنىگە ياق !
قىزىتىلغان تۆمۈر ئۇنىڭ بەدىنىنى ۋاژىلداپ كۆيدۈردى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ تاشلىدى.
_ سەن نېمە ئادەم ؟
_ مەن سودىگەر .
_ ئۇنىڭ تىرنىقىنى يۇلۇڭلار !
بىر ئەسكەر ئورۇندۇقتا دەسسەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تىرنىقىنى بىر- بىرىدىن يۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەر بىر تىرنىقى يۇلۇنغاندا ئاچچىق تولغىناتتى. كالپۇكلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى.
_ توختا ، سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىمۇ - يوق ، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن ؟
_ ئوقەت....
_ بۇنى چۈشۈرۈپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ توختىتىڭلار ! - دېدى ۋۇ ناھايىتى خاپا ھالدا ، - يەنە بىرىنى سۆرەپ كىرىڭلار ، - دېدى - دە ، لەنشىڭنىڭ قۇلقىغا : << بۇ راست سودىگەرمۇ نېمە؟>> دەپ پىچىرلىدى.
_ ياق ئۇنداق ئەمەس ، - دېدى لەنشىك كەسكىنلىك بىلەن ، - سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى. بۇنداقلارنى قانچە قىينىسام تېنىم شۇنچە ياشىرىدۇ. مەن بۇلارغا ئۆچ !

داۋامى بار..... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

**يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-13 19:32:03**

[size=4][color=Blue]ئىككى ئەسكەر راخماننى ئەكىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى.
_ سىنىڭ دوستۇڭ ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن يامان ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ ، - ھەممىنى ئېيتتى، سىلەر ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنسىلەر ، بۇ يەرگە تەشۋىق قىلىپ ، قوزغىلاڭ قىلغىلى كەپسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟ دوستۇڭغا ئوخشاش ھەممىنى ئېيتساڭ ، كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىمىز.
ئۇنىڭ مېڭىسىدە << يالت - يۇلت >> قىلىپ چاقماق چاققاندەك بولدى . قارا كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ساقال باسقان يۈزلىرى تامدەك تاتاردى. << ئۇ ھەممىنى دەۋېتىپتۇ ، خائىن ، بولمىسا بۇلار نەدىن بىلىدۇ.... ئۇ دېمەيتتى، قانداقلارچە دەۋەتكەندۇ >> دېگەننى ئويلىدى ئۇ .
_ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭغۇ ؟- دېدى ۋۇ شاۋتەن << راست بۇلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن >> دېگەننى خىيال قىلىپ ، - ئېيتساڭ ساڭىمۇ كەڭچىلىك قىلىمىز.
ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى : << ياق مەن ئېيتماسلىقىم كېرەك ، ئۇنىڭدەك خائىن بولسام كېيىن خەلققە قانداق يۈز كېلىمەن . بۇلار قولىدىن كەلگىننى قىلىپ باقسۇن قېنى >> .
_ بىز سودىگەر ، ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ ،- ئۇ شۇنداق دېيىشىگە قورۇدا ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئابدۇللانىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدى - دە ، << ھە ، بۇ يالغان سۆزلەپتۇ >> دەپ ئويلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشى . ئۇنى ئەيىبلىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.
- قورۇدىكى ئەسكەرلەرگە نېمە ئىش بولدى ، لەنشىڭ قاراپ باق ، ئەسكەرلەر ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتامدۇ نېمە ؟ بۇلارنىزە .
لەنشىڭ ئۇنىڭ سۆلىرىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ سىرتقا چىقتى . ئابدۇللاغا ئەسكەرلەر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سۇ چېچىۋاتاتتى. ئابدۇللا توڭلاپ ، لاغىلداپ تىترەپ ، ئۇلارنى ۋارقىراپ تىللاۋاتاتتى.
_ ئاناڭنى ... ھارامىلىق ... گۇيلار ...
_ بولدى . بولدى ، سۇ چېچىشنى توختىتىپ ، ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار ، - دېدى لەنشىڭ ئابدۇللاغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ .
_ بۇنى قانداق قىلىمىز ؟
_ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى . ۋۇ شاۋتەن تاماكا چېكىپ ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. مەشتە ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى.
_ سوراقنى باشلايلى ! - دېدى لەنشىڭ .
_ ئېيت ، نەدىن كەلدىڭ ؟
_ چۆچەكتىن .
_ يالغان ، ھېلىقى ئىلىدىن كەلدۇق ، دېدى .
_ ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ .
_ ياق ، ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ راخمان ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى .
_ بۇنى توغرا دەپتۇ .
_ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟
_ سودىگەرچىلىك بىلەن .
_ يالغان ، سېنىڭ ئىقرار قىلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي ، ئېسىڭلار بۇنى ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن تىترەپ .
_ لەنشىڭ ، - دەپ پىچىرلىدى ئۇ ، - ھېلىقى نېمە ۋارقىرىمىغان بولسا بۇ چوقۇم ئېيتاتتى. باياتىن كۆرمىدىڭمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى ، راست سەن دېگەندەك بۇلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن .
_ ۋەن سىلىڭنى باشلاپ كېلەيمۇ ؟
_ ئالدىرماي تۇر ، بىرەر نەتىجە چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، خىزمەت كۆرسىتىمىز ئەمەسمۇ ؟
راخمان ھەر بىر مىخ كالتەك تەگكەندە ئاچچىق تولغىناتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋېتەتتى. بەدەنلىرىدىن توختىماي قان قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرلا << ھەر نېمە بولسىمۇ خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن ! >> دېگەن ئىرادە بىلەن ھۆكۈمران بولغاچقا ، ئۇ ھەممىگە چىداشلىق بېرىشكە رازى ئىدى.
_ توختاڭلار !- ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ ، راخماننىڭ ئالدىغا كەلدى ، - سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى ، بۇ يەرگە تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن كەلگەن ، شۇنداقمۇ ؟
_ ئاناڭنى دەپ كەلگەن ، تۈفى نومۇسسىز ئەبلەخ ، سېنىڭ دەستىڭدىن بۇ يەرگە ئاياغ باسمىساق بولاتتىمۇ ؟
_ ئۇرۇڭلار ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! - دەپ ۋارقىرىدى لەنشىڭ .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟
لەنشىڭ راخماننىڭ سۆزىنى ۋۇ شاۋتەنگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدى، ۋۇ شاۋتەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە :
_ ئۇر ئۇنى ! - دەپ ۋارقىرىدى .
مىخ كالتەك ئۇنىڭ بەدىنىگە زەردە بىلەن تېگىپ ، ئۇنىڭ بەدىنىنى تىتىۋەتتى. راخماننىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.
_ توختاڭلار !- دېدى ۋۇ شاۋتەن بىر چاغدا، - ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ ، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
_ ئەمدى ۋەن سىلىڭنى چاقىرىپ كەلسەك بولارمىكىن ؟
_ بولىدۇ، سەن بېرىپ دەرھال چاقىرىپ كەل ، ئەمدى چاقىرماي ئامال بولمىدى، ئۇ كەلگەندە بىرلىكتە سوراق قىلايلى .
_ بولىدۇ . مەن كەتتىم ئەمىسە ؟
ساقچى ئىدارىسى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى . ۋۇ شاۋتەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى : << ئەجەپ جېنى چىڭ نېمىكەن بۇ ؟ قانداق ئادەملەردۇ بۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

، ئەگەر مېنى شۇنداق قىينايدىغان بولسا ئاللىقاچان ... >> ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، يەنە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى.

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 10:43:32

[color=Blue][size=4]بىر ئەسنادا ۋەن گوتەي قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ھالدا كىرىپ كەلدى . ۋۇ شاۋتەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى .
_ ياخشىمۇ سىز سىلىك ؟
_ ياخشى ، قېنى ئۇ ئادەملەر .
_ مەن ئېلىپ كىرەي ، - دېدى لەنشىك ئالدىراپ خوشامەتكويلۇق بىلەن .
نىمجان بولغان ئابدۇللا بىلەن راخماننى ئىككى ئەسكەر سۆرەپ ئەكىردى ، ئۇلارنىڭ ئىچ كىيىملىرىدىن باشقا ھەممە يېرى يالىڭاچ بوپ ، قان سۇ تامچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ، بەدەنلىرىدە قېتىپ قالغانىدى . ئۇلارنى كۆزى يېرىم يۇمۇق تۇراتتى.
_ بەكمۇ قىينىۋېتىپسىلەرمۇ نېمە ؟- دېدى ۋەن گوتەي ساختا رەھىمدىللىك بىلەن . كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى رەھىمسىزلىك قاپلاپ ، كۆزلىرى قانغا تولدى .
_ ئانچىمۇ قىينىۋەتمىدۇق ۋەن سىلىك ، - دېدى لەنشىك كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ .
_ ئولتۇرغۇزۇڭلار .
ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزالماي ، ئىككى قولنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .
_ بۇلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ھالى قالماپتۇ . قانداق سوراق قىلىمىز ؟ ئۇلار سىلەر سوراق قىلغاندا نېمە دېگەن ؟
_ بىز سودىگەر ، چۆچەكتىن كەلدۇق ، ئات ساتىمىز دېگەن . بۇلار يالغان سۆزلىدى . زاكىر ھەممىنى ئاڭلاپتۇ . ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ....
_ ئۇلار نېمە دەپتىكەن ؟
_ ئىلى ئازاد بولدى ، بۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالدى ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەرمۇ ئازاد بولىدۇ. سىلەر ئويغىنىپ ....
_ بولدى ئاشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ، - دەپ ۋەن گوتەي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى ، - ئۇلارنىڭ سۇئالىمىزغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالىنىمۇ قويماپسىلەر . ھەي ، ماڭا خەۋەر قىلماي ئۆز بېشىمچىلىق قىپسىلەر ، بوپتۇ ، بۇلارنى تۇتقىنىڭلار چوڭ ئىش بوپتۇ . ئەگەر تۇتمىغان بولساڭلار قانچىلىك ئادەملەرنى زەھەرلەر بولغىيدى ...
_ سىزنى ئاۋارە قىلماي ئۆزىمىزلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى دېگەن ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن ھجىيىپ تۇرۇپ .
_ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار ، ياخشى ، زاكىرنى مۇكاپاتلاڭلار ، سىلەرنى مەن ئۆزەم مۇكاپاتلايمەن . بۇلارنى ئەمدى ئۇن - تىنسىز جىمقتۇرۇۋېتىڭلار . كېلەر قېتىملاردا ماڭا خەۋەر قىلارسىلەر . خوش ، مەن كەتتىم . خىزمەتنى مانا مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەش كېرەك . ئۇلار ئېيتامدۇ - ئېيتمامدۇ ، تۇتقىنىمىز ئەۋزەل، خوش .
ۋەن گوتەي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، لەنشىك بىلەن ۋۇ شاۋتەن ئۇلارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .
_ قانداق قىلىمىز لەنشىك ؟
_ بۇلارنىڭ قىينىلىپ جېنى چىقسۇن ، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويايلى .
_ بولىدۇ ، بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار .
شۇ ئارىدا تۇرسۇن تىڭتىك ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە :
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ بوش ئاۋازدا ، - مۇشۇ داۋۇتلارنىڭ ئىشلىرى بەكمۇ گۇمانلىق ، شۇلارنى تۇتساق بولارمىكىن دەيمەن .
_ ئاساس بولۇشى كېرەك ، ئاساس. ئۇلار ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ قىلدىمۇ ياكى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدىمۇ ، سەن ئاۋۋال بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇۋال . ئاندىن تۇتساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.
_ ماقۇل ، ماقۇل مەن يەنە پايلاي .
_ ئوبدان ئىشلە ، تۆھپەڭ يەردە قالمايدۇ.
_ سايىم جۇيجاڭمۇ چاتاقمىكىن دەيمەن ، - دېدى ئۇ يەنە ئۇدۇل ئىككى چىشىنى چىقىرىپ ھجايغىنىچە .
_ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟
_ شۇنداقتەك كۆردۈم .
_ ھەي كالۋا ، ئۇنداقتەك كۆردۈم ، مۇنداقتەك كۆردۈم دېمەي ، تۇتىدىغان ساپاق تاپ . ئاندىن بىز بار ئەمەسمۇ ؟ ئۇ دېگە يۇرتتا ئابرويى بار ئادەم ، ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدۇ. داۋاملىق پايلاپ كۆزەت ، ئىشىك ئەتراپىدىن نېرى كەتمە ، شۇ چاغدا بىرەر ئاساسقا ئىگە بولىسەن . خوتۇنىڭنى قۇچاقلاپ سېسىق ئوسۇرۇپ پۇشۇلداپ ياتساڭ ، ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىڭغا كېلىپ جىنايىتىنى ئاشكارلىمايدۇ. ... مانا بۈگۈن زاكىر ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىككى ئادىمىنى پايلاپ يۈرۈپ بايقىدى . ئۇ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنى ئەمدى مۇكاپاتلايمىز. تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپىنى سوراق ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئۆلتۈرۈۋەتتۇق . بولدى ، چىقىپ كېتىپ ئىشىڭنى قىل .
ئۇ << خوش ، خوش >> دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى . << زاكىر ئەمدى مۇكاپاتلىنىدۇ >> دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.
_مۇشۇ كۈنلەردە ئايسخان بىلەن تازا ياشاۋاتىسىز- ھە ! -دېدى لەنشىك باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋۇ شاۋتەنگە .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇ مۇھىم ئادەم ، خەۋەرچىم دېگىنە ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن پىخىلداپ كۈلۈپ .
_ ئىشقىلىپ ، ئۇ سىزنى رازى قىلىدۇ. سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالغان ؟
_ ھېكىمباي ئۇنداقلارنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىغۇ ؟- دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، - يۈر ، سەنمۇ قىزىپ قېلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن ، ئاپىرىپ كېلەي .
_ بوپتۇ ، يۈرۈڭ ئەمىسە ، بۈمۇ بۇلارنى بابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى .
_ توغرا دەيسەن ، ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ ؟ نېمە دېگەن كالۋا خەلق بۇ ...
ئۇلار پاراڭلاشقاچ ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كېتىشتى .
سوغۇق ئۆيدە ئابدۇللا بىلەن راخمان سۆزلىگۈدەك ماجالى يوق مۈزلاپ ياتاتتى. قانغا بويالغان بەدەنلىرى بارا - بارا قېتىشقا باشلاۋاتاتتى. ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن مۈزدەك سوغۇق يېغىپ تۇراتتى. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالدى . ئۇلارنىڭ تېنىگە ئاستا - ئاستا ئىسسىق يامىرىغاندەك بولدى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئىللىق چىراي بىلەن گۈزەل بىر باھار پەسلى كۈلۈپ ، نۇرلىنىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . كېيىن ، كېيىن ... كۆزلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.
بۇلار ئابدۇقادىر داۋۇت پالۋان بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشلەر ئىدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يولىغۇچى: bahadir
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 11:54:05

Nazakat0909 : ئاللاھ قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-16 16:22:27

باھادىر كۆپ رەھمەت سىزگە ! بۇگۈنكى مۇشۇنداق بەختىلىك كۈنلەرگە ئەنە شۇنداق قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزنىڭ ھەسسلەپ قۇربان بېرىشىدىن ئېرىشكەن ، شۇڭا ھەر بىر كۈنىمىزنى قەدىرلەپ ، ھەر بىر كۈنىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرىپ قىلىساق دەيمەن ! شۇندىلا ھازىرقى تېچلىق ئۈچۈن قۇربان بەرگەن شۇ قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزمۇ بىزدىن رازى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-21 18:48:52

[size=4][color=Blue]ئون بىرىنچى باب ئەقىل چىرىغى

1

ۋەزىيەت جىددىيلەشكەنسېرى ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى ھەدەپ يۇقىرىدىن ئەسكەر كۈچى تەلەپ قىلدى .
1944- يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ، گومىنداڭ غەربىي فرونت قوماندانلىق شتابىدىن چىن تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىسى مول ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك دەپ قارالغان بىر تۈەن ئەسكەر بۇ يۇرتقا قىزغىن تەنتەنىلەر ئىچىدە كىرىپ كەلدى . خەلق بۇلارغا قاراپ غەزەپلىك ھومىياتتى.
چىن تۈەنجاڭ ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇپ ، ئۇيان - بۇيانغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كېلەتتى.
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك خادىملار چىن تۈەنجاڭنى خوشامەت كۈلكىلىرى بىلەن قارشى ئېلىۋاتاتتى. ئىسمائىل شەنگۈەن ، يولۋاسبەگ ، ھېكىمباي ، موللا شاكىيۇ ، موللا نىياز ئاخۇنۇم ، زاكىر قۇلاق ... لار ھىجايغىنىچە تولىمۇ بىچارە ھالدا چاۋاك چېلىشاتتى.
كىشلەر بۇلارغا قاراپ بوش شىۋىرلىشاتتى.
_ قارا ئاۋۇلارنى ، خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ....
_ ئاۋۇ بەدنىيەت ئەمدى يەنە نېمە ئىشلارنى قىلار ؟
_ ھەي ، بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشىدىغان بولدى .
_ بۇلار ئارشاڭ پارتىزانلىرىنى يوقىتىۋېتەلەرمۇ ؟
_ كىم بىلىدۇ ، ھەي ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ ، بۇلار نەچچە قېتىم يوللاردا دەككىسىنى يېدى ئەمەسمۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ۋۇ شاۋتەن يۆگۈرۈپ بېرىپ ، ئات چۇلۋۇرىنى بىر ئەسكەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى - دە ، چىن تۆەنجاڭغا كۆلۈپ تۇرۇپ :
_ ھارمىغايلا ... جاپا چەككەنلا ... - دېدى .
_ ئانچە ئەمەس ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ۋۇ شاۋتەنگە قارىماي تۇرۇپ ، - ۋەن سىلىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
_ ئىشخانىدا سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ، - يۈرسىلە مەن باشلاپ كىرەي ...
ئىشخانىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ، تاماكا چېكىپ ، ئېغىر خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغان ۋەن گوتەي چىن تۆەنجاڭنى كۆرۈپ ئورنىدىن كۆلۈمسىرەپ تۇردى .
_ سالامەت كەلدىڭىزمۇ ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ . مەن ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم ، كۆپ ئادەملەرنى كۆرسەم بېشىم قايدىغان بولۇپ قالدى ، - دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئاستا ئولتۇرۇپ ، - چىن تۆەنجاڭغا چاي كەلتۈرۈڭلار .
_ مانا ھازىر ، - دېدى بىر ئەسكەر .
_ چايدىن كېينلا ياخشى تاماق قىلىڭلار ، ئەسكەرلەرمۇ ئوبدان غىزالاندۇرۇلسۇن .
_ خوپ ھازىرلا ئورۇندايمەن .

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-23 17:42:30

[size=4][color=Blue]ۋەن گوتەي ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرنى باشقۇرالماي ، ياردەم تەلەپ قىلغىنىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتاتتى. ۋىجدانى خورلانغاندەك ھېسياتتا بولۇۋاتاتتى. ما تۆەنجاڭنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولغانىدى. ئۇنى شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى.
_ ئاڭلىسام ، _ دېدى چىن تۆەنجاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، - ئىلى ئوغرىلىرى ئارشاڭنى ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇمىش ، ئۇلار تۆت توكتوك ئادەملەر، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇنچە قىيىن ئىش ئەمەس. ۋەن سىلىڭ ئۇلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن ، سىلەرگە بۇ يۇرتنى ئامان - ئېسەن تاپشۇرۇپ كېتىمەن . ۋاقتىممۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس - ھە ...
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ۋەن گوتەينىڭ يۈرىكىگە تېگىپ ، ئىچىنى ئاچچىق قىلىۋېتەتتى.
_ دېگىنىڭىزدەك بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى . بۇ يالاڭتۆش سالتاڭلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. تازا بىر ئەدىپىنى بەرمەي بولمايدۇ. ھەممىنى قىرۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ .
_ يالاڭتۆش دېگەن بىلەن بۇلارنىڭمۇ پاراكەندىچىلىكى يامان بولۇۋاتامدۇ ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ، - كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، مانا مەن كەلدىمغۇ ؟ ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بىز يەنىلا بۇ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرىمىز..
_ ھازىر دەم ئېلىڭ ، كەچتە زىياپەت قىلغاچ يېغىن ئاچايلى ، شۇ ۋاقىتتا بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى ، - دېدى ۋەن گوتەي ھارغىن ھالدا .
_ بولىدۇ، ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىز.
_ ۋۇ جۇيجاڭ ، پارقىراپلا قاراپ ئولتۇرسىزغۇ ؟ ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ .
_ بولىدۇ ، ۋەن سىلىڭ بۇيرۇقلىرىغا ھەر زامان تەييارمەن ، - ۋۇ شاۋتەن ئېگىلىپ تازىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.
كەچلىك زىياپەت باشلىنىپ ، كۆلكە - چاقچاقلار بىلەن داۋام قىلدى .
_ چىن تۆەنجاڭ سىلىگە ئوبدان قىزدىن بىرنى تېپىپ قويدۇم ، كەچتە پەيزى قىلىپ كېلەملا قانداق ؟
_ ئاۋۋال ئۇرۇش ئاخىرلاشسۇن ، ئاندىن ئوينايلى ، قانداق ۋۇ جۇيجاڭ ؟ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت .
_ ياخشى ، ياخشى ، - دېدى ۋۇ شاۋتەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ - سىلىنى دانا ، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول ، بىلىملىك دەپ ئاڭلىدۇقۇقۇ ؟
_ يوغۇسۇ ، يوغۇسۇ ، نەدىكىنى ؟- دېدى چىن تۆەنجاڭ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ ، چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ .
_ ۋۇ جۇيجاڭ يەنە خوتۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە ؟- دېدى ۋەن گوتەي . ئۇلارنىڭ چىن تۆەنجاڭغا خوشامەت قىلىشلىرىنى كۆرەلمىگەندەك .
ۋەن گوتەينىڭ سۆزىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
_ ۋۇ جۇيجاڭغا نۇرغۇن قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم . قانىدىغان ئادەم ئەمەسكەن بۇ ؟- دېدى ھېكىمباي بىچارىلەرچە قىياپەتتە.
_ سەتەڭ تەتەيلەردىن بىرنى تېپىپ قويغىن ، ۋۇ جۇيجاڭ قانمايدىغان ئىش بولسا ، - دېدى لەنشىڭ .
_ مەنمۇ تاپقان ، - دېدى ئىسمائىل شەنگۆەن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي .
_ ۋۇ جۇيجاڭ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ كەتتى . ئوينىسا - ئوينىسا قانمايدۇ ، - دېدى ۋەن گوتەي زەھەرخەندىلىك بىلەن .
ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ تولغىشىپ كېتىشتى . بۇ گەپ يولۋاسبەگنىڭ جېنىغا تېگىپ ، بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى . كېيىن زورىغا كۈلۈپ قويدى . ياڭ ھاكىم بۇلارغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك قىلاتتى.
_ ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى ، ۋاقىت قىس ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ئەتراپىغا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ ، - بۇ يەردە يۇرت چوڭلىرىمۇ ، باشقا ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ ھەممىسى باركەن ، نۆۋەتتىكى بىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىمىز ئارشاڭدا ئىلى ئوغرىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلىپ ، ئوغرىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش . شتاب رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ مېنى ئەۋەتتى. ئەمدىكى گەپ : ئەسكەرلىرىمىز كۆپ ، بۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلاش ، قولىغا پەلەي ھەل قىلىش مۇھىم . جەڭنىڭ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن شارائىتنى ياخشىلاش ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بار ئامالارنى قوللىنىش لازىم . چۈنكى ئۇرۇش قىلىدىغانلار ئەسكەرلەر -


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ده ... _ ئۇ ئۆز ناتىقلىقنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋەن گوتەي تولىمۇ بىزار بولدى .

_ قېنى ئولتۇرغانلار بىر نېمە دەپ باقسۇن !- دېدى ۋەن گوتەي بۇ زىياپەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىششىنى كۈتۈپ .

_ سىلەر ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمىز، - دېدى ۋۇ شاۋتەن قەتئىيلىك بىلەن ، - مانا بايلىرىمىزمۇ ئولتۇرۇپتۇ ، بۇلار تۇرغان يەردە بىز نېمىدىن غەم قىلاتتۇق، قالغىنىغا پۇقرا بار. قانداق بايۋەچچىلەر.

_ توغرا ، توغرا، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، - دېيىشتى بار - مۆتىۋەرلەر قىزىرىپ ، تاتىرىپ كېكەچلەپ تۇرۇپ .

_ بۇنى مۇنداق قىلايلى . لەنشىڭ ، ۋۇ جۈيجاڭ ، ئىسمائىل شەنگۋەن سىلەر ماۋۇ بايلارنىڭ ئۇنىدىن ئېلىپ ناۋايلارغا ئون بەش مىڭ دانە نان ياقتۇرۇڭلار ، يەنە كاسىپلارغا بىر مىڭ بەش يۈز جۈپ پەلەي تىكتۈرۈپ ئۆگۈنلۈككە سەھەرگە ئۈلگۈرتۈڭلار . بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاش ئۆزۈڭلارگە باغلىق ، ۋەزىپە ئورۇنلانغاندىن كېيىن سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، - دېدى ۋەن گوتەي چىن تۆەنجاڭغا قاراپ قويۇپ .

_ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇدىكىز ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ .

زىياپەت بىردە يىغىن ، بىردە ئويۇن بىلەن خېلىغىچە داۋاملاشتى. [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-23 22:36:00

ئىت ھارامزادىلەر!!!!

مۇناپىقلىق دىگەن ھەجەپ پەسكەش بىر ئىش ھە.....
ھارماڭ دوستۇم نازاكەت! ئەمدى ئويۇن كورىدىغان ۋاقىت كەلگەندەك قىلىدۇ...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 12:21:13

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

ئەتىسى سەھەردىلا ۋۇ شاۋتەن بىر قانچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ، بورتالادىكى چوڭ ناۋايخانىدا پەيدا بولدى .

_ ھەر ، نۇراخۇن ، ئەمەت ئۇستام ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر ؟

_ ياخشى ، ۋۇ جۈيجاڭ ، سىلەرنىڭ شاپائىتىڭلار بىلەن ، - دېدى نۇراخۇن ئۇستام ئاچچىق قىلىپ ، ئۇنىڭ خالتىلاشقان يۈزلىرى قورۇلۇپ ، گۆشسىز قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇ << بۇنىڭ كېلىشىدە بىرەر شۇملۇق بار >> دەپ ئويلىدى.

_ مەن ئالدىرايمەن ، - دېدى ئۇ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، - مەن سىلەرگە يېڭى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم . ۋەزىپەڭلار ئېغىر ، سىلەر يەنە بىر قانچە ناۋايلارنى تېپىپ ئەتە سەھەرگىچە ئون بەش مىڭ ناننى ئۈلگۈرتسىلەر ، ئۇنى بىز ئەكىلىپ بېرىمىز..

_ ئون بەش مىڭ ، ئەتە سەھەر ... - دەپ چىرايى ئۆڭدى ئەمەت ئۇستامنىڭ .

_ ھەئەت ، ئون بەش مىڭ ناننى ئەتە سەھەرگە ئۈلگۈرتسىلەر ، مەن ناھايىتى ئېنىق دەۋاتىمەنغۇ ؟ ئۇقمايۋاتامسىلەر ؟

_ بۇنچىۋالا ناننى قانداقمۇ يېقىپ بولغۇلۇق ، - دېدى ئەمەت ئۇستام خېمىر يۇقىر قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ .

_ ئەگەر ئەتە سەھەرگىچە نان ئۈلگۈرمىسە ، بىزنى رەھىم قىلمىدى دەپ قالماڭلار . ۋەزىپە ئورۇنلانسا سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇننى بىردەمدىن كېيىن ئەكىلىپ بېرىلىدۇ. مەن كەتتىم ئەمىسە ، شۇنداق بولسۇن !

بۇلار ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىشۋاتاتتى.

_ نېمە ئىش بۇ نۇراخۇن ؟ بۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

_ ئاۋۋال ئويلىشىپ كۆرەيلى . بىرەر ئامال چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

_ ناننى ياقماقتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن دەيسىلەر ياكى سىلەر قېچىپ كېتەيلى دېمەكچىمۇ ؟

_ بالا - ۋاقنى تاشلاپ نەگىمۇ قاچىمىز ئەمەت ، بىز ئۇزۇن يىل ناۋايچىلىق قىلغان ئادەملەر ، - دېدى نۇراخۇن ئۇستام ئويلىنىپ تۇرۇپ ، - بۇ ناننى ياقماي ھەرگىز قۇتۇلالمايمىز. باشقا ئۇستاملارنىمۇ چاقىرىپ كېلەيلى .

_ نېمە دەۋاتىدىلا ، بۇلار بىزنى بوزەك قىلىۋاتسا ، ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتسا ، يەنە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم قىلىمىزمۇ ؟ ياق ، مەن ياقمايمەن . بۇ ئىشنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ...

_ قايىنمىسلا ئەمەت ئۇستام ، بۇ كاللىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن ، ئامال بار...

_ قانداق ئامال ؟- ئالدىراپ سورىدى ئەمەت ئۇستام .

_ قارىسلا ، خېمىرنى چالا ئېچىتىمىز - دە ، تونۇرنى بولىشىغا قىزدۇرۇپ ، ناننى ياقساق كۆچلۈك ئوت تەپتىدە ناننىڭ يۈزى قىزىرىدۇ ، بىز شۇ ھامان ناننى سويۇپ ئېلىۋېرىمىز ...

_ ھا .... ھا.... ھا... ئاجايىپ ئاھم - دە ، سىز ، ئۇ چاغدا بىز بۇلارغا ياردەم قىلماي ، ئۆز ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلغان بولدۇققۇ ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ شۇنداق ، نان سوغۇققا چىققان هامان چۈيۈندەك قاتىدۇ - دە ، ئۇ بىر تاشقا ئايلىنىدۇ.
_ كارامەت ئەقىل بولدى -دە بۇ ، مېنىڭ بۇنى ئويلىمىغانلىقىمنى قارا ، ئەستا ، ئەمدى مەن باشقا ئۇستاملارنى چاقىراي ، هە ، هۇ بىلەنلا بىر تەرەپ قىلۋېتىمىزغۇ ئۇنى ، - ئۇ بۇ ئەقىلدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.
**********************

تىككۈچىلەر ئىشخانا ئىچىدە لەنشىڭغا هەر خىل بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، قاقشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ئادەملىرىگە قارا كۆڭۈللۈك قىلىشنى خالىمايۋاتاتتى.
_ بۇنى قانداق قىلغۇلۇق ، شۇنچە كۆپ پەلەينى ئەتە سەهەرگىچە قانداق ئۈلگۈرتكىلى بولىدۇ ؟
_ بۇ بىزنى تەتۈر قىينىغانلىق بولىدىغۇ ؟
_ هۈنەرۋەن بولغانىمىزمۇ تويدىغۇ ئادەم .
_ بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ؟ نېمە تارتقۇلۇق ؟
_ بىز بۇنى قىلالمايمىز.
_ قىلساڭمۇ قىلىسەن ، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن ، بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ جىددىي بۇيرۇقى ، ئەگەر قىلمىساڭلار بارار يېرىڭلارنى ئويلىشىپ قويۇڭلار ، سىلەر هۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ ، مۇشۇنداق قىلساڭلار هۆكۈمەتكە قارشى ئىش قىلغان بولىسىلەر . ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ ؟- لەنشىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەيتتى، پوپوزا قىلاتتى. گاهىدا تىللاپمۇ سالاتتى.
_ بولىدۇ ، لەنشىڭ ئۇكا ، بىز قىلايلى ، سىلىمۇ سۆزلەپ چارچاپ قالدىلا ، ئارام ئالسىلا ، - دېدى باياتىن بېرى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن هاشماخۇن ئۇستام ، - يۇرۇڭلار بېرىپ ئىشقا چۈشەيلى .
هەممىسى هاشماخۇن ئۇستامغا ئالىيىپ قاراشتى .
_ هە ، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ، ياخشى ، ناهايىتى ياخشى ، ئۇنداق بولسا قايتىپ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار ، بۇ دېگەن كاللا بىلەن ئويىنىشىدىغان ئىش ، - دېدى لەنشىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ . ئۇنىڭ كاللا دېگەن سۆزى هەممىسىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى- دە ، شۇ هامان موللاق ساقالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى .
_ قورقۇپسەن -دە هاشماخۇن ، بۇلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلاپ قاپسەن - دە - دېدى يۇسۇپ ئۇستام ئاچچىق قىلىپ .
_ نېمە دەيدىغانسىلەر يۇسۇۋاخۇن ، ئىش دېگەننى پەم ، ئەقىل بىلەن قىلىش كېرەك .
_ نېمە ئەقىل ئويلىشىپ كەتكەنسىلەر ، تايىنلىق ، هەي ئۆز ئادەملىرىمىزگە قانداق يۈز كېلەرمىز ؟
_ هەي مۇشۇ هاشماخۇن ئېغىزى ئىتتىكلىك قىلىپ قالدى .
_ توختاڭلار ، ئاۋۋال بۇنىڭ تاپقان چارىسىنى ئاڭلاپ باقمامدۇق . قېنى سۆزلەڭلار هاشماخۇن ؟
_ قاراڭلار ، مۇنداق قىلىمىز ، خام تېرە ئارقىسىغا بولشىچە شۇ پۈركەپ باستۇرۇپ قويىمىز . تېرە يۇمشىغاندىن كېيىن ، ئۈستىگە ئاق ئۇننى سېپىپ ئاقارتىمىز - دە ، ئالماپ بولشغىلا تىكىپ قويىمىز ، ئۇ سوغۇقنى كۆرگەندىن كېيىن ....
_ ها .... ها... ها...
هەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ ، خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.
_ يارايسەن هاشماخۇن !
_ سىلىنىڭ كاللىنى سېتىۋالغۇدەكلا كاللىكەن .
_ سېتىۋېلىپ ۋەن سىلىڭغا سوۋغا قىلاي دەمسەن .
ئۇلار يەنە كۈلۈشتى ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇلارغا هەيرانلىق قارىشاتتى.

داۋامى بار ....

ئىبادەت ئەسلىدە خەلققە خىزمەت قىلىش ،
مەسچىت ، جەينامازدا ئەمەس بۇ ئىش . _ سەئىدى شىرازى . [/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 12:57:19

پاھ.... قىزىپ كېتىدىكەندە ئەمدى هاهاهاها...... قېنى تاماشىنى بىر كورەيلى! داۋامىنى تىزرەك دوستۇم نازاكەت!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-25 17:23:05

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئون ئىككىنجى باب يانغىن .[/size/] [/center]
[center]1[/center]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى باشلاپ تاڭ سەھەردە ئارشاڭغا يېتىپ بارغاندا ، ئىلى پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى بارا - بارا چېكىندۇرۇپ ، ساقچى ئىدارىسىگە سولىشۋالغانىدى.
_ سالامەت كەلدىڭلارمۇ ؟ - دېدى غېنى باتۇر يوغان قولىنى داۋۇت پالۋانغا سۇنۇپ .
_ سالامەت كەلدۇق . ئۆزۈڭلار قانداقراق تۇردۇڭلار ؟
_ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، بۇلارنى ساقچى ئىدارىسىگە قامىۋالدۇق . بۇلارنىڭ قورال كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن .
_ بىز ئەمدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمنى تېزلىتەيلى ، خەلق ئازادلىققا تەشنا .
_ بۇ ھەممىگە ئايان ، - دېدى غېنى باتۇر قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ، - سىلەر بىزگە كۆپ ياردەمدە بولدۇڭلار ، كېچە - كېچىلەپ قاتناپ ئالاقىلىشىپ تۇردۇڭلار . يول - يوللاردا دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ تۇردۇڭلار . ھەممىڭلار ھەقىقى ئۆلۈمدىن قورقماس ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر . ئەركەك دېگەن ئەنە شۇنداق بولسا بولىدۇ .
_ بۇ ئىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى . سىلەرمۇ بىزنى ئوق ، دورا ، مىلتىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردۇڭلار ...
بۇ كېلىشكەن ، بەستلىك ئىككى پالۋانغا ھەممىسى زوقمەنلىك بىلەن تويماي قاراشتى .
_ سىلەرنىڭ ھېلىقى بايخان دېگەن ئادىمىڭلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىكەن ، ئۇ جاڭ - جاڭ سوغۇقتا بۇ يەرگە نەچچە قېتىم كەلدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ بەك ئورۇنلۇق ، ئادەمنىڭ ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
- شەھەردە تەشۋىقات ئېلىپ بارىمەن ، بىرەر ئىش بولسا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن ، دەپ كېتىپ قالدى ... - دېدى داۋۇت پالۋان بايخاننىڭ ھاياتىدىن سەل خەۋپسىرەپ .
_ ما تۇەنجاڭ بۇ تەرەپكە كەپتىكەن ، ئۇ ئىلغا بارىمەن دەپ كېتىپ قالدى . ئۇ خېلى جىگىرى بار نېمىكەن .
_ ئۇ سىلەرگە ياردەمدە بولىمەن دەپ كەتكەن ... ئىلغا كېتىپتۇ - دە ...
_ داۋۇت ، - دېدى غېنى باتۇر كەسكىن قىلىپ ، - بىز ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىۋېلىپ ، ئۇلارغا قارشى ھوجۇمنى باشلايلى .
_ بولىدۇ ، يۈرەكتىكى گەپنى قىلدىڭ .
ساقچى ئىدارىسىدا گومىنداڭچىلار تولۇق قوراللىنىپ ھېچكىمگە بوش كەلمەيدىغاندەك ئەلپازدا ياتاتتى.
پارتىزانلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دۆڭ تەرەپكە بىر پىلىموت قۇرۇپ ئوت ئېچىپ ، دۈشمەننىڭ پۈتۈن دىققىتىنى دۆڭ تەرەپكە قاراتتى. گومىنداڭچىلار پارتىزانلارنىڭ دۆڭ تەرەپتىن كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، شۇ تەرەپكە قاراپ ئوت ئېچىۋاتاتتى.
قارا قاۋان بىلەن ئاسىم دوختۇر قاتارلىق بىر قانچەيلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمىنىڭ ئاستىدىن تېشىپ ، ساقچى باشلىقى ئاساسلىق مەھبۇس دەپ تۇتۇپ ئايرىم كامېرغا سولاپ قويغان سالام دېگەن كىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى . بۇ كىشى ئىلى پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئارشاڭغا يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن كىشى بولۇپ ، ئىشپىيونلارنىڭ ئاشارىلىشى بىلەن تۇتۇلغانىدى . يەنە باشقا مەھبۇسلار نېرىدىكى كامېرلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال بولمىدى .
ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ ، بۇ ياقتىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلانغانىدى . پارتىزانلار باتۇرلۇق بىلەن ئالغا قاراپ ، ئاستا - ئاستا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . دۈشمەنلەر ئەمدى ئوت كۈچىنى بۇلار تەرەپكە قاراتتى. مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوقلار پارتىزانلارنىڭ ئۈستى - باشلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى دۈشمەن كۈچلىرىنى يوقىتىشقا مەركەزلەشكەچكە ، ھېچنىمىگە قارىماي ئالغا ئىلگىرلەيتتى. ئۇلار << ئۆلۈم >> دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكمۇ قىلاتتى. ئۇلار ئايىغاق قارلار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ئۆملەيتتى.
گاھلىرىنىڭ بۇتنىڭدىن ئىچى سىقىلىپ ، ئۆرە تۇرۇپ يۈگۈرۈپمۇ كېتەتتى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ياقۇپ ، كامىل ، نىياز ، ئابلا قاتارلىق بىر قانچە پارتىزان يىگىتلەرگە ئوق تېگىپ يىقىلدى . قىپقىزىل قانلار ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن ئېقىپ ئاپئاق قارلارنى ئېرىتىپ ، ئانا تۇپراق باغرىغا سىڭمەكتە ....
داۋامى بار....

لەشكەرنىڭ ھەممىسى بولالماس باتۇر،
دەشتتە شىر ، بۆرە ھەم قاشقىر باتۇر. ____ خۇسرەۋ دېھلىۋى [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 28-3-2007 12:39:14

[color=Blue][size=4]_ دوستۇم كامىل ، ياقۇپ ....
_ دوستۇم ئابلا ..... نىياز ....
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان غەزەپ - نەپرەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ، كۆزلىرىگە ھېچ نەرسىنى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قويىدى .
_ ھۇجۇم ! باتۇرلارچە ھۇجۇم ! - داۋۇت پالۋان ئۆزىنى تۇتالماي جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى .
بۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا قورال بولغاندىن سىرت ، كۆپىنچىلىرىدە نەيزە ، توقماق ، ئارا ، كەتمەنلا بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ ، دۈشمەنگە قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرلەۋاتاتتى.
_ قارامىلىق قىلمايلى داۋۇت ! - دەپ ۋارقىرىدى ئورۇق ۋىجىكرەك كەلگەن ئېردەنى بۇلاردىن ئەنسىرەپ .
غېنى باتۇر بۇ شىر يۈرەك ئەزىمەتلەردىن پەخىرلىنىپ كەتتى . ئۇمۇ بۇلارنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.
_ ھۇجۇمنى تېزلىتىپ ، ئۇلارنى قوغدايلى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

پارتىزانلارنىڭ زۇلۇم دەستىدىن ئېزىلگەن يۈرەكلىرى ئۆز ئەركىدە تىپچەكلەپ ، قەلبىدە قىساس ئوتلىرى يالقۇنجىماقتا ئىدى . بۇ ئوت ئۇلارغا بىر مىنۇت تەمخىر قىلىشقا پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى.

گومىنداڭچىلار بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ، ئاق بايراق چىقاردى - دە ، ئوت كۈچىنى توختاتتى.

_ توختاڭلار ! - غېنى باتۇر گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق ئاۋازدا خىتاب قىلدى .

پارتىزان يىگىتلەر نارازى بولۇشقاندەك قىلىشىپ ئورۇنلىرىدا توختاشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ، قىساس ئۇچقۇنلىرى چاچراپ ، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە نەپرەت بىلەن قارىشاتتى.

_ ئۇلار بىرەر ھىيلە ئىشلەتكەن بولمىسۇن . ئاۋۋال ئادەم كىرگۈزۈپ كۆرۈپ باقايلى ، - دېدى غېنى باتۇر ئىردەنگە قاراپ .

_ كىمنى كىرگۈزىمىز ؟- دېدى ئېردەنى .

_ بىز مۇشۇ يەردىكى ئىككى خەنزۇ ئەمەلدارنى كىرگۈزۈپ باقايلى . ئۇلار خەۋەر ئېلىپ چىققاندىن كېيىن بىز كىرەيلى .

_ نېمىشقا ئادەم كىرگۈزۈپ يۈرىمىز ! - دېدى داۋۇت پالۋان خاپا بولۇپ ، - باستۇرۇپلا كىرىپ جىمىقتۇرۇۋەتمەمدۇق .

_ توغرا ، توغرا ...

_ شۇنداق قىلايلى .

_ نېمىشقا ئادەم كىرگۈزۈپ يۈرىمىز ؟

_ ئادەم كىرگۈزۈپ ئۇلاردىن قىز سورامتۇق .

پارتىزان يىگىتلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ كېتىشتى .

_ ئەل بولغانغا قورال ئىشلىتىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، - دېدى غېنى باتۇر تەمكىن ھالدا، - قان تۆكۈشنى ئازايتىپ ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى !

_ بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، - دەپ ۋارقىرىدى قاسىم جودا .

_ ئاۋۋال ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈپ ، ئەھۋال ئىگىلەپ باقايلى . ئاندىن بىرگەپ بولار . ھازىر بىز ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈۋېتىپ ، قۇربان بولغان پارتىزانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويۇۋېتەيلى .

بۇنى ئاڭلىغان پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ كىچىك تىنىشتى - دە ئېغىر << ئۇھ >> تارتىشىپ ، بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قاراشتى ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

ئەلچىلەر كىرگەندە ساقچى باشلىقى لۇ خې باشلىق ئەمەلدارلار ھاراق ئىچىپ كۈلۈشكىنىچە ئولتۇراتتى. بۇلار شۇ تاپتا يۇقىرىدىن كېلىدىغان ئەسكەر كۈچىنى ساقلاپ ، ئۆزلىرىنى خاتىرجەمدەك ھېس قىلىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر خىل قورقۇنچ ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ خىل قورقۇنچنى ئۆزلىرىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىپ ، زورىغا كۈلۈشۈۋاتاتتى.

_ ھە كىرىپ قاپسىلەرغۇ ؟ قېنى ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى لۇ خې رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا ئەركىن تاشلاپ ، - بىز ئاق بايراق چىقاردۇق ، ئۇلار يەنە نېمە دەيدۇ ؟

_ ئۇلار سىلەرنى چىرايلىقچە قورال تاپشۇرۇپ ، ئەل بولسۇن دەيدۇ ، - دېدى ئورۇقراق كەلگەن ، قىزىل يۈز بىرى ئورۇندۇقتا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ .

_ بىز ئۇلارنىڭ تەلپىگە قوشۇلىمىز ، ئەتە قورال تاپشۇرىمىز . سىلەر چىقىپ شۇنداق دەڭلار ، - دېدى ئۇ خالتىلاشقان يۈزلىرىنى سىلاپ ، قىزارغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ، - سىلەر ئالدىرىماي بىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ ، بىر - ئىككى رومكا ئىچىڭلار .

_ بىز خەۋەر يەتكۈزمىسەك بولمايدۇ. بىز چىقايلى .

_ ئىچىپ قويۇڭ ، ئېلىڭ ، - دېدى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، پۇشۇلداپ كەتكەن بىر ئەمەلدار ئۇلارغا ھاراق تەڭلەپ ، - ئۆز ئادەم ...

_ ماقۇل ، ئۇنداق بولسا بىر رومكىدىن ئىچىپ قويايلى .

ئۇلار رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، ھېجايغىنىچە ، تازىم قىلىپ رومكىنى كۆتۈرۈشتى .

_ ماقۇل ، ئەمسە بىز چىقايلى .

_ ماقۇل ، شۇنداق دەرسىلەر - ھە ...

ئەلچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، لۇ خې :

_ ھا .... ھا... ھا ... بۇلارنى قىلتاققا چۈشۈردۇق ، 0 دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېرىلىپ كەتتى، - مەن سىلەرگە ئەمدى ئويۇن قويۇپ بېرىمەن ، - دېدى ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى يۇمۇشلاپ ، - بۇلارغا بوش كېلىدىغان ئادەم يوق . قېنى ئەمسە ئويۇننى باشلايلى ، كۆڭۈل ئاچايلى .

ئەتراپتىكىلەر نېمە ئويۇندۇ ؟ دېگەندەك قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى .

_ نېمە ئويۇن كۆرسىتىسىز لۇ جۇيجاڭ ؟- دېدى بىر ئەمەلدار ئۇنىڭغا بېشىنى ئېگىپ يېقىنلاپ .

_ مۇھاپىزەتچى ! - دەپ ۋارقىرىدى لۇ خې ، _ تۈرمىدىكىلەرنى ماڭا بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ بەر.

_ خوپ ، باشلىق ! - دېدى يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەر تىك تۇرۇپ ، ئاندىن تاقىلداپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

تۈرمىگە قامالغان ئون بىر نەپەر ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل مەھبۇسلىرى تۈرمە ئىشكىدىن بىر - بىرىدىن سۆرىگۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى . بۇلار ئاساسەن ئىلىدىن بۇ يەرگە يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى ، ئۇلار بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىدا ، بۇ يەردىكى گومىنداڭنىڭ داڭدار ئىشپىيونى دەكەي بىلەن باراچال بۇلارنى سېزىپ دەرھال لۇ خېغا خەۋەر يەتكۈزگەنىدى ....

لۇ خې سىرتقا چىقىپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ، قورۇغا قاتار تىزىلغان مەھبۇسلارغا تاپانچىسىنى بەتلەپ تۇراتتى.

_ قېنى بىزنى يوقاتمامسىلەر ؟ ھارامزادىلەر ! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .

ئامانبەگ مەيدىسىنى كېرىپ ، بۇلارغا قەھرى بىلەن ئالىيىپ تۇراتتى. لۇ خې ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى تەڭلىدى .

_ خۇداغا ئامانەت بۇرادەرلەر ، ئاخىرەتتە كۆرۈشەرمىز ! ياشىسۇن ئەركىنلىك ! يوقالسۇن ... _ كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئۇنى يىقىتتى . قىپقىزىل قانلار ئاپئاق قارلارنى ئېرىتىپ ، زېمىن باغرىغا سىڭدى.

_ يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ يوقالسۇن ۋەھشىي جاللاتلار !
_ ۋارقىرا قىنى ئوغرىلار ! - لۇ خې تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزىۋەردى . قوشمان دېگەن بىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۆزىنى ئۆلگەنلەر سىياقىدا قۇربان بولغانلار ئارىسغا تاشلىدى ...
_ ياردەمچى قوشۇن تېخىچە كەلمەيدىغۇ ؟- دەپ جىلە بولدى لۇ خې . شۇ تاپتا ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى، - ئەگەر ئەتە چۈشكىچە كەلمەي قالسا ، بىز چېكىنەيلى . قېنى ھېلىقى دەكەي بىلەن باراچال ؟
_ ئۇلارنى مەن چاقىرىپ كېلەي ، - دېدى بىر ئەسكەر .
_ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ؟ يەنە كۈتەيلى ...
ئۇلار ئالاقىزادە بولۇپ تېپىرلاشقا باشلىدى .
بىر كېچە ئۆتتۈپ ، قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئانا زېمىنغا يورۇقلۇق چاچقاندا ، ساقچى ئىدارىسى تەرەپتىن يەنە خەۋەر كەلمىدى . سوغۇق شامال ھوشقۇيتۇپ چىقىۋاتاتتى. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ ، ئاپئاق قارلار زېمىنغا سىلىنغان پاياندازلارردەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرى مەزمۇن ھالدا چوقچىيىپ تۇراتتى.
_ غېنىكا ، بىز باستۇرۇپ كېرەيلى ، بۇلار بىزنى ئالداپ ، بەلكىم يۇقىرىدىن ئادەم كۈتتۈۋاتقاندۇ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئويچان ھالدا .
_ يەنە بىر قېتىم ئادەم كىرگۈزۈپ باقايلىمۇ ؟- دېدى ئېردەنى .
_ ئادەم كىرگۈزۈپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئولتۇرامدۇق ، باستۇرۇپلا كىرەيلى ، نېمىگە ساقلاپ ياتىمىز ؟- دېدى قېنى قىزىپ كەتكەن قارا قاۋان .
_ ئۇلار بىلەن كىرىپ كۆرۈشۈپ قويىمساق سەت بولار ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
_ باستۇرۇپلا كىرەيلى ، - دېدى قاسىم جودا .
_ شۇنداق قىلايلى !
_ شۇنداق قىلايلى !
_ بۇلار چوقۇم يۇقىرىدىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ ياتىدۇ، ئارشاڭغا ئۇلارنىڭ ياردەم كۈچى كەلسە ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرگىنىمىز ياخشى ، - دېدى ناسىراخۇن .
_ بولىدۇ ، دېدى غېنى باتۇر ئۇزۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ، - ئۇنداق بولسا تەييارلىنايلى ، - ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇربان پارتىزانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى قايتا گەۋدىلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى .
ھۇجۇم باشلاندى . ساقچى ئىدارىسغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار يامغۇردەك ياغاتتى. دۈشمەن كۈچلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئوق تەگكەن پارتىزان يىگىتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق سادالىرى پەلەكنى قۇچاتتى. قېنى قىزىپ كەتكەن پارتىزانلار توختاۋسىز ئىلگىرلەۋاتاتتى. ئۇلار شۇ ئىلگىرلەشتە ساقچى قورۇسغا بۆسۈپ كىردى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي ئالاقىزادە بولۇشۇپ ، قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى . ساقچى باشلىقى لۇ خې قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەتتى.
ياغاچ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىققان قوشمان ئورنىدىن تۇرۇپ لو خېغا ئېتىلدى .
_ ھۇ ئاناڭنى ، ئىت چوشقا ، جاللات ، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ، - ئۇ شۇنداق دەپ كېلىپ لۇ خېنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .
_ بولدى ئاچچىقىڭنى باس، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ قولىنى لۇ خېنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىپ .
_ ۋاي ئىسىت ، ئاغىنەم ئامانبەگ ! - دەپ ۋارقىرىدى قۇربان ئۆزىنى ئامانبەگنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلار مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى .
_ غېنىكا ، بۇ يەردە ئىككى جەسەت تۇرىدۇ، - دېدى نېرىقى كامېر ئىشكىدە تۇرغان بىر پارتىزان يىگىت
غېنى باتۇر بىلەن ئېردەنى كامېرغا يۈگۈرۈپ كىرگىنىدە ، غۇلام بىلەن كامىلنىڭ جەسىتى تۇراتتى. بۇلارنى ئالدى ، ئارقا پېشەپ ئىچىگە لازا ، سۇ ماي قۇيۇپ ۋەھشىي ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . بۇنى كۆرگەن غېنى باتۇرنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن ئېغىپ ، بەدىنى غەزەپ - نەپرەتتىن چايقالدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا فاتىخ مۇسلىموپنىڭ : << غۇلام بىلەن كامىلنى ماڭا ساق - سالامەت ئەۋەتىپ بېرىڭلار ، ئاڭلىسام ھازىر ئارشاڭ تۈرمىسىدە ئىكەن >> دەپ يازغان خېتى كېلىپ ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى - دە ، كۆزلىرىگە ياش پەردىلىرى تارتىلدى .
_ بىز بۇلارنى قىرىپ تاشلايلى ! - دېدى بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن قارا قاۋان غەزەپتىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ .
_ ياق بولمايدۇ ، ئاناڭنى !.... - دەپ ئاچچىقلاندى غېنى باتۇر، - يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى : ئەسكەرلەرگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ... مېنىڭ شۇ تاپتا بۇلارنى قىرغۇم يوقما ؟!
_ كىم بىلەتتى ، بۇنى قىرىپ تاشلايلى غېنىكا!
_ بولدى ، باشقا گەپنى قويۇپ قۇربان بولغانلارنى بىر يەرگە يىغايلى .
پارتىزانلارنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. قەلبىدە قىساس دولقۇنلىرى شاۋقۇنلايتتى. يۈرەكلىرى ئېغىر مۇسىبەت ، نەپرەت ، غەزەپ ئىلكىدە تېپچەكلەيتتى....

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-29 22:18:58

ھەي ئەپسۇس..... ئىنساپ ديانەتلىك شۇ ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ شۇ ناكەسلەر قولىدا جان بەرگىنىنى......... دوستۇم نازاكەت! ھارماڭ!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

رومانىى ئوقۇپ بارغانسىرى تەسىرلىنىپ كېتىۋاتىمەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-30 11:52:20

[size=4][color=Blue]هاۋا بۇلۇتلۇق ، سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ھەريان ئۇچۇراتتى. ئاپئاق قارلارغا پۈركەنگەن زېمىن ئېغىر مۇسىبەت ئىلكىدە قالغاندەك مۇڭلۇق سۈكۈتلەرگە چۆمگەنىدى . ئانچىمۇ يىراقتا بولمىغان تاغلار نىمىدىندۇر غەزەپلىنىپ ، بىردە تۇرۇلگەندەك كۆرۈنسە ، بىردە ئۆز ئوغلانلىرىدىن پەخىرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا قويۇق يېپىسپ ياتقان يالڭاچلانغان دەرەخلەر سوغۇق دەستىدىن شۈمشىيىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
سىدىق كۆككۆز بىلەن قاسىم جودا ئىككى گومينداڭ ئەسكىرىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.
_ بۇلار شەھەرگە خەۋەر ئېلىپ ماڭغانلار ئىكەن ، - دېدى قاسىم جودا .
_ سىلەر نېمە خەۋەر ئېلىپ ماڭغان ؟- سورىدى داۋۇت پالۋان قەھرى بىلەن .
_ بىز تۆتەيلەننى شەھەرگە بېرىپ ، ئەسكەر تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن ، - دېدى بىرى ئىنجىقلاپ .
_ قالغان ئىككەيلەن قېنى ؟
_ ئۇلار شەھەرگە كىرىپ كەتتى.
_ بۇلارنى قانداق قىلىمىز غېنىكا ؟- دېدى داۋۇت پالۋان . ئەمدى تەييارلىقنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارغا قانداق زەربە بېرىش ھەققىدە ئويلىشايلى !
بايىخان بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىپ شەھەردىكى ئەھۋاللارنى ۋە چىن تۆەنجاڭ باشچىلىقىدا بىر تۆەن ئەسكەرنىڭ بورتالادىن بۇ تەرەپكە ئاتلانغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇپ ، يەنە قاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى . غېنى باتۇر ، ئېردەنى ، داۋۇت پالۋانلار بۇ خەۋەرنىڭ دەل ۋاقتىدا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈلگىنىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ ، ئۇ كىشىنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى .... ئاندىن چارلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، ھوشيارلىقنى ئاشۇردى.
چىن تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۆەن ئەسكەر دەريا ئېقىمىنىڭ جەنۇبى تەرىپى بىلەن تۆپىلىككە كەلگەندە ، ئەتراپنى چارلاۋاتقان پارتىزانلار شتابقا خەۋەر قىلدى .
_ بىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان مۇرىسىنى كېرىپ قويۇپ ، - بۇلاق تەرەپ بىلەن دەريا ئارقىلىق ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرەيلى .
_ سىلەر بۇ يەرلىك ، - دېدى غېنى باتۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، - يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىسىلەر ، ئۇلار كۆچلۈك ، بىز ئاجىز ، بىز ئەمدى ئەقىل - پاراستىمىزگە تايىنىپ ، بۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتىنى ئوبدان بىلىش ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بىر تال ئوقنىمۇ زايە كەتكۈزمەي بۇ قانخورلارغا زەربە بېرەيلى . بىزدە قورال كەم ، كۆپىمىزدە نەيزە ، ئارا، پالتا .... - ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قوغدىغۇچىسى قۇۋان ئۇيان - بۇيان قارىغىنىچە ، بىر ئورنىدا جىم تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىچىلا نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك سىلكىنىپ ، ئەتراپىغا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتەتتى- دە ، يەنە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالاتتى.
پۈتۈن پارتىزانلار جەڭگىۋار ھالەتتە ھەرىكەتكە كەلدى...[/color][/size]

داۋامى بار...

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-3-31 11:15:22

ئۇرۇش ئەمدى قىزىغۇدەكتە..... قېنى ئەمدى پەيزىسىنى كورىمىز! ھارماڭ نازاكەت!

بۇ ۋاقىتلاردا ئىلىدىكىلەر رايوننى قانچىلىك ئازات قىلىپ بولغان ۋاقتى بولغىيتى ھە؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-1 11:11:12

[size=4][color=Blue]داۋۇت پالۋان ئادەملىرى بىلەن ئىلى پارتىزانلىرى گومينداڭچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، تانكا ئاتاردا زەربە بەردى. ئالدىدىكى بىر ماشىنا توختاپ ، ئەسكەرلەر قىيا- چىيا قىلىشىپ ، ماشىنىدىن سەكرىشىپ چۈشۈشتى - دە ، مىلتىقلىرىدىن قالايمىقان ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. كەينىدىكى توققۇز ماشىنا ئارقىغا قاراپ قاچتى . پارتىزانلار كۆزگە ئىلىنغان دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. پارتىزانلار بارا- بارا ئىلگىرلەيتتى. دۈشمەنلەر چېكىنىپ ، بوكانىڭ يامۇلىغا قاپسىلىپ كىرۋالدى . قوغلاپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار دۈشمەنگە ئۈچ يۈز


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مېتىر قالغاندا ، ماكان تۇتۇپ يېتىشقا بۇيرۇق قىلىندى .

_ بىز نېمىشقا توختاپ قالىمىز ؟ باستۇرۇپ كىرىپلا ئۇياق بۇياق قىلىۋېتىپ چىقايلى ، - قاسىم جودا .

_ ھازىرچە مۇشۇ يەردىن زەربە بېرەيلى ، يات !- ئېردەنى قاسىمنى تېز قۇچاقلاپلا يېتىۋالدى . گىرانات ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ پارتىلدى.

_ ئاناڭنى ! - قاسىم جودا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، مىلتىقنى بەتلىدى - دە گىرانات ئاتقان دۈشمەن ئەسكىرىنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. قالغان دۈشمەنلەر بۇ تەرەپكە ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىپ قويۇپ ، بوكا يامۇلغا قېچىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بويىندا ئېسىقلىق تۇرغان گىردە بىر چىشلەممۇ يېيىلمىگەن بولۇپ ، چىشنىڭ ئىزىلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پەلەي كۆرۈنمەيتتى. يان تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن غېنى باتۇر يېتىۋېلىپ ، ئۇلارغا ئوق ئۈزەتتى. مۇشۇ پەيتتە، غېنىغا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان قۇۋان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ غېنىغا ئوق چىقاردى. ئوق ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىنى شىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

_ غېنىكامغا ئوق تەگدى !

داۋۇت پالۋان بىلەن ئېردەنى ئۆمىلەپ بارغىنچە ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

_ داۋۇت سەن بېرىپ يىگىتلەرگە ئېيت ، ئېتىشنى توختاتمىسۇن ! دۈشمەنلەر يامۇلغا كىرىپ بولدى .

غېنى باتۇر ئوق تەگكەنلىكى ھەممىسنى ھەيران قالدۇردى.

_ ئوق ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تەگمەي ، ئەجەپ كەينىدىن تېگىپتۇ .

_ بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى ؟

_ كەينى تەرەپكە كىم يوشۇرۇنۋالغان بولغىيتتى.

قۇۋان يەر ئاستىدىن قاراپ ، ئالاقىزادە بولۇۋاتاتتى. غېنى باتۇ بۇنى سېزىپ بولغانىدى. ئۇ قۇۋاننى يېنىغا چاقىرتتى.

_ ئوق دېگەننى ئوغۇل بالا جان چىقىدىغان يەرگە ئېتىش كېرەك ، - دېدى غېنى باتۇر ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ، - شەخسي ئادەۋەتنى ئۇرۇش ئىچىگە سۆرەپ كىرىشكە بولمايدۇ.

سەن ئوغۇل بالا ئەمەسكەنسەن ، مەن سەندىن رەنجىمەيمەن . قانداق ياشاشنى ، قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىپ قوي ! مەرد ، باتۇرلۇق ئوغۇل بالىنىڭ خىسلىتى ، ئەمدى سېنىڭ بۇ يەردە ئىشىڭ قالمىدى ، چىقىپ كەت !

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشىپ ، قۇۋانغا نەپرەت بىلەن قاراشتى. بەزىلىرى ئېتىۋەتمەكچىمۇ بولدى . ئېردەنى بىرەر ئىشنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، قۇۋاننى يوشۇرۇپ قويىدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ، ئېلىخان تۆرىدىن قۇۋاننى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار دېگەن خەۋەر كەلدى - دە ، قۇۋاننى ئىككى پارتىزان يىگىت ئىلىغا ئېلىپ كەتتى.

غېنى باتۇ ئىمىن بوغۇزنىڭ ئۆيىدە داۋالاندى. كېيىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەچكە ، ئون نەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئىلىغا كېتىلدى.

غېنى باتۇر كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ غەمكىن بولۇپ قېلىشتى.

_ ئۇلارنىڭ نېمە ئۆچى بولغىيتتى.

_ ئات ئىشى دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ئارىلىقتا بىر ئاتنىڭ گېپى بار .

_ غېنى باتۇر ھەقىقي ئوغۇل بالىكەن ، ئۇنى يەنە ھېچ ئىش قىلمىدى.

_ مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دېگەنتىم .

_ بوپتۇ ئۇنىڭ رىزقى بار ئىكەن .

بۇ گەپلەر بارا - بارا بېسىقىپ ، پارتىزانلارنىڭ پۈتۈن دىققەت مەركىزى دۈشمەنگە قارىتىلدى .

بوكا يامۇلدا نۇرغۇن ئوت - چۆپ ، ئوزۇق - تۈلۈك بېسىقلىق ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتى بار جايغا جايلىشىۋالغانىدى.

_ بىز ، - دېدى داۋۇت ئېردەنىگە قاراپ ، بۇنداق يېتىۋەرسەك بولمايدۇ. يامۇلدىكى ئوت- چۆپلەرگە ئوت قويىۋېتەيلى ، شۇنداق قىلساق ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئاتلىرىنى يەمدىن قىسقىلى ھەم ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغىلى بولىدۇ.

_ بۇ سەل خەتىرى بار ئىش ، سەللا دىققەت قىلمىسا، چاتاق چىقىدۇ. بۇ جەڭدە ناھايتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، - ئېردەنى داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى قارام دەپ ئويلاپ ، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

_ ئوت قويىۋەتسەك پۈتىدىغان ئىشقۇ بۇ ، يەنە نېمە ئارىسالدى بولىمىز ؟

_ ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى ، ئاۋۋال سىلەر تۆمۈربات زەڭگىنىڭ يامۇلنىڭ تېمىنى ئېلىڭلار ، بىز كەينى تەرەپتىن سىلەرگە ماسلىشىپ بېرەيلى . سىلەر تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاستا پەم بىلەن ئوت قويساڭلار بولىدۇ، - دېدى ئېردەنى ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ .

_ بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دەپ ئويلىغان ، - دېدى داۋۇت پالۋان قايىل بولماستىن .

_ كەچتە ھەرىكەت قىلىڭلار، تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىدا دۈشمەنلەر ئاز، پەقەت قاراۋۇللار بار ، ئەمىسە ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلارسىلەر ، قارامىلىق قىلماڭلار، ئۇرۇشتا قارامىلىق ئەسقاتمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى پەنت - ھىيلە ... سەن ئادەملىرىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋەر ، مەن ئادەملەرنى پۇختا قوغداشقا ئورۇنلاشتۇراي.....

<< ھەي بۇ ئېردەنى تولا نەسىھەت قىلىدىغان ئادەمكەن >> دەپ ئويلىدى داۋۇت پالۋان ئادەملىرى يېنىغا كېلىۋېتىپ .

_ ھوي داۋۇت ، ئادەملىرىڭ تاماق يەۋالسۇن ياكى پىششىق گۆش ، نان ئاپىرىپ بېرەيمۇ ؟- دېدى قادىر ئاشپەز قازاندىكى شورپىنى چۆمۈچ بىلەن سورۇۋېتىپ .

_ ئۆزلىرى ئالمىشىپ كېلىپ يەيدۇ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ يېنىغاراق بېرىپ ، - مۇشۇ كۈنلەردە ئاكا بەك جاپا چېكىپ كېتىپ بارىسىز، ئورنىڭىزغا ياشلارنى قويساقمۇ بولاتتى.

_ نېمە دەيدىغانسەن ، بۇ دېگەن جاپا ئىش بولامدۇ ، تاماق ئېتىپ بېرىش دېگەن شەرەپ ئىش بولماي ، ياشلار دېگەن قازان بېشىدا


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يۈرمەي ، دۈشمەن بېشدا يۈرىدۇ. سىلەرمۇ شۇلارنى يوقىتىدىغانلا بولساڭلار، مەن ھەممىنى قىلىشقا رازى...
_ رەھمەت ئاكا ، مۇشۇنداق دېگەنلىرىڭىزگە ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ .
_ ھاشىمبايمۇ بىزنى قوي ، كاللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۋاتىدۇ. ئۇ ئادەمگىمۇ رەھمەت دەڭ .
_ رەھمەت دېمەمدىغان قادىركا ، ھەممىڭلارغا رەھمەت ، خەير ، مەن ئادەملەرنى چاقىرىپ قوياي .
قادىر ئاشپەز ئاپئاق قارلارنى غاچىرلىتىپ دەسسەپ كېتىپ بارغان داۋۇت پالۋانغا قاراپ زوقلىنىپ قالدى .

داۋامى بار..... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-1 11:35:52

غېنى باتۇرنى خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ ھە...... قېنى پاسكىنا مەينەتلەرنىڭ تاماشاسىنى بىر كورۇۋالىدىغان بولدۇقتە..... ھارماڭ نازاكەت!

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-2 11:17:59

[size=4][font=][color=Blue]كەچ ، داۋۇت پالۋان ئادملىرىنى باشلاپ تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىغا يېقىنلاشتى . قارا قاۋان بىلەن ئاسىم دوختۇر چاقچاقلىق بىلەن ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئاغزىنى ئېتىپلا ، كۆكسىگە پىچاق ئۇردى. قالغانلارمۇ شەپە چىقارماي كېلىپ قاراۋۇللارنى ئاشۇ ئۇسۇلدا جايلاشتى.
ئۇلار تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان ئادەملىرىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .
_ ئەمدىكى گەپ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - بوكا يامۇلىدىكى ئوت - چۆپلەرگە ئوت قويۇش .
_ بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي ، - دېدى قاسىم جودا .
_ مەن باراي ، - دېدى قۇربان .
_ مەن باراي ، مېنىڭ بۇنداق ئىشلارغا خېلى ئېپىم بار، - دېدى پارتىزانلار ئىچىدىكى شېرىپ .
_ مېنىڭمۇ ئېپىم بار، - دېدى ئايۇپ روھلۇق ھالدا ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ، - مەن ۋەزىپەمنى چوقۇم ئورۇنلايمەن .
_ مېنىڭمۇ ... _ سىدىق كۆككۆز ئەمدىلا ئېغىز ئېچىۋاتاتتى.
_ بولدى ، بولدى ، ھازىر تالىشىپ ئولتۇردىغان چاغ ئەمەس، شېرىپ بىلەن ئايۇپ بارسۇن . دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز ناھايتى يېقىن ، سىلەر ئوت قويۇپ بولۇپلا قايتىڭلار .
_ خوپ، باشلىق!
شېرىپ بىلەن ئايۇپ گۈس - گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار دۈشمەنلەر جايلاشقان قورۇنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، ئوت - چۆپ يېنىغا يېقىنلاشتى - دە، سەرەڭگىدىن بىر قانچىنى چىقىپ ئوت ئالدۇرالمىدى. شېرىپ سەرەڭگە قېپىنى قويىنىغا سېلىپ ، بىر تال سەرەڭگىنى قۇلاقچىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، بېشىغا سۈركىدى . << خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا مەدەت بەرگەيسەن. بىر قېتىم.... خۇدا ، يېقىلىپ قالغان ..... >> ئۇ شۇلارنى پىچىرلاپ ، سەرەڭگە قېپىنى ئېلىپ ، تالنى ئۇنىڭغا << بىسمىللا>> دەپلا سۈركىدى ، سەرەڭگە يېقىلدى.
_ قاچايلى ! - دېدى شېرىپ سەرەڭگە تېلىنى ئوت - چۆپكە تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ .
دۈشمەن بۇنى سېزىپ قالدى . ئۇلار ئەمدىلا تامغا يامىشۋاتقاندا ، دۈشمەن ئاتقان ئوق ئۇلارغا تەگدى - دە ، ئۇلارنىڭ قوللىرى تامدىن ئاجراپ يىقىلدى.
دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ، ئوت ئۆچۈرۈشكە ھەم ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. پارتىزانلار پىلىموت، مىلتىقلىرىدىن ئۈزمەي ئوق ئۈزۈپ ، تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىغا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى زور ئىدى. ئۇلار ھەدەپ قارشىلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى. پارتىزانلاردىن ئۈچ يىگىتكە ئوق تېگىپ يىقلدى .
_ چېكىنەيلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان جىددىي ھالدا .
ئۇلار ئالدىغا كەلگەننى ئېتىپ چېكىنىشكە باشلىدى.
_ قالغانلار چېكىنىۋېرىڭلار دەۋاتىمەن . بىز ھاپىز تۆتەيلەن سىلەرنى قوغداپ تۇرايلى . نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسىلەر ، چېكىنىڭلار ، سىلەرنى ئېتىۋېتىدۇ بىكار.....
داۋۇت پالۋان، قارا قاۋان ، ناسىراۋۇن ، ھاپىز قارىلار كەينىچىلەپ مېڭىپ ، كەلگەننى ئېتىپ تۇردى. دۈشمەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئوت كۈچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.
_ داۋۇت ، باشقىلار چېكىنىپ بولدى . بىز ئەمدى ئالدىمىزغا قاراپ ، ياق ، كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ قاچايلى .
_ دىققەت قىلايلى . ئوق كەينىمىزدىن تېگىپ كەتمىسۇن .
ئۇلار مىلك بالالىقتا تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىدىن چېكىنىپ چىقىۋالدى . بۇلار چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلى تىنىپ ، ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ياﻣﯘل ئەتراپى خەندەك بولغانلىقى ئۈچۈن ، دۈشمەن ئۇۋىسىغا بۆسۈپ كىرىش مۈشكۈل ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلاردا قورال كەم ، زەمبىرەك ، مىنامىيوت دېگەن نېمىلەر يوق ئىدى . شۇڭا دۈشمەن ئەتراپىدىكى پارچە - پۇرات تاملارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن قولىغا ئۆتتۈپ كەتتى.
دۈشمەنلەر ئەتراپتىكى مۇڭغۇل ئائىلىلىرىدىن كىشلەرنى تۇتۇپ ئەكىرىپ ، ئەسكەرلەرگە تاماق ئېتىش ، چاي قاينىتىش، ساقچىدىكى بۇغدايلارنى سوقۇپ تالقان قىلىش .... ئىشلىرىغا سالدى.
چىن تۇەنجاڭ ئارشاڭنى تارتىۋېلىش ئىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن دەكەيگە بىر پارچە خەت بېرىپ ، ئالدىنقى فرونت قوماندانلىق شتابىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇىدى. دەكەي بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .
خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى. : << قوماندان جانابلىرى ، ئالتە ئوغرى ئارشاڭنى بېسىۋالدى ، بىز ئارشاڭدىن 15 كىلومېتىر يىراق بولغان ياﻣﯘلدا، يەنى تام ئىچىدە تۇرۋاتىمىز. سىز ئىككى يۈز نەپەر قوراللىق ئادەمنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز . ئۇلار گىدىرىك بىلەن ئەنگىلىك دېگەن يەر ئارقىلىق ئارشاڭغا ھۇجۇم قىلسا، مەن شۇ كۈنىلا دەريانى ياقىلاپ ھۇجۇم قىلىمەن . ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلساق ئارشاڭنى تېزلا قايتۇرۇۋالايمىز. سىزگە بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان دەكەي دېگەن كىشى ناھايتى ئىشەنچلىك . ۋاقتىنى ئۇزارتماي ، تېز ئەۋەتىپ خەۋىرىنى بېرەرسىز . دەكەي يول باشلايدۇ. ئۇ ھەممە يەرنى پىششىق بىلىدۇ. چىن تۇەنجاڭ >>
دەكەي خەتنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا ، سەنتەي قوماندانلىق باش شتابىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ لۇ خې مەغلۇپ بولۇپ ، ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، بۇلار ئارىسىغا ئەپچىللىك بىلەن كىرىۋېلىپ ، ئۆز تارىخىنى سۆزلەپ ، چىن تۇەنجاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى . كېيىن ئۇ باراچالنى ئۆزىگە تارتتى.

داۋامى بار.... [size][/font][/color/]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-3 15:56:16

دەكەي دېگەن كىم ئۇ؟ ئىسمى ھېچبىر كىمگە ئوخشىمايدۇ.... داۋامىغا تەشنامىز دوستۇم! ھارمىغايسىز!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 13:20:24

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
_ داۋۇتكا ، بىر كىشىنىڭ خەۋەر قىلىشچە گىدىرىك تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇ ، - دېدى قۇربان ئالدىراپ كېلىپ .
_ ئۇنداق بولسا مەن ئېردەنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلەي ، - دېدى داۋۇت پالۋان . ئاندىن ئېردەنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.
_ مەن ياﻣﯘلدىكى دۈشمەننى توسۇپ تۇراي ، سىلەر بېرىپ شۇ يەردىكى خەلقتىن قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا زەربە بېرىڭلار. ئاز دۈشمەنكە نىغۇ . ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، ياﻣﯘلنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ، دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئالىمىز- دېدى ئېردەنى .
_ ئۇنداق بولسا مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراي .
_ سەن ئۆزۈڭلا بىر قانچە ئادەمنى باشلاپ بار. باشقىلارغا قارىغاندا ساڭا بەكرەك ئىشىنىمەن .
داۋۇت پالۋان گىدىرىككە قارا قاۋان بىلەن قاسىم جودانى باشلاپ بېرىپ ، ئۇ يەردىكى خەلقتىن قوشۇن تەشكىللىدى. بۇلاردا تۆت دانە گېرمانكا مىلتىق ، ئەللىك تاللا ئوق بار ئىدى.
داۋۇت پالۋان ئادەملەرنى دۈشمەن كېلىدىغان يولنىڭ تۆت تەرىپىگە بۆلۈپ ، ھەر بىر تەرەپكە بىردىن مىلتىق بەردى - دە :
_ دۈشمەنلەر كېلىشكە ھۇررا توۋلاپ چۇقان سېلىڭلار، - دېدى .
دۈشمەن ئەسكەرلىرى دەكەينىڭ يول باشلىشىدا توڭلاپ تىترەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گىدىرىككە يېقىنلاشقاندا ، تۆت تەرەپتىكى تام كەينىدىن دەھشەتلىك ھۇررا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خۇدىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ئاللا - توۋا بىلەن گىدىرىكتىن ئۆتتى. دۈشمەن تۆت تەرەپتىن قىسىلىپ قالدى. ئۇلار ئوق ئاۋازى ۋە چۇقان سادالىرىدىن تېخمۇ ھودۇقۇپ ، ئورتاقساي تەرەپتىكى قارىياغاچلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
غەزەپكە كەلگەن خەلق قولىدىكى نەيزە ، توقماق ، ئارا - كەتمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۈچرىغانلىكى دۈشمەننى ئۇرۇپ ، چاناپ ئۆلتۈرەتتى. داۋۇت پالۋان ، قارا قاۋان ، قاسىم جودالار چەنلەپ تۇرۇپ ، كۆرۈنگەنلىكى دۈشمەننى تىك موللاق ئاتقۇزاتتى. ئامان قالغان ئەسكەرلەر جامىسىنىڭ تۈگمىنىگە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى پارتىزانلاردىن دەككە يەپ دەكەينىڭ يول باشلىشىدا ئاران بوكا ياﻣﯘلغا كىرىۋالدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا داۋۇتلار ئوتتۇز دۈشمەننى يوقىتىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلبىدىن گىدىرىك خەلقى خۇشال بولۇپ ، يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە تېپچەكلىدى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئارنى ئېلىپ چىقساقلا بىر گەپ بولامدۇ نېمە ؟ - دېدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ساقاللىق بىر كىشى .
_ شۇنى دەڭلا ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ قېچىشلىرىچۇ .
_ ئاچچىقىمدا توقماق بىلەن بىر گۇينىڭ بېشىغا ئۇرۇۋېتكەنمەن ، ئۇ چوشقىدەك چىرقىراپ شۇ يەردىلا جان تەسلىم قىلدى.
_ مەنمۇ بىر ئەسكەرنىڭ قورسىقىغا ئارىنى تىقسام ، ئۇنىڭ چىرقىراپ كەتكىنى .
_ ۋارقىرىساق ئەجەپ قورقۇپ كەتتى ئۇلار، كۈلگۈم كېلىدۇ... ئەسلىدە ئۆلۈمتۈك ، قورقۇنچاقلا بىر نېمىلەركەن بۇلار ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇلارغا بويسۇنۇپ كەلگىنىمگە ئۆكۈنىمەن ... ئىسست....
گىددىرىكتە بۇنداق سۆزلەر ھېچ بېسقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كېيىن بەزى قىزىقچىلار بۇ توغرۇلۇق لەتىپىلەرمۇ توقۇشتى.
_ داۋۇت ، - دېدى ئېردەنى كەسكىن ھالدا ، - بىز ئەمدى بوكا يامۇلنى ناھايىتى پۇختا قورشاۋغا ئېلىشىمىز، ھېچقانداق يەردىن ئۇلارغا ياردەم كىرگۈزمەسلىكىمىز لازىم ، بىر مەزگىل مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تۇرايلى .
_ بوپتۇ ، شۇنداقمۇ قىلىپ كۆرەيلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان نېمىدىندۇر قېيدىغاندەك .
پارتىزانلار رازۋېدكا قىلىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار يامۇلغا ئاشلىق كىرگۈزمەسلىك ، ئۇلارنى شۇ يەرگىلا قاماپ ئاچلىقتىن قىسىشنى پىلانلىغانىدى. شۇڭا پارتىزانلار سەزگۈرلۈك بىلەن چارلاش ئېلىپ باراتتى. شەھەردىن چىققان ئەسكەرلەرنى پاقىكۆك ، نارىن بۇلاق تەرەپلەرگىچە قوغلاپ زەربە بېرەتتى. يەنە شىمالدىن شەپە بېرىپ قويۇپ ، غەرب ، جەنۇب تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلاتتى. گاھىدا پارتىزانلار چېكىنىپ قويۇپ ، دۈشمەنلەرنى ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈپ ، ئىككى ياندىن دەككىسىنى بېرەتتى. بۇ خىل زەربە بېرىش ئۇسۇللىرى پارتىزانلارغا بەكمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. بۇنى ئۇلار، توشقان قوغلاش دەپ قوياتتى.
داۋۇت پالۋان پارتىزانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەرگەنلەردىن بولۇپ ، كۆزگە ئىلىشقىنىنى تىك موللاق چۈشۈرەتتى. شۇڭا قۇربان گاھىدا :
_ پىچاقنى تىكلەپ قويساڭلار ، بىسنى ئوتتۇرىدىن تەڭلا يېرىۋېتىمەن ، تارازىغا سالساڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوخشاش ئۆلچەمدە چىقىدۇ، - دەپ قوياتتى. قاسىم جودا ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ كېتىپ :
_ سەن يارماقنى تىكلەپ قوي ، تۆشىكىدىن ئەتراپىغا تەگكۈزمەي ئۆتكۈزۋېتىمەن - دەيتتى.
تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇنمۇ دۈشمەننى ئېتىشتىن ئاۋۋال نەرىگە ئاتىمەن ؟ دەپ بىر - بىرىدىن سوراپ قويۇشاتتى.

داۋامى بار.....[size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 15:35:29

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
بوكا يامۇلىدىكى دۈشمەننىڭ يەم - خەشەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.
چىن تۆەنجاڭ ھە دېسىلا ئاچچىقلىنىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى. گاھىدا قول ئاستىدىكىلەرنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ ، ئۇرۇۋېرىمۇ سالاتتى.
_ ھۇ ئاناڭنى ! يارىماس لەقۋالار ، ئېشەكلەر !- ئۇ ئەسكەرلىرىنى تىللاپ بولۇپ قورسىقى بوشىغاندىن كېيىن ، ئۆزلۈلدۇرمەي تاماكا چېكىپ ، ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. << بۇ خەلقنىڭ نېمىدېگەن ھۈنىرى كۆپ ، يېقىپ بەرگەن نانلىرىنى يېگىلى بولمىسا، تىكىپ بەرگەن پەلىيى سوغۇقتا توڭلاپ قېلىشۋاتسا . بۇلار بىزگە ئەجەپ ئېغىر زىيانلارنى سالدى. بۇ ئاجايىپ خەلق ئىكەن . ئالدىدىن ئوق يېغىشۋاتسا ، يەنە يۈگرەيدىكەن ، بىز شۇنچە تولۇق قوراللانغان تۇرۇپ ... مەن بۇلارنى بەكمۇ سەل چاغلاپ قاپتىمەن . خەپ يەنە كۆرىمىز تېخى .... >> ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئېغىر غەمگە پاتتى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇر تۇرقىنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى. << ۋەن سىلىڭ ئۆزى باشلاپ كېلىدىغان ئەسكەرلەر نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ، ئاتلارنىڭ يەيدىغان ئوت - چۆپى تۈگەي دېدى . ئۆزىمىزنىڭمۇ ئوزۇق - تۈلۈكىمىز تۈگەپ قالدى. ئەستا، قانداق دېگەن ئىش بولۇپ كەتتى - بۇ ... >> ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. << بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن . مۇشۇ يەردىن چىقالماي قالسام ئىلار ، ھېلىقى ۋەن سىلىڭ ئالدىدا ... >>
_ ھاراق ئېلىپ كېلىڭلار، - دېدى ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ يادىڭغۇ چىرايى گۆردىن ئېچىۋالغان كىشىنىڭكىدەك بولۇپ ، ياپما قاپاق ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرى قىزىرىپ ، كۆز خالتىلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەر ئېغىر تىنىشتىن قورقاتتى. چىن تۆەنجاڭ ھەممىسىگە ئالىيىپ ، ۋەھىمىلىك قاراتتى.
قورۇملار ئۈستەلگە قويۇلۇپ ، ھاراق كەلتۈرۈلدى. ئۇ يوغان ئىستاكانغا لىق ھاراق قۇيۇپ :
_ ئۆلۈم غارىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ، - دەپلا ئىچىۋەتتى- دە ، ئۆزىنى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا چۆچۈپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە چىن تۆەنجاڭ ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.
_ پەيجاڭ ، لىيەنجاڭلارنى چاقىرىڭلار ، ئۇلار بىلەن بىللە ھاراق ئىچەي .
_ خوپ باشلىق ھازىرلا چاقىراي ، - دېدى بىر ئەسكەر تىترەپ تۇرۇپ . [size][/color/]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 15:44:47

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
دۈشمەنلەر تۆمۈر بات زەڭگىنىڭ تېمىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇلار يۆرەكلىقك هالدا، ئاقسۆمبەگە كېلىپ ، ئەرشىدىن هاجىنىڭ جاڭزىسىدىن ئاتلىرىغا چۆپ ئارتىپ كېتىدىغان بولدى.
سەهەر، سوغۇق كۆچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمدىلەتىن قار چۈشۈشكە باشلىغانىدى.
ئەتراپىنى چارلاۋاتقان سىدىق كۆككۆز ، تۇردىئاخۇن ، ياسىنجان ، مۇهەممەت گاڭگۇڭ ، قاسىم جودا بوكا يامۇلدىن چىقىپ ئەرشىدىن هاجىنىڭ جاڭزىسىغا چۆپ ئالغىلى ماڭغان قىرىق نەپەر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالدى.
_ قارا ئاۋۇ گۆيلار ئاكىسىدىن قورقماي ئۆگىسىدىن چىققىنىنى ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ .
_ توختاڭلار ، ئۇلارنى ئەدىپىنى بېرىپ تەرلىتىپ قويايلى !- دېدى ياسىنجان ئېتىنى توختىتىپ .
_ ئۇلار كۆپ تۇرسا ، - دېدى مۇهەممەت گاڭگۇڭ .
_ كۆپ بولسا نېمە بولىدۇ. قېنى ئېلىشىپ كۆرۈپ باقمامدۇق ؟- سىدىق كۆككۆز قاپاقلىرىنى تۈردى.
_ شۇنداق قىلايلى ! - دېدى قاسىم جودا .
_ شۇنداقتىمۇ پەم بىلەن ئىش قىلايلى .
دۈشمەنىنىڭ بەش ئەسكىرى ئەرشىدىن هاجىنىڭ چۆپ باسقان يېرىگە ئەللىك مېتىر قالدى.
_ ئەمدى قارىغا ئېلىپ تەڭلا ئاتايلى ، - دېدى ياسىنجان .
_ مەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ئاتاي ، قانداق بولىدىكىن ، بىر كۆرەي ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئاتتىن چۈشۈپ ، يوشۇرۇنۇپ ياتقاچ.
_ مەن يۈرىكىگە ئاتاي ، - دېدى سىدىق كۆككۆز .
_ مەن كۆزىگە ... ئاناڭنى .
_ مەن ئاغزىغا ....
گۇم ، گۇم قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن بەش دۈشمەن يەر چىشلىدى. پارتىزانلار دۈشمەنلەرگە ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى . دۈشمەنلەر ئاتلىرىنى تاشلاپ ، يەر بېغىرلاپ ، بۇلارغا قاراپ ئۆلگىرلەپ كەلدى.
_ كېلىشە قېنى ؟ قانچىلىك ئۆملەيدىكەنسلەركىن ؟
بۇلار دەرهال ئارقا تەرەپكە ، توقايلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى . ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان چىن تۆەنجاڭ يەنە قىرىق نەپەر ئەسكەر چىقاردى. بۇلار ئاقسۆمبەگە كەلگۈچە، داۋۇت باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم پارتىزانلار ئاقسۆمبەگە كېلىپ ئۇلارغا زەربە بەردى. ياسىنجانلار توقايلىقنى ئايلىنىپ يان تەرەپتىن هۇجۇم قىلدى. قېلىن قار ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن دۈشمەنلەر دومىلايتتى. قالغانلىرى تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يامۇل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇلاردىن يىگىرمە مىلتىق ، مىڭ تال ئوق ۋە بىر قانچە گرانات ئولجا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يامۇلدىن بىرمۇ ئەسكەر سىرتقا چىقماس بولدى.

داۋامى بار.... [/color][/size]

---

يوللغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-4 22:25:17

پاه.... قالتىس ........... خېلى خۇشال بولدۇم دېسە.... هارماڭ دوستۇم نازاكەت! رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىغا تەشنامەن!

---

يوللغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-8 16:20:16

[color=Red][color=blue][size=4][center]5[/center]
شەهەردىكى جاڭ دەيدىغان بىر گومىنداڭ يىڭجاڭى ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، چاغانئارالدىن ئاق بۇتقىچە ئارىلاپ يۈرۈپ مەخپى هالدا ، بۇ يەردىكى پۇقرالارغا تۈرلۈك تەهدىتلەرنى سېلىۋاتاتتى.
_ ئالتە ئوغرىنىڭ بىزگە كۈچى يەتمەيدۇ . ئۇلارنىڭ هال كۈنى ئاز قالدى . ئۇلارغا ئەگەشسەڭلار بىزنىن ياخشى كۈن كۆرمەيسلەر.....
خەلق ئۇلارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويياتتى. يىڭجاڭ ئاتنى ئاستا ماڭدۇرۇپ ، ۋارقىراپ سۆزلەيتتى.
_ ئالتە ئوغرىنىڭ ئادەملىرىگە ياردەم قىلساڭلار كاللاڭلار ئېلىنىدۇ. ئۇلارغا كىمدە - كىم قېتىلىپ كەتسە ، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىرىپ تاشلىنىدۇ ....
لەنشىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرۋاتاتتى.
_ جاڭ يىڭجاڭ مەن بۇلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرستىپ قويىمسام بۇلار قورقمايدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش كېرەك ، - دېدى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

لەنشك چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ .
_ بۇلارنىڭ يۈرىكىنى قانداق مۇجۇيسەن ؟
_ سىز ئەتراپنى قوغداپ تۇرۇڭ ، ھېلى كۆرىسىز، - دېدى لەنشك ئات يۈگىنىنى چىڭ تارتىپ . ئات ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ بۇرۇلدى، - يۈرۈڭلار، - دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ ئەسكەرلىرىگە . ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ ، ھەر بىر ئائىلىگىچە باستۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار كىرگەن ئائىلىلەردىن يىغا - زارە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ، توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلاندى.
_ ۋاي خۇدايىم بۇ نېمە كۈندۇ ؟ ئۆيۈمدە سەن ئالغۇدەك نېمە يوق .
_ ئاھ خۇدا، بۇلار كەلگەندىن بېرى كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى.
_ ۋۇي ، بۇ كالىنى نەگە ئاپىرىسەن ؟ بىز يەتتە جان مۇشۇنىڭغا قاراشلىق تۇرساق .
_ قويلارنى ھەيدەيسەنغۇ ، ئاناڭنىڭ ھەققى باردەك... - چېكىسىگە تەگكەن مىلتىق پاينىكىدىن ئاق ساقاللىق بوۋاي كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى.
_ خۇدا بۇلارغا بىر ئاپەت بەرگەيسەن .
بۇ يىغا- زارە ، نالە- پەريادقا قاراپ ، جاڭ يىڭجاڭ مىيىقدا كۈلۈپ ، قىزىقىش بىلەن بۇلارغا قاراپ تۇردى.
_ جاڭ يىڭجاڭ ! جاڭ يىڭجاڭ ! - دېدى ئەتراپنى چارلاشقا كەتكەن بىر ئەسكەر ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ، - ئۇغرىلار كېلىۋاتىدۇ..... يىراقتىن كۆردۈم .... ئۇلار.... يۈزلىرىگە قارا لاتا تارتىۋاپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان جاڭ يىڭجاڭ تاتىرىپ كەتتى - دە ، ئېتىغا قامچا سېلىپ ، لەنشىڭنىڭ يېنىغا ئاتنى چاپتۇردى.
_ لەنشك ، ھوي لەنشك تېز ئاتقا مىن ! ئادەملىرىڭنى باشلا ، ئۇغرىلار كەپتۇ ...
لەنشك ئەمدىلا ھەيدەپ مېڭىۋاتقان كالىنى قويۇپ ئاتقا مىندى.
_ خۇدايىم ئۇغرىلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغىن ، بۇلار ئۇلاردىن ھەجەپ قورقىدىكىنا ... _ دېدى بىر ئايال .
_ نېمە دەۋاتىسەن ؟- دېدى لەنشك ئات بىلەن ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كېلىپ ، - سەنلەر تېخى بىزنى تىللىماقچىمۇ ؟
_ سەن چوشقىنى تىللىماي قانچىلىكتىڭ ، ئوغۇل بالا بولساڭ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىماي ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىپ باقە ، نېمە قېچىشقا ئالدىرايسەن ...
_ ئاغزىڭنى يۇم ! - لەنشك تاپانچىسىنى ئېلىپ ، ھېلىقى ئايالنى ئېتىپ تاشلىدى - دە قورۇدىن چىقىپ كەتتى.
_ ئاپا ؟ ئاپا !
_ ئاپا ....
_ ۋاي ھەمرىيىم .
ئۇلارنىڭ يىغا - زارى پەلەككە كۆتۈرۈلدى.
يۈزلىرىگە قارا لاتا تارتقان پارتىزانلار بۇ يەرگە كەلگەندە ، گومىنداڭچىلار قېچىپ كەتكەنىدى .
_ قوغلايلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، دۈشمەنلەرنى كەينىدىن قوغلىدى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاتتا تۈزۈك ئولتۇرالماي سەكرەپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.
_ ئاتايلى !
داۋۇت پالۋانلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ئىلگىرىلەپ باراتتى.
بىر قانچە ئەسكەرلەر ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. گاھلىرىنىڭ پۇتلىرى ئۈزەڭگىگە كىرىپ قېلىپ ، ئات ئۇلارنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى.
_ توختاڭلار ، بۇلارنىڭ ئاتلىرىنى يىغىپ قوراللىرىنى ئېلىۋالايلى ! ئەستا سەل كېچىكىپ قاپتۇق. لەنشك قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى.
_ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسام ، نېمە قىلىۋېتەتتىم . ھەي !- دېدى ھاپىز قارى .
_ يەنە كېلىدۇ، خەپ ، قانچىلىك ئادەم ئۆلۈپتۇ.
_ يىگىرمىدەك ئەسكەر ئۆلۈپتۇ، يىگىرمە بىر ئات ، يەنە شۇنچىلىك قورال ئولجا ئالدۇق .
_ ياخشى ، يۈرۈڭلار قايتايلى .
_ ئەجەپ قوغلىغۇم بارتى ، مۇشۇ قوغلىغىنىمچە ماڭغان بولسام ئۇدۇل ۋەن گوتەيىنىڭ ئۇۋىسىغىلا كىرەتتىم ، - دېدى تۇردىئاخۇن ھەسرەت چېكىپ .
شۇ ۋاقىتلاردا يەنە بۇ يەردە مۇنداق بىر خەۋەر تارقالدى.
_ شىمالىي فرونتنىڭ قوماندانى لى سىلىڭ دەرھال بۇيرۇق ئېلان قىلىپ : بۇ يىلقى چاغاننى ئارشاڭدىكى كىشلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ . ئۇ ئارشاڭغا ماڭىدىغىنا ھەربىيلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى يىگىرمە ھارۋىغا تەييارلاپتۇ . پات ئارىدا يەتتە يۈز ئەسكەر بىلەن ئارشاڭغا قاراپ ماڭىدىكەن . ئۇلار ئالتە ئوغرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ئارشاڭنى ئۇلاردىن تارتىۋالمىز دەپ جار سېلىۋېتىپتۇ....
_ نېمىدېگەن تولا سىلىڭ - پىلىڭ ، تۆەنجاڭ - پەنجاڭلار بۇ . بۇ يەرگە كېلىپ بىز بىلەن چاغاننى ئويناماقچىكىنا . ئالتە ئوغرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇمىش، كۆرۈۋاتىمىز تۆەنجاڭلىرىنى . ئەسكى تام ئىچىدە چاشقاندەك ياتىدۇ ، - دېدى قۇربان ئاچچىق كۈلۈپ .
پارتىزانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىرلا ئارمان يېلىنجايتتى. ئۇ بولسىمۇ ، بۇ يەردىكى تەڭسىزلىك ، زوراۋانلىق ، زۇمگەرلىكنى يوقىتىپ ، يورۇق تاڭنىڭ نۇرانە جامالىنى كۆرۈش ، باھار قوينىدا ئەركىن يايراش ئىدى. شۇ ئۈمىد، شۇ ئارزۇدا ، قەھرىتان سوغۇقتا دۈم يېتىپ ، دۈم قوپۇپ ، بىرىدە ئاچ، بىرىدە توق يۈرۈشكە رازى ئىدى. بىرلا ئىرادە ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، يامغۇردەك ئوقلارغا ئۆزلىرىنى ئېتىشقا ئۈندەيتتى: << ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلسەك رازى >> .
داۋامى بار......[size][/color][/color/]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[ بۇ يوللانما Nazakat0909 تەرىپىدىن 2007-4-8 16:26:49 دە تەھرىرلەندى ]

---

يولىغۇچى: izdanguqi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-8 16:58:10

ھارمىغايسىز نازاكەت 0909 خانقىز . الله قوللىرىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن . [em62]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 12:45:01

[size=4][color=Blue]ئەي زېمىن ، ئوغلانلىرىڭ ئەنسىرەيدۇ ، دەريا ، دەريا ئاققان قانلىرىڭ بىھۇدە ئاقمىسىكەن دەپ ! بۇ قانلار سىنىڭ باغرىڭغا سىڭدى. سەن بۇنىڭ گۇۋاھچىسى ، بىر كۈنلەر بۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققاندا ، سەن بۇلارنىڭ باسقان ئىزىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەرسەن ؟!
تارقىلىۋاتقان ھېلىقى خەۋەرلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى بايخاندىن ئاڭلىغان ئېرەدەنى جىددىي ھالدا، ئەتراپنى رازۋېدكا قىلىش ، بىخەستەلىك قىلماسلىق جەھەتتە پارتىزانلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى يەر، يول ئېغىزلىرىنى توسىما قىلىپ ، رازۋېدكا قىلىش كۈچەيتىلدى.
قۇربان قاتارلىق بەش پارتىزان ساۋۇرجاننىڭ تۈگمىنى ئەتراپىدا رازۋېدكا قىلىۋاتاتتى. تۈنۈگۈنسىز ئاتلار ھۈركۈپ ، خارقىراپ ماڭماي قويىدى . ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپقا زەن سالدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن شىلدىر- شىلدىر ، غاس - غۇس قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ تۈن كېچە بولۇپ ، ئەتراپ ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. يېنىدىكى ئادەمنىمۇ دەماللىققا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.
<< ئەھۋال كۆرۈلسە ، بەش تال ئوق ئېتىڭلار >> دېگەن ئېرەدەنىنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ خىيالىدىن << يالت>> قىلىپ ئۆتتى.
_ قاسىم ، - دېدى قۇربان ، - ئوق ئاتامدۇق ...
_ شۇنداق قىلايلى ، - دېدى قاسىم جودا ، - مۇھەممەت گەپ قىلمايسىلەرغۇ ؟
_ ھە گەپ قىلسام قانداق قىلىتتىڭ ...
_ ئوق چىقىشى ھامان دۈشمەن بىز تەرەپكە كېلىشى مۇمكىن ، ھوشيار بولايلى ، - دېدى ئەمەت .
_ قۇربانىنى تۇتۇپ كەتسە، چىمەنگۈل يالغۇز قالمىسۇن .
_ چىمەنگۈل يالغۇز قالسا مەن بار ئەمەسمۇ ....
ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.
_ قىم ، - دېدى ياسىنجان ، - مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلىشقان بارمۇ ، ھېلى شۇ چاقچىقىڭلار كۆتۈڭلەرگە كىرىپ كەتمىسۇن ...
_ بۇلارنىڭ ئاغزى مىتىلداپ تۇرىدۇ، - دېدى قۇربان ئىچى كۆيگەندەك بولۇپ ئاندىن ، - قېنى ئوقنى ئاتايلى ! - دېدى .
بەش تال ئوق ئېتىلدى. دۈشمەنلەر شۇئان بۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.
_ بۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكەن ، قاسىم ، ئەمەت سىلەر يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇياققا قارىتىپ ئوق ئېتىڭلار، بىز ئۇياققا قارىتىپ ئوق ئاتايلى .
_ تۇردىئاخۇننى دورىماقچىكەنمىز - دە ...
يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۈشمەنلەر بىر - بىرنى بىلىشمەي ئۆز - ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىدى.
شۇ ئارىدا پارتىزانلارمۇ بەلگە ئوقى تەرەپكە يېتىپ كېلىشتى - دە ، ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ بۇلارغا زەربە بەردى. بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمىگەن دۈشمەنلەر قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كۈچلۈك ئوت ئېچىلىۋاتقان تەرەپكە ئوق ئېتىشاتتى.
پارتىزانلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر تەرەپكە قاچقاندىكى ۋارقىراشلىرى بۇ كېچە تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. پارتىزانلار ئۇلارغا يېقىنلاشماي ، ئەتراپتىن ئوق ئۈزەتتى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا پارتىزانلار كېچىچە ھالسىرىغان دۈشمەننى ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇلار ھەر بىر تال ئوقنى زايە قىلمايتتى. بۇلار شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا ، دۈشمەنلەر ھودۇقىنىدىن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتىزانلار دۈشمەن كەينىدىن چىقىپ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئارقا تەرەپتىن ياي شەكلىدە نۇرغۇن دۈشمەنلەر پارتىزانلارنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. مۇشۇنداق جىددىي ھالدا تۇرغاندا ، ئېلى قوماندانلىق شتابىغا قورال ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكەن بەش ئادەم تۆت دانە تەخسە پىلىموتنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ پارتىزانلار بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىشتى.
_ ماڭا بىرنى ، - دېدى ناسىراخۇن ، - بۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرەي .
_ ماڭىمۇ ئەكىلە ، - دېدى داۋۇت پالۋان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .
_ ماڭىمۇ ؟- دېدى قارا قاۋان .
_ ماڭىمۇ؟...
_ بولدى ئېرەدەنى پارتىزانلىرى بار تېخى ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بۇلار پىلموتنى ئېلىشىپ تولىمۇ خۇشال بولدى. شۇئان پىلموتنى بۇلبۇلدەك سايرىتىۋەتتى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ، نەگە قېچىشىنى بىلمەي، ئوقىقا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىرىغان ، قىيا - چىيا قىلغان ئاۋازلىرى پەلەكنى لەرزىگە سالاتتى.

_ ئۆلشە گۆيلار!

_ زورلۇق قىلساڭ جاجاڭنى يەيسەن !

_ قىساسنى ئالىدىغان چاغ كەلدى.

پارتىزانلارنىڭ قانلىرى قىزىپ ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، دۈشمەن ئارىسىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىشكەنىدى. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ئوقىقا ئۆزىنى تۇتۇپ ، ۋارقىرىغىنىچە دومۇلايتتى.

_ قېرىنداشلار ، - دەپ ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان هارۋىكەشلەرگە ، - ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ قولىدىكى قوراللارنى تارتىۋېلىڭلار، قورقماڭلار، بىز بار، بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان چاغ مۇشۇ...

ئۇنىڭ ياڭراق ساداسىدىن هاياجانغا تولغان هارۋىكەشلەر چېرىكلەرنى ئۇرۇپ ، يەنچىپ ، قولىدىكى قوراللارنى يۇلۇپ ئېلىشتى . توڭۇپ هالى قالمىغان دۈشمەنلەر توقماق ، قامچا ، تاسمىلار زەربىسىدىن ئىڭرايتتى. هارۋىكەشلەر هارۋا سايمانلىرىنى بوشىتىپ ئېلىشقانىدى.

_ ئۇرۇڭلار، قانغىچە ئۇرۇڭلار.

_ ئېتىڭلار ، بىرنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار.

_ ئاتە ، هە ...

دۈشمەنلەرنى ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، تىرىك قالغانلىرى جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىشتى . پارتىزانلار ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ ، كۆزگە ئىلىنگەننى ئېتىپ تاشلاپ ، شار بۇقىغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەنلەر << ئەسكى موللىنىڭ تېمى >> ئەتراپىدا توختاپ ، پارتىزانلارغا ئوق چىقاردى.

_ نەگە بېرىشسەڭكىن ، قېنى ئۇ سىلىك- پىلىك دېگەن نېمىلەر ؟!- قارا قاۋان شۇنداق دېگىنىچە پىلموتنى سايرىتىۋەتتى. باشقىلارمۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ :

_ بوزەك قىل ، بوينىمىزغا مىن ، قېنىمىزنى ئىچ، خورلا ، مەسخىرە قىل ، قېنى ؟- دېگىنىچە جان ئاچچىقىدا ملتىق ، پىلموتلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ دۈشمەنلەرنى دوملىتاتتى.

ئۇلار بارا - بارا قاچقانلارنى قوغداپ تۇرغان دۈشمەنلەرگە يېقىنلاشتى - دە ، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، دۈشمەنلەرگە ئۆزىنى ئېتىشتى . دۈشمەنلەر ئوق ئېتىشتىن توختاپ قېچىشقا ئۇرۇندى.

_ نەگە قاچىسەن ئاناڭنى !- سىدىق كۆككۆز شۇنداق دەپ ، بىر ئەسكەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ، ئۆزىگە تارتتى - دە كاللا بىلەن << جاڭگىدە >> بىر ئۇستى ، هېلىقى ئەسكەر << ۋايجان >> دېگىنىچە دوملاپ كەتتى.

_ ئاشۇنداق ۋايجان دېگۈزۈۋېتىمەن ، گۆي ، سەنمۇ كېلە ، _ ئۇ يەنە بىر ئەسكەرنى مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپ ، بۇرنىدىن قان ئالدى.

_ بۇ يەردە زورلۇق قىلشامسەن ؟ ئۆكتەم گۆي ، - ياسىنجان بىرنى پەشۋا، مۇشت بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. مۇھەممەت گاڭگۇڭمۇ بىر ئەسكەرنى دىسلاۋاتاتتى.

_ كىمگىنى بوزەك قىلىسەن ؟- هە !- هاپىز قارى بىر ئەسكەرنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ، بىر پەشۋا ئېتىپلا تىك موللاق چۈشۈردى.

_ تۇرداخۇن ، ئۇ ئۆلۈپتۇ ، ئۆلگەننى ئۇرۇۋېرەمسەن ؟- دېدى ناسىراخۇن قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ .

_ قانمايۋاتىمەن ، تىرىكى قېنى ؟

_ تىرىكىنى داۋۇت جايلاۋاتىدۇ.

داۋۇت پالۋان بەش ئەسكەرنى ئۇرۇپ يىقىتىپ بولۇپ ، بۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. هەممە پارتىزانلار ئۆلگەن دۈشمەنلەر ئۈستىدە قان تولغان كۆزلىرىدە ئۇلارغا تىكىلىپ ئېغىر پۇشۇلداپ تۇراتتى .

_ هېلىقى لى سىلىك دېگەن ئەبلەخ قېچىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسام ، ئىلى ئوغرىلىرى ئاناڭنى بىر نېمە قىلغانمۇ دەپ قوياتتىم ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ ئەجەپ قېچىپ كېتىپ قاپتۇ، - دېدى داۋۇت پالۋانمۇ - بۇ يەرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ قايتايلى .

دۈشمەننىڭ ئۈچ يۈز ئەسكىرىدىن ئاران ئەللىكى قېچىپ كېتەلىدى. شۇنىڭ بىلەن لى سىلىڭنىڭ << ئىلى ئوغرىلىدىن ئارشاڭنى تارتىۋېلىپ ، چاغاننى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز >> دېگەن خىيالى كۆپۈككە ئايلاندى.

داۋۇت پارتىزانلىرى يوشۇرۇن زەربە بېرىشتىن ، ئەمدى ئاشكارا مەيدانغا چىققانلىقىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تولىمۇ ئاشكارا بولۇپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى ئائىلىسى بار ئەمەسمۇ ؟

ئېرەنى پارتىزانلىرىنىڭ بىر بۆلىكى بۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا ، يەنە بىر قىسمى ئېردەنى بىلەن يامۇلنى قاتتىق قورشاپ تۇراتتى. ئۇلار هەر بىر تىۋىشلارغىمۇ ناهايىتى ئىنچىكىلىك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشاتتى.

ئېردەنى چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ، بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى.

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 13:55:19

هارمىغايسىز دوستۇم! ئەمگىكىڭىزدىن سۆيۈنىمەن!


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-10 15:41:01

[color=Blue][size=4][center]6[/center]
پارتىزانلار زور غەلىبە بىلەن قوماندانلىق ئورنىغا قايتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ھەر قايسى ئورۇنلاردا يامۇلنى قورشاش ئىشى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى .
_ داۋۇت ، - دېدى ئېردەنى بىر كۈنى ، - سىلەر بىزگە ماسلىشىپ خېلى كۆپ جاپا چەكتىڭلار ، قەھرىمانلىق كۆرسەتتىڭلار ، سىلەرنىڭ ئادەملەر قالتىس باتۇركەن ، قانچە ماختىساق ئەرزىيدۇ . دۈشمەنلەرنىڭ ئەمدى ھەيۋىسى سۇنۇپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
يامۇلدىكىلەرنىڭمۇ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى . مۇشۇنداق ۋاقىتتا، سەن شەھەرگە بىر قانچە ئادەملەرنى ئەۋەت، ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ دۈشمەنلەرنى قورقۇتسۇن ، سەن بىز بىلەن بۇ يەردە داۋاملىق ھالدا دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ياردەملەش، - دېدى .
_ بۇمۇ ياخشى گەپ بولدى . مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم . ئۇ يەرگىمۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان . بىراق ئۇلاردا قورال يوق ، شۇڭا مەن ئۆزۈم يېتەرلىك قورال ئېلىپ بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ باراي . قالغانلىرى مۇشۇ يەردە قالسۇن ، سىلەر جەڭگىۋارلىقنى بوشاشتۇرماي ، بۇ يەرنى ئوبدان ساقلاپ تۇرۇڭلار.
_ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ، مەن ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم ، - دېدى ئېردەنى ئەسلىدىكى ئويىدىن يېنىپ ، - سىلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرمەي مېڭىۋېرىڭلار.
_ ھەممىمىز شەھەرگە ئاتلانساق قانداق بولار ؟
_ ئۇ چاغدا يامۇلدىكى دۈشمەنلەر چىقىپ بىزگە تەھدىت سالىدۇ.
_ باستۇرۇپ كىرىپلا ۋەيران قىلىۋەتمەمدۇق . قانچىلىك ئىشتى ئۇ ؟ بۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ ياتامدۇق ئەمدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇ بىردىنلا بۇلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى.
_ ئالدىرمايلى ، بۇ يەردىكىلەرنى يوقاتساق ، شەھەرنى ئازاد قىلىش قەدىمى تېزلىشىدۇ. سىلەر شەھەردىكى دۈشمەنلەرنى بىر قورقۇنچقا سېلىپۋېتىڭلار . بۇ يەردىكى ئىشلارغا بىز بار.
_ بولىدۇ ، بىز كەچتىلا ئاتلىنايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، يەنە تالىششنى ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس دەپ قاراپ : << ئۆزۈملا تېتىيمەن ئۇ گۈيلارغا . باشقىلارغا تايانغاندىن ئادەم ئۆزىگە ئۆزى تايانغان ياخشى . >> ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئويلىغىنىدا ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى .
شۇ كۈنى كەچ داۋۇت پالۋان بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ ، شەھەرگە ھەيۋەت بىلەن ئاتلاندى.
تۈن قاراڭغۇ ، ئەتراپ تىمتاس سۈكۈتكە چۆمگەنىدى . ئات تۇياقلىرىنىڭ ئەنسىز دۈپۈرلەشلىرى ، ئاتلارنىڭ پۈشقۇرۇشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. سوغۇق بارغانچە كۈچىيىپ ، شامال ھوشقۇيتاتتى. ئاسمان قازان قارىسىدەك كۆرۈنەتتى. زېمىن ئاپئاق قارلار قوينىدا چۈشەكەپ ياتاتتى.
بۇ قىران بۈركۈتلەرنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە يېڭى بىر ۋىسالنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى ياناتتى. ....

داۋامى بار.....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-11 21:31:52

قانداق بولار ئاخىرى؟ ھەي......... ئەشۇ كۈنلەردىغۇ ھەممە يەردە غەلىبە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان...... قېنى داۋۇت پالۋانلار شەھەردىن سالامەت قايتىپ چىقارمۇ؟

ئاخىرىنى تىزرەك يوللىغايسىز دوستۇم!

---

يوللىغۇچى: qaxmazulal
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-12 14:48:00

مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ بارىمەن.
ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم قۇلىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن نازاكەت خانىم. رەخمەت سىزگە.

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 15:27:28 12-4-2007

[center][size=5][size=4][color=Blue]ئۇن ئۇچىنچى باب ۋەھىملىك كۈن [/center]1[/center][/size][center]
تۈن قاراڭغۇسى ، قۇيۇق تۇمان ئەتراپنى قاپلىغانىدى ، ئارشاڭ پارتىزانلىرىدىن دەككىسنى يەپ قايتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھايتى روھى سۇنغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. لى سىلىڭنىڭ قاپىقى چۈشۈپ ئادەم ئىسكەتىدىن چىققانىدى . بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھار كەلدى . ئەسكەرلەرنىڭ بويۇنلىرىدا مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن نانلار ئېسىقلىق تۇراتتى.
لى سىلىڭ گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى نەچچە يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئادەمنىڭكىدەك بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆڭلىدە سوزۇلۇپ بىر يېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. << ئەجەپمۇ يامان ئوغرىلاركەن بۇ ، بۇلارنى سەل چاغلىغلى بولمىغۇدەك.... نەچچە يىللىق ھالىمدىن كەتتىمغۇ ؟ ۋەن سىلىڭ نېمشقا ئۆزى ئۇرۇشقا بارمايدىكىن دېسەم، ئەسلى ئىش مۇنداقكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇبدان ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن . >>
ئۇلار بارا - بارا قارارگاھقا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى....
بۇ كۈنى يامۇل قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان بىر يىلىك ئەسكەرگە بۇ يەردىكى باي - غوجىلار ئىئانە قىلغان كالا ۋە قويلارنى سويۇپ ئاشخانىلارغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. ئۇلار ئۆز جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ گال كويىدىلا يۈرەتتى. ئۇلاردىن بىرى ئاشقان شورپا ، گۆشلەرنى تۆكۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي ، مەشنىڭ پۈتىغا باغلاپ قويۇلغان ئېگەرلىك ئېتىنىڭ ئالدىغا جاۋۇرنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغىلا ئات ھۈركۈپ كەينىگە سەل داجىدى . ھېلىقى ئەسكەر ئاتقا قاراپ يەنىمۇ يېقىنلاپ ماڭدى . دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قولىدىكى جاۋۇر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئات ھۈركىگىنىچە بېنزىن تۇڭىدا ياسالغان مەشنى سۆرەپ ئوچۇق ئىشكتىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ھۈركىگەن يەنە بىر ئاتمۇ مەشنى سۆرىگىنىچە سىرتقا ماڭدى. قورۇ ئېچىدىكى باشقا ئاتلارمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ سىرتقا قاراپ چېپىشتى . ئەسكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ۋارقىراشتى.
_ لى سىلىڭ ، نېمە ئاۋازلار بۇ ؟.... ئوغرىلار كەپتۇ.....
_ راستىكەن ، نېمىدىگەن تاراڭ - تۇرۇڭلار بۇ ، يۈرۈڭلار كەينىمىزگە چېكىنەيلى ، - دېدى يۈرىكى پوك - پوك تۇرغان لى سىلىڭ ئالاقىزادە بولۇپ .
ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ، تۆپىلىك تەرەپكە قاچتى . مەشنى سۆرەپ كېلىۋاتقان ئاتلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېپىپ شاۋقۇن - سۈرەننى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.
_ راستىكەن ، راستىكەن ئوغرىلار كەپتۇ ! - ئەسكەرلەرنىمۇ ۋەھىمە بېسىپ ، قانداق قىلارنى بىلمەي قېلىشتى . مۇزلاپ ھالى قالمىغاچ ئاچ قورساق ئەسكەرلەر ئاتنى باشقۇرالماي ، بىر - بىرلەپ ئاتتىن يىقىلىشقا باشلىدى. ئۇلار يىقىلغان جايدا ئاچچىق ئىڭرايتتى. بەزىلىرى جايىدىلا جان تەسلىم قىلدى. پۈتى ئۈزەڭگىدە قالغان ئەسكەرلەرنى سۆرىگەن ئاتلار رەھىم شوپاڭنىڭ ئارقا تېمى بىلەن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ ، مەكتەپ تەرەپكە مېڭىپ كەلدى .
قورالىرىنى بەتلەپ يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئەسكەرلەر كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۈزەڭگىدە پۈتى قالغان ئەسكەرلەرنى كۆردى - دە :
_ ئوغرىلار كەپتۇ ، ئوغرىلار ، - دەپ ۋارقىرىشىپ ، پاتپاراق بولۇشۇپ ، ھەر تەرەپكە قارىتىپ مىلتىقلىرىدىن ئوق چىقىرىشتى .
دەرۋازىدىن ئۆتكى ئۆچكەن ھالدا چۇرقىرىشىپ چىققان بىر نەچچە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئاتلار ئۈزەڭگىدە پۈتى قالغان ئۆلۈك ئەسكەرلەرنى سۆرەپ كېلىشتى . بىر ئەسكەر ئات يېنىغا ئاستا بېرىپ قاراپ :
_ ۋۇ بۇ ... بۇ لى سىلىڭكەن ... _ دېدى ئىنجىقلاپ .
باشقىلارمۇ بۇ ھالنى كۆرۈشۈپ قورقۇپ كېتىشتى .
بۇ كۈنى كەچ تاڭ ئاتقىچە ئوق ئاۋازى بۇ شەھەردىن ئاڭلىنىپ تۇردى . ئۇلار ئۆز ئادەملىرىدىن بەش نەپەر ئەسكەرنى ئېتىۋەتكەنىدى . ۋەن گوتەي بۇ كېچە كىرپىك قاقماي ، ۋەھىمە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى - دە ، كېيىن بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى.....
داۋۇت پالۋان بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن بۇلارنى ۋەھىمگە سېلىشقا باشلىدى. گاھى كۈنلىرى شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوق ئاتسا، گاھى كۈنلىرى چېلەك سۆرىتىلگەن ئاتلارنى كوچىلارغا قويۇۋېتەتتى. بۇنىڭدىن گومىنداڭچىلار تېخىمۇ ئالاقىزادە بولۇپ ، ساراسىمگە چۈشۈشتى.
خەلىق مەش پۈتىغا باغلانغان ئات ۋەقەسىدىن كېيىن ، بۇلارنى كۆرسە كۈلكىسى قىستايدىغان بولدى . بىر قىسىم كىشلەر << بۇلارنىڭمۇ ھالى چاغلىقكەن ، مۇشۇ ھالىغا بىزنى ئەجەپ بوزەك قىلىپ كەتتا، مۇشۇلار ئۈچۈن كالىدەك ئىشلەپ كەپتۇق توۋا .... شۇنچە كۆپ ئەسكەر كۈچىگە ئىگە گومىنداڭ قوشۇنىنى بىر قانچە ئاتنىڭ ۋەھىمگە سالغىنىنى ... >> دېيىشەتتى.

ئۆچ ئېلىشتىن چۈپەي ۋە پەسكەش قەلبلا راھەتلىنىدۇ. - يوۋېنال

داۋامى بار ....[/color][/size]

---

يولىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 22:58:59 15-4-2007


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھارماڭ دوستۇم! شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ يامۇلنى قورشاش ئىشى قانداق بوپ كېتەر؟ قېنى ھارمىغايسىز... ئاخىرىغا تەشنامىز!

جان تۇمشۇقىقا كەلگەندە ئادەمگە ئۆزىنىڭ سايىسىمۇ قورقۇنچلۇق كورۇنىدۇ - دە...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-17 13:03:23

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
گومىنداڭنىڭ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەن ئەسكەرلىرى ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئىدى . ئۇنىڭدىن قالغان بەش يۈزگە يەتمىگەن ئەسكىرى ۋەن گوتەيىنىڭ قاتتىق چۆچۈتۈپ ئەندىكتۇرۇۋەتتى . ئۇ بىر ۋەھىملىك كۈنلەردە باغلاقتىكى ئىتتەك ئۆز قورۇسى ئەتراپىدىلا قاۋايدىغان بولۇپ قالدى . << مېنىڭ شۇنچىۋالا ئەسكىرىمنى ئوغرىلار تۈگەتتى. چىن تۆەنجاڭ ، لى سىلىڭنى يەپ كەتتى ، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كېلىۋاتىدۇ . قانداق قىلىش كېرەك ، چېكىنىش، چېكىنىش ... لازىم ، بارلىق خەنزۇ پۇقرالارنى ئېلىپ كېتىش كېرەك . بۇلار زادى قانداق ئادەملەردۇ ؟! تۇتۇۋالسام نېمىمۇ قىلۋېتەرمەن ... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ، يەنە بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيماي قالدى . ئۇ بىر ئىشنى قىلالمىغاندەك ، بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى .
_ بارلىق خەنزۇ ئەمەلدارلارغا خەۋەر قىل ، بۈگۈن چۈشتە جىددى يىغىن بار، - دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىسىگە ئالىيىپ قاراپ .
_ ماڭمايسەنغۇ ، نېمىگە قاراپلا تۇرىسەن ؟ بەز لەقۋا !- ئۇ ئاچچىقىدا ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كاچىتىغا چاڭ - چاڭ قىلىپ ، ئىككى كاچات ئۇرىۋەتتى ، - سەنمۇ ئاشۇ ئوغرىلاردەك چەبدەس بولغان بولساڭ مەن مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم ، ئىسست سەنلەرنى ئەتىۋارلاپ باققانلىرىم ... ماڭ خەۋەر قىل .
_ ئۆزىڭىز ... مېنى ساقلاڭلار ... ھېچ ... ھېچ يەرگە بارماي ... دېگەنتىڭىز ... - بايىقى شاپىلاق تەسىرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەندى.
_ بولدى ماڭ !
_ خوپ سىلىڭ !
يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى ، ئۇلار ۋەن گوتەيىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ، قورقىنىدىن تىترەپ كېتىشتى . << بىر ئېغىز سۆزنى خاتا قىلىپ قويساق چاتاقكەن ، بولدى سۆزلىمەيلا قوياي ... >> دېگەنلەرنى خىيال قىلىشاتتى ئۇلار .
ۋەن گوتەي بەكمۇ ئازابلىنىۋاتاتتى. ئاشۇ ئازابتىن چىرايى قورۇلۇپ ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى . ئۇ چاغاننىمۇ ئىچى تىت- تىت بولۇپ ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ ئۆتكۈزگەندى . شۇ تاپتا يىغىندا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى . ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يەنە ئاچتى ، ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.
_ بىز ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدۇق ، كەچتە چېكىنىمىز، - ئۇ گەپىنىڭ نەق ئۆزىنىلا ئېيتتى. گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرشنى خالىمىدى ، - جىڭ قومانلىق شتابىدىن تەستىق ئېلىشقا بىزنىڭ ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ . تەييارلىقنى ئوبدان قىلايلى .
ئۇنىڭ سۆزى ئولتۇرغانلارغا مايدەك ياقتى . بىراق لەنشىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي :
_ نېمىشقا چېكىنىمىز، تېخى ئەسكەرلىرىمىز بارغۇ ؟ ئۇلار بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىپ كۆرەيلى ياكى يۇقىرىدىن يەنە ياردەم تەلەپ قىلايلى ، - دېدى .
_ بولدى مۇشۇنچىلىك بولسۇن ، - دېدى ۋەن گوتەي لەنشىڭغا قاراپ قويۇپ ، ئۇ لەنشىڭنىڭ قاراملىقىنى ، يۈرەكلىكلىكىنى ياقتۇراتتى. ۋەن گوتەي ئولتۇرغانلارغا قاراپ چىقتى . ۋۇ شاۋتەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى . ياڭ ھاكىم ئۇنىڭ كۆزىگە ھجىيىپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە << غۇژژىدە >> ئاچچىقى كېلىپ ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى .

داۋامى بار .... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: kosan
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-19 21:58:25

ھاھاھاھاھا...... قالتىس بوپتۇغۇ... يارايدۇ ئەزىمەتلەر!!! ھارماڭ دوستۇم! رومانىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن... داۋامىغا تەشنامەن!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-22 12:41:32


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[color=Blue][size=4]_ ياڭ هاكىم ، داۋۇت دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئويلاپ تاپقان ئەقلىڭىز ئاخىرىدا نېمە پايدا كەلتۈردى ؟!

_ ئۇلار بارغۇ ؟

_ يالغان سۆزلىمەڭ ، بىزنىڭ ئادەملەر ئۇلارنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالماپتۇ ؟

_ بەلكىم ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندۇ ؟

_ ئوغرىلارغا قېتىلىپ كەتكەندۇ دەڭا ؟

_ ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس .

_ بولدى ، بۇنى تالىشىپ ئولتۇرۇشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق . بىز چېكىنىشتىن ئاۋۋال داۋۇت قاتارلىق مۇھىم كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى قىرىپ تاشلاپ ، بۇ شەھەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ سورۇۋېتىشىمىز كېرەك . يەنە بىر مۇھىم ئىش، سا خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بۇ يەردىكى ئاساسلىق كىشىلەرنى جىگدا يىغىن بار ، دەپ يىغىپ شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇپ يوقتىمىز ، بۇلارنىڭ بىزگە قىلغانلىرى ئاز ئەمەس، بۇنداق قىلساقمۇ يەنە دەردىمىز چىقمايدۇ ... \

_ ئۇلار نېمە قىلغان ؟ - دېدى ياڭ هاكىم سىلىق تەلەپپۇزدا .

_ نېمە قىلغان ؟ يەنە نېمە قىلسا بولاتتى ! نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن ؟ نان دەپ نېمە يېقىپ بەردى ، پەلەي دەپ نېمە تىكىپ بەردى . بىز ئۇلارنى كېيىن تاپالىدىقمۇ ؟ بۇلار بىزگە نېمە ياردەم قىلدى ؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئاشۇلار سەۋەپچى ، داۋۇتلار قېنى ؟ دۆت ، چوشقا ، ئېشەك .

_ ئاغزىڭنى يىغ ! بىز نان، پەلەي دەپ ئاز كىشلەرنى قىرىپ تاشلىدۇقمۇ ؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئۆزىمىز سەۋەپچى ! گەپ قىلمىسام ھازىرغىچە مېنى مەسخىرە قىلىپ كەلدىڭ . ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، - ياڭ هاكىم يان قورالىنى ئالغۇچە ۋەن گوتەي چاققانلىق بىلەن بەتلەكلىك تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

_ ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىڭلار ، ئۇ خائىن ! بۇگۈن ئۇ ئۆزىنى ئاشكارلىدى...

_ مەن ئۆز خەلقىمگە خائىنلىق قىلغىنىم يوق ، بۇ يۇرت خەلقى بىزنى باقتى ، سەمىرتتى ، سەن جاللاتچۇ ؟ بىگۇناھ خەلقنى تالىدىڭ ، بۇلىدىڭ ، ئۆلتۈردۈڭ ، چانىدىڭ ... ئەزدىڭ ، قىلمىغىنىڭ قالمىدى ....

_ ئاغزىڭنى يۇم ! - غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن ۋەن گوتەي قاتتىق ۋارقىرىدى .

ياڭ هاكىم سەل پەسكويىغا چۈشۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى . ئۇ ۋەن گوتەينىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكىسىنىڭ بېسىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قالغانىدى.

_ بۇلارنى نېمە قىلساڭ ئۆز ئىختىيارىڭ ... - دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .

_ ۋۇ جۇيجاڭ ، - دېدى ۋەن گوتەي تاپانچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ، - سەن چەنتۇ جاسۇسلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىر قالدۇرماي ئۆلتۈرۋەت !

_ نېمىشقا .... ئۇلار ... بىز ئۈچۈن ..... خىزمەت قىلغان تۇرسا ... - دېدى ئۇ رەڭگى ئۆچكەن ھالدا .

_ ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى . ئۇلار بىر ئوچۇم ۋىجدانسىزلار ، ئۇلار ھېچنىمگە ئەرزىمەيدۇ !

_ ئۇلار ... ياخشى .... ئىشلىگەنتى ....

_ ئۇلار نەپنى دەپ ئۆز مىللىتىدىن كېچىپ ساتقىنلىق قىلغان يەردە، كېيىن بىز قېيىن كۈنگە قالساق ، بىزگە ساتقىنلىق قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ ؟ بۇلارنىڭ بىرسى بولسىمۇ ئۆلگىنى ياخشى ...

_ چۈشەندىم ، چۈشەندىم ، بەك داناكەنلا ...

_ ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئىشلىرىمىزنى بىلىپ كەتتى ، ئەمدى ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇش بىز ئۈچۈن زىيانلىق .

_ توغرا ، توغرا، - دېيىشتى باشقىلار تاتارغان چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

_ ھەممەيلەن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ ، كەچكىچە چېكىنىشنىڭ يولىنى قىلايلى . خەنزۇ پۇقرالارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز. تەييارلىق پۇختا بولسۇن ، بۇ ئىش ئىنتايىن مەخپىي بولسۇن . لەنشىڭ سەن بۇيەردە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ . جىڭغا بارغاندىن كېيىن ، قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلىپ دەرىجەڭنى ئۆستۈرىمەن ، مۇكاپاتلايمەن .

_ رەھمەت سىلىڭ ، رەھمەت ....

_ ھەممىمىز لەنشىڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولايلى ، يەنە قانداق ئىشلار بار ؟

_ يوق ....

ھەممىسى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى.

_ ئۇنداق بولسا تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىڭلار . مەخپىي بولسۇن . ۋۇ جۇيجاڭ ھېلىقى ئىشنى ھازىرلا ....

_ مەن قىلاي، - دېدى لەنشىڭ .

_ بولدى ، ۋۇ جۇيجاڭ ئۆزى يېتىشىدۇ ، سېنى بۇ ئىشقا سالمايمەن . ساڭا ئايرىم ئىش بار.

يىغىندىكىلەر تارقىلىپ كەتتى. ۋەن گوتەي نېمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، قۇرۇقدالغان يىغىن زالىغا قاراپ ئاچچىق - ئاچچىق سورىدى . ئۇ ئەسلىدە بۇ يەردە ئۆزىگە ئۆزى خان بولۇپ ، قانداق ياشىغۇسى كەلسە، شۇنداق ياشاش خىيالىدا بولغانىدى . بۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يەنە نەدىن تېپىش مۇمكىن ... ئۇ ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى، بىئارام بولاتتى. كوچىغا چىقىپ كۆرگەنلىكى ئادەمنى چىپپىپ قىرىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇششۇك ھەرسىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

_ ئەجەپ يەر ئىدى بۇ ، - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئاندىن ، - مۇھاپىزەتچى تېز، نەرسىلەرنى يىغىشتۇر ، - دەپ ۋارقىرىدى . بۇگۈنكى يىغىن روھىنى ئىشىك يېنىدا مۆكۈپ تىڭشاپ تۇرغان غاپپار بەگ ئاڭلاپ قالدى . بۇ خەۋەرنى سايىم خۇيجاڭغا قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتى.

ھەممە يەردە بىر خىل ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. قورۇ ئىچىدە ئەسكەرلەر ئالدىراش ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشەتتى. بىر- بىرىگە گەپ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قىلىشقا ۋاقتىمۇ يوق ئىدى . ھەممە يەردە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. چۆلدەرەپ كۆڭۈلسىزلىك يېغىپ تۇرۇۋاتقان بۇ قورۇدىن قان ھىدى پۇراپ تۇراتتى. [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-4-28 13:06:02

[size=4][color=Blue]غاپپار بەگ قاراڭغۇلۇق ئەمدىلا زېمىنغا يېپىلغاندا ، سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى.
بۇ چاغدا سايىم خۇيجاڭ مەتنىياز قاسساپنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى.
- مەتنىياز بىز ئەتە جىڭغا يىغىنغا بارىدىغان بولدۇق . سەن بىز بىلەن بىرگە بارىسەن ، - دېدى ئۇ خاپا بولغان ھالدا ، - سەھەردە سېنى چاقىرتىمەن .
- چىرايىڭىز بىر قىسىملا كۆرۈنىدۇغۇ ؟
- ھېچ ئىش يوق ، سەل مىجەزىم يوق تۇرىدۇ . سەن بېرىپ ئاتلارنى توقۇپ تەييار تۇرغىن .
- بولىدۇ ، مەن قايتىپ تەييارلىق قىلاي ئەمسە .
- خوش ، خۇداغا ئامانەت .
مەتنىياز قاسساپ كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
سايىم خۇيجاڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي ھويلىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . بارمايمەن دېسە ئۇلار گۇمانلىنىپ قېلىشى ھەم باشقا ئىشلارغىمۇ تەسىر يېتىشى مۇمكىن . قانداق قىلسام بولار ، بۇلار ئۆتكەنكىدەك بىر شۇملۇقنى پىلانلىغان بولسىچۇ ؟ ئىنىم بىلەن تاغقا چىقىپ كەتسەممۇ بوپتىكەن ... ئارشاڭ ئازاد بولدى ، بىر قىسىم گومىنداڭچىلار يامۇلدا قامىلىپ ياتماقتا، بۇ يەردىكىلەر ئالاقىزادە بولۇۋاتىدۇ، بۇ يىغىن .... ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلىۋاتاتتى . بەلكىم يىغىنغا بارىدىغان ئىشمۇ راستتۇ ؟ يەنە شۇ ئىئانىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بولۇشى مۇمكىن ... ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغىنىچە توقال خوتۇنى ھەجەرخاننىڭ ھوجىرىسىغا مېڭىشىغا ، دەرۋازا ئەنسىز قېقىلدى . گۈللۈك سارايدا ئەتە جىڭغا يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن ياتقانلار بۇنى تۇيمىدى .
- كىم ؟
- مەن غاپپار بەگ.
سايىم خۇيجاڭ يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئىشكنى ئاچتى .
- قانداقراق تۇردىلا سايىمكا ؟
- خۇداغا شۈكرى ، ئۆزلىرىچۇ ؟
- ياخشى .. سالامەت تۇردۇق .
- بەك ئالدىراش كۆرۈنىسەنغۇ ؟ يۈر ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى .
- بولدى ، مۇشۇ يەردىلا پاراڭلىشىپ قايتاي ، ئالدىرايمەن ...
- نېمە ئىش بولدى ؟- دېدى سايىم خۇيجاڭ كۆزلىرىنى ئەنسىزچىلىكتە چەكچەيتىپ .
- سىلەرنى جىڭغا ئاپىرىمىز دېگەن گەپپى يالغان . ئۇلار سىلەرنى مۇشۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى ، گومىنداڭمۇ بۈگۈن كېچ قاچىدۇ ؟
- نېمە دەيدىغانلا ، - دېدى سايىم باي بىر خىل ئىشەنمەسلىك بىلەن .
- راست دەۋاتىمەن ، بۈگۈن چۈشتە يىغىن ئاچتى . ئۇلار بۈگۈن كەچ جىڭغا قاچماقچى . مېنى پايلاپ يۈرگەچكە دەماللا كېلەلمىدىم . مەن ھازىر پارتىزانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرمىسەم بولمايدۇ. ئۇلارنىمۇ قىرىپ تاشلاپ ، ئائىلىسىگە ئوت قويىمىز دەيدۇ . خەير، مەن قايتاي ، ۋاقىت قىس...
- داۋۇتلار ھازىر نەدە ؟
- بىلمىدىم ، بەلكىم مۇشۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن . يېقىندىن بېرى ھەر كېچە ئوق ئېتىلىپ ، تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازلار چىقىدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ئۇلار بارمىكىن دەيمەنغۇ ؟
- خوش ئەمسە مەن كەتتىم ....
- ماقۇل ... خۇداغا ئامانەت ، - سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى قايماقتا ئىدى .
- كىمكەن ئۇ ؟- دېدى سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە لەنشىڭ يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مالاي .
- سەن ئاربالاشماي ئىشىڭنى قىل .
كۆرمىمىز قېنى ؟ دېدى ئۇ ئىچىدە دەرۋازىنى ئېتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ .
گۈللۈك سارايدا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ يەردە ئەتىكى يىغىنغا بېرىش ئۈچۈن ئون بەش كىشى يېتىشقانىدى .
سايىم خۇيجاڭ ئاسمانغا قارىدى . ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ ، قار ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى. سوغۇق بارغانچە ئەدىمەكتە ئىدى . بۇ - 1945 يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى .
ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، گۈللۈك سارايغا قاراپ قويىدى . ئۇلار بىزنى راست جايلىۋېتەرمۇق ؟ بۇ گەپ بەلكىم راستتۇ . غاپپار بەگ يالغان ئېيتمايدۇ . ئەگەر ئۇلارغا ئېيتسام پاتپاراق بولۇپ كېتىپ ، ئىشنى بۇزۇپ قويارمۇ ؟ كەچرەك ئەھۋالغا قاراپ ، ئۇلارغا ئېيتاي . شۇ خىياللار بىلەن گۈللۈك سارايغا يېقىن بارغان سايىم خۇيجاڭ كەينىگە قاتتى. ئەگەر بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ قالسا ، ئىش تەتۈرسىگە


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مېڭىپ ، تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. ئۇلار راست قېچىپ كېتەرمۇ ؟ مۇشۇنداق تاشلاپلا ، ھەي ، بۇنداق بولۇشى ناتايىن ... بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن موللا شائىيۇ ، ھېكىمباي ، يولۋاسبەگلەر بارغۇ ، بىراق ... نېمە ئىش بولۇپ كەتتى بۇ . كۈتۈپ باقاي ... ئۇ ئاشۇنداق ۋەسۋەسىلىك خىياللار بىلەن توقال خوتۇنى ھەجەرخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ ، زادى قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ يەنىلا كۈتۈپ بېقىپ ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئەڭ ئاقىل چارە دەپ قارىدى . ئەگەر غاپپار بەگ خاتا ئاڭلاپ قېلىپ ، ماڭا يەتكۈزگەن بولسىچۇ ؟ مەن بۇنى ئۇلارغا يەتكۈزسەم ، كېيىن مېنى كىم ئېيتقان دەپ ... ئۇنىڭ كاللىسىنى گادىرماچ ئوي - خىياللار چىرمىۋالغانىدى .

بۇ كېچە شەھەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرىدىن گومىنداڭچىلار ئالاقزادە بولۇشۇپ ، ئوت قويۇش ئىشىنى تاشلاپ ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ ، قېچىشقا ئالدىرىدى . ئۇلار خەنزۇ ئائىلىكلەرنى بۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، ئوغرىلار كەلدى ! دەپ قورقۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى .

بۇلار قېچىپ ئايرودورمغا يېتىپ بارغاندا ، ۋەن گوتەي لەنشىڭنى چاقىردى . بۇ چاغدا ياڭ ھاكىمنىڭ كەينىگە قاراشقا ۋاقتى يوق ئىدى .

- لەنشىڭ ، سەن ئون بەش ئەسكەرنى باشلاپ ، سايىم خۇيجاڭنىڭ ئۆيدىكى يىغىنغا بارماقچى بولۇپ ياتقانلارنى ھەم سايىم خۇيجاڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت . سەندىن باشقىسى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ . بۇ ئاخىرقى قىممەتلىك ۋەزىپە ! جىڭغا بارغاندىن كېيىن قالغان ئىشنى شۇ يەردە سۆزلىشۋالىمىز -ھە -! دېدى كەسكىن ھالدا ، - ئوت قويۇش ئىشىنىغۇ قىلالمىدۇق ، مۇشۇنىمۇ بولسىمۇ قىلىپ كېتەيلى .

- خاتىرجەم بولۇڭ سىلىك ، بۇنى سىز دېگەندىنمۇ ياخشىراق ئورۇنلايمەن، خوش ، مەن كەتتىم ، سىلەر مېڭىۋېرىڭلار ، - ئۇ شۇنداق دەپ ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، تۈن كېچىدە غايىپ بولدى . ئۇ جىڭغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئەمەللەرنىڭ ئۆزىگە تېگىدىغانلىقى ھەققىدە شېرىن خىياللارغا غەرق - بولدى - دە جىسمىغا قايتىدىن جان كىردى.

لەنشىڭ سايىم خۇيجاڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ، ئونغا يېقىن ئەسكەرنى ئەتراپىنى كۆزىتىشكە قويۇپ ، ئۆزى بېرىپ دەرۋازىنى يېنىك قاقتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇچتىن ئالتە ئەسكەر تىك تۇراتتى.

ئالدىنئالا دەرۋازا ئىچىدىكى ئىشكىنى ئېچىپ بېرىشكە كېلىشىپ قويغان چاكار دەرھال كېلىپ ئىشكنى ئاستا ئاچتى .

- ئۇ قەيەردە ؟

- ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

- قالغانلارچۇ ؟

- ئاۋۇ يەردە ؟- چاكار گۈللۈك ساراي تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ ، كۆزىدىن غايىپ بولدى .

- مەن بىلەن ئىككىڭلار كىرىڭلار ، قالغانلار مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، ئاۋۋال سايىمنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئۇلارغا تۇتۇش قىلايلى ، يۈرۈڭلار -!سايىم خۇيجاڭ شەھەر ئىچىدە ئېتىلغان ئوقتىن چۆچۈپ ، ئەمدى گۈللۈك سارايدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ ، يوشۇرۇنۇش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە ، ئورنىدىن تۇردى .

دەل مۇشۇ چاغدا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ ، ئىشىك زەنجىرى يۇلۇنۇپ كەتتى - دە ، ئۆيگە لەنشىڭ ئىككى ئەسكەر بىلەن باستۇرۇپ كىردى . ھەجەرخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىقىرۋەتتى. لامپا چىراغ لىپىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. سايىم خۇيجاڭ چىراغنى ئۆچۈرمەسلىكنى ھەجەرخانغا ئېيتىپ قويغانىدى.

- چىرقىرايسەنغۇ قانجۇق ، سايىم دېگەن چوشقا قېنى ؟

- سىرتقا چىقىپ كېتىپ ، قايتىپ كەلمىدى - دېدى ھەجەرخان قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .

لەنشىڭ يۆگۈرگەندەك بېرىپ ، سايىم باينىڭ قىزى سائادەتنىڭ چېچىنى قامااللاپ تۇتتى. ئون ياشلاردىكى بۇ قىزنىڭ قوي كۆزلىرى قوقۇنچۇقتىن مۆلدۈرلەپ ، چىرايى ئاچچىق ئاغرىقتىن پۈرلىشىپ كەتتى.

- ئېيتە ، داداڭ قېنى ؟

- بىلمەيمەن ، - ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يىغلاپ تاشلىدى .

لەنشىڭ ئۇنى سىلكىپ تاشلىۋەتتى- دە ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى.

- سەن بۇ يەردىكەنسەن -دە ئەبلەخ .

- ئۆيۈم مۇشۇ تۇرسا ، مۇشۇ يەردە بولماي نەدە بولاتتى، - ئۇ بۇ چاغدا قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغانىدى . دېرىزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتسە ، خوتۇن - بالىلىرى بار...

- خوتۇنۇڭ بىلەن ياتماي ، بۇ يەردە يالغۇز يېتىپسەنغۇ ؟- دېدى لەنشىڭ سوغۇق كۈلۈپ ، ئاندىن بەتلەكلىك قورالدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى . ئوق سايىم خۇيجاڭنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى . سايىم خۇيجاڭ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىۋاتقىنىدا ئۇ كەينى - كەينىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتتى. ئوق سايىم خۇيجاڭنىڭ سول كۆكسىگە تەگدى، ئۇ يىقىلدى .

- يۈرۈڭلار ۋاقىت قىس ! ئۇلارنى جايلىۋېتىپ قايتايلى!

ھەجەرخان قورقۇپ كېتىپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى . بىر پەستىن كېيىن ، دېرىزىدىن سەكرەپ ، باغ تەرەپ بىلەن تامدىن ئارتىلىپ ، مەتنىياز قاسساپقا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. سائادەت تېخىمۇ ئەدەپ چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .

گۈللۈك سارايدىكىلەر بايىقى ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ، پاتپىراق بولۇشقىنىچە پول ئاستىغا ، ئات ئېغىلىغا مۆكۈۋېلىشتى .

لەنشىڭ گۈللۈك سارايغا كىرىپ قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى - دە، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قارىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. پول ئاستىدىكى ۋە ئات ئېغىلىدىكى كىشىلەر سەھەر ۋاقتى سايىم خۇيجاڭنىڭ دادىسى كېلىپ يىغلىغاندا ، جامائەت مەسچىتتىن كېلىپ ئاللا - توۋا قىلغاندا ئاندىن قورقۇمسىراپ ئاستا ھويلىغا چىقىشتى . سايىم خۇيجاڭنىڭ قىزى سائادەت تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەنىدى . [size][/color/]

[ بۇ يوللانما alturk تەرىپىدىن 2007-5-11 3:48:54 دە تەھرىرلەندى ]



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: shahzada
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-6 13:22:45

ياخشىمۇسىز نازاكەت خېنىم سىزنىڭ بىر پارچە رومانىنى توردا يېزىپ ئېلان قىلىشتەك بۇنداق تىرشچانلىقىڭىز ئىنچىكەھەم غەيرىتىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى .سىز چوقۇم يېزىپ تۈگىتەلەيسىز .بۇ رومانىنى سىز خېلى ياخشى چۈشەندىكەنسىز مۇشۇ رومان توغرلۇق سىزدىن سورايدىغان مەسىلىلەر بار ئىدى .ياردەم قىلالامسىزمۇ؟ خالىسىڭىز چچ نومىرىڭىزنى قالدۇرۇپ كويسىڭىز ياكى 164658151نى قاچىلىۋالسىڭىز .

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-8 15:49:03

رەھمەت سىزگە !
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! ھەممىڭلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلاردىن شۇنداقلا مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگىنىڭلاردىن ناھايتى خۇرسەنمەن ھەم چوڭقۇر تەشەككۇرىمنى بىلدۈرىمەن . مەن بۇ ئەسەرنى ئاخىرىغىچە يوللايمەن . ئەمما ۋاقتلىق بۇ ئەسەر توختىتىلىپ قويۇلدى . چۈنكى سىلەرمۇ كۆرگەنسىلەر < قانغا بويالغان سايرام > نى دارغا ئاسايلى دېگەن تېمىنى . مەن ئاۋۋال بۇ ئەسەرنىڭ ھەققىي ئاپتورىنى ئېنىقلاپ چىقاي . داۋامىنى شۇ چاغدا يوللاي ! ھەممىڭلارنىڭ توغرا چۈشىنىشنى ئۈمۈد قىلىمەن . مېنىڭمۇ يېرىمدا توختىتىپ قويغۇم يوق ئىدى . ئەمما مەن ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۋالمىسام بولمايدۇ . راستىنلا كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ، مەن شۇنداق سەممىي كۆڭلۈم بىلەن تورداشلارنى بىر ياخشى ئەسەردىن خەۋەردار قىلاي دېسەم ئاخىردا بۇ ئىش پەسكەشلىككە ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ھەققەتەن تولا دېگۈم كېلىدۇ. [em7]

---

يوللىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 12:29:56

ياخشىمۇسىز نازاكەت خانىم
سىز 0909دا بولغاچقا سىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى . مۇمكىن بولسا ئۆي تېلفۇن نۇمۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويالامسىز؟
سىز بىلەن تېلفۇندا ئالاقىلاشسام. رەھمەت سىزگە !

---

يوللىغۇچى: Parwasiz
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 13:06:05

نەقىل:

---

bahadirنىڭ *2007-1-28 13:56:31* دە يازغىنى:
Nazakat0909 نىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشى مېنى چەكسىز خىياللارغا مۇپتىلا قىلدى ؟
Nazakat0909 بۇ سۆزىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۇردى : << ھەرگىزمۇ يېرىمدا توختىتىلىپ قالمايدۇ !!! >>
سىزگە تەشەككۇر ................

---

[size=3][color=Red]مەنمۇ بەك تەسىرلەندىم . مۇشۇ تاپتا نازاكەت خانىمنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشىدىن تەسىرلىنىپ نازاكەت خانىمنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ئاشۇ قوللىرىنى تۇتۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ [em11]
سىزگە رەھمەت نازاكەت خانىم ....... داۋامىنى كۈرۈشكە بەك ئالدىراۋاتىمىز[/size] [em72] [color]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 13:28:01

ياخشىمۇسىز نازاكەت خانىم ؟
ئەسلى ھۆكۈمنى كۆرگەن ئوخشىمامسىز ، سىز يوللانمىڭىزدا [ مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ ئاپتورلىق ھوقوقى بېرىلىپتۇغۇ ؟ ] دەپ يېزىپسىز.
مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ . . . دىگەن پىكرىڭىزدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولۇدۇكى ، روزى مىراپ ئەپەندىدىن باشقا يەنە مۇھەممەتتىلى ھېلىمگىمۇ
ئاپتورلىق ھوقۇقى بېرىلىپتىغۇ ؟ مەنە چىقىپ تۇرۇپتۇ . مۇشۇ چاغدىمۇ يەنە نېمە ئۇچۇن روزى مىراپ ئەپەندىنىڭ مۇھەممەتتىلى ھېلىم بىلەن بولغان
ئوخشاش ھالەتتىكى ئاپتورلىق ھوقۇقىنى تىلغا ئېلىشتىن ياندىپ ئۆتۈپ كەتتىڭىز؟ ئەگەر سىزمۇ كېيىنكى يوللانمىلىرىڭىزدا مۇھەممەتتىلى ھېلىم بىلەن
روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭ قوش تەۋەلىكتىكى ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى تەڭ قوللانسىڭىز بۇ دەتالاشمۇ ئاخىرلاشقان بولاردى .
شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى ، مەن تۇنجى يوللانمامدا بۇنى [ قوش تەۋەلىك ھالەت ] دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن . ھەرگىزمۇ
نوقۇل مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭ ياكى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭ يەككە ئاپتورلىغىدا بولىدۇ ، دىيىلمىگەن . چۈنكى قانۇن نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە
تەدبىقلاشلار ئارقىلىق بۇ ئەسەرگە ئىككى ئاپتورنىڭ ئورتاق ھالەتتىكى ئىسىم يېزىش ھوقۇقىنى قوللىغان . مەنمۇ سىزنى چوقۇم قانۇنىي ھۆكۈم بويىچە
پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغۇ دەپ ئويلايمەن .
توورداشلارنىڭ سەمگە سالىدىغىنىم ، مەنكى Yadrookbexi يوللىغان يوللانما بىلەن ay qiwar خانىمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق .
ay qiwar خانىمغا ئۇچۇر يوللىماسلىغىڭلارنى ئۈمۈت قىلىمەن .
ھۆرمەتلىك ay qiwar مىنىڭ يوللانمام سەۋەبىدىن سىزگە مالاللىق يەتكەن بولسا سىزدىن ئەپۇ سورايمەن . چۈنكى ھەقىقەتنى سۆزلىمەك مانا مۇشۇنداق
جاپالىق بولىدىكەن . چۈنكى ھەقىقەت گاھىدا ئاچچىق بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ سىزگە سەممىي دوستلۇق قولۇمنى سۇنۇپ yadro ok bexidn !

---

يولىغۇچى: YADROOKBEXI
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 14:00:12

ياخشىمۇسىز پەرۋاسىز خانقىز ؟
سىز چىك تۇتۇپ قويماقچى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ۋە خاسىيەتلىك قول ئاشۇ پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نامىنى ئۆزى كۆرگەن ھۆكۈم بويىچە قوللانسا مەنمۇ ئۇ قولنى چىڭ سقىپ رەھمەت ئېيتاتتىم . نازاكەت خانقىز ئەسەرنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ ، لېكىن ئۆزى كۆرگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن ئىككى ئاپتورنىڭ نامىنى ئورتاق ھالەتتە ئىشلىتىشى شەرت . چۈنكى قانۇن ھۆكۈمى دەخلىسىزدۇر !
توورداشلارنىڭ سەمگە سالىدىغىنىم ، بۇ ئەسەرگە ئېچىلغان سوتقا مەنمۇ سىرتتىن قاتناشقان ئىدىم . مەن پەقەت ھەقىقەت روشەنلەشسە ، روزى مىراپ ياسىن
ئەپەندىگە يەنە ئادالەتسىزلىك بولمىسا دەيمەن .
ئىمكان بار مەن سىللەرنى مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭ قانۇنچىلىق گېزىتىدە روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىدىن ئەپۇ سوراپ يازغان خېتى ۋە روزى مىراپ
ياسىن ئەپەندىنىڭ مەزكۇر رومانغا بولغان ئاپتورلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھۆججىتى بىلەن تەمىنلەيمەن . بۇ نۇقتىنى مۇھەممەتتىلى ھېلىم
[ قانغا بويالغان سايرام ] رومانىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بولغان [ قانلىق ئىز ] رومانىدىمۇ ئېتىراپ قىلغان . سىللەرنىڭ [ قانلىق ئىز ] رومانىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى
كۆرۈپ بېقىشىڭلارنى ۋە بۇ ئىككى ئەسەردىكى 95% لىك ئورتاقلىقنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىڭلارنى ئۈمۈت قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 16:02:37

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم توورداشلار ۋە يادرو ئوق بېشى خانىم !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يادىرو ئوق بېشى خانىم سىز چ چ نومۇرىڭىزغا مېنى قوشۇش ھەققىدە ئۇچۇر يوللاپتىكەنسىز مەن سىزنى چچ غا قوشتۇم ھەم تېلفۇن
نومۇرۇمنى چ چ رىڭىزغا قالدۇرۇپ قويدۇم . تېلېفۇندا ئالاقە قىلسىڭىز بولىدۇ.
سىز ئەسەرنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىڭ ، مەن سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئاپتورنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېلىۋەتتىم ئىش
ئايدىڭلاشقاندا ئىككى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تەڭ قويىمەن دېگەن مەقسەتتە شۇنداق قىلدىم . بۇ ئىشقا سىزدىنمۇ بەك مەنمۇ ئىنتايىن ئېتىبار
بېرىپ كېلىۋاتىمەن .
توغرا مەن < مۇھەممەتئىلى ھېلىممۇ > ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ يازدىم ، چۈنكى مەنمۇ سىز يازغان ھاقارەتلەردىن ، ئۆزۈمنى
بېسىۋالالماي شۇنداق دېدىم ، بۇ ئەسەرگە ئىككى ئاپتورنىڭ ئوخشاشلا ئاپتورلۇق ھوقۇقى بېرىلىپتۇ . ئەگەر مۇھەممەتئىلى ھېلىمنىڭ
ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان بولسا ، مېنى نېمە دېسىڭىز ھەقلىق ئىدى . ئەمما مەنمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقىلا مەن كىتاپ
بويىچە پەقەت بىرلا ئاپتورنىڭ ئىسمى بويىچە يوللاپتىمەن . مەن نەچچە رەت دېدىم ، ئەگەر مېنىڭ راستىنلا خەۋىرىم بولسا سىزنىڭ بۇنداق
سېسىق گېپىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ ئولتۇرمايتتىم . باشتىلا ئىككى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تەڭ چىقىراتتىم شۇڭا مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپكەن يېرى بار. بۇ
تەرىپىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىسىز . مەن 0909 دا بولغىنىم ئۈچۈنلا مۇھەممەتئىلى ھېلىمنى تونۇشۇم مەجبۇرىيەت ئەمەس شۇنداققۇ ، مەن
شەھەرلىكلەرنى تونۇمايمەن ، ئۆزەم يېزىلىق ، ئەمما يېزىلىق بولسامۇ مېنىڭمۇ روزى مىراپ ئەپەندىمدەك ۋە باشقىلاردەك كىشىلىك
ئىززەت- ھۆرمەت ھوقۇقۇم بار. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادالەتنى ياقلايمەن . بۇ ئەسەر توغرىلىق چۈشەنچىمۇ يوللاپ قويدۇم ئايرىم تېما
قىلىپ .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 17:31:46

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم نازاكەت خانىم ،
سىزنىڭ ئادالەتنى ياقلاش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم . ئىللاتئاللا مۇقەددەس كىتاپتا [ ئۆزەڭلارنىڭ ئاتا -
ئاناڭلارنىڭ
پايدا - زىيىنىغا گۇۋالىق بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ ھەق رەۋىشتە گۇۋالىق بېرىڭلار ] دەپ ۋەھى قىلغان . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا
مەيلى مۇھەممەتتىلى
ھېلىم ياكى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندى بولسۇن ھېچقايسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتىم ياكى پايدا - زىيان مەنپەت توقۇنۇشۇم بولمىسىمۇ
ھەقىقەتنى
ھەق رەۋىشتە ئوتتۇرغا قويۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ جەرياندا سىز ۋە باشقا تورداشلارنى رەنجىتىپ قويغان بولسام سىللەردىن سەممىلىك بىلەن
ئەپۇ سورايمەن .
مىنى ئەڭ ئېچىندۇرغىنى ئاشۇ يىللاردا بىز ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ قانلىق جەڭ قىلغان ، ئازاتلىقتىن كېيىن قورال تۇتقان قولىدا قەلەم
تۇتۇپ شۇ يىللارنىڭ خاتىرىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىق ئۈستىلىدە مۈكچەيگەن بىر زاتنىڭ خەلق سوتىدا ئۆزىنىڭ بىر
كىشىلىك ھەققانىي ئورنىنى
تاپسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ قانۇن بەرگەن ئىسىم يېزىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقى بولدى .
گەرچە بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم سۈركىلۈشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ بۇنى سىزنىڭ ھەقىقەتنى ياقلاش يولىدىكى بىر
قەتىملىق مىننەتسىز
بەدەل دەپ توغرا چۈشۈنىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن . چۈنكى ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە بەدەل تۆلىشىمىزگە
توغرا كېلىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزنىڭ ئەمگىكىڭىزنىمۇ ، مۇھەممەتتىلى ھېلىمنىڭمۇ ۋە روزى مىراپ ياسىن ئەپەندىنىڭمۇ ئەمگىكىنى
ھۆرمەتلەيمەن . ئاخىرىدا سىزگە
سالامەتلىك تىلەش بىلەن بىللە بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ ئىككى ئاپتورنىڭ نامىنى مەزكۇر ئەسەر ئارقىلىق بارلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە
تونۇشتۇرۇشىڭىزنى
ئۈمىت قىلىمەن . بىز ھەق رەۋىشدىكى ھەر قانداق بىر قېرىنداشىمىزنىڭ ئەجرى بىلەن قەلبىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز . كۆڭلەرنىڭ
بىرىدە سىز بىلەن
دوستانە ھالدا دىدارلىششنى نىسىپ قىلغاي .
سىزگە بەركەت تىلەپ ؛ يادرو ئوق بېشىدىن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 18:09:38

رەھمەت سىزگە ! سىز ماڭا چ چ دا بىر ئۇچۇر قىلغان بولسىڭىز ، مەن ئەسلي ئاپتور يەنى روزى مىراپ ياسىن ئەپەندى بىلەن بىر
سۆزلەشمەكچى ئىدىم .
ئادالەتنى ياقلايدىغانلار يالغۇزلا سىز ياكى مەن ئەمەس بەلكى مۇشۇ مۇنبەردىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىدۇر ، ئۇلارمۇ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ھەقىقەت ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلىدۇ .

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 19:10:05

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بارلىق تورداشلار ! بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئۇقۇشماسلىقلار يېشىلدى . بۇ جەرياندا ماڭا ئىشەنگەن ماڭا مەدەت بەرگەن بارلىق تورداشلارغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن . بۇ ئەسەرنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان تورداشلار تېنىم سالامەت بولىدىكەن ، مەن بۇ ئەسەرنى چوقۇم ئاخىرىغىچە يوللايمەن ! سىلەرنى چوقۇم بۇنداق ياخشى بىر ئەسەردىن تولۇق خەۋەردار قىلىمەن . ئەمسە قېنى نەزىرىڭلار ئەسەرنىڭ داۋامىدا بولسۇن !!!

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 19:31:28

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
گومىنداڭنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پارتىزانلار دەرھال تىنتىش ئېلىپ باردى . چۆلدەرەپ قالغان بورتالا گارنىزون قوماندانلىق شتابى قورۇسىدا قەغەز پارچىلىرى ئاستا ئۈچۈپ يۈرەتتى. داۋۇت پالۋان رەت - رەت سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن بىردىنلا ئېتىنى كەينىگە بۇراپ ، ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە چاپتۇردى . ئۇنى غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد بولغانلىق خەۋىرى ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ تولۇق ئازاد بولغانلىق خەۋىرى ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ كۈنسېرى ئالغا ئىلگىرلەۋاتقانلىق جاسارىتى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ روھى بۇ خىل روھتىن جەڭگىۋارلىشىپ ، تارتقان جاپالىرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قېنى بارغانچە قىزىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماس دەرىجىسىگە يەتكەنىدى ...
ئۇلار جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ساقچى ئىدارىسىغا كەلدى - دە ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى .
_ داۋۇتكا ماۋۇ ئۆيدە جەسەتلەر تۇرىدۇ، - دېدى سىدىق كۆككۆز كۆزلىرىنى چىملداتقىنىچە چوڭراق بىر خانىنى كۆرسىتىپ .
داۋۇت پالۋان كىلىپ ئۇلارغا زەن سېلىپ قارىدى . زاكىر قۇلارق ، تۇرسۇن تىكىتىك ، ھاشىم ماشكا، ئايىسخان ، ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ جەستى بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتاتتى.
_ خائىن دېگەنگە ھەر ئىككى تەرەپتىن ياخشى كۈن يوق -دە، بۇلار ئاسان ئۆلۈپتۇ ، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولۇپ سۆرىلىپ يۈرگەن بولسا ... ھەي ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ ئەجەپ ياخشى بوپتۇ ، - دېدى بىر پارتىزان .
_ بۇلارنى يەرلىكدە قويۇۋېتەيلى ،- دېدى داۋۇت پالۋان ئېچىنىش بىلەن .
_ بۇلار بىزگە شۇنچە ئەسكىلكلەرنى قىلغان تۇرسا نېمىشقا يەرلىكدە قويىمىز ؟- قاسىم جودا ئۆڭدى .
- بۇلار ئازغان بەندىلەر ، كەڭ قورساق بولايلى .
_ داۋۇتكا ، بۇ يەردە يەنە جەسەت تۇرىدۇ ؟
داۋۇت پالۋان يۈگۈرۈپ ، ئەڭ چەتتىكى ئۆيگە كىردى . قالغانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىشتى .
بىر نەچچىلىگەن جەسەتلەر ئارىسىدا ئابدۇللا بىلەن راخماننىڭ جەستى تۇراتتى. بۇلار تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى .
_ تاش يۈرەك جاللاتلار ، بۇلارنى ئەجەپمۇ قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ ! تۆتىڭلار بۇ يەردە قېلىپ قالغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار . ئۇلارنىڭ نەگە قاچقانلىقىنى ، قايسى يول بىلەن كەتكەنلىكىنى بىلىپ كەينىدىن قوغلايلى . ئاناڭنى ، خەپ !
پارتىزانلارنىڭ قانلىرى قىزىپ ، قان تولغان كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى . داۋۇت پالۋاننىڭ بەدەنلىرى چىڭقىلىپ ، ئېغىر تىنىدى - دە ئات تەرەپكە ماڭدى .
بۇلار چوڭ كوچىغا چىققاندا ، ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر مىلتىقلىرىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
_ ئازاد بولدۇق ! يۇرتىمىز ئازاد بولدى !
- ئەركىنلىككە چىقتۇق ئەي ئەزىز خەلقىم ! ھۆر بولدۇق ، يۇرتىمىز ئازاد بولدى !
كوچىدا توپلانغان خەلق ئۇلارنى ئالقىشلاپ ۋارقىراۋاتاتتى.
_ ياشاپ كەت داۋۇت پالۋان !!!
_ ياشاپ كەت ھاپىز قارى !
- ياشاپ كەت ئاسىم دوختۇر !
_ ......
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى سىرغىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ياڭراق سادالار بۇ يۇرتنى لەرزىگە سالاتتى. ئاسماندا قاپاق ئېسىلغان كەپتەرلەر غۇڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇۋاتاتتى. توپ ئارىسىدا تۇرغان چىمەنگۈل ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ قۇربانىنى ئىزدەيتتى .
بايخان ئاستا قەدەم بىلەن ، داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىغا كەلدى - دە ، دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەندەك تۇرۇپ قالدى . داۋۇت پالۋان خەلققە


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قاراپ غەمكىن تۇرۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمىدىكى جەسەتلەر نېرى كەتمەيۋاتاتتى. بايخان دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى.
_ داۋۇت ، سايىمباينى لەنىشك ئېتىۋېتىپتۇ .
_ نېمە ؟- داۋۇت پالۋاننىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ سەلدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ، - ئاناڭنى ئېتىنىڭ بالىسى ! ئۆلۈمگە كېيىن بارساقمۇ بولىدۇ. ئاۋۋال ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ قىساس ئالايلى ، - دېدى ئۇ كۆكلى بۇزۇلغان هالدا . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىنى بېقىنداپ تېپ تويلانغان خەلق ئالدىغا باردى - دە ، ئۇلارغا قاراپ سۆز قىلدى :
_ هۆرمەتلىك يۇرت خەلقى ، بۈگۈن بىز يۇرتىمىزدىن زومگەر، جاللاتلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ، هەقىقي ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق . سىلەر نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭلار ، خۇدا بىزگە مەغپىرەت ئاتا قىلىپ ، ئۆزىمىزنى خان ، ئۆزىمىزنى بەگ قىلدى . سىلەر ئەمدى ئېزىلىش، خورلىنىش ، كەمسىتىش بولمىغان يېڭى بىر دۇنيادا ياشايسىلەر . بىز پارتىزانلار دۈشمەن ئارقىدىن قوغلاپ ئۇلارغا زەربە بېرىمىز. سىلەر سايىمباينىڭ ۋە تۈرمىدە ئۇلار ۋەهشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ، ئەل - خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىگە قويۇۋېتىڭلار . قېنى ئوغلانلار جەڭگە ئاتلىنايلى !
_ سىلەرگە خۇدادىن مەدەت تىلەيمىز ، - خەلق توپىدىن ياڭرىغان گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازلار بوشلۇقنى لەرزىگە سالدى .
_ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق ! - دېيىشتى بىر قىسىملار .
_ جامائەت ، ۋاقىت قىس ، بىز ماڭمىساق بولمايدۇ ، چوڭلاردىن بىر قانچىسىنى ئېلىۋالايلى .
جامائەت دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋىلىنىپ ، چىرايىدا بەخت قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. پارتىزانلار شىددەت بىلەن هۇررا ، چۇقان سادالىرىنى ياڭرىتىپ ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇپ بېرىشتى .

داۋامى بار..... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-9 20:39:23

ياۋۇز ئەپەندىم !
مۇمكىن بولسا 781989781 نى چ چ رىڭىزغا قاچىلاپ قويغان بولسىڭىز . سىزنى مالال قىلدىم. رەهمەت.

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-10 9:33:30

[color=Blue][size=4]_ بىز يولۋاسبەگ ، موللا شاكىيۇ، هېكىمباينىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ باقايلى ، بۇلار قايسى يول بىلەن قاچىتىكىن ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .
_ بولىدۇر ، شۇنداق قىلايلى .
ئۇلار موللا شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئۇ ئات ئېغىلىغا مۆكۈۋالغانىدى . ئۇنى هاپىز قارى ئىتتى سۆرىگەندەك سۆرەپ چىقتى .
_ ئۇنىڭغا تېگىشمەڭلار ، چوڭ ئادەم ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا باردى ، - ئۇلار قېنى ؟
_ كىم ؟- دېدى موللا شاكىيۇ جالاقلاپ تىترەپ .
_ ئاناڭنى ، گومىنداڭلارنى دەيدۇ ؟ بىلمەس بولۇۋالغىنىنى ، ئەمدى خەلق ئالدىدا يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ قانداقمۇ ياشارسەن ؟- دېدى سىدىق كۆككۆز ئۇنىڭغا ئالىيپ .
_ بىلمەيمەن ، راست بىلمەيمەن ، بىز شۇ كۈنى سايىم خۇيجانىڭ ئۆيىدە ئىدۇق ، خۇدا هەققى .
_ ئاسىم ، سەن يولۋاسبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باق ، مەن هېكىمباينىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي .
داۋۇت پالۋان هېكىمباينىڭ ئۆيىگە بارغاندا، قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى . پارتىزان يىگىتلەر ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى .
_ بۇ يەردىكەن ، - دېدى سىدىق كۆككۆز هېكىمباينى مەڭگەن ئارىسىدىن سۆرەپ چىقىپ ، - ماڭ ! ئاناڭنى نېمانچىلىك قورقسەن ، سولامچى چوشقا ! - سىدىق كۆككۆز ئاچچىقى بىلەن ئۇنى بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى .
_ ئۇنداق قىلما سىدىق ! - ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇنداق چاپانلارغا ئىچ ئاغرىتىش گۇناھ، بۇلار هامان بىركۈنى چاقىدۇ ، - دېدى سىدىق كۆككۆز هېكىمباينى داۋۇت پالۋاننىڭ ئالدىغا ئەسكى پالازنى تاشلىغاندەك تاشلاپ .
_ گومىنداڭلار نەگە كەتتى ؟
_ سىلەر قوغلىماڭلار ، ئۇلار ئايرودورومدا ، ئادىمى كۆپ .... سىلەر بارماڭلار ، بىكار قىرىۋېتىدۇ.... خۇش بولۇپ كېتەي ، سىلەر نېمە دېسەڭلار بېرەي ، - دېدى ئۇ تەۋەككۇلگە يالغان سۆزلەپ .
_ قىرىۋېتىدۇ دەۋاتامسەن ، ئاناڭنى ! بىز كىم ، ئۇ كىم ! - قاسىم جودا ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر تېپىپلا دومىلىتىۋەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ نېمانداق قىلسەن قاسىم ! - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇ چوشقا توڭگۇزغا بىر پەشۋا ئازلىق قىلدۇ. مېنى نېمە قىلىشساڭ قىلىش .... _ قاسىم جودا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى . داۋۇت پالۋان ئۇنى تۇتۇۋالدى .
_ جىم تۇرغان ئادەمنى ئۇرۇش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇرىدىغان ئىش ئالدىڭدا تېخى . يۈر ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلايلى .
_ تۇفى سولامچى لاتا ! خەپ سېنى !
ئۆي ئىچىدىن يىغا - زار ئاڭلاندى . ئۇلار قورقۇپ سىرتقا چىقالمايۋاتقانىدى . پارتىزانلار ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ھېكىمباينى يۆلەشتى . بۇ ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئىدى . چوڭ ئوغلى دادىسىغا يىرگىنىش ھەم ئېچىنىش بىلەن قاراۋاتاتتى.
_ يولۋاسبەگ ئۆيدە يوقكەن ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم ، - دېدى ئاسىم دوختۇر داۋۇت پالۋان بىلەن ئۇچرىشىپ .
_ يۈرۈڭلار ئايرودورومغا ....
ئۇلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ، مەھەللە ئىچىدىن شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن چىقىپ كېتىشتى . ئات تۇياقلىرى ئاپئاق قارلارنى ھەر تەرەپكە چاچاتتى . يولدا ئۇچراشقان كىشلەر بۇلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىشاتتى.
ئۇلار كەڭ دالاغا چىققاندا ، دۈشمەنلەر خىرە _ شىرە كۆرۈندى .
_ ئەنە ئاۋۇ يەردىكەن ....
ئۇلار ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇشتى . دۈشمەنلەر بارا - بارا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشكە قارىماي قېچىۋاتاتتى. بۇلار يېقىنلاپ بارغانسېرى پىيادىلەر بۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى .
_ ياخشى ، ئەسىرگە چۈشسە بىرنىمۇ ئاتقىلى بولمايتتى ، قارشىلىق كۆرسەتكىنى بەك ئوبدان ئىش بولدى ، - دېدى قاسىم جودا ئاتتىن كېتىپ بېرىپ . ئاندىن ئات يۈگىنىنى قويۇۋېتىپ ، قورالنى قولىغا ئالدى .
_ ئاتايلى !
ئۇلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ، بىر نەچچە دۈشمەنلەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.
_ پۇقرالارنى ئاتماڭلار ! - ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان ، -ئاتتىن چۈشۈپ ھۇقۇم قىلايلى .
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇلارغا ھۇقۇم قىلدى . قاسىم جودا ئاتتىن چۈشمەي ، ئۇلارنى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىۋاتاتتى.
_ قاسىم ، بولدى قىل ئۇلار ئەل بولدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان قاسىم جوداغا پەخىرلىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ .
بۇ چاغدا لەنشىك ، ۋەن گوتەي ، ۋۇ شاۋتەنلەر قېچىپ ئۈلگۈرۈشكەنىدى .
_ ئەستا، لەنشىڭنىڭ قېچىپ كەتكىنى ئەجەپ يامان بولدى ، - دېدى ھاپىز قارى ھەسرەت چېكىپ .
_ ۋەن گوتەي بىلەن ۋۇ شاۋتەننىڭ قېچىپ كەتكىنىچۇ ؟
_ ئالدىرماڭلار ، خۇدا بۇيرىسا ، ئۇلارمۇ بىر كۈنى ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ .
_ توغرا دېدىڭ ، ئۇلار جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ . بىزدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، ئىلى پارتىزانلىرىغا تۇتۇلىدۇ . شۇنداق جاھان بۇ ....
_بۇ يەردە قۇربان بىلەن تۇرداخۇن بولسا نېمىلەرنى دەۋەتەتتى_ ھە ، ئۇلارنى ئەجەپمۇ سېغىندىغۇ كىشى .
_ ئۇلار ئارشاڭدا ئېردەنىگە چاقچاق قىلىپ ياتامدىكىن .
_ بىز شەھەرگە كىرىپ ، كۆپ تۇرمايلا ئارشاڭغا ئاتلىنىمىز ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
_ بۇ گەپ جايىدا بولدى ، - دېدى قاسىم جودا ، ئەسىرگە ئالغان بۇ ئەسكەرلەرگە ئالىيىپ قويۇپ .
ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان خەنزۇ پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر بۇلارغا قورقۇمسىراپ قارايتتى. بۇلارنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، ئەسكى جۇۋا ، سالۋا قۇلاقچىلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر سۈرلۈك ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى . بۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى غەزەپتىن ئوت ئالغان كۆزلىرىنى ، يوغان بەستلىك قامىتىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنمەي قالمايتتى.
ئۇرۇش مالمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ، بىر قىسىم كىشلەر بۇ يەردىكى بايلارنىڭ نەچچە مىڭ تۇياق ماللىرىنى سوۋېت تەرەپكە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەنىدى . بۇنى ئاڭلىغان بايلار گاراڭ بولۇشۇپ ، بىر قىسىملا بولۇپ قېلىشتى .
بايخاننىڭ شادلىقى ئەۋجىگە چىقىپ ، بىردە ئۇسسۇل ئوينىسا ، بىردە ناخشا ئېيتاتتى.
پەرۋاز قىلدى بۈركۈتلەر،
بورانلاردا تاۋلىنىپ .
قۇيرۇق تىقتى تۈلكىلەر ،
بەدەر قېچىپ ، شۈمشىيىپ .
_ ياشا بايخان ، ياشايدىغان زامان كەلدى !- دېيىشەتتى كىشلەر . بىر چاغدا بايخان بىردىنلا زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى ئويلاپ قالدى - دە ، ئالدىراش ھالدا داۋۇت پالۋاننىڭ يېنىغا يۈگۈردى .
ئېردەنى بورتالا شەھرىنىڭ ئازاد بولغانلىقى خەۋرىنى ئاڭلاپ دەرھال شەھەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن ھايال بولغاندىن كېيىن ، داۋۇت پالۋان بىلەن بىرلىكتە يەنە ئارشاڭغا يۈرۈپ كەتتى. يۇرت خىگلىقى ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قالدى .

داۋامى بار .... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-11 18:01:55


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

[center][size=4][color=Blue]ئون تۆتىنچى باب قوغلاپ زەربە بېرىش [/center]
[center]1[/center]
يامۇلغا قاملىپ قالغان دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە ياتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتتى.
چىن تۆەنجاڭ دەكەي بىلەن باراچالنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ ، بورتالا شەھىرىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ھەم سەنتەيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ تەلتۆكۈس يوقىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.
_ ھەممىسى قورقۇنچاق نېمىلەر، ئاناڭنى ، بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ .... - ئۇ ئۇلارنى ھە دەپ تىللايتتى، قاغايتتى. قاپاقلىرى قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان بولۇپ ، يۈزلىرى لىپىلداپ تىترەپ كېتىپ باراتتى. ئىچىگە چاشقان كىرىۋالغاندەك بىئارام بولاتتى. يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىيتتى. باشلىرى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. << ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ، توغرا بىزمۇ چېكىنىش يولى ئىزدەپ قېچىشىمىز ، ئۆز جېنىمىزنى قۇتقۇلدۇرشىمىز لازىم . خەپ ! ۋەن سىلىك دېگەن ئەبلەخنى كۆرسەم ئېتىۋەتمەيدىغان بولسام ، چىن تۆەنجاڭ بولماي كېتەي .... >> ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى - دە :
_ مۇھاپىزەتچى ، سەن يىڭجاڭلارنى يىغىپ كەل ! - دەپ ۋارقىرىدى .
_ خوپ ! - دېدى قورقىنىدىن تىك تۇرغان ئەسكەر دەرھال جاۋاب بېرىپ ، ئاندىن ئۇ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
كۆزلىرى پارقىراپ ئالاقىزادە بولۇشقان يىڭجاڭ ، لىيەنجاڭ ، پەيجاڭلار ئېھتىيات بىلەن چىن تۆەنجاڭنىڭ كۆزىگە قارىغىنىچە كىرىپ كېلىشتى .
_ ئولتۇرۇڭلار ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ ، ئۇلار قورۇنۇپراق ئولتۇرۇشتى - دە ، چىن تۆەنجاڭغا قاراشتى . چىن تۆەنجاڭ بۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى .
_ بىزنىڭ كۈنىمىز بارغانسېرى يامانلاشقىلى تۇردى . ئاشلىقىمۇ قىسلىۋاتىمىز ، ئاڭلىسام شەھەردىكىلەر قېچىپ ، جىڭغا كىرىپ بوپتۇ . ئەسلى شۇلار بىزنى چاقىرتىپ كەلگەن ، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ قېچىشتى . كەڭساي ، سەنتەيلەرمۇ ئوغرىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، - دېدى ئۇ ئۆزى << قاچايلى >> دېگەن سۆزنى ئېيتىشتىن نومۇس قىلىپ ، باشقىلارغا دېگۈزۈش ئۈچۈن .
_ بىزمۇ قاچايلى ، - دېدى خەن فامىلىلىك يىڭجاڭ .
_ توغرا بىزمۇ قېچىشىمىز كېرەك .
_ ئۇلار قاچقاندىن كېيىن بىز قاچمامدۇق ؟
_ قېچىپ ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇلدۇرايلى .
ئۇلار بۇ سۆزنى دېيىلمەي يۈرەتتى . ئەمدى قېچىش توغرۇلۇق بەس - بەستە پىكىر قىلىشتى . تۆەنجاڭنىڭ مەسلىھەت ئارىلاش دېگەن بۇ سۆزى ئۇلارغا تازىمۇ ياقتى .
_ بوپتۇ تەلىپىڭلار بويىچە بىزمۇ قاچايلى ، ئۇنداقتا قانداق قېچىش كېرەك ؟ مۇھاسىرىنى قانداق بۆسۈپ چىقىپ كېتىمىز ؟- دېدى چىن تۆەنجاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، ھېچ ئىش بىلمەيدىغاندەك قىياپەتتە .
_ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى دەكەي بىلەن باراچال ئوبدان بىلىدۇ ، ئۇلار قېچىشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپالايدۇ ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .
_ ئۇنداق بولسا دەكەي بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي .
_ دوكلات باشلىق ، پارتىزانلار ئۈچ نەپەر خەنزۇنى بىزگە كېلىشىم شەرتى تۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ .
_ بەك ياخشى بوپتۇ ؟- دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ ، - ئۇلار كىرسۇن .
ياپما قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كۆزلىرى كۆرۈنمەي قالغان ، يۈزلىرى خالتىلىشىپ ، كالپۇكلىرى ساڭگىلىغان ئەللىك ياشلاردىكى ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى .
_ ياخشىمۇ سىلەر ، قېنى ئولتۇرۇڭلار .
ئۇلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ جايلىشىۋالدى .
_ ھە سىلەرنى نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتتى ؟- دېدى چىن تۆەنجاڭ ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، تاماكا ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ .
_ بىزنى ، - دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ھېجىيىپ قويۇپ ، - ئوغرىلار مۇنداق تەلەپنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق شۇنداقمۇ ؟ ئېگىلىگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ ...
_ قېنى قورقماي ئېيتىۋېرىڭ .
_ ئۇلارنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن ، قان تۆكمەسلىك شەرتى ئاستىدا، سىلەرنى قورال تاپشۇرۇپ ياخشىلىقچە تەسلىم بولسا، بىز ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىمىز. ئەگەر ، جاھىللىق بىلەن قورال تاپشۇرماي قارشىلىق قىلىۋەرسە ، بىز يامۇلنى مىناميوت ، زەمبىرەك بىلەن پارتىلىتىپ ھەممە يەرنى تۈزلىۋېتىمىز ، دەيدۇ .
بۇنى ئاڭلىغان چىن تۆەنجاڭنىڭ چىرايى كۆكىرىپ ، يۈرىكىگە تۇيۇقسىز خەنجەر ئۇرغاندەك بولدى . ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، كېيىنكى ئىشنى ئويلاپ سەل ئۆزىگە كېلىۋالدى .
_ بوپتۇ ، بىز ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىمىز.
_ تۆەنجاڭ ... بۇ ... بۇ....
_ بولدى ،سۆزلىمە .
_ ئۇلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .
_ بىزنىڭمۇ ئۈچ شەرتىمىز بار ، ئۇلارغا يەتكۈزۈڭلار .
_ قانداق شەرت، ئېيتسىلا ، - دېدى ئەلچىلەرنىڭ بىرى ئالدىراپ سوراپ .
_ بىرىنچىدىن ، بىز ئەتە 21- چىسلا سائەت ئوندا قورال تاپشۇرىمىز . ئىككىنچىدىن ، ھازىردىن باشلاپ بىز قورال تاپشۇرغانغا قەدەر ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق ، گىرانات ئېتىلمىسۇن . ئۈچىنچىدىن ، بىز قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ ئامانلىقىمىزغا كېپىللىك قىلسۇن ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تۆگدى .

_ بولىدۇ ، بىز چىقىپ بۇ تەلەپنى يەتكۈزىمىز . ئۇلار بۇ تەلەپنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ… - دېدى ئەلچىلەرنىڭ بىرى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

_ تەلىپىمىزنى ئوبدانراق ئۇقتۇرۇپ قويارسىلەر - ھە ، تەلىپىمىزنى ئۇققانسىلەر ؟

_ ئۇقتۇق ، ئۇقتۇق ، بىز قېرىنداش ئەمەسمۇ ؟- ئوبدان يەتكۈزىمىز ، - ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى .

_ ھا… ھا…. ھا… بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى - دە .

_ قانداق ياخشى ئىش بولسۇن تۆەنجاڭ ؟ بىز قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولساق ، ئوغرىلار بىزنى ساق قويارمۇ ، ئۇنىڭدىن ئېلىشىپ كۆرمەمدۇق ، - دېدى خەن يىڭجاڭ .

_ ھەي نېمە دەيدىغانسەن ، ئۇلار بىزنى قورال تاپشۇرىدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇشۇپ ، جەڭگىۋارلىقنى يوقىتىدۇ ، بىز يېرىم كېچىدە …

_ ھا …. ھا …. ھا … توغرا ، توغرا ….

_ ئۇنداق بولسا تەييارلىقنى كۈچەيتىپ ، ئۆزلىرىمىزگە ياخشى ئاتلارنى تاللىۋالايلى .

_ سىز بەك ئەقىللىق جۇمۇ ؟ جۇڭگې لياڭمۇ سىزگە يەتمەيدۇ ، - دېدى بىر پەيجاڭ چىن تۆەنجاڭنىڭ كەيپى ساز ۋاقتىدا خۇشامەت قىلىپ .

_ نەدىكىنى ، - دېدى چىن تۆەنجاڭ بىردىنلا پەرىشان بولۇپ ، - بىز تاغ باغرى بىلەن شىخوغا قېچىشىمىز كېرەك ، - ئۇنى تۈرلۈك ئوي - خىياللار چىرمىۋالدى . << بۇلار ھەقىقەتەن باتۇركەن ، ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مىلتىق ئاتسا ، خۇددى يەرگە يېتىۋېلىپ تۇرۇپ ئاتقاندەك ئاتىدىكەن . بىز خېلى مەزگىل تەربىيەلەنسەك بولغۇدەك . بۇلار نېمىدېگەن قورقماس … >> ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . يىغىندىكىلەر ئاللىبۇرۇن چىقىپ كېتىشكەنىدى .

ئەڭ باتۇر ۋە ئەڭ ئاقىل ئادەملەر ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ . _ ف لادوشفىك

داۋامى بار . [/color][size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-15 12:35:12

[color=Blue][size=4][center]2[/center]

پارتىزانلار يامۇلنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى جايىدىن يۆتكىلىپ ، يامۇلنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرىپىنى قورشاشنى كۈچەيتتى.

_ بۇنداق قىلساق بولمايتتى ئېردەنى ، ئادەملىرىمىز شۇ يەردە تۇرۇۋەرسە بولاتتى ، - دېدى داۋۇت پالۋان خاتىرجەمسىزلىنىپ .

_ ياق ، بىز مۇشۇ تەرەپتىكى قورشاۋنى كۈچەيتىپ تۇرايلى . دۈشمەن بىزنى ئالداپ قويۇپ مۇشۇ يەردىن ھۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن .

_ ئۇلار ھالسىرىغان ۋاقتىتا ھۇجۇم قىلىپ كىرسەك بولاتتى ، نېمە قورقىمىز ئۇلاردىن .

_ بىر بولسا ئۇلار تەسلىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، ئەگەر ھۇجۇم قىلىپ قالسا چوقۇم مۇشۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. كۈچنى مەركەزلەشتۈرگەن ياخشى .

_ ئەگەر ئۇلار ھۇجۇم قىلماي ، تەسلىم بولماي يېتىۋالسىچۇ ؟

_ ئۇلار ھازىر دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ . پارتىزانلار ھەممە يەردە بار دەپ ئويلايدۇ . تولا غەم قىلما …

_ بىز تاش سانىساق باشقىلار قۇم ساناپ يۈرىدىكەن .

_ بولدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ نازارەتنى كۈچەيتەيلى .

پارتىزانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يامۇلنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن جەنۇبىي تەرىپىنى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ جىمجىت ئىدى . قاراڭغۇلۇق زېمىننى ئەسىر قىلغان بولۇپ ، سوغۇق شامال يۈزلەرنى ئېچىشتۇراتتى.

پارتىزانلار قېلىن ، تاشلىرى يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان جۇۋىلارغا ئورۇنۇپ ، ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇلار بۇ كېيىملىرىنى سالماي يۈرۈشكىنىگە قانچىلىك ۋاقىتلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى .

ئەتىگەن سائەت ئون بىرلەردە يامۇلدىن بىر قازاق ئايال ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ ، پارتىزانلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ كەلگۈچە پارتىزانلار سۈكۈت قىلىپ تۇردى . ھەممىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى. ئۇ ھاسىرەپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى - دە ، بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ :

_ ئۇلار قېچىپتۇ ، - دېدى ئارانلا .

_ ۋاي ئاناڭنى ! - دېدى داۋۇت پالۋان مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ، - بىزنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرگىنىنى قارا ، ئاناڭنى خەپ !

_ ئەستا ، داۋۇت گېپىڭىزگە كىرسەممۇ بوپتىكەن ، خاتا ئويلاپ قاپتىمەن ، - دېدى ئېردەنى ئەلەم بىلەن خۇرسىنىپ .

_ يۈرۈڭلار ئۇلارنى قوغلايلى !- دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلماي .

_ ئاتلىنايلى ! - دەپ ۋارقىرىدى قارا قاۋان بىلەن ناسراخۇن .

ئۇلار ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئېردەنى پارتىزانلىرى شىددەت بىلەن ئاتلاندى .

ئۇلار ئاتلىرىنى يۈگۈرۈتۈپ چاپقانسېرى يول يەنە ئاۋۇمايۋاتقاندەك ، ئەكسىچە ئۇزىراپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلىشىپ ، ئاتلىرىنى توختىماي قامچىلايتتى. سەر خىل ئاتلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك يۇلقۇنۇپ - يۇلقۇنۇپ كۈچەپ چاپاتتى. پارتىزانلار ئاتتا مىختەك


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يەملىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.
ئۇلار شەھەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى جىگدە بۇلاققا يېتىپ بارغىنىدا ، دۈشمەنلەر بۇلارنى كۆرۈپ پېتىراپ كېتىشتى .
_ ئېتىڭلار ئۇلارنى ! - دېدى داۋۇت پالۋان قۇرالىنى بەتلەپ .
پارتىزانلار كۆزگە ئېلىنغانىنى دومىلتۇېتىپ باراتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئاتتا كەينىچىلەپ ئولتۇرۇېلىپ ، مىلتىقىدىن توختىماي ئوق ئۈزەتتى .
_ نېمە قېچىپ ئاۋارە بولۇپ جېنىنى قىينايدىغاندۇ بۇلار، ئىچمىنى سىقىپ ، - دەپ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەيتتى تۇردىئاخۇن ھەر قېتىم قورال بەتلىگەندەك .
ئۇلار بۇ يەردە پېتىراپ يۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ، يەنە ئالغا ئىلگىرلىدى .
تۆپتۈز دالىدا خۇدىنى يوقىتىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئون بەشتەك ئەسكەر بۇلارنى كۆرۈپ دەرھال تەسلىم بولۇشتى .

داۋامى بار....[/color/][size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-5-16 12:02:05

[color=Blue][size=4]_ بۇلارنى باغلاڭلار ... يۇسۇپ بىلەن سېتىۋالدى شەھەرگە ئېلىپ كەتسۇن ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئالدىراش ھالدا .
پارتىزان يىگىتلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ ، يۇسۇپ بىلەن سېتىۋالدىنىڭ ئالدىغا سېلىپ بەردى .
_ يولدا ئېھتىيات قىلىپ مېڭىڭلار .
_ بولىدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ .
_ يۈرۈڭلار ئاتلىنايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇلار چۆقان سادالىرى بىلەن ئالغا ئىلگىرلىدى . قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالا تاغلار ئۇلارغا ھەۋەسلەنگەندەك ، پەخىرلىنىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر بۈركۈت تاغ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتاتتى.
پارتىزانلار قويتاشقا يېتىپ بارغىنىدا ، يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسكەر ئاتلىرىنى توختىتىپ قويۇپ ، بۇلاقتىن خاتىرجەم ھالدا سۇ ئىچىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى.
_ قارا ئاۋۇ گۈيلارنىڭ سۇ ئىچىپ كېتىشلىرىنى ، ھېلى سۇ ئىچكەن ئېغىزلىرىڭدىن قان ئاقىدۇ، - قۇربان شۇنداق دېدى - دە ، بىر ئەسكەرنىڭ چېكىسىگە ئاتتى.
_ بۇيرۇق چۈشمەستىنلا ئاتساڭ قانداق بولىدۇ ؟- دەپ خاپا بولدى ياسىنجان .
_ قانداق بولاتتى، چوشقىدەك چىرقىراپ دومىلاپ كېتىدۇ ، - دېدى قۇربان ھېچ ئىش بولمىغاندەك .
_ ئېتىڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان غەزەپ بىلەن .
دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرۋاتاتتى.
_ مەن ئاشۇلارنىڭ بىزگە ئوق چىقىرىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ، - دېدى قاسىم جودا قورالىنى بەتلەۋېتىپ .
پارتىزانلار ئۇلارنى چەنلەپ تۇرۇپ ، تىك موللاق ئاتقۇزاتتى.
_ ئەجەپ چەنلىگەن يېرىمگە تەگدى ، - دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ خۇشال بولۇپ .
_ توختاڭلار ! - دەپ ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان ، - ئۇلار ئەل بولدى ، ئۈچ ئەسكەر قول كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ... كۆرمەيۋاتامسەن قاسىم ...
_ كۆرۈۋاتىمەن ، كۆرگەچكە ئېتىۋاتىمەنغۇ ؟- دېدى قېنى قىزىپ كەتكەن قاسىم جودا .
_ ئاتما ، قورالىڭنى چۈشۈر دەيمەن !
_ داۋۇتكا بولدى ئېتىۋېتەيلى ، نېمە قىلىمىز ئۇلارنى ئېتىۋەتمەي ، لوق گۆشتەك ئالدىمىزغا كېلىۋاتىدۇ، - دېدى قاسىم جودا يەنە .
_ ئاتماڭلار ، دەرھال قورالنى چۈشۈرۈڭلار ، ئەل بولغاننى ئاتقان نەدە بار ؟
تۆيۈقسىز كەينى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتا ئۈچ ئەسكەر ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى .
_ ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنى ئېتىۋەتتى ، - دېدى تۇردىئاخۇن .
_ ئېتىۋەتكىنى ئوغۇل بالىكەن ، ئەل بولغىچە ئېلىشسا بولمامدۇ بىز بىلەن ، - دېدى قارا قاۋان بوم ئاۋازدا .
_ ئۇلار ئۆز ئارا سوقۇشۇۋاتىدۇ ، قارا بىرىسنى ئېتىۋەتتى.....
دۈشمەنلەر ئەل بولۇپ ماڭغانلارنى ئېتىۋەتكەن ئەسكەرنى < سەن ئۇلارنى نېمشقا ئېتىۋېتىسەن ، بىز ئەل بولمىساق ، ئۇلار ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدۇ >> دەپ ، ئۇنى ئېتىۋەتكەندى . ئاندىن قالغانلىرى قول كۆتۈرۈپ ئەل بولۇپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى .
_ بۇلارنى باغلاڭلار ، ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ مېڭىڭلار.
پارتىزانلار ئۇلارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاشتى ، بۇلار چىن تۆەنجاڭ بىلەن خەن يىڭجاڭلار ئىدى .
_ چىن تۆەنجاڭ جانابلىرى ، - دېدى تۇردىئاخۇن ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ ، ئەتراپىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ تۇرۇپ ، - سىزنى بۇ ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم . ئەپسۇس، بىز بەكمۇ يامان چاغدا كۆرۈشۈپ قالدۇق ، بۇنداق ئوسال ئەھۋالدا سىزنى كۆرسەم ، بەكمۇ خىجىل بولىدىكەنمەن ....


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇ ئالىيۋاتىدۇ ، ئۆلتۈرۋېتەيلى ، - دېدى قارا قاۋان .
_ ئۇ ئالايمايۋاتىدۇ ، تۇردىئاخۇنغا نازلىنىپ ، قىلىق چىقىرۋاتىدۇ ، - دېدى قۇربان . ئۇنىڭ گېپىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.
تۇردىئاخۇننىڭ بىردە خەنزۇچە ، بىردە ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن سۆزى ئۇلارنى بەكمۇ كۈلدۈرۋەتتى.
_ بولدى ، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىمۇ شۇنداق چاقچاق قىلغان بارمۇ ؟- دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ ، كېيىن بۇلارغا قاراپ بىردىنلا ھەۋىسى كەلدى .
_ بۇلاردىن قالغانلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ باقايلى ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .
_ مەن ئۆزۈم بىر سوراپ باقاي ، - دېدى ياسىنجان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، - قالغان ئادەملىرىڭ قاياققا كەتتى ، تېز ئېيت ، بولمىسا، جاجاڭ بىر پاي ئوق ، - ئۇ شۇنداق دەپ مىلتىقنى قولغا ئالغانىدى ، چىن تۆەنجاڭ قورقۇپ كېتىپ :
_ ئاۋۇ تەرەپكە ، - دەپ قاپتاغاينىڭ يولىنى كۆرسەتتى.
_ ئەخمەت ، سەمەت ، سىلەر بۇلارنى ھەيدەپ مېڭىڭلار ، بىز قاپتاغاينىڭ يولى تەرەپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ، كەينىمىزگە قايتىمىز، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاتقان مىنىۋېتىپ .
پارتىزانلار قاپتاغاينىڭ يولىغا بېرىپ ئۇ يەرنى تەكشۈرۈپ ھېچ نېمىنى ئۇچراتمىغاندىن كېيىن ، يەنە جىگدە بۇلاققا قايتىپ كەلدى . ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ پاجىئەلىك بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ ، غەزەپ - نەپرەتتى تاشقىنلاپ ، جېنى ئىچىگە پاتماي قېلىشتى .
بۇ يەرەە يوشۇرۇنۇۋالغان ئالتە ئەسكەر بىر قازاق ئايالنى خەنجەر بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ ، ئەمچەكلىرىنى كېسىپ تاشلاشقانىدى ، بىر ياشقا تولمىغان ئەمچەكتىكى بالىسى باشسىز ياتقان ئانىنىڭ قان تەپچىپ تۇرغان كۆكسەە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتاتتى. گاھدا ئۇ قاننى شورايتتى.
_ ۋاي ئاناڭنى ، قىلغان ئىشنى قارا، ۋەھىيشى جاللاتلار ! ئۇلارنى نەدىن بولمىسۇن تۇتۇڭلار !- دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى داۋۇت پالۋان .
غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان پارتىزانلار ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ ، جىددىي ئىزدەشكە باشلىدى ، داۋۇت پالۋان بالىنى قولىغا ئېلىپ ، جۇۋىسىغا يۆگىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ياش پەردىلىرى تارتىلغانىدى . شۇ ئارىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن قورۇقۇپ ، مۆكۈنۇۋېلىشقان كىشلەر بىر - بىرلەپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى .
_ بۇ ئايالنى قانداق ئۆلتۈرۋەتتى؟- سورىدى داۋۇت پالۋان .
_ ئەسكەرلەر باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان ، بۇ ئايال ئۇلارنى ئۇرۇپ تۈكۈرۈپ ، تېپىپ يېقىن كەلتۈرمىگەن ... ئۇلار ...
_ بولدى ، تىلىڭنى چاينىما ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، - خوتۇن كىشى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتسا سەن ئەر كىشى تۇرۇپ ، قاراپ تۇردۇڭما ؟ بۇ خوتۇننىڭ ئېرى قېنى ؟
_ ئەسكەرلەر كەلگەندە بار ئىدى ،ھازىر نەگە كەتتىكىن ، بىلمەيمىز.
_ قورقۇنچاق ئادەم دېگەننى ... سىلەر دەرھال جەسەتنى يۆگەپ ئېلىپ كېتىڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بالىنى بىر ئايالغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ .
قارا قاۋان ئۈچ ئەسكەرنى ھەيدەپ كەلدى . قالغان پارتىزنلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ھاپىز قارى بىلەن ئاسىم دوختۇر مىلتىق ئۈچى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ باشلىرىنى تۈرتتى.
_ ئۈچ ئەسكەر قاچماقچى بولغاندا ئېتىۋەتتۇق . شۇنداققۇ توختى ؟- دېدى قاسىم جودا .
_ راست قاچماقچى بولغان ... - دېدى توختى دېگەن پارتىزان يىگىت دۇدۇقلاپ .
داۋۇت پالۋان ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى . توختىنىڭ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى .
شۇ ئارىدا خەلق بىردىنلا چۇقان كۆتۈردى .
_ قانغا قان ، جانغا جان ئالىمىز!
_ توختاڭلار ، ئۇنداق قىلماڭلار ، ئاچچىقىڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ، بىزدە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆلتۈرۈش يوق . ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ، - داۋۇت پالۋان ئۇلارغا نۇرغۇن تەربىيە قىلىپ ، ئۇلارنى ئاران پەسكويغا چۈشۈردى .
پارتىزانلارمۇ ئۆزلىرىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا قارىغانسېرى غەزىپى دېڭىز دولقۇنىدەك تاشقىنلايتتى.
_ بۇلار يەنە مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن ، داۋاملىق ئىزدەيلى . ماۋۇلارنى مۇتەللىپ سەن ئېلىپ ماڭ . يەنە توختىنى ئۆزۈڭگە قېتىۋال . ئۇلار كەڭرى بىر دالىغا چىققىنىدا ، دۈشمەنلەر قوي پادىسىدەك كېتىپ باراتتى.
_ ۋاھ ئەجەپ ياخشى بولدى ، دەردىم چىقىدىغان بولدى ، - دەپ ۋاقىرىدى ناسىراخۇن .
_ بۇلارنى قاچۇرۇپ قويمايلى ، يەنە مۆكۈۋالمىسۇن . بايا ئالدىراپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇق ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاسىم دوختۇرغا قاراپ . ئۇلار ياي شەكلىدە دۈشمەنلەرنى قورشاپ كېلىپ ، مىلتىقلىرىدىن توختاۋسىز ئوق ئۈزدى . داۋۇت پالۋان ھەر بىرىنىڭ بېشىغا ئېتىپ تىك چۈشۈرۋاتاتتى.
پارتىزانلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ ، ئۇلارنى ئاتقىنىچە يېقىنلىشىۋاتاتتى.
_ مەن دەكەي ، ئۆز ئادەم ئاتماڭلار .
_ مان باراچال ...
_ ئېتىڭلار ! - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي .
_ مەن ئاتاي ، - دېدى مۇقان ئۇلارغا يىرگىنىش بىلەن قاراپ .
_ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ چىقىشى بىز ئۈچۈن نومۇس ! مەن ئۇنى ئۆزۈم ئاتاي ، - دېدى پارتىزانلار ئىچىدىكى ئوچۇربات دېگەن مۇڭغۇل يىگىت باراچالغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ .
ئۇ ئىككىسىگە قارىتىپ كەينى - كەينىدىن ئوق ئۈزدى . دەكەي بىلەن باراچال ئاچچىق ئىڭراپ يىقىلدى .
ئوق ئاۋازى بېسىقىپ ، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى . پارتىزانلار ئات تىزگىنلىرىنى تارتىپ ئالا تاغقا تىكىلىپ قاراشتى . ئالا تاغ : << مەن


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

سەندەك ئوغلانلاردىن پەخىرلىنىمەن >> دېگەندەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
ئېردەنى يوللاردىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاپ ، شەھەرگە چۈشتى . ئۇ ئەمدى مۇڭغۇل قوشۇنى قۇرۇپ ، جەڭگىۋار بىر قوشۇن تەشكىللەشنى ھەم بۇلارنى كۆپلەپ مەشىق قىلدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇ داۋۇت پالۋان ئولجا ئېلىپ ئۆزىگە مەردلەرچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قوراللارنى قورالسىز ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى . بۇلار گارنىزون قومانلىق شتابى قورۇسىغا جايلىشىۋالدى .
داۋۇت پالۋان بۇرادەرلەر بىلەن كېڭىشىپ داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى ، ئېردەنى بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلھەتلىشىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .
_ كېلە داۋۇت ، قانداقراق ئەھۋالىڭ ؟
_ ئوبدان ، ئۆزۈڭنىڭچۇ ؟
_ قەدىر ئەھۋال ، - دېدى ئېردەنى داۋۇت پالۋاننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ ، - سىلەر بۇ كۈنلەردە بىزگە ھەمدەمدە بولۇپ كۆپ جاپا تارتتىڭلار...
_ يوق گەپنى قويۇپ ، نەق گەپكە كېلەيلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرالماي ، ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ ، بىز ئەمدى داخىيەنزىگە ھۇجۇم باشلىساق بولاتتى.
_ ئاۋۋال يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى ، ئەسكەرلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ياخشى مەشىق قىلدۇرايلى ، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئالدىراقسانلىق ياخشى ئىش ئەمەس، ئىشنى ئويلىشىپ پۇختا قىلغان ياخشى ...
_ پۇختا قىلىمىز دەپ بۇ يەردە خوتۇن كىشى ئۆيي ساقلىغاندەك ياتساق سەت بولارمىكىن . بىز دەرھال ھۇجۇم باشلىساق بولاتتى.
_ بۇ دېگەن ئۇرۇش، ئويۇن ئەمەس ياكى چېلىش مەيدانى ئەمەس، قان تۆكۈلىدىغان گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەردە قورال كەمچىل ، ئوق - دورا ئاز، مۇشۇنداق شارائىتتا داخىيەنزىگە ھۇجۇم قوزغاش توغرا ئەمەس .
_ توغرا بولمىسا ئۆزەمگە ھېساب ئېردەنى ، خەير ئەمىسە !
_ خەير ، - ئېرەنى ئۇنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدى .
داۋۇت پالۋانغا ئۇنىڭدىن قورال تەلەپ قىلىپ سوراشقا ئەرلىك غورۇرى يول قويمىدى . << غەنىيمەت ئالغان قورالنى ئۇنىڭغا بەرمىسەمۇ بوپتىكەن ... بوپتلا قورال دېگەننى دۈشمەن قولىدىن ئالىدىغان گەپقۇ... >> ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بۇ يەردىن چىقىۋاتقىنىدا ، بايخان ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ناخشىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى . بۈگۈن ئۇ بايخاننىڭ ناخشىنى ئېيتىنى توختىتىپ زوقلىنىپ ئاڭلىدى . ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدى .
باتۇر بولۇپ بەخىت تاپساڭ سەن ئۆزۈڭ ،
تېنىڭ يايراپ كۈلۈپ تۇرار قارا كۆزۈڭ .
<< ياشا بايخان ، ناخشاڭنى توختىماي ئېيت ، سەن ئەمدى ئۆز ئىسمىڭغا لايىق باي ھەم خان بولىدىغان بولدۇڭ >> داۋۇت پالۋان شۇنداق دەپ پىچىرلىدى - دە ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بايخانغا ھەۋەس بىلەن قارىدى .
_ داۋۇت پالۋان ، بىز تارىختىن بۇيان باتۇر ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ، - دېدى بايخان داۋۇت پالۋانغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ، - ئەپسۇسكى بىز تولا ھاللاردا ئەقلىمىز بىلەن ئىش قىلمايمىز. شەيتاننىڭ چالغان دېپىغا ئۇسۇل ئويناش بىزنىڭ ئادىتىمىزمۇ ؟ داۋۇت مېنىڭ غۇلجىغا بىر بارغۇملا كېلىپ تۇرۋاتىدۇ . بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن .
_ بوپتۇ ، بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭغا قىيمىغاندەك يېنىشلاپ قاراپ .
_ مەن سىلەر ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم . قايتىپ كېلىپ ، يەنە سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن . ھايال بولۇپ قالسام مەندىن رەنجىمەڭلار ...
_ يوق گەپنى قىلماڭ ، سىز بىز ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدىڭىز ...
_ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپلا تۇرىدۇ . ئاخشام چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ ... توۋا خۇدا ئاجايىپ بىر چۈش... خۇدا ساقلىسۇن ، ئەتىگەن بېشىمدىن بىر ناننى ئۆرۈپ ئۆگزىگە تاشلىۋەتتىم ... خۇداغا ئامانەت ، بارمىسام بولمايدۇ ، - بايخان شۇنداق دەپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولدى .
داۋۇت پالۋان بىر ئىزىدا جىم تۇرمايدىغان ، كىشلەر بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ غەلىتە كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلىپ :
_ بايخان ! بايخان ! - دەپ ۋارقىرىدى .
يولدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر قانچە كىشى داۋۇت پالۋانغا ئەنسىز ھالدا قاراشتى .

داۋامى بار... [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: tugluk
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-1 0:00:32

تىل كۈچى نىمىدىگەن جەلىپقىلارلىق ،ھە![em72]

---


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-4 10:50:57

[center][size=4][color=Blue]ئون بەشىنچى باب ئەلەملىك چېكىنىش [/center]

[center]1[/center]3]- ئاينىڭ باشلىرى ، داۋۇت پالۋان باشچىلىقىدىكى بىر يۈز قىرىق يەتتە پارتىزان داخىيەنزىگە قاراپ شىددەت بىلەن ئاتلاندى . داۋۇت پالۋان ئاتنى يورغىغا قويۇپ بېرىپ ، سەپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا نامايەن بولۇۋاتقان گۈزەل باھار ئۇنى مەنزىلگە ئالدىرىتاتتى. ...

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى داخىيەنزى ئىچىگە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئون يەتتە پوتەي ، ھەر كوچىنىڭ ئاغزىغا بىردىن توساق ، ئابىرون ، داخىيەنزى سىرتىغا ئون بەش يەرگە ئون بەش مېتىر ئېگىزلىكتە پوتەي سالغانىدى . ھەر بىر پوتەيگە بېرىش ئۈچۈن يەر ئاستى يولى قازغان بولۇپ ، تولۇق قوراللانغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر كۆچىگە ئىگە ئىدى . مۇشۇنداق قوراللانغان ئەسكەرلەرگە قارشى ئەللىك نەچچە مىلتىق ، ئىككى ئوقسىز پىلىموت ، قالغانلىرى ئارا، توقماق ، كەتمەن ، كۈرەكلىك پارتىزانلار روبرو تۇرماقتا ئىدى . بۇلار شۇنداق شارائىتى ناچار ئەھۋالدا ئۇرۇشقا ، ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغانىدى .

داخىيەنزى تۆزلەڭلىك ئوتتۇرسىغا جايلاشقان بولۇپ ، غەربىي تەرىپى قۇمۇشلۇق ، شەرقىي تەرىپى چىغلىق ، يۇلغۇنلۇق ئىدى .

پارتىزانلار داخىيەنزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىك تەرەپتىكى يولغا يېتىپ بېرىپ ئەتراپقا قارىغىنىدا ، گومىنداڭنىڭ ئون بىر ئەسكىرى تېلېفون سىملىرىنى ئۈلاۋاتاتتى.

_ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ، قورشاپ زەربە قىلمايلى .

ئۇلار ئەتراپنى قورشاپ ، مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزدى . ئەسكەرلەر دەرھال يېتىۋېلىپ پارتىزانلارغا قارىتىپ ئوق ئاتتى .

_ قاراڭلار بۇلارنىڭ ئوق ئېتىۋاتقىنىنى ، - دېدى تۇردىئاخۇن بىر ئەسكەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ .

شۇئان تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتا ئۈچ ئەسكەر يەر چىشلىدى . قالغان ئۈچى ئەل بولۇپ قوراللىرىنى تاشلىدى .

_ ئېتىۋېتەيمۇ داۋۇتكا ، چەنلەپ بولدۇم ، - دېدى قاسىم جودا .

_ ھاي بولمايدۇ ، ئۆزەڭنى باس !

_ جېنىم ئۇكام داۋۇت ، نېمىلا دېگەن بىلەن بىرنى بولسىمۇ ئېتىۋالدىم ، - دەپ خۇشال بولدى يەتمىش ياشلاردىن ئاشقان ئاپئاق ساقاللىق ، تېمەن كەلگەن باقىئاخۇن ، - ياش چاغلىرىم بولسا بايىقى گۈيلارنى ئۆزۈملا بىر - بىرلەپ يىقىتاتتىم . ھېلىمۇ كۈچۈمدىن ، كۆزۈمدىن قالماپتىمەن .

بۇ كىشى داخىيەنزىگە ئۇرۇشقا بارىمىز دەپ تەۋرەنگەن خەلق ئىچىدىن بۇلارغا قېتىلىۋالغانىدى . << ئۇرۇشتا ئۆلسەم ئارمىنىم يوق داۋۇت ئۇكا ، بۇلارنىڭ زۇلۇمىنى ئاز تارتتىممۇ ؟ ئۆلسەم شېھىت ، قالسام غازى ، ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ساقلاپ قويغان بىر قورالىم بار ئىدى ....>> دەپ تۇرۇۋالغاچقا ، داۋۇت پالۋان ئۇنى ئېلىۋالغانىدى . ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى شەھەرگە ئىككى پارتىزان يىگەنت بىلەن ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئۆزلىرى داخىيەنزى بىلەن جىك ئارىلىقىدىكى تاشيول بويىدىكى كونا ، تۆت تېمىلا بار يوغان بىر قورۇغا جايلىشىۋالدى .

_ بىزنىڭ شتابىمىز مۇشۇ ، قەيەرگە كەتسەكمۇ يەنىلا مۇشۇ يەرگە كېلىمىز. بىز ئەمدى ناھايىتى سەگەك بولايلى ، - دېدى داۋۇت پالۋان پارتىزانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، - بىر قانچەيلەن مۇشۇ يەردە قادىر ئۇستامغا ياردەمدە بولۇپ قېلىڭلار ، قالغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار .

ئۇلار داخىيەنزى ئەتراپىنى جىمجىت ھالدا بىر ئايلىنىپ چىقتى . دۈشمەن ئوق چىقارماي ئۈن - تىنسىز ھالدا ياتاتتى. بۇلار ئىككىنچى قېتىم شىمال تەرەپتىن دۈشمەنگە ئىككى يۈز مېتىر يېقىنلاشقاندا ، دۈشمەن پارتىزانلارغا گىرامۇنت ئاتتى. گىرامۇنت ئوقى پارتىزانلاردىن ئوتتۇز مېتىر ئۆتۈپ پارتىلىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار پىلىموتلىرىنى ئىشقا سالدى . پىلىموت ئوقى باقىئاخۇننىڭ بويىنىغا تېگىپ ئۇنى يىقىتتى.

_ باقىئاخۇنكا ! - دەپ ۋارقىرىدى قارا قاۋان ياڭراق ئاۋازدا.

قارا قاۋان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، باقىئاخۇننى قۇچىقىغا ئالدى . ئۇنىڭ بويىنىدىن ئاققان قىپقىزىل قانلار ئۇنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى بوياپ ، مەيدىسىگە سىرغىپ ئاقاتتى.

_ ھۇجۇم ! - دېدى داۋۇت پالۋان قەھرى بىلەن .

دۈشمەنلەر بارا -بارا چېكىنىپ ، ئۆلگەن ئادەملىرىنى سۆرەپ داخىيەنزى ئىچىگە قاراپ قاچتى .

_ بىزمۇ قارارگاھىمىزغا قايتايلى ، - دېدى قارا قاۋان .

_ ئالدىرىماي ئەتراپنى كۆزەتەيلى ، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز...

ئۇلار تۇرالغۇ جايىغا قايتىپ ، باقىئاخۇننى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن تاماقلاندى . ئۇلارنى كۆڭلى غەش بولغاچقا تاماقمۇ گېلىدىن تۆزۈك ئۆتمىدى .

_ ھۆرمەتلىك ئۇق ساقاللار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بۇ قېتىم شەھەردىن قوشۇلۇپ كەلگەن پىشقەدەملەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، - سىلەر بىز بىلەن تەڭ ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلىنىپ كەلدىڭلار ، بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندۇق .جاسارىتىڭلارغا ئاپىرىن ! باقىئاخۇنكام ئەركىنلىك يولىدا شېھىت بولدى . ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي . ئەمدىكى گەپ ، سىلەر قايتىپ كەتسەڭلار كۆرەشنى بىز داۋاملاشتۇرساق ، سىلەر ياشىنىپ قالغان ئادەملەر .....

_ ياق بالام ، ئۆلسەك ئەركىنلىك يولىدا ئۆلەيلى . بۇ يولدا ئۆلگەن ھايات مەڭگۈ ياشايدۇ . قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بىزنى شۇنچىلىك ئەزگەن ، خورلىغان .... مۇشۇلارنى يوقتىش يولىدا ئۆلسەك بىز رازى ....

_ سىلەرگە ھەشقاللا ! بىراق سىلەر ياشىنىپ قالدىڭلار ، سىلەر قايتىپ ئارقىمىزدا مەدەتكار بولۇپ ، پارتىزانلارغا ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرسەڭلارمۇ يەنىلا دۈشمەننى يوقتىش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىلەر ....

داۋۇت پالۋان ئۇلارغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ ، شەھەرگە ئاران يولغا سالدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ بۇلار نېمىدېگەن ئېسىل ئادەملەر - ھە ؟- دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئۇلاردىن تەسىرلەنگەن ھالدا .
_ توۋا ئاجايىپ ئىش - ھە ! دېدى ياسىنجان ھەيرانلىق ئىچىدە.
_ مەن ئۇلارنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ باشقىچە روھلىنىپ كېتىپ بارىمەن ، - دېدى قۇربان ئۆزىنى سىلىكىپ قويۇپ .
_ خەلقنىڭ پىغانى تاشقان گەپ . بىز بۇ تەرەپكە ماڭغان چاغدىمۇ خەلقنىڭ << بارىمىز >> دەپ دولقۇنلاپ كەتكەنچىلىرىچۇ ؟ ئاياللارچۇ تېخى ؟ ھېلىقى بۇۋىخەلچەم دېگەن ئايلىنىڭ بارىمەن ، دەپ تۇرۇۋالغىنىنى ... - دېدى تۇردىئاخۇن داۋۇت پالۋانغا يەر تېگىدىن قاراپ ، - باقىئاخۇنكامنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن . ئاق ساقاللارنىڭ جەڭگىۋار روھى پارتىزانلارغا قايتىدىن جان ئاتا قىلدى .
ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان بولۇپ ، تەبىئەت تىمتاس ، سۈكۈتتە ئەللەيلىنىۋاتاتتى. دۈشمەن داخىيەنزى سىرتىغا چىقماي جىمجىت ياتماقتا ئىدى . پارتىزانلار ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

داۋامى بار .....

دۈچ كەلسە قايتۇرالماسلىق بالا - قازا ،
يۈزمۇ - يۈز تۇر ، دۇمبەڭنى كۆرسەتمە ئەسلا . - ئۇبۇلقاسىم پېردەۋسىي [/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-8 11:45:39

[color=Blue][size=4]ئەتىسىدىن باشلاپ دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بۇ يەردىن تارتىپ بورتالا شەھرىنى ، سەنتەي ، ستەي داللىرىنى رازۋېدكا قىلىپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى . ئوتتۇنغا چىققان ئوتتۇنچىلارنى ، مالچىلارنى دالىدا قوغلاپ يۈرۈپ ، پىلىموتتا ئېتىپ ، ئۇلارغا ئارام بەرمىدى .
_ مەن ئەخمەت بىلەن داخىيەنزى ئەتراپىنى ئارىلاپ كېلەي ، قالغانلىرىڭلار ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇرۇڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان بىر كۈنى كەچ . ئەخمەت دېگەن پارتىزان يىگىت داۋۇت پالۋاننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى .
_ بولىدۇ . بىراق سىلەر .... - دېدى ناسىراخۇن ئۇلاردىن ئەنسىرەپ .
_ بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار ، بىز ئەھۋال ئىگەللەپلا قايتىپ كېلىمىز.
داۋۇت پالۋان ئەخمەتنى ئەگەشتۈرۈپ ، داخىيەنزىنىڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن مېڭىپ قازاق مەكتىپىگە باردى . ئۇ يەر بىلەن دۈشمەن تۇرغان ئورۇن بەش يۈز مېتىر چامىسىدا بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ تاملىرى ئېگىز ، ئات باغلاشقا قولايلىق ئىدى . بۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ ، تاش بۇلاقتىكى كۆۋرۈك ئارقىلىق تاشيول تەرەپكە ئۆتۈپ ، بىر يوغان قارا ياغاچنىڭ يېنىدىكى كونا تامغا ئاتلىرىنى باغلاپ ، داخىيەنزىنىڭ ئىچىگە ئاستا قەدەم بىلەن ماڭدى . ئۇلار يېرىم كىلومېتىردىن كۆپرەك مېڭىپ ، بىر چىراغقا دۈچ كەلدى . بۇ دۈشمەننىڭ قاراۋۇللۇق ئورنى ئىدى . داۋۇت پالۋان ئېھتىيات بىلەن بېشىنى دېرىزىگە يېقىپ ، ئۆي ئىچىدە بىر پەي ئەسكەر بارلىقنى پەملىدى . ئۇ ئەخمەتنى دېرىزە يېنىغا قويۇپ ، ئۆزى تامنى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ ئاستا قارىدى . قىرىقتەك ئەسكەر مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ غەرق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى . ئىشكىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان پوستمۇ جايىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . مىلتىق ۋە ئوقلىرى يېنىدا تاشلاقلىق تۇراتتى . داۋۇت پالۋان ئون دانە مىلتىق ۋە خېلى كۆپ ئوقنى تۈيدۈرماي ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەخمەت بىلەن بىللە ئاتلىرىغا تاڭدى . ئاندىن ئۇ ئەخمەتكە :
_ ئەخمەت يېنىڭدىكى گىراناتتىن ئىككىنى دېرىزىدىن تاشلىۋەت ، - دېدى بوش شىۋىرلاپ . ئەخمەت دەرھال ئىككى گىراناتنىڭ يىپىنى يۇلۇپ ، دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى - دە ، داۋۇت پالۋان ئىككىسى ئاتلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى . گىرانات پارتلاپ ، ئۆي ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى - دە ، قىيا - چىيا قىلىشىپ بۇلار تەرەپكە ئوق ئېتىشتى . داۋۇت پالۋان بىلەن ئەخمەت جىم بولۇۋالدى . ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دۈشمەن ئوق ئېتىشنى توختىتىپ تىنجىدى . ئۇلار ئەتراپنى سۈكۈت باسقان مۇشۇ پۇرسەتتە ئاتلىرىغا مىنىشىپ تىكىشىۋېتىشتى . بۇ شەپىنى ئاڭلىغان دۈشمەنلەر پىلىموتلىرىنى قايتىدىن سايرىتىشقا باشلىدى .
داۋۇت پالۋان بىلەن ئەخمەتنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پارتىزانلار خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەنسىزچىلىكتە تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى .
_ سالامەت قايتىپ كەلدىڭلارمۇ ؟ سىلەردىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق ، - دېدى ناسىراخۇن خۇشال بولۇپ .
_ داۋۇت بۇ يەرنىڭ سىلىگە بىلەن كۆرۈشۈپ چىقمىغانسەن ؟- دېدى تۇردىئاخۇن ئۇلارنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ .
_ كۆرۈشتۇم ، ئۇلار بىزگە مىلتىق ، ئوق بەردى ، - دېدى داۋۇت پالۋان چىرايىنى ئاچماي .
_ ئۇ سىلەرگە بۇنى سوۋغا قىلتىپۇ -دە ، ياخشى ، - دېدى قۇربان خۇشال بولغان ھالدا ئەخمەتنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ .
_ داۋۇتكام بىر يەرگە بارسا قۇرۇق قول كەلمەيدۇ -دە .
_ يا ئاللا قاسىم ، سېنىڭ چېچىلماي سۆزلەيدىغان ۋاقتىڭ بولدىكەن - ھە ...
_ مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ يۈرىدىغان قارا قاۋانكام ئەمەس ...
_ باشقا گەپنى قويۇڭلار ، - دېدى داۋۇت پالۋان ، - ئەتە ئەخمەت ئېردەنگە ئەھۋالنى دوكلاپ قىلىپ چىقسۇن ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىپ ، ئاندىن رەسمىي ھۇجۇم باشلايمىز !


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-14 17:53:56

[color=Blue][size=4][center]2[/center]
ئەتىسى ئەخمەت ئۇدۇل قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ، ئېردەننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئېردەنى ئىشخانىسىدا خەرىتىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەخمەتنى كۆرۈپ ، ئورنىدىن قوزغالدى .
_ كېلە ئەخمەت ، سالامەت تۇردۇڭمۇ ؟ داۋۇتلار قانداقراق تۇردى ؟- دېدى ئۇ ئىللىقلىق بىلەن .
_ ياخشى ، ھەممىمىز سالامەت تۇردۇق .
_ ئولتۇر قېنى ، ھە ، ئىشلىرىڭلار قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ؟- دېدى ئۇ ئالدىدىكى خەرىتىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ .
_ ئەمدى ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىمىز ، داۋۇتكا سىزگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى .... - ئەخمەت شۇنداق دەپ ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بىر قۇر دوكلات قىلدى .
_ سىم ئۇلاۋاتقان دۆشمەنلەرنى يوقاتقىنىڭلار ياخشى بوپتۇ ، ئۆيگە بومبا تاشلاپ قارامىلىق قىلىپسىلەر ، سىلەرنىڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىڭلارنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ، ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ، كۈچ سېلىشتۇرمىسى ، دۆشمەن ئەھۋالى ۋە باشقا ئىشلار جەھەتتە ياخشى ئويلىنىپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەردە قورال كەم ، تاكتىكا تېخى تۆۋەن ، ئادەملىرىڭلار تېخى ئاز ، دۆشمەندە ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەممە نەرسە تولۇق ، بىز يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمىز . بەلكىم ئون كۈندىن كېيىن داخىيەنزىگە بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ، بۇيرۇق شۇنداق كېلەرمىكىن دەيمەن . ياخشى تەييارلىق قىلمىساق تۇيۇق يولغا كىرىپ زىيان تارتىمىز ، داۋۇت پالۋانغا مەندىن سالام ئېيت ، تەييارلىقسىز ئىش قىلمىسۇن ، - دېدى ئۇ بارماقلىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە چېكىپ تۇرۇپ .
_ مەن بارغاندىن كېيىن ، سالىمىڭىزنى چوقۇم يەتكۈزۈپ قويىمەن ، ئۇنداق بولسا مەن قايتتىم .
_ بولىدۇ ، بولىدۇ ، - ئېردەنى كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئەخمەتنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ كوچىغا چىققىنىدا ، كىشلەرنىڭ چىرايلىرىدا بالقىپ تۇرغان خاتىرجەملىكنى كۆردى . دۇكانلارمۇ ئېچىلىپ ، تۈرلۈك دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .
قەيەردىندۇر بايخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ياڭراۋاتاتتى. << ئەركىنلىك دېگەن ئەجەپمۇ قىممەتلىك ئىكەن . ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ بولماق نېمىدېگەن ياخشى . خۇدا مۇشۇ بەرگەن كۈنىڭگە شۈكرى >> دېگەنلەرنى ئويلىدى ئەخمەت كوچىدا كېتىۋېتىپ . ئۇنىڭ كۆزى دوڭغاسلاپ مېڭىپ يول چېتىدە كېتىپ بارغان ، يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، كىيىملىرىمۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان ، بۇ كۈنلەردە ئالاھىدە قېرىلىق يەتكەن موللانىياز شاڭيۇنى كۆرۈپ قالدى . << ھەي بۇ كۈنلەردە ئۇ خەلقتىن دەشنام ئاڭلاپ ، تىل - ئاھانەت ئىچىدە يۈرۈۋېتىپتۇ -دە ، بۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى . خەلقتىن ئايرىلىپ ياشاشتىنمۇ ئېغىر ئىش بارمۇ ؟>> ئەخمەت شۇلارنى خىيال قىلىپ ، ئېتىنى ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى . ئۇ ئۇچراشقانلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشاتتى . ئۇلار ئەخمەتنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىدە ئاپىسى ئۇنى كۆرۈپلا :
ۋاي بالام ، ساقمۇ سەن ؟ - دەپ ئەخمەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاشلىدى .
_ ھوي چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەنغۇ ؟- دېدى ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز ياسىتىلغان ، كۆزلىرى چاقناپ ، مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ قالغان ئەخمەتنىڭ دادىسى ، - يىغلىما ھوي ئانىسى ، بىزنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن مۇشۇلار تۇرسا ، بىز ئۇلاردىن پەخىرلەنمەي ، يەنە كۆز يېشى قىلساق قانداق بولىدۇ . بولدى ئېسىلما ، مەن كۆرۈۋالاي ئوبدان ....
_ دادا ، ئاپا قانداقراق تۇردۇڭلار ؟
سىرتتىن بىرى ئۆڭكى ئۆچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىردى .
_ ئەخمەت ، ئۇرايىمنى دۆشمەنلەر پارتىلىتىۋېتىپتۇ ، - دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ .
_ نېمە ؟- ئەخمەت ئەندىككىنىچە تۇرۇپ قالدى .
_ ئوغلۇم نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ، ماڭ بېرىپ باق .
ئەخمەت ئېسىگە كېلىپ ئاتقا سەكرەپ مىندى - دە ، ئاتنى قورۇدىن چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
ئۇرايىمنىڭ ئۆيى تۈگمەننىڭ تۆۋەن تەرىپى ، يارنىڭ بويىدىكى تاللىقلار ئارىسىدىكى يالغۇز ئۆي بولۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى شەھەر ئەتراپىدا ئىدى . ئۇ تۈگمەنگە قاراپ ، غورىگۇل تۇرمۇشىغا ئازىراق مەلھەم تېپىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى .
بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كىشلەر ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى . ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ ئەسنادا ئەخمەت ئاتنى چاپتۇرۇپ كەلدى .
ئۇرايىم ئېغىر يارىلانغانىدى . بەدىنىدىن قاڭسىق بىر پۇراق تارقىلىپ چىقىۋاتاتتى. خوتۇنى ئاللا - پەرياد كۆتۈرۈپ ، قورۇنى بېشىغا كىيگەنىدى ، ئۇرايىم ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭراپ دوملاپ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كالىدەك ھۆركىرەپ ئۆملەيتتى- دە يەنە يىقىلىپ دوملايتتى . ئۇنىڭدا تىل يوق ئىدى . كىشلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كېتىپ باراتتى. ئەخمەت ئۇنىڭغا قاراپ ، يۈرىكى ئېزىلدى - دە ، بەدەنلىرىنى بىرى تىلغاندەك بولۇپ كەتتى.
_ قانداق قىلىمىز جامائەت ، بۇ بەك قىينىلىپ كەتتى، - دېدى ئەخمەت يىغلامسىراپ .
_ ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل ، دېمىسەڭمۇ ئۇ بەك قىلىنىۋاتىدۇ ، - دېدى ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى .
_ ئېتىۋېتەيمۇ ؟ قانداق قىلىمەن ؟


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئامال يوق ، ئېتىۋەت . ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىنىڭ ، ئايالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالايلى .

ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى توپ ئىچىنى يېرىپ ، زار - زار يىغلاپ كىرىپ كەلدى .

_ ۋاي ئوغلۇم ، نېمە بولدۇڭ ؟

_ ۋاي جېنىم ئوغلۇم ، پالۋان ئوغلۇم ، مەن ئۇنىڭغا قانداق چىداي ، ئۇلار سېنى نېمە قىلىپ قويدى . كىم سېنى ئاتتى...

_ ۋاي نىجاسەت مەلئۇنلار ...

ئۇلار ئۇرايىمغا ئۆزىنى ئېتىشتى . ئۇرايىم ئۇلاردىن يۈلقىنىپ چىقىپ دوملايتتى. تىلسىز ئاچچىق ھۆركۈرەيتتى.

_ جامائەت ئۇ بولالمايۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىرىدى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقان ئەخمەت .

_ مەن ئۇلارغا دەپ باقاي ، - دېدى ئاپپاق ساقاللىق كىشى ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا مېڭىۋېتىپ .

ئۇلار خۇدنى يوقتىپ ئولىغا ئېسلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇرايىممۇ ھەريان دوملايتتى.

_ ئىسىاقكا ، ئۇ بولالمايۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز، رازىلىق بەرسىڭىز ئېتىۋەتسە ؟

_ ياق چىدىمايمەن ، چىدىمايمەن ...

_ ئۇنى ئاتماڭلار !

_ مەن قانداق قىلىمەن !

_ بولدى سەۋر قىلىڭلار ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ . ئۇ بەك قىينىلىپ كەتتى. بولالمايۋاتىدۇ ...

_ راست ، ئۇ بولالمىدى ، قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك .

بولدى ، ئانىسى بولدى . بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ، قانداق قىلىمىز ؟

_ راست ئۇ قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، - يۈرىكىم بولمايۋاتىدۇ .

ئۇلار ئوغلىغا چىدىماي قېلىشۋاتاتتى. ئاخىر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ رازىلىقىنى ئالدى .

ئەخمەت تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى . ئۇنىڭ قولى تىترىدى ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تەپكىنى باستى . ئۇرايىم جان ئۈزدى . نالە - پەرياد بوشلۇقتا كۆتۈرۈلدى . ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ، ئايالىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشكەندى . ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، ئۇرايىمنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى .

_ دۈشمەنلەر ھېچ يەرگە قاچالمىدى ، مۇشۇ ئەتراپتا بار ، بىز ئىزدەيلى ، - دېدى ئەخمەت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .

ئۇلار ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە باشلىدى . ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرگە ئەخمەت گىرانات تاشلىدى . يەنە ھېچ قانداق ئاۋاز يوق .

_ ئەخمەت سامانىنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە مىدىرلاۋاتىدۇ ، - دەپ ۋارقىرىدى بىرى .

ئەخمەت مەڭگەن ئاستىدىن ئىككى ئەسكەرنى شىللىسىدىن تۇتۇپ ، ئىتتى سۆرىگەندەك سۆرەپ چىقتى .

_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى !

_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايلى !

_ دەردىمىزنى ئالىمىز، جانغا جان ، قانغا قان .

_ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! - دەپ يىغلىدى ئۇرايىمنىڭ ئاتا - ئانىسى .

خەلق ئۇلارغا بۆرىدەك ئېتىلاتتى ، ئەسكەرلەر قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ ، ئەخمەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشقانىدى .

_ كۆپچىلىك ، - دېدى ئەخمەت غەزىپىنى ئىچىگە ئاران يۇتۇپ ، - ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۇرۇش ، ئۆلتۈرۈش يوق ، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى . ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساق بىزنى جازالايدۇ ... - ئەخمەت ئۇلارغا ئاران چۈشەندۈرۈپ ، ھېلقى ئىككى ئەسكەرنى ۋاقىتلىق قۇرۇلغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىدى : ئارشاڭدىكى يامۇلدىن قاچقان بۇ ئەسكەرلەر تاڭغا يېقىن ئۇرايىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا ئۇرايىم ئايالى بىلەن تۈگمەندە ئىدى . ئۇلار تەڭنىدىكى ناننى كۆرۈپ نانغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى . ئۇلار ناننى يەۋاتقىنىدا ، ئۇرايىم ئۆيگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئۇرايىمنى كۆرۈپ دەرھال يېنىدىن گىراناتنى ئېلىپ ، يىپىنى يۇلۇپ ، ئوتتۇرا ئۆيگە كىرگەن ئۇرايىمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . ئۇرايىمنىڭ پۇتلۇن بەدەنلىرىگە گرانات پارچىلىرى تېگىپ يەرگە يىقىلدى - دە ، بەدەنلىرى كۆيۈشكە باشلىدى . دۈشمەنلەر دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى .

ئۆيدىكى گىرانات ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇرايىمنىڭ ئايالى ئۆيگە كىرىپ كەلدى -دە ، دوملاپ ياتقان ئۇرايىمنى كۆرۈپ ، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى...

ئەخمەت گومىنداڭ شەھەرنى بومباردىمان قىلغان چاغدا ، چىمەنگۈلگە ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىچىگە ئوت چۈشكەندەك بولۇپ ئازابلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىغا قۇربان كېلىۋېلىپ تېخىمۇ بىئارام بولدى . ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىپ كەتتى...

ئەخمەت ئۇرايىمنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويۇۋېتىپ ، داخىيەنزىگە كەتتى.

يولبويى ئۇ يېڭىلا ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئۇرايىم ، چىمەنگۈللەر ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ماڭدى . << ئۇرايىمكا يېنىڭنى خېلى - خېلى ئادەملەر يەرگە تەگكۈزەلمىگەن ئىدى . سەن ئېتى بار چېلىشچى ئىدىڭ ، مىڭ ئەپسۇس ، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن . خەير بۇرادەر.... ھەي ، چىمەنگۈل ، ئەجەپ ياخشى قىز ئىدى . ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۈرۈپ تۈگەپ كەتتى . ئەمدى مەن قۇربانغا نېمىمۇ دەرمەن ، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ئۇنىڭغا دېمەي تۇراي... >> ئۇ تۈگمەس خىياللار ئىلكىدە ئازابتىن تولغىناتتى.

داۋامى بار... [size][/color/]



PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: mohterem
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-15 0:00:55

تۈنجى ئوقۇشۇم مەن كىچىكىپ ئوقۇپ قاپتىمەندە

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-15 10:59:54

[color=Blue][size=4][center]3[/center]
ئەخمەت ئېردەننىڭ يولىيورۇقىنى داۋۇت پالۋانغا يەتكۈزگەندە ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.
_ ئەقىل ئۆگەتكۈچە قورال ، ئوق بەرسچۇ ؟_ دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ ، - ئۇ دېگەن گەپلەرنى كىم بىلمەيدۇ . ئەقىل ئۆگىتىش دېگەن نېمە دېگەن ئاسان ئىش ؟- ھەممىسى سۆكۈت ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتى .
_ داۋۇتكا ، - دېدى ئەخمەت سۆكۈتنى بۇزۇپ ، - ئۇرايىم پالۋاننى دۈشمەنلەر.... - ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى .
_ ھە دۈشمەنلەر نېمە قىلىپتۇ ؟
_ ئۆيىگە كىرىپ گىرانات پارتلىتىۋېتىپتۇ ، بۇ ئىش مۇنداق بوپتىكەن ... - ئەخمەت بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .
_ ئاناڭنى ، قارا نىيەت گۆيلار ، - دەپ داۋۇت پالۋان قاپاقلىرىنى تۈردى ، - ئۇ خېلى سالمىقى بار چېلىشچى ئىدى ... ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .
_ بىزگە قېتىلغان بولسىمۇ بوپتىكەن ، - دېدى مۇھەممەت غەمكىن ھالدا .
_ قورقماس باتۇر ئادەم ئۆلۈم ئېغىزىدىن ملك قېتىم قۇتۇلدۇ ، قورققان تۇتۇلدۇ ، - دېدى ناسىراخۇن ئەخمەت قۇربانغا قاراپ ئازابلىنىپ كەتتى. << بۇنى ئېيتماي ، ئۆزى ئاڭلىسۇن >> دەپ ئويلىدى ئۇ .
ئۇرايىمنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمدى . پارتىزانلارنىڭ يۈرەكلىرى ئازابلىق تۇيغۇلاردىن لەختە - لەختە قان بولدى .
بۇ ۋاقىتتا بۇلار داخىيەنزىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلدىغان ، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان ياسىنجان بىلەن ئەمەتنى دۈشمەنلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە داخىيەنزىگە كىرگۈۋەتكەنىدى . بۇلار ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
_ ئۇلار تۇتۇلۇپ قېلىپ پاش قىلىپ قويارمۇ ؟
_ بىزگە ئاسىيلىق قىلارمۇ ؟
_ دۈشمەنلەر تۇتۇۋېلىپ ، قىيناپ ئۆلتۈۋېتەرمۇ ؟
ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەنزىسىزچىلىك ئىچىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى . ئەمدىكى بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئۇلارنى تېخىمۇ ئازابلىدى .
_ داۋۇت ، داۋۇت ، - دېدى ئالدىراش كەلگەن نۇراخۇن مۇجاڭ ، - قوشئەمچەك دېگەن يەردىن بەش يۈزگە يېقىن ئەسكەر ئۆتەيدىن داخىيەنزىگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇ يەردىكى ھاكىمجان كوماندىر : بىز دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ ياتىمىز ، داخىيەنزىدىكى داۋۇتقا خەۋەر قىلىپ قويغىن ، دېدى ... - ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاران قوراشتۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئېيتتى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان داۋۇت پالۋان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەخمەت بىلەن نۇراخۇن مۇجاڭنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ماڭدى . بۇ يەردىكى ئىشلارغا ناسىراخۇننى مەسئۇل قىلىپ قويدى . بۇلار كۆن پاتقۇچە تاش بۇلاققا يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى . بۇلار نامازشام بولغاندا تاش بۇلاققا يېتىپ باردى . ئەتراپ جىمجىت ئىدى . بارا - بارا قاراڭغۇلۇق چۈشكىلى تۇردى. ئۇلار تاش بۇلاقتىن يولغا چۈشتى . ھېچقانداق بىر تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇلار ئۆتەيگە قاراپ ئۈچ كېلومېتىر ماڭدى . زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى . تۇيۇقسىز ئاتلار خىرىلداپ ، قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ ماڭماي قويدى. بەزى يەرلەردە ھۆركۈپ تىزگىن سىرىپ توختىماي قالدى . ئۇلار ئاتلىرىنى تەسلىكتە توختىتىپ ، پەسكە چۈشۈشتى - دە ، يولنىڭ چېتىگە دىققەت بىلەن قارىدى . بىر نەچچە ئەسكەرنىڭ جەسەتلىرى ساي تېشىدەك ياتاتتى. بەزى يەرلەردە نىمجان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
داۋۇت پالۋان ئاتنى نۇراخۇنغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ، يول بويىدىكى ئېرىقلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، بىر نەچچىلىگەن گىرانات ۋە ئازىراق ئوق تاپتى . شۇ ئارىدا مۆكۈنۈپ ياتقان تۆت ئەسكەر ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى .
_ ئاتايلى ئەخمەت ، - دېدى داۋۇت پالۋان .
ئۇ ئىككىسى مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ ، قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا بۇلاردا قورال يوق .
_ بۇ نېمە ئىش ، بۇلاردا نېمىشقا قورال يوق .
_ پارتىزانلار ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، - دېدى ئەخمەت .
ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە دۆڭگە چىقىپ قالدى . ئۆتەيدىكى ئىككى ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان گۈلخاننىڭ يورۇقى يىراقتىن كۆرۈندى .
_ بىز ئەشۇ يەرگە بېرىپ باقايلى ، بەلكىم شۇلار بىزنى چاقىرغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن . نۇراخۇننى چاقىر .
ئۇلار ئاستا - ئاستا ئۇ يەرگە يېقىنلاشتى . ئىككى كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇلارنىڭ ئالدىنى توستى .
_ سىلەر كىم ؟
_ بىزنى بىرسى مۇشۇ يەرگە چاقىرتىپتىكەن ... مەن داۋۇت .
_ يۈرۈڭلار مەن باشلاپ باراي ، - دېدى ئۇلارنىڭ بىرى .
ئۇ بۇلارنىڭ كوماندىر ئالدىغا باشلاپ باردى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كوماندىر ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى كەلگۈ پىشانىلىك ، ئېگىز كەلگەن ھاكىمجان دېگەن كىشى ئىدى . ئۇ تۇلكە قۇلاقچا ، كەرەشنىۋاي سوكىنىدىن ھەربىي شىم - تۇجۇركا ، پۇتىدا قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ، يېنىدا ناگان ۋە بىر قىلىچ ، بويىندا دۇربۇن ئېسقلىق كېلىشكەن كىشى ئىدى. ھەربىي كىيىم ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقانىدى . بۇنىڭغا قاراپ زوقلىنىپ تۇرۇپ كېتىشتى ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن گۈلخان ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈشتى.

داۋامى بار....[/size][/color]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 14:28:18

نەقىل:

---

bahadirنىڭ *2007-1-11 19:29:32* دە يازغىنى:
Nazakat0909نىڭ بۇ خالىسانە ئەمگىكى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى . ئەگەر بۇ رومان تولۇق يوللىنىپ بولسا ، ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىنغان رومان بولغۇسى ھەم Nazakat0909 مۇ تۇنجى رومان يوللىغۇچى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشقۇسى .
Nazakat0909نىڭ بۇ كاتتا ئىشىغا ئالقىش ياڭرىتىمەن ھەم تورداشلارنىڭمۇ Nazakat0909 كە مەدەت ، ئىلھام بېرىشنى ، ئىجابىي ئىنكاسلىرىنى ئايىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن .

---

مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا  بۆرە ئانا  ناملىق روماننى توردا ئوقۇپ چىققان. شۇڭا بۇنى تور بېكەتتە تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە رومان دېيىشكە بولمايدۇ.
Nazakat0909 خانىمنىڭ خالىسانە ئەمگىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. بۇ روماننى داۋاملىق ئوقۇۋاتىمەن.
كۆنۈپكا باسقان بارماقلىرىڭىزغا دەرد كەلمىسۇن!

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 14:46:01

بەزى بۆلەكلىرىنىڭ ئاخىردا ئەقلىيە سۆزلەر بار ئىكەن. مەسلەن: 'ھەربىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى ھىمايە قىلىش يولىدا مەردانە بولۇشى كېرەك . _ ئا. گومبولدت ' دېگەندەك.
بۇنداق ئەقلىيە سۆزلەر ئەسلى ئەسەردە بارمىكەن، ياكى نازاكەت خانىم ئۆزىڭىز كىرگۈزۈپ قويىۋاتامسىز؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-16 19:15:34

كۆپ رەھمەت سىزگە ! ئۇ ئەقلىيە سۆزلەر ئەسەردە ئەسلىدىنلا بار ئىكەن . شۇڭا تولۇق بولسۇن دەپ ، ئۇلارنىمۇ قالدۇرماي يوللاپ قويغان .

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-17 15:33:21

ئوقۇپ بولدۇم. داۋامىچۇ ئەمدى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-18 11:40:54

[color=Blue][size=4]- تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ، - دەپ گەپ باشلىدى ھاكىمجان ، - مېنىڭ ئىزۋوتۇم سەنتەيدە ئەمدىلا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى . شۇ ۋاقىتتا شتابتىن زاھىروپ كوماندىر چاقىرىپ ماڭا بۇيرۇق تاپشۇردى : ھازىر كەلگەن خەۋەردىن قارىغاندا قوشئەمچەكتىن بەش يۈزدەك چېرىك ھارغىن ھالدا داخىيەنزىگە قاراپ يول ئاپتۇ . ئاتلاشلارغا قارىغاندا چارۋىچىلارنى بۇلاپ تالىغۇدەك ، سەن ھازىرلا تېز ئاتلىنىپ ، ئادەملىرىڭنى تولۇق قوراللاندۇر ، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىپ بوگۈن تاڭ ئاتقۇچە ئۆتەيدىن ئۆتۈپ ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ داخىيەنزىگە كىرگۈزمەي يوقىتىسەن ، دېدى . مەن بۇيرۇق بويىچە تەييارلىنىپ ، كۈن پېتىش بىلەن ئاتلىنىپ، يولغا چىقتىم . كۈن چىققۇچە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدىم . تاغ تەرەپتىن دۈشمەننى كۆزەتتىم ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . ئۆتەينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بەلگە چىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ قارىسام سايدا قارا - قۇرا بىر نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ ، مۇشۇ مېڭىشىدا چۈشتىن كېيىن پېشىن بىلەن يولغا يېقىن كېلىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم . ئاندىن داخىيەنزىدە سىلەرنى بار دەپ ئاڭلاپ سىلەرگە خەۋەر قىلغان ، سىزنىڭ نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان ، كۆرۈشەي دېيىشمىگۇ ، كەلگىنىڭلار بەك ياخشى بولدى .

_ بەللى ، ياخشى بولدى ، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە مەنمۇ خۇش .

_ مەن دۈشمەن كەلگۈچە ئادەملىرىمنى ئۈچكە بۆلدۈم ، بىرىنجى بۆلىكنى تاش بۇلاقتا بېرىپ ، دۈشمەننىڭ داخىيەنزىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ، ئىككىنجى بۆلىكنى تاش بۇلاق بىلەن ئۆتەي ئارىلىقىدا ، دۈشمەننىڭ قۇمۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قويدۇم . يەنە بىر بۆلىكنى ئۆزۈم باشلاپ ئۆتەينىڭ ئالدىنى توستۇم ، دۈشمەن نەق چۈشكىچە ئۆتەيگە يېتىپ كەلدى . دۈشمەن ھارغىن چۈشكۈن كېلىۋاتىدۇ . ئاچلىقتىن بولسا كېرەك مېڭىشى ناھايىتى ئاستا . بەزىلىرى ئاقساپ ماڭالماي كېلىۋاتىدۇ . دۇربۇن بىلەن يېقىن كەلگەندە كۆزەتسەم ، قورالمۇ كۆپ ئەمەس ، ئوتتۇز - قىرىقتەك قورال باردەك ، بىز دۈشمەنگە زادى شەپە بەرمىدۇق . دۈشمەن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ، بىزگە ئەللىك مېتىرچە قالدى . شۇ ۋاقىتتا دۈشمەنگە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدىم . ئاران كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ ، ھودۇقۇپ قالدى . تاش بۇلاقتىكى قىسمىمىز ھۇررا سادالىرى بىلەن ئاتلىق چېپىپ كەلدى . دۈشمەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى . شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئۈچ سائەت ئېتىشىپ قىرىقتەك ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدۇق . قالغانلىرى يەر چىشلىدى . ئۇلار تۆت يۈزگە يېقىن ئادەم ئىكەن . قوشئەمچەكتىكى ئاچارچىلىقتىن ئاران ئۆتەيگە كېلىۋېتىپتىكەن ، ئەسىرگەت چۈشكەن قىرىق دۈشمەنگە ئۆزىمىزدىكى گىردە ناندىن بېرىپ ، ئۇلارنى تويدۇرۇپ ، ناماز دېگەردىن ئىلگىرى شتابقا تۆت ئادەم بىلەن يولغا سېلىۋەتتىم . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار يولدا كەلگۈچە ھېرىپ ، چارچاپ مىلتىق قوراللارنى تاشلاپ ماڭغان ئوخشايدۇ . ئەگەر سىزنىڭ ۋاقتىڭىز يەتسە ، ئادەم ماڭدۇرسىڭىز ، خېلى قوراللارنى تېپىپ كېلىشى مۇمكىن ... مەن سىلەرگە ئىككى دانە ئون بىر ئاتار مىلتىق ، ئىككى دانە ئەنگلىيە مىلتىقى ۋە ھەرخىل ئوقلاردىن ئىككى يۈز تال بېرەي ... - دېدى ئالدىرماي سۆزلەپ .

_ رەھمەت ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ، - بىز ھەممە يەرنى ئاقتۇرۇپ بىر نەچچە گىرانات بىلەن ئوق تاپتۇق ، باشقا نەرسە ئۇچراشمىدى . ئەمدى بىز سىلەرگە ھەمدەم بولۇپ ، داخىيەنزىنى يېقىن ئارىدا ئازاد قىلىپ ، دۈشمەننىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىپ قوراللىنىمىز ، ھاكىمجان سىزنىڭ قەھرىمانلىقىڭىزغا ، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا .

_ ئەسلى قەھرىمانلىق سىزدەك ئادەملەرگە مەنسۇپ ، مەن سەنتەيگە بارغاندىن كېيىن قوماندالىق شتابىغا سىلەردىكى قورال يېتىشمەسلىك ، ئادەم كۆپچى ئاز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى دوكىلات قىلىمەن ، بىر قىسىم ئادەملەرنى سىلەرگە ياردەمگە ئەۋەتىپ بېرەيلى .

تۈن يېرىم بولۇپ قالغانىدى .ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ پاراڭلاشقانسېرى پاراڭلاشقۇسى كېلىۋاتاتتى.

_ ھازىر ماڭمىساق ، - دېدى ھاكىمجان ، - كۈندۈزى بۇلارنىڭ قار قوڭغۇزى كېلىپ يول ماڭغۇزماي قويىدۇ . ھازىرلا ماڭايلى .

ئۇلار قۇچاقلىشىپ تەسلىكتە ئايرىلىشتى .

داۋۇت پالۋان تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۈن - تىنسىز ماڭغاچ تۇرالغۇ جايىغا يېتىپ بارغىنىدا ، پارتىزان يىگىتلەر ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن رازۋېدكا قىلىۋاتاتتى . داۋۇت پالۋان بۇلارنى كۆرۈپ ، ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەكەلگەن قوراللارنى پارتىزان يىگىتلەرگە بۆلۈپ بەرگىنىدە ئۇلار تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى .

ياسىنجان بىلەن ئەمەتتىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى . بۇ ئۇلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى . ئۇلار دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ھوشيارلىقنى كۈچەيتتى.

داۋۇت پالۋان ئۆزۈن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، بىرىدىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ھەممىسى ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى .

_ بىز داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلمىساق ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار، ئۇنى بىز ئۇرمىساق ، ئۇ بىزنى ئۇرىدۇ . ياسىنجان بىلەن ئەمەت تېخىچە چىقمىدى . ھەر خىل گۇمانلار بىزنى ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ . بىز سەزگۈرلۈكىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرايلى . بىز ئەتە سەھەردىلا داخىيەنزىگە قازاق مەكتەپ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىمىز. ئاتلىرىمىزنى مەكتەپكە باغلاپ قويۇشىمىز لازىم ، - دېدى داۋۇت پالۋان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا .

ئۇلار مىلتىقلىرىنى ساناپ كۆردى . ئەللىك دانە مىلتىق ، بىر ئاپتومات ، بىر پىلىموت بار ئىدى . ئەپسۇسكى پىلىموت بىەن ئاپتوماتتا ئوق يوق ئىدى . ھازىر ھەر بىر ئادەملىك كۆپىنىك ئەللىك تال ، ئازلىرىنىڭ ئون تال ئوقى قالغانىدى .قالغانلىرى ئارا، كەتمەن ، توقماقلار بىلەن قوراللانغانىدى . ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، جەڭگىۋار ھالدا قەسەم بېرىشتى .

_ ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئۆلسەك ھالال ئۆلىمىز . خەلق ئۈچۈن ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلسەك شەرەپلىك ھالدا ئۆلىمىز...

شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئۇلار كۆكرەك كېرىپ ، مەردانىلىق بىلەن جەڭگە ئاتلاندى . ئۇلارنىڭ تىمتاس كېچىنى لەرزىگە سالغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك دۈپۈرلەيتتى.ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

داۋامى بار ....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 18-6-2007 12:58:32

ئاخىرنى ئوقۇشقا يەنە نىسىپ بولدى.
نازاكەت خانىم يەنە بىر قېتىم رەھمەت سىزگە.
كىتاپنى رەسمىگە تارتىش ئىمكانىيتى بولسا، رەسىمگە تارتىپ ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىڭىز مەنمۇ كىرگۈزۈشۈپ بىرەركەنمەن.

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 19-6-2007 13:11:40

داۋامىنى ئوقۇشقا تەقەززا بولۇپ كەتتۇق...

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 20-6-2007 9:23:33

[color=Blue][size=4][center]4[/center]
1945-يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرى :
ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ ، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلىغانىدى ، قويۇق تۇماندا يېنىدىكى كىشىنىمۇ پەرق قىلىش قىيىن ئىدى . بۇ كەچ پارتىزانلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى . پارتىزانلار خىيالىدا بىرلا نەرسە ھۆكۈم سۈرەتتى. مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ ، داخىيەنزىنى تارتىۋېلىپ تولۇق قورالىنىش.
ئۇلار قازاق مەكتەپكە بېرىپ ، ئاتلىرىنى باغلاپ ، تۆت ئادەمنى ئىككى مىلتىق بىلەن ئاتلارغا قارىتىپ قويىدى - دە، خىيىم - خەتەرنى ئويلىماي ، ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى پوتەينىڭ ئارىلىقىدا تىك تۇرۇپ ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرلىدى . پوتەيدىن ئۆتۈپ داخىيەنزى ئىچى - تامغا كىرگەندىن كېيىن دۈشمەنگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى . داۋۇت پالۋان خەنزۇ تىلىدا ۋاراڭ سۆزلەيتتى:
_ ھازىرلا باستۇرۇپ كىرىمىز ! ئەگەر قان تۆكۈشنى خالىمايدىكەنسىلەر ، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار . ئۇنداق بولمايدىكەن ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايمىز....
داۋۇت پالۋان سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاپ ماڭدى . باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرلىدى . دۈشمەن تەرەپتىن ھېچ سادا كەلمەيۋاتاتتى ھەم ئۆزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، پەقەت بۇ جىمجىتلىقنى داۋۇت پالۋاننىڭ ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.
پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ھالەتتە بولۇپ ، كۆزلىرى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بىرەر شەپىنى ئاڭلىغان ھامان شۇ تەرەپكە ئېتىش قارايتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلشمەيتتى....
تاڭ ئاتتى. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆز يورۇقلۇقىنى سۇس چاچاتتى. ئەتراپ يەنىلا قويۇق تۇمانغا پۈركىنىپ تىمتاسلىق قوينىدا ياتاتتى. پارتىزانلار ئۇلۇغ كىچىك تىنىشىپ، ئاستا قەدەم بىلەن ئىلگىرلەيتتى.
كۈن بۇلۇتلار ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقتى . ناشتا ۋاقتى بولدى . تۇمان ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ، ھاۋا ئېچىلىپ ، ئەتراپ سۈزۈكلەشكەندىن كېيىنمۇ دۈشمەنلەر يەنىلا كۆرۈنمىدى . دۈشمەننىڭ ياتاق ، ئاشخانىلىرى بار ، ئۆزلىرى يوق ئىدى .
داۋۇت پالۋان يەنە ۋارقىرىدى :
_ سىلەر ياخشىلىقچە قورال تاپشۇرۇڭلار ، بولمىسا ....
بۇ ياڭراق ئاۋاز يىراقتا تارقىلىپ ، ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئۇلار داخىيەنزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسنى ئىگىلەپ بولدى . يولنىڭ شەرق تەرىپىگە تېخى ئۆتمىگەنىدى . بۇ تەرەپتە ئالاھىدە ساقچى ئىدارىسى بار ئىدى . دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە تىقىلىۋېلىشقانىدى . ئۇلار ئوق چىقىرىشقا باشلىدى.
_ ئېتىڭلار ! - دېدى داۋۇت پالۋان زەردە بىلەن .
ئوق دۈشمەننىڭ تۇرالغۇ جايىغا قاراپ ئېتىلىشقا باشلىدى . شۇ ئارىدا مۇھەممەت گاڭگۇڭ ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدى .
_ تەسلىم بولۇش، بولمىسا ھەممىڭنى قىرىپ تاشلاپ ، ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىمەن ! - ئۇ ئاشۇنداق ۋارقىرىغىنىچە يولنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ساقچى ئىدارىسى تېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە باردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاسىم جودا بىلەن قۇربان ئېغىر قەدەم تاشلاپ ماڭدى .
_ تەسلىم بولۇپ بۇياققا چىقىڭلار ، بولمىسا قىرىپ تاشلايمىز، - بۇلارنىڭ كۆزىگە قان تولغان بولۇپ ، دۈشمەننى يوقىتىشتىن باشقا ھېچنەرسە خىيالىدا يوق ئىدى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ ئۇلار قارامىلىق قىلدى ... ئەستا ... - دېدى ئاسىم دوختۇر بىئارام بولۇپ .
جىلغ تەرەپتىن بىر قارا ئايروپىلان بىلەن بىر ئاق ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ، قارا ئايروپىلان يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىپ قالدى . ئاق ئايروپىلان ئۇزۇلدۇرمەي بومبا تاشلاشقا باشلىدى . ئۇ ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ئېتىۋاتاتتى. پارتىزانلار دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ توختىماي ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. مۇھەممەت گاڭگۇڭ مەردانىلارچە كۆكرەك كېرىپ كېتىپ باراتتى.
_ قورال تاپشۇرۇڭلار ، ئاناڭنى ، بولمىسا قىرىپ تاشلايمىز.
_ ئاپلا ، چاتاق بولدى ، ئوق ئېتىڭلار ، مۇھەممەت ، ئەھەت كەينىڭگە قايت !
_ ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى ! قورال تاپشۇرۇش ئاناڭنى ! - ئۇلار مەردانىلارچە قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك تېتىك جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى.
دۈشمەن تەرەپتىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىلدى . ئوق ئىككىلىسىنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى .
_ ياشىسۇن ئەركىنلىك !
_ ۋەتەن ئۈچۈن ئالغا ! - ئۇلار بوشلۇقنى لەرزىگە سالغىنىچە يىقىلدى .
_ ئاناڭنى ! - دېدى قۇربان بىلەن قاسىم جودا . ئۇلار شۇنداقىپ دەپ ۋارقىراپ ، ئۇلارنى ئاتقان بەش ئەسكەرنى كەينى - كەينىدىن دومىلىتىۋەتتى - دە ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، يەنە يولنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى . دۈشمەن غالجىرانە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇپ پارتىزانلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى . ئوت بارا - بارا ئۇلغىيىپ ، پارتىزانلار تەرەپكە ئەجدىھادەك يامراپ كەلمەكتە ئىدى .
ئۇزۇن ئۆتمەي يېنىغا ناگان ئاسقان ، سېرىق سوكىنىدىن شىم ، تۇجۇركا كىيگەن ھەم قىلىچ ئاسقان بىر كوماندىر پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ كىشى زاھىرۇپ ياردەمگە ئەۋەتكەن كوماندىر ئىلىياسخان بولۇپ ، ئادەملىرىنى ئۆتەيگە قويۇپ ، ئۆزى داخىيەنزىگە كىرگەنىدى . ئۇ بۇ پارتىزانلارنىڭ چېكىنمەيدىغانلىقىنى پەملەپ جىددىي بۇيرۇق قىلدى :
_ چېكىنەيلى !
كۈن ناماز دېگەر بولدى . دەھشەتلىك ئېتىشىش داۋام قىلماقتا . بۇلار غەربىي تەرەپتىكى دەھشەتلىك ئوتنىڭ يالقۇنىدىن چېكىنىپ ، ئەسلى كىرگەن قورۇغا كىرىپ قالدى . دۈشمەنلەر ئوتنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ ، قاقاھلاپ كۈلۈپ پىلىموتلىرىدىن ئوت ئاچماقتا ، مىلتىق ، گىراناتلىرىدىن توختىماي ئوق ئۈزمەكتە ئىدى . ئوت ھەممە تەرەپتىن ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ دەھشەتلىك ھالدا يامراپ كەلمەكتە . داخىيەنزىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى ، لاپاسلىرى ، قۇمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئوت قۇمۇشقا، توغرىسىغا سالغان ياغاچ ۋە مايلانغان ئىشىك - دېرىزىلەرگە تۇتىشىپ ، چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە دۈشمەنلەر ئوق ئېتىپ ، داۋاملىق قىيا - چىيا قىلىشىپ كۈلۈشەتتى. پارتىزانلار خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى .

داۋامى بار.....[size][/color/]

---

يوللىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-22 20:30:43

داۋامىنى يازماي، ماۋۇ تېما كۆمۈلۈپ قالاي دەپتۇ.
داۋامى قاچان چىقىدۇ؟؟؟؟؟؟؟؟

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-6-23 19:19:11

[color=Blue][size=4]پارتىزانلار ئوت يالقۇنىدا تۇرالماس ھالەتكە كەلدى . ئەسلى كىرگەن قورۇ بىر مو ئەتراپىدا ھويلىسى بار ، تۆت ئېغىزلىق تام ئۆيى بار بىر يەر ئىدى . ھويلىدا چۇشۇۋاتقان مىنامىيوتنىڭ دەھشەتلىك پارتىلاشلىرىدىن پارتىزانلار ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى . بۇلارنى ساراسىمگە سېلىۋاتقىنى ئەجدىھادەك دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ئوت ! ئوت ئىچىدە قالغان ھامۇت بىلەن سىدىقنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىراشلىرى بوشلۇقنى لەرزىگە سېلىپ ، پارتىزانلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا قالغانىدى . بۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى .
كۈن پاتتى، پارتىزانلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە . ئۇلار بارغانچە خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. داۋۇت پالۋان ئادەملىرىنى قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي قاتتىق ئويلىنىۋاتاتتى. ئوت يامراپ كەلمەكتە .
داۋۇت پالۋان ھويلا قورۇسىدا تىك تۇرۇپ ، پارتىزانلارغا كەسكىن مۇراجىئەت قىلدى :
_ قەدىرلىك دوستلار ، بۇرادەرلەر ، بىز دۈشمەننىڭ ئوتتىن ياسالغان پولات تاغرىغا كىرىپ قالدۇق . دۈشمەن بىزنى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى . ئوق ، گىرانات ، بومبىلار بىز ئۈچۈن ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس . بىزنى ھازىر قورقۇتۇۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس ، ئوت ! بىز قايسى تەرەپكە قاچساق ئۆلىمىز ، مۇشۇنداق قاتمۇ- قات قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزگە مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل ! ھازىر ھەر قايسىڭلاردا بار ئوقنى ھاپىز قارى ، قارا قاۋان ، تۇردىئاخۇنغا بېرىڭلار. ھاپىز قارى بىلەن قارا قاۋان ئالدىدىن كەلگەن دۈشمەننى بېسىقتۇرسۇن ،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن كەينىدىن كەلگەن دۈشمەننى يوقاتسۇن ، مەن ئالدىدا ماڭاي ، قېنى ئۇلارغا ئوقلارنى بېرىڭلار ... - ئۇ ئامال قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسنى ساق - سالامەت ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيتى دەپ قارايتتى.
پارتىزانلار ئوقلارنىڭ ھەممىسنى ئۇلارغا بېرىشتى . ھاپىز قارى بىلەن قارا قاۋان ئالدىنقى قاتاردا يول باشلاپ ، كۆرۈنگەن دۈشمەننى يەر چىلىشەتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن كەينىدىن كەلەنە دۈشمەننىڭ ئۇنىنى ئۈچۈرۈپ تۇردى . بۇلارغا دەقىقەۋاقىت شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدى . ئۇلار ئاۋۋال كىرگەن قورۇنىڭ ئىچىدىكى سۇڭگۈچ ئارقىلىق ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن سىرتقا قاراپ يەر بېغىرلاپ ، سوزۇلۇپ مېڭىۋاتقىنىدا ئىلياسخان ئوق تېگىپ قۇربان بولدى . ئۇنى قاسىم جودا ئۆملەپ سۆرەپ ماڭدى .
_ ئامال يوق ، ئۇ قالسۇن ، - دېدى داۋۇت پالۋان يەر بېغىرلاپ كېتىپ بېرىپ . بۇلار سۇڭگۈچ ئارقىلىق قاتارلىشىپ سىرتقا چىقىپ ئوقتىن قۇتۇلدى . ئەمدى ئالدى تەرەپتىن بومبا ، پىلىموت ، مىنامىيوتلار ئېتىلىشقا باشلىدى . گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن يەر - جاھاننى قاپقارا تۈتەكلەر قاپلاپ كەتتى. دەھشەتلىك ئېتىششلار يەنە داۋام قىلدى .
پارتىزانلار ئېرىق ئىچىگە يېتىۋېلىشتى - دە، ئۆملەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . ئېرىقنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى يېرىم مېتىر ئۆپچۆرىسدە بولۇپ ، پوتەيدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقى ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تېگىپ ، ئۇلارنى توپا بىلەن كۆمۈېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ چاپان - جۇۋىلىرىنى يول - يول تىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ دۈمبە ، پۇتلىرىغا تېگىپ رەللە قىلاتتى. ئۇلار يىلانغا ئوخشاش ئۆملىمەكتە ئىدى . ئىككى پارتىزانغا ئوق تېگىپ جايىدا قالدى . قالغانلار تامدىن ئەمدىلا چىقىشىغا ئارقىدىكى دۈشمەن جىددىي ھالدا :

_ ئوغرى كەلدى ، ئوغرى كەلدى ، - دەپ كاناي چالدى - دە ، يەنە بىرى بىلەن << سا، سا... >> دەپ بۇلارغا ئېتىلىشقا ماڭدى .
تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن بۇ ئىككىسىنى ئىككى پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى . ئاۋاز ئۆچۈپ بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالاھىزەل ئون مېتىر ئۆزىۋالدى . بۇلار ئىككى يۈز مېتىرچە ئۈزۈنلۈقتا سوزۇلۇپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئالدىدىكى پوتەينىڭ ئۈستىدە بىر ئەسكەر ئۆرە تۇرۇپ ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئوق ئېتىشقا باشلىدى . قارا قاۋان ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەنلا دومىلىتىۋەتتى. يەنە بىر ئاز تىنجىدى . ۋاقىت ناماز شام بولدى . يەنە ئوقلار يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى . بۇ ۋاقىتتا ئىككى ياندىن يۈزدەك ئەسكەر غالجىر ئىتلاردەك ملتىق ئىستوۋۇللىرىنى چىقىرىپ ، بۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى ، داۋۇت پالۋان كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ۋاقىرىدى :
_ تۇرۇڭلار ، ھۇررا !
قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى . پارتىزانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ، تېپىپ يىقىتاتتى. گاھلىرى يانلىرىدىكى پىچاقلىرىنى ئېلىپ تىقسا ، گاھلىرى توقماق ، كەتمەن ، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ، چانايتتى . ئېتىلىۋاتقان ئوق ، مىنامىيوتلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاشلا چۈشۈپ پارتىلايتتى. دۈشمەن پارتىزانلارنى ئۆلتۈرىمىز ، دەپ ئوق چىقىرىپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىدىكى ئۆز ئادەملىرىنى ئېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن پوتەيدىكى دۈشمەنلەر دەرھال پىلىموتلىرىنى توختاتقان بولسىمۇ ، تام ئىچىگە چۈشۈۋاتقان بومبا ، مىنامىيوتلار يەنىلا يەرگە چۈشۈپ پارتلاۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئەيسا ۋارقىرىغىنىچە بىر دۈشمەن بىلەن تەڭلا پارتلاپ كەتتى.
_ ئەيسا ! - ۋارقىرىدى قۇربان ، - مەن قىساسىڭنى ئالىمەن !
قۇربان ئالدىغا كەلگەن دۈشمەنلەرنى قولىدىكى ئوقسىز ملتىق بىلەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۇراتتى.
_ ئۆلە ، ئاناڭنى ، غالجىر ئىت ، سەنمۇ كەل قېنى ...سەنمۇ كەل... ئاكاڭنى كۆرۈپ قويۇش...
_ ئاناڭنى! ئۆلە گۈي .. - دېدى قاسىم جودا بىر ئەسكەرنى ملتىق پاينىكى بىلەن بىر قويۇپ يىقىتىۋېتىپ ، - مەن قاسىم سەندەك نېمىلەرگە تېتىمايدىغان بولسام ...
_ كېلە چوشقا ! - ئاسىم دوختۇر ئۈزۈن قول - پۇتلىرىنى چاققان ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئەسكەرلەرنى << ۋايجان >> دېگۈزۈېتىپ باراتتى .
_ سەنلەر بىزگە تېتالامسىلەر ، ھۇ ئاناڭنى !
ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ، دۈشمەنلەرگە قول - پۇت ، كاللا بىلەن زەربە بېرىۋاتاتتى.
پارتىزانلار دۈشمەنلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە جەسۇرلۇق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قانلىرى بارغانچە قىزىپ ، كۆزلىرىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي قالدى .

داۋامى بار ... [size][/color/]

---

يوللىغۇچى: **afrasyap**
يوللىغان ۋاقتى: **21:36:11 29-6-2007**

نەچچە كۈن بولدى، ماراپ يۈرىيمەن. ماۋۇ رومانىنىڭ داۋامى يوققۇ؟؟

---

يوللىغۇچى: **akewat**
يوللىغان ۋاقتى: **1:23:04 1-7-2007**

رەھمەت سىزگە داۋاملىق تىرىشىڭىز مەن سىزگە ھەق ئاللاھ دىن مەدەت تىلەيمەن!![em35]


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: karvan
يوللىغان ۋاقتى: 0:13:30 5-7-2007

[em15] داۋامى قېنى ؟

---

يولىغۇچى: batur
يوللىغان ۋاقتى: 18:07:36 5-7-2007

بەك ياخشى ئەسەر ئىكەن سىزگە رەخمەت

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 21:36:44 18-7-2007

راستلا ئېسىل ئەسەركەن . بىراق نازاكەت خانىم ئالدىراش بولۇپ كەتتىمۇ قانداق ئۈچ - تۆت ھەپتىدىن بۇيان رومانىنىڭ داۋامىنى پەقەتلا ئوقۇالماي
تەقەززار بولۇپ كەتتۇق . ئەسلىدە باشلىغان ئىش دېگەننى قاسىسىدە تۈگۈتۈۋېتىدىغان گەپتى. باشقا توردا شلارمۇ قارىسام رومانىنىڭ داۋامىنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ . رومانىنىڭ داۋامىنى [ مەن چوقۇم ئاخىرىغىچە يوللايمەن } دەپ نىيەت قىلغان ھۆرمەتلىك نازاكەت خانىم چوقۇم يوللىۋېتەر - ھە ؟!

---

يولىغۇچى: mahi
يوللىغان ۋاقتى: 21:52:00 18-7-2007

ھېيتگاھ جەمەسى

ھېيتگاھ جەمەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جەمە، ھېيتگاھ مەيدانى قەشقەردىكى ئۈۋت سود، مەدەنيەت مەركىزىدۇر، ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە ترتمي قالمىدۇ. ئۇنىڭ كۆن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغىن چوڭ دەرۋازىسى، پەشتىقى، ئۇق گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى نەقىشلىك مۇنرلىرى شەھەرگە ئالھىدە كۆركەملىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

جەمەنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، بۇنىڭغ ئىشلگەن تمچى ۋە سەنئەتكرلارنىڭ نەقەدەر مەھرەتلىك ئىكەنلىكنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر بىنكرچىلىقىنىڭ خېلى ئۇزۇق ترىخة ئىگە ئىكەنلىكنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا چېلىنىدىغن نغر، سۇنىي ئۇۋزى كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇندق جەلپ قىلىدۇكى، بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىدىن كۆز ئۇزۇپ ئېرىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسك مۇزىكسى 12 مۇقم نغر سۇنىيچىلارنىڭ تەرەننۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۈچ كۆن ئىچىدە دېگۇدەك ئۇۋم خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۆز زمىنسىدىكى ئەخمەت ئىك سۇنىيچى، روزى ئىك (بشى) لر ئۆزلىرىنىڭ مەھرتى بىلەن بىرلىق ھېيت ئىشتىركچىلىرىنىڭ رەھمىتىنى ئالتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەربىر قېتىملىق ھېيتتا ئالھىدە ئالقىشقا ئىگە بۇلتى. گىزى كەلگەندە بۇ ھېيتگاھ جەمەسى ئالدىد ئوينىلىدىغن سە ئۇسۇلى ھەققىدىمۇ ئزرق سۆز قىلىپ ئۆتسەك يمن كەتمەس؛ قەشقەر خەلقى، نغر، سۇنىينىڭ يېقىملىق ئۇۋزىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتر، روزى ھېيت، قۇربىن ھېيتتىكى ئالتە كۈنلۈك ئرم ۋە خۇشاللىق ۋقتىنى ئشۇ نغر، سۇنىينىڭ يېقىملىق سدلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ئۇمۇم كىشىلەرنىڭ ئىشتىركى بىلەن سە سېلىش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ يقتۇرۇپ شۇغۇللىنىدىغن ئەنئەنۇى پائلىيىتىدۇر. «سە» بىر خىل سەنئەتلىك ئويۇن بۇلۇپ، ئۇ ئدەتتىكى كۆڭۈل ئېچىشتا ئوينىلىدىغن ئۇسسۇلىدىن تۇپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئدەتتە يلغۇز كىشى، ئىككى كىشى يكى بىر قنچە كىشى تەرىپىدىن ئۇرۇنلانس، «سە» نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئىشتىركى بىلەن ئۇرۇنلىنىدۇ. يۈزلىگەن كىشلەر ئوتتۇرىغ چۈشۈپ ھەربىر كىشى ئۆز دائىرسىدە بىر خىل رەتلىك ئىيلىنىدۇ. تەشبىن شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بىر خىل رەتلىك ئىيلانغىنلىقىنى كۆرگەندە گويا بىرلا كىشى ھەركەتلىنىۋېتقاندەك ھېس قىلىدۇ. «سە» د پەقەت نغر، سۇنىينىڭ ئەڭ يۆتكىشى بىلەن رېتىم ئالمىشىدۇ. مەيدنغ چۈشۈپ «سە» سلغانلارمۇ نغر-سۇنىينىڭ مۇڭلۇق، يرقن، يېقىملىق ئۇۋزىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ مەيدنغ يىغىلىپ ھېيت تەنتەنىسى قىلىۋېتقن جەمئەتمۇ ۋقتىنىڭ قندق ئۆتۈپ كەتكەنلىكنى بىلمەي قالىدۇ.

بۇ ئىككى ھېيت مەزگىلدە ھېيتگاھ مەيدنىد ھېيت تەنتەنىسنى ئۆتكۈزىدىغانلار يلغۇز قەشقەر شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار بۇلۇپ قالمستىن،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قەشقەرنىڭ ھەرقىسى ئىمپىلىرىدىن ھەتتا چەت ئۆلكىلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ ھوزۇرلىنىدۇ. بۇ مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەر شەھىرى خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ھېس قىلىشىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئىچكىرىكى شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق ئىدى. مىلادى 1442- يىلى قەشقەرگە ھۆكۈمرىن بولغان ھاكىم بەگ- سەقسىز مىرزا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغان ئۇرۇق- جەمەتلىرىنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ نامىز ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرقى ئىچكىرىكى مەسچىت ئورنىدا بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئۇبۇل ھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 944- يىلى (مىلادى 1558- يىلى) ئۇبۇل ھادى بەگ مەسچىتنى كېڭەيتىپ ئېيتىشتىن ئىلگىرى ھەممە بەش ۋاخ نامىز ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مىلادى 1787- يىلى (ھىجرىيە 1201- يىلى) يېڭى شەھەر ناھىيە خانىمىرىق ئېرىنىسدىن زۇلپىيە خېنىم مەككىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن توپلىغان پۇلنى سەرپ قىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ئېيتىشتىن ئىلگىرى.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھۆكۈمرىن بولغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ھېيت تۇرۇپ ئۆزىگە، ھىجرىيىنىڭ 1224- يىلى (مىلادى 1809- يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پىنپ ئېرىنىسغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياسىتىپ. بۇ گۈمبەزنى خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ ياسىتىلىشتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى غەزەپكە ئايلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئىسكەندەر ۋاڭ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت قىلىپ كۆل چېپتۇرغان، ئېرىق ئېلىپ، سۇ باشلاپ كىرىپ ئورمان بىنا قىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1235- يىلى (مىلادىنىڭ 1820- يىلى) قەشقەردە قاتتىق يىمغۇر يېغىپ جامەنىڭ تورۇس- تاملىرى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئىمدىر خوج ئەبرىشىمك دېگەن كىشى ئۆمۈمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان. ھىجرىيىنىڭ 1255- يىلى (مىلادىنىڭ 1839- يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى زوھورىدىن بەگ قەشقەرنىڭ تاشقىرىقى شەھەر دەپ ئاتالغان قىسمىغا سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەرنى كېڭەيتكەن. شۇ چاغدا جامەنى سۇپەتلىك قىلىپ رېمونت قىلدۇرغان.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەدۆلەت (يەقۇپ بەگ) خەلقنىڭ مەھەللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنى ياستقان. شۇ جۈملىدىن ھىجرىيىنىڭ 1290- يىلى (مىلادىنىڭ 1872- يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ باشقىدىن قەمىر قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن. بۇ جامەنىڭ غەربىي تەرىپىنى مەسچىت، شەرق تەرىپىنى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسمغا بۆلۈپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە 24 قاتار 72 ئېغىزلىق ھۇجرا، شەرقىي شىمال تەرىپىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغان مۇنچا، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەرۋاز قاتارلىقلارنى ياستقان. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەنىڭ ھازىرقى ھالىتى شەكىللەنگەن.

ھىجرىيىنىڭ 1320- يىلى (مىلادىنىڭ 1903- يىلى) قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرەش ① زىلزىلىسى يۈز بېرىپ، جامەنىڭ تاشقىرىقى مەسچىت قىسمىغا خېلى دەرىجىدە زەخىم يېتىپ بەزى تاملىرى ئۆرۈلگەن، مۇنار زەخىملەنگەن ئىدى. لېكىن ھىجرىيە 1322- يىلى (مىلادىيە 1905- يىلى) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن «ئاخۇن باي» دەپ ئاتالغان تۇردى باي ھاجىم بىلەن كېرىم ئاخۇن بىۋەچچىلەر تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنغان.

ھىجرىيىنىڭ 1352- يىلى (مىلادى 1934- يىلى) قەشقەرنىڭ مۇرىپ ئىدرە باشلىقى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمنىڭ رىيسەتچىلىكىدە رېمونت قىلىنىپ، دەرەخلەر تۈلۈقلاپ قويۇلغان، كۆللەر قايتا چېپىلغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا رىشتكىلار ئورنىتىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1354- يىلى (مىلادى 1936- يىلى) قەشقەردە «ئىسلامى مەدرىسى»- مەسچىت ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋاز ئېچىلىپ، كىرىپ- چىقىش رۇناشتۇرۇلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1355- يىلى (مىلادى 1937- يىلى) شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىدە جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىزلىق ھۇجرا بىلەن مۇنچا چېقىۋېتىلگەن. تام ئورنىغا سالسۇنلۇق رىشتك بېكىتىلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن جامەنىڭ يېڭى باھارى باشلاندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ جامەنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىپ بىر قانچە قېتىم چوڭ- كىچىك رېمونت قىلدۇردى. 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىپ سىرلاپ، ئاقارتىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى. 1983- يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ جامەنى چوڭ رېمونت قىلدى.جامەگە تازىلىق ئىشچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارنى بېكىتىپ، ئىگىدارچىلىقنى كۈچەيتتى.

ھازىر ھېيتگاھ جامەسى ۋە مەيدانى يىلغۇز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ دىنىي- مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت سورۇنىغا ئايلاندى.

قەشقەر شەھىرى ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق شەھەر قىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن بېرى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن دوستلار ۋە چەت ئەللەردىكى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئىز سىنلىق مىللەت مۇھەجىرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى بىلەن ئالدىن زىيارەت قىلىدىغان ئورنى ھېيتگاھ جەمەسى بولغاچقا، بۇ جەمەنىڭ ئورنى، ئابرويى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتۈرۈلمەكتە.

ھېيتگاھ جەمەسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى.

ھېيتگاھ جەمەسى، شىنجاڭ بويىچە، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىت ۋە مەدرىسىدۇر. بۇ جەمە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئىرىسىد زور تەسىرگە ئىگە، ھەمدە قەشقەرنىڭ ئىلىم- مەرىپەت، ھۈنەر- سەنئەت مەكنى بولۇشتەك ئىپسىل خىسلىتىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا بىتۇر، ئەمگەكچىن، ئەقىل- پىرسەتلىك ئۇيغۇر خەلق بىنكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

ھېيتگاھ جەمەسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى- 140 مېتىر، غەربتىن شەرققە بولغان كەڭلىكى 120 مېتىر، ئۇمۇمىي يەر مەيدنى، 25.22 مو كېلىدۇ. بۇ جەمە: دەرۋاز، ھويلا، مەسچىت، مەدرىس، ھۇجرىدىن ئىبرەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دەرۋاز قىسمىدىن ئالغاند مۇنر، دەرۋاز، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىم بىر- بىرىگە تۇتىشتۇرۇلۇپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ.

جەمە چوڭ دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.30 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.70 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ دەرۋاز ئورنىتىلغان تامغا مېھرب شەكىللىك نەقىشلەنگەن تەكچىلەر چىقىرىلغان. دەرۋازىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تامغا رەڭدار زىنىنەتلەنگەن تۆت مېتىر كەڭلىكتە، يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى مېھرب، ئەگمە شەكىللىك نۇ ئاستىغا قۇرئن كەرىمنىڭ بىر نەچچە ئايەتلىرى يېزىلغان ئىككى مېتىر كەڭلىكتە، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە رەڭدار نەقىشلىك بىر چىسا تاختا بار.

دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىد ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم سېرىق سىر بىلەن چىرىلىق سىرلانغان ئىككى مۇنر بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنرلار شەھەرگە كۆركەم، ھەيۋەتلىك تۈس بېرىدۇ. بۇ ئىككى مۇنرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان گەج ۋە پىششىق خىش بىلەن ئېتىلگەن چىتم تامنىڭ ئىرىلقى 28 مېتىر كېلىدۇ. مۇنرنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەيلەر بولۇپ، مەزۇن، ئاخۇنۇملار شۇ پەلەمپەيلەر بىلەن ئۈستىگە چىقىپ مۇسۇلمانلارنى نامزغا چاقىرىدۇ. مۇنرنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر دەستىلىك ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئاينىڭ شەكلى ئورنىتىلغان. ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئارتىپ تۇرىدۇ.

جەمەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەن گۈمبەز ئىچىگە كىرىسىز، گۈمبەزنىڭ سەككىز بۇرجەكلىك ئايلانمىسى، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە جەمە سەينىسىغا كىرىدىغان مېھرب شەكىللىك ئىشىكى بار.

گۈمبەزنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى 40 مېتىر، ئېگىزلىكى 12.5 مېتىر، ئۈستى ئېگىزلىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنر بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ مۇنرنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ گۈمبەز ئالەم گۈمبىزى بىلەن رىقبەتلەشكەندەك تىك تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە يۆلەپ سېلىنغان 46 ئېغىزلىق دۇكىن بولۇپ، بۇ دۇكانلارنىڭ ئىجرىسى مەسچىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھېيتگاھ جەمەسىنىڭ ئالدى- شەھەرنىڭ ئەڭ قويۇق ئېلىم- سېتىم، سود بولىدىغان بازىرىدۇر. بۇ جەمە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېگىز ھەم ئازدە بىر پەشتاق ياسالغان، ھەر يىلى قۇربن ھېيت ۋە روزى ھېيت كۈنلىرىدە پەشتاقتا ناغرا، سۇنىي ئۇزى ياڭرىپ، ھېيتگاھ مەيدنىغا توپلانغان تۈمەنلىگەن كىشىلەر بىيرم خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇن- ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت- بايراملىرىنى قۇتلۇقلايدىغان مەيدنى بولغاچ ھېيتگاھ دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت سەينى )ھويلا( سىنىڭ كۆلىمى ئىككى مودىن ئارتۇق، ئىككى كۆل بار. بۇ جەمەدە ھەر كۈنى 3- 4 مىڭ كىشى، جۈمە كۈنلىرى 5- 10 مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە 40- 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. جەمە ھويلىسى بىلەن كيۋنىنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان مىشرەڭ سىرلانغان رىشتك ئايرىپ تۇرىدۇ. رىشتكىنىڭ ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر، كيۋنغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ئورۇنغا ئىشىك ئورنىتىلغان.

مەسچىت قىسمى ئىچكىرىكى مەسچىت (خانىقا) تاشقىرىقى مەسچىت (پىشيۋن)، كيۋنىدىن ئىبرەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، ئۇمۇمىي يەر كۆلىمى 456 كۇۋدىرت مېتىر كېلىدۇ.

جەمەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تامغا چىقىرىلغان مېھرابتا خاتىپ ئاخۇنۇم خۇتبە ئوقۇيدۇ. تاشقىرىقى مەسچىت، كيۋنارنى قوشۇپ ئۈستى يېپىلغان قىسمىنى ھېسبلىغاند 2660 كۇۋدىرت مېتىر كېلىدۇ. كيۋن تۇرۇسلىرىنى يەتتە مېتىر ئىگىزلىكتىكى 140 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، جەمە دەرۋاز، مۇنرلار، پەشتاقلار، گۈمبەز- رىشتكىلار، ئاجايىپ نەقىشلەنگەن تۈرلۈك قۇرۇلمىلار بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇردۇر.

بۇ ماتىريال قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيتى 1989-يىلى نەشىر قىلغان، ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى   تارىختىن قىسقىچە بايانلار  ناملىق ئاسىردىن ئېلىنىدى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-23 22:39:53

ياخشىمۇسىز ماھى خانىقىز ، ھېيتكادەك بىر ئۇلۇغ تېمىنى تېما شەكلىدە يوللىماي ئىنكاس شەكلىدە يەنە كېلىپ ھېيتكا بىلەن ھېچقانداق تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان قانىغا بويالغان سايرامنىڭ قۇيرىقىغا باغلاپ قويغىنىڭىز نېمىسى ؟ تېما دېئېگەننى ئايرىم يوللايدىغان . بولمىسا باشقىلار ئىنكاس كاتاكچىلىرىنى ئاختۇرۇپ تېما ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ .
نازاكەت خانىم ، بۇيۈك رومانىنى يوللاشقا ۋاقتىڭىز يەتمەيۋاتقان ئوخشىمامدۇ ، داۋامىنى يوللاش ئەمدى ئېغىر تۇيۇلىۋاتقان بولسا باشقۇرۇش شېفىرىڭىزنى ماڭا تۆت - بەش كۈن بېرىپ تۇرۇڭ ، مەنلا يوللىۋېتەي داۋامىنى ، بولامدۇ؟!!

---

يولىغۇچى: afrasyap
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 16:56:43

يوللىغاندىكىن داۋامىنى يوللىغىلار ئەمدى. ئادەمنى قىزىقتۇرۇپ قويۇپ، كىتاپنى سېتىۋېلىپلا ئوقۇي دەپ كىتاپخانىلارنى ئارىلاپ ئۇ كىتاپنى تاپالمىدىم.

yadrookbexi بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يوللاشقا نازاكەتنىڭ مەخپى شىفىرى كەتمەيدۇ. مۇشۇ يەرگىلا ئىنكاس شەكلىدە يوللاۋەرسىڭىز بولىدۇ.

---

يولىغۇچى: ansar
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 18:25:52

بۇئەسەر بەك ياخشى يېزىلغان....
كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن ....

<قانلىق ئىز >مۇ مۇشۇ كىتاب شۇ......[em57]

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 20:29:23

ياخشىمۇسىز ئەفراسىياپ ،
نازاكەت خانىقىز رۇخسەت قىلمىسا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ قالامسۇن دەپ ئويلىدىم .
يەنە كېلىپ بۇ رومان دەسلەپ بىر ئادەمنىڭ ئاپتورلىقىدا يوللانغان بولسا كېيىن ئەسلى ئاپتورنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ يوللىنىشقا باشلىغان . بەلكىم ئىككى ئاپتورنىڭ نامىدا يوللاشنى نازاكەت خانىم قوبۇل كۆرمەيۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن .
ئۇيغۇرلاردىكى بەختسىزلىك تارىخىدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا ئۇيغۇر تارىخى قان - ياش بىلەن تولۇپ كەتكەن .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 2007-7-24 20:35:10

قانلىق ئىز >مۇ مۇشۇ كىتاب شۇ......
======================
شۇنداق قانلىق ئىزمۇ مۇشۇ كىتاپ . ئەمما بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى قانغا بويالغان سايرامنى ئېتىراپ قىلىدۇ .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

قانلىق ئىز بولسا قانغا بويالغان سايرامنىڭ كېلۈنلانغان كۆرنۈشى . يەنە كېلىپ بۇ بىر چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق .
چۈنكى تارىخ دېگەن مىللەتنىڭ بايلىقى . مىللەتنىڭ بايلىقنى ئۆز مەنپەتىمىزنى دەپ دەپسەندە قىلىشقا قىلىشقا بولمايدۇ .

---

يولىغۇچى: yadrookbexi
يوللىغان ۋاقتى: 22:23:32 29-7-2007

نازاكەت خانىم تورغا كىرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ .
بۇ نەس باسقان رومەن ئەمدى مۇختەر باي دېگەن بىرىنىڭ نامىدا
6- ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ سەلكىن تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنىشقا
باشلىدى .
مۆجىزە . . . ھەممە تېما يوللىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ رومانغىلا كۆزى چۈشۈدىكەن دېسە .
يەنە كېلىپ يوللۇغۇچى ئاتايىن مۇشۇ رومانىنى يوللاش ئۈچۈنلا مۇنبەرگىلا كىرىدىكەن دېسە.
ھە ، راست . بۇ رومان يۈزى قېلىنلىق بىلەن سەلكىن توردا مەتىلى ھېلىمنىڭ نامىدىلا
يوللىنىشقا باشلاپتۇ . ئويلاپ قالدىم دۇنيا مەينەتچىلىك بىلەن تولۇپ تولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، دەپ .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 0:21:46 9-12-2007

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تورداشلار ! ياخشىمۇ سىلەر ! ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى ! مەن نەچچە ۋاقتتىن بېرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى تورغا چىقالماي قېلىپ ، ئەسەرنىڭ داۋامىنى يوللاشقا ئامالسىز قالدىم ، كەچۈرگەيسلەر ! مەن يەنە داۋامىنى داۋاملاشتۇرىمەن ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياقتۇرۇپ ئوقۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 0:44:04 9-12-2007

[color=Blue][size=4]_ مۇتەللىپ ئەكەل ئارىنى .....
داۋۇت پالۋان ئۇنىڭ قولىدىن ئارىنى يۇلۇپ ئېلىپ : -
_ سىلەر مېڭىۋېرىڭلار ، مەن يول ئاچاي ، بۇ بۇيرۇق ! - دېدى ئارىنى ئېتىلىپ كەلگەن بىرىگە تىقىپ تارتىۋىلىپ ، ئۇ ئەسكەر چوشقىدەك چىرقىراپ يىقىلدى ، - مېڭىڭلار تېز !
داۋۇت پالۋان ئارا بىلەن بىرىنى تىقىپ ئۆلتۈرسە ، بىرىينى ئارا بىلەن تېپىپ دومىلىتىۋەتەتتى. - دە، ھۆركىرەپ بارغىنىچە ئارىنى باشقا بىرىگە تىقاتتى . يەنە ئۇنىڭدىن تارتىۋىلىپ، باشقا بىرىگە يۇگۇرەيتتى.... پارتىزانلار ئۇ ئاچقان يولدا بارا - بارا چېكىنىۋاتاتتى.
پارتىزانلار تۈندە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىۋالدى . مىناميوتلار ئەمدى دۈشمەننىڭ ئۆز ئادەملىرىگە گۈمبۈرلەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ ۋارقىرىشاتتى. پارتىزانلار قازاق مەكتەپكە بارغاندا ، ئاتلار يوق تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ پارتىزانلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىشتى .
_ نەگە يوقالغاندۇ بۇنداق ۋاقىتتا ؟ ... - دېدى قۇربان تىت - تىت بولۇپ .
_ يۈرۈڭلار ئاتلار ئاۋۇ يەردە ، - دېدى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلگەن ئون ئالتە ياشلاردىكى ئات ساقلىغۇچى بالا ، - بىز ئايروپىلان كەلگەندە ئاتلارنى ئېلىپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن .
ئۇلار ئاتلىرىغا ئالدىراپ مىنىشتى . بۇلار قۇچاقلاشما جەڭ قىلغان جايغىچە مىناميوت چۈشۈپ پارتلاۋاتاتتى. پوتەيدىكىلەر نىشانىنى يۆتكەپ پارتىزانلار قاچقان تەرەپكە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى .
پارتىزانلار تۇرالغۇ جايىغا غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىشتى . ئۇلار تولىمۇ رەللە بولغانىدى . سۇلايمان ، تۇرسۇنلارنىڭ جاراھەت ئېغىزلىرىنى تېڭىشتۇردى . ئۇلار ئاچچىق ئىڭرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى چىقىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.
پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن ھالدا ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن قۇربان بولغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ، دەملىرى كېسىلەتتى....
_ تاماق يەۋېلىڭلار ، - دېدى قادىر ئاشپەز .
ئۇلارنىڭ قورساقلىرى شۇنچىلىك ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ، تاماققا ھېچ كۆڭلى تارتىمىدى . ھەممىسنى قايغۇ چىرمىۋالغانىدى . ئۇلار ئۆلگەن باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.
_ ئېردەنى توغرا دەپتىكەن .... _ دېدى ئەخمەت ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ .
_ نەسەھەت بېرىشنى كىم بىلمەيدۇ . ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ! ئوغۇل بالا دېگەن بىر ئىشنى قىلغان ئىكەن كېيىن پۇشايمان قىلماسلىقى


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

كېرەك . يا ئۆلۈم يا كۆرۈم ، بۇ يولدا ئۆلسەك ئارمان يوق ، ئەۋلادلىرىمىز بىزنى ئۇنتۇمايدۇ ، بىز ئۇلارنى يوروۇق تاڭغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك . روھىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار ، ئوغۇل بالا دېگەن روھلۇق بولىدىغان ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈش شەرەپ ..... - داۋۇت پالۋان سۆزلەۋېتىپ بوغۇلۇپ كەتتى. شۇئان ئەخمەتنىڭ يۈزىگە خىجىللىق ئوتلىرى تۇتاشتى . داۋۇت سۆزىنى داۋام قىلدى ، - سىلەر ھەقىقەتەن قەھرىمانلىق كۆرسەتتىڭلار . بىز بوششىپ قالماي ، قىساس ئېلىشىمىز كېرەك . قۇربان بولغان مەرد ، ئەزىمەت ، مەردانە ئوغلانلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن ! ئوغۇل بالا ئۈچۈن يېڭىلىشتىن ئارتۇق نومۇس ئىش يوق ، لېكىن بىز بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلمىدۇق ، ئەكسىچە جەڭدە غەلبە قىلدۇق .

_ بىز قىساس ئېلىشقا ھامان تەييار ، - دېدى پارتىزانلار يۇقىرى ئاۋازدا ، - باسقان يولىمىزدىن قايتمايمىز ! باسقان يولىمىزدىن قايتمايمىز !

_ ھازىرغىچە ئەمەت بىلەن ياسىنجاندىن خەۋەر يوق ، ئۇلارنىمۇ بەلكىم ... - دېدى داۋۇت پالۋان تىترەڭگۈ ئاۋازدا

باشقىلار گەپ قىلماي ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. ئەخمەت قۇربانغا قاراپ ، ئىچى كۆيگەندەك بىئارام بولدى .

_ قېرىنداشلار ، بىز ھازىر تاماقتىن كېيىن ، قارا سۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ باراتنىڭ تۆگمىنىگە ۋاقىتلىق چېكىنىپ ، نۆۋەتتىكى جەڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىمىز... يارىلانغانلار يۇرتقا قايتسۇن، بىز دەرھال قارا سۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋالمىساق ، دۈشمەن كۆۋرۈكنى ئىگىلەپ ، بىزگە تەھدىت سالىدۇ. شۇڭا بىز شۇ يەرگە تېز چېكىنىشىمىز لازىم .

_ بىز يۇرتقا قايتمايمىز ، قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قىساس ئالىمىز ، ئاخىرىقى نەپسىمىز قالغۇچە كۆرەش قىلىمىز.

_ بولمايدۇ ، ئاۋۋال سىلەر ساقىيىۋېلىڭلار ، ئاندىن جەڭ قىلساڭلارمۇ ئۈلگۈرسىلەر . بۇيرۇق : يۇرتقا قايتىڭلار !

داۋامى بار......
[size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 1:05:13

[color=Blue][size=4][center]5[/center]
داۋۇت پالۋان ئاسىم دوختۇر ، ھاپىز قارى ، قۇربان قاتارلىق ئۈچ پارتىزاننى كۆۋرۈك ساقلاشقا قويۇپ ، باراتنىڭ تۆگمىنىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇلار كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن دۈشمەنلەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى .

كۆۋرۈك ئادەتتىكى لەڭلەك كۆۋرۈك بولۇپ ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە - يەتتە مېتىر ، كەڭلىكى بەش - ئالتە مېتىر ، ئىككى تەرەپ ئېگىز يار ، ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

_ مەن دۈشمەنگە ئالدىدىن زەربە بېرەي ، ئىككىڭلار ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىڭلار ، - دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ بولىدۇ.

بۇلار سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوق ئۈزدى . ئاسىم دوختۇر ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەرنى كەينى - كەينىدىن دومىلىتىۋەتتى. كۆۋرۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەن ئون نەچچە ئەسكەر : << ئوغرى كەلدى ، ئوغرى كەلدى ،بىزنى قورشىۋالمىسۇن >> دېيىشىپ ، دەرھال ئوق تەگكەن ئىككى ئەسكەرنى سۆرەپ قېچىپ كېتىشتى .

ئەتراپ جىمىغاندىن كېيىن قۇربان بىلەن ھاپىز قارى ئاسىم دوختۇرنىڭ يېنىغا كەلدى .

_ يامان نېمە جۇمۇ سەن ئاسىم ، ياخشى ، مال دوختۇرى بولۇپ قاپتىكەنسەن ، ئادەم دوختۇرى بولۇپ قالغان بولساڭ ، ئادەمنى نەچچە پارچە قىلىۋېتىپ قايتا قۇراشتۇرۇپ يېڭىلايدىغان نېمە بولىدىكەنسەن ، - دېدى قۇربان سۇس كۈلكە بىلەن .

_ ئۇنچىلىك ئىش دېگەن بىز ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشلار ...

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا قۇربان بولغان سەپداشلىرى كېلىپ ، بىردىنلا شۈككىدە بولۇپ كېتىشتى - دە ، تۆگمەس غەم - قايغۇلارغا پاتتى. يۈرەكلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ باشلىرى ئېغىرلاشتى ....

تاڭ يورۇغاندا ئاسىم دوختۇر ھاپىز قارى بىلەن قۇرباننى ئەگەشتۈرۈپ كۆۋرۈكتىن بىر نەچچە يۈز مېتىر ئۆتۈپ تەكشۈردى . . ئەتراپ جىمجىت ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئەسەر يوق ئىدى ، نەمخۇش سوغۇق شامال ئەتىكى باھاردىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. ئۈمىدكە تولغان شۇ باھار ئۆزىگە جۇتلارنى ھەمراھ قىلماي ، چىن مېھىر بىلەن بۇلارنى قۇچاقلىسا ، ئۇلارنىڭ تېنى قانچە ياشارغان بولار ئىدى . ئاھ ، مىڭلىغان كۆزلەر يولىغا قاراپ زارىققان باھار....

_ بۇ يەردە قان تامچىسى تۇرىدۇ ، - دېدى ھاپىز قارى .

_ ماۋۇ يەردە يۈز تالدەك ئوق چېچىقلىق تۇرىدۇ، - دېدى قۇربان ئاتتىن يەرگە چۈشۈپ ، - ئۇلار ئاخشام قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ ، - دېدى ئاسىم دوختۇر ئوقلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ .

_ بەلكىم قورقىسمۇ قورققاندۇ . قورشاپ ھۇجۇم قىلدۇق ئەمەسمۇ ؟- قۇربان شۇنداق دەپ ئاسىم دوختۇرنىڭ كۆزىگە قارىدى .

_ ئاجايىپ نېمە - دە سەن ، ھە ، قۇربان ؟ غېمىڭ يوق ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .

_ غەم دەستىدىن قولغا قورال ئالدۇققۇ ؟

_ سېنى - زە ، ئادەمگە گەپ بەرمەيسەنغۇ ؟ يۈرۈڭلار ئورنىمىزغا قايتايلى .

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئارقىغا بۇرۇلدى . شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چارچىغان ، ھارغان تېنى ئارام ئېلىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇلار قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى ئويلاپ ، ئېغىز ئازابلارغا بۆلىنەتتى. ئۇلارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى. ئىچ - ئىچىدىن غەزەپ قايناپ چىقاتتى،


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تاشقىنلايتتى. << خەپ ، بۆلاردىنمۇ ئۆچ ئالدىغان چاغ كېلىدۇ ، بۆلارنى يوقاتقاندىن كېيىن چىمەنگۈل بىلەن توي قىلىمەن ... >> قۇربان ئەشۇنداق شېرىن خىياللاردا بولۇۋاتاتتى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ : << سىز بىلەن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلسىڭىز ، سىزنى سىز ئەمەس ، مەن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويىمەن ... >> دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ كەتتى - دە ، ئېغىر << ئۇھ >> تارتىپ يۈزىنى سىلاپ ، بۇلۇتلار توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قارىدى . كۆز ئالدىغا بىردە قۇربان بولغان سەپداشلىرى كەلسە، بىردە چىمەنگۈل بىلەن بۇلبۇللار سايرىغان باغلاردا سەيلە قىلغان كەچلىك چاغلىرى ئۆتەتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ، تۇگمەس پاراڭلىرى ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئازابلىق ھەم شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى....

داۋامى بار.....[/color][/size]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-9 1:40:05

[color=Blue][size=4][center]*******[/center]
ھاشىم تۆن قاراڭغۇسىدا ئاتنى يورغىغا سېلىپ كېتىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقتىن ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى .
ئاسىم دوختۇرلار كۆزەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتىۋاتقىنىدا ، ھاپىز قارى بىرسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى .
_ ئاسىم ، بىرسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ؟
ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ، ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن تىڭشىدى .
_ ئاۋۇ يەردە ئىكەن ، يۈرۈڭلار .
ئۇلار يېتىپ بارغىنىدا ھاشىم قانسىراپ ياتاتتى. ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تەگكەنىدى .
_ نېمە بولدى ھاشىم ، كىم ئاتتى ؟- دېدى ھاپىز قارى تىت - تىت بولۇپ .
_ بىلمەيمەن ... كېتىۋاتسام .... ئاتا - ئانامغا .... دەڭلار .... ئۇرۇشتا ... ئۆلۈپ كەتسەمچۇ ... - ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاغىزنى ئۆمەللەپ ئاران دېيەلىدى .
_ تېز ئاتقا ئارتايلى ، قۇربان قولىنى تۇت !
يولدا بارغۇچە ئۇنىڭدىن قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ تىننىقى توختىدى .
_ ئۇ جان ئۈزدى ، - دېدى ھاپىز قارى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ غۇۋالاشتى .
_ ئاناڭنى ، قانداق گۇي ئېتىۋەتكەندۇ ؟- دېدى ئاسىم دوختۇر .
_ نېمە ئىش بولدى ؟ - دېدى داۋۇت پالۋان بۇلارنىڭ ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىز ھالدا .
_ ھاشىمنى بىرسى ئېتىۋېتىپتۇ .
_ نېمە ؟ بىرسى دەمسەن ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ، كۆۋرۈكتىن بۇ تەرەپكە دۈشمەن ئۆتەلمىسە ، ئەتراپ سازلىق تۇرسا ... - دەپ ئويلىنىپ قالدى داۋۇت پالۋان ، - ئەتراپنى دەرھال ئاقتۇرايلى ! - دېدى ئۇ پارتىزانلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ .
_ نېمە ئىش بولۇپتۇ ؟- سورىدى ئەنسىز يېتىپ كەلگەن ناسىراخۇن .
_ھاشىمنى بىرسى كۆزەتچىلىك قىلىغلى ماڭغاندا ئېتىۋېتىپتۇ . ئاتتىن ئادەم يىراققا كېتەلمىدى . ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تاپايلى ، تېز ئاتلىنىڭلار .
پارتىزانلار يەۋاتقان نانلىرىنى قويۇنلىرىغا تىقىشىپ ، ئاتلىرىغا مىنىشتى - دە ، دەرھال ئاتلىنىپ ھەر قايسى تەرەپلەرگە بۆلۈندى .
تۇردىئاخۇن بىرسىنىڭ قارا كۆرە دالا تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى .
_ ئەنە ، ئاۋۇ يەردە قېچىپ كېتىپ بارىدۇ ! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .
_ قوغلايلى ! - دېدى داۋۇت پالۋان غەزەپ بىلەن .
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يېتىشكىلى ئازقالغاندا ، قارا قاۋان چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپ تاشلىدى . ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى .
ئۇلار يەردە سوزۇلۇپ ياتقان جالالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇشتى .
_ نېمە گەپ بۇ ؟- دېدى داۋۇت پالۋان چۆچۈپ ، - ئۆز ئادىمىمىزكەنغۇ ؟ ئىچىمىزدە خائىن بارىكەن - دە ، ھەي ، بۇ ئۇنداق ئەمەستى ، باتۇر يىگىتتى ، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ ئىش ؟- ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قايدى .
_ يۈرۈڭلار قايتىمىز ، قايتقاندىن كېيىن ھەممىمىز يىغىلايلى .
_ قېرىنداشلار ، بۇ ئىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ ، ئازابلاپ قويدى . ئۇ مۇناپىق ئۆز ئادىمىنى ئېتىۋەتتى . ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى ؟ ! ئەنە ئۇمۇ ئۆلدى . ئۇنىڭ ئۆلىكىنى قاغا - قۇزغۇنلار يەيدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز ھوشيار بولايلى . ئىچىمىزدىن چىققان دۈشمەن ھەممىدىن يامان ...
ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن پوستلاردىن تەسلىكتە ئۆتۈپ ، جالالنى كۆمۈۋېتىپ ، بېشىدا قىرائەت قىلىپ قايتىپ كەلدى . داۋۇت پالۋان بۇنى سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل خورلۇق ئازابى چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ ، جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەملىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ رەتلەشنى ، ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ تۈندە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ئاجايىپ بىر ئازابلىق خىياللارغا ئەسىر


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بولدى . << جالال نېمە ئۈچۈن هاشىمنى ئېتىۋېتىدۇ ؟ ئۇ خائىنمۇ ياكى ... >> بۇنى تولا ئويلاپ ، ئۇنىڭ بېشى چىڭقالدى .
ئەتىسى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى . بىر پارتىزان يىگىت داۋۇت پالۋانغا :
_ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ئاداۋەت باردى ، بىر قېتىم بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق سوقۇشۇپ كەتكەن ، هاشىم جالالنىڭ ئىنىسىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ، بۇ ۋاقىتلاردا جالال ئۆيىدە يوقتى . كېيىن ئۇ ئۇقۇپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان ...- دېدى داۋۇت پالۋانغا تىكىلىپ قارىماي .
_ سەن بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق ئېيتىشىڭ كېرەكتى .
_ نېمە بىلەيۇ ، مۇشۇنداق ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئېتىۋېتىشىنى ....
داۋۇت پالۋان بۇ هەقتە جىددىي يىغىن ئېچىپ ، پارتىزانلارغا تەربىيە قىلدى . ئاندىن ئادەملىرىنى باشلاپ جالالنىڭ قەبرىسىگە باردى . پارتىزانلار جالالنىڭ يەرلىكىدە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ، هەيران بولغان بولسىمۇ ، ئۇن چىقارمىدى . چاپىز قارى مۇڭلۇق قىرائەت بىلەن ھەممىسىنىڭ يۈرەكلىرىنى چايقىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.
_ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويىدى ، - دېدى داۋۇت پالۋان ئاچچىق يۇتۇپ .
قارا قاۋان ئاچچىق پۇشايماندا ئازاپ چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يوغان بەستى چىڭقىلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى...
شۇ كۈنى شەھەردىن << داۋۇت پالۋان تېز كەلسۇن ، ئېلىخان تۆرە كەلدى >> دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى . داۋۇت پالۋان شۇ زامان تەييارلىنىپ ياردەمچىسى بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ناسىراخۇنغا كۆپ نەرسىلەرنى تاپىلىدى.

داۋامى بار..... [/size][/color]

---

يولىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-21 20:51:55

[center][size=4][color=Blue]ئون ئالتىنجى باب ئىككى خىل هايات [/center]

ياسىنجان بىلەن ئەمەت بۇلاق بېشى بىلەن مېڭىپ ، پەتەك لاۋخاڭنىڭ بېغىدىن ئۆتۈشكە دۈشمەنلەر ئۇلارنى قورشىۋالدى .
_ نەگە بارىدىكىن بۇ سولتەكلەر ، باغلاڭلار ، بىرىمۇ قاچمىسۇن ! - دېدى باشلىق سۈپەت بىرى بۇلارنى مەنسىتمىگەندەك سوغۇق كۈلۈپ .
ياسىنجان بىلەن ئەمەت نېمە قىلىشنى بىلمەي ، بىر - بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى . دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورال تەڭلىگىنىچە بۇلارغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى .
_ تىرىك تۇتۇڭلار !
_ قانداق قىلىمىز ؟- دېدى ئەمەت قورقۇنچ ئارىلاش .
_ ئېلىشايلى ، بۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالمايلى .
_ كۈچىمىز يېتەرمۇ ؟ بۇلاردا قورال تۇرسا .
_ ئامال يوق . ئۆلسەكمۇ ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆلەيلى . قولىغا تىرىك چۈشۈپ قەلساق هېچ نەرسىنى دېمەيلى ....
_ بولىدۇ ، سۆزۈڭ توغرا ....
دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كەلدى . ياسىنجان چەبدەسلىك بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى تۇتىۋېلىپ ، مەيدىسىگە بىرنى تېپىپ دومىلىتىۋەتتى . ئەمەتمۇ شۇ خىل ئۇسۇلدا بىر ئەسكەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۋەتتى .
_ ئۇلارنى قورشاپ تۇتۇڭلار ! - دېدى هېلىقى باشلىق سۈپەت ئەسكەر قاتتىق ۋارقىراپ .
ياسىنجان بىلەن ئەمەتكە بەشتىن ئەسكەر مەهكەم ئېسىۋالدى . ئۇلارنى تېپىرلايتتى. سىلكىنەتتى. دۈشمەنلەر بۇلارنى باغلىۋالدى .
_ ئەمەت هېچ نەرسىنى دېمەيلى ، بولمىسا پارتىزانلىرىنىڭ هالى خارابلىشىدۇ . غەلبە قىلىشىمىز قىيىنلىشىدۇ !
ئەسكەرلەر بۇلارنى ئىتتىرىپ ، دۈشكەللەپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى . قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ، قارامتۇل چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتكەن ساقچى باشلىقى بۇلارنى كۆرۈپ ، بىر خىل مەمنۇنلۇقتىن بېشىنى لىڭشىتىپ يېقىمسىز هېجايدى .
_ ياخشى ، ياخشى ، سىلەر ئوغرىلار بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەن ؟ بىزنىڭ ئەهۋالىمىزنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ؟- دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ .
نەگە بارىمىز ، نەدە تۇرىمىز بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ ؟- دېدى ياسىنجان ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ .
_ ها.... ها.... ها... بەك ياخشى بولدى ، ماڭا ئەمدى تەرجىمانىڭمۇ لازىمى يوقكەن . سەن خەنزۇچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسەن ، بىراق سۆزلىرىڭ توغرا ئەمەس . نەگە بارىسەن ، نەدە تۇرىسەن ، بۇنى بىز باشقۇرىمىز . بىزگە ماسلاشمىساڭ زىيان تارتقىنىڭ شۇ . سىلەر بىلەن هازىر ئوبدان سۆزلىشىۋالىمەن ،- ئاندىن ئۇ ساقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى ، - بۇلارنى ئايرىم- ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ تامغا ئېسىڭلار! .
_ماڭ ئوغرى ، ماڭ !
سوراق ياسىنجاندىن باشلاندى .
_ ئىسمىڭ نېمە ؟
_ ياسىنجان .
_ سەن كىمنىڭ ئادىمى ؟
_ مەن مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمى .


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ سىنىڭ مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن .... مەن زېمىنلا دەيدىكەنسەنغۇ ؟ ئەمدى زېمىنىڭ يوق .
_ زېمىن خورلۇق تارتىۋاتسا ، زېمىن دېمەي نېمە دەيمەن ، بۇ زېمىن يوقالمايدۇ .
_ سەن قالايمىقان سۆزلىمەي ، چىرايلىقچە مەسلەھەتنى تاپشۇرساڭ ، بىز ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز، ئۆزىمىزگە قېتىۋېلىپ ، يۇقىرى مەنسەپ بېرىمىز ياكى ئائىلەڭگە قايتۇرۇپ كۆپ پۇل بېرىمىز . ئېيتە سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ - ئەمەسمۇ ؟ [/size][/color]

---

يوللىغۇچى: Nazakat0909
يوللىغان ۋاقتى: 2007-12-26 22:44:47

[color=Blue][size=4] _سەنلەر يېڭىلىشسەن ، بىز غەلبە قىلىمىز، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كۆپ ، ئەڭ ياخشىسى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش !
_ها ..... ها ......ها ...... تەسلىم بولۇش . قىزىق سۆزلەيدىكەنسەن - ھە ! بىز تەسلىم بولامدۇق قانچە ئادىمىڭلار بار ؟
_ مىڭ .
_قانچىلىك قورال بار ؟
_ ھەر بىر ئادەمدە بىردىن قورال بار. مىلتىق ، ئاپتومات ، پىلىموت بار.
_يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، راستىڭنى ئېيت ،بولمىسا قىينىلىپ ئۆلىسەن !- ئۇنىڭ ياپما قاپىقى ئاستىدىكى كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ ، چىرايى كۆكىرىپ ، مۇدھىش تۈس ئالدى.
_راستىڭنى ئېيت !- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئۈستەلنى مۇشتلاپ .
_راست دەۋاتىمەن ، بىزدە ئادەم ، قورال كۆپچى تولۇق ، سىلەر مەغلۇپ بولىسىلەر ، ياۋاشلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇڭلار ، بولمىسا ھەممىڭلار ئۆلۈپ كېتىسىلەر !
_ بۇنى چۈشۈرۈپ يالىڭاچلاڭلار ، ئاندىن ئېسىپ جىنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار .
ياسىنجاننى قايتىدىن يالىڭاچلاپ ئاستى.
_ مېنى مۇشۇنداق قىلىشقانلارنىڭ ئۆزى ، سىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىڭلار ، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك .....
_ ئۇرۇڭلار !
_ ئۇرساڭ ئۇر ، ئەبلەخ ، قورقۇپ قالمايمەن !
سىم قامچا بىلەن تاسما ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە دەھشەتلىك تېگىشكە باشلىدى . قامچا ۋە تاسما تەگكەن يەر تىلىنىپ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ قانغا بويالدى . ئۇ چىشىنى چىشىغا بىسىپ ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇماتتى. ئاخىرى ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرۋەتتى. ....
_ توختاڭلار، بۇنى مۇشۇنداق قويۇپ ، ئاۋۇتىنىڭ يىنىغا كىرەيلى ، تەرجىمان تېپىپ كەلدىڭمۇ ؟_ ياسىنجاندىن بىرەر جاۋاب ئېلىشقا كۆزى يەتمەي ، ھازىرچە سوراقنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويىدى.
_ ھەئە ، مانا .... - دېدى بىر ساقچى .
سىم بۇرۇت ، كۇلۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇق بىرى قول باغلاپ ، ساقچى باشلىقىغا قاراپ تۇراتتى.
ئۇلار يەنە بىر ئۆيگە چىقىشتى . ئەمەتنىڭ قولىنى كېرىپ ئېسىپ قويۇشقانىدى .
_ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ بەر.
_ بولىدۇ جانابىلىرى .
ساقچى باشلىقى ئەمەتكە يۈزلەندى .
_ ئىسمىڭ نېمە ؟
_ ئەمەت .
سىم بۇرۇت ئىشقا چۈشتى .
_سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ ، يوق ؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن ؟
_ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس، ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن !- ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋەسۋەسە چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ساقچى باشلىقى سېزىپ قالدى .
_ ھەممىنى ئېيتساڭ ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز، كۆپ ئىنئام بېرىمىز ، ئۆزىمىزگە قېتىۋالىمىز ، ياكى ئائىلەڭگە قايتىپ كېتىسەن . ئاۋۇ دوستۇڭ ھەممىنى ئېيتتى. ، سىلەر پارتىزانلارنىڭ ئادىمى ئىكەنسىلەر ، ئادىمىڭلار ، قورال - ياراغلار ئانچە كۆپ ئەمەسكەن .... بىز سەن بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز . ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار ، قوراللار بار ، سورىمىساقمۇ سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمى ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن ؟ شۇنداقمۇ ؟ ئۇ دوستۇڭ ھەممىنى دېدى .
ئەمەت چاقماق تېزلىكىدە ئويلىنىپ ، ياسىنجاننىڭ سىرنى دېمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.
_ ئۇ ھەممىنى دېگەن بولسا ، مەندىن نېمە سورايسىلەر ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس ، ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن .
_ جاھىللىق قىلما ، ياش جېنىڭغا ئىچىك ئاغرىسۇن ، مەن سېنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايمەن ، ياۋاشلىق بىلەن سۇئالىمغا جاۋاب بەر. سېنى ئۆز ئەركىنلىكىڭگە قويۇپ بېرىمىز، بىزگە قېتىلساڭمۇ مەيلى .
_ مەن ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن ، راست .
_ سەنمۇ مۇغەمبەرلىك قىلما ، ئۇلارنىڭ قانچە ئادىمى بار ، قانچىلىك قورالى بار ؟ سەنمۇ دېگەن سۆزدىن ئەمەت ياسىنجاننىڭ ھېچ


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

نېمنى ئېيتمغانلىقنى پەملىدى.
_ مەن نېرىدىن كۆرگەندەك قىلغان ، ئۇلار نۇرغۇن ئادەملەرغۇ ؟ مىڭدىن ئارتۇقتەك تۇرىدۇ، ھەر بىرىدە بىردىن قورال .
_ سەن ئاۋۇنىڭ بىلەن نەدە تېپىشتىڭ ؟
_ مەن جىڭغا كېتىۋاتسام بىرسى چاقىردى. ئۇ ماڭا داخىيەنزىنى ياخشى بىلەمسەن ؟ دېدى . ھەئە دېدىم . ئۇ : ساڭا كۆپ پۇل بېرىمىز ، ئات بېرىمىز ، مېنى باشلاپ كىر دېدى . پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ماقۇل دېدىم .
_ بىز ئۇنىڭدىن كۆپ پۇل بېرىمىز، ھەممىنى ئېيت .
_ بىلدىغانلىرىم تۈگىدى .
_ يالغان گەپ ! ئۇنى يالىڭاچلاپ ئۇرۇڭلار ! - ساقچى باشلىقىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى - دە ، تاماكا تۇتاشتۇردى.
ساقچىلار ئەمەتنى يالىڭاچلىدى - دە ، قايتىدىن تامغا ئېسىپ ، سىم قامچا ، تاسمىلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمەت ئاچچىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرايتتى. بەدىنىدىن توختىماي قانلار قۇيۇلۇۋاتاتتى.
_ ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟
_ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس ، بىلسەم ھەممىنى ئېيتاتتىم !- دېدى ئەمەت ئىنىجىقلاپ تۇرۇپ ، - مەن بىر يولۇچى .....
_ يالغان !
_ راست دەۋاتىمەن ، ساقچى باشلىقى ....
ساقچى باشلىقى ئويىاق - بۇياققا ماڭغاچ ئويغا چۆكتى : بۇ راست يولۇچىمىدۇ ، ياق ، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا ، سەل قورقۇنچاقتەك كۆرۈنىدۇ، ئاۋۇال ئاۋۇنى قىيناپ ، بۇنىڭغا ھەيۋە قىلىش كېرەك . شۇ چاغدا بۇنىڭ دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي ، ئۇمۇ دەۋېتىشى مۇمكىن ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ :
_ بۇ مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇرسۇن ، يۇرۇڭلار ئاۋۇنىڭ يېنىغا چىقايلى ، - دېدى تاشقىرىقى ئۆيگە بۇرۇلۇپ .
باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىشتى .
ياسىنجان بېشىنى تىك تۇتۇپ ، ساقچى باشلىقىغا ئالايدى . ئۇنىڭ ئالىيشىدىن ساقچى باشلىقىنىڭ تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى.
_ ماي قاينىتىڭلار ! - ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى . ئاندىن ياسىنجانغا قاراپ :
_ ياۋاشلىق بىلەن ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟- دېدى .
_ مىڭ .
_ قانچىلىك قورال بار ؟
_ ھەر بىر ئادەمدە بىردىن .
_ سىلەر قەيەردە ؟
_ سىلەرنى ھازىر قورشاپ بولدۇق .
ساقچى باشلىقى تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ بۇرۇلدى .
_ قولىنى كېسىڭلار !
تۆت ئەسكەر ئۇنى بوشتىپ چۆشۈردى . ياسىنجان ئالدىغا دەلدەڭشىپ كېتىپ ، يەنە قەددىنى رۇسلىۋالدى . ئۈچ ساقچى ئۇنىڭ شىللىسىدىن بېسىپ تۇردى ، بىر ئەسكەر ئۇنىڭ قولىنى كۆتەك ئۈستىگە ئالدى .
_ چاناڭلار !
ساقچى باشلىقى يېنىدا چەيدو تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەر كېلىپ ، ئۇنىڭ ئىككى بارمىقىنى ئايرىم قىلىپ قاتلىيالمىغاندىن كېيىن ، تۆت بارمىقىنى چانىۋەتتى. ياسىنجان ئايانچىلىق ۋارقىرىۋەتتى. سىلكىنىپ ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، بۇرنىدا ئېغىر تىندى .
_ ئېيت ، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار ؟
_ مىڭ .
_ چاناڭلار !
ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىنلا چانىۋەتتى. قانلار ئېتىلىپ چىقىپ ، جاللاتلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چاچرىدى.
_ چاناش ! قانخور جاللاتلار، ئاناڭنى ! سەن يېڭىلىسەن ، بىز غەلىبە قىلىپ ، ئۆز زىمىنىمىزدا ياشايمىز ! سېنىڭ بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈنلىرىڭ ئاخىرلاشتى. خەلقىمىز ئەمدى قەد كۆتۈرىدۇ ! - ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ جان _ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بەدەن ، قوللىرىدىن قان ئاقاتتى.
_ سول قولىنى چاناڭلار !
جاللاتلار دەرھال ئۇنىڭ سول قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ چاناشتى . ياسىنجان ئاچچىق سىلكىنىپ كەتتى.
_ ئېيت، ھەممىنى ئېيت !
_ ئاناڭنى ئېيتامدىم ، ۋەھشى قانخورلار ! ھو ئاناڭنى ....
_ چانا ! ئۇنى چانا .،.....
ھېلىقى قانخور جاللات ياسىنجاننىڭ بەدىنىنىڭ بىر قانچە يېرىگە زەردە بىلەن چەيدو ئۇردى.
نېمە دېگەن جېنى چىڭ ، جاھىل نېمە بۇ ؟ بۇنداق ئادەملەر ئازكۆرۈلىدۇ. دېگەنلەرنى ئويلىدى. ساقچى باشلىقى قېنى يەنە ئىقرار قىلمىغىنىنى كۆرەي .
تۆن يېرىملاشقان بولۇپ ئەتراپ جىمجىت ئىدى . قازاندى ماي بۇلدۇقلاپ قايناشقا باشلىدى. ساقچى باشلىقى قازاندى مايغا قاراپ قويۇپ :
_ ماي چېچىڭلار ! - دېدى ئەنسىز ۋارقىراپ .
ئىككى ئەسكەر چۆمۈچ بىلەن ياسىنجانغا ماي چاچقاندى، ياسىنجاننىڭ بەدەنلىرى ۋاژىلداپ كەتتى. ياسىنجانمۇ ئىختىيارسىز :
_ ئاپا ! .... _ دەپ ۋارقىرىۋەتتى.


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

_ هېلىقى چەنتۇنى ئېلىپ چىققىلار ، ماۋۇنى كۆرسۇن .
تۆت ساقچى ئەمەتنى سۆرەپ چىقىشتى . ئەمەت ياسىنجاننى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى - دە ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ كەتتى.
_ ئە.... مەت ...ئېيتىما .... بىز غەل......بە .... قىلىمىز ... - دېدى ياسىنجان ھالسىزلىنىپ .
_ ئۇ نېمە دەيدۇ ؟- ساقچى باشلىقى دەرھال سىم بۇرۇتقا قارىدى .
_ ئەمەت ئېيتىما ، بىز غەلبە قىلىمىز دەيدۇ ، - دېدى بۇنىڭدىن قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان سىم بۇرۇن .
_ ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئەتراپىغا ئوت يېقىپ قىزىتىڭلار ، بۇ مۇشۇ يەردە كۆرۈپ تۇرسۇن .

داۋامى بار.... [size][/color/]

---

<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> پەقەت رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنلارغا رېئايە قىلغان ئاساستا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدىغان پىكىر سورۇنى بولۇپ، ھەر قانداق سىياسى مەسىلىلەرگە ئارىلاشمايدۇ. كۇلۇبقا يوللانغان ھەر قانداق تېمىلار پەقەت شۇ تېمىنى يوللىغۇچىغىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ كۇلۇبىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇ سەۋەبتىن كۇلۇبىمىز بۇ سەۋەپلىك كېلىپ چىققان ھەر قانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كۇلۇبىمىز بارلىق ئەزالارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن- قائىدىلەرگە رېئايە قىلغان ئاساستا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى ئۈقتۇرىدۇ.

كۇلۇبىمىزنىڭ ھەر ۋاقىت سىلەرگە يېقىن سىرداش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> نىڭ بارلىق ھوقۇقى بوستانغا تەۋە
<<بوستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۇلۇبى>> دىن ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى

Powered by BBSxp 5.16 © 1998-2005 Yuzi.Net || uyghur version by dildash
the technique improved & the style beautified by:BOSTAN
Script Execution Time:1843ms
浙ICP备06004821号


PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com